# ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 4-توم

پۇتۇن دۇنيا پۇرولېتارلرى، برلشڭلار!

# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 4 ـ توم

# مۇندەرىجە

## ئۈچنچى ئچكى ئنقلاۋىي ئۇرۇش دەۋرى


ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلبە قازانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بزنىڭ فاڭجېنمز (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) .......... 3

جياڭ جيېشى ئچكى ئۇرۇش قوزغىماقتا (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) .......... 31

18 - جىتۈەنجۈن زۇڭسىلىڭىنىڭ جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن ئىككى دىيەنباۋسى (1945 - يىل 8 - ئاي) .......... 40

جياڭ جيېشى باياناتچىسىنىڭ سوھبەتكە باھا (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) .......... 53

جۇڭگوڭ جۇڭياڭىنىڭ گومىنداڭ بىلەن تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) .......... 61

چۇڭچىڭ تەنپەنى توغرىسىدا (1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) ... 69

گومىنداڭ ھۇجۇمىنىڭ ھەقىقىي سىرى (1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) .......... 91

ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش—ئازات رايونلارنى قوغداشتىكى ئىككى چوڭ ئىش (1945-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى)....101

ئازات رايونلار خىزمىتىنىڭ 1946-يىللىق فاڭجېنى (1945-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى)....106

دۇڭبېيدا مۇستەھكەم گېنجۇيدىلەر قۇرۇش توغرىسىدا (1945-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى)....116

ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بىرقانچە مۆلچەر (1946-يىل 4-ئاي)....125

جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلايلى (1946-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى)....129

ئامېرىكا مۇخبىرى ئاننا لۇئىزا ستروڭ بىلەن سوھبەت (1946-يىل 8-ئاي)....142

ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش توغرىسىدا (1946-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى)....153

ئامېرىكا «كېلىشتۈرۈشى»نىڭ ھەقىقىي سىرى ۋە جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالى (1946-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى)....163

ئۈچ ئايلىق خۇلاسە (1946-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى)....169

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋالايلى (1947-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى)....181

جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ يەنئەننى ۋاقىتىنچە تاشلاپ چىقىش ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايوننى قوغداش توغرىسىدىكى ئىككى ھۆججىتى (1946-يىل 11-ئاي،

1947 - يىل 4 - ئاي) ........................................198
شىبېي جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا
(1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) ..........................205
جياڭ جېيشى هوكۇمىتى ئومۇمخەلق مۇھاسىرىسىدە قالدى
(1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) ..........................209
ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى جەڭلۈبىلىك فاڭجېن
(1947 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ..........................218
جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ خىتاپنامىسى (1947 - يىل 10 - ئاي)...230
جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنى زۇڭبۇسىنىڭ 3 چوڭ ئىنتىزام،
8 دىققەتنىڭ يېڭىۋاشتىن ئېلان قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى
كورسەتمىسى (1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)..............241
هازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز (1947 - يىل 12 - ئاينىڭ
25 - كۈنى) ..........................................244
دوكلات بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا (1948 - يىل
1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) ......................................282
پارتىيىنىڭ هازىرقى سىياسىتىدىكى بىرقانچە موهىم مەسىلە
توغرىسىدا (1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)..................287
ئارمىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك هەركەت (1948 - يىل 1 - ئاينىڭ
30 - كۈنى) ..........................................301
هەر خىل رايونلاردا يەر قانۇنىنى ئەمەلگە قويۇشنىڭ هەر
خىل سىلىۋېسى (1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)................304
يەر ئىسلاهاتى تەشۋىقاتىدىكى «سول»چىللىق خاتالىقنى
تۈزىتىش توغرىسىدا (1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)........309
يېڭى ئازات رايونلاردىكى يەر ئىسلاهاتىنىڭ موهىم نۇقتىلىرى

(1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)........................313
سودا - سانائەت سىياسىتى توغرىسىدا (1948 - يىل 2 - ئاينىڭ
27 - كۈنى)........................317
مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە كەيمىڭ شېنشىلار مەسىلىسى توغرىسىدا
(1948 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)........................321
شىبېيدا ئېرىشىلگەن زور غەلىبىگە باھا ۋە جىيېفاڭجۈننىڭ
ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى توغرىسىدا
(1948 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)........................328
ئەھۋال توغرىسىدا تۇڭباۋ (1948 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)...341
سەنشى - سۈييۈەن كادىرلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق
(1948 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)........................355
«جىن - سۈي رىباۋ» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن سۆھبەت
(1948 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)........................379
لويالڭ قايتا ئېلىنغاندىن كېيىن، لويالڭ ئالدىنقى سەپ
جىزخۇيبۇسىغا ئەۋەتىلگەن دېيەنباۋ (1948 - يىل 4 - ئاينىڭ
8 - كۈنى)........................388
يېڭى ئازات رايونلاردىكى يېزا خىزمىتىنىڭ سىلۇبى
مەسىلىسى (1948 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)........................393
1948 - يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە
پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى (1948 - يىل 5 - ئاينىڭ
25 - كۈنى)........................396
لياۋشېن جەنيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا
(1948 - يىل 9 ۋە 10 - ئاي)........................407
داڭۋېي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا (1948 - يىل

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) ........................................ 419
جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ سېنتەبىر يىغىنى توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇشى (1948 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ............... 422
خۇەيخەي جەنىيسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا
(1948 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) ............................ 439
پۈتۈن دۇنيا ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى ئىتتىپاقلىشىپ،
جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرايلى (1948 ـ يىل
11 ـ ئاي) ........................................................ 446
جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدىكى زور ئۆزگىرىش (1948 ـ يىل
11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) ................................................ 453
پىڭجىن جەنىيسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا
(1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) ............................ 458
دۇ يۈيمىڭ قاتارلىقلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش (1948 ـ يىل
12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى) ................................................ 467
ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى (1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ
30 ـ كۈنى) ........................................................ 472
ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىشىغا باھا (1949 ـ يىل
1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) .................................................. 489
جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ جۇشىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت
توغرىسىدىكى باياناتى (1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) ...... 498
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ نەنجىڭ شىڭجېڭ-
يۈەنىنىڭ قارارىغا باھاسى (1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ... 506
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتىنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ياپونىيە ئارمىيە-

سىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭلۇقى گاڭشۇن ئىڭشىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشقا ۋە گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدىكى سوھبىتى
(1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)..............................510

تېچلىق شەرتلىرى ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋە گومىنداڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىملىقى توغرىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باياناتچىسىنىڭ باياناتى (1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)..........524

ئارمىيىنى خىزمەت دۈيىگە ئايلاندۇرايلى (1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)..............................532

پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە «ئومۇمىيۈزلۈك تېچلىق» دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ؟
(1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)..............................538

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تېچلىققا چاقىرىش»تىن ئۇرۇشقا چاقىرىشقا ئۆزگەردى (1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى).......548

گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جاۋابكارلىقى مەسىلىسىگە بەرگەن بىر قانچە خىل جاۋابىغا باھا (1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)...553

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلىنغان دوكلات (1949 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)..............................568

پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى (1949 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)..............................596

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى نەگە بارىدۇ؟ (1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)...606

پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق

(1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)........................612
جۇڭگو خەلق جېڭفاڭجۈنىنىڭ ئېلانى (1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)........................631
جۇڭگو خەلق جېڭفاڭجۈنى زۇڭبۇسى باياناتچىسىنىڭ ئەنگلىيە جۇنجيەنلىرىنىڭ زوراۋانلىقى توغرىسىدا ئېلان قىلغان باياناتى (1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)........................637
يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشكە تەييارلىق كورۇش ۋېيىۋەنـ خۇيىنىڭ يىغىنىدا سوزلەنگەن نۇتۇق (1949 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)........................643
خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە (1949 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)........................651
خام خىياللارنى تاشلاپ، كۈرەشكە تەييارلىنايلى (1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى)........................677
خەير ئەمەسە، ستۇئارت لېيتون (1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)...691
ئاق تاشلىق كىتاب نىمە ئۈچۈن مۇھاكىمە قىلىندۇ (1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)........................706
«دوستلۇق»مۇ، ياكى تاجاۋۇزچىلىقمۇ؟ (1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)........................716
ۋېيشىنجۇيىلىق تارىخي قاراشنىڭ بەربات بولۇشى (1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)........................723

# ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي
# ئۇرۇش دەۋرى

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز*

**(1945-يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنى)**

يېقىنقى بىرنەچچە كۈن يىراق شەرق ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان بىر ۋاقىت بولدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق. بۇ نۇتۇقتا، ماركسىزم-لېنىنىزمچە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى جۇڭگونىڭ ئاساسىي سىياسىي ۋەزىيىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي سىلۇيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ 1945-يىل 4-ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىنى ئېچىش نۇتقىدا كۆرسەتكەندەك، ياپون جاھانگىرلىكى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، جۇڭگونىڭ ئالدىدا يېڭى

بولدى. مىليون كىشىلىك قىزىل ئارمىيە جۇڭگونىڭ دۇگبېيىغا كىردى، بۇ كۈچ ــ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان كۈچ. ياپون جاھانگىرلىكى ئەمدى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى①. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۇرۇشى غەلىبە قازاندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، بىر تارىخىي باسقۇچ ھېساۋىدا ئېيتقاندا، ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، جۇڭگونىڭ ئىچكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىر قانداق بولۇۋا-تىدۇ، كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ؟ پارتىيىمىزنىڭ قاگجىنى قانداق بولىدۇ؟ بۇلار ــ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تازا كۆڭۈل بولۇۋاتقان، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار تازا كۆڭۈل بولۇۋاتقان مەسىلىلەر.

گومىنداڭ قانداق؟ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە قاراپ، ھازىرىنى بىلگىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋە ھازىرىغا قاراپ، كەلگۈسىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ پارتىيە ئىلگىرى توپ ـ توغرا 10 يىل ئەكسىلئىنقىلاۋىي

---

① جۇڭگوغا ئايلىنىش ياكى كونا جۇڭگو پېتىچە قېلىۋېرىشتىن ئىبارەت ئىككى تەقدىر، ئىككى ئىستىقبال يەنىلا تۇراتتى. جياڭ جيېشى ۋەكىللىك قىلغان جۇڭگو چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيسى خەلقىنىڭ قولىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تارتىۋالماقچى، جۇڭگونى ئىلگىرىكىدەكلا چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇر-ژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېودال دۆلەت پېتىچە قالدۇرىۋەرمەكچى بولدى. پرولېتارىياتنىڭ ۋە خەلق ئاممىسى-نىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭى، بىر تەرەپتىن، كۈچىنىڭ بېرىچە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشىنىڭ پۈتۈن

ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، 1940 ـ يىلى، 1941 ـ يىلى ۋە 1943 ـ يىلى 3 قېتىم كەڭ كولەملىك كۆكچەنداڭغا قارشى دولقۇن قوزغىدى②، ھەر قېتىمقىسىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرماقچى بولدى، پەقەت پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياستى بولغانلىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرغانلىقى نەتىجىسىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. جۇڭگو چوڭ پومىشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى ۋەكىلى جياڭ جېيشى، ھەممىگە مەلۇم، ئۇچىغا چىققان ياۋۇز ۋە ئۇچىغا چىققان خەتەرلىك ئەبلەخ. ئۇنىڭ سىياستى قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇش، غەلىبىنى كۈتۈپ تۇرۇش، ئەملىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاشتىن ئىبارەت ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ كۈتكەن غەلىبىمۇ كەلدى، بۇ «ۋېيىۋەنجاڭ» ئەمدى «تاغدىن چۈشمەكچى»③ بولۇۋاتىدۇ. 8 يىلدىن بۇيان بىز جياڭ جېيشى بىلەن ئورۇن يەڭگۈشلەشتۇق: ئىلگىرى، بىز تاغدا

---

مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش يولىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي پىلانىغا قارىتا تولۇق تەييارلىق كورۇشى، توغرا فاڭجېن قوللىنىشى لازىم ئىدى، يەنى جاھانگىرلارغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە نىسبەتەن خام خىيالدا بولماي، تەھدىتلىرىدىن قورقماي، خەلقنىڭ كۈرەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي قوغدىشى، ئىرىشكەنلىك بىلەن، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، يېڭى دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشى لازىم ئىدى. جۇڭگونىڭ ئىككى تەقدىرىدىن، ئىككى ئىستىقبالىدىن قايسىسىنىڭ غالىب، قايسىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان كۈرەش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق

ئىدۇق، ئۇ سۇ بويىدا ئىدى④؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، بىز دۈشمەن ئارقا سېپىدە بولدۇق، ئۇ تاققا چىقىۋالدى. ئەمدى، ئۇ تاغدىن چۈشمەكچى بولۇۋاتىدۇ، تاغدىن چۈشۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىگە چاڭ سالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئازات رايونلاردىكى خەلقىمىز ۋە ئارمىيىمىز 8 يىلدىن بۇيان، ھېچقانداق تاشقى ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا، پۈتۈنلەي ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئازات قىلدى، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىغا زەربە بەردى، قورچاق قوشۇنلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك زەربە بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەتئىي ئۇرۇش قىلغانلىقىمىز ۋە قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىمىز ئارقىسىدا، كەڭ ئارقا سەپتىكى⑤ 200 مىليون خەلق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىمىدى، مۇشۇ 200 مىليون خەلق ياشاۋاتقان

---

جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان بۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەزمۇنى بولدى، بۇ تارىخىي دەۋر — جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى دەۋرى، ياكى ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى خەلق كۈچلىرىنى يوقىتىش غەرىزىدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن، تىنچلىق كېلىشىملىرىنى ئارقا-ئارقىدىن يىرتىپ تاشلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەكسىلئىنقىلابىي چوڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئارقىسىدا، جۇڭگو خەلقى پەقەت 4 يىل كۈرەش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا جياڭ جيېشىنى يېڭىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتەك ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

جايلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىدى. جياڭ جېيشى ئېمېيشەن تېغىغا موكۇۋالدى، ئالدىنقى تەرىپىدە ئۇنى قوغدىغۇچىلار بار ئىدى، بۇلار ئازات رايونلار، ئازات رايونلاردىكى خەلق ۋە ئارمىيە ئىدى. بىز كەڭ ئارقا سەپتىكى 200 مىليون خەلقنى قوغدىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ «ۋېيىۋەنجاڭ»نىمۇ قوغدىدۇق، ئۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇشقا، غەلىبىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت ۋە جاي بەردۇق. ۋاقىت — 8 يىل 1 ئاي، جاي — 200 مىليون خەلق ياشاۋاتقان جاي، بۇ شارائىتنى ئۇنىڭغا بىز بەردۇق. بىز بولمىغان بولساق، ئۇ چەتتە قاراپ تۇرالمايتتى. خوش، «ۋېيىۋەنجاڭ» بىزگە رەخمەت ئېيتتىمۇ؟ ياق! بۇ ئادەم — ئەزەلدىن ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان ئادەم. جياڭ جېيشى تەختكە قانداق چىقىۋالغان ئىدى؟ بېيفا ئۇرۇشىغا، بىرىنچى قېتىملىق گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىغا، شۇ چاغدا، خەلقنىڭ تېخى ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەي، ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقىغا تايىنىپ چىقىۋالغان ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن، خەلققە رەخمەت ئېيتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خەلقنى بىر قويۇپ يىقىتىۋەتتى، خەلقنى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قانلىق دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتتى. بۇ بىر باسقۇچلۇق تارىخ يولداشلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. بۇ قېتىمقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا جۇڭگو خەلقى جياڭ جېيشىنى يەنە قوغدىدى. ھازىر، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازاندى، ياپونىيە تەسلىم بولىدىغان بولدى، جياڭ جېيشى خەلققە زادى رەخمەت ئېيتمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ 1927 - يىلدىكى كونا ھېساپ دەپتىرىنى ۋاراقلاپ، يەنە شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. جياڭ جېيشى جۇڭگودا ئىلگىرى، «ئىچكى ئۇرۇش» بولمىغان، «باسمىچە-

لارنى يوقىتىش»لا بولغان، دەيدۇ؛ مەيلى نىمە دىسە دەۋەرسۇن، قىسقىسى، ئۇ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى، خەلقنى قىرماقچى.

پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش تېخى پارتلىمىغان چاغدا، خەلق ئىچىدە ۋە پارتىيىمىزدىكى نۇرغۇن يولداشلار ئارىسىدا بۇ مەسىلە تېخى ھەممىگە تازا چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتمەيدۇ. كەڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش تېخى بولمىغاچقا، ئىچكى ئۇرۇش تېخى ئومۇمىيۈزلۈك، ئاشكارا، كوپلەپ بولمىغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكى ئۇرۇش «بولماس!» دەپ ھېساپلايدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بولۇشىدىن قورقىدۇ. قورقۇشنىڭ سەۋەبى بار، چۈنكى ئىلگىرى 10 يىل ئۇرۇش بولدى، كېيىن يەنە ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى 8 يىل ئۇرۇش بولدى، يەنە ئۇرۇش بولىدىغان بولسا، قانداق بولۇپ كېتەر. قورقۇش كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى تەبى. جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۇئىقەستىگە نىسبەتەن پارتىيىمىزنىڭ قوللانغان فاڭجېنى ئېنىق ۋە ئىزچىل، ئۇ بولسىمۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قەتئى قارشى تۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇشنى ياقلىماسلىق، ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇش. بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە سەۋىرچانلىق بىلەن، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توسىمىز. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كورۇش لازىمكى، ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر، چۈنكى جياڭ جيېشىنىڭ فاڭجېنى بەلگىلىنىپ بولغان. جياڭ جيېشىنىڭ فاڭجېنى بويىچە بولغاندا، ئىچكى ئۇرۇش قىلىش كېرەك. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز، خەلقنىڭ فاڭجېنى بويىچە بولغاندا، ئىچكى ئۇرۇش قىلماسلىق كېرەك. ئىچكى ئۇرۇش قىلمايمىز دەيدىغانلار — پەقەت جۇڭگو

گۇڭچەنداڭى ۋە جۇڭگو خەلقى، ئەپسۇسكى، بۇ جياڭ جېيشى بىلەن گومىنداڭنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىرى، ئۇرۇش قىلمايمىز، دەيدۇ، بىرى، ئۇرۇش قىلىمىز، دەيدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلمايدىغان بولسا، ئۇرۇش بولمايدۇ. ھازىر پەقەت بىرلا تەرەپ، ئۇرۇش قىلمايمىز، دەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرەپنىڭ كۈچى تېخى ئۇ تەرەپنى توسۇپ قويالايدىغان دەرىجىدە ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر.

جياڭ جېيشى ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل فاڭجېندا چىڭ تۇرىدۇ، پارتىيىمىز بۇ نۇقتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېنىق كورسەتكەن ئىدى. پارتىيىمىزنىڭ 7- قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى، 7- قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغدا ۋە 7- قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، بىز خېلى تولۇق خىزمەت ئىشلەپ، ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىگە قارىتا خەلقنىڭ دىققەت- ئېتىۋارىنى قوزغاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئارمىيىمىزنى روھىي تەييارلىققا ئىگە قىلىپ قويدۇق. بۇ نۇقتا ناھايىتى موھىم، بۇ نۇقتىنىڭ بولۇشى بىلەن بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. 1927- يىللىرى، پارتىيىمىز تېخى گودەك پارتىيە ئىدى، جياڭ جېيشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا نىسبەتەن قىلچە روھىي تەييارلىقى يوق ئىدى، نەتىجىدە خەلق قولغا كەلتۈرگەن غالىبىيەت مېۋىلىرىدىن دەرھال ئايرىلىپ قالدى، خەلق ئۇزاق ۋاقىت بالايى- ئاپەتكە گىرىپتار بولدى، نۇرلۇق جۇڭگو زۇلمەتلىك جۇڭگوغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇنداق ئەمەس، پارتىيىمىز ئۈچ قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ مول تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ قالدى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى ناھايىتى كوپ ئۆستى.

داڭجۇڭياڭ ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىنى تەييار تۇرغان ھالەتكە كەلتۈردى.

جياڭ جيېشىنىڭ خەلققە نىسبەتەن فاڭجېنى ــ قىلچە ھوقۇقنىمۇ تارتىۋېلىش، قىلچە مەنپەئەتىنىمۇ ئېلىۋېلىش. بىزنىڭچۇ؟ بىزنىڭ جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن فاڭجېنىمىز ــ دەلمۇ ـ دەل مۇقابىل تۇرۇش، بىر سۆڭ يەرنىمۇ تالىشىش. بىز جياڭ جيېشىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش كورىمىز. جياڭ جيېشى خەلققە ئۇرۇشنى ھامان زورلاپ تاڭىدۇ، ئۇ سول قولىغا قىلىچ ئالغان، ئوڭ قولىغىمۇ قىلىچ ئالغان. بىزمۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، قولىمىزغا قىلىچ ئالدۇق. بۇ ــ تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تېپىلغان ئۇسۇل. بۇنداق تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ناھايىتى موھىم. بىراۋنىڭ قولىغا بىرەر نەرسە ئالغانلىقىنى كورگەندە، ئۇنى تەكشۈرۈپ كورۈشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئالغىنى نىمە؟ قىلىچ. قىلىچ نىمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ ئادەم ئولتۈرۈشكە. ئۇ قىلىچ بىلەن كىمنى ئولتۈرىدۇ؟ خەلقنى. بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كورگەندىن كېيىن، يەنە تەكشۈرۈپ كورۈش كېرەك: جۇڭگو خەلقىدىمۇ قول بار، ئۇلارمۇ قىلىچ تۇتالايدۇ، قىلىچ بولمىسا، قىلىچ سوقۇۋالالايدۇ. جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى تېپىۋالدى. جۈنفالار، پومېششىكلار، تۇخاۋ ـ لىيېشېنلار، جاھانگىرلار قولىغا قىلىچ ئالغان، ئادەم ئولتۈرىدۇ. خەلق بۇنى چۈشەندى ـ دە، ئۇلارغا ئوخشاش ئىش كوردى. بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز بۇنداق تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشقا كوپىنچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مەسىلەن، چېن دۇشيۇنى

ئالايلى، ئۇ قىلىچ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىلمىدى. بەزىلەر، بۇ ھەممىگە مەلۇم بولغان ئاددى ھەقىقەت تۇرسا، گۇڭ- چەنداڭنىڭ رەھبىرى بولغان كىشى بىلمەسمۇ؟ دەيدۇ. بۇ ناتايىن. چىن دۇشيۇ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى يۈرگۈزمىگەچكە، بۇ ئىشنى بىلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا جىخۇيىجۇيىچى دەپ ئات قويدۇق. تەكشۈرمىگەن - تەتقىق قىلمىغانىنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق، شۇڭا بىز ئۇنى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدۇق. بىز چېن دۇشيۇنىڭكىدىن باشقىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئېزىلە- ۋاتقان، قىرىلىۋاتقان خەلققە قىلىچ تۇتقازدۇق، كىمكى بىزنى يەنە قىرماقچى بولسا، بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش كورىمىز. يېقىندا گومىنداڭ بىزنىڭ گۆەنجۇڭ فېنچۈيىمىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن 6 شى يوتكەپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 3 شى ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، كەڭلىكى 100 لى، ئۇزۇنلۇغى 20 لى كېلىدىغان يەرنى بېسىۋالغان ئىدى. بىزمۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، كەڭلىكى 100 لى، ئۇزۇنلۇغى 20 لى كېلىدىغان مۇشۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى پاك - پاكىز، تەلتو- كۆس ۋە تولۇق يوقاتتۇق⑥. بىز دەلمۇ - دەل مۇقابىل تۇرىمىز، بىر سۇڭ يەرنىمۇ تالىشىمىز، گومىنداڭنىڭ ئاسانلا يەرلىرىمىزنى بېسىۋېلىشىغا، ئادەملىرىمىزنى قىرىشىغا مۇتلەق يول قويمايمىز. ئەلۋەتتە، بىر سۇڭ يەرنىمۇ تالىشىمىز، دېگىنىمىز، ئوتكەنكى «سول» چىل لۇشيەنگە ئوخشاش، «گېنجۇيدىلەرنىڭ بىر سۇڭ يېرىنىمۇ تاشلاپ چىقماسلىق» دېگەنلىك ئەمەس. بۇ نوۋەت بىز كەڭلىكى 100 لى، ئۇزۇنلۇغى 20 لى كېلىدىغان يەرنى تاشلاپ چىقتۇق. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشلاپ چىقىپ، 8 - ئاينىڭ بېشىدا قايتۇرۇۋالدۇق. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن، بىر كۈنى گومىنداڭنىڭ ئالاقە باغلاش

سەنمۇسى بىزنىڭ ھەركەت يونىلىشمىزنىڭ قانداقلىقىنى سورىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن ھەر كۈنى يەنئەندە تۇرۇقلۇق، تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ «خې يىڭچىن ھۇجۇم قىلسا، بىزمۇ ھۇجۇم قىلىمىز، خې يىڭچىن توختىسا، بىزمۇ توختايمىز»⑦ دېدىم. ئۇ چاغدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، خې يىڭچىننىڭلا ئىسمىنى ئاتىغان ئىدۇق. ئەمدى بولسا: «جياڭ جيېشى ھۇجۇم قىلسا، بىزمۇ ھۇجۇم قىلىمىز، جياڭ جيېشى توختىسا، بىزمۇ توختايمىز» دەيمىز. ئۇنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرىمىز. ھازىر جياڭ جيېشى قىلىچنى بىلەۋاتىدۇ، شۇڭا، بىزمۇ قىلىچىمىزنى بىلەيمىز.

خەلقنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ھوقۇقلىرىنى ئاسانلا قولىدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، جەڭ بىلەن قوغداش كېرەك. بىز گە ئىچكى ئۇرۇش كېرەك ئەمەس. ئەگەر جياڭ جيېشى جۇڭگو خەلقىگە ئىچكى ئۇرۇشنى چوقۇم زورلاپ تاڭىدىغان بولسا، ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، ئازات رايونلار خەلقىنىڭ ھاياتىنى، مال-مۈلكىنى، ھوقۇقىنى ۋە بەخت-سائادىتىنى قوغداش ئۈچۈن، قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. بۇ ئىچكى ئۇرۇشنى قىلىشقا بىزنى ئۇ مەجبۇر قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇرۇشتا ئۇتۇپ چىقالمىساق، بۇنى ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ كورمەيمىز، پەقەت ئۆزىمىزدىنلا كورىمىز. لېكىن كىمكى خەلقنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ھوقۇقلىرىنى ئاسانلا تارتىۋالىمەن ياكى ئالداپ ئېلىۋالىمەن دەيدىكەن، بۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇلتۇر بىر ئامېرىكا مۇخبىرى مەندىن: «سىلەرگە ئىش قىلىشقا كىم ھوقۇق بەرگەن؟» دەپ سورىغان ئىدى، مەن: «خەلق بەرگەن» دېدىم. خەلق بەرمەي كىم بېرەتتى؟ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان گومىنداڭ بەرگىنى يوق. گومىنداڭ بىزنى

ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىزنىڭ گومىن سەنجېڭخۇيغا قاتنىشىشىمىز سەن-
جېڭخۇي تىياۋلىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە «مەدەنىيەت تەشكىلاتى»
دېگەن لاياقەت[8] بىلەن بولدى. بىز ئېيتىمىزكى، بىز «مەدەنىيەت
تەشكىلاتى» ئەمەس، بىزدە ئارمىيە بار، بىز — «قوراللىق تەشكىلات».
بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جياڭ جېيشى: گۇڭچەنداڭ ئۆز ئارمىيە-
سىنى تاپشۇرۇپ بەرسە، ئاندىن قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ،
دېدى. جياڭ جېيشىنىڭ بۇ سۆزى ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ-
تۇ. بىز ئارمىيىنى تاپشۇرۇپ بەرمىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنىي
ئورنىمىز يوق، بىز «قانۇنسىز - يولسىز». بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز —
خەلق ئالدىدا جاۋاپكار بولۇش. ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىز، ھەر بىر
ھەرىكىتىمىز، ھەر بىر سىياسىتىمىز خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇشى
كېرەك، ئەگەر خاتالىق بولۇپ قالسا، چوقۇم تۈزىتىشىمىز لازىم،
خەلق ئالدىدا جاۋاپكار بولۇش دېگەن ئەنە شۇ. يولداشلار، خەلققە
ئازاتلىق كېرەك، شۇڭا ئۇلار ھوقۇقنى ئۆزىگە ۋەكىل بولالايدىغان،
ئۆزى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان ئادەم-
لەرگە تاپشۇردى، بۇنداق ئادەملەر — بىز كوممۇنىستلارمىز. بىز
خەلقنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىكەنمىز، ئوبدان ۋەكىللىك قىلىشىمىز،
چېن دۇشيۇغا ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. چېن دۇشيۇ
ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ خەلققە قىلغان ھۇجۇمىغا نىسبەتەن دەلمۇ-
دەل مۇقابىل تۇرۇش، بىر سۆز يەرنىمۇ تالىشىش فاڭجېنىنى قول-
لانمىدى، نەتىجىدە خەلقنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇقلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى 1927 - يىلى بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا پاك - پاكىز يوقىتىپ
قويدى. بۇدا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز چېن
دۇشيۇنىڭكىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ، ئادەم ئالدايدىغان نەرسىلەرنىڭ

ھەرقاندىغى بىزنى ئالدىيالمايدۇ. بىزدە سەگەك مېڭە ۋە توغرا قاگجىن بولۇشى كېرەك، خاتالاشماسلىقىمىز لازىم.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مۆسلىرى كىمگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؟ بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك. مىسال ئۈچۈن بىر تۈپ شاپتۇل بولسۇن، ئۇنىڭدا بولغان شاپتۇلنى غالىبىيەت مۆسىسى دەپ ئالايلى. شاپتۇلنى كىم ئۈزۈشى كېرەك؟ بۇ يەردە شاپتۇلنى كىمنىڭ تىككەنلىگىگە، كىمنىڭ سۇ توشۇپ سۇغۇرغانلىغىغا قاراش كېرەك. جياڭ جيېشى تاغ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر يولمۇ سۇ توشۇمىدى، ئەمدى بولسا، قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، شاپتۇلنى ئۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ، بۇ شاپتۇلنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى مەن جياڭ جيېشىغا مەنسۇپ، مەن پومېشچىك، سىلەر نۆكىرۇ، مەن سىلەرگە ئۈزدۈرمەيمەن، دەۋاتىدۇ. بىز گېزىتتە ئۇنىڭغا رەددىيە بەردۇق⑤. بىز، سەن سۇ توشۇمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شاپتۇلنى ئۈزۈشكە ھەققىڭ يوق؛ بىز ئازات رايونلار خەلقى ھەر كۈنى سۇغۇرۇپ تۇردۇق، ئۇنى ئۈزۈشكە بىز ئەڭ ھەقلىق بولۇشىمىز كېرەك، دېدۇق. يولداشلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى خەلق قانلىرىنى تۆكۈپ، قۇربانلار بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى خەلقنىڭ غەلىبىسى بولۇشى كېرەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۆيلىرى خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. جياڭ جيېشىچۇ، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇردى، گۇڭچەندانگىغا ئاكتىپ قارشى تۇردى، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا پۇتلىكاشاڭ تاش بولدى. ئەمدى بۇ پۇتلىكاشاڭ تاش ئوتتۇرىغا چىقىپ، غالىبىيەت مۆيلىرىنى لۇڭدۇەن قىلىۋالماقچى، ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى جۇڭگونى يەنە بۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى كونا ھالىغا قايتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، قىلچە ئۆزگىرىش بولۇشقىمۇ يول قويماۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈرەش پەيدا بولدى. يولداشلار، بۇ — ناھايىتى جىددىي بىر كۈرەش.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرى خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، بۇ بىر مەسىلە؛ لېكىن، غالىبىيەت مېۋىلىرى زادى كىمنىڭ قولىغا تېگىدۇ، خەلققە تېگەمدۇ، تەگمەمدۇ، بۇ باشقا بىر مەسىلە. غالىبىيەت مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسى جەزمەن خەلقنىڭ قولىغا تېگىدۇ، دەپ ھېسابلىماسلىق كېرەك. بىرمۇنچە چوڭ شاپتۇلنى، ئېيتايلى، شاڭخەي، نەنجىڭ، خاڭجۇغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى جياڭ جيېشى تارتىۋالىدۇ. جياڭ جيېشى ئامېرىكا جاھان-گىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى، ئۇ يەرلەردە، ئۇلارنىڭ كۈچى ئۈستۈنلۈككە ئىگە، ئىنقىلاۋىي خەلق تېخى، ئاساسەن، يېزىلارنىلا ئىگىلىيەلەيدۇ. باشقا بىرمۇنچە شاپتۇلنى بولسا ئىككى تەرەپ تالى-شىدۇ. داتۇڭ — پۇجۇ تۆمۈريولىنىڭ تەيۈەندىن شىمالغا كەتكەن قىسمى، بېيپىڭ — سۈيۈەن تۆمۈريولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، بېيپىڭ-لياۋنىڭ تۆمۈريولى، بېيپىڭ — خەنكۇ تۆمۈريولىنىڭ جېڭجۇدىن شىمالغا كەتكەن قىسمى، جېڭدىڭ — تەيۈەن، بەيگۇي — جىنچېڭ[10]، دېجۇ — شىجياجۇاڭ، تيەنجىن — پۇكۇ، چىڭداۋ — جىنەن تۆمۈريوللىرى ۋە لۇڭ-خەي تۆمۈريولىنىڭ جېڭجۇدىن شەرققە كەتكەن قىسمى — مانا مۇشۇ جايلاردىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى چوقۇم تالىشىدۇ، بۇ ئوتتۇرا، كىچىك شاپتۇللارنى ئازات رايونلار خەلقى قان ۋە تەر ئاقتۇزۇپ سۇغۇرغان. بۇ جايلار زادى خەلقنىڭ قولىغا تېگەمدۇ، تەگمەمدۇ، بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنىمە دېيەلمەيمىز. ھازىر

پەقەت مۇنۇ سوزنىلا دېيەلەيمىز: چىڭ تۇرۇپ تاللىشىش كېرەك. جەزمەن خەلقنىڭ قولىغا تېگىدىغانلىرى بارمۇ؟ بار، بۇلار خېبېي، چاخار، رېخېدىن⑪، سەنشىنىڭ كوپ قىسمىدىن، شەندۇڭدىن، جياڭسۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ــ مانا مۇشۇ جايلاردىكى كەڭ يېزىلار ۋە كوپلىگەن شەھەرلەردىن ئىبارەت، بۇ جايلاردا يېزىلار يېزىلار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، 100 چە شەھەر بىر پارچە، 70 ـ 80 چە شەھەر بىر پارچە، 40 ـ 50 چە شەھەر بىر پارچە بولۇپ تۇتاشقان، بۇلار چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 3، 4، 5، 6 پارچە بولىدۇ. قانداق شەھەرلەر؟ ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە كىچىك شەھەرلەر. بۇلار جەزمەن خەلقنىڭ قولىغا تېگىدۇ، بۇ غالىبىيەت مۇۋىلىرىنى قولغا كەلتۇرۇشكە بىزنىڭ كۇچىمىز يېتىدۇ. بۇنداق مۇۋىلەرگە ئىگە بولۇش جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىدا تېخى بىرىنچى قېتىم بولىدۇ. تارىختا، پەقەت 1931 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا دۇشمەنىنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىشى»نى تار ـ مار كەلتۇرگىنىمىزدىن كېيىن، جياڭشى مەركىزىي رايونىدا ھەممىسى بولۇپ 21 ناھىيە شەھىرى⑫ بولغان ئىدى، لېكىن ئوتتۇرا شەھەر تېخى يوق ئىدى. 21 كىچىك شەھەرنى قوشقاندا، ئۇنىڭ ئاھالىسى، ئەڭ كوپ بولغان چاغدا، 2 مىليون 500 مىڭغا يەتكەن ئىدى. مۇشۇلارغا تايىنىپ، جۇڭگو خەلقى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۇرەش قىلالىغان، شۇنچە چوڭ غەلىبىگە ئىگە بولالىغان، شۇنچە چوڭ «قورشاپ يوقىتىش»لارنى تار ـ مار قىلالىغان ئىدى. كېيىن بىز ئۇرۇشتا ئوتتۇرۇپ قويدۇق، بۇنى جياڭشىدىن كورگىلى بولمايدۇ، ئوزىمىزنىڭ ياخشى ئۇرۇش قىلالمىغانلىغىمىزدىن كورۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ قېتىم چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردىن بىرقانچە ئونى بىر پارچە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلسا، بۇنداق پارچىدىن

3، 4، 5، 6 سى بولسا، جۇڭگو خەلقى جياڭشى مەركىزىي رايونىدىن چوڭ بولغان 3، 4، 5، 6 ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىگە ئىگە بولىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىيىتى خېلى ئوبدان بولۇپ قالىدۇ.

پۈتۈن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باسقۇچى ئۆتۈپ كەتتى، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ۋەزىيەت مەملىكەت ئىچىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. جياڭ جيېشى «دۆلەت قۇرۇش» كېرەك، دەۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش قانداق دۆلەت قۇرۇش كۈرىشى بولىدۇ. پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، يېڭى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشمۇ، ياكى چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىق قىلىدىغان، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال دۆلەت قۇرۇشمۇ؟ بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر كۈرەش بولىدۇ. ھازىر بۇ كۈرەش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى جياڭ جيېشىنىڭ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى بىلەن بىزنىڭ ئۇنىڭ تارتىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. بۇ مەزگىلدە جىخۇيجۇيى چىقىپ قالسا، ئۇ چىڭ تۇرۇپ تالىشىش بولماستىن، خەلققە تېگىشلىك مېۋىنى ئىختىيارىي يوسۇندا جياڭ جيېشىغا سۇڭلاپ بېرىش بولىدۇ.

ئاشكارا، ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش پارتلارمۇ؟ بۇ ئىچكى ئامىللارغا ۋە خەلقارا ئامىللارغا باغلىق. ئىچكى ئامىللار، ئاساسەن، بىزنىڭ كۈچىمىز ۋە ئويغىنىش دەرىجىمىز. خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئارقىسىدا ۋە بىزنىڭ كۈرەشلىرىمىز نەتىجىسىدە ئىچكى ئۇرۇشنى قىسمەن دائىرىدە چەكلەپ قويۇش ياكى ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلاش

ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق مۇمكىنچىلىك بار.

جياڭ جيېشى بىمالال ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقى بار. بىرىنچىدىن، ئازات رايونلاردا 100 مىليون خەلق، 1 مىليون كىشىلىك ئارمىيە، 2 مىليوندىن ئوشۇق مىنىبىڭ بار. ئىككىنچىدىن، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى ئويغانغان خەلق ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ، بۇ جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن بىر تىزگىن. ئۈچىنچىدىن، گومىنداڭنىڭ ئىچىدىمۇ بىر بولۇك كىشىلەر ئىچكى ئۇرۇشنى ياقلىمايدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەت 1927 ـ يىلدىكى ۋەزىيەتتىن كوپ پەرق قىلىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى 1927 ـ يىلدىكى ئەھۋالىدىن كوپ پەرق قىلىدۇ. ئۇ چاغدا، پارتىيىمىز گودەك پارتىيە ئىدى، پارتىيە- مىزنىڭ مېڭىسى سەگەك ئەمەس ئىدى، قوراللىق كۇرەش تەجرىبىسى يوق ئىدى، دەلمۇ ـ دەل مۇقابىل تۇرۇش فاڭجېنى يوق ئىدى. ھازىر پارتىيىمىزنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى ناھايىتى كوپ ئوستى.

بىزنىڭ ئويغىنىشىمىز، پرولېتارىيات شيەنفېڭدۇيىنىڭ ئويغىنىشى مەسىلىسىدىن باشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى مەسىلىسىمۇ بار. خەلق تېخى ئويغانمىغان چاغدا ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنىڭ باشقىلارغا بېرىپ قويۇلۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇنداق ئىش تارىختا بولۇپ ئوتكەن. بۇگۇن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسىمۇ ناھايىتى كوپ ئوستى. پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ھېچقاچان ھازىرقىدەك يۇقۇرى بولغان ئەمەس. لېكىن، خەلق ئارىسىدا، ئاسا- سەن ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان رايونلار ۋە گومىنداڭ ھوكۇمە- رانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى خەلق ئارىسىدا، ھېلىمۇ خېلى كوپ كىشىلەر جياڭ جيېشىغا ئىشىنىدۇ، گومىنداڭ ۋە ئامېرىكىغا قارىتا

خام خىيالدا بولۇۋاتىدۇ، بۇنداق خام خىيالنى جىياڭ جېيشىمۇ تىرىشىپ تارقىتىۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلقى ئىچىدە ئەنە شۇنداق بىر بولۇك كىشىلەرنىڭ تېخى ئويغانمىغانلىقى بىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىمىزنىڭ ۋە تەشكىلىي خىزمىتىمىزنىڭ تېخى ناھايىتى يېتەرسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلقنىڭ ئويغىنىشى ئوڭاي ئەمەس، خەلقنىڭ مېڭىسىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ مېڭىسىدىكى قالاق نەرسىلەرنى، خۇددى سۈپۈرگە بىلەن ئۆينى سۈپۈرگەنگە ئوخشاش، سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. سۈپۈرگە تەگمەي تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئەخلەت ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. بىز خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، خەلققە جۇڭگونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە ھەركەت يۆنىلىشىنى تونۇتۇشىمىز، ئۇلاردا ئۆز كۈچىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

خەلقنى بىز تەشكىللەيمىز. جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى بىز خەلقنى تەشكىللەش بىلەن يوقىتىمىز. ئەكسىيەتچى نەرسىلەر، يوقاتمىساڭ، يوقالمايدۇ. بۇمۇ يەر سۈپۈرگەنگە ئوخشاش، سۈپۈرگە تەگمىگىچە، ئەخلەت ھامان ئۆزى چىقىپ كەتمەيدۇ. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە جىڭزىخې دىگەن بىر دەريا بار. جىڭزىخېنىڭ جەنۇبىدا لوچۈەن، شىمالىدا فۇشيەن ناھىيىلىرى بار. دەريانىڭ جەنۇبى بىلەن دەريانىڭ شىمالى ئىككى دۇنيا. دەريانىڭ جەنۇبى گومىنداڭنىڭ قولىدا، بىز ئۇ يەرگە بارمىغاچقا، خەلق تەشكىللەنمىدى، پاسكىنا نەرسىلەر ناھايىتى جىق. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز سىياسى تەسىرگىلا ئىشىنىپ كېتىدۇ-دە،

مەسىلىنى تەسىر بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ — خۇراپىلىق. 1936 - يىلى بىز باۋئەندە[13] تۇراتتۇق. باۋئەندىن 40 - 50 لى كېلىدىغان جايدا بىر پومىشىك تۇخاۋ - لېيشېنىڭ قورغىنى بار ئىدى. ئۇ چاغدا، داڭجۇڭگىياڭ جايلاشقان ئورۇن باۋئەندە ئىدى، سىياسى تەسىرنى زور دېيىشكە بولاتتى، بىراق ھېلىقى قورغاندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار زادى تەسلىم بولمىدى. بىز جەنۇپتىن سۇپۇرسەكمۇ، شىمالدىن سۇپۇرسەكمۇ بولمىدى، كېيىن سۇپۇرگىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ سۇپۇرۇۋىدۇق، ئاندىن: «ۋايجان، پەندىيات!» دېدى[14]. دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. قوڭغۇراق، چالمىساڭ، جاراڭلىمايدۇ. جوزا، يۆتكىمىسەڭ، قوزغالمايدۇ. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دۇڭبېيغا كىرمىگەن بولسا، ياپونىيە تەسلىم بولمىغان بولاتتى. بىزنىڭ ئارمىيىمىز ھۇجۇم قىلمىغان بولسا، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار قورال-لىرىنى تاپشۇرمىغان بولاتتى. سۇپۇرگە يېتىپ كەلگەندە، سىياسى تەسىر ئاندىن تولۇق ئۈنۈم بېرەلەيدۇ. بىزنىڭ سۇپۇرگىمىز — گۇڭچەنداڭ، 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە. قولغا سۇپۇرگە ئالغاندىن كېيىن، سۇپۇرۇش چارىلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، ئورۇندا يېتىۋېلىپ، ئەخلەتلەرنى قانداقتۇ بىر بوران كېلىپ قويماي ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىماسلىق كېرەك. بىز ماركسىزىمچىلار — ئىنقىلاۋىي شيەنشىجۇيىچىلارمىز، ھەرگىز قۇرۇق خىيال قىلمايمىز. جۇڭگونىڭ قەدىمكى بىر سوزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەھەر تۇر، سۇ سېپىپ، ھويلا - ئارامگىنى سۇپۇر.»[15] سەھەر دىگىنى — تاڭ ئەمدى يورۇۋاتقان ۋاقىت. قەدىمكىلەر بىزگە تاڭ يورۇش بىلەنلا ئورۇندىن تۇرۇپ، ھويلا - ئارامنى سۇپۇرۇش لازىملىقىنى

ئۆگىتىدۇ. بۇ يەردە بىزگە بىر ۋەزىپە ئاساسىي سۈگدىن سۈپۈرۈشىمىزداق ئويلىغان، مۇشۇنداق ئىشلىگەندىلا، پايدىلا بىزنىڭ فاگجىنىمىز قاخىزمەتمۇ چىقىدۇ. جۇڭگونىڭ يېرى ناھايىتى كەڭ؟ ئۆز كۈچىمىزدىن بىر سۈگدىن سۈپۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بىزنىڭ فاگجىنىمىز قانداق ئاساسىي نۇقتا ئۈستىگە قويۇلۇشى كېرەك؟ ئۆز كۈچىمىزدىن ئىبارەت ئاساسىي نۇقتا ئۈستىگە قويۇلۇشى كېرەك، بۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش دېيىلىدۇ. بىز يالغۇز ئەمەس، جاھانگىرلىككە قارشى پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مەملىكەتلەر ۋە خەلقلەر — بىزنىڭ دوستىمىز. لېكىن بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى تەكىتلەيمىز، بىز ئۆزىمىز تەشكىللىگەن كۈچكە تايىنىپ، بارلىق جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلالايمىز. جياڭ جيېشى، بىزنىڭ ئەكسىمىزچە، پۈتۈنلەي ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىدۇ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىدۇ. ھاكىم مۇتلەقلىق، ئىچكى ئۇرۇش ھەم ۋەتەن سېتىش — بۇ ئۈچ جەھەت بىرگەۋدە بولۇپ، ئىزچىل يوسۇندا جياڭ جيېشى فاگجىنىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى، ئۇنىڭ بۇ فاگجىنىمۇ ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان. لېكىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۆرۈنۈشى قالتىس، ئەسلى ھالسىز. بىزدە سەگەك مېڭە بولۇشى كېرەك، بۇ، جاھانگىرلارنىڭ «ياخشى گەپلىرى»گە ئىشەنمەسلىك ۋە جاھانگىرلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقماسلىق كېرەك، دېگەنلىك. بىر ئامېرىكىلىق ماڭا: «سىلەر خېرلىنىڭ كېپىگە قۇلاق سېلىڭلار، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ئەمەلدار بولۇشقا بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتىڭلار»[15]

دېگەن ئىدى. مەن: «پۇت ـ قولى چىرماپ قويۇلغان ئەمەلدار بولۇش تەس، بىز بولمايمىز. بولىدىغان بولساق، پۇت-قولى بوش، ئەركىن-ئازادە ھالدا بولىمىز، دېمەك، دېموكراتىيە ئاساسىدا بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇلۇشى كېرەك» دېدىم. ئۇ: «بولمىساڭلار، ياخشى بولمايدۇ» دېدى. مەن: «نىمە ئۈچۈن ياخشى بولمايدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «بىرىنچىدىن، ئامېرىكىلىقلار سىلەرنى تىللايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئامېرىكىلىقلار جياڭ جيېشىنى يۆلەيدۇ» دېدى. مەن: «سىلەر بولكىغا تويۇۋېلىپ، ئۇيقىغا قېنىۋېلىپ، كىشىلەرنى تىللىساڭلار، جياڭ جيېشىنى يۆلىسەڭلار، بۇ-سىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىشى، مەن ئارىلاشمايمەن. ھازىر بىزدە بارى — يوق بىلەن مىلتىق، سىلەردە بارى — بولكا بىلەن زەمبىرەك. جياڭ جيېشىنى يۆلىگۈڭلار كەلسە، يۆلەۋېرىڭلار، قاچانغىچە يۆلەشنى خالىساڭلار، شۇ چاغقىچە يۆلەڭلار. بىراق، بىر نەرسە ئېسىڭلاردا تۇرسۇن، جۇڭگو كىمنىڭ جۇڭگوسى؟ جۇڭگو ھەرگىز جياڭ جيېشىنىڭ ئەمەس، جۇڭگو — جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگوسى. سىلەر ئاخىر بىر كۈن يۆلىيەلمەي قالىسىلەر!» دېدىم. يولداشلار، بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ سوزى — ھەيۋە. جاھانگىرلار پەقەت ھەيۋە قىلىشنىلا بىلىدۇ، مۇستەملىكىلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ، دەرھەقىقەت، ھەيۋىدىن قورقىدۇ. جاھانگىرلار، مۇستەملىكىلەردىكى ھەممىلا كىشى ھەيۋىدىن قورقىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، لېكىن جۇڭگودا ئۇنداق ھەيۋىدىن قورقمايدىغان مۇشۇنداق بىر تۈركۈم كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. بىز ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ جياڭ جيېشىنى يۆلەش ـ كومكچەنداگىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئوچۇق تەنقىت قىلغان ۋە پاش قىلغان ئىدۇق، بۇنداق قىلىش زورۇر ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئېچىپ تاشلاۋېرىمىز.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقاردى، قىزىل ئارمىيە كېلىپ، جوڭگو خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشىغا ياردەم بەردى، بۇ — جوڭگو تارىخىدا زادى بولۇپ باقمىغان ئىش. بۇ ئىشنىڭ بەرگەن تەسىرىنى مۆلچەرلەپ بولمايدۇ. ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ سىياسى تەسىرىنى ئىككى تال ئاتوم بومبىسى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ⑰. لېكىن سۈپۈرۈپ تاشلىيالمايدۇ، بۇنداق ئوڭاي ئىش يوق. ئاتوم بومبىسى ئۇرۇشنى ھەل قىلالامدۇ؟ ياق. ئاتوم بومبىسى ياپونىيىنى تەسلىم قىلدۇرالمىدى. ئاتوم بومبىسىلا بولۇپ، خەلقنىڭ كۈرىشى بولمىسا، ئاتوم بومبىسى كېرەككە كەلمەيدۇ. ئاتوم بومبىسى ئۇرۇشنى ھەل قىلالايدىغان بولسا، يەنە نىمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىندى؟ نىمە ئۈچۈن ياپونىيە ئىككى تال ئاتوم بومبىسى تاشلىنىشى بىلەن تەسلىم بولماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى بىلەنلا تەسلىم بولدى؟ بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزمۇ، ئاتوم بومبىسى قالتىس نىمە، دەپ ئىشىنىدۇ، بۇ ناھايىتى خاتا. بۇ يولداشلار مەسىلىگە قاراشتا ئەنگلىيىلىك بىر ئاقسۆڭەكچىلىكمۇ بولالمىدى. ئەنگلىيىدە مائۇنتبېتتىن ئىسىملىك بىر شۇنجۆي بار. ئۇ، ئاتوم بومبىسى ئۇرۇشنى ھەل قىلالايدۇ، دەپ ھېساپلاش ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ⑱، دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يولداشلىرىمىز مائۇنتبېتتىندىنمۇ كېيىن قالغان. بۇ يولداشلىرىمىزنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ئاجايىپ سىرلىق نەرسە، دەپ قارىشى نىمىنىڭ تەسىرىدىن بولغان؟ بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. بۇنداق تەسىر نەدىن كەلگەن؟ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىن كەلگەن، بۇرژۇئازىيىنىڭ گېزىتلىرى ۋە تۇڭشۇنشېلىرىدىن كەلگەن. ئىككى خىل

دۇنيا قاراش ۋە قائىدە بار: پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ۋە قائىدىسى، بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشى ۋە قائىدىسى. بۇ يولداشلار بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشى ۋە قائىدىسىنى ھەمىشە كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؛ پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ۋە قائىدىسىنى بولسا ھەمىشە ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. قوشۇنىمىزدىكى «قورال ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراش، نوقۇل ھەربىي كۆز قاراش، گۇەنلىياۋجۇيىلىق ۋە ئاممىدىن ئايرىلىش ئىستىلى، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرى. قوشۇنىمىزدىكى بۇنداق بۇرژۇئازىيىگە خاس نەرسىلەرنىمۇ، ئەخلەتلەرنى سۈپۈرگەندەك، ھەر دائىم سۈپۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى بەلگىلىدى، جۇڭگو نىڭ ۋەزىيىتى تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى دەۋرگە كىردى. يېڭى دەۋر بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئارىلىقىدا بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولىدۇ. ئۆتكۈنچى باسقۇچتىكى كۈرەش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى جياڭ جيېشىنىڭ تارتىۋېلىشىغا قارشى كۈرەش. جياڭ جيېشى پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ فاڭجېنى بەلگىلىنىپ بولغان، بىزدە بۇنىڭغا تەييارلىق بولۇشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىچكى ئۇرۇش مەيلى قايسى كۈنى پارتلىسۇن، بىز ئۇنىڭغا تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇرۇنراق بولسۇن مەيلى ئەتە ئەتىگەندىلا بولسۇن، بىز ئۇنىڭغىمۇ تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ — بىرىنچىسى. ھازىرقى خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت ئىچكى ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە قىسمەن دائىرىدە چەكلەپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئىچكى ئۇرۇش،

ئېھتىمال، ۋاقتىنچە بىرقانچە مەھەللىۋى خاراكتىرلىق ئۇرۇش بولار. بۇ — ئىككىنچىسى. بىرىنچىسى ئۈچۈن بىز تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، ئىككىنچىسى ئۈچۈن ئاللىقاچان شۇنداق بولغان. قىسقىسى، بىزدە تەييارلىق بولۇشى كېرەك. تەييارلىق بولغاندا، ھەر خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە لايىقىدا جاۋاپ بېرەلەيمىز.

## ئىزاھلار

① 1945-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 8-ئاينىڭ 10-كۈنى موڭغۇلىيە ھوكۇمىتى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولۇپ ئىككى تەرەپتىن جۇڭگونىڭ دۇڭبېيىغا ۋە چاۋشيەنگە كىرىپ، ياپونىيىنىڭ گۇەندۇڭ ئارمىيىسىنى تېزدىن تار-مار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى-موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىچكى موڭغۇل قۇملۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، رېخې ۋە چاخارغا كىردى. ياپونىيە ھوكۇمىتى تەسلىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە نائىلاج 8-ئاينىڭ 10-كۈنى جاۋخۇي تاپشۇردى ۋە 14-كۈنى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى رەسمى ئېلان قىلدى. گۇەندۇڭ ئارمىيىسى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ خىللانغان ئاساسىي كۈچى، ياپونىيىنىڭ جەنۇبىلىك زۇڭيۈيبېيدۇيى ئىدى. ياپون جاھانگىرلىكى مۇشۇ ئارمىيىگە تايىنىپ، ئەبلەك جەنۇبىلىك ئۇرۇن بولغان جۇڭگونىڭ دۇڭبېيى بىلەن چاۋشيەندىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش قىلىش خىيالىدا بولغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ پىلانىنى تەلتۆكۈس بىت-چىت قىلىۋەتتى، ئاندىن ياپونىيە ھوكۇمىتى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا، تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

② گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇنىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3-تومىدىكى «گومىنداڭ جۇڭياڭىنىڭ 11-ئومۇمىي يىغىنىغا ۋە 3-نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ 2-يىغىنىغا باھا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان «تاغ» ئىبارىسى تېغى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئومۇمەن جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. ياپونىيە ئارمىيىسى 1938-يىلى ۋۇخەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى ئۆزى ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاساسىي قىسىملار مۇشۇ تاغلىق رايونلارغا موكۇۋېلىپ، ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قىلغان مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىگە چەتتە قاراپ ئولتۇردى.

④ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى تاغلىق رايونلاردا قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ چاغدا جياڭ جېيشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركەزلىرى دەريا ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ماۋزېدۇڭ، بىرى «تاغدا»، بىرى «سۇ بويىدا»، دەيدۇ.

⑤ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، خۇابېي، خۇادۇڭ، خۇاجۇڭ، خۇانەنلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى ئىدى، جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان، ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى بېسىۋالمىغان غەربىي جەنۇپ، غەربىي شىمال قىسىملىرىنى كىشىلەر ئادەتتە «كەينى ئارقا سەپ» دەپ ئاتايتتى.

⑥ 1945-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنى گومىنداڭ بىرىنچى ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى خۇزۇڭنەنىنىڭ قارىمىقىدىكى ۋاقىتلىق تەشكىل قىلىنغان 59-شى ۋە 2-ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىمىزنىڭ گۇەنجۇڭ فېنچۈيگە قاراشلىق چۇنخۇا ناھىيىسىنىڭ يېتەيشەن رايونىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 23-كۈنى يەنە 3-يۈيېي-

شىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارمىيىمىز 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېتەيشەندىن
ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى 41 كەنتتىن جۇدۇڭلۇق بىلەن چېكىنىپ چىقتى.
گومىنداڭ ئارمىيىسى شۈنيى، ياۋشيەن ناھىيىلىرىگە ۋە باشقا جايلارغا
داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. يېتىپ كىرگەن گومىنداڭ ئارمىيىسىگە 8 ـ ئاي-
نىڭ 8 ـ كۈنى ئارمىيىمىز قايتۇرما زەربە بېرىپ، يېتەيشەن رايونىنى
قايتۇرۇۋالدى.

⑦ گومىنداڭنىڭ ئالاقە باغلاش سەنمۇسى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالاقە ئىشلىرىنى قىلىش
ئۈچۈن يەنئەنگە ئەۋەتكەن خادىم. جياڭ جېيشى 1940 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ
19 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سەنمۇزۇڭ-
جاڭى خې يىڭچىن ۋە فۇسەنمۇزۇڭجاڭى بەي چۇڭشى نامىدا ئىلگىر-
ئاخىر ئىككى قېتىم ديەنباۋ ئەۋەتىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان 8 ـ ئارمىيە ۋە
يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە ھە دەپ تۆھمەت قىلدى ۋە خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ،
ئۇلارنى چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە
زورلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يېڭى 4-ئارمىيە-
نىڭ شىمالغا ماڭغان قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، «جەنۇبىي
ئەنخۇي ۋەقەسى»نى تۇغدۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلقى
يىغىنىنى گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن كۆتەرگەن گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ كورسەتكەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، جياڭ جېيشىنى
كوزدە تۇتاتتى.

⑧ «گومىن سەنجېڭخۇي» — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
باشلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرغان مەسلىھەت بېرىش
خاراكتېرىدىكى ئورگان. سەنجېڭيۈەنلەرنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتى «تاللايتتى»، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئەزالىرى زور كۆپچىلىكنى
تەشكىل قىلاتتى، پەقەت ناھايىتى ئازچىلىقى جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ

ۋە باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يابون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق، قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ «گومىن سەنجېڭخۇي»غا پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتنىشىشىغىمۇ يول قويمىغان ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ تەشكىلىي تىياۋلىسى» دېگەن نىزامدا مۇنداق بىر بەلگىلىمە بار ئىدى: «ھەرقايسى مۇھىم مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىدا ياكى ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدا 3 يىلدىن ئوشۇق ئىشلەپ، يۇقىرى ئابروي قازانغان ياكى دۆلەت ئىشلىرىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئابروي قازىنىپ كەلگەن كىشىلەر» گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ سەنجېڭيۈەنى بولالايدۇ. شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەنە شۇ بەلگىلىمە بويىچە جۇڭگو كۈڭچەنداڭدىن سەنجېڭيۈەنلەرنى «تاللىغان» ئىدى.

⑨ بۇ يولداش ماۋزېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن «جياڭ جېيشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقتا» دېگەن پىڭلۇنىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تومنىڭ 31 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑩ «بەيگۈي ـ جىنچېڭ تۆمۈريولى» شۇ چاغدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا بولغان ــ چىشيەن ناھىيىسىنىڭ بەيگۈي دېگەن جايىدىن جىنچېڭ شەھىرىگىچە بولغان پۈتمىگەن تۆمۈريولنى كۆرسىتىدۇ.

⑪ چاخار ئەسلىدە بىر ئۆلكە ئىدى، 1952 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. رېخېمۇ ئەسلىدە بىر ئۆلكە ئىدى، 1955 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ئىككى ئۆلكىگە قاراشلىق جايلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خېبېي، شەنشى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىرىگە ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلدى.

⑫ بۇ يەردە ئېيتىلغان 21 ناھىيە شەھىرى جياڭشى ئۆلكىسىدىكى رۇيجىن، خۇيچاڭ، شۈنۇۋ، ئەنيۈەن، شىنفېڭ، يۈيدۇ، شىڭگو، نىڭدۇ، گۇاڭچاڭ، شىچېڭ، لىچۈەنلەرنى ۋە فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى جيەنىڭ، تەينىڭ، نىڭخۇا، چىڭليۇ، گۇيخۇا، لۇڭيەن، چاڭتىڭ، ليەنچېڭ،

شاڭخاڭ ۋە يۇڭدىڭلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑬ باۋئەن ــ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى بىر ناھىيە، يەنى ھازىرقى جىۋدەن ناھىيىسى. جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ 1936-يىل 7-ئايىنىڭ بېشىدىن 1937-يىل 1-ئايغىچە باۋئەندە تۇردى. كېيىن يەنئەنگە كۆچۈپ باردى.

⑭ بۇ يەردە ئېيتىلغان قورغان باۋئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دەنباجەي كەنتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كەنت 200 دىن ئوشۇق ئائىلە جايلاشقان، يەر شارائىتى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم جاي ئىدى. شۇ جايدىكى پومېشچىك تۇخاۋ-لىيېن ۋە مىنتۇەنىڭ تۇەنزۇڭى ساۋ جۇنجاڭ 100دىن ئوشۇق ئادىمى بار ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچكە باشچىلىق قىلىپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇ كەنتنى بېسىپ ياتتى. قىزىل ئارمىيە بىرنەچچە قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى. 1936-يىل 8-ئايدا قىزىل ئارمىيە، بىر تەرەپتىن، كەنتنى يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، كەنت ئىچىدىكى ئاساسىي ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنتتىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى. شۇ يىل 12-ئايدا، باسمىچى ساۋ جۇنجاڭ ئاز ساندىكى كىشىلىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى، دەنباجەي كەنتى ئازات بولدى.

⑮ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن جۇ بولۇ يازغان «ئائىلە باشقۇرۇش توغرىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەر»گە قارالسۇن.

⑯ بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئامېرىكىلىق» ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ زۇجاڭى باررېت شاڭشياۋنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شۇ چاغدا ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئامېرىكا قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1944-يىلى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، يەنئەنگە ئەۋەتىلگەن. خېرلى ــ ئامېرىكا گوڭخېداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەتۋازلىرىدىن بىرى، ئۇ 1944-يىل 9-ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ شەخسىي ۋەكىلى سۈپىتىدە جۇڭگوغا كەلگەن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا

ئۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان ئىدى. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 - تومىدىكى «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»نىڭ ③ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑰ ئامېرىكا 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياپونىيىنىڭ گۇاڭداۋ شەھرىگە، 9 - كۈنى چاڭچى شەھرىگە بىردىن ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. ئامېرىكا ۋە گومىنداڭنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى بۇ ھەقتە ھە دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىم بولۇشى ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىدىن قورقىتىلغىنىدىن بولدى، دېيىشتى. ئۇلار مۇشۇنداق تەشۋىقات بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنىڭ ياپونىيىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىش جەھەتتە ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولىنى تۆۋەنلەتمەكچى بولدى.

⑱ مائۇنتبېتتېن شۇ چاغدا شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىتتىپاقچى ئارمىيىنىڭ ئالىي جىڭخۇيگۇەنى ئىدى. ئۇ 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوھبەت ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى ئالقىشلىغان ۋە: «ئاتوم بومبىسى يىراق شەرق ئۇرۇشىنى توختىتىدۇ، دەپ ھېساپلاش ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

# جياڭجيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقتا*

(1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

گومىنداڭ جۇڭياڭى تەشۋىقات بۇسىنىڭ باياناتچىسى سوھبەت ئېلان قىلىپ، 18 - جىتۇەنجۇن زۇڭسىلىڭى جۇ دېنىڭ دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇپ، 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنئەن زۇڭبۇدىن چىقارغان بۇيرۇغىنى① بىر خىل «دېۋەڭلىك ۋە قانۇنسىز ھەركەت» دېدى. بۇنداق پىڭلۇن — ئۇچىغا چىققان بىمەنە پىڭلۇن. بۇ پىكىر بويىچە بولغاندا، مەنتىقى جەھەتتىن مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىنكى، جۇ دې زۇڭسىلىڭ پوتسدام گۇڭگاۋسىغا② ۋە دۇشمەنىنىڭ تەسلىم بولۇش خاھىشىغا ئاساسەن، ئۆز قارىمىغىدىكى قوشۇنلارغا دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خاتا قىلىپتۇ، دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى تەسلىم بولۇشتىن باش تارتىشقا دەۋەت

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پىڭلۇن.

قىلغان بولسا، توغرا قىلغان بولىدىكەن، قانۇنلۇق بولىدىكەن. جۇڭگودىكى فاشىستلار باشلىغى — زالىم، مىللى مۇناپىق جياڭ جيېشىنىڭ دۈشمەن تېخى تەسلىم بولۇشنى ھەقىقى قوبۇل قىلماستىنلا، ئازات رايونلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرىغا «ئۆز ئورنۇڭلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۇڭلار» دەپ «بۇيرۇق» بېرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى يەنى قول قوشتۇرۇپ دۈشمەننىڭ زەربە بېرىشىگە يول قويۇڭلار، دېيىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەنە شۇ فاشىستلار باشلىقىنىڭ يەنە يەر ئاستى قوشۇن دېيىلگەن قوشۇنلار (ئەمەلىيەتتە «ۋەتەننى ئەگرى يوللار بىلەن قۇتقۇزۇش»[3]نى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قورچاق قوشۇنلار ھەم دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن دەي لى شىتۇڭدىكى ئىشپىيونلار[4]) بىلەن قورچاق قوشۇنلارغا «شۇ جاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقى، ئازات رايونلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرىنىڭ بولسا دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارغا قارشى «ئۆز مەيلىچە ھەركەت قىلىشى»غا يول قويمىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئۆز بىلەن دۈشمەننى ئەنە شۇنداق ئالماشتۇرۇپ قويۇشى جياڭ جيېشىنىڭ نەق ئۆز قىلمىشىنى ئۆزى ئىقرار قىلغانلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىزچىل تۈردە دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كەلگەن، ئۆزىگە يات بولغانلارنى يوقاتماقچى بولغان پۈتۈن روھى ھالىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بىراق جۇڭگو ئازات رايونلىرى خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرى بۇ زەھەرلىك قىلتاققا ھەرگىز چۈشمەيدۇ. ئۇلار جۇ دې زۇڭسىلىڭنىڭ بۇيرۇق چىقارغانلىقى دەل پوتسدام گۇڭگاۋسىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى «ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشنى تاكى ئۇلار

ئۆز قارشىلىقىنى توختاتقانغا قەدەر ئېلىپ بېرىش شەرت» دېگەن بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، جياڭ جيېشىنىڭ «بۇيرۇق» دېگەن نىمىسى بولسا دەل جياڭ جيېشى ئۆزى ئىمزا قويغان پوتسدام گۇڭگاۋىسىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مۇشۇلار سېلىشتۇرۇپ كورۇلسىلا، كىمنىڭ «ئىتتىپاقداش دولەتلەر بىرلىكتە كېلىشكەن بەلگىلىمىلەرگە رىايە» قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

گومىنداڭ جۇڭگىياڭى تەشۋىقات بۇسى باياناتچىسىنىڭ پىكلۇنى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ «بۇيرۇغى» باشتىن - ئاخىر ئىچكى ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسىدى، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت-نەزىرى ياپونىيىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشىغا مەركەزلەشكەن پەيتتە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىنلا ئىچكى ئۇرۇشقا كوچۇش ئۇچۇن بىرەر بانا تېپىشتىن ئىبارەت. ئەمىلىيەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى — ئوتتۇپ كەتكەن كالۋالار. ئۇلار جۇدې زۇڭسىلىڭنىڭ دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى تەسلىم بولۇش ۋە قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى بانا قىلىۋېلىشقان. شۇنىمۇ ئاقىلانە بانا دەپ ھېسابلىنىقلى بولامدۇ؟ ياق، باننى بۇنداق يوللار بىلەن تېپىش پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ يېقىنراق كورىدىغانلىقىنى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى بولسا دۇشمەنلەر ۋە قورچاقلاردىنمۇ ئوچ كورىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خالاس. چۇنكى، ۋەقەسىنىڭ[5] خۇ زۇڭنەن قوشۇنىنىڭ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ تۇغدۇرغان ئىچكى ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ «پىتنە - پاسات

ھۇجۇمى» دېيىشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چۈنخۇا ۋەقەسى دىگەن بۇ بانىنى مىڭ تەسلىكتە تېپىۋالغان ئىدى، لېكىن جۇڭگو ۋە چەتئەل جامائەتچىلىكى بۇنى دەرھال ئېچىپ تاشلىۋىدى، ئەمدى ئۇلار، 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيە دۈشمەنلەرگە ۋە قورچاقلارغا قورال تاپشۇرۇشنى بۇيرۇماسلىقى كېرەك ئىدى، دېيىشىۋاتىدۇ. 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، جياڭ جيېشى بىلەن ياپونلارنىڭ ئارىغا ئېلىپ زەربە بېرىشى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ تارتمىغان ئازاپ ـ ئوقۇبىتى قالمىدى، ئەمدى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلىشاي دەپ قالغاندا، جياڭ جيېشى يەنە ياپونلار (جۈملىدىن ئوزىگە قەدىردان بولغان قورچاق قوشۇنلار)غا، سىلەر قورالنى 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە تاپشۇرماي، پەقەت مەن جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇشۇڭلار كېرەك، دەپ ئىشارەت قىلماقتا. جياڭ جيېشى ئېيتمىغان بىر ئېغىزلا سوز قالدى، ئۇ بولسىمۇ: مۇشۇ قوراللار بىلەن گۇڭچەنداڭنى قىرسام، جۇڭگونىڭ ۋە دۇنيانىڭ تىچلىقىنى بۇزسام، دىگەندىن ئىبارەت. شۇنداق ئەمەسمۇ ـ يە؟ ياپونلارغا قورالنى جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇش بۇيرۇلسا، قورچاق قوشۇنلار «شۇ جاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل» قىلىنسا، بۇنىڭدىن قانداق نەتىجە چىقىدۇ؟ پەقەت بىرلا نەتىجە چىقىدۇ، يەنى «جۇڭگو ـ ياپونىيە ھەمدەملىكى» ۋە ياپونىيە بىلەن قورچاقلار ھەمكارلىقى ئورنىغا نەنجىڭ ـ چۇڭچىڭ قوشۇلۇشى⑥ ۋە جياڭ جيېشى بىلەن قورچاقلار ھەمكارلىقى دەسسەيدۇ؛ ياپونلار بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشى ۋە دولەت قۇرۇشى ئورنىغا جياڭ جيېشىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشى ۋە دولەت قۇرۇشى دەسسەيدۇ. بۇ پۈتىسدام

گۇڭگاۋسىغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقان ھامان ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى دەرھال پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جىددى تەھلىكە سالىدۇ، بۇنىڭدا يەنە گۇمان بارمۇ؟ بىز ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە دۇنيادىكى ئىتتىپاق- داش دولەتلەرنى بىرلىككە كېلىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان بۇ ئىچكى ئۇرۇشنى ئازات رايونلار خەلقى بىلەن بىرلىكتە قەتئى توسۇشقا چاقىرىمىز.

ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ۋە قورچاقلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا زادى كىم ھوقۇقلۇق؟ جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ھېچقانداق ماددى ياردەم بەرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتىراپ قىلمىغان شارا- ئىتتا، پۈتۈنلەي ئۆز تىرىشچانلىقىغا ۋە خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ، ئۆز ئالدىغا ۋەتەننىڭ كەڭ زىمىنىنى، 100 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى ئازات قىلدى، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەن ئارمىيىسى- نىڭ 56 پىرسەنتىگە ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ 95 پىرسەنتىگە زەربە بېرىپ كەلدى. ئەگەر مۇشۇ قوشۇنلار بولمىغان بولسا، جۇڭگودا بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەت ھەرگىز بولمىغان بولاتتى! راستىنى ئېيتقاندا، جۇڭگو زىمىنىدا پەقەت ئازات رايونلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرىلا دۈشمەن ئارمىيىسى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق. جياڭ جيېشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ سىياسىتى قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇش، غەلىبىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش بولدى، ئۇنىڭ دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا، ھەققەتەن، قىلچىلىك ھوقۇقى يوق.

بىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە پۈتۈن دۇنيا

خەلقىگە شۇنى جاكالايمىز: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ھەقىقىي قارشى تۇرغان قوشۇنلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؛ جۇڭگو خەلقى شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرىدا، جۇدې زۇڭسىلىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۆز ۋەكىللىرىنى بىۋاستە ئەۋەتىپ، 4 چوڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ياپونىيىنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىش ۋە ياپونىيە ئۈستىدىن ھەربىي نازارەت ئورنىتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشتۇرۇش ھوقۇقى ھەمدە كەلگۈسىدە ئېچىلىدىغان سۇلھى مەجلىسىگە قاتنىشىش ھوقۇقى بولسۇن. بۇنداق قىلىنمايدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنى بەكمۇ نامۇۋاپىق دەپ ھېساپلايدۇ.

## ئىزاھلار

① 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنئەن زۇڭبۇدىن جۇدې زۇڭسىلىڭ ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئازات رايونلاردىكى بارلىق قوراللىق قىسىملارغا بۇيرۇق چىقاردى، بۇيرۇقنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكالىدى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەسلىمنى قوبۇل قىلىش چارىلىرىنى پوتسدام خىتاپنامىسى ئاساسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازات رايونلاردىكى بارلىق قوراللىق قىسىملارغا ئالايىتەن تۆۋەندىكىچە بۇيرۇق بېرىمەن: 1) ئازات رايونلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقانداق قوراللىق قىسىم پوتسدام خىتاپنامىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۆزىگە يېقىن جايلاردىكى شەھەر، جېنلار ۋە موھىم قاتناش يوللىرىغا جايلاشقان دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرىغا پۈتۈن قوراللىرىنى بىزنىڭ ئورۇش قىلىۋاتقان

قىسىملىرىمىزغا مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇش توغرىسىدا تۇگدىيى ئەۋەتىشى كېرەك، ئۇلار قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئارمىيىمىز ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى تىياۋلى بويىچە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپسىزلىگىنى قوغدىشى كېرەك. 2) ئازات رايونلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرقانداق قوراللىق قىسمى ئۆزىگە يېقىن جايلاردىكى بارلىق قورچاق قوشۇن ۋە قورچاق ھاكىمىيەتلەرگە، دۈشمەن قاراقچىلار تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغىچە، ئۇز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋە تارقىتىۋېتىشنى كۈتۈپ تۇرۇشى، مۇددەتتىن ئۆتۈپ كەتسە، پۈتۈنلەي قورال تاپشۇرۇشى شەرت ئىكەنلىگى توغرىسىدا تۇگدىيى ئەۋەتىشى كېرەك. 3) ئازات رايونلارنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قىسىملىرى، ئەگەر دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنىڭ قوراللىق قىسىملىرى تەسلىم بولۇش ۋە قورال تاپشۇرۇشتىن باش تارتسا، ئۇلارنى قەتئىي يوقىتىشى كېرەك. 4) ئارمىيىمىز دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار بېسىۋالغان شەھەر، جېنلار ۋە موھىم قاتناش يوللىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى ئەسكەر ئەۋەتىپ تاپشۇرۇۋېلىشقا، ئىشغال قىلىشقا، ھەرقاندىقىدا ھەربى نازارەت ئورنىتىشقا، تەرتىپ ساقلاشقا ۋە مەخسۇس خادىملارنى تەيىنلەپ، مەزكۇر رايونلارنىڭ بارلىق مەمۇرى ئىشلىرىنى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشقا پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق، ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەلىرى تۇغۇلىدىكەن، ئۇنداق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرغۇچىلار ۋەتەن خائىنلىرى قاتارىدا جازاغا تارتىلىشى كېرەك.» ئۇنىڭدىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنە ئەتەن زۇڭبۇ يەنە ئارقا - ئارقىدىن 6 بۇيرۇق چىقىرىپ، سەنشى - سۇيۈەن ئازات رايونىدىكى يولداش خې لۇڭ رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قىسىملارنى، سەنشى - چاخار - خېبېي ئازات رايونىدىكى يولداش نيې رۇڭجېن رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قىسىملارنى، خېبېي - رېخې - لياۋنىڭ ئازات رايونىدىكى قوراللىق قىسىملارنى ئىچكى موڭغۇلغا ۋە دۇڭبېيگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى؛ سەنشى ئازات

رايونىدىكى قوراللىق قىسىملارنى داتۇڭ-پۇجۇ تۆمۈريولى بويىدىكى ۋە پېنخې ۋادىسىدىكى ياپونىيە ئارمىيىسىنى ۋە قورچاق قوشۇنلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى؛ ئازات رايونلاردىكى قوراللىق قىسىملارنى دۈشمەن بېسىۋالغان ھەممە مۇھىم قاتناش يوللىرىغا پائال ھۇجۇم قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنى ۋە قورچاق قوشۇنلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىشقا بۇيرۇدى. ئازات رايونلاردىكى جىيەفاڭجۈن بۇ بۇيرۇقلارنى قەتئىي ئىجرا قىلدى ھەمدە زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

② بۇ 1945-يىل 7-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرى پوتسدام يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان، ياپونىيىنى تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇغان گۇڭگاۋنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ياپونىيىنىڭ جۇنگوجۇيىسى ئەبەدىي يوق قىلىنىشى شەرت؛ ياپونىيە ئارمىيىسى تامامەن قوراللىسىزلاندۇرۇلۇشى شەرت؛ ياپونىيىنىڭ ھەربىي سانائىتى بۇزۇپ تاشلىنىشى شەرت؛ ياپونىيىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى سوراققا تارتىلىشى شەرت؛ قاھىرە خىتاپنامىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى يەنى ياپونىيە ئىلگىرى بۇلاڭچىلىق بىلەن بېسىۋالغان جايلاردىن، مەسىلەن، چاۋشيەندىن، جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىسى، تەيۋەنى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىغا ئوخشاش جايلىرىدىن ۋازكېچىشى، ياپونىيىنىڭ زېمىنى بېنجۇ، بېيخەيداۋ، جيۇجۇ، سىگو ۋە باشقا كىچىك ئاراللار بىلەن چەكلىنىشى شەرت؛ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرى ياپونىيىنى تاكى ياپونىيىدە دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغىچە ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. 8-ئاينىڭ 8-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ گۇڭگاۋغا ئىمزا قويدى.

③ «ۋەتەننى ئەگرى يوللار بىلەن قۇتقۇزۇش» — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياپونىيىگە تەسلىم بولۇش-گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشتا قوللانغان بىر خىل ئىبلاس ۋاستە. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى ۋە ئەمەلدارلىرىنى ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم بولۇپ، قورچاق قوشۇن ۋە

قورچاق ئەمەلدارغا ئۆزگىرىپ، ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن بىللە ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، بۇنى «ۋەتەننى ئەگرى يوللار بىلەن قۇتقۇزۇش» دەپ ئاتاشتى.

④ دەي لى شىتۇگىدىكى ئىشپىيونلار — گومىنداڭ ھەربىي ۋەييۈەنخۇيى تەكشۈرۈش - تىزىملاش ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى دەي لى باشچىلىغىدىكى ئىشپىيونلۇق شىتۇگى، بۇ گومىنداڭنىڭ كۆلىمى زور ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىدىن بىرى ئىدى.

⑤ چۇنخۇا ۋەقەسى — 1945 - يىل 7 - ئايدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ گۇەنجۇڭ فېنچۈيگە قاراشلىق چۇنخۇا، شۇنيى، ياۋشيەن ناھىيىلىرىگە ۋە باشقا جايلارغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقە. مۇشۇ تومدىكى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز»نىڭ ⑥ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑥ «نەنجىڭ» شۇ ۋاقىتتا نەنجىڭدە تۇرغان ۋەتەن خائىنى ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى، «چۇڭچىڭ» شۇ ۋاقىتتا چۇڭچىڭدا تۇرغان جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. «نەنجىڭ - چۇڭچىڭ قوشۇلۇشى» — شۇ ۋاقىتتا ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭنىڭ ياپونپەرەسلەر گۇرۇھى تەرىپىدىن پىلانلانغان سىياسىي سۇيىقەست.

# 18 ـ جىتۇەنجۈن زۇڭسىلىڭىنىڭ جياڭ جيېشىغا ئەۋەتكەن ئىككى دېەنباۋسى*

(1945 ـ يىل 8 ـ ئاي)

## 1. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى دېەنباۋ

بىز چۇڭچىڭ رادىيو ئىستانسىدىن جۇڭياڭشې تارقاتقان ئىككى خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، بىرى ــ سىزنىڭ بىزگە بەرگەن بۇيرۇغىڭىز، يەنە بىرى ــ سىزنىڭ ئۇرۇش رايونلىرىدىكى جۇڭگۇەنلەر ۋە

---

* بۇ ئىككى دېەنباۋنى يولداش ماۋ زېدۇڭ 18 ـ جىتۇەنجۈن زۇڭسىلىڭى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن. ئۇ چاغدا، جياڭ جيېشى هوكۇمىتى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان لېكىن تېخى ئەمەلدە تەسلىم بولمىغان پەيتتە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوراللىق ياردىمى ئارقىسىدا، ياپونىيىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش هوقۇقىنى لۇڭدۇەن قىلىۋالغان ھەمدە تەسلىمنى قوبۇل قىلىشنى بانا قىلىپ كويلەپ ئەسكەر يوتكەپ، ئازات رايونلارغا قىستاپ كېلىپ، ئەكسىل.

ئەسكەرلەرگە بەرگەن بۇيرۇغىڭىز. بىزگە بەرگەن بۇيرۇغىڭىزدا: «بۇ جىتۇەنجۇن قارىمىغىدىكى ھەممە قوشۇنلار ئۆز ئورنىدا مۇداپىەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتسۇن» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، دۈشمەننىڭ قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ بار. سىزنىڭ ئۇرۇش رايونلىرىدىكى جۇنگۈەنلەر ۋە ئەسكەرلەرگە بەرگەن بۇيرۇغىڭىزنى جۇڭيانگشې 11-كۈنى چۈگ-چىگدىن تارقاتقان خەۋەردە مۇنداق دەپ ئاڭلاتتى: «ئالى تۈگشۈەيبۇ بۈگۈن ئۇرۇش رايونلىرىدىكى جۇنگۈەنلەر ۋە ئەسكەرلەرگە، ئۇرۇش قىلىش تىرىشچانلىقى جىددىيلەشتۇرۇلسۇن، ھەممە ئىش بەلگىلەنگەن ھەربىي پىلان ۋە بۇيرۇق بويىچە پائال ئالغا سۈرۈلسۇن، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇلمىسۇن، دەپ دېيەنباۋ ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى.» بىزچە، بۇ ئىككى بۇيرۇق بىر-بىرىگە زىت. ئالدىنقى بۇيرۇق بويىچە بولغاندا، «مۇداپىەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈش»، ھۇجۇم قىلماسلىق، ئۇرۇش قىلماسلىق كېرەك. ھازىر ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تېخى ئەمەلدە تەسلىم بولمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر سائەت، ھەر مىنۇت جۇڭگولۇقلارنى قىرىۋاتقان تۇرسا، جۇڭگو ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىلىرى

---

ئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا پائال تەييارلانغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بىرىنچى دېيەنباۋنى يېزىشتىن مەقسىدى جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ئىدى. ئىككىنچى دېيەنباۋدا، جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاش سۇيىقەستىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ تاشلىدى ۋە جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى

بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىلىرىمۇ ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۇرسا، سىز نېمە ئۈچۈن بىزگە، ئۇرۇش قىلماڭلار، دەيسىز؟ بىزچە، كېيىنكى بۇيرۇق بويىچە بولغاندا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. «ئۇرۇش قىلىش جىددىيلەشتۈرۈلسۇن، پائال ئالغا سۈرۈلسۇن، قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇلمىسۇن»، مانا بۇ بولىدىغان گەپ. ئەپسۇسكى، سىز بۇ بۇيرۇقنى بىزگە ئەمەس، ئۆز گۇرۇھىڭىزدىكى قوشۇنلارغىلا بەرگەنسىز، بىزگە بەرگىنىڭىز بولسا باشقىچە بىر نىمە. جۇ دې 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو ئازات رايونلىرىدىكى بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى①، بۇ بۇيرۇق نەق ئەنە شۇ «ئۇرۇش قىلىش جىددىيلەشتۈرۈلسۇن» دىگەن مەنىدە ئىدى. ئۇنىڭدا «ئۇرۇش قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق-

---

تۇسۇش توغرىسىدىكى 6 تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خۇددى شۇ مەقسەتتە، يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە شىنخۇاشې ئۈچۈن مۇشۇ تومدىكى «جياڭ جېيشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقتا» ۋە «جياڭ جېيشى باياناتچىسىنىڭ سوھبىتىگە باھا» دىگەن ئىككى پىكلۇننى يېزىپ بەردى. جۇڭگو كۇڭچەنداڭى جياڭ جېيشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەيۋىسىدىن ھەرگىز قورقمايدىغان ئەنە شۇنداق قەتئى ۋە كەسكىن مەيداندا تۇرغانلىقتىن، ئازات رايون ۋە جېيفاڭجۈن تېزدىن كېڭەيدى، شۇنىڭدەك جياڭ جېيشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى ئىچكى-تاشقى قۇدرەتلىك سىياسى بېسىم ئاستىدا، سېلۇپىنى ئۆزگەرتىپ، تېچلىقپەرۋەر قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنى چۇڭچىڭغا كېلىپ تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

لار، دۈشمەن ئارمىيىسى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ قورال-ياراق ۋە باشقا نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشلار، دىگەن يەنە بىر نۇقتىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ناھايىتى ياخشى، شۈبھىسىزكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. بىراق «مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتسۇن» دىگەن گەپ، ھەقىقەتەن، مىللى مەنپەئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بىزچە، سىز بۇ بۇيرۇقنى خاتا چۈشۈردىڭىز، بەلكى بەكمۇ خاتا چۈشۈردىڭىز، شۇڭا بىز سىزگە بۇ بۇيرۇقنى قەتئى رەت قىلىدىغانلىغىمىزنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز. چۈنكى سىزنىڭ بىزگە بەرگەن بۇ بۇيرۇغىڭىز گوڭداۋ بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە خىلاپ، پەقەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان ۋەتەن خائىنلىرى ئۈچۈنلا پايدىلىق.

## 2. 8-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى ديەنباۋ

بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز — ياپونىيە ھوكۈمىتى پوتسدام گۇڭ-گاۋسىنى قوبۇل قىلىپ، تەسلىم بولىدىغانلىغىنى ئېلان قىلغان لېكىن تېخى ئەمەلدە تەسلىم بولمىغان پەيتتە، مەن جۇڭگو ئازات رايون-لىرىنىڭ ھەم جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىگە ۋە 260 مىليون خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزگە ئالاھىدە توۋەندىكى باياناتنى ئېلان قىلىمەن ۋە توۋەندىكى تەلەپلەرنى قويىمەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەڭ مەيدانلىرىدىكى مۇنۇ پاكىتلارغا دىققەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن: دۈشمەنلەر

ۋە قورچاقلار بېسىۋالغان يەنى سىز تاشلاپ چىقىپ كەتكەن كەڭ كۆلەملىك قولدىن كەتكەن رايونلاردا، بىز سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە خىلاپلىق قىلىپ، 8 يىل مۇشەققەتلىك ئۇرۇش قىلىش ئارقىسىدا، 1 مىليون يېگىرمە سەككىز مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يەرنى قايتۇرۇۋالدۇق، 100 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى ئازات قىلدۇق، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمى بار مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە 2 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق مىنبىڭ ئۇيۇشتۇردۇق، لياۋنىڭ، رېخې، چاخار، سۇيۈەن، خېبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، خېنەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي، خۇبېي، خۇنەن، جياڭشى، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭدىن ئىبارەت 19 ئۆلكىدە 19 چوڭ ئازات رايون② قۇردۇق، ئاز ساندىكى جايلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 1937 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىن بۇيان دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار بېسىۋالغان جۇڭگونىڭ شەھەر، جېنلىرى، موھىم قاتناش يوللىرى ۋە دېڭىز بويلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قورشىۋالدۇق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىدا (بۇ يەرلەردە 160 مىليون ئاھالە بار) كەڭ كۆلەملىك يەر ئاستى قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارغا زەربە بەردۇق. بىز ئۇرۇش داۋامىدا، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ (دۇڭبېيدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 69 پىرسەنتىگە ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ 95 پىرسەنتىگە ھازىرغا قەدەر زەربە بېرىپ كېلىۋاتىمىز ۋە ئۇلارنى قورشاپ كېلىۋاتىمىز. سىزنىڭ ھوكۇمىتىڭىز ۋە ئارمىيىڭىز بولسا ئەزەلدىن تارتىپ قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇش، غەلىبىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش، ئەمەلىي كۈچنى ساقلاپ قېلىش، ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاش فاكچىنىنى قوللىنىپ، بىزنىڭ ئازات رايونلىرىمىزنى ۋە بۇ رايونلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېتىراپ

قلمغان ۋە ئۇلارغا ماددى ياردەم بەرمگەننڭ ئۈستگە، 940 مڭ
كشلك چوڭ قوشۇن بلەن ئۇلارنى قورشۋالدى ۋە ئۇلارغا هۇجۇم
قلپ كەلدى. دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلار بلەن سزنڭ ئارميڭز-
نڭ ئككى تەرەپتن ئارىغا ئېلپ زەربە بېرشى ئارقسدا جۇڭگو
ئازات رايونلرىدىكى بارلق ئارميە ۋە خەلقنڭ تارتمغان ئازاپ-
ئوقۇبتى قالمغان بولسمۇ، لېكن ئۇلارنڭ ياپون باسقۇنچلرىغا
قارشى ئۇرۇش قلشتا، ئتتپاقلقتا ۋە دېموكراتيدە چڭ تۇرۇش
ئىرادسى قلچمۇ ئاجزلاشمدى. جۇڭگو ئازات رايونلرى خەلقى
ۋە جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ئچكى جدەل- ماجرالارنى توختتش،
پۈتۈن جۇڭگو خەلقنڭ ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى كۈچلرىنى
سەپەرۋەر قلش ۋە برلككە كەلتۈرۈش، ياپون باسقۇنچلرىغا
قارشى ئۇرۇشقا رەهبەرلك قلپ، غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش هەم
ئۇرۇشتن كېيىنكى تېچلقنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سزگە ۋە
سزنڭ هوكۈمتڭزگە پارتيە- گۇرۇهلار يغننى چاقرىپ، دېموك-
راتك ۋە مەملكەت بويچە برلككە كەلگەن برلەشمە هوكۈمەت
قۇرۇش توغرسدا نۇرغۇن قېتم تەكلپ بەردى، لېكن بۇ تەكلپ-
لەرنڭ هەممسى سز تەرەپتن ۋە سزنڭ هوكۈمتڭز تەرىپدىن
رەت قلنپ كەلدى. مۇشۇلارنڭ هەممسگە بز ئنتاين نارازى.

دۈشمەن دولەت هازر تەسلمنامگە ئمزا قويۇش ئالددا تۇرد-
دۇ، لېكن بزنڭ پكرىمزگە سز هېلمۇ ئېتىۋارسز قاراۋاتسز،
سزنڭ هوكۈمتڭزمۇ شۇنداق قلۋاتدۇ، ئۇنڭ ئۈستگە ماڭا
8- ئاينڭ 11- كۈنى ئنتاين يولسز بۇيرۇق چۈشۈردىڭز، يەنە
قوشۇنلرىڭزغا، دۈشمەننڭ قورال- ياراقلرىنى تاپشۇرۇۋېلشنى
بانا قلپ تۇرۇپ، ئازات رايونلارغا كەڭ كولەمدە قستاپ كېلش

توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى مىسلىسىز ئېغىرلاشتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى سىزگە ۋە سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىزگە توۋەندىكى تەلەپلەرنى قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

1. سىز ۋە سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز ھەم ئۇنىڭ تۆگشۈەيبۇسى ياپونىيىنىڭ ۋە قورچاقلارنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشتا، تەسلىمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى بارچە كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەرنى تۈزۈشتە، سىزنىڭ ئاۋال بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىكىردە بىرلىككە كېلىشىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى سىزدىن ۋە سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىزدىن خەلق نارازى، سىلەر جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ۋە جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىدىكى كەڭ خەلققە ۋە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايسىلەر. ئەگەر كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرى ۋە جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جايلىرى بولۇپ، بۇ توغرىدا ئالدى بىلەن بىزنىڭ رازىلىقىمىز ئېلىنمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز.

2. جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرى ۋە جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق قوراللىق كۈچلىرى پوتسدام گۇۋاھنامىسىغا ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تەسلىمنى قوبۇل قىلىش چارىلىرىگە[3] ئاساسەن، بىز تەرەپتىن قورشاپ تۇرۇلغان ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا، ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ھەمدە ئىتتىپاقداش

دولەتلەرنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى بارلىق بەلگىلىمە-لىرىنى مەسئۇللۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقلىق. مەن 8-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈ-رۈپ، ئۇلارغا تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن ئارمىيىسىگە زەربە بېرىشنى ھەمدە دۈشمەنىنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشنى تاپشۇردۇم. 8-ئاينىڭ 15-كۈنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گاڭسۇن نىڭسىغا ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق بەردىم[4]، لېكىن بۇ بۇيرۇقلار ئازات رايون قوشۇن-لىرى ئۇرۇش قىلىغان دائىرە بىلەنلا چەكلىنىدۇ، باشقا رايونلارغا مۇداخىلە قىلمايدۇ. مەن بۇ بۇيرۇقلىرىمنى ناھايىتى مۇۋاپىق، جۇڭگونىڭ ۋە ئىتتىپاقداش دولەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ناھايىتى ئۇيغۇن، دەپ ھېسابلايمەن.

3. جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ۋە جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىدىكى كەڭ خەلقتە ۋە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەردە ئىتتىپاقداش دولەتلەرنىڭ دۈشمەنىنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشى ۋە دۈشمەن دولەت تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى بىرياقىلىق قىلىشقا ئۆز ۋەكىللىرىنى قاتناش-تۇرۇش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك.

4. جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا ۋە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلەردە ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئومىكىنى سايلاپ، كەلگۈسىدە ياپونىيىنى بىرياقىلىق قىلىشقا دائىر سۇلھى يىغىنىغا ۋە بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك.

5. ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىڭ. بۇنىڭ چارىسى شۇكى، ئازات

رايون قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشاپ تۇرۇلغان دۈشمەن ئارمىيىسى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ تەسلىمنى ئازات رايون قوشۇنلىرى قوبۇل قىلسۇن، سىزنىڭ قوشۇنلىرىڭىز ئۆزلىرى قورشاپ تۇرغان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلسۇن. بۇ — بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى، بولۇپمۇ ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش زورۇر. ئەگەر بۇنداق قىلمىسىڭىز، يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولىسىز. بۇ توغرىدا ھازىر سىزگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەنكى، بۇنى سەل چاغلىماڭ.

6. بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پارتىيە - گۇرۇھلار يىغىنى چاقىرىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇڭ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاڭ، ۋەتەن خائىنلىرىنى جازاغا تارتىڭ، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ، پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە بارلىق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بۈگۈنگە قەدەر سىز تەرەپتىن ۋە سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز تەرىپىدىن قانۇنسىز دەپ قارىلىپ كەلدى)، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىل ئەمىر - پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ، جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلىرىنى ئېتىراپ قىلىڭ، ئازات رايونلارنى قورشاپ تۇرغان قوشۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىڭ، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىڭ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە باشقا دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈڭ.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن سىزنىڭ 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ماڭا بەرگەن بۇيرۇقىڭىزغا جاۋاپ قايتۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دېيەنباۋ

ئەۋەتكەن ئىدىم، تاپشۇرۇپ ئالغانسىز. مەن بۇ يەردە يەنە تەكرار ئۇقتۇرۇپ قويايكى، سىزنىڭ ئۇ بۇيرۇغىڭىز تامامەن خاتا. سىز 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مېنىڭ قوشۇنلىرىمغا «ئۆز ئورنۇڭلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار» دەپ، دۈشمەنگە هۇجۇم قىلماسلىقنى بۇيرۇدىڭىز. لېكىن 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىلا ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنمۇ (8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشى پەقەت ئېغىزدىلا بولۇۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەسلىم بولغىنى يوق، تەسلىم كېلىشىمىگە تېخى ئىمزا قويىمىدى، تەسلىم بولغانلىقى تېخى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگىنى يوق. مېنىڭ بۇ پىكرىم ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پىكرى بىلەن تامامەن بىر. سىز ماڭا بۇيرۇق چۈشۈرگەن كۈننىڭ ئۆزىدىلا (8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) بىرما ئالدىنقى سېپىدىكى ئەنگلىيە ئارمىيىسى دائىرىلىرى: «ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ھېلىمۇ بولۇۋاتىدۇ» دەپ جاكالىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى نىمىتس⑤: «ئۇرۇش ھالىتى مەۋجۇت، بەلكى ھەرقانداق ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرىدىغان ئۇرۇشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش زۆرۈر» دەپ جاكالىدى. يىراق شەرقتىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى: «دۈشمەننى تار ـ مار قىلىش لازىم، رەھىم قىلماسلىق كېرەك» دەپ جاكالىدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قىزىل ئارمىيىنىڭ زۇڭسىنمۇجاڭى ئانتونوۋ شاڭجياڭ يەنە تۆۋەندىكى باياناتنى ئېلان قىلدى: «8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ياپونىيە پادىشاسى ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدا ئېلان قىلغان بايانات پەقەت شەرتسىز تەسلىم بولۇش توغرىسىدىكى ئادەتتىكى خىتاپنامىدىنلا ئىبارەت، دۈشمەننىڭ ھەركەتلەرنى توختىتىش توغرىسىدا قوراللىق قوشۇنلىرىغا تېخى

بۇيرۇق چۈشۈرمدى، بەلكى ياپونىيە ئارمىيىسى هېلمۇ قارشلق كورستىۋاتدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياپونىيىنىڭ ئەمەلدىكى تەسلىمى تېخى كورۇلمدى. بىز، ياپونىيە پادىشاسى ئۆز ئارمىيىسىگە دۈشمەنلىك هەركەتلەرنى توختىتىش ۋە قوراللىرىنى تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن هەمدە بۇ بۇيرۇق ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان چاغدىلا، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ تەسلىم بولغانلىغىنى ئېتىراپ قىلىمىز. يۇقۇرىدىكىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، يىراق شەرقتىكى سوۋېت ئارمىيىسى ياپونىيە ئارمىيىسىگە قىلىۋاتقان هۇجۇم ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.» بۇلاردىن قارىغاندا، هەممە ئىتتىپاقداش دولەتلەرنىڭ باش قوماندانلىرى ئىچىدە بىرلا سىز مۇتلەق خاتا بۇيرۇق چۈشۈردىڭىز. مېنىڭچە، سىزنىڭ بۇ خاتالىغىڭىز سىزنىڭ شەخسىي غەرىزىڭىزدىن كېلىپ چىققاچقا، ئىنتايىن ئېغىر خاراكتېر ئالغان، دېمەك، سىزنىڭ بۇيرۇغىڭىز دۈشمەنگە پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىزنىڭ بۇ بۇيرۇغىڭىزغا تاكى خاتالىغىڭىزنى ئاشكارا ئىقرار قىلغىنىڭىزغىچە ۋە بۇ خاتا بۇيرۇغىڭىزنى ئاشكارا قايتۇرىۋالغىنىڭىزغىچە، جۇڭگو ۋە ئىتتىپاقداش دولەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ، قەتئى ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى تۇرىمەن. مەن ئۆز قوماندانلىغىمدىكى قوشۇنلارغا دۈشمەن ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىك هەركەتلىرىنى ئەمەلىيەتتە توختاتقان، قوراللىرىنى تاپشۇرغان، ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈن زېمىنى تامامەن قايتۇرىۋېلىنغانغا قەدەر، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىلىرىگە ماسلىشىپ، دۈشمەنگە قەتئى هۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇۋېرىمەن. سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، مەن — ۋەتەنپەرۋەر هەربى، بۇنداق قىلماي تۇرالمايمەن.

يۇقۇرىدىكىلەرگە تېزرەك جاۋاپ قايتۇرۇشىڭىزنى سورايمەن.

# ئىزاھلار

① مۇشۇ تومدىكى «جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقتا»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

② 19 ئازات رايون شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا، شەنشى ـ سۈييۈەن، شەنشى ـ چاخار ـ خېبېي، خېبېي ـ رېخې ـ لياۋنىڭ، شەنشى ـ خېبېي ـ خېنەن، خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن، شەندۇڭ، شىمالىي جياڭسۇ، ئوتتۇرا جياڭسۇ، جەنۇبىي جياڭسۇ، خۇەيخېنىڭ شىمالى، خۇەيخېنىڭ جەنۇبى، ئوتتۇرا ئەنخۇي، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، خەينەنداۋ، خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى، خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي ۋە خېنەنلەردىن ئىبارەت.

③ 1945 ـ يىل ـ 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياپونىيە ھوكۇمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە دولەتلىرىگە تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 11 ـ كۈنى 4 دولەت ھوكۇمىتى ئۇنىڭغا قايتۇرغان جاۋاۋىدا: «ياپونىيىنىڭ ھەممە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق قوشۇنلار (مەيلى قانداقلا جايدا بولسۇن)» «جەڭدى ھەركەتلىرىنى توختىتىپ، قوراللىرىنى تاپشۇرۇشى» لازىم، دەپ كورسەتتى.

④ گاڭسۇن نىڭجى ـــ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئارمىيەسىنىڭ شۇ چاغدىكى زۇڭسىلىڭگۇەنى. جۇدې زۇڭسىلىڭنىڭ گاڭسۇن نىڭجىغا بەرگەن بۇيرۇغى تۇۋەندىكىچە: «1) ياپونىيە ھوكۇمىتى پوتسدام ختاپنامىسىنىڭ ماددىلىرىنى رەسمى قوبۇل قىلىپ، تەسلىم بولغانلىقىنى جاكالىدى. 2) سىز ئوز قوماندانلىقىڭىزدىكى بارلىق قوشۇنلىرىڭىزغا ھەممە ھەربى ھەركەتلەرنى توختىتىپ، جۇڭگو ئازات رايونلىرىدىكى 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە خۇانەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى زۇڭدۇيىنىڭ بۇيرۇغىغا ئەمەل قىلىپ، بىز تەرەپكە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق بېرىڭ، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئارمىيىسى قورشىۋالغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. 3) تەسلىم بولۇش ئىشى مۇنداق بولسۇن: خۇابېيدىكى

ياپونىيە قوشۇنلىرى نىڭ رۇگچېن جياڭجۇننىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلسۇن،
بۇ ھەقتە شىا سۇندىڭ جياڭجۇنگە 8 ـ ئارمىيە تۇرغان فۇپىڭ رايونىغا
ۋەكىل ئەۋەت، دەپ بۇيرۇق بېرىڭ؛ خۇادۇڭدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرى
چېن يى جياڭجۇننىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلسۇن، بۇ ھەقتە يېڭى 4 ـ ئار-
مىيىنىڭ جۇنبۇسى تۇرغان تيەنچاڭ رايونىغا ئۇزىڭىز بىۋاستە ۋەكىل
ئەۋەتىڭ؛ خۇبېي، خېنەن ئۇلكىلىرىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرى لى شيەن-
نيەن جياڭجۇننىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلسۇن، بۇ ھەقتە ۋۇخەندىكى
ۋەكىلىڭىزگە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ 5 ـ شىي تۇرغان دابيېشەن رايونىغا
بار، دەپ بۇيرۇق بېرىڭ؛ گۇاڭدۇڭدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرى زېڭ
شېڭ جياڭجۇننىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلسۇن، بۇ ھەقتە گۇاڭجۇدىكى
ۋەكىلىڭىزگە خۇانەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى زۇڭدۇيى تۇرغان
دۇڭگۇەن رايونىغا بار، دەپ بۇيرۇق بېرىڭ. 4) خۇابېي، خۇادۇڭ،
خۇاجۇڭ ۋە خۇانەندىكى بارلىق ياپونىيە قوشۇنلىرى (گومىنداڭ قوشۇن-
لىرى قورشاپ تۇرغان ياپونىيە قوشۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ھەممە
قورال ـ ياراقلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋاقىتىنچە ساقلاپ تۇرسۇن ۋە
ئارمىيىمىزنىڭ تەسلىمنى قوبۇل قىلىشىنى جىم كۈتۈپ تۇرسۇن، 8 ـ
ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە خۇانەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
زۇڭدۇيىدىن باشقىلارنىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلمىسۇن. 5) خۇابېي،
خۇادۇڭدىكى بارلىق ئايروپىلان، پاراخوت ۋە كېمىلەر ئۆز ئورنىدا
توختاپ تۇرسۇن؛ لېكىن خۇاڭخەي، بوخەيگە ئوخشاش جۇڭگو دېڭىزلىرى
بويىدىكى پاراخوت ۋە كېمىلەر ليەنيۈنگاڭ، چىڭداۋ، ۋېيخەيۋېي، تيەن-
جىنلەرگە توپلانسۇن. 6) ھېچقانداق ماددى ئەشيا ۋە ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنە
بۇزۇۋېتىلمىسۇن. 7) يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا
سىز ۋە سىزنىڭ قوماندانلىغىڭىزدا بولغان خۇابېي، خۇادۇڭ، خۇاجۇڭ،
خۇانەندىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ جىزخۇيگۇەنلىرى مۇتلەق جاۋاپكار.»

⑤ نىمتىس ـ ئامېرىكىنىڭ تېج ئوكيان جيەندۇيىنىڭ ۋە تېج
ئوكيان ئورۇش رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى زۇڭسىلىڭى.

# جياڭ جيېشى باياناتچسىنىڭ سوھبىتگە باھا*

(1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

جياڭ جيېشنىڭ باياناتچسى 15 ـ كۇنى چۇشتن كېين چۇڭچىڭدا ئۇتكۇزۇلگەن مۇخبرلارنى كۇتۇۋېلش يغىندا، گوڭچەنداڭ جياڭ جيېشى ۋېيپۇەنجاڭنىڭ جۇ دې زۇڭسلىڭغا چۇشۇرگەن بۇيرۇغغا خلاپلق قلدى، دېگەن نەمە ئۇستدە توختالغاندا: «ۋېيپۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇغغا بويسۇنۇش شەرت»، «خلاپلق قلغۇچلار خەلقنىڭ ئومۇمي دۇشمنى بولىدۇ» دېدى. شنخۇاشې مۇخبرى: بۇ، جياڭ جيېشنىڭ ئوچۇقتن ـ ئوچۇق بەرگەن ئومۇميۇزلۇك ئچكى ئۇرۇش سگنالى، دېدى. 11 ـ كۇنى جياڭ جيېشى مللەتكە ئاسيلق قلدىغان بۇيرۇق چقرىپ، ياپون قاراقچلرنى ئۇزۇل ـ كېسل يوقتش پەيتدە 8 ـ ئارميە، يېڭى 4 ـ ئارميە ۋە بارلق خەلق قوشۇنلرنىڭ ياپونيە ئارمىيسگە ۋە قورچاق قوشۇنلارغا قارشى

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ شنخۇاشې ئۇچۇن يېزىپ بەرگەن پكلۇن.

ئۇرۇش قىلىشنى مەنى قىلدى. بۇ بۇيرۇقنى، ئەلۋەتتە، ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ ۋە ھەرگىز قوبۇل قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى ئۆز باياناتىدا ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ قوشۇنلىرىنى «خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى» دەپ جاكالىدى. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە ئىچكى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش سۈيقەستى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ 11-كۈندىكى بۇيرۇقى بىلەن باشلانغان ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى ئىزچىل پىلانى. مۇشۇ 8 يىل داۋامىدا، جياڭ جيېشى 1940-يىلى، 1941-يىلى ۋە 1943-يىلى 3 قېتىم كەڭ كۆلەملىك كوممۇنىستلارغا قارشى دولقۇن قوزغىدى①، ھەر قېتىمقىسىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرماقچى بولدى، پەقەت جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئەرباپلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، بۇ جياڭ جيېشىغا ئەلەم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جياڭ جيېشى مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ۋاقتىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 11-كۈندىكى بۇيرۇق ۋە 15-كۈندىكى سوھبەت كېلىپ چىقتى. جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن، خىلمۇ-خىل سۆزلەرنى، مەسىلەن، «يات پارتىيە»، «خائىن پارتىيە»، «خائىن ئارمىيە»، «ئىسيانچى ئارمىيە»، «خائىنلار رايونى»، «باسمىچىلار رايونى»، «ھەربىي بۇيرۇق ۋە مەمۇرىي بۇيرۇققا بويسۇنمىدى»، «فېئوداللىق گېجۇي قىلىۋالدى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى»، «دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دېگەن بىرنىمىلەرنى

شۇنىڭدەك جۇڭگودا ئىلگىرى «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش»لا بولغان،
«ئىچكى ئۇرۇش» بولمىغان، شۇڭا «ئىچكى ئۇرۇش» بولۇشمۇ مۇمكىن
ئەمەس، دېگەنگە ئوخشاش بىرنىمىلەرنى كەشپ قىلغان ئىدى. بۇ
قېتىم ئالاھىدىرەك بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭغا «خەلقنىڭ ئومۇمىي
دۈشمىنى» دېگەن يېڭى بىر سۆزنى قوشتى. لېكىن كىشىلەر بۇنىڭ
ئاخمىقانە كەشپىيات ئىكەنلىگىنى سېزىۋالالايدۇ. چۈنكى جۇڭگودا
«خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى» دېيىلسىلا، ئۇنىڭ كىمگە قارىتىل-
غانلىغىنى ھەممە بىلىدۇ. جۇڭگودا شۇنداق بىر ئادەم باركى، ئۇ
سۇن جۇڭشەننىڭ سەنمىنجۇيىسىغا ۋە 1927-يىلدىكى ئۇلۇق ئىنقىلاپقا
ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ
قانلىق دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ
تاجاۋۇزىنى باشلاپ كەلدى. ئاندىن ئۇ جېنىنى قويغىلى يەر تاپالماي،
بىر توپ ئادىمىنى باشلاپ، خېيلۇڭجياڭدىن بەدەر قاچقىنىچە گۈيجۇ
ئۆلكىسىگە بېرىپ توختىدى. ئۇ قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇردى،
غەلىبىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. دەرۋەقە، غەلىبىمۇ يېتىپ كەلدى، ئۇ
ئالچاڭلاپ نەنجىڭغا قايتىپ كېلىۋېلىش ئۈچۈن، خەلق قوشۇنلىرىغا
«مۇداپىئەدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈش»نى، دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن
خائىنلىرىغا بولسا «ئامانلىقنى ساقلاش»نى بۇيرۇدى. پەقەت مۇشۇلارلا
تىلغا ئېلىنسا، جۇڭگو خەلقى ئۇنىڭ جياڭ جيېشى ئىكەنلىگىنى بىلىدۇ.
مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جياڭ جيېشى قىلدى، ئەمدى ئۇنىڭ
خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى ئىكەنلىگى ياكى ئەمەسلىگى مەسىلىسىدە
يەنە تالاش-تارتىش بارمۇ، يوقمۇ؟ تالاش-تارتىش بار. خەلق:
ئومۇمىي دۈشمەن، دەيدۇ. خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى: ئەمەس،
دەيدۇ. تالاش-تارتىش ئەنە شۇنىڭدىنلا ئىبارەت. خەلق ئاممىسى

ئارىسىدا بولسا بۇنداق تالاش ـ تارتىشلار بارغانسېرى ئازىيىۋاتىدۇ. ھازىر مەسىلە بولۇپ تۇرغىنى شۇكى، مۇشۇ خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ. خەلق قانداق قىلماقچى؟ شىنخۇاشې مۇخبىرى مۇنداق دېدى: جۇڭگو گومىنداڭـ نىڭ جياڭ جېيشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا نىسبەتەن قوللانغان فاڭجېنى ئېنىق ۋە ئىزچىل، ئۇ بولسىمۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگو گومىنداڭى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك، 1936 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلـ غىچە ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆز تەشەببۇسىنى جياڭ جېيشىغا قوبۇل قىلغۇزغان ئىدى، نەتىجىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان 8 يىل داۋامىدا، جۇڭگو گومىنداڭى ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى توسۇش يولىدا خەلقنى ئويغىتىپ بېرىشنى بىردەممۇ بوشاشتۇرغىنى يوق. بولۇپمۇ بۇلتۇردىن بۇيان گومىنداڭ جياڭ جېيشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندا مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان چوڭ سۇيىقەستى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قايتا ـ قايتا قوزغاپ كەلدى. گومىنداڭ، خۇددى جۇڭگو خەلقىگە ئوخـ شاشلا ۋە جۇڭگونىڭ ئىچىلىشىغا كۆڭۈل بولۇۋاتقان پۈتۈن دۇنيا ئەربابلىرىغا ئوخشاشلا، يېڭى ئىچكى ئۇرۇش بالايى ـ ئاپەت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن گومىنداڭ ئىچكى ئۇرۇشنى ھېلىمۇ توسۇش مۇمكىن ھەم زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. گومىنداڭنىڭ بىرلەشمە

ھوكۇمەت قۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىشى ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر جياڭ جيېشى بۇ تەشەببۇسنى رەت قىلدى، نەتىجىدە ئىچكى ئۇرۇش تېگىپ كەتسىلا پارتلاپ كېتىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. شۇنىداقتىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ بۇ سۇئىقەستىنى توسۇشقا پۈتۈنلەي ئامال بار. خەلقنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىنى قەتئىي، تېز ۋە تىرىشىپ ئۇلغايتىش كېرەك، دۈشمەن بېسىۋالغان چوڭ شەھەرلەرنى خەلق ئازات قىلىشى، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى خەلق قورالسىزلاندۇرۇشى كېرەك، ئەگەر زالىم، مىللىي مۇناپىقلار خەلققە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىش، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغۇچىلارنى ئۆز نەيرەڭلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇش كېرەك. ئامال ئەنە شۇ، بەلكى بىردىن-بىر ئامال ئەنە شۇ. شىنخۇاشې مۇخبىرى پۈتۈن جۇڭگونى ۋە پۈتۈن دۇنيانى مۇنداق ئەڭ ساختا ۋە ئەڭ نومۇسسىز سەپسەتىلەرگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ سەپسەتىلەر: جياڭ جيېشى جۇڭگو خەلقىنىڭ دۈشمەن بېسىۋالغان چوڭ شەھەرلەرنى ئازات قىلىشىنى، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى قورالسىزلاندۇرۇشنى ھەم دېموكراتىك سىياسىي ئورنىتىشنى مەنئىي قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى بۇ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا «ۋارىسلىق» قىلسا (ئۇنى بۇزمىسا)، ئاندىن جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. شىنخۇاشې مۇخبىرى مۇنداق دېدى: بۇ سەپسەتە، بۇنداق سەپسەتە جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ۋە دېموكراتىك مەنپەئەتىگە ئۈچۈقتىن-ئۈچۇق خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بارلىق

پاكىستلارغىمۇ توغرىدىن ـ توغرا خىلاپ. شۇنى مەڭگۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، جياڭ جيېشى 1927 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە ئېلىپ بارغان 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش چوڭ شەھەرلەرنىڭ جياڭ جيېشى قولىدا بولماي، كۆكچەنداڭنىڭ قولىدا بولغانلىقىدىن يۈزبەرگەن ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، 1927 ـ يىلدىن تا هازىرغىچە، چوڭ شەھەرلەر كۆكچەنداڭنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى جياڭ جيېشىنىڭ قولىدا ياكى جياڭ جيېشىنىڭ ئوتتۇنۇپ بېرىشى بىلەن ياپونىيىنىڭ ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى، دەل شۇنىداق بولغانلىقتىن، ئىچكى ئۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە 10 يىل داۋام قىلدى ۋە قىسمەن ھالدا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. شۇنى مەڭگۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ توختىتىلىشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا 3 قېتىملىق گۇكچەندـ ىداڭغا قارشى دولقۇننىڭ ۋە باشقا سانسىز ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكـ لىرىنىڭ (تاكى يېقىندا جياڭ جيېشى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن ۋەقەگە قەدەر[2]) توسۇلۇشى جياڭ جيېشىنىڭ كۈچىنىڭ زور بولغانلىقىدىن ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، جياڭ جيېشىنىڭ كۈچىنىڭ نىسبى ھالدا ئانچە زور بولمىغانلىقىدىن، گۇكچەنداڭ ۋە خەلق كۈچىنىڭ نىسبى ھالدا زور بولغانلىقىدىن بولدى. 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش پۈتۈن مەملـ ـكەتنىكى تېچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە ئۇرۇشتىن قورقىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مۇراجىتى (مەسىلەن، ئىلگىرىكى «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش ئىتتىپاقى»غا[3] ئوخشاشلارنىڭ مۇراجىتى) بىلەن توختىتىلـ ـمىدى، بەلكى جۇڭگو كۆكچەنداڭنىڭ قوراللىق تەلىۋى بىلەن، جاڭ شۆبلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار رەھبەرلىگىدىكى دۇڭبېي ئارمىيىسى ۋە

شىبېي ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق تەلۋىي بىلەن توختىتىلدى. 3 قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن ۋە باشقا سانسىز ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكلىرى گۇڭچەنداڭنىڭ چەكسىز يول قويۇشى ۋە بويسۇنۇشى بىلەن چېكىندۇرۇلمىدى، بەلكى گۇڭچەنداڭنىڭ «باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىز ئۇلارغا چېقىلمايمىز؛ باشقىلار بىزگە چېقىلسا، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلىمىز»[4] دىگەن جىددى قوغدىنىش پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرغانلىقى بىلەن چېكىندۇرۇلدى. ئەگەر گۇڭچەنداڭدا كۈچقۇۋۋەت ۋە ئېگىلمەس روھ قىلچىمۇ بولمىغان بولسا، گۇڭچەنداڭ مىللەت ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلمىغان بولسا، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرغىلى بولاتتىمۇ؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى باشلىغىلى بولاتتىمۇ؟ باشلىغاندىمۇ، ئۇنى بۈگۈنكى غەلىبىگە قەدەر قەتئى داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتىمۇ؟ جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار تا مۇشۇ كۈنگىچە تىچ-ئامان ھايات كەچۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتىن شۇنچە يىراق بولغان تاغ باغرىدا تۇرۇپ، ئاللىقانداق بۇيرۇق ۋە سوھبەتلەرنى ئېلان قىلالايتتىمۇ؟ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئىچكى ئۇرۇشقا قەتئى قارشى تۇرىدۇ. «ئىچكى تىنچ ھالەتنى بەرپا قىلىش»، «ۋاقىتلىق ھوكۇمەت قۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى بارلىق دېموكراتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى كەڭ تۈردە قاتناشتۇرۇش ھەم ئەركىن سايلام ئوتكۈزۈش ئارقىلىق خەلق ئىرادىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ھوكۇمەتنى مۇمكىن قەدەر تېز قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقى كاپالەت بېرىش» — مانا بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دولەتلىرى ۋەكىللىرىنىڭ قىرىمدا ئېيتقان سوزى[5]. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دەل مۇشۇ تەشەببۇستا يەنى «بىرلەشمە ھوكۇمەت» قۇرۇش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مۇشۇ

تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، ئىچكى ئۇرۇشنى توسقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ شەرتى: كۈچ بولۇشى كېرەك. پۈتۈن خەلق ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتسا، ئىچكى ئۇرۇشنى توسقىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① جياڭ جيېشى قوزغىغان 3 قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇنىنىڭ ئوتتۇرىسى ھەققىدە مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 - تومىدىكى «گومىنداڭ جۇڭگياڭنىڭ 11 - ئومۇمىيغىنىغا ۋە 3 - نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ 2 - يىغىنىغا باھا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

② بۇ 1945 - يىل 7 - ئايدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ گۇەنجۇڭ فېنچۈيىگە قاراشلىق چۈنخۇا، شۈنيى ۋە ياۋشيەن قاتارلىق جايلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تومدىكى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز»نىڭ ⑥ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش ئىتتىپاقى» 1932 - يىل 8 - ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن بىر قىسىم بۇرژۇئازىيلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، تاشقى تاجاۋۇزغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىدىغان خىتابنامە ئېلان قىلغان ئىدى.

④ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 - تومىدىكى «جۇڭگيا گېزىتىنىڭ ۋە «ساۋداگباۋ»، «شىنمىنباۋ» گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن سۆھبەت» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑤ بۇ سوزلەر 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرىنىڭ قىرىم (يالتا) يىغىنى ئاخباراتىدىن ئېلىنغان.

# جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ گومنداڭ بلەن تېچلق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش توغرسدكى ئۇقتۇرۇشى*

**(1945 ـ يل 8 ـ ئاينڭ 26 ـ كۈنى)**

ياپون قاراقچلرىنڭ تېز تەسلم بولۇشى پۈتۈن ۋەزيەتنى ئۆزگەرتۋەتتى. جياڭ جېيشى تەسلمنى قوبۇل قلش هوقۇقنى لۈڭ-دۈەن قلۋالدى، چوڭ شەهەرلەر، موهم قاتناش يوللرى ۋاقتنچە (بر مەزگل) بزگە تەۋە بولمايدۇ. لېكن خۇابېي تەرەپتە چڭ

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ جياڭ جېيشى بلەن تېچلق تەنپەنى ئۆتكۈ-زۈش ئۈچۈن چۇڭچڭغا بېرشتن 2 كۈن بۇرۇن تەييارلغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ پارتيە ئچگە قاراتقان ئۇقتۇرۇشى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە كەڭ جۇڭگو خەلقى جياڭ جېيشنڭ ئچكى ئۇرۇش سۈيقەستگە قەتئى قارشى تۇرغانلقى ئۈچۈن شۇنڭدەك يەنە ئامېركا جاهانگر-لكى شۇ چاغدا دۇنيا دېموكراتك جامائەت پكرنڭ جياڭ جېيشنڭ ئچكى ئۇرۇش سياستگە ۋە هاكم مۇتلەقلق سياستگە بولغان بردەك قارشلقدن تەشۋىش قلغانلقى ئۈچۈن، جياڭ جېيشى

تۇرۇپ تالىشىمىز، تالىشىپ ئېلىشقا بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى
پۈتۈن كۈچ بىلەن تالىشىپ ئېلىشىمىز كېرەك. 2 ھەپتىدىن بۇيان
ئارمىيىمىز چوڭ-كىچىك 59 شەھەرنى ۋە كەڭ يېزىلارنى قايتۇرۇ-
ۋېلىپ، شەھەرنى، ئىلگىرىكىلىرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 175كە
يەتكۈزۈپ، ئۇلۇق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ئارمىيىمىزنىڭ خۇابېي
تەرەپتە ۋېيخەيۋېي، يەنتەي، لۇڭكۇ، يىدۇ، زىچۇەن، ياڭليۇچىڭ،
بىكىچى، بوئەي، جاڭجياكۇ، جىنىڭ، فېڭجېنغا ئوخشاش جايلارنى
قايتۇرۇۋېلىپ، خۇابېينى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكى شۇنىڭدەك سوۋېت
ئارمىيىسى ۋە موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ چاڭچېڭ سېپىلىغا يېتىپ
كەلگەنلىكىنىڭ ھەيۋەتلىك تەسىرى پارتىيىمىزگە پايدىلىق ئورۇن
يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يەنە داۋاملىق
ھۇجۇم قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بېيپىڭ-سۈيۈەن تۆمۈريو-
لىنى، داتۇڭ-پۇجۇ تۆمۈريولىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ۋە جېڭدىڭ-

---

1945-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، 20-كۈنى ۋە 23-كۈنى 3 قېتىم
دېيەنباۋ ئەۋەتىپ، يولداش ماۋزېدۇڭنى چۇڭچىڭغا كېلىپ تىنچلىق
تەنپەنى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدا
جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلىمۇ 8-ئاينىڭ 27-كۈنى
مۇشۇ ئىش توغرىسىدا يەنئەنگە كەلدى. جۇڭگو كوڭچەنداڭى
بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
شۇنىڭدەك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئامېرىكا جاھانگىر-
لىكى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ
خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن، ماۋزېدۇڭ،
جۇئېنلەي، ۋاڭ روفېي يولداشلارنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ، گومىنداڭ
بىلەن تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ

تەيۋەن، دېجۇ - شىجياجۇاڭ، بەيگۈي - جىنچېڭ، داۋكۇ - چىڭخۇا
تومۇريوللىرىنى تارتىۋېلىشىمىز، بېيپىڭ - لياۋنىڭ، بېيپىڭ - خەنكۇ،
تيەنجىن - پۇكۇ، چىڭداۋ - جىنەن، لۇڭ - خەي، شاڭخەي - نەنجىڭ
تومۇريوللىرىنى كېسىپ تاشلىشىمىز، ئۆز ئىلكىمىزگە ئېلىشقا بولىدىغان-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىلكىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك، ۋاقتىنچە
بولىسمۇ مەيلى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زورۇر بولغان كۈچلەر
بىلەن يېزىلارنى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە شەھەرلىرى، كىچىك بازار-
جېنلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كەڭ تۇردە ئىگەللەش كېرەك.
مەسىلەن، يېڭى 4 - ئارمىيە نەنجىڭ، تەيخۇ كولى، تيەنمۇشەن تېغى
ئارىلىقىدىكى ۋە چاڭجياڭ بىلەن خۇەيخې ئارىلىقىدىكى نۇرغۇن ناھىيە
شەھەرلىرىنى ئالدى، شەندۇڭدىكى قوشۇنىمىز پۈتكۈل جياۋدۇڭ
يېرىم ئارىلىنى ئالدى، سەنشى - سۈيبۇەندىكى قوشۇنىمىز بېيپىڭ -
سۈيبۇەن تومۇريولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى

---

تەييارلىغان بۇ ئۇقتۇرۇشتا، ياپونىيە تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان-
دىن كېيىنكى 2 ھەپتە ئىچىدىكى جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى
تەھلىل قىلىنغان، جۇڭگونىڭ جۇڭگىياڭنىڭ تېچلىق تەنپەنى توغرىسىدىكى
فاڭجېنى، تەنپەن جەريانىدا بىز تەرەپتىن بولىدىغان بەزى يول
قويۇشلار ۋە تەنپەن نەتىجىسىدە يۈزبېرىش ئېھتىمالى بولغان 2 خىل
ئەھۋالغا نىسبەتەن قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر چۈشەندۈرۈلگەن،
خۇابېي، خۇادۇڭ ئازات رايونلىرى ۋە خۇاجۇڭ، خۇانەن ئازات
رايونلىرىدىكى كۈرەشلەر توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىرىنسىپلىق
يوليورۇق بېرىلگەن، پۈتۈن پارتىيىگە، تەنپەن بولۇۋاتىدۇ، دەپ
جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن ھوشيارلىقنى ۋە كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ
قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ

ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى. يەنە بىر مەزگىللىك ھۇجۇمدىن كېيىن پارتىيىمىز چاڭجياڭنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ ۋە خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ، شەندۇڭ، خېبېي، سەنشى، سۇيىيۈەنلەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى، رېخې، چاخار ئولكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە لياۋنىڭ ئولكىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئوز ئىلكىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە دولەتلىرى جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش بولۇشنى ياقلىمايدۇ[1]، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيىمىز تېچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت 3 چوڭ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى[2] ھەمدە ئىتتىپاقلىشىش ـ دولەت قۇرۇشنىڭ زور تەدبىرلىرى ئۈستىدە جياڭ جيېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ روفېي يولداشلارنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتمەكچى بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىچكى

---

ۋە باشقا يولداشلار 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ بىلەن 43 كۈن تەنىپەن ئوتكۈزدى. بۇ قېتىمقى تەنپەن نەتىجىسىدە، گەرچە بىرلا «گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ سوھبەت خاتىرىسى» (يەنى «10 ـ ئوكتەبىر كېلىشىمى») ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن سياسى جەھەتتە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭغا ئىنتايىن زور جۇدۇڭلۇققا ئىگە بولدى. گومىنداڭ بولسا بىيدۇڭلۇققا چۈشۈپ قالدى، شۇڭا تەنپەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەنگە قايتىپ كەلدى. جۇ ئېنلەي، ۋاڭ روفېي يولداشلار چۇڭچىڭدا قېلىپ، تەنپەننى داۋاملاشتۇردى. بۇ قېتىمقى تەنپەننىڭ نەتىجىسى ھەققىدە مۇشۇ تومدىكى «چۇڭچىڭ تەنپەنى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

ئۇرۇش سۇئىقەستى مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن. گومىنداڭ شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق جايلارغا ئىگە بولغان، دېڭىز-ئوكيان يوللىرىنى ئېچىۋالغان، دۈشمەنىنىڭ قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋە قورچاق قوشۇنلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۈچەيتىۋالدى، لېكىن ھېلىمۇ ئۇنىڭ يارىسى ھەددى-ھېساپسىز، ئىچكى زىددىيەتلىرى ناھايىتى كوپ، قىيىنچىلىقلىرى ناھايىتى زور. گومىنداڭ ئىچكى-تاشقى جەھەت-تىكى بېسىم ئاستىدا، تەنپەنىدىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ ئورنىنى شەرتلىك ھالدا ئېتىراپ قىلىشى، پارتىيىمىزمۇ گومىنداڭنىڭ ئورنىنى شەرتلىك ھالدا ئېتىراپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى پارتىيە ھەم-كارلىقىنىڭ (دېموكراتىيە ئىتتىپاقى③ ۋە باشقىلار قوشۇلۇپ) ۋە تىنچ تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچى ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن. ناۋادا بۇن-داق ۋەزىيەت ۋۇجۇتقا كەلسە، پارتىيىمىز قانۇنىي كۈرەشنىڭ ھەممە ئۇسۇللىرىنى تىرىشىپ ئۈگىنىۋېلىپ، گومىنداڭ رايونلىرىدا شەھەر، يېزا ۋە ئارمىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت 3 چوڭ خىزمەتنى (بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىمىز) كۈچەيتىشى كېرەك. تەنپەن داۋامىدا، گومىنداڭ بىز تەرەپتىن ئازات رايونلارنىڭ يەرلىرىنى زور دەرىجىدە تارايتىشنى ۋە جىيفاڭجۈننىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتىشنى تەلەپ قىلىشى ھەمدە قەغەز پۇل تارقىتىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى جەزمەن، بىز تەرەپمۇ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان زورۇر يول قويۇشلاردا بولماقچى. بۇنداق يول قويۇش بولمىغاندا، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش سۇئىقەستىنى تار-مار قىلغىلى بولمايدۇ، سىياسى جەھەتتىكى جۇدۇغلۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، خەلقارا جامائەت پىكرىنىڭ

ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئارىلىقتىكىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، پارتىيىمىزنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ۋە تېچ ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن يول قويۇشنىڭ چېكى بولىدۇ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

پارتىيىمىز يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، ئەگەر گومىنداڭ يەنە ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدىغان بولسا، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا داۋلىدا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، پارتىيىمىز ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلىشتا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيىمىزنىڭ كۈچى زور، كەمكى چېقىلىدىكەن، ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك بولسىلا، پارتىيىمىز چوقۇم قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى قەتئى، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىدۇ (ئاسانلىقچە ئۇرۇش قىلماسلىق لازىم، ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، چوقۇم غەلىبە قازىنىش كېرەك)، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. لېكىن قانچىلا بولسۇن، ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىش، كۈرەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىتتىپاقلىشىش مەقسىدىگە يېتىش؛ يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش؛ زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش، كۆپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازچىلىققا قارشى تۇرۇش، بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىشقا ئوخشاش پرىنسىپلاردا[4] چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ كۈچ جەھەتتىن گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، خۇبېي، خېنەن ئۆلكىلىرىدە تۇتقان ئورنى خۇابېيدا ۋە چاڭجياڭ بىلەن خۇەيخې ئارىلىقىدىكى جايلاردا تۇتقان ئورنىغا قارىغاندا قىيىنراق، جۇڭگياڭ

بۇ جايلاردىكى يولداشلارغا ئىنتايىن كويۇنىدۇ. لېكىن گومینداڭنىڭ يوچۇقلىرى ناھايىتى كوپ، يەر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يولداشلار پەقەت ھەربى سىياسەتتە (ھەركەتتە ھەم ئۇرۇشتا) ۋە خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمىسە، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولسا، مەغرۇرلانمىسا ۋە ئالدىراقسانلىق قىلمىسا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە پۈتۈنلەي ئامال تاپالايدۇ. جۇڭگىياڭ زورۇر يوليورۇقلارنى بېرىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا، بۇ جايلاردىكى يولداشلار مۇستەقىل ھالدا شارائىتنى تەھلىل قىلىپ، مەسىلەرنى ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى بوسۇپ ئۆتۈپ، ياشاش ۋە راۋاجلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. گومینداڭ سىلەرگە ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندا، ئىككى پارتىيە تەنپەنىدە سىلەرنىڭ كۆچۈشلارنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق تەدبىرلەرنىڭ كورۇلۇشگە يول قويۇشى مۇمكىن. لېكىن سىلەر ھەرگىز تەنپەنگە تايىنىۋالماڭلار، گومینداڭدىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتمەڭلار، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئوز قولۇڭلاردىكى كۈچكە، ھەركەتتە بولغان يېتەكچىلىكنىڭ توغرىلىقىغا، پارتىيە ئىچىدىكى قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىققا ۋە خەلق بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتكە تايىنىڭلار. خەلققە قەتئى تايىنىش — بۇ، سىلەرنىڭ نىجات يولۇڭلار.

قىسقىسى، پارتىيىمىز ئالدىدا قىيىنچىلىق ناھايىتى كوپ، بۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدۇ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار روھىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىشى كېرەك. لېكىن پۈتۈن خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن پايدىلىق، پەقەت پۈتۈن پارتىيە بىردەك ئىتتىپاقلىشالايدىغانلا بولسا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى قەدەممۇ-قەدەم يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ.

# ئىزاھلار

① ياپونىيە تەسلىم بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرى جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش بولۇشنى ياقلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن ئاز ۋاقىتتىن كېيىنكى پاكىتلار ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش بولۇشنى ياقلىمايمىز، دېگەن باياناتىنىڭ پەقەت ئۇنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىچكى ئۇرۇش تەييارلىقىغا پائال ياردەم بېرىشنى پەردىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن نىقابىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

② تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت 3 چوڭ شوئار 1945-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇيىنىڭ «ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى خىتابنامە»سىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتابنامىدە: ياپون جاھانگىرلىكى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، «پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان موھىم ۋەزىپە: ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، ئىچكى تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مۇستەقىل، ئەركىن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلگەن.

③ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 1941-يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى نامى جۇڭگو دېموكراتىك سىياسىي گۇرۇھلار ئىتتىپاقى ئىدى، 1944-يىلى جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

④ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2-تومىدىكى «ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپتىكى سىلوۋ مەسىلىسى»، «سىياسىتىمىز توغرىسىدا» دېگەن 2 ئەسەرگە قارالسۇن.

# چۇڭچىڭ تەنپەنى توغرىسىدا*

**(1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)**

ھازىرقى ۋەزىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن. بۇ — يولداشلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. بۇ قېتىم گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزگەن تەنپەنى 43 كۈن داۋام قىلدى. تەنپەنىڭ نەتىجىسى گېزىتتە ئېلان قىلىندى①. ھازىر ئىككى پارتىيەنىڭ ۋەكىللىرى تەنپەنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى تەنپەندە ئۇتۇق بار. گومىنداڭ تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق فاڭجېنىنى ۋە خەلقنىڭ بەزى دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى، ئىككى پارتىيىنىڭ تىنچ ھەمكارلىشىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى ئېتىراپ قىلدى. بۇلار — كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىرى. تېخى كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىغانلىرىمۇ بار. ئازات رايونلار مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى، ئارمىيە مەسىلىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، ھەل قىلىنمىدى. ھاسىل قىلىنغان كېلىشىم — تېخى قەغەز يۈزىدىكىلا نەرسە. قەغەز يۈزىدىكى

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ چۇڭچىڭدىن يەنئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا قىلغان دوكلات.

نەرسىنى ئەملىي نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئۇنى ئەملىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

گومىنداڭ، بىر تەرەپتىن، بىز بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازات رايونلارغا پائال ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. گومىنداڭنىڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى قورشىۋالغان قوشۇنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئازات رايونلارغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇنلىرى 800 مىڭ كىشىگە يەتتى. ھازىر ئازات رايون بار جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، ياكى ئۇرۇشقا تەييار-لىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نىڭ بىرىنچى ماددىسى «تېچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش» ئىدى، قەغەزگە يېزىلغان بۇ سۆز ئەملىيەتكە زىت ئەمەسمۇ؟ ھەئە، زىت. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەغەز يۈزىدىكى نەرسىنى ئەملىيەتكە ئايلاندۇرۇش يەنە بىزنىڭ تىرىشچان-لىقىمىزغا باغلىق، دەيمىز. نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ غەرىزى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان، ئۇ بولسىمۇ خەلق كۈچلىرىنى يوقىتىش، بىزنى يوقىتىش. ئەڭ ياخشىسى ـــ چاپسان يوقىتىش؛ چاپ-سان يوقىتالمىغان تەقدىردىمۇ، ۋەزىيەتنى بىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئەپسىز قىلىپ قويۇش، ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەپلىكرەك قىلىۋېلىش. تېچلىق توغرىسىدىكى ماددا كېلىشىمگە يېزىلغان، لېكىن ئەملىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇلغىنى يوق. ھازىر بەزى جايلاردا، مەسىلەن، سەنشىنىڭ شاڭداڭ رايونىدا خېلى زور ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. تەيخاڭشەن، تەيۈې-شەن، جۇڭتياۋشەن تاغلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر داش بار، ئۇ ـــ شاڭداڭ رايونى. بۇ داشتا بېلىق بار، گۆش بار، يەن شىشەن ئۇلارغا چاڭ

سېلىشقا 13 شى ئەۋەتتى. بىزنىڭ فاگچېنىمىزمۇ ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان، ئۇ بولسىمۇ دەل مۇقابىل تۇرۇش، بىر سۆڭ يەرنىمۇ تالىشىش. بۇ نۆۋەت بىز «مۇقابىل تۇردۇق»، «تالاشتۇق»، بەلكى ناھايىتى ئوبدان «مۇقابىل تۇردۇق»، ناھايىتى ئوبدان «تالاشتۇق». دېمەك، ئۇلارنىڭ 13 شىنى تامامەن يوقاتتۇق. ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلغان ئەسكىرى جەمى 38 مىڭ ئىدى، بىز 31 مىڭ ئادەم چىقاردۇق. ئۇلارنىڭ 38 مىڭ ئادىمىدىن 35 مىڭى يوقىتىلدى، 2 مىڭى قېچىپ كەتتى، 1 مىڭى پىتىراپ كەتتى②. بۇنداق ئۇرۇشنى يەنە قىلىمىز. ئازات رايونلىرىمىزنىڭ يەرلىرىنى ئۇلار جېنىنىڭ بېرىچە تالىشىدۇ. بۇ گويا چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان مەسىلىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق تالىشىدۇ؟ بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرسا، خەلقنىڭ قولىدا تۇرسا، ناھايىتى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ـــ بىزنىڭ ئۆيىمىز، خەلقنىڭ ئۆيى. ئۇلارمۇ مۇشۇنداق ئويلىسا ئىدى، ئۇ ھالدا، بىرلىك بولاتتى، ھەممەيلەن «يولداش» بولاتتى. بىراق، ئۇلار بۇنداق ئويلىمايدۇ، بىزگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بىزگە قارشى تۇرماسلىقنى ئۇلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ناھايىتى تەبىي. ئازات رايونلىرىمىزنىڭ يەرلىرىنى ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى بىزمۇ ئەقلىمىزگە سىغدۇرالمايمىز. بىزنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىمىزمۇ ناھايىتى تەبىي. ئىككى خىل ئەقىلگە سىغدۇرالماسلىق بىر يەردە بولسا، ئۇرۇش بولىدۇ. ئىككى خىل ئەقىلگە سىغدۇرالماسلىق بار تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن تەنپەن ئۆتكۈزۈلدى ۋە «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى» تۈزۈلدى؟ دۇنيادىكى ئىشلار مۇرەككەپ بولىدۇ، ھەر تەرەپنىڭ ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. مەسىلىگە ھەر تەرەپتىن قاراش كېرەك، پەقەت بىر تەرەپتىنلا قاراشقا بولمايدۇ. جۇڭچىڭدا بەزى كىشىلەر،

جىياڭ جېيشىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئالدامچى، ئۇنىڭ بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈپ، بىرەر نەتىجە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدىكەن. مەن ئۇچراتقان نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا شۇنداق دېدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئەزالىرىمۇ بار. مەن ئۇلارغا، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنىڭ يولى بار، ئاساسى بار، 18 يىللىق تەجرىبىمىزدە③ ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق، دېدىم. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ تەنپەننى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسى چوقۇم بۇزۇلىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىر تەرىپى. ئىشنىڭ باشقا بىر تەرىپىمۇ بار، يەنە نۇرغۇن ئامىللار باركى، بۇلار جىياڭ جېيشىنى نۇرغۇن تەشۋىشكە سالماي قويمايدۇ. بۇ يەردە، ئاساسەن، 3 ئامىل بار: ئازات رايونلارنىڭ قۇدرەتلىك بولغانلىغى، كەڭ ئارقا سەپتىكى خەلقنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى بولغانلىغى ۋە خەلقارا ۋەزىيەت. بىزنىڭ ئازات رايونلىرىمىزدا 100 مىليون خەلق، 1 مىليون كىشىلىك ئارمىيە، 2 مىليون مىنبىڭ بار، بۇ كۈچلەرنى ھەرقانداق ئادەم سەل چاغلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسى ھاياتتا تۇتقان ئورنى ئەمدى 1927 - يىلدىكىدەك ئەمەس، 1937 - يىلدىكىدەكمۇ ئەمەس. گومىنداڭ گۇڭچەنداڭنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۇنىماي كەلگەن ئىدى، ئەمدىلىكتە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئازات رايونلىرىمىزنىڭ خىزمەتلىرى پۈتۈن جۇڭگوغا، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتتى. كەڭ ئارقا سەپتىكى خەلق تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، دېموكراتىيىگە مۇھتاج. مەن بۇ قېتىم جۇڭچىڭدا كەڭ خەلقنىڭ بىزنى قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىغىنى، گومىنداڭ ھوكۈمىتىدىن نارازى ئىكەنلىگىنى، ئۈمىدىنى

بىز تەرەپكە باغلىغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن يەنە نۇرغۇن چەتئەللىكلەرنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىلىقلارمۇ بار، ئۇلار بىزگە ناھايىتى خەيرىخاھ ئىكەن. كەڭ چەتئەل خەلقلىرى جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىدىن نارازى، جۇڭگونىڭ خەلق كۈچ-لىرىگە خەيرىخاھ. ئۇلارمۇ جياڭ جيېشىنىڭ سىياستىنى ياقلىمايدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە، پۈتۈن دۇنيادا بىزنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار، بىز يالغۇز ئەمەسمىز. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغانلار، تېچلىقنى، دېموكراتىيىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلار ئازات رايونلىرىمىزدىكى خەلقلا ئەمەس، بۇلاردىن باشقا يەنە كەڭ ئارقا سەپتىكى كەڭ خەلق ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى كەڭ خەلقمۇ بار. جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگوەن ئارزۇسى — ھاكىم مۇتلەقلىقتە چىڭ تۇرۇش ۋە گوڭچەنداڭنى يوقىتىش، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كېگوەن جەھەتتە ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلىرى بار. بۇ ھال ئۇنى شيەنشىجۇيىغا ئانچە-مۇنچە ئەمەل قىلدۇرماي قويمىدى. ئۇ شيەنشىجۇيىغا ئەمەل قىلغاندىن كېيىن، بىزمۇ شيەنشىجۇيىغا ئەمەل قىلدۇق. ئۇ شيەنشىجۇيىغا ئەمەل قىلىپ، بىزنى تەكلىپ قىلدى، بىز شيەنشىجۇيىغا ئەمەل قىلىپ، تەنپەنگە باردۇق. بىز چۇڭچىڭغا 8-ئاينىڭ 28-كۈنى يېتىپ باردۇق، 29-كۈنى كەچتىلا مەن گومىنداڭ ۋەكىللىرىگە مۇنداق دېدىم: 18-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنلا تېچلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ زورۇرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. بىز بۇنى تەلەپ قىلدۇق، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىدى. شەن ۋەقەسىدىن كېيىن، «7-ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىدىلا ئەمەلگە ئاشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىللىق ئۇرۇشتا ھەممىمىز بىردەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇق. لېكىن ئىچكى ئۇرۇش

ئۈزۈلمىدى، چوڭ-كىچىك سۈركىلىشلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. ئىچكى ئۇرۇش بولمىدى، دېيىش — ئالدامچىلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. 8 يىلدىن بۇيان بىز تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىمىزنى قايتا-قايتا بىلدۈرۈپ كەلدۇق. پارتىيىمىزنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدىمۇ مۇنداق بايانات ئېلان قىلغان ئىدۇق: گومىنداڭ دائىرىلىرى پەقەت «ئۆزىنىڭ ھازىرقى خاتا سىياسىتىدىن ۋازكېچىشنى خالاپ، دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە قوشۇلىدىغانلا بولسا، بىز ئۇلار بىلەن بولغان تەنپەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايمىز»④. تەنپەن داۋامىدا بىز، بىرىنچىدىن، جۇڭگوغا تىنچلىق كېرەك، ئىككىنچىدىن، جۇڭگوغا دېموكراتىيە كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇق، جياڭ جيېشى بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ۋەج تاپالماي، قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. «سۆھبەت خاتىرىسى»دە ئېلان قىلىنغان تىنچلىق فاڭجېنى ۋە دېموكراتىيە توغرىسىدىكى كېلىشىملەر، بىر تەرەپتىن، قەغەز يۈزىگە يېزىلغان، تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نەرسىلەر؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن نەرسىلەر. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى — ئازات رايونلار خەلقىنىڭ كۈچى، كەڭ ئارقا سەپ خەلقىنىڭ كۈچى ۋە خەلقارا ۋەزىيەت گومىنداڭنى بۇ نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

«دەلمۇ-دەل مۇقابىل تۇرۇش»تا ۋەزىيەتكە قاراش كېرەك. بەزىدە تەنپەنگە بارماسلىق دەلمۇ-دەل مۇقابىل تۇرغانلىق بولىدۇ؛ بەزىدە تەنپەنگە بېرىشمۇ دەلمۇ-دەل مۇقابىل تۇرغانلىق بولىدۇ. بۇرۇن بارمىغانلىقىمىز توغرا بولغان ئىدى، بۇ قېتىم بارغانلىقىمىزمۇ توغرا بولدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دەلمۇ-دەل مۇقابىل تۇرغانلىق. بۇ قېتىم بىزنىڭ بارغانلىقىمىز ياخشى بولدى، گومىنداڭنىڭ

گۇڭچەنداڭىغا تېچلىق كېرەك ئەمەس، ئىتتىپاقلىق كېرەك ئەمەس، دىگەن پىتنە ـ ئىغۋالىرىنى بىت ـ چىت قىلىپ تاشلىدۇق. ئۇلار ئۇدا 3 قېتىم دىيەنباۋ ئەۋەتىپ، بىزنى تەكلىپ قىلدى، بىز باردۇق، بىراق ئۇلار قىلىچىمۇ تەييارلىق قىلماپتۇ، بارلىق تەكلىپلەرنى بىزنىڭ قويۇشىمىزغا توغرا كەلدى. تەنپەن نەتىجىسىدە گومىنداڭ تېچلىق، ئىتتىپاقلىق فاڭجېننى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. گومىنداڭ يەنە ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدىغان بولسا، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا داۋىلدا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار ـ مار قىلىشتا تېخىمۇ كوپ ئاساسقا ئىگە بولىمىز. «10 ـ ئوكتەبىر كېلىشىمى» تۈزۈل-گەندىن كېيىن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ــ بۇ كېلىشىمدە چىڭ تۇرۇش، گومىنداڭنى بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلدۇرۇش، تېچلىق ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئۇلارنى تەلتوكۇس يوقىتىش كېرەك. ئىش مانا مۇنداق: ئۇلار ھۇجۇم قىلغاندا، بىز ئۇلارنى يوقاتساق، ئۇلار ئارام تاپىدۇ. ئازراق يوقاتساق، ئازراق ئارام تاپىدۇ؛ كوپ يوقاتساق، كوپ ئارام تاپىدۇ؛ تەلتوكۇس يوقات-ساق، تەلتوكۇس ئارام تاپىدۇ. جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرى مۇرەككەپ، بىزنىڭ مېڭىمىزمۇ مۇرەككەپرەك بولۇشى كېرەك. باشقىلار ئۇرۇش-ماقچى بولسا، ئۇرۇشىمىز، ئۇرۇشۇشىمىز تېچلىقنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن. ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنغان ئەكسىيەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەرمىگەندە، تېچلىق ئوزى كەلمەيدۇ.

بەزى يولداشلار، نىمە ئۈچۈن 8 ئازات رايوننى⑤ بېرىۋېتىمىز؟ دەپ سورايدۇ. بۇ 8 پارچە يەرنى بېرىۋېتىش ئىنتايىن ئەپسۇسلە-نارلىق، لېكىن بېرىۋەتكەن ياخشى. نىمە ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق؟

چۇنكى بۇلار — خەلق قان - تەر بىلەن ياراتقان، جاپا - مۇشەق-
قەتلەر بىلەن گۈللەندۈرگەن ئازات رايونلار. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بىرلەشتىلگەن جايلاردا يەرلىك خەلققە ئېنىق چۈشەنچە بېرىش ۋە
ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. نىمە ئۈچۈن بىرلەشتىمىز؟
گومىنداڭ خاتىرجەم بولمىغاچقا. ئۇ نەنجىڭغا قايتماقچى، جەنۇپتىكى
بەزى ئازات رايونلار ئۇنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىغا ياكى ئۇنىڭ دالىنىغا
جايلاشقان، بىز ئۇ يەرلەردە تۇرساق، ئۇ زادىلا خاتىرجەم
ئۇخلىيالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداقلا بولسۇن، تالىشىدۇ. بىز
بۇ نۇقتىدا يول قويساق، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش سۇيىقەس-
تىنى تار - مار قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ
ئارىلىقتىكىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە پايدىلىق
بولىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە، شىنجاڭدىن باشقا، تەشۋىقات
ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى گومىنداڭنىڭ قولىدا. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
پىتنە - ئىغۋا زاۋۇتلىرى. بۇ قېتىمقى تەنپەندە ئۇلار: گۇڭچەندانىڭ
يەر - زېمىن دەيدۇ، يول قويۇشقا ئۇنىمايدۇ، دەپ پىتنە - ئىغۋا
تارقاتتى. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز — خەلقنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتىنى
قوغداش. خەلقنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك
پىرىنسىپى ئاستىدا، بەزى يول قويۇشلارغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ
يول قويۇشلار بەدىلىگە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مۇھتاج بولغان تىنچلىق
ۋە دېموكراتىيە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. بىز ئۆتمۈشتە جياڭجيېشى
بىلەن قىلغان ئالاقىلىرىمىزدىمۇ يول قويغان بەلكى ھازىرقىدىنمۇ
چوڭراق يول قويغان ئىدۇق. مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز 1937 - يىلى ئۆزلۈ-
گىمىزدىن ئىشچى - دېھقان ئىنقىلاۋىي ھوكۇمىتى دىگەن نامنى ئېلىپ

تاشلىدۇق، قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنىمۇ مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيە دەپ ئۆزگەرتتۇق، يەنە پومىششىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشكە ئۆزگەرتتۇق. بۇ قېتىم بىز جەنۇپتا بىرقانچە رايوننى بېرىۋېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا گومىنداڭنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرىنى پۈتۈنلەي بىت-چىت قىلدۇق. ئارمىيە مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق بولدى. گومىنداڭ تەشۋىق تارقىتىپ، كۇڭچەنداڭ ملىتقلا تالىشىدۇ، دىدى. بىز، يول قويماقچىمىز، دىدۇق. بىز ئاۋال ئارمىيىمىزنى هازىرقى ساندىن 48 شىغا قىسقارتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. گومىنداڭ ئارمىيىسى 263 شى، بىزنىڭكى ئۇنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ. كېيىن بىز يەنە 43 شىغا قىسقارتىپ، يەتتىدىن بىرىگە تەڭ قىلىشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇق. گومىنداڭ ئۆز ئارمىيىسىنى 120 شىغا قىسقارتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز، نىسبەت بويىچە ئازايتىپ، ئارمىيىمىزنى 24 شىغا هەتتا 20 شىغا قىسقارتىشىمىز مۇمكىن، بۇ يەنە يەتتىدىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، دىدۇق. گومىنداڭ ئارمىيىسىدە جۇنگۇەن كوپ، ئەسكەر ئاز، بىر شى 6 مىڭ كىشىگە يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭكىدەك تۈزسەك، بىزنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىمىزنى 200 شى قىلىپ تۈزگىلى بولىدۇ. لېكىن بىز ئۇنداق قىلمايمىز. بىز ئەنە شۇنداق دىۋىدۇق، ئۇلار گەپ تاپالماي قالدى، ئۇلارنىڭ هەممە پىتنە-ئىغۋالىرى بىت-چىت بولدى. ئەمسە، ملىتقلىرىمىزنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەمدۇق؟ ئۇنداقمۇ قىلمايمىز. ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرسەك، ئۇلاردا كوپ بولۇپ كەتمەمدۇ! خەلقنىڭ قورالىنى، بىر دانە ملىتقنى، بىر تال ئوقىنىمۇ ساقلاپ قېلىش كېرەك، تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

مېنىڭ يولداشلارغا ۋەزىيەت مەسىلىسي توغرىسىدا سوزلىمەكچى

بولغانلىرىم ئەنە شۇلار. ھازىرقى ۋەزىيەت تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك ھادىسىلەر بار. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ تەنپەندە، نىمە ئۈچۈن بەزى مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولىدى، بەزى مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولىمىدى؟ «سوھبەت خاتىرىسى»دە تېچلىق، ئىتتىپاقلىق دېيىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە نىمە ئۈچۈن ئەمىلىيەتتە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنداق زىددىيەتلىك ھادىسىلەرنى بەزى يولداشلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ. مېنىڭ سوزۇم ئەنە شۇ مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىدۇ. جياڭ جيېشى ئەزەلدىنلا گۇڭچەنداڭغا ۋە خەلققە قارشى تۇرۇپ كەلگەن تۇرسا، بىز نىمە ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ بىلەن تەنپەن ئوتكۈزۈشنى خالايمىز؟ بەزى يولداشلار بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ. پارتىيىمىزنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى، گومىنداڭنىڭ سىياسىتىدە ئوزگىرىش بولىدىغانلا بولسا، بىز ئۇلار بىلەن تەنپەن ئوتكۈزۈشنى خالايمىز، دەپ قارار قىلغان، بۇ توغرىمۇ، توغرا ئەمەسمۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي توغرا. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ـــ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاپ، غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشى قەدەممۇ ـ قەدەم بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى ھەممىمىزنىڭ تىرىشچانلىغىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. يېرىم يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىيەت يەنە داۋالغۇپ تۇرىدۇ. بىز ھەسسىلەپ تىرىشىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئەمدى خىزمەتلىرىمىز ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئوتەي. بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىنقى سەپكە بارىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار خىزمەتكە بېرىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلماقتا، بۇنداق ئاكتىپلىق ۋە قىزغىنلىق ناھايىتى قىممەتلىك.

لېكىن خاتا ئويدا بولۇۋاتقان ئايرىم يولداشلارمۇ بار، ئۇلار ئۇ يەر-لەردە ھەل قىلىش زورۇر بولغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىماستىن، ئۇ يەرلەردە ھەممە ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق، يەنئەنگە قارىغاندا ھوزۇر قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق ئويلا-ۋاتقانلار بارمۇ؟ مېنىڭچە، بار. مەن بۇ يولداشلارنى بۇنداق ئويلى-رنى تۈزىتىۋېلىشقا ئۈندەيمەن. بىرىنچى — خىزمەت ئۈچۈن. خىزمەت دىگەن نىمە؟ خىزمەت كۈرەش دىمەكتۇر. ئۇ يەرلەردە قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەر بار، بىزنىڭ بېرىپ ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېرىپ خىزمەت قىلىمىز، كۈرەش قىلىمىز. قىيىنچىلىقى قانچىكى كوپ جايلارغا بېرىشقا شۇنچە ئىنتىلىش لازىم، شۇنداق قىلغانلارلا — ياخشى يولداشلار. ئۇ يەر-لەرنىڭ خىزمىتى ناھايىتى مۇشكۇل. مۇشكۇل خىزمەت خۇددى يۈكتەك ئالدىمىزدا تۇرماقتا، قېنى، بىز ئۇنى كوتىرىشكە جۈرئەت قىلامدۇق، قىلالامدۇق. يۈكنىڭ يېنىگى بولىدۇ، ئېغىرى بولىدۇ. بەزىلەر يېنىگىنى تاللاپ، ئېغىرىدىن قاچىدۇ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ، يېنىگىنى ئۆزى كوتىرىدۇ. بۇ ياخشى پوزىتسىيە ئەمەس. بەزى يولداشلار بۇنداق ئەمەس، ھالاۋەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى تاللاپ كوتىرىدۇ، جاپا تارتىشتا باشقا-لارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ھالاۋەت كورۇشتە باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. بۇنداق يولداشلار — ياخشى يولداشلار. ئەنە شۇنداق كوممۇنىزىمچىلارنىڭ روھىنى ھەممىمىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

نۇرغۇن يەرلىك كادىرلار ھازىر يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. جەنۇپتا تۇغۇلۇپ ئوسكەن نۇرغۇن كادىرلار ئىلگىرى جەنۇپتىن يەنئەنگە كەلگەن ئىدى، ئەمدى

ئۇلارمۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئالدىنقى سەپكە
بارىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى روھىي جەھەتتىن ياخشى تەييار-
لىنىشى، ئۇ يەرگە بېرىپ يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ، مېۋە بېرىشكە
تەييارلىنىشى كېرەك. بىز كوممۇنىستلار — گويا ئۇرۇق، خەلق —
گويا يەر. بىز بىرەر يەرگە بارساق، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىر-
لىشىپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىمىز، چېچەكلىشىمىز لازىم.
بىزنىڭ يولداشلىرىمىز قانداقلا يەرگە بارسۇن، ئامما بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى ياخشى يولغا قويۇشى، ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشى،
ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك.
كەڭ خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، ئىتتىپاقلىشىش قانچىكى
كەڭ بولسا، شۇنچە ياخشى. ئاممىنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خەلق
كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، تاجاۋۇزچىلارنى
مەغلۇپ قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ — پارتىيە
7-قۇرۇلتىيىنىڭ فاڭجېنى[6]، بىز بۇ فاڭجېن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى-
مىز كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى گۇڭچەنداڭ ھەل قىلىدۇ، خەلق
ھەل قىلىدۇ. بىزدە تېچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، دېموكراتىينى
ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قەتئىي ئىرادە بار، چارە بار. بىز پۈتۈن
خەلق بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلىشىدىغانلا بولساق، جۇڭگونىڭ
ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئاسان بولىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئىستىقبالى پار-
لاق. بۇ — ئومۇمىي ئېقىم. 5 دولەت ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرىنىڭ لوندون
يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ چىقتى[7]، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى بولارمۇ؟ بولمايدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاياغلاشقان تۇرسا، قانداقمۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

بولسۇن؟ كاپىتالىستىك دولەتلەر بىلەن سوتسىيالىستىك دولەتلەر نۇرغۇن خەلقارا ئىشلاردا ھېلىمۇ مۇرەسسەگە كېلىدۇ، چۈنكى مۇرەسسەگە كېلىشنىڭ پايدىسى بار⑧. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى ئۇرۇشقا پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى ۋە خەلقى قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. يېقىنقى 30 يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا 20 نەچچە يىل ئۆتتى. 500 مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پەقەت مۇشۇ 30 يىلى ئىچىدىلا دۇنيا ئۇرۇشى بولدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيا چوقۇم تېخىمۇ چاپسان ئىلگىرىلەيدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى، پۈتۈن دۇنيادا نەچچە ئون كۆچەنداڭ بارلىققا كەلدى، بۇ ئۆتمۈشتە بولۇپ باقمىغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۈچەيدى، ياۋروپانىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى ۋە خەلقىنىڭ سىياسىي ئېڭى تېخىمۇ ئۆستى، پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىپەرۋەر كۈچلىرى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتى. بىزنىڭ جۇڭگومۇ كەسكىن ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرماقتا. جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىمۇ جەزمەن ياخشى بولىدۇ، يامان بولۇپ كەتمەيدۇ. دۇنيا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئىستىقبال پارلاق، تارىخنىڭ بۇ ئومۇمىي ئېقىمىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. دۇنيانىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋە پارلاق ئىستىقبالىنى خەلققە ھەمىشە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلققە، يولداشلارغا شۇنىمۇ ئېيتىشىمىز كېرەككى،

يول ئەگرى-توقاي. ئىنقىلاپ يولىدا يەنە نۇرغۇن توسالغۇلار بار، يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. پارتىيىمىزنىڭ 7-قۇرۇلتىيى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپرەك كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىز تۈزۈك. بەزى يولداشلار قىيىنچىلىقلارنى كۆپرەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ. لېكىن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، ئۇ قانچە بولسا، شۇنچىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، «ئېتىراپ قىلماسلىق يولى»نى تۇتۇشقا بولمايدۇ. بىز قىيىنچىلىقلارنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، قىيىنچىلىقلارنى تەھلىل قىلىشىمىز، قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيادا تۈز يول يوق، ئەگرى-توقاي يوللاردا مېڭىشقا تەييار تۇرۇشىمىز، ئاسانغا يۈگۈرمەسلىكىمىز كېرەك. قايسى بىر كۈنى ئەتىگەندە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى كېلىپ تىز پۈكىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئىستىقبال پارلاق، يول ئەگرى-توقاي. ئالدىمىزدا قىيىنچىلىقلار تېخى كۆپ، بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. بىز پۈتۈن خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە تىرىشساق، چوقۇم ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبە قازىنىش مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

## ئىزاھلار

① بۇ يەردە 1945-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى گومىنداڭ ۋە گۇڭچەنداڭ ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «سۆھبەت خاتىرىسى» يەنى «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خاتىرىدە، جياڭ جيېشى كورۇنۇشتە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان «تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش-

نىڭ ئاساسىي فاگجىنى»غا قوشۇلۇشقا، «تېچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاق-
لىق، بىرلىكنى ئاساس قىلىش، ...... ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىش،
ئىچكى ئۇرۇشتىن قەتئى ساقلىنىش، مۇستەقىل، ئەركىن، باي-كۈچلۈك
يېڭى جۇڭگو قۇرۇش»نى ئېتىراپ قىلىشقا، «سىياسىي دېموكراتىيە-
لەشتۈرۈش، ئارمىيىنى دولەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش ۋە پارتىيە-
گۇرۇھلارنى تەڭ ھوقۇقلۇق، قانۇنىي قىلىش — تېچ يول بىلەن دولەت
قۇرۇشقا ئېرىشىشنىڭ زورۇر يولى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر
بولدى؛ شۇنىڭدەك گومىنداڭنىڭ شۇنجېڭغا تېزدىن خاتىمە بېرىش،
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىش، «خەلقنىڭ ھەممە دېموكرا-
تىك ئەللەر خەلقى ئادەتتە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تەن، ئېتىقات،
سوز، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىن-
لىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەت بېرىش، ھازىرقى ئەمىر-
پەرمانلارنى مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىكار قىلىش
ياكى ئۇلارغا تۇزىتىش كىرگۈزۈش»، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇش، «ئەدلىيە ۋە ساقچى ئورگانلىرىدىن باشقا ئورگانلاردا
خەلقنى قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش ۋە جازالاش ھوقۇقى بولۇشنى
قاتتىق مەنئى قىلىش»، «سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش»، «جايلار-
نىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى پائال يولغا قويۇش، تۆۋەندىن
يۇقۇرىغا بولىدىغان ئومۇمىي سايلامنى يۈرگۈزۈش»كە ۋە باشقىلارغا
قوشۇلۇشقىمۇ مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى ھوكۇ-
مىتى خەلق ئارمىيىسىنىڭ ۋە ئازات رايونلار دېموكراتىك ھاكىمىيىتى-
نىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشتىن جاھىللىق بىلەن باش تارتتى
ھەمدە «ھەربىي بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ۋە «مەمۇرى بۇيرۇقنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش» بانىسى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگى-
دىكى خەلق ئارمىيىسىنى ۋە ئازات رايونلارنى تۈپتىن ئەمەلدىن
قالدۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ مەسىلىدە
كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا بولماي قالدى. تۆۋەندىكىلەر — «سوھبەت

خاتىرىسى»دە يېزىلغان ئازات رايونلار ئارمىيىسى ۋە ھاكىمىيىتى
مەسىلىسى ئۈستىدە بولغان تەنپەنىنىڭ ئۆتمۈشى، بۇنىڭدىكى «ھۆكۈمەت
تەرەپ» دېگەن سۆز جياڭ جېيشى گومىنداڭى ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ.
«ئارمىيىسىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدا،
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ: ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارمىيىنى
ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشى، ئۇنى
مۇددەتكە بولۇپ ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىنى بەلگىلەپ چىقىشى ھەمدە
جۇنچۇيلەرنى يېڭىۋاشتىن ئايرىپ چىقىشى، ئەسكەرلىككە چاقىرىش ۋە
ئەسكەرلەرنى تولۇقلاش تۈزۈملىرىنى بەلگىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي
بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان
بويىچە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۆز رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى قوشۇنلارنى ھازىرقى ساندىن قىسقارتىپ، 24 شىغا، ئاز دېگەندە
20 شىغا ئېپكېپلىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدە
بولۇپ، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، جەنۇبىي جياڭسۇ، جەنۇبىي ئەنخۇي،
ئوتتۇرا ئەنخۇي، خۇنەن، خۇبېي، خېنەن (شىمالىي خېنەن بۇنىڭ
سىرتىدا)دىن ئىبارەت 8 رايونغا تارقالغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
قوشۇنلاردا ھەربىي سەپتىن بوشىتىش ئىشىنى تېز ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى
ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا تېگىشلىك قوشۇنلىرىنى يۇقۇرىدا
ئېيتىلغان رايونلاردىن پەيدىن-پەي چېكىندۈرۈپ، لۇڭ-خەي تۆمۈر-
يولىنىڭ شىمالىغا ۋە شىمالىي جياڭسۇ، شىمالىي ئەنخۇي ئازات رايون-
لىرىغا توپلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۆكۈمەت تەرەپ: مەملىكەت بويىچە
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش پىلانى ئەمەلگە قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، بۇ
قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ مەسلىھەتلىشىلگەن مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ھەل
قىلىنسا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى قوشۇنلارنى 20 شىغا قىسقارتىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدىغان-
لىقىنى، ئۇلارنىڭ جايلىشىدىغان ئورۇنلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى تەرەپ قايتىدىن قويسا، مۇزاكىرە بىلەن بەلگىلەشكە بولىدۇ.

فانلىغىنى بىلدۈردى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ: جۇڭگو گوڭچەنداڭە-
نىڭ ۋە ئۇنىڭ يەرلىك قوشۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەربى ۋېيىۋەنخۇيغا
ۋە ئۇنىڭ بۆلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشى، ھوكۇمەت كادىرلار ئىشلىرى
تۈزۈمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئەسلىدىكى قىسملارنىڭ خادىملىرىنى
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى قىسملارنىڭ ھەر دەرىجىلىك
ئەمەلدارلىرى قىلىپ تەيىنلىشى، ئاشقان ئەمەلدارلارنى رايونلار بويىچە
تەربىيىلىشى، ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەمىنات تۈزۈملىرىنى ئورنىتىشى
ھەمدە سىياسى تەلىم-تەربىيە پىلانىنى بەلگىلەپ چىقىشى لازىم، دەپ
ئوتتۇرىغا قويىدى. ھوكۇمەت تەرەپ: ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرگە
قارىتا باشقىچە پىكىردە ئەمەسلىكىنى ھەمدە بۇنىڭ تەپسىلى چارىلىرى
ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو گوڭچەن-
داڭى تەرەپ: ئازات رايونلاردىكى مىنبىڭلارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك
زىۋېيدۈي قىلىپ تۈزۈپ چىقىش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ھوكۇ-
مەت تەرەپ: جايلارنىڭ ئەھۋالىدا زورۇرىيەت ۋە ئىمكانىيەت تۇغۇلغان
چاغدىلا، ئەھۋالغا قاراپ تۈزۈش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ ماددىدا
ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى كونكرېت پىلانلاپ چىقىش ئۈچۈن، ئىككى
تەرەپ 3 كىشىلىك گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ (جۇنلىڭبۇ، جۇنجېڭبۇ ۋە
18-جىتۇەنجۈن بىردىن ئادەم قاتناشتۇرۇپ) ئىش ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل
بولدى.»

«ئازات رايونلارنىڭ يەرلىك ھوكۇمەتلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا،
جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ: ھوكۇمەت ئازات رايونلارنىڭ خەلق
سايلىغان ھەر دەرىجىلىك ھوكۇمەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ
قىلىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ھوكۇمەت تەرەپ: ئازات
رايون دىگەن نام، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئوتمۇش بولۇپ
قېلىشى، مەملىكەت بويىچە مەمۇرى بۇيرۇق بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى
كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ دەسلەپ ئوتتۇرىغا
قويغان فاڭئەن: ھازىرقى 18 ئازات رايوننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن،

ئۆلكە ۋە مەمۇرى رايونلارنى قايتىدىن ئايرىپ چىقىش ھەمدە ئەسلىدە خەلق تەرىپىدىن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھوكۇمەتلەرگە سايلانغانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى جۇڭگيانىڭ تەيىنلىشىگە مەلۇم قىلىش بىلەن مەمۇرى بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ھوكۇمەت تەرەپ: جيالى جۇشىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە بىلدۈرگەن ئىپادىسىگە بىنائەن، مەملىكەت بويىچە ھەربى بۇيرۇق ۋە مەمۇرى بۇيرۇقلار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ مەمۇرى خىزمەتكە كورسەتكەن نامزاتلىرىنى جۇڭگيانىڭ ئويلاپ كورۇشى مۇمكىنلىكىنى، قايتۇرۇۋېلىنغان رايونلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مەمۇرى خىزمەتلىرىدە بولغان خادىملارنى ھوكۇمەت ئۇلارنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى ۋە كورسەتكەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ، داۋاملىق يوسۇندا شۇ جايلاردا خىزمەت قىلدۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى، پارتىيە-گۇرۇھ مۇناسىۋىتى سەۋىۋى بىلەن پەرقلىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى تەرەپ ئىككىنچى خىل ھەل قىلىش فاڭئەنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگيانىڭ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا ۋە رېخې، چاخار، خېبېي، شەندۇڭ، سەنشىدىن ئىبارەت 5 ئۆلكىگە جۇڭگو كۇڭچەنداڭى كورسەتكەن خادىملارنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ جۇشىسى ۋە ۋېيىۋەنى قىلىپ تەيىنلىشىنى؛ سۇيىۋەن، خېنەن، جياڭسۇ، ئەنخۇي، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ-دىن ئىبارەت 6 ئۆلكىگە جۇڭگو كۇڭچەنداڭى كورسەتكەن خادىملارنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ فۇجۇشىسى ۋە ۋېيىۋەنى قىلىپ تەيىنلىشىنى (چۈنكى يۇقۇرقى 11 ئۆلكىدە كەڭ ئازات رايونلار ياكى قىسمەن ئازات رايونلار بار)؛ بېيپىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋ، شاڭخەيدىن ئىبارەت 4 ئالاھىدە شەھەرگە جۇڭگو كۇڭچەنداڭى كورسەتكەن خادىملارنى فۇشجاڭ قىلىپ تەيىنلىشىنى؛ دۇڭبېيدىكى ئۆلكىلەردە جۇڭگو كۇڭچەن-داڭى كورسەتكەن خادىملارنىڭ مەمۇرى ئىشلارغا قاتنىشىشىنى ماقۇل كورۇشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىش نۇرغۇن قېتىم مۇزاكىرە قىلىنغاندىن

كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەندانگى تەرەپ يۇقۇرىدىكى تەكلىۋىگە بەزى
تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى، يەنى ئۆلكىلىك هوكۇمەتنىڭ جۇشى ۋە
ۋېيىۋەنلىرىنى تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغان ئۆلكىلەرنى شەنشى-گەنسۇ-
نىڭشيا چېگرا رايونىغا ۋە رېخې، چاخار، خېبېي، شەندۇڭدىن ئىبارەت
4 ئۆلكىگە ئۆزگەرتتى؛ ئۆلكىلىك هوكۇمەتنىڭ فۇجۇشىسى ۋە ۋېيىۋەن-
لىرىنى تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغان ئۆلكىلەرنى سەنشى، سۇيىيۇەندىن
ئىبارەت 2 ئۆلكىگە ئۆزگەرتتى؛ فۇشجاڭ تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغان
شەھەرلەرنى بېيپىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋدىن ئىبارەت 3 ئالاھىدە
شەھەرگە ئۆزگەرتتى. هوكۇمەت تەرەپ بۇ ھەقتە: جۇڭگو گۇڭچەندانگى
ئۆزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت
كۆرسەتكەن ۋە سىياسى جەھەتتە ئىقتىدارلىق بولغان يولداشلىرىنى
هوكۇمەتنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىشىنى تەكلىپ قىلىشى مۇمكىنلىكىنى،
ئەگەر جۇڭگو گۇڭچەندانگى مەلۇم ئۆلكىلەرنىڭ جۇشى ۋە ۋېيىۋەنلىرى-
نى، مەلۇم ئۆلكىلەرنىڭ فۇجۇشىلىرىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇ هالدا
ھەربى بۇيرۇق ۋە مەمۇرى بۇيرۇقلارنى ھەقىقى يوسۇندا بىرلىككە كەل-
تۈرگەنلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو گۇڭ-
چەندانگى تەرەپ ئۆزىنىڭ 2-خىل تەشەببۇسىدىن كېچىشى مۇمكىنلىكىنى
بىلدۈرۈپ، 3-خىل ھەل قىلىش فاڭئەنىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئازات
رايونلاردىكى خەلق سايلىغان ھەر دەرىجىلىك هوكۇمەتلەرگە يېڭىدىن
ئومۇمي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈش، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى
ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ھەر
ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، سايلامغا قاتنىشىشىنى
قارشى ئېلىش؛ رايون، يېزىلىرىنىڭ تەگىدىن تولىسىدا خەلق سايلىمى
ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيىلەردە ناھىيىلىك خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈش؛
ناھىيىلىرىنىڭ تەگىدىن تولىسىدا خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئۆلكە
ياكى مەمۇرى رايونلاردا ئۆلكىلىك ياكى مەمۇرى رايونلۇق خەلق
سايلىمى ئۆتكۈزۈش؛ سايلاپ چىقىلغان ئۆلكىلىك، مەمۇرى رايونلۇق،

ناھيىلىك ھوكۇمەتلەرنى جۇڭگياڭغا مەلۇم قلىپ تەيىنلىتىش بىلەن مەمۇرى بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۇرۇش. ھوكۇمەت تەرەپ: ئۆلكىلىك، مەمۇرى رايونلۇق ھوكۇمەتلەرنى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەيىنلەشنىڭ مەمۇرى بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىك بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ناھيىلىك خەلق سايلىمىنىلا ئويلاپ كورۇشكە بولىدىغانلىقىنى، ئۆلكىلىك خەلق سايلىمىنى شيەنغا ئېلان قىلىنىپ، ئۆلكىنىڭ ئورنى بەلگىلەنگەندىن كېيىن يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى؛ ھازىر پەقەت جۇڭگياڭ تەيىنلىگەن ئۆلكىلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ جايلارغا بېرىپ، مەمۇرى ئىشلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نورمال ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىنلىگىنى بىلدۇردى. بۇ يەرگە كەلگەندە، جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ 4-خىل ھەل قىلىش فاڭئەنىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئازات رايونلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ۋاقتىنچە ئوزگەرتمەستىن ساقلاپ قېلىپ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەتلەرنى خەلق سايلاش شيەنفادا بەلگىلىنىپ، ئەمەلگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەل قىلىش، ھازىرچە ۋاقىتلىق چارە بەلگىلەپ، تېچلىق تەرتىپلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى تەمىن ئېتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ: بۇ مەسىلە سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ھەل قىلىشىغا قويۇلسا بولىدۇ، دەپ قارىدى. ھوكۇمەت تەرەپ بولسا: مەمۇرى بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئالدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرت، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنماي، ئېلىپ قېلىنىۋەرسە، تېچ قۇرۇلۇشقا توسالغۇ بولۇپ قالارمىكىن، بۇنى كونكرېت ھەل قىلىش فاڭئەنى ئۈستىدە يەنە مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كەلەك، دەپ قارىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپمۇ داۋاملىق مەسلىھەتلىشىشكە قوشۇلدى.»

② شاڭداڭ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمىدىكى چاڭجىنى مەركەز قىلغان جايلارنى كورسىتىدۇ، بۇ جايلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا شاڭداڭ ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، 8-ئارمىيە 129-شىنىڭ گېنجۇيدىسى بولۇپ، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونىغا

قارايتتى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا گومىنداڭ جۇنفاسى يەن شىشەن 13 شى ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، ياپونىيە ئارمىيىسى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ لىنفېن، فۇشەن، يىچېڭلار ۋە تەيىيۈەن، بۇيىسلەردىن چىقىپ، شەرقىي ـ جەنۇبىي سەنشى ئازات رايونىنىڭ شياڭيۈەن، تۇنلىۇ، لۇچېڭ دىگەن جايلىرىغا بېسىپ كىردى. 10 ـ ئايدا ئازات رايوندىكى ئارمىيە ۋە خەلق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بېسىپ كىرگەن قوشۇنلاردىن 35 مىڭ كىشىنى يوقاتتى، جۇنجاڭ، شىجاڭ قاتارلىق بىرمۇنچە يۇقۇرى دەرىجىلىك جۇنگۇەنلەرنى ئەسىر ئالدى.

③ «18 يىللىق تەجرىبە» 1927 ـ يىلى گومىنداڭ ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغاندىن باشلاپ 1945 ـ يىلغا قەدەر جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ئۇنىڭغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى كورسىتىدۇ.

④ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ تومىدىكى «بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە»نىڭ 4 ـ قىسمىدىكى «بىزنىڭ كونكىرىت گاڭلىڭىمىز»نىڭ 2 ـ بولۇمىدىن ئېلىنغان.

⑤ بۇ گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، جەنۇبىي جياڭسۇ، جەنۇبىي ئەنخۇي، ئوتتۇرا ئەنخۇي، خۇنەن، خۇبېي، خېنەن (شىمالىي خېنەن بۇنىڭ سىرتىدا)دىن ئىبارەت 8 ئولكە، رايونغا تارقالغان خەلق قوشۇنلىرىنىڭ گېنجۇيدىلىرىنى كورسىتىدۇ.

⑥ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ تومىدىكى «جۇڭگونىڭ ئىككى تەقدىرى»، «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يوتكىشى» دىگەن 2 ئەسەرگە قارالسۇن.

⑦ 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۇنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۇنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنىڭ ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى لوندوندا سوھبەت ئوتكۈزۈپ، فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىتالىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، فىنلاندىيە بىلەن سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالاش ۋە ئىتالىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى بىرياقلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە دولەتلىرى جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچىلىق

سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيەلەردە فاشىزمغا قارشى تۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان ئەقىلگە مۇۋاپىق تەشەببۇسلارنى رەت قىلغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى يىغىندا كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى.

⑧ مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بىرقانچە مولچەر» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ.

# گومنداڭ هۇجۇمنڭ هەقىقى سرى*

**(1945 - يىل 11 - ئاينڭ 5 - كۈنى)**

خېجۇڭشې 3 - كۈنى چۇڭچىڭدىن گومىنداڭ جۇڭياڭى تەشۋىقات بۇسنىڭ بۇجاڭى ۋۇ گوجېننىڭ «ھوكۇمەت بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يۇتۇنلەي مۇداپىئەدە تۇردى» دەپ جاكالىغانلىغىنى شۇنىڭدەك قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش چارىسى① دىگەن نىمىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. شىنخۇاشې مۇخبىرى بۇ توغرىلىق جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ باياناتچىسىدىن سوئال سورىدى.

جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ باياناتچىسى مۇخبىرغا مۇنداق دىدى: ۋۇ گوجېننىڭ «مۇداپىئەدە تۇردى» ۋاھاكازا دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئارمىيىمىز چېكىنىپ چىقىقان شەرقىي جېجياڭ، جەنۇبىي جياڭسۇ، ئوتتۇرا ئەنخۇي، جەنۇبىي ئەنخۇي

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ باياناتچىسى نامىدا ئېلان قىلغان سوھبەت. ئۇ ۋاقىتتا جياڭ جېيشى «10 - ئوكتەبىر كېلىشىمى»نى يىرتىپ تاشلىغان، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلدىغان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كولىمى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيۋاتقان ئىدى.

ۋە خۇنەنلەردىكى 5 ئازات رايوننى بېسىۋالدى، خەلقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا، قالغان ئازات رايونلارنىڭ زور كۆپچىلىگىدە، مەسىلەن، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي، خېنەن، شىمالىي جياڭسۇ، شىمالىي ئەنخۇي، شەندۇڭ، خېبېيلاردا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 70 تىن ئارتۇق شى ئازات رايونلىرىمىزغا ۋە بۇ رايونلارنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلارغا كىرىپ، خەلقنى ئەزدى، ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قىلدى، ياكى ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، ئازات رايونلىرىمىزغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىرى بىرقانچە ئون شىغا يېتىدۇ. بۇ مۇداپىئەدە تۇرغانلىق بولامدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە جاڭدېيدىن شىمالغا يۈرۈش قىلغان بىر يۈنۈلۈش قوشۇندىن خەنەندەن رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ بارغان 8 شىنىڭ 2 سى ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى چىقىپ، تىنچلىقنى قۇۋۋەتلىدى، قالغان 6 سى (بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان 3 شى بار)، ئازات رايونلىرىمىزدىكى ئارمىيە ۋە خەلق قوغدىنىش يولىدا قايتۇرما زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئىلاجسىز قورالىنى تاشلىدى. گومىنداڭنىڭ بۇ يۈنۈلۈش قوشۇنىنىڭ ئۇرغۇن جۇنگۇەنلىرى جۇملىدىن فۇجاڭگۇەن، جۇنجاڭ، فۇجۇنجاڭلىرىدىن بىرقانچىسى ھازىر ئازات رايونلاردا①، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىڭ ۋە بۇيرۇق بويىچە قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ پۈتۈن ھەقىقى ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇمۇ مۇداپىئەدە تۇرغانلىق بولامدۇ؟ خېنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىكى ئازات رايونلىرىمىزنىڭ قوشۇنلىرىنى ھازىر گومىنداڭنىڭ 1، 5، 6 ـ ئۇرۇش رايونلىرىدىكى قوشۇنلىرىدىن 20 نەچچە شى توت تەرەپتىن قورشىۋالدى، ليۇ جى بۇ رايونلاردا «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» زۇڭ-جىخۇيى بولۇپ تۇرۇپتۇ. غەربىي خېنەن، ئوتتۇرا خېنەن، جەنۇبىي

خۇبېي، شەرقىي خۇبېي، ئوتتۇرا خۇبېيلاردىكى ئازات رايونلىرىمىز-نىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بېسىۋېلىپ، خالىغىنىچە ئوت قويدى، قىرغىن-چاپقۇن قىلدى، نەتىجىدە، لى شيەننيەن، ۋاڭ شۇشېڭلار قوماندانلىغىدىكى قوشۇنىمىز، جايلىشىشقا ئورۇن بولمىغان-لىقتىن، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خېنەن-خۇبېي چېگرىسىدىن بىر جاي تېپىپ، ئورۇنلىشىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداقتىمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇلارغا ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەردى[3]. بۇمۇ مۇداپىەدە تۇرغانلىق بولامدۇ؟ سەنشى، سۈيىيۈەن ۋە چاخار ئۆلكى-لىرىدىمۇ شۇنداق بولدى. 10-ئاينىڭ 1-ئون كۈنى ئىچىدە، يەن شىشەن 13 شىغا قوماندانلىق قىلىپ، شاڭداڭ ئازات رايونىمىزنىڭ شياگيۈەن، تۇنلىيۇ دېگەن جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، شۇ جايلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق قوغدىنىش جەڭلىرىدە ئۇلارنى پۈتۈن-لەي قورالسىزلاندۇردى، ئەسىرلەر ئارىسىدا جۇنجاڭ، شىجاڭلاردىنمۇ خېلى بار. ئۇلار ھازىر تەيخاڭ ئازات رايونىمىزدا، ھەممىسى تىرىك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنىڭ ۋە بۇيرۇق بويىچە قانداق ھۇجۇم قىلغانلىغىنىڭ پۈتۈن ھەقىقى ئەھۋالىغا ئىسپات بولالايدۇ. يېقىندا يەن شىشەن چۈگچىگدا خەۋەر تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىقان-داق ھۇجۇملارغا ئۇچرىغانلىغى ۋە ئۆزىنىڭ پەقەت «مۇداپىەدە تۇر-غان»لىغى توغرىسىدا تۈرلۈك يالغان-ياۋداق سۆزلەرنى قىلدى. يەن شىشەن، ئېھتىمال، ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ 19-جۇنىنىڭ جۇنجاڭى شى زېبو، ۋاقىتلىق 46-شىسىنىڭ شىجاڭى گو رۇڭ، ۋاقىتلىق 49-شىسىنىڭ شىجاڭى جاڭ خۇڭ، 66-شىسىنىڭ شىجاڭى لى پېيىڭ، 68-شىسىنىڭ شىجاڭى گو تيەنشىڭ، ۋاقىتلىق 37-شىسىنىڭ شىجاڭى ياڭ ۋېنسەي قاتارلىق جياگجۇنلىرى[4] ھازىر

بىزنىڭ ئازات رايونلىرىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ هال ۋۇ گوجېن، يەن شىشەنلەرنىڭ ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكىنى قىلىۋاتقان ھەممە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەرقانداق يالغان - ياۋداق سوزلىرىگە رەددىيە بولالايدۇ. فۇ زويى جياڭجۇنىڭ بۇيرۇق بويىچە بىزنىڭ سۈيىيۈەن، چاخار، رېخې ئولكىلىرىدىكى ئازات رايونلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، ئۇ جاڭجياكۇنىڭ بوسۇغىسىغىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، سۈيىيۈەندىكى پۇتكۇل ئازات رايونىمىزنى ۋە چاخارنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسۋالغان ئىدى. بۇمۇ مۇداپىئەدە تۇرغانلىق ۋە «بىرىنچى ئوق»نى ئاتمىغانلىق بولامدۇ؟ چاخار، سۈيىيۈەن ئولكىلىرى-دىكى ئارمىيە ۋە خەلقىمىزمۇ ئوزىنى قوغداشقا ئاتلىنىپ، قايتۇرما ھۇجۇم جەڭلىرىدە نۇرغۇن جۇڭگوۋنلەر ۋە ئەسكەرلەرنى ئەسىر ئالدى، بۇ ئەسىرلەر ئوزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگە، قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ۋە باشقىلارغا ئىسپات بولالايدۇ⑤. ھەر قېتىمقى قوغدى-نىش جەڭلىرىدە بىز تەرەپ «باسمىچىلارنى يوقىتىش»قا دائىر ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى نۇرغۇن ھوججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى، بۇ ھوججەتلەرنىڭ ئىچىدە گومىنداڭنىڭ ئالىي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئەمما ۋۇ گوجېن «سەپسەتە»دىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئاتىغان «باسمىچىلارنى يوقىتىش دەستۇرى»، «باسمىچىلارنى يوقىتىش» بۇيرۇغى⑥ ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى باشقا ھوججەتلەرمۇ بار، بۇ ھوججەتلەر ھازىر يەنئەنگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. گۇڭچەنداڭغا قارشى بۇ ھوججەتلەرنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى.

مۇخبىر جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتىچىسىدىن يەنە: ۋۇ گوجېن ئوتتۇرىغا قويغان قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىسى توغرىسىدا

سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ دەپ سورىدى. باياناتچى مۇنداق جاۋاپ بەردى: بۇ، ۋەزىيەتنى ۋاقىتىنچە پەسەيتىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىلىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. گومىنداڭ دائىرىلىرى كوپلەپ ئەسكەر يوتكەپ، بىزنىڭ پۈتكۈل ئازات رايونلىرىمىزنى خۇددى قىياندەك بېسىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار 9، 10 ـ ئايلاردىكى بىرقانچە ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى، تېخىمۇ كەڭ كولەملىك ھۇجۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ھۇجۇمنى توسۇشنىڭ يەنى ئىچكى ئۇرۇشنى ئۇنۇملۇك ھالدا توسۇشنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى ــ ئۇلارنىڭ تومۇريوللاردا ئەسكەر توشۇشىغا يول قويماسلىق. بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قاتناش يوللىرىنىڭ چاپسان ئەسلىگە كەلتۇرۇلۇشىنى قۇۋۋەتلەيمىز، لېكىن تەسلىمنى قوبۇل قىلىش، قورچاق قوشۇنلارنى بىرياقلىق قىلىش ۋە ئازات رايونلار ئاپتونومىيىسىنى ئەمەلگە قويۇشتىن ئىبارەت 3 مەسىلە ھەل قىلىنىشى شەرت، شۇنىڭدىن كېيىنلا قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۇرگىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاندىن 3 مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەكمۇ، ياكى ئالدى بىلەن 3 مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئاندىن قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەكمۇ؟ ئازات رايون قوشۇنلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىل جاپالىق ئۇرۇش قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا تەسلىمنى قوبۇل قىلىش لاياقىتى بولماي، تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا شۇنچە يىراق جايلاردىن باشقا ئارمىيە ئاۋارە قىلىپ يوتكەپ كېلىنىدۇ؟ قورچاق قوشۇنلار خەلق تەرىپىدىن جازالىنىشقا تېگىشلىك تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى «دولەت ئارمىيىسى» قىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا قوماندا

بېرىلىدۇ؟ يەرلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا «10 ـ ئوكتەبىر كېلىشىمى»دە ئېنىق بەلگىلىمە تۇرسا، شېڭجاڭلارنى خەلق سايلاشنى سۈن جۈڭشەن ئەپەندى ئاللىقاچان تەشەببۇس قىلغان تۇرسا، يەنە نىمە ئۈچۈن ئەمەلدارلار ھوكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدۇ؟ قاتناش مەسىلىسىنى تېز ھەل قىلىش كېرەك، يۇقۇرىدىكى 3 چوڭ مەسىلىنى بولسا تېخىمۇ تېز ھەل قىلىش كېرەك. 3 چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن سۆز ئېچىش پەقەت ئىچكى ئۇرۇشنى كېڭەيتىپ ۋە ئۇزاققا سوزۇپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغۇچىلارنىڭ ئازات رايونلارنى غەرق قىلىۋېتىش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىنلا ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيگەن، خەلققە، دېموكراتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى تېزلىكتە توسۇش ئۈچۈن بىز مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىمىز: 1) ھوكۈمەتنىڭ خۋابېي، شىمالىي جياڭسۇ، شىمالىي ئەنخۇي، خۋاجۇڭلاردىكى ئازات رايونلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلارغا كىرگەن تەسلىمنى قوبۇل قىلغۇچى قوشۇنلىرى ۋە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرى دەرھال بۇرۇنقى ئورنىغا چېكىنسۇن، ئازات رايون قوشۇنلىرى دۈشمەننىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلسۇن ۋە شەھەرلەرگە ھەم قاتناش يوللىرىغا ئورۇنلاشسۇن، بېسىۋېلىنغان ئازات رايونلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن؛ 2) بارلىق قورچاق قوشۇنلار دەرھال قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تارقىتىۋېتىلسۇن، ئۇلارنىڭ خۋابېي، شىمالىي جياڭسۇ ۋە شىمالىي ئەنخۇيدىكىلىرى ئازات رايونلارنىڭ مەسئۇللۇغىدا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تارقىتىۋېتىلسۇن؛ 3) بارلىق ئازات رايونلارنىڭ خەلق دېموكراتىك ئاپتونومىيىسى ئېتىراپ قىلىنسۇن، مەركىزىي ھوكۈمەت تەرىپىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىلمىسۇن، «10 ـ ئوكتەبىر كېلىشىمى»نىڭ بەلگىلىمىلىرى ئەمەلگە

ئاشۇرۇلسۇن. بايانات‌چى يەنە مۇنداق دېدى: شۇنداق بولغاندىلا، ئىچكى ئۇرۇشنى توسقىلى بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىغاندا، ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇش پۈتۈنلەي كاپالەتسىز قالىدۇ. سۈيۈەن، شاڭداڭ، خەنەنلەردە بولغان 3 قېتىملىق قوغدىنىش جېڭىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر شۇنىڭدەك گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەۋاتقان ۋە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنىڭ، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىچكى ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، خەلق ئۈچۈن، دېگەن نىمىسگە قىلىچىلىك ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. جۇڭگو خەلقى كۆپ ئالدانغان، ئەمدى ھەرگىز ئالدانمايدۇ. ھازىرقى مەركىزىي مەسىلە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بارلىق چارىلەر بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇشتىن ئىبارەت.

## ئىزاھلار

① ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقان ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ تومۇريوللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئىلكىدە ياكى مۇھاسىرىسىدە ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەن بانا بىلەن مۇشۇ قاتناش يوللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئازات رايونلارنى بولۇپ تاشلاشقا شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ بىرنەچچە مىليون كىشىلىك قوشۇنىنى دۇڭبېي، خۇابېي، خۇادۇڭ ۋە خۇاجۇڭلارغا توشۇپ كېلىپ، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا، چوڭ شەھەرلەرگە چاڭ سېلىشقا ئۇرۇندى.

② 1945-يىل 9-ئايدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى جېڭجۇ، شىنشياڭ تەرەپتىن بېيپىڭ-خەنكۇ تومۇريولىنى بويلاپ، سەنشى-خېبېي-

شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. 10-ئاينىڭ 3-ئون كۈنى ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىن ماڭغان 3 جۇنى سىشيەن، خەندەن رايونلىرىغا بېسىپ كىردى. ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قەھرىمانلارچە ئوزىنى قوغداپ، بىر ھەپتە شىددەتلىك جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ 11-ئۇرۇش رايونىنىڭ فۇسىلىڭجاڭگۇەنى ۋە يېڭى 8-جۇننىڭ جۇنجاڭى گاۋ شۇشۇن جياڭجۇن ئوز قارىمىقىدىكى يېڭى 8-جۇن بىلەن 1 زۇڭدۇي تەركىۋىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، خەندەن رايونىدا قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئوتتى، قالغان 2 جۇن تار-مار بولۇپ چېكىنىۋاتقاندا، ئارمىيىمىزنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، قورال تاشلىدى. شۇ ۋاقىتتا مەجبۇرى قورال تاشلىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك جۇنگۇەنلەر ئىچىدە گومىنداڭ 11-ئۇرۇش رايونىنىڭ فۇسىلىڭجاڭگۇەنى ۋە 40-جۇننىڭ جۇنجاڭى ما فاۋۇ، 40-جۇننىڭ فۇجۇنجاڭى ليۇ شىرۇڭ، جۇننىڭ سەنمۇجاڭى لى شۇيدۇڭ، فۇشجاڭ ليۇ شۇسىن قاتارلىق بىرقانچە كىشى بار ئىدى.

③ ياپونيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ 3 ئۇرۇش رايونىدىكى 20 نەچچە شى ئەسكىرىي كۈچىنى يوتكەپ، خېنەن، خۇبېي ئولكىلىرىدىكى ئازات رايونلارغا كەڭ كولەمدە بېسىپ كىردى. گومىنداڭ 1-ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى خۇ زۇڭنەن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى بىلەن غەربىي شىمال تەرەپتىن لۇڭ-خەي تومۇريولىنىڭ ئىككى ياقىسىنى بويلاپ، شەرققە قاراپ مېڭىپ، غەربىي خېنەن ئازات رايونىغا بېسىپ كىردى؛ 5-ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى ليۇ جىنىڭ قىسىملىرى بېيپىڭ-خەنكۇ تومۇريولىنىڭ ئىككى ياقىسىنى بويلاپ، شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ، ئوتتۇرا خېنەن، ئوتتۇرا خۇبېي، شەرقىي خۇبېي ئازات رايونلىرىغا بېسىپ كىردى؛ 6-ئۇرۇش رايونىنىڭ قىسىملىرى جەنۇبىي خۇبېيدىن شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، ئۇلارغا ماسلاشتى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كوپى ليۇ جىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. خېنەن، خۇبېيدىكى ئازات رايونلارنىڭ

خەلق قوشۇنلىرى گومىنداڭنىڭ بېسىپ كىرگەن قوشۇنلىرىغا قارشى قەتئى كۈرەش قىلىپ، ئەمىلىي كۈچىنى ساقلاپ قالدى، 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ ئون كۈنى ئىچىدە خېنەن، خۇبېي چېگرىسىدىكى داخۇڭشەن، تۇڭبەيشەن، زاۋياڭ رايونلىرىغا يوتكەلدى، كېيىن، گومىنداڭ داۋاملىق قوغلاپ قىستاپ كەلگەنلىكتىن، يەنە بېيپىڭ ـ خەنكۇ تومۇر-يولىنىڭ شەرقىدىكى شۇەنخۇادىيەن رايونىغا يوتكەلدى.

④ شاڭداڭ جەنيىسى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «جۇڭچىڭ تەنپەنى توغرىسىدا»نىڭ ئىزاھىغا قارالسۇن. بۇ يەردە ئەسلىگە ئېلىنغان جۇنگوەنلەر — شاڭداڭ جەنيىسىدە جىيفاڭجۇن تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان يەن شىشەن قوشۇنلىرىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك جياڭگىلىرى.

⑤ سۇيىيۇەن ئەسلىدە بىر ئولكە ئىدى، ئۇنىڭ ئولكە تۇززۇمى 1954 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە جايلار ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلگەن. فۇ زوبى جياڭ-جۇن ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ 12 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى ئىدى. ئۇنىڭ قىسىملىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە سۇيىيۇەنىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋۇيۈەن، لىنخې تەرەپتە تۇراتتى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇيرۇق بويىچە سۇيىيۇەن، رېخې، چاخار ئولكىلىرىدىكى ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا گۈيسۈي، جىنىڭ، فېڭجېن شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. 9 ـ ئاي-نىڭ باشلىرىدا، شىڭخې، شاڭىي، ۋۇچۇەن، تاۋلىن، شىنتاڭ، لياڭچېڭ شەھەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، چاخاردىكى ئازات رايونغا كەڭ تۈردە ھۇجۇم قىلىپ، جاڭجياكۇغا قىستاپ كەلدى. ئارمىيىمىز ئۇزىنى قوغداشقا ئاتلىنىپ، ئۇنى زەربە بىلەن چېكىندۈردى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن جۇنگوەن، ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالدى.

⑥ «باسمىچىلارنى يوقىتىش دەستۇرى» — 1933 ـ يىلى جياڭ جيېشى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، جۇڭگو خەلق قوشۇنلىرىغا ۋە ئىنقىلاۋىي گېن-جۇيدىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇللىرى مەخسۇس بايان قىلىنغان

ئەكسىلئىنقىلاۋىي كىتابچە. 1945 ـ يىلى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى بۇ كىتابچىسىنى قايتا بېسىپ، گومىنداڭ جۇڭگوۋەنلىرىگە تارقاتتى ۋە مۇنداق دەپ مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى: «بۇ قېتىمقى باسمىچىلارنى يوقىتىش ــ خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى روھىڭلار بويىچە، مەن تۈزگەن «باسمىچىلارنى يوقىتىش دەستۇرى»غا بىنائەن، ئۆز قارمىقىڭلاردىكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، تىرىشىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، ۋەزىپەڭلارنى تېز ئورۇنلاڭلار. بۇ ئىشتا دۆلەتكە خىزمەت كۆرسەتكۈچىلەرگە چوقۇم شاڭ بېرىلىدۇ، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزگۈچىلەر چوقۇم قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. قول ئاستىڭلاردىكى باسمىچىلارنى يوقىتىش قىسمىلىرىنىڭ جۇڭگوۋەن، ئەسكەرلىرىنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىپ، بىرلىكتە ئەمەل قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.»

# ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش — ئازات رايونلارنى قوغداشتىكى ئىككى چوڭ ئىش*

**(1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)**

1. گومىنداڭ ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئازات رايونلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش مەۋجۇت. پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى بارلىق كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش، ئازات رايونلارنى قوغداش ۋە تىنچ ۋەزىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئازات رايونلاردىكى دېھقانلارنى ئىجارە كېمەيتىش بىلەن ئومۇمييۈزلۈك مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش، ئىشچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقلەرنى ئىش

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى.

هەققنى لايىغدا ئاشۇرۇش ۋە تەمناتنى ياخشلاش بلەن مەنپەئەتكە ئگە قلش؛ شۇنڭ بلەن بر ۋاقتتا، پومششكلارغمۇ تركچلك قلش ئمكانيتى بېرش، سودا-سانائەت كاپتالستلرغمۇ پايدا ئېلش ئمكانيتى بېرش؛ شۇنڭدەك كېلەر يل كەڭ كولەملك ئشلەپچقرش هەركتنى قانات يايدۇرۇپ، ئاشلق ۋە كۆندلك تۇرمۇش بۇيۇملرى ئشلەپچقرشنى ئاشۇرۇپ، خەلقنڭ تۇرمۇشنى ياخشلاش، ئاچارچلقتا ئۇچرىغان ۋە قىينچلقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، قوشۇنلارنڭ ئېهتياجنى تەمنلەش لازم، بۇلار ئنتاين جددى ۋەزپە بولۇپ قالدى. پەقەت ئجارە كېمەيتش ۋە ئشلەپچقرشتن ئبارەت مۇشۇ ئككى چوڭ ئشنى ياخشى ئشلگەندلا، قىينچلقلارنى يەڭگلى، ئۇرۇشقا ياردەم بەرگلى، غەلبە قازانغلى بولدۇ.

2. هازر ئۇرۇشنڭ كولمى ناهايتى كەڭ، نۇرغۇن رەهبرى يولداشلار ئالدنقى سەپتە قوماندانلق قلش بلەن بولۇپ كېتپ، ئجارە كېمەيتشكە ۋە ئشلەپچقرشقا كوڭۈل بولەلمەيۋاتدۇ. شۇنڭ ئۇچۇن، ئش تەقسماتى بولۇشى كېرەك. ئارقا سەپتە قالغان رەهبرى يولداشلار ئالدنقى سەپكە بۋاستە ياردەم تېگدىغان نۇرغۇن خزمەتلەرنى ئشلەشتن تاشقرى، هەرگز پەيتنى قولدن بەرمەي، ئجارە كېمەيتش ۋە ئشلەپچقرشتن ئبارەت بۇ ئككى چوڭ ئشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. هەممە ئازات رايونلاردا بولۇپمۇ كەڭ يېڭى ئازات رايونلاردا، يېقنقى برنەچچە ئاي ئچدە (قش ۋە ئەتياز پەسللرىدە)، بر قېتم كەڭ كولەملك ئجارە كېمەيتش هەركتنى قوزغاپ، ئجارە كېمەيتشنى ئومۇميۈزلۈك ئېلپ بېرپ، شۇنڭ بلەن زور كوپچلك دېخانلار ئاممسنڭ

ئنقلاۋي قزغنلقنى قوزغۋېتش كېرەك. شۇنڭ بلەن بر
ۋاقتتا، 1946 ـ يىلى بارلق ئازات رايونلارنڭ يېزا ئىگلك ۋە
سانائەت ئىشلەپچقرشنى يېڭى تەرەققياتقا ئېرشتۈرۈش كېرەك.
يېڭى، كەڭ كولەملك ئۇرۇشنى دەپ، ئىجارە كېمەيتشكە ۋە
ئىشلەپچقرشقا سەل قارماسلق كېرەك؛ دەل ئۇنڭ ئەكسچە،
گومنداڭنڭ هۇجۇمنى يېڭش ئۈچۈن، ئىجارە كېمەيتشنى ۋە
ئىشلەپچقرشنى جددي ئېلپ بېرش كېرەك.

3. ئىجارنڭ كېمەيتلشى هوكۇمەتنڭ ئىلتپاتى بولماي،
بەلكى ئاممۋى كۈرەشنڭ نەتجسى بولۇشى لازم. بۇ — ئىجارە
كېمەيتشنڭ مۇۋەپپەقيەتلك ياكى مۇۋەپپەقيەتسز بولۇشنڭ
ئاچقۇچى. ئىجارە كېمەيتش كۈرشدە هەددىدىن ئاشۇرۇۋېتش
هادسلرنڭ يۈز بېرشدىن ساقلنش تەس، پەقەت بۇ كۈرەش،
هەقىقەتەن، كەڭ ئاممنڭ ئاڭلق كۈرشى بولسلا، بۇنداق هەددىدىن
ئاشۇرۇۋېتش هادسلرنى، تۇغۇلغاندىن كېين، تۈزتۋالسا بولدۇ.
شۇ چاغدلا، ئاممگە چۈشەنچە بېرپ، ئۇلارغا پومېشچكلارنى هايات
كەچۈرۈش ئىمكانيتگە ئىگە قلش يولى بلەن گومنداڭغا ياردەم
بەرمەيدىغان قلشنڭ دېخانلارغا ۋە پۈتۈن خەلققە پايدلق ئىكەنـ
لگنى بلدۈرگلى بولدۇ. پارتىيمزنڭ هازرقى فاڭجېنى يەرنى
مۇسادرە قلش ئەمەس، بۇرۇنقدەكلا ئىجارنى كېمەيتشتن
ئىبارەت. ئىجارە كېمەيتش داۋامدا ۋە ئىجارە كېمەيتلگەندىن
كېين، زور كوپچلك دېخانلارنڭ دېخانلار جەمىيتگە ئۇيۇشۇشغا
ياردەم بېرش لازم.

4. زور كوپچلك ئىشلەپچقارغۇچلارنى ئىشلەپچقرشتا هەمـ
كارلشش تەشكلاتلرغا ئۇيۇشتۇرۇش — ئىشلەپچقرش هەركتدە

غەلىبە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. هوكۇمەتنىڭ دېخانلارغا ۋە قول سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىشى بەكمۇ زورۇر تەدبىر. دېخانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈشنى ئازايتىشمۇ ئىنتايىن موھىم. ھازىر، بىر تەرەپتىن، خەلق كۈچىنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دېخانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن تەڭشەش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئۇرۇشقا، خىزمەتكە ۋە ئۆگىنىشكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ھەربى قىسىملار، ئىدارىلەر ۋە مەكتەپلەر ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋاپىق قاتنىشىۋېرىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى ۋە خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

5. بىز بىرقانچە چوڭ شەھەرگە ۋە نۇرغۇن ئوتتۇرا شەھەرگە ئىگە بولدۇق. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، سانائەت، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ موھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، جەمىيەتتىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق تەييار ئىختىساسلىق كىشىلەردىن پايدىلىنىش، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا، ئۇلاردىن تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە قايىل قىلىش ناھايىتى زورۇر.

6. پارتىيە ئەزالىرىغا ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار خەلق بىلەن قەتئى بىللە بولۇشى، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۇشى كېرەك، بۇنىڭدا ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇ-رۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشنىڭ موھىم ئاچقۇچى قىلىش لازىم، شۇنداق

قىلغاندىلا، خەلقىنىڭ ھەقىقى ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمىنى يېڭەلەيمىز. ھەممىدە بۇرۇنقىدەكلا ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنى نەزەردە تۇتۇش، ئادەم كۇچى ۋە ماددى كۇچلەرنى ئاياش، ھەممە ئىشتا ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، جەزمەن غەلىبە قازىنالايمىز.

# ئازات رايونلار خزمتنڭ 1946 - يللق فاڭجينى*

(1945 - يل 12 - ئاينڭ 15 - كۈنى)

ئوتكەن برقانچە ئاي ئچدە، پارتيمز خەلققە رەھبەرلك قلپ، دۈشمەنلەر ۋە قورچاقلارنى يوقتش ھەم گومنداڭنڭ ئازات رايونلارغا قلغان ھۇجۇمنى تار - مار قلش يولدا ئېلپ بارغان شددەتلك كۈرەشلەردە ئۇلۇق غەلبلەرگە ئېرشتى. پۈتۈن پارتيدكى يولداشلار بر نيەتتە كۈچ چقرپ، ھەممە ساھەدكى خزمەتلەردە كوزگە كورۈنەرلك ئۇتۇقلارغا ئېرشتى. 1945 - يل ئاياقلشش ئالددا تۇردۇ، 1946 - يلى ئازات رايونلارنڭ خزمتدە توۋەندكى نۇقتلارغا دققەت قلش لازم:

1. يېڭى ھۇجۇمنى تار - مار قلش. گومنداڭنڭ سۈيۈەن، سەنشى ۋە جەنۇبي خېبېيدن ئبارەت 3 يەردە ئازات رايونلردمزغا قلغان كەڭ كولەملك ھۇجۇمى ئارميمز تەرپدن تار - مار

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ پارتيە ئچگە قاراتقان يوليورۇغى.

قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە تېخىمۇ كۆپ ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، يېڭى ھۇجۇم تەييارلاۋاتىدۇ. مۇبادا گومىنداڭنى ئىچكى ئۇرۇشنى تېزدىن توختىتىشقا مەجبۇر قىلالىغان بىرەر يېڭى ئەھۋال كۆرۈلمىسە، 1946-يىلى ئەتىيازدا بولىدىغان جەڭ جىددىي بولىدۇ. شۇڭا، قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ، بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش — ھېلىمۇ ئازات رايونلارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى.

2. گاۋ شۇشۇنچە ھەركەتنى قانات يايدۇرۇش①. گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز گومىنداڭنىڭ ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ۋە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بارلىق قوشۇنلىرىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشى لازىم. بىر تەرەپتىن، ئارمىيىمىز گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئاشكارا، كەڭ كۆلەملىك سىياسىي تەشۋىقات ۋە سىياسىي ھۇجۇم يۈرگۈزۈشى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە قوزغىلاڭ تەييارلاپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، گاۋ شۇشۇنچە ھەركەتنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپلىگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۇرۇشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە گاۋ شۇشۇندىن ئۈلگە ئېلىپ، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدىغان، تىنچلىقنى قوۋۋەتلەيدىغان قىلىش لازىم. بۇ خىزمەتنى پۇختا ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، جايلار جۇڭگياڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، مەخسۇس ئورۇن قۇرۇپ، كۆپلەپ كادىر ئەۋەتىپ، بۇ خىزمەتكە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن كىرىشىشى لازىم. جايلاردىكى رەھبىرىي ئورگانلار بولسا بۇ خىزمەتكە يېقىندىن

يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

3. ھەربى تەلىم. ئازات رايونلاردا يېڭىدىن قوشۇلغان، ئەسىرلەر، تەشكىل قىلىنىپ بولدى، يەرلىك قوشۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرقى ۋاقىتتا، ئەسكەر كۆپەيتىشنى، ئومۇمەن، توختىتىش كېرەك، جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ھەربى تەلىم ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەيلى يېڭىدىن، يەرلىك قوشۇن ۋە مىنبەگلەردا بولسۇن، ھەممىسىدە شۇنداق قىلىش كېرەك. ھەربى تەلىمنىڭ تۈرى جەھەتتە، يەنىلا قارىغا ئېتىش، نەيزىۋاز-لىق ۋە شۇلىيۇدەن تاشلاش قاتارلىقلار بويىچە تېخنىكا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس، جەڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى قوشۇمچە قىلىش، كېچىلىك ئۇرۇشنى مەشق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەربى تەلىم ئۇسۇلى جەھەتتە، جۇڭگوەنلەر ئەسكەرلەرگە ئۆگىتىش، ئەسكەرلەر جۇڭگوەنلەرگە ئۆگىتىش، ئەسكەرلەر ئەسكەر-لەرگە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەربى تەلىم ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. 1946 - يىلىدا قوشۇنلارنىڭ سىياسى خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئوبدان ئورۇنلاپ، قوشۇنلاردا ساقلى-نىۋاتقان جياۋتياۋجۇيىلىق ۋە شەكىلۋازلىق ئىستىللىرىنى تۈگىتىپ، جۇڭگوەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دوست قوشۇنلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇش، دۈشمەن قوشۇنلارنى پارچىلاش ئۈچۈن شۇنىڭدەك ھەربى تەلىم، تەمىنلەش ۋە ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى كاپالەت-لەندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم. جايلاردىكى مىنبەگلەرنى، ھازىرقى شارائىتقا قاراپ، يېڭىۋاشتىن تەشكىل قىلىش لازىم. قوشۇنلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە

سېلىش لازىم. بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن جايلاردا تۇپچى قىسىم ھەم گۇگىبىلىك قىسىملارنى قۇرۇپ چىقىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ھەربىي مەكتەپلەرنى داۋاملىق ئېچىپ، تېخنىك خادىملارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4. ئىجارە كېمەيتىش. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1945 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى يوليورۇقى② بويىچە جايلار 1946 ـ يىلى بارلىق يېڭى ئازات رايونلاردا كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئەمما رەھبەرلىكى بولغان ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ھەرىكىتىنى قوزغىشى شەرت. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى لايىقىدا ئۆستۈرۈش كېرەك. كەڭ ئاممە بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قەد كۆتىرىپ ۋە ئۇيۇشۇپ، ئازات رايونلارنىڭ ئاكتىپلىق ئىگىلىرىگە ئايلانسۇن. يېڭى ئازات رايونلاردا، ئەگەر مۇشۇنداق قەتئىي تەدبىرلەر كۆرۈلمىسە، ئاممە گومىنداڭ بىلەن كۈچەنداكىنىڭ قايسىسى ياخشى، قايسىسى يامان ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالالماي، ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ قالىدۇ ـ دە، پارتىيىمىزگە قەتئىي ياردەم بېرىپ كېتەلمەيدۇ. كونا ئازات رايونلاردا بولسا ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ، كونا ئازات رايونلارنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك.

5. ئىشلەپچىقىرىش. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى يوليورۇق بويىچە، جايلار دەرھال ھەممىنى تەل قىلىپ، 1946 ـ يىلى بارلىق ئازات رايونلىرىمىزدا ئومۇمىنىڭ ۋە خۇسۇسلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەم ۋە مۇۋەپپەقىيەت جەھەتتە ئۆتكەن ھەرقانداق يىلدىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى لازىم. خەلق ئارىسىدا يۈزبەرگەن چارچاش كەيپىياتلىرىنى پەقەت ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت

ئىككى ۋەزىپە ئەستايىدىل ئورۇنلانغان ۋە كوزگە كورۇنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغاندىن كېيىنلا، تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئازات رايونلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى كۈرەشلەردە يېڭىشى ياكى يېڭىلىشى، ئاخىرقى ھېساپتا، ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقىغا باغلىق، جايلار بۇنىڭغا ئەسلا سەل قارىماسلىقى لازىم.

6. مالىيە. يېقىنقى مەزگىللەردىكى جىددى خىزمەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئېغىرلاشقان مالىيە سېلىغىنى 1946 ـ يىلدا پىلانلىق ۋە باسقۇچلۇق ھالدا نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈش لازىم. خەلق ئىچىدە سېلىقى بەك ئېغىر بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ سېلىقىنى لايىقىدا يېنىكلىتىش لازىم. ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن، جايلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان خادىملارنى ئۇزىنىڭ مالىيە كۈچى يار بەرگەن چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. ئەسكەرلەرنىڭ كوپ ئەمەس، خىل بولۇشى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش، مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىش، تارقاق باشقۇرۇش، ئارمىيىگىمۇ، خەلققىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش③ ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىقتىسات قىلىشقا بىردەك ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپلىرى ــ ھېلىمۇ مالىيە ـ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق فاڭجېنى.

7. ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ـ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش④. 1946 ـ يىلى بۇ ئىككى خىزمەتنى ئوتكەن بىرقانچە يىلدىكىدىنمۇ ياخشىراق ئىشلەش لازىم. بۇ گومينداڭنىڭ

ھۆججەتنى تار - مار قىلىش ۋە ئازات رايونلارنى مۇستەھكەملەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. قوشۇنلاردا مەسىلىنى ھەر بىر جىزخۇيىۋەن ۋە جەگچىنىڭ ئىدىيىسىدە ھەل قىلىپ، ئۇلارغا ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈشنىڭ موھىملىقىنى تەلتوكۇس تونۇتۇش كېرەك. پەقەت ئارمىيە تەرەپ بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىسىلا، جايلارنىڭ ئارمىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭغا ئەگىشىپ چوقۇم ياخشىلىنىدۇ.

8. قۇتقۇزۇش. ئازات رايونلاردا نۇرغۇن ئاپەتكە ئۇچرىغانلار، مۇساپىرلار، ئىشسىزلار ۋە يېرىم ئىشسىزلار بار، ئۇلار قۇتقۇزۇشقا بەكمۇ مۇھتاج. بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ھەرقايسى ساھەگە ناھايىتى زور تەسىر كورسىتىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى، ھوكۇمەت تەرىپىدىن كورۇلگەن تۇرلۇك چارىلەردىن باشقا، ئاساسەن، ئاممىنىڭ ئوز ئارا ياردەملىشىشكە تايىنىپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئوز ئارا ياردەملىشىش بىلەن بولىدىغان بۇنداق قۇتقۇزۇش ئىشى پارتىيە ۋە ھوكۇمەت تەرىپىدىن ئاممىنى رىغبەتلەندۇرۇش يولى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك.

9. يەرلىك كادىرلارنى ئاسراش. ھازىر ئازات رايونلارنىڭ ھەممىسىدە چەتتىن كېلىپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كادىر بار. دۇگبېيدىكى ئولكىلەردە بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ناھايىتى ئوچۇق كورۇنىدۇ. جايلاردىكى رەھبىرىي ئورگانلار چەتتىن كەلگەن بۇ كادىرلارغا دائىم تاپىلاپ تۇرۇشى كېرەككى، ئۇلار يەرلىك كادىرلارنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ئاسرىسۇن؛ يەرلىك كادىرلارنى چۈشىنىش، يېتىشتۇرۇش ۋە ئوستۇرۇشنى ئوزلىرىنىڭ موھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىز ئازات رايونلاردا يىلتىز تارتالايدۇ. چەتتىن

كەلگەنلەرنىڭ يەرلىكلەرنى كوزگە ئىلماسلىق ئىستىلى تەنقىت قىلىنىشى كېرەك.

10. ھەممىدە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنى كوزدە تۇتۇش. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پارتىيىمىز ھەممىدە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنى كوزدە تۇتۇشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ. پارتىيىمىز ھازىرقى ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن، ئازات رايونلارنىڭ ئوزىنى ئوزى ئىدارە قىلىش ۋە قوغدىنىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئازات رايونلار خەلقىنىڭ قولىغا كەلتۇرگەن مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ رايون-لىرىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە (كونمىڭ ئوقۇغۇ-چىلىرىنىڭ ئوقۇش تاشلىشى⑤ بۇنىڭ ئالامىتى) ياردەم قىلىش بىلەن ئەكسىيەتچىلەرنى يېتىم قالدۇرۇپ، پارتىيىمىزنى كەڭ ئىتتىپاقچىلارغا ئىگە قىلىپ، پارتىيىمىز تەسىرىدىكى مىللىي-دېموكراتىك بىرلىك-سەپنى كېڭەيتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە ئورنىتىش ئۇچۇن كورەش قىلىش مەقسىدىدە، پارتىيىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئومىگى پارتىيە-گورۇھلار ۋە پارتىيە-گورۇھسىز كىشىلەر قاتنىشىدىغان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ھەممىدە گومىنداڭ بىلەن يېڭىۋاشتىن تەنپەن ئوتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ئىشتا يەنە ئەگرى-توقايلىق بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىق بار، مەسىلەن، يېڭى رايونلارنىڭ، يېڭى قوشۇنلارنىڭ تېخى مۇستەھ-كەملىنىپ كېتەلمىگەنلىكى، مالىيە قىيىنچىلىقى ۋە باشقىلار. بىز بۇ قىيىنچىلىقلارغا جىددىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنى يېڭىشىمىز ھەممىدە

خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچلەرنى تېجەپ ئىشلىتىشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تەلەيگە باغلاپ قويۇش روھى ھالىتىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك.

يۇقۇرىدىكى 10 ئىش — 1946 ـ يىللىق بولۇپمۇ بىرىنچى يېرىم يىللىق خىزمەتلەردە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتا. جايلاردىكى يولداشلارنىڭ يۇقۇرىدىكى فاڭجېننى ئۆز جايلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن جانلىق ئىشقا ئاشۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. جايلاردا ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتى، بىرلىكسەپ خىزمىتى، پارتىيە-نىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئېقىم مەسىلىلىرى تەربىيەسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى، ئازات رايونلارغا يېقىن شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى موھىم، بۇ ھەقتە بۇ يەردە كۆپ سۆزلەنمىدى.

## ئىزاھلار

① 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، گومىنداڭ 11 ـ ئۇرۇش رايو-نىنىڭ فۇسىلىڭجاڭگۇەنى گاۋ شۇشۈن 1 جۈن ۋە 1 زۇڭدۈينى باشلاپ، خەندەن ئىچكى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى، بۇنىڭ مەملىكەت بويىچە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىدا بولۇنۇش پەيدا قىلىش، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى پارچىلاش ۋە ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو جۇڭياڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارىتا تەشۋىقات ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جۈنگۇەنلىرى ۋە

ئەسكەرلىرىنى گاۋ شۇشۇن قوشۇنىدىن ئۆلگە ئېلىپ، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشنى رەت قىلىشقا، ئىچكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سۇسلۇق قىلىشقا، خەلق جىيفاڭجۈنى بىلەن بىرلەشمە كوڭگۈل ئېچىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا ۋە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ خەلق تەرەپكە ئۆتۈشكە چاقىرىشنى قارار قىلدى. بۇ ھەركەت «گاۋ شۇشۇنچە ھەركەت» دەپ ئاتالدى.

② بۇ مۇشۇ تومدىكى «ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش — ئازات رايونلارنى قوغداشتىكى ئىككى چوڭ ئىش» دىگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسىلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش» دىگەن سۆزدىكى «ئومۇم بىلەن خۇسۇسى» دولەت كارخانىلىرى بىلەن خۇسۇسىلار كارخانىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئەمەس، دولەت بىلەن شەخسلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

④ «ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش» — خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ شوئارى. «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش» — ئازات رايونلاردىكى پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ شوئارى. بۇ شوئار كېيىن «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش» يەنى «خەلق جىيفاڭجۈنىنى ھىمايە قىلىش - ئىنقىلاۋىي ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

⑤ 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى كۈنمىڭ شەھرىدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 6 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى شىنەن بىرلەشمە داشۆيىدە ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېقىم مەسىلىلىرى بويىچە كەچكى يىغىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ، يىغىن مەيدانىنى قورشىۋېلىپ، كىچىك توپ، جىگۈەنچياڭ ۋە مىلتىقلاردىن ئوق چىقاردى ھەمدە مەكتەپ ئەتراپىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئويلىرىگە قايتىشىنى تەقىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىشىپ ئوقۇش تاشلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنەن بىرلەشمە داشۆيىنىڭ بىناسىغا، شىفەن شۆيۈەنگە نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ئىشپىيونلارنى ئەۋەتتى، ئۇلار بۇ ئىككى جايغا شۇلىيۇدەن تاشلاپ، 4 ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە 10 نەچچە ئادەمنى يارىدار قىلدى. بۇ قانلىق ۋەقە، ئادەتتە، «1 ـ دېكابىر پاجىەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

# دۇڭبېيدا مۇستەھكەم گېنجۇيدلەر قۇرۇش توغرسدا*

**(1945 ـ يل 12 ـ ئاينڭ 28 ـ كۈنى)**

1. پارتيەمزنڭ هازرقى ۋاقتتا دۇڭبېيدكى ۋەزپىسى — گېنجۇيدى قۇرۇش، شەرقي مانجۇريە، شمالي مانجۇريە ۋە غەربي مانجۇريەدە مۇستەھكەم ھەربى ـ سياسى گېنجۇيدلەر قۇرۇش①. بۇنداق گېنجۇيدلەرنى قۇرۇش ئاسان ئش ئەمەس، بۇنڭ ئۈچۈن

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگو كومپارتيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كومپارتيەسى دۇڭبېي بيۇروسىغا بەرگەن يوليورۇغى. سوۋېت ئتتپاقى ياپونيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قلىپ، سوۋېت قزىل ئارمىيەسى دۇڭبېيغا كرگەندن كېيىن، جۇڭگو كومپارتيەسى ۋە جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى دۇڭبېيغا دەرهال كوپلىگەن كادر ۋە قسملارنى ئەۋەتىپ، دۇڭبېي خەلقىگە رەھبەرلىك قلىپ، ياپون قاراقچىلىرنىڭ ۋە قورچاق مانجۇريە هاكىمىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقتىش، ۋەتەن خائىنلىرىنى سۈيۈرۈپ تاشلاش، باسمىچىلارنى تۈگىتىش ۋە هەر دەرىجىلىك يەرلىك دېموكراتىك هوكۇمەتلەرنى قۇرۇش ئشلىرىنى ئېلىپ باردى. لېكىن بۇ چاغدا،

مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق گېنجۇيدىلەرنى قۇرۇشقا 3 ـ 4 يىل ۋاقىت كېرەك. لېكىن 1946 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە، گېنجۇيدى بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاساسلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاپ بولۇش لازىم. ئۇنداق قىلمىساق، ئاياق بېسىپ تۇرالماي قېلىشىمىز مۇمكىن.

2. ھازىر بەلگىلەپ قويۇش كېرەككى، بۇنداق گېنجۇيدى قۇرۇلىدىغان جايلار گومىنداڭ بېسىۋالغان ياكى بېسىۋالىدىغان چوڭ شەھەرلەر ۋە غول قاتناش يوللىرى بولماسلىقى لازىم، ھازىرقى شارائىتتا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك گومىنداڭ بېسىۋالغان چوڭ شەھەر ۋە غول قاتناش يوللىرى ئەتراپىدىكى جايلارمۇ بولماسلىقى لازىم. چۈنكى گومىنداڭ چوڭ شەھەر ۋە غول قاتناش يوللىرىنى ئىگەللىۋالغان ئىكەن، ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن جايلاردا مۇستەھكەم گېنجۇيدى قۇرۇشىمىزغا يول قويمايدۇ. بۇنداق جايلاردا، پارتىيىمىز پۇختا ئىش ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي جەھەتتە بىرىنچى مۇداپىئە سەپلىرىنى قۇرۇشى لازىم، ئۇلارنى ھەرگىز ئاسانلىقچە

---

پۈتۈن دۆڭبېينى يالغۇز ئىگەللىۋېلىش نىيىتىدە چىڭ تۇرغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا يوللىرى ئارقىلىق دۆڭبېيغا كوپلەپ ئەسكەر توشۇدى ھەم خەلق جيېفاڭجۈنى ئازات قىلغان شەنخەيگۇەن، جىنجۇغا ئوخشاش موھىم جايلارنى بېسىۋالدى. دۆڭبېيدا جىددىي كۈرەشنىڭ بولىدىغانلىقى مۇقەررەرلىشىپ قالغان ئىدى، روشەنكى، بۇ كۈرەش پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگوڭ جۇڭياڭ ئۈچۈن تەييارلىغان بۇ يوليورۇقتا، دۆڭبېيدا بولىدىغان كۈرەشنىڭ جاپالىقلىقىنى ئالدىن كوردى ھەمدە ئامىمىنى ئەستايىدىل

تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، بۇنداق جايلار بىزنىڭ مۇستەھكەم گېنجۇيدىيىمىز بولماستىن، بەلكى ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى پارتىزان رايونى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇستەھكەم گېنجۇيدى قۇرۇلىدىغان جايلار گومىنداڭنىڭ ئىشغالىيەت مەركىزىدىن يىراقراق شەھەر ۋە كەڭ يېزىلار بولۇشى كېرەك. كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى شۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلاش ئۈچۈن ھازىر بۇنداق جايلارنى بەلگىلەپ قويۇش كېرەك.

3. مۇستەھكەم گېنجۇيدى قۇرۇلىدىغان جايلارنى بەلگىلەپ ۋە كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇنداقلا ئارمىيىمىز سان جەھەتتىن زور دەرىجىدە كۆپەيگەندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ دۇڭبېيدىكى خىزمىتىنىڭ مەركىزى ئاممىۋى خىزمەت بولىدۇ. ھەممە كادىرلارغا چۈشەندۈرۈش لازىمكى، گومىنداڭ دۇڭبېيدا بىرەر مەزگىل پارتىيىمىزدىن كۈچلۈك بولۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر بىز ئاممىنى كۆرەشكە قوزغاش، ئاممىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ۋە ھەممىدە ئاممىغا تايىنىشنى نەزەردە تۇتمىساق، شۇنىڭدەك بارلىق كۈچنى

---

سەپەرۋەر قىلىش، مۇستەھكەم گېنجۇيدى قۇرۇش، پەيدىن-پەي كۈچ توپلاش، كەلگۈسىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن دۇڭبېيدا خىزمەتنىڭ مەركىزىنى گومىنداڭنىڭ ئىشغالىيەت مەركىزىدىن يىراقراق شەھەر ۋە كەڭ يېزىلار تەرەپكە قويۇشنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ «چوڭ يولنى قالدۇرۇپ، ئىككى قاسناقنى ئىشغال قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. داڭجۇڭيىڭ ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ توغرا فاڭجېنىنى يولداش لىن بياۋ باشچىلىقىدىكى دۇڭبېيجۈي ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن، ئارىدىن 3 يىل ئۆتۈپ، 1948-يىل 11-ئايدا پۈتۈن دۇڭبېينى ئازات قىلىشتەك ئۇلۇق غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

سەپەرۋەر قىلىپ، ئىنچىكە ئاممىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر يىل ئىچىدە، خۇسۇسەن يېقىنقى بىرنەچچە ئايلىق جىددى پەيتتە دەسلەپكى ۋە ئىشەنچلىك ئاساس قۇرۇۋالىساق، ئۇ ھالدا، بىز دۆلىتىمىزدا يىتىم ھالغا چۈشۈپ قالىمىز، مۇستەھكەم گېنجۇيدىلەرنى قۇرالمايمىز، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىنى يېڭەلمەيمىز، بەلكى ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارغا ھەتتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن؛ ئەكسىچە، ئەگەر ئاممىگە چىڭ تايانساق، بارلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، قەدەممۇ-قەدەم ئۆز مەقسىدىمىزگە يېتەلەيمىز. ئاممىۋى خىزمەتنىڭ مەزمۇنى خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ۋەتەن خائىنلىرىدىن ھېساب ئېلىش كۈرىشىنى، ئىجارە كېمەيتىش ۋە ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش ھەركىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ كۈرەشلەردە، ھەر خىل ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، پارتىيە خېشنىلىرىنى قۇرۇش، ئاممىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، ئاممىنىڭ كۈرىشىنى تېزلىك بىلەن ئىقتىسادىي كۈرەشتىن سىياسى كۈرەشكە كوتىرىش، ئاممىنى گېنجۇيدىلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. يېقىندا رېخې شېڭۋېيى چىقارغان ئاممىنى كۈرەشكە قوزغاش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى② دۆلىتىمىزدا قوللىنىشقا بولىدۇ. پارتىيىمىز دۆلىتىمىزدىكى خەلقكە كۆزگە چېلىقىدۇدەك ماددى مەنپەئەت يەتكۈزۈشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاممە بىزنى ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئاممە گومىنداڭ بىلەن كۆڭچەنداڭنىڭ قايسىسى ياخشى، قايسىسى يامان ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالالماي، بىرەر مەزگىل گومىنداڭنىڭ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلىپ قېلىشى ھەتتا پارتىيىمىزگە قارشى تۇرۇشى، بۇنىڭ

بىلەن بىز ئۈچۈن دۇڭبېيدا ئىنتايىن بەپ ۋەزىيەت پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

4. پارتىيىمىزنىڭ هازىر دۇڭبېيدا جۇگۇەن جەھەتتە بىر قىيىنـ- چىلىغى بار. ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كوپلىگەن كادىر ۋە قوشۇنلار دۇڭبېيغا يېڭىدىن باردى، يەر شارائىتى ۋە خەلق ئەھۋالى بىلەن تونۇش ئەمەس. كادىرلار چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئېلىنمىغانلىغىغا نارازى بولماقتا، ئاممىنى قوزغاپ، گېنجۇيدى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق خىزمەتتە بىتاقەت بولماقتا. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى نوۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە زىت كېلىدۇ. سىرتتىن كەلگەن بارلىق كادىرلارغا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، يەر شارائىتى ۋە خەلق ئەھۋالى بىلەن ئوبدان تونۇشۇش توغرىسىدا ھەم دۇڭبېي خەلقى بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىشكە بەل باغلاش، خەلق ئاممىسى ئىچىدىن كوپلەپ ئاكتىپلار ۋە كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا قايتا - قايتا تەربىيە بېرىش لازىم. كادىرلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەككى، چوڭ شەھەرلەر ۋە قاتناش يوللىرى گومىنداڭنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردىمۇ، دۇڭبېي ۋەزىيىتى يەنىلا بىز ئۈچۈن پايدىلىق. بىز پەقەت ئاممىنى قوزغاش، گېنجۇيدى قۇرۇش ئىدىيىسىنى بارلىق كادىرلار ۋە جەڭچىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرالايدىغان، بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، گېنجۇيدى قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇق كۈرەشلەرگە تېز كىرىشەلەيدىغان بولساقلا، دۇڭبېيدا ۋە رېخېدا ئاياق بېسىپ تۇرالايمىز ھەمدە مۇئەييەنلەشكەن غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز. كادىرلارغا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، گومىنـ- داڭنىڭ كۈچىنى ھەرگىز توۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك گو- مىنداڭنى شەرقىي مانجۇرىيە ۋە شىمالىي مانجۇرىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ،

دەپ، جاپالىق خىزمەتلەرنى قېتىقىنىپ ئىشلىمەيدىغان كەيپىياتلارنى تۈگىدۈرۈپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. بۇنىداق چۈشەنچىلەرنى بېرىشتە، ئەلۋەتتە، كادىرلارنى، گومىنداڭنىڭ كۈچى قالتىس چوڭ ئىكەن، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمنى تار - مار قىلغىلى بولمايدىكەن، دەيدىغان ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. شۇنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، گومىنداڭ دۇڭبېيدا چوڭقۇر، تەشكىللىك ئاساسقا ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ھۇجۇمنى تار - مار قىلغىلى بولىدۇ، بۇ پارتىيمىزگە گېنجۇيدى قۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. لېكىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھازىر رېخې - لياۋنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇلار زەربىگە ئۇچرىمىسا، ئۇزاق ئوتمەي شەرقىي مانجۇرىيە ۋە شىمالىي مانجۇرىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، پارتىيمىزدىكى ھەممەيلەن بەلىنى مەھكەم باغلاپ، ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاممىنى تېز قوزغاپ، گېنجۇيدىلەر قۇرۇپ، غەربىي مانجۇرىيە ۋە رېخېلاردا گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمنى قەتئىي، پىلانلىق تۈردە تار - مار قىلىشى كېرەك. شەرقىي مانجۇرىيە ۋە شىمالىي مانجۇرىيىدە بولسا گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمنى تار - مار قىلىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى تېزدىن ھازىرلاش لازىم. كادىرلار ئارىسىدىكى ئۆزى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلماي ۋە قان - تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشلۇقلۇقلارغا يولىنىش، غەلىبە قازىنىشنى تەلەيگە باغلاپ قويۇش روھىي ھالىتىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك.

5. تېز ئارىدا غەربىي مانجۇرىيە، شەرقىي مانجۇرىيە ۋە شىمالىي مانجۇرىيىدە جۇنچۈي ۋە جۇنفېنچۈيلەرنى ئايرىش، ئارمىيىنى بېجەنجۇن ۋە يەرلىك قوشۇنلارغا ئايرىش. جايلارنى مۇستەھكەملەپ، بېجەنجۇنگە ماسلىشىپ گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمنى تار - مار قىلىش

ئۈچۈن، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ خېلى كوپ قىسمىنى جۇنفېنچۇيىلەرگە بولۇپ، ئۇلارنى ئامىنى قوزغاش، باسمىچىلارنى يوقىتىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، پارتىزانلار دۇيى، مىنبىڭ ۋە زىئۇپېيجۇنلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش لازىم. بارلىق قوشۇنلارنىڭ مۇقىم جايى ھەم ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، خەلق بىلەن تېز بىرلىشىپ، مۇستەھكەم گېنجۇيدىلەر قۇرغىلى بولىدۇ.

6. بۇ قېتىم ئارمىيىمىزدىن دۇڭبېي ۋە رېخېغا كىرگەنلەر 100 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېڭىدىن قوشۇلغانلار 200 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ، ئۇلار يەنە داۋاملىق كوپىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا پارتىيە ۋە ھوكۇمەت خادىملىرىنى قوشقاندا، بىر يىل ئىچىدە 400 مىڭدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان شۇنچە كوپ ئادەم پەقەت دۇڭبېي خەلقىگىلا تايىنىپ تەمىنلىنىدىغان بولسا، بۇنى ھەرگىز ئۇزاققا داۋام قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، توپلىشىپ ھەركەت قىلىدىغان ۋە زور ئۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۇستىگە ئالغان يېجەنبىڭتۇەنلەردىن باشقا، بارلىق قىسىملار ۋە ئورگانلار جەڭ ۋە خىزمەتنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. 1946 ـ يىلنى ھەرگىز بوش ئوتكۇزۇۋەتمەسلىك لازىم، بۇ ئىشنى دۇڭبېي بويىچە دەرھال پىلانلاش كېرەك.

7. دۇڭبېيدا ئىشچىلار ۋە زىيالىلارنىڭ ھەركەت يونۇلۇشىنىڭ گېنجۇيدىلەر قۇرۇشمىزغا، كەلگۈسى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشـ مىزگە بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىز چوڭ شەھەرلەر ۋە غول قاتناش يوللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەتلەرگە خۇسۇسەن ئىشچىلار ۋە زىيالىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە

تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار ۋە زىيالىيلارنىڭ گېنجۇيدىلەرگە كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتىم دۇڭبېيدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى گومىنداڭ ئىشغال قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى يەر ئاستى خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ئىشچىلار ۋە زىيالىيلارنى قوشۇنلارغا ۋە گېنجۇيدىلەرنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە جەلپ قىلىشى كېرەك.

## ئىزاھلار

① شەرقىي مانجۇرىيە گېنجۇيدىسى جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولىنىڭ شىنياڭدىن چاڭچۇنغىچە بولغان قىسمىنىڭ شەرقىدىكى جىلىن، شەن، ئەنتۇ، يەنجى، دۇنخۇا قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. شىمالىي مانجۇرىيە گېنجۇيدىسى خاربىن، مۇدەنجياڭ، بېيئەن، جامۇس قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي مانجۇرىيە گېنجۇيدىسى جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولىنىڭ شىنياڭدىن چاڭچۇنغىچە بولغان قىسمىنىڭ غەربىدىكى چىچىخار، تاۋئەن، كەيلۇ، فۇشىن، جېڭجياتۇن، فۇيۇي قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پارتىيىمىز يەنە جەنۇبىي مانجۇرىيىدىمۇ گېنجۇيدى قۇردى. جەنۇبىي مانجۇرىيە جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولىنىڭ شىنياڭدىن دالىيەنگىچە بولغان قىسمىنىڭ شەرقىدىكى ئەندۇڭ، جۇاڭخې، تۇڭخۇا، لىنجياڭ، چىڭيۈەنلەرنى ۋە شىنياڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لياۋجۇڭ قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. جەنۇبىي مانجۇرىيىدە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇشىمۇ دۇڭبېي گېنجۇيدىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

② بۇ 1945 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭى رېخې ئۆلكىلىك

ۋېيىۋەنخۇيى چىقارغان «ئاممىنى قوزغاش توغرىسىدىكى يولىيورۇق»نى كورسىتىدۇ. بۇ يولىيورۇقتا مۇنداق كورسىتىلگەن: ئاممىنى ۋەتەن خائىنلىرى، ئىشپىيونلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قوزغاشتىن ئىبارەت ھېساپ ئېلىش ھەركىتى — ھازىرقى ۋاقىتتا ئاممىنى قوزغاشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، مۇشۇ ھەركەت ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئورنىنى يۇقىرى كوتىرىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئۇيۇش-تۇرۇش شۇنىڭدەك بۇ ھەركەت مەلۇم يەرگە يەتكەندە، ئىجارىنى ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەركەتكە ئوتۇشكە ھازىرلىق كورۇش لازىم. شەھەرلەردە ئاممىنى قوزغىغاندا، ئەڭ ئاۋال ئىشچىلارنى قوزغاپ، ۋەتەن خائىنلىرىدىن ۋە ئىشپىيونلاردىن ھېساپ ئېلىش ھەر-كىتىدە ئۇلارنى شيەنفېڭلىق ۋە رەھبەرلىك رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم. بۇ يولىيورۇقتا شەھەرلەرنى باشقۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش چارىلىرىنى ئوگىنىۋېلىش، خەلق كۈچىنى ئاسراش ۋە ھەممىدە ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇشنىڭ لازىملىقىمۇ كورسىتىلگەن.

# هازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بىرقانچە مۇلچەر*

(1946 - يىل 4 - ئاي)

1. دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر، ھەقىقەتەن، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇرۇش خەۋپى مەۋجۇت. لېكىن، دۇنيا خەلقىنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرى دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەردىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ،

* بۇ ھۆججەت شۇ ۋاقىتتىكى خەلقارا ۋەزىيەتكە بولغان بىر خىل ئۈمىتسىز مۇلچەرگە قارىتىپ يېزىلغان. 1946 - يىل ئەتيازدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلار ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلقئە قارشى ھەركىتىنى كۈچەيتىپ جىددىيلەشتۈرۈپ، «ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ئۇرۇش بولىدۇ»، «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى چوقۇم پارتلايدۇ» دەپ داۋراڭ سالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، شۇ ۋاقىتتا، بەزى يولداشلار جاھانگىرلارنىڭ كۈچىنى تولىمۇ يۇقىرى، خەلقنىڭ كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مۇلچەرلىگەچكە، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىدىن ۋە يېڭى دۇنيا

ئۇلار ئۇرۇش خەۋپنى يېڭشى لازم ۋە جەزمەن يېڭەلەيدۇ. شۇنڭ ئۇچۇن، ئامېركا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنڭ سوۋېت ئتتپاقى بلەن بولغان مۇناسۋەتى مەسلسى يا مۇرەسسەگە كېلش، يا بۇزۇلۇش مەسلسى ئەمەس، بەلكى يا بالدۇرراق مۇرەسسەگە كېلش، يا كېينرەك مۇرەسسەگە كېلش مەسلسى. مۇرەسسەگە كېلش دېگەندە، تېچ يول بلەن كېڭشش ئارقلق كېلشمگە كېلش كوزدە تۇتۇلدۇ. بالدۇرراق يا كېينرەك دېگەندە، بر-نەچچە يل ياكى ئون نەچچە يل ياكى ئۇنڭدنمۇ ئۇزاق ۋاقت كوزدە تۇتۇلدۇ.

2. يۇقۇردا ئېيتلغان بۇنداق مۇرەسسە ھەممە خەلقارا مەسلە-لەردە بولدۇ، دېگەنلك ئەمەس. بۇنڭ ئامېركا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەردە ئەكسىيەتچلەر داۋاملق ھوكۇمرانلق قلۋاتقان شارائتتا بولۇشى مۇمكن ئەمەس. بۇنداق مۇرەسسە برقانچە

---

ئۇرۇشنڭ پارتلشدن قورققاچقا، ئامېركا ۋە جياڭ جېشى ئەكسىيەتچلرنڭ قورالللق ھۇجۇمى ئالددا ئاجزلق قلپ، ئەكسلئنقلاۋى ئۇرۇشقا ئنقلاۋى ئۇرۇش بلەن قەتئى قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قلالمدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ھوججەتتە بۇنداق خاتا ئدېيەلەرگە قارشى تۇردى. يولداش ماۋزېدۇڭ، دۇنيادكى خەلق كۈچلرى دۇنيادكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى قەتئى ۋە ئۈنۈملۈك كۈرەش ئېلپ بارسلا، يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى خەۋپنى يەڭگلى بولدۇ، دەپ كورسەتتى؛ شۇنڭ بلەن بللە، جاھانگر دولەتلەر بلەن سوتسيالستك دولەتلەر بەزبر مۇرەسسەلەرگە كېلشى مۇمكن، لېكن بۇنداق مۇرەسسە «كاپتالزم دۇنياسدكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلرنڭ شۇ مۇناسۋەت بلەن ئوز مەملكەتلرى

مەسىلىدە جۇملىدىن بەزى موھىم مەسىلىلەردە بولىدۇ، دىگەنلىك-
تۇر. لېكىن، بۇنداق مۇرەسسە كوز ئالدىمىزدىكى قىسقا مەزگىل
ئىچىدە ئانچە كوپ بولمايدۇ. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى بولسا كېڭىيىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

3. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇرەسسە پەقەت پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق
دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئەكسىيەتچى
كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەتئى ۋە ئۈنۈملۈك كۈرەشلىرىنىڭ
نەتىجىسىلا بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق مۇرەسسە كاپىتالىزىم دۇنياسى-
دىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوز
مەملىكەتلىرى ئىچىدە مۇرەسسەلىشىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ھەرقايسى
ئەللەر خەلقلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ، ئوخشاش

---

ئىچىدە مۇرەسسەلىشىشنى تەلەپ قىلمايدۇ»، «ھەرقايسى ئەللەر
خەلقلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان
كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋېرىدۇ» دەپ كورسەتتى. بۇ ھوججەت ئۇ
ۋاقىتتا ئېلان قىلىنمىغان، ئۇنى پەقەت داڭجۇڭيادىكى بىر قىسىم
رەھبىرىي يولداشلار قولدىن ـ قولغا ئوتكۈزۈپ ئوقۇپ چىققان ئىدى.
بۇ ھوججەت جۇڭگو جۇڭيانىڭ 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى يىغىنىدا
بېسىپ تارقىتىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بۇ ھوججەتنىڭ مەز-
مۇنىغا بىردەك قوشۇلغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى جۇڭگو
جۇڭيانىڭ 1948 ـ يىل 1 ـ ئايدا تارقاتقان «جۇڭيانىڭ 1947 ـ يىل
دىكابىر يىغىنىدا قارار قىلىنغان ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»قا
كىرگۈزۈلدى.

بولمىغان كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋېرىدۇ. ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ خەلقنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىگە قاراتقان پرىنسىپى — يوقىتالايدىغانلىرىنى چوقۇم يوقىتىش، ھازىرچە يوقىتالمايدىغانلىرىنى كەلگۈسىدە يوقىتىشقا تەييارلىنىش. بۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىمۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارىتا ئەنە شۇنداق پرىنسىپنى قوللىنىشى كېرەك.

# جياڭجيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلايلى*

**(1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)**

1. جياڭ جيېشى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى[1] بۇزۇپ، سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى[2] بۇزۇپ، دۇڭبېيدا بىزنىڭ سىپىڭ، چاڭچۈن قاتارلىق جايلىرىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھازىر خۇادۇڭ، خۇابېيدىمۇ بىزگە كەڭ تۈردە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە دۇڭبېيغا يەنە ھۇجۇم قىلىشىمۇ

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى. جياڭ جيېشى 1945 - يىلى قىشتا «10 - ئوكتەبىر كېلىشىمى»نى يىرتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتا، ئومۇمیۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا تېخى تەييارلىق قىلىپ بولالمىغان، ئاساسەن، نۇرغۇنلىغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە تېخى توشۇپ بولالمىغان ئىدى. شۇڭا، 1946 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ

مۇمكىن. قوغدىنىش ئۇرۇشىدا جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمى ئۇزۇل-كېسىل تار-مار قىلىنىغاندىن كېيىنلا، جۇڭگو خەلقى تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

2. پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمنى تار-مار قىلىپ، تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە تەييارلىقلارنى كورمەكتە. جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ كوڭلى ئۇنىڭغا مايىل ئەمەس، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى تۆۋەن، ئىقتىسادى ئەھۋالى قىيىن. بىز چەتئەلنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ كوڭلى بىزگە مايىل، جەڭچىلىرىمىزنىڭ روھى ئۈستۈن، ئىقتىسادى جەھەتتە ئامالىمىز بار.

---

تېچلىق ۋە دېموكراتىيىگە بولغان تەلىۋىنىڭ بېسىمى ئاستىدا جۇڭگو گومىنداڭى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار قاتناشقان سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ يىغىندا تېچلىق ۋە دېموكراتىيىگە پايدىلىق بىرقاتار قارارلار ماقۇللاندى ھەمدە 1-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇغى ئېلان قىلىندى. جياڭ جيېشى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا ۋە ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇغىغا ئەمەل قىلىشنى خالىمىدى. 1946-يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىرمۇنچە جايلاردا ئازات رايونلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ دۆڭبېيدىكى ھۇجۇمىنىڭ كولىمى تېخىمۇ كەڭ بولدى، شۇنىڭ بىلەن گۇەنبېيدە كىچىك ئۇرۇش قىلىش، گۇەنۇەيدە چوڭ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئىنتايىن زور كۈچ بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنى توشۇدى ۋە قوراللاندۇردى. 1946-يىل 6-ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا، تەييارلىق تولۇق بولدى، 3 ئايدىن 6 ئايغىچە

شۇڭا، جياڭ جيېشىنى يېڭەلەيمىز. بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيىدە تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

3. جياڭ جيېشىنى يېڭىشتىكى ئۇرۇش ئۇسۇلىمىز، ئومۇمەن، يۇندۇگەجەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرقانچە جاي ۋە بىرقانچە شەھەرنى ۋاقتىنچە تاشلاپ چىقىش مۇقەررەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زورۇر. بىرقانچە جاي ۋە بىرقانچە شەھەرنى ۋاقتىنچە تاشلاپ چىقىش ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ، بۇنداق قىلمىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى پۈتۈن پارتىيىگە ۋە بارلىق ئازات رايونلاردىكى خەلققە چۈشەندۈرۈپ، ھەممىنى روھىي تەييارلىققا ئىگە قىلىش كېرەك.

---

بولغان ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن خەلق جيېفاڭجۈننى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلاپ، 6-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭيۈەن ئازات رايونىغا كەڭ تۈردە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئازات رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 7-ئايدىن 9-ئايغا قەدەر گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ جياڭسۇ-ئەنخۇي ئازات رايونى، شەندۇڭ ئازات رايونى، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونى، سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونى ۋە سەنشى-سۈييۈەن ئازات رايونىغا كەڭ تۈردە ھۇجۇم قىلدى. 10-ئايدا دۇڭبېي ئازات رايونىغا يەنە بىر قېتىم كەڭ كولەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ قوشۇن بىلەن شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا ئازات رايونىنى داۋاملىق قورشاپ تۇردى. پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەسكىرىي كۈچى جەمى 193 لۈي (شى) مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىليون 600 مىڭ كىشىگە يېتەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى بولغان 248 لۈي (شى)

4. جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش ئۇچۇن، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىش ۋە قولغا كەلتۇرۇشكە بولىدىغان ھەممە كىشىنى قولغا كەلتۇرۇش كېرەك. يېزىلاردا، بىر تەرەپتىن، يەر مەسىلىسىنى قەتئىي ھەل قىلىش، يالالنىما دېخان، كەمبەغەل دېخانلارغا چىڭ تايىنىش، ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشكەندە ئادەتتىكى باي دېخانلارنى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك پومىشچىكلارنى ۋەتەن خائىنلىرى، تۇخاۋ-لىيېشېنلار ۋە زومىگەرلەردىن پەرق ئېتىش لازىم. ۋەتەن خائىنلىرى، تۇخاۋ-لىيېشېنلار ۋە زومىگەرلەرگە قاتتىقراق بولۇش، باي دېخانلار ۋە ئوتتۇرا، كىچىك پومىشچىكلارغا كەڭرەك

---

يەنى 2 مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق داڭجۇڭياڭنىڭ ۋە جۇڭياڭجۇي، فېنجۇيلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قەھرىمانلىق بىلەن زەربە بەردى. شۇ چاغدا ئازات رايونلاردا جەمى 6 چوڭ ئۇرۇش رايونى بار ئىدى. بۇ 6 ئۇرۇش رايونى ۋە بۇ رايونلاردا ئۇرۇش قىلغان خەلق جيېفاڭجۇنلىرى: سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونى، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۇنى؛ خۇادۇڭ ئازات رايونى (شەندۇڭ ئازات رايونى ۋە جياڭسۇ-ئەنخۇي ئازات رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار چېن يى، سۇ يۈي، تەن جېنلىن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۇنى؛ دۇڭبېي ئازات رايونى، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۇنى؛ سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونى، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار نيې رۇڭجېن قاتارلىق يولداشلار

بولۇش كېرەك. يەر مەسىلىسى ھەل بولغان بارلىق جايلاردا، ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن (ئاز سانلىقى ئەكسىيەتچىلەردىن باشقا)، پۈتۈن پومېشىكلار سىنىپىغا قارىتا ئەمدى يۇمشاق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى ئازايتىپ، ئازات رايونلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغان بارلىق پومېشىكلارغا ياردەم بېرىش، قېچىپ كەتكەن پومېشىكلارنى قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ، ئۇلارغا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بېرىش كېرەك. شەھەرلەردە، ئىشچىلار سىنىپى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىن تاشقىرى، بارلىق ئارىلىقتىكىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى يېتىم قالدۇرۇش كېرەك.

---

رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۈنى؛ سەنشى-سۈيۈەن ئازات رايونى، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار خې لۇڭ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۈنى؛ جۇڭيۈەن ئازات رايونى، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغانلار لى شيەننيەن، جېڭ ۋېيسەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق جيېفاڭجۈنى ئىدى. شۇ چاغدا، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ كىشى بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە قارىغاندا، سان جەھەتتىن تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. خەلق جيېفاڭجۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ تۈزۈپ چىققان ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، بېسىپ كىرگەن دۈشمەنگە ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچلۈك زەربە بەردى. 8 ئايچە ۋاقىت ئىچىدە، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 66 لۈيىنى، بۇنىڭغا غەيرىي مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى قوشقاندا، جەمئى 710 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمىنى توختاتتى. ئارقىدىنلا خەلق جيېفاڭجۈنى جەنلۇبىلىك قايتۇرما ھۇجۇمنى پەيدىن-پەي باشلىۋەتتى.

گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئېھتىمالى بولغان ھەممە كىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇشخۇمار ئۇنسۇرلارنى يىتىم قالدۇرۇش كېرەك.

5. جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش ئۈچۈن ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنى كوزدە تۇتۇش لازىم. ئادەم كۈچى ۋە ماددى بايلىقلاردىن ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئىسراپچىلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم. جايلاردا يۈز بەرگەن خىيانەتچىلىك ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش لازىم. تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، بارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن، ئەڭ ئاۋال ئاشلىق ۋە رەخت بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم. ئومۇميۈزلۈك كۈزلۈك تېرىشنى، ھەممە ئائىلىلەردە يىپ ئېگىرىشنى ۋە ھەممە كەنتلەردە رەخت توقۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. بۇنى ھەتتا دۇڭبېيدىمۇ تەشەببۇس قىلىشقا كىرىشىش لازىم. مالىيە-تەمىنات جەھەتتە، قوغدىنىش ئۇرۇشىنىڭ ماددى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى بۇرۇنقىدىن يېنىكلىتىپ، ئازات رايونلىرىمىزدىكى خەلق گەرچە ئۇرۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. قىسقىسى، جياڭ جيېشىنىڭ ھەممىدە چەتئەللەرگە تايىنىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، بىز ھەممىدە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرىمىز. جياڭ جيېشى ھوكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى يۇقۇرىدا خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ئەۋج ئالغان، توۋەندە بولسا خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، بىز جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىمىز ۋە ئارمىيىگىمۇ، خەلققىمۇ ئېتىۋار

بېرىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا بىز چوقۇم غەلىبە قازىنىمىز.

6. بىزنىڭ ئالدىمىزدا قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، لېكىن بۇ قىيىن-چىلىقلارنى يېڭەلەيمىز ۋە يېڭىشىمىز لازىم. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە بارلىق ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۈزۈل-كېسىل تار-مار قىلىپ، مۇستەقىل، تىنچ ۋە دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشى لازىم.

## ئىزاھلار

① «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» — 1946-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىكتە تۈزۈلگەن ھەربىي توقۇ-نۇشلارنى توختىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم. بۇ كېلىشىمدە، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى 1-ئاينىڭ 13-كۈنى يېرىم كېچىدىن باشلاپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. لېكىن جياڭ جيېشى، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشى-مىدىن چوڭ ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ پەردىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇغىنى چۈشۈرۈش بىلەن بىللە، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە «جەڭلۈبىلىك موھىم ئورۇنلارنى بېسىۋېلىش»نى بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا يەنە ئارمىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۆتكەپ، ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى. 7-ئايغا كەلگەندە، جياڭ جيېشى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق يىرتىپ تاشلاپ، ئازات رايونلارغا ئومۇمييۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

② «سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى» — گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ ۋە باشقا پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ھەمدە پارتىيە-گۇرۇھسىز كىشىلەرنىڭ

ۋەكىللىرى 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە
چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزگەن يىغىن. بۇ يىغىندا 5 قارار ماقۇللانغان ئىدى.
1) ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم. بۇ كېلە-
شىمدە مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «گومىنجېڭفۇنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا
تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەنخۇيى تولۇقلىنىدۇ». گومىن-
جېڭفۇ ۋېيۈەنلىرىنىڭ سانى كۆپەيتىلىدۇ؛ «گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەنلىرىنى
گومىنجېڭفۇ جۇشىسى جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى
كىشىلەردىن تەيىنلەيدۇ»، «گومىنجېڭفۇ جۇشىسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ
كىشىلىرىدىن گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەنلىرىنى تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغاندا،
پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئىسىملىك كۆرسىتىدۇ، لېكىن جۇشى قوبۇل كۆرمە-
گەندە، پارتىيە ـ گۇرۇھلار باشقا كىشى كۆرسىتىدۇ»؛ «گومىنجېڭفۇ
جۇشىسى پارتىيە ـ گۇرۇھسىز كىشىلەرنى گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەنلىكىگە
تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئەگەر سايلانغانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى
كۆرسىتىلگەن كىشىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتسە، جۇشى قايتا ئويلىنىپ
كۆرۈپ، باشقىسىنى تەيىنلەيدۇ». «گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەنلىرى سانىنىڭ
يېرىمى گومىنداڭ خادىملىرىدىن بولىدۇ، قالغان يېرىمى باشقا پارتىيە ـ
گۇرۇھلار ۋە جەمئىيەت موتىۋەرلىرىدىن بولىدۇ». گومىنجېڭفۇ ۋېيۈەن-
خۇيى «ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دۆلەت ئىشلىرى ئورگىنى» بولىدۇ، دەپ
ئابستراكت ھالدا بەلگىلەنگەن، يەنە ئۇنىڭ ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش
پرىنسىپلىرى، مەمۇرى ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنلىرى، ھەربى ـ
مەمۇرى ئىشلارنىڭ زور تەدبىرلىرى، مالىيە پىلانلىرى، يۈيسۈەنلەرنى
ھەم گومىنجېڭفۇ جۇشىسى تاپشۇرغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە
قارار قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ شۇنىڭ بىلەن
بىللە، گومىنجېڭفۇ جۇشىسىغا بولسا ناھايىتى زور ھوقۇقلار يەنى تەيىن-
لەش ھوقۇقى، قارارلارنى نىسپى ھالدا رەت قىلىش ۋە جىددى تەدبىر
كۆرۈش ھوقۇقى بېرىلگەن. يەنە گومىنجېڭفۇ «شىڭجېڭيۈەننىڭ ھازىر
بار بۇلىرى ۋە ۋېيۈەنخۇيلىرىنىڭ ھەممە قۇرماقچى بولغان بۇگۇەنبۇسى-

نىڭ جېڭخۇ ۋېيۈەنلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 7 ياكى 8 ىگە گومىنداڭنىڭ
سىرتىدىكى كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 2) تېچ يول
بىلەن دۆلەت قۇرۇش گاڭلىكى. بۇ گاڭلىكنىڭ «ئومۇمىي پىرىنسىپ»،
«خەلق ھوقۇقى»، «سىياسى»، «ھەربىي ئىشلار»، «ۋەيجياۋ»، «ئىقتىسات
ۋە مالىيە»، «مائارىپ ۋە مەدەنىيەت»، «ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى»، «مۇھاجىرلار
ئىشلىرى»دىن ئىبارەت 9 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئومۇمىي پىرىنسىپ»
بابىدا: پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە-گۇرۇھلار «بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ،
بىرلىككە كەلگەن، ئەركىن ۋە دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرىدۇ»؛
«سىياسىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، ئارمىيىنى دۆلەت ئىختىيارىغا
ئۆتكۈزۈش ۋە پارتىيە-گۇرۇھلارنى تەڭ ھوقۇقلۇق، قانۇنىي قىلىش»
يولىغا قويۇلىدۇ؛ «سىياسىي ماجرالار سىياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىپ،
مەملىكەتنىڭ تېچ تەرەققىي قىلىشى تەمىن ئېتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.
«خەلق ھوقۇقى» بابىدا: «خەلقنىڭ تەن، ئىدىيە، دىن، ئېتىقات، سۆز،
مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ماكان تۇتۇش،
كۆچۈش ۋە خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەت بېرىلىدۇ»،
«ئەدلىيە ۋە ساقچى ئورگانلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئورگان ياكى
شەخسنىڭ خەلقنى قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش ۋە جازالاش ھەركەتلىرى
قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ» دەپ
بەلگىلەنگەن. «سىياسى» بابىدا: «ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئاپاراتلار
تەرتىپكە سېلىنىدۇ، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ ھەم
ئېنىق ئايرىتىلىدۇ، بارلىق كېرەكسىز ئورگانلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ،
مەمۇرى رەسمىيەتلەر ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ، قائىدىلەر بويىچە مەسئۇل
بولۇش ئەمەلگە قويۇلىدۇ»؛ «خىزمەتنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدىغان
خادىملار كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، ئادەم ئىشلىتىشتە گۇرۇھلىرىغا
قارىماي، قابىلىيىتى ۋە سالاھىيىتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ئۇستىلەپ
خىزمەت ئۆتەش ۋە ئۆز ئادەملىرىنى خىزمەتكە تارتىش مەنئى قىلىنىدۇ»؛

«تەپتىش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىپ، خىيانەتچىلەر قاتتىق جازالىنىدۇ، خەلقنىڭ ئەرز-شىكايەت قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ»؛ «جايلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى پائال يولغا قويۇلىدۇ، تۆۋەندىن يۇقۇرىغا بولىدىغان ئومۇمىي سايلام يۈرگۈزۈلىدۇ»؛ «مەركەز بىلەن جايلارنىڭ هوقۇق دائىرىسى جەھەتتە جۇنچۇەنجۇيى قوللىنىلىدۇ، جايلار شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ئۇيغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنالايدۇ، لېكىن ئۆلكە ۋە ناھىيىلەر ئېلان قىلغان قانۇن-قائىدىلەر مەركەزنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى بىلەن توقۇنۇش كەلمەسلىكى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. «ھەربىي ئىشلار» بابىدا: «ئارمىيە تۈزۈمى دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئارمىيە تۈزۈمى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمگە ۋە دۆلەت ئەھۋالىغا قاراپ ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئارمىيە بىلەن پارتىيە ئايرىلىدۇ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئايرىم-ئايرىم ئىدارە قىلىنىدۇ، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ياخشىلىنىدۇ، قورال-ياراقلار تولۇقلىنىدۇ، كادىرلار ئىشلىرى ۋە مالىيە تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زامانىۋى دۆلەت ئارمىيىسى قۇرۇلىدۇ»؛ «پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلار ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش پىلانى بويىچە ھەقىقىي سۈرەتتە ئىخچاملاشتۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «ئىقتىسات ۋە مالىيە» بابىدا: «گۇەنلياۋ كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتى توسۇلىدۇ، ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز هوقۇقى ۋە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، هايانكەشلىك قىلىش، لۇڭدۇەنلىك قىلىش، باجدىن قېچىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، هۆكۈمەت پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىش ۋە قاتناش قوراللىرىدىن قانۇنسىز پايدىلىنىش ئىشلىرى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ»؛ «ئىجارە ۋە ئۆسۈم كېمەيتىلىدۇ، ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ داۋاملىق تېرىش هوقۇقى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، ئىجارە تۆلەش كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆپەيتىلىدۇ، جازانىخورلۇق بىلەن شىلىۋېلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دىخانلار تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ؛ يەر قانۇنى ئىجرا قىلىنىپ، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن مەقسەت ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ»؛ «ئەمگەك قانۇنى ئەمەلگە

قويۇلۇپ، ئەمگەك شارائىتى ياخشىلىنىدۇ»؛ «مالىيە ئىشلىرى ئاشكارا تۇتۇلىدۇ. يۈيۈەن، جۈيۈەن تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، چىقىم قىسقارتىلىدۇ، كىرىم-چىقىم تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مالىيىسى ئاجرىتىلىدۇ، قەغەز پۇل ئازايتىلىدۇ، پۇل تۈزۈمى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ھەم ئىچكى-تاشقى قەرزلەرنىڭ ئېلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى ئېلان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلار نازارەت قىلىدۇ»؛ «باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئېغىر سېلىقلار ۋە قانۇنسىز ئالۋانلار تۈپتىن تۈگىتىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «مائارىپ ۋە مەدەنىيەت» بابىدا: «ئىلمىي ئىشلار ئەركىنلىكى تەمىن ئېتىلىدۇ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دىنىي ئېتىقات ۋە سىياسىي ئىدىيە بىلەن ئارىلىشىشقا بولمايدۇ»؛ «دۆلەت يۈيۈەنىدە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى خىراجىتىنىڭ نىسبىتى كۆپەيتىلىدۇ»؛ «ئۇرۇش ۋاقتىدا يولغا قويۇلغان ئاخبارات، مەتبۇئات، كىنو، تىياتىر ۋە پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 3) گومىنداخۇي مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم. بۇ كېلىشىمدە، گومىنداخۇي ۋەكىللىرى ئىچىدە «پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە جەمئىيەت موتىۋەرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە 700 كىشى قوشۇلىدۇ»، «1-نۆۋەتلىك گومىنداخۇينىڭ خىزمەت ھوقۇقى شيەنفا تۈزۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 4) شيەنفا لايىھەسى مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم. بۇ كېلىشىمدە، شيەنفا لايىھەسىنى تەكشۈرۈش ۋېيۈەنخۇيى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ شيەنفا لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ شۇنىڭدەك شيەنفا لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. گومىنداخۇي ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى توغرىسىدا پرىنسىپلىق بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەندىن تاشقىرى، «يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈم» ۋە «خەلقنىڭ ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. «يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈم» توغرىسىدا «ئۆلكە يەرلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئالىي بىرلىكى بولىدۇ»؛ «ئۆلكە

بىلەن مەركەزنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ بولۇنۇشى جۇنچۇەنجۇيى بويىچە بەلگىلىنىدۇ»؛ «شېڭجاڭنى خەلق سايلايدۇ»؛ «ئۆلكىدە ئۆلكە شيەنفاسى تۈزۈلىدۇ، لېكىن ئۇ دولەت شيەنفاسى بىلەن توقۇنۇشماسلىقى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. «خەلقنىڭ ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى» توغرىسىدا، «دېموكراتىك ئەللەر خەلقلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقلار شيەنفا بىلەن تەمىن ئېتىلىشى، قانۇنسىز ھالدا دەخلى - تەرۇز قىلىنماسلىقى كېرەك»؛ «خەلق ئەركىنلىكىنى قانۇن بىلەن بەلگىلەشكە توغرا كەلگەندە، چەكلەشنى مەقسەت قىلماستىن، ئەركىنلىكنى قوغداش روھىنى كوزدە تۇتۇش لازىم»؛ «ئەمگەك مەجبۇرىيىتى شيەنفادا بەلگىلەنمەستىن، ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلىنىشى كېرەك»؛ «بەلگىلىك جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەمىن ئېتىلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. 5) ھەربى ئىشلار مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم. بۇ كېلىشىمدە، «ئارمىيە تۈزۈمى دولىتىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسى تۈزۈمىگە ۋە دولەت ئەھۋالىغا قاراپ ئىسلاھ قىلىنىدۇ»؛ «ئەسكەرلىككە چاقىرىش تۈزۈمى ياخشىلىنىدۇ»؛ «قوشۇنلارنىڭ تەلىم - تەربىيىسى ئارمىيە قۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ ئەبدىي پارتىيە-گورۇھلار شتۇكى ۋە شەخسي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ»؛ «ئارمىيە بىلەن پارتىيە ئاجرىتىلىدۇ»؛ «ھەرقانداق پارتىيە - گورۇھ ۋە شەخسنىڭ قوشۇنلاردىن سىياسى كۈرەشنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولمايدۇ»؛ «ئارمىيە بىلەن خەلق ئايرىم - ئايرىم ئىدارە قىلىنىدۇ»، «ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ھەربىلەرنىڭ مەمۇرى ئەمەلنى قوشۇمچە ئوتىشىگە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ۋە ئازات رايونلار ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدا، «3 كىشىلىك ھەربى ئىشلار گورۇپپىسى جۇڭگو كۇڭچەنداكى ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسىنى ئەسلى پىلان بويىچە تېزدىن مەسلىھەت بىلەن بەلگىلەپ چىقىپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى تاماملايدۇ»؛ گومىنداڭ

ئارمىيىسى «جۇنجېڭبۇ تۈزگەن پىلان بويىچە ئۆزىنىڭ 90 شىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك، 6 ئاي ئىچىدە ئورۇنلاپ بولىدۇ»؛ «يۇقۇرىدىكى ئىككى تۈرلۈك ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق قوشۇنلار بىرتۇتاش ھالدا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، 50 ياكى 60 شىغا كەلتۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ بۇ كېلىشىملىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خەلق ئۈچۈن پايدىلىق، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىغى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. جياڭ جيېشى، بىر تەرەپتىن، بۇ كېلىشىملەردىن پايدىلىنىپ، تېچلىق ئالدامچىلىغى ئېلىپ بېرىش غەرىزىدە بۇ كېلىشىملەرنى ئېتىراپ قىلغانلىغىنى بىلدۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش قىلىشقا جىددى تەييارلىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولدى. سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ بۇ كېلىشىملىرى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ يىرتىپ تاشلاندى.

# ئامېرىكا مۇخبىرى ئاننا لۇئىزا سترونگ بىلەن سوھبەت*

(1946 - يىل 8 - ئاي)

سترونگنىڭ سوئالى: سىزچە، جۇڭگو مەسىلىسىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە سىياسىي يول بىلەن، تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشىدىن ئۈمىت بارمۇ؟

ماۋزېدۇڭنىڭ جاۋابى: بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسىگە

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خەلقارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت توغرىسىدا بايان قىلغان ناھايىتى مۇھىم بىر سوھبەت. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ سوھبەتتە «بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس» دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھۆكۈم خەلقىمىزنى ئىدىيە جەھەتتىن قوراللاندۇردى، خەلقىمىزنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتتى، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىدا ئىنتايىن ئۇلۇغ رول ئوينىدى. لېنىننىڭ جاھانگىرلىكنى «لاي پۇتلۇق دىۋە»، «قۇرۇق جازا» دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش، يولداش ماۋزېدۇڭ جاھانگىرلىك ۋە بارلىق

باغلىق. ئەگەر ئامېرىكا خەلقى جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتقان ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالسا، تېچلىقتىن ئۈمىت بار.

سوئال: ئەگەر ئامېرىكا بېرىپ بولغان ياردىمىدىن باشقا يەنە ياردەم بەرمىسە①، ئۇ ھالدا جياڭ جيېشى يەنە قانچە ۋاقىت ئۇرۇشالار؟

جاۋاپ: بىر يىلدىن ئارتۇقراق.

سوئال: جياڭ جيېشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن شۇنچە ۋاقىت چىداشلىق بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاپ: مۇمكىن.

سوئال: ئەگەر ئامېرىكا بۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشىغا يەنە ھېچقانداق ياردەم بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتسچۇ؟

جاۋاپ: ھازىر تېخى ئامېرىكا ھوكۇمىتى بىلەن جياڭ جيېشىدا ئۇرۇشنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە توختىتىشنى كوزلىگەن بىرەر ئارزۇنىڭ بارلىقىنى كورسىتىدىغان ھېچقانداق ئالامەت كورۇلگىنى يوق.

ئەكسىيەتچىلەرنى قەغەز يولۋاس، دەپ قارىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ئېيتىلغان. بۇ — ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ تۈپ جەنلۇبىلىك ئىدىيىسى. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىن بۇيان، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلاپچىلارنىڭ جەنلۇي جەھەتتە ۋە ئومۇملۇقتا دۈشمەننى مەنسىتمەسلىكى، ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەكلىگىنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنشۇ جەھەتتە، سىلۇي جەھەتتە، ھەر بىر قىسمەنلىكتە، ھەر بىر كونكرېت كۈرەش مەسىلىسىدە، دۈشمەنگە جىددى قاراپ، ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى، كۈرەش سەنئىتىگە

سوئال: گۇگىچەنداڭ قانچە ۋاقت چىداشلىق بېرەلەر؟

جاۋاپ: بىزنىڭ ئۇز ئارزۇيىمىز بويىچە ئېيتقاندا، بىر كۇنمۇ ئۇرۇشقۇمىز يوق. ئەمما ۋەزىيەت بىزنى ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر قىلىدىكەن، بىز ئاخىرغىچە ئۇرۇشالايمىز.

سوئال: ئەگەر ئامېرىكا خەلقى، گۇگىچەنداڭ نىمە ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىدىكەن، دەپ سوراپ قالسا، نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىم كېرەك؟

جاۋاپ: چۇنكى جياڭ جېيشى جۇگگو خەلقىنى قىرماقچى، خەلق ياشاش ئۇچۇن ئۇزىنى قوغدىشى لازىم. بۇنى ئامېرىكا خەلقى چۇشىنەلەيدۇ.

سوئال: ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى

---

ئەھمىيەت بېرىشى، ئوخشاش بولمىغان زامان، ماكان ۋە شەرت-شارائىتقا قاراپ، مۇۋاپىق كۇرەش شەكىللىرىنى قوللىنىشى، شۇنىڭ بىلەن دۇشمەننى قەدەممۇ-قەدەم يىتىم قالدۇرۇشى ۋە يوقىتىشى كېرەكلىگىنى كوپ قېتىم كورسەتكەن ئىدى. 1958-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۇنى يولداش ماۋزېدۇڭ جۇگگوڭ جۇگياڭ جېگجۇيىنىڭ ۋۇچاڭ يىغىنىدا مۇنداق كورسەتتى: «دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىككى ياقلىملىق (يەنى قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىك قانۇنى) بولغىنىغا ئوخشاش، جاھانگىرلىك ۋە بارلىق ئەكسيەتچىلەردىمۇ ئىككى ياقلىملىق بار، ئۇلار جىڭ يولۋاس ھەم قەغەز يولۋاس. تارىختا قۇلدارلار سىنىپى، فېودال پومېشچىكلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، كوتىرەڭگۇ روھلۇق ئىدى، ئىنقىلاپچى ئىدى، ئىلغار ئىدى، جىڭ يولۋاس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، بۇ سىنىپلار، ئۇزلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى بولغان قۇللار سىنىپى، دىخانلار سىنىپى ۋە

مۇمكىنمۇ، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاپ: سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى، ھەقىقەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش تەييارلاۋاتىدۇ، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدا بولۇۋاتقان تەشۋىقات ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى باشقا تەشۋىقاتلار — سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سىياسى تەييارلىقى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق تەشۋىقاتلار — ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ھازىر ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىۋاستە دۇچكېلىۋاتقان نۇرغۇن ئەمەلىي زىددىيەتلەرنى يېپىش ئۈچۈن پەيدا قىلىغان تۇتەك پەردە. بۇ زىددىيەتلەر —

---

پۇرولېتارىيات پەيدىن - پەي زورايغانلىقتىن ھەمدە ئۆزلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغانلىقتىن ۋە بۇ كۈرەشنى بارغانسىرى كۈچەيتكەنلىكتىن، پەيدىن - پەي ئۆزلىرىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئۆزگىرىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە، قالاق كىشىلەرگە، قەغەز يولۋاسلارغا ئايلىنىپ، ئاخىر خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلىدى، ياكى ئاغدۇرۇلىدۇ. ئەكسىيەتچى، قالاق، چىرىك سىنىپلاردا، خەلقنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈرەشلىرىگە دۇچكەلگەندىمۇ، يەنە شۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇلار جىن يولۋاس، ئادەم يەيدۇ، مىليونلاپ، ئون مىليونلاپ ئادەم يەيدۇ. خەلقنىڭ كۈرەش ئىشلىرى جاپا - مۇشەققەتتە قالغان دەۋردە نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللار پەيدا بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە كومپرادور كاپىتالىزمنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تەخمىنەن نەچچە ئون مىليونچە كىشىنى قۇربان بېرىپ، ئاندىن 1949 - يىلدىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. قاراڭ، بۇ نىمىلەر تىرىك يولۋاس، تۆمۈر يولۋاس، جىن يولۋاس ئەمەسمىكەن؟ لېكىن، ئۇلار ئاخىر

ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئامېرىكا خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شۇنىڭدەك ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن باشقا كاپىتالىستىك ئەللەر ھەم مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر. ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش شوئارىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھمىيىتى ئامېرىكا خەلقىنى ئېزىش ۋە كاپىتالىزىم دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەسىرىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. سىزگە مەلۇم، گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراسى ياپون جۇنفالىرى، ئۇزاق بىر مەزگىل، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئۆز ئېلىدىكى خەلقنى قۇل قىلىش ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ بانىسى قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھازىر ئامې-

قەغەز يولۋاس، ئۇلۇك يولۋاس، دۇڭۇ يولۋاسقا ئايلىنىپ قالدى.
بۇ ــ تارىخىي پاكىت. كىشىلەر بۇلارنى كورمىگەن ۋە ئاڭلىمىغانمىدى؟ مىڭلاپ، تۈمەنلەپ تۇرسا! مىڭلاپ، تۈمەنلەپ تۇرسا! شۇڭا، تۈپ ماھىيەتتىن قارىغاندا، ئۇزاق مۇددەتتىن قارىغاندا، جەنلۈۋ جەھەتتىن قارىغاندا، جاھانگىرلىك ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەينى بويىچە، قەغەز يولۋاس، دەپ قاراش كېرەك. بىزنىڭ جەنلۈېلىك ئىدېيىمىز مۇشۇ نۇقتا ئاساسىدا تىكلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار يەنە تىرىك، تومۇر، جىلىق يولۋاس، ئۇلار ئادەم يەيدۇ. بىزنىڭ سىلۇېلىك ئىدېيىمىز ۋە جەنشۇلۇق ئىدېيىمىز مۇشۇ نۇقتا ئاساسىدا تىكلىنىدۇ.» جەنلۈۋ جەھەتتە دۈشمەننى مەنسىتمەسلىك، جەنشۇ جەھەتتە دۈشمەنگە جىددى قاراشنىڭ زورۇرلۇكى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 - تومدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈۋ مەسىلىسى»نىڭ بەشىنچى باپ 6 - بولۇمىگە ۋە مۇشۇ تومدىكى «پارتىينىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىكى بىرقانچە موھىم مەسىلە توغرىسىدا»نىڭ 1 - قىسمىغا قارالسۇن.

ريكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنىمۇ خۇددى شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئامېرىكا خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشى كېرەك. ئۇلار ئامېرىكا خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى، ئامېرىكا ئىشچىلىرى ۋە دېموكراتلىرىنى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئېزىۋاتىدۇ، ئامېرىكىدا فاشىزىمنى يولغا قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا خەلقى قوزغىلىپ، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ناھايىتى كەڭ يەرلەر ئاجرىتىپ تۇرىدۇ، بۇ يەرلەردە ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىكا قىتئەلىرىدىكى نۇرغۇن كاپىتالىستىك ئەللەر ۋە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر بار. ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى مۇشۇ ئەللەرنى بويسۇندۇرۇۋالماي تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئېغىز ئاچالمايدۇ. ھازىر ئامېرىكا تىنچ ئوكياندا ئەنگلىيىنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق تەسىر دائىرىلىرىدىنمۇ كۆپ يەرلەرنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، ئۇ ياپونىيىنى، جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىسمىنى، چاۋشيەننىڭ يېرىمىنى ۋە تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرماقتا؛ ئۇ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى ئاللىقاچان ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان؛ ئۇ يەنە پۈتۈن بىرىتانىيە دىگوسىنى ۋە غەربىي ياۋروپانى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا ھەر خىل بانىلار بىلەن نۇرغۇن ئەللەردە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ھەربىي جەدىلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرغان ۋە قۇرماقچى بولغان بارلىق ھەربىي جەدىللىرىنى سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا قارىتىلغان، دېيىشمەكتە. دۇرۇس، بۇ ھەربىي جىدىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان. ئەمما، ھازىر ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا ھەممىدىن ئاۋال ئۇچراۋاتقانلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەس، بەلكى ھەربىي جىدىلار قۇرۇلغان ئەشۇ ئەللەر. ئىشىنىمەنكى، ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئەللەر ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن ئېزىۋاتقان كىم، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ياكى ئامېرىكىمۇ، بۇنى تونۇۋالىدۇ. ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچىرايدىغانلىقىنى ئاخىر بىر كۈن بىلىپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە ئەمەس، دېمەكچى ئەمەسمەن. سوۋېت ئىتتىپاقى — دۇنيا تېچلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۇنياۋى زوراۋانلىق ئورنىتىشىغا توسقۇن بولىدىغان قۇدرەتلىك ئامىل، سوۋېت ئىتتىپاقى بار ئىكەن، ئامېرىكا ۋە دۇنيا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قارا نىيەتلىرى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچ كۆرىدۇ، بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنى يوقىتىشنى راستلا خىيال قىلىدۇ. ئەمما ھازىر، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئامېرىكا — سوۋېت ئۇرۇشىنى مۇنچىۋالا قاتتىق داۋراڭ بىلەن تەكىتلەپ، ئالا — تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشى كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى بىلىشكە مەجبۇر قىلدى. بايا ئۇلارنىڭ مەقسىدى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا ئامېرىكا ئىشچىلىرى ۋە دېموكراتلىرىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئامېرىكا ئۆز تەسىرىنى چەتكە كېڭەيتىشتە دۇچ كەلگەن ھەممىنى ئامېرىكىنىڭ

بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش ئىكەن. مېنىڭچە، ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزىنىڭ تەھدىتىدىگە ئۇچرىغان بارلىق ئەللەر خەلقلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئەللەردىكى غالچىلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. پەقەت مۇشۇ كۆرەش غەلىبە قازانسا، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بولمىسا، ساقلانغىلى بولمايدۇ.

سوئال: بۇ ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈش بولدى. ئەمما ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى ئىشلەتسىچۇ؟ ئەگەر ئامېرىكا ئىسلاندىيىدىكى، چۈگشىڭ ئارىلىدىكى ۋە جۇڭگودىكى جىدىلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى بومباردىمان قىلسىچۇ؟

جاۋاپ: ئاتوم بومبىسى — ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى كىشىلەرنى قورقىتىدىغان قەغەز يولۋاس، ئۇ قارىماققا قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھېچبىر قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئاتوم بومبىسى — كەڭ كولەمدە قىرغىن قىلىدىغان بىر خىل قورال، ئەمما ئۇرۇشنىڭ غالىبىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بىر-ئىككى يېڭى شەكىلدىكى قورال ئەمەس، بەلكى خەلق بەلگىلەيدۇ.

بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس. قارىماققا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەلپازى قورقۇنچلۇق، ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچى يوق. مەسىلىگە يىراقنى كوزدە تۇتۇش نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ھەقىقى قۇدرەتلىك كۈچ ئەكسىيەتچىلەردە ئەمەس، بەلكى خەلقتە. 1917-يىلدىكى روسسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى روسسىيىدە زادى قايسى تەرەپ ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى؟ كورۇنۇشىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى چار پادىشا كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى؛ ئەمما فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ بورىنى چار

پادشانى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئاخىرقى ھېساپتا، روسىيىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئىشچى-دېخان-ئەسكەرلەر سوۋېتى تەرىپىدە بولدى. چار پادىشا قەغەز يولۋاس بولۇپ چىقتى، خالاس. گىتلېرنى كىشلەر ناھايىتى كۈچلۈك، دەپ قارىغان ئەمەسمىدى؟ ئەمما تارىخ ئۇنىڭ قەغەز يولۋاس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مۇسسولىنىمۇ شۇنداق بولدى، ياپون جاھانگىرلىكىمۇ شۇنداق بولدى. ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى دېموكراتىيىنى ۋە ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان خەلقنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بولسا كىشلەرنىڭ مۆلچەرلىگىنىدىن كوپ قۇدرەتلىك بولۇپ چىقتى.

جياڭ جيېشى ۋە ئۇنى قوللىغۇچى ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىمۇ قەغەز يولۋاس. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تىلغا ئېلىنسا، كىشلەر ئۇنى ئاجايىپ قۇدرەتلىكتەك ھېس قىلىشىدۇ، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو خەلقىنى ئامېرىكىنىڭ «قۇدرەتلىك»لىگى بىلەن قورقۇتماقتا. لېكىن ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭمۇ، تارىختا ئۆتكەن ھەممە ئەكسىيەتچىلەرگە ئوخشاش، ھېچقانچە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئەمەسلىگى ئىسپاتلىنىدۇ. ئامېرىكىدا يەنە بىر تۈرلۈك كىشلەر، ھەقىقەتەن، كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە، ئۇلار — ئامېرىكا خەلقى.

جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ تايىنىدىغىنىمىز پەقەت سوك بىلەن مىلتىق، لېكىن تارىخ ئەڭ ئاخىر مۇشۇ سوك بىلەن مىلتىقنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئايرۇپىلان بىلەن تانكىسىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە جۇڭگو خەلقى ئالدىدا يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار تۇرسىمۇ، جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىرلىشىپ قىلىۋاتقان ھۇجۇمى ئاستىدا ئۇزاق مۇددەت جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدىغان بولسىمۇ،

ئەمما بۇ ئەكسىيەتچىلەر ئاخىر بىر كۈن مەغلۇپ بولىدۇ، بىز ئاخىر بىر كۈن غەلىبە قازىنىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئەمەس، پەقەت ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، بىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىز.

## ئىزاھ

① ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جياڭ جيېشىنىڭ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە غايەت زور ياردەملەرنى بەردى. 1946-يىل 6-ئايغىچە، ئامېرىكا گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن جەمئىي 45 شىنى قوراللاندۇردى؛ گومىنداڭغا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى خادىملىرى، ئىشپىيون-لار، قاتناش ساقچىلىرى، سەنمۇلار، ھەربىي دوختۇرلار، ھەربىي لاۋازى-ماتچىلار ۋە باشقىلار بولۇپ 150 مىڭ ھەربىي خادىم تەربىيىلەپ بەردى؛ ئۆزىنىڭ جۇنجيەن ۋە ئايروپىلانلىرى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن جەمئىي 41 شىدىن تەركىب تاپقان 14 جۈن، بۇنىڭدىن باشقا 8 قاتناش ساقچى زۇڭدۈيى بولۇپ جەمئىي 540 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئالدىنقى سەپكە توشۇپ بەردى؛ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 90 مىڭ كىشىلىك دېڭىز ئارمىيىسى لۇجەندۈينى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا چىقىرىپ، شاڭخەي، چىڭداۋ، تيەنجىن، بېيپىڭ، چىنخۇاڭ-داۋغا ئوخشاش موھىم شەھەرلەرنى بېسىپ ياتتى، شۇنىڭدەك خۇابېيدا گومىنداڭ ئۈچۈن قاتناش يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەردى. 1949-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى ئېلان قىلغان «ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ئاق تاشلىق كىتابتا ئاشكارىلانغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن تارتىپ 1948-يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە

بەرگەن ھەر خىل ياردەملىرى جەمى 4 مىليارت 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان (ئامېرىكىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە بەرگەن ياردەملىرىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى گومىنداڭ كېيىن خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ قالغان ئىدى). لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ جياڭ جيېشىغا بەرگەن ياردىمى بۇ ساندىن جىق كوپ. ئامېرىكىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋىدا، ئامېرىكىنىڭ جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىگە بەرگەن ياردىمى جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ «پۇل چىقىمىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراغىغا باراۋەر بولۇپ، مۇشۇ ھوكۇمەتنىڭ يۇيۇەنگە سېلىشتۇرغاندا، نىسبەت جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ھەرقانداق غەربىي ياۋروپا دولىتىگە بەرگەن ياردىمىنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتكەن» لىگى ئىقرار قىلىنغان.

# ئۈستۈن ئەسكري كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بر-برلەپ يوقتش توغرسدا*

**(1946 - يل 9 - ئاينڭ 16 - كۈنى)**

1. ئۈستۈن ئەسكري كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بر - برلەپ يوقتشتن① ئبارەت ئۇرۇش قلش ئۇسۇلنى جەنيلەرنى ئورۇن-لاشتۇرۇش جەھەتتلا قوللنش زورۇر بولۇپ قالماستن، بەلكى جەنشۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتمۇ قوللنش زورۇر.

2. جەنيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، دۈشمەن نۇرغۇن لۈي② (ياكى تۈەن) بلەن برقانچە يونۇلۇشكە بولۇنۇپ، ئارمي-مزگە قاراپ ئلگرلگەن ۋاقتتا، ئارميمز مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكري كۈچنى توپلاپ، يەنى دۈشمەننڭكدەك 6 ھەسسە، ياكى 5 ھەسسە، ياكى 4 ھەسسە، ئەڭ ئاز بولغاندمۇ 3 ھەسسە كېلدىغان

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەيارلغان جۇڭگو جۇڭياڭ ئنقلاۋي ھەربي ۋېيۈەنخۈيننڭ پارتيە ئچگە قاراتقان يوليورۇغى.

ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئەپلىك پەيت كەلگەندە، ئاۋال دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 1 لۈيى (ياكى تۈەنى)نى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىشى لازىم. بۇ لۈي (ياكى تۈەن) دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ لۈيلىرى ئىچىدە ئاجىزراق بولغان ياكى ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتى ئازراق بولغان ياكى بولمىسا ئورۇنلاشقان جايىنىڭ يەر شارائىتى ۋە خەلق ئەھۋالى دۈشمەن ئۈچۈن ئەپسىز، بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك بولغان لۈي بولۇشى كېرەك. ئارمىيىمىزنىڭ ئەشۇ لۈي (ياكى تۈەن)نى ئالدى بىلەن يوقىتىشقا پايدىلىق بولۇن ئۈچۈن، ئارمىيىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ قالغان لۈي (ياكى تۈەن)لىرىنى ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئارمىيىمىزنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ زەربە يەۋاتقان ئەشۇ لۈي (ياكى تۈەن)گە تېزدىن ياردەم بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشى لازىم. بۇنىڭدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ، ياكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ يەنە 1 لۈينى ھەتتا بىرنەچچە لۈينى يوقىتىش (مەسىلەن، سۇ يۈي، تەن جېنلىن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىمىزنىڭ رۇگاۋ ئەتراپىدا 8-ئاينىڭ 22-كۈنى دۈشمەننىڭ قاتناش ساقچى قىسىملىرىدىن 5 مىڭ كىشىنى، 8-ئاينىڭ 26-كۈنى دۈشمەننىڭ يەنە 1 لۈينى، 8-ئاينىڭ 27-كۈنى دۈشمەننىڭ يەنە 1 يېرىم لۈينى يوقاتقىنىغا[3]؛ يەنە ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىمىزنىڭ دىڭتاۋ ئەتراپىدا 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە دۈشمەننىڭ 1 لۈينى، 9-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن دۈشمەننىڭ يەنە 1 لۈينى، 9-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە دۈشمەننىڭ يەنە 2 لۈينى يوقاتقىنىغا[4] ئوخشاش) ياكى بولمىسا ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ-تەرتىپكە سېلىپ، يەنە بىر جەڭگە

تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. جەنىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دۈشمەنگە سەل قارايدىغان، شۇنىڭ بىلەن، بىرقانچە يونىلىشتىكى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىمىز، دەپ، ئەسكىرىي كۈچنى تەكشى بۆلۈۋېتىدىغان، نەتىجىدە بىر يونىلىشتىكى دۈشمەننىمۇ يوقىتالمايدىغان، ئۆزىمىزنى بىيدۇك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان خاتا ئۇرۇش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇش لازىم.

3. جەڭنۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئارمىيىمىز مۇتلەق ئۇستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىرقانچە يونىلىشىدىن بىر يونىلىشنى (1 لۇيى ياكى 1 تۇەننى) مۇھاسىرىگە ئالغان ۋاقىتتا، ئارمىيىمىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان بۆلۈنمىلىرى (ياكى قىسىملىرى) بىز تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان دۈشمەننى بىردىنلا، بىر ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈنلەي يوقىتىمىز، دەپ، ئەسكىرىي كۈچنى تەكشى بۆلۈۋېتىپ، ھەممە جايدا ھۇجۇم قىلىپ، ھەممە جايدا ئاجىز كېلىپ، ۋاقىتنى ئۇزاققا سوزۇپ، ئۇنۇم ھاسىل قىلالماي قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئارمىيىمىز مۇتلەق ئۇستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، يەنى دۈشمەننىڭكىدەك 6 ھەسسە، 5 ھەسسە، 4 ھەسسە، ئاز بولغاندىمۇ 3 ھەسسە كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ۋە توپچى قىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ياكى كوپ قىسمىنى توپلاپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ جېنىدىلىرىدىن ئاجىزراق بىرىنى (ئىككىسىنى ئەمەس) تاللاپ، ئۇنى شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن چوقۇم ئېلىشى كېرەك. ئالغاندىن كېيىن، ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېزلىكتە كېڭەيتىپ، بۇ دۈشمەنلەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىشى لازىم.

4. بۇنداق ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇمى شۇنداق بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، پۈتۈنلەي يوقاتقىلى؛ ئىككىنچىدىن، تېز ھەل قىلغىلى

بولىدۇ. پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، دۈشمەن ئارمىيىسىگە ئەڭ ئۈنۈملۈك
زەربە بەرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ
1 تۈەنى يوقىتىلسا، 1 تۈەنى ئازىيىدۇ، 1 لۈيى يوقىتىلسا، 1 لۈيى
ئازىيىدۇ. ئىككىنچى سەپ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرسىز بولغان دۈش-
مەنگە قارىتا مۇشۇنداق ئۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەڭ مۇۋاپىق.
پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، ئۆزىمىزنى ئەڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تولۇقلى-
ۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا، ئارمىيىمىزنىڭ قورال-ياراق
ۋە ئوق-دورىلىرىنىڭلا ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى
ئەسكەرلەرنىڭمۇ موھىم مەنبەسى. پۈتۈنلەي يوقاتقاندا، دۈشمەن
ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشىدۇ، كۆڭلى سۇنىدۇ؛ بىزنىڭ ئەسكەر-
لىرىمىزنىڭ بولسا روھى ئۆسىدۇ، كۆڭلى كۆتىرىلىدۇ. تېز ھەل
قىلىش بولسا ئارمىيىمىزنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ياردەمگە كەلگەن
قوشۇنلىرىنى بىر-بىرلەپ يوقىتىش ئىمكانىيىتىگە شۇنىڭدەك دۈشمەن
ئارمىيىسىنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. جەنشۇ ۋە جەنيى جەھەتلەردە تېز ھەل
قىلىش — جەنلۈې جەھەتتە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشنىڭ زۆرۈر
شەرتى.

5. ھازىر ئارمىيىمىزدىكى كادىرلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر،
ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-
بىرلەپ يوقىتىش پىرىنسىپىنى ماقۇل كۆرىدۇ؛ لېكىن ئۇرۇشقا كەل-
گەندە، كۆپىنچە بۇ پىرىنسىپنى قوللىنالمايدۇ. بۇ — دۈشمەنگە سەل
قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيتمىگەن-
لىكنىڭ ۋە تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكنىڭ
نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەن ئۇرۇشتىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈپ،

بۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈش، بۇنىڭ جىياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى يېڭىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، غەلىبە قازىنىمىز. بۇ ئۇسۇلغا خىلاپلىق قىلغاندا، مەغلۇپ بولىمىز.

6. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش پرىنسىپى ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقىنى يوق، ئۇ-ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشقا باشلىغىنىدىن تارتىپ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوبدان ئەنئەنىسى. لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئارمىيىمىز ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈپ، پارتىزان ئۇرۇشى قىلىشنى ئاساس، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، يۆندۈكچەن قىلىشنى قوشۇمچە قىلغان ئىدى. ھازىرقى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە ئەھۋال ئۆزگەردى، ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك، ئارمىيىمىز ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، يۆندۈكچەن قىلىشنى ئاساس، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈپ، پارتىزان ئۇرۇشى قىلىشنى قوشۇمچە قىلىشى كېرەك. جىياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ قوراللىرى كۈچەيتىلگەن شارائىتتا بولسا، ئارمىيىمىزدە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ئالاھىدە تەكىتلىنىشى لازىم.

7. دۈشمەن ھۇجۇم قىلىش ئورنىدا، بىز مۇداپىئەلىنىش ئورنىدا تۇرغان چاغدا، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش زۆرۈر. دۈشمەن مۇداپىئەلىنىش ئورنىدا، بىز ھۇجۇم قىلىش ئورنىدا تۇرغان چاغدا بولسا، ئىككى خىل ئەھۋال بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. ئەگەر ئارمىيىمىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۆپ، شۇ جايدىكى دۈشمەن

ئارمىيىسى ئاجىزراق بولغان ياكى ئارمىيىمىز دۈشمەنگە كۆتمىگەن يەردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا توغرا كەلگەن ۋاقىتتا، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىرقانچە قىسمىغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، 6-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە شەندۇڭدىكى قوشۇنلىرىمىزنىڭ چىڭداۋ-جىنەن ۋە تيەنجىن-پۇكۇ تۆمۈريوللىرى بويىدىكى ئون نەچچە شەھەر ۋە جىنىنى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغىنى⑤، مەسىلەن يەنە، 8-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قوماندانلىغىدىكى قوشۇنىمىزنىڭ لۇڭ-خەي تۆمۈريولىنىڭ كەيفېڭ-شۈيجۇ قىسمى بويىدىكى ئون نەچچە شەھەر ۋە جىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغىنىغا ئوخشاش⑥. ئەگەر ئارمىيىمىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرلىك بولمىسا، بىرنەچچە شەھەر ۋە جىنىدىكى دۈشمەنگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلماي، دۈشمەن ئارمىيىسى ئىشغالىيىتىدىكى بىرقانچە شەھەرنى بىر-بىرلەپ تارتىۋېلىش كېرەك. مەسىلەن، سەنشىدىكى قوشۇنىمىز داتۇڭ-پۇجۇ تۆمۈريولى بويىدىكى شەھەرلەرنى⑦ تارتىۋېلىشتا ئەنە شۇنداق قىلدى.

8. ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى توپلىنىپ، دۈشمەننى يوقىتىش ۋاقتىدا يەرلىك بىگتۇەنلەر، يەرلىك پارتىزان دۈيلىرى ۋە مىنبىڭلارنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشى لازىم. يەرلىك بىگتۇەنلەر (ياكى قىسىملار) دۈشمەننىڭ 1 تۇەن، 1 يىڭ ياكى 1 لىيەنگە ھۇجۇم قىلغان چاغدىمۇ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش پرىنسىپىنى قوللىنىشى لازىم.

9. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش پرىنسىپى جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىشنى ئاساسىي

نىشان قىلماي، بەلكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىدۇ. بەزى پەيتلەردە، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىش مەقسىدىدە ياكى ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر زەربە-سىدىن ساقلاپ قېلىش، دەم ئالدۇرۇپ-تەرتىپكە سېلىش، يەنە ئۇرۇش قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىدىدە مەلۇم جايلارنى تاشلاپ چىقىشقا يول قويۇلىدۇ. پەقەت ئارمىيىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى كۆپلەپ يوقىتالىغاندىلا، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ۋە يېڭى جايلارنى تارتىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقاتقانلار-نى مۇكاپاتلاش كېرەك. دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرىنى يوقاتقانلارلا مۇكاپاتلىنىپ قالماستىن، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش دۈيى ۋە خۇەنشياڭدۈيلىرىگە⑧ ئوخشاش ئەكسىيەتچى يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىنى يوقاتقانلارمۇ مۇكاپاتلىنىشى كېرەك. لېكىن، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىشقا مۇمكىن بولغان جايلارنى ۋە جەنيى، جەنشۇ جەھەتلەردىن ئەھمىيىتى بولغان جايلارنى بولسا ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، خاتالىق سادىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەشۇنداق جايلارنى ساقلاپ قالالىغان ياكى تارتىۋالالىغانلارمۇ مۇكاپاتلىنىشى كېرەك.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تومدىكى ئەسەرلەردە ئېيتىلغان «دۈشمەننى يوقىتىش»

دېگەن سوز دۇشمەننى ئولتۇرۇش، يارىدار قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىشنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

② گومىنداڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە، ئەسلىدە، 1 جۈنگە 3 شى ياكى 2 شى، 1 شىغا 3 تۇەن قارايتتى. 1946 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ شۇ ۋاقىتتا خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى رايون ـ لاردا تۇرغان مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى مۇددەتكە بولۇپ ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ئاۋالقى جۈننى ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان شىغا، شىنى لۈيگە ئوزگەرتتى، لۈيگە 3 تۇەن ياكى 2 تۇەن قارايدىغان بولدى. خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا تۇرغان بىر قىسىم قوشۇنلىرى ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنماي، ئاۋالقى تۈزۈلۈشى بويىچە قېلىۋەردى. ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان بەزى شىلارنىڭ جۈن تۈزۈلۈشى كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

③ 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭ ئارمىيىسى جياڭسۇ ـ ئەنخۇي ئازات رايونىغا كەڭ تۈردە بېسىپ كىرگەندە، ئارمىيىمىز قەھرىمانلىق بىلەن ئوزىنى قوغدىدى. ئوتتۇرا جياڭسۇ ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلغان دۇشمەن قوشۇنى تاڭ ئېنبو قوماندانلىقىدىكى 15 لۈي بولۇپ، تەخمىنەن 120 مىڭ ئادەم ئىدى. خۇادۇڭ خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ سۇ يۈي، تەن جېنلىن قاتارلىق يولداشلار قوماندانلىقىدىكى 18 تۇەنى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە، ئوتتۇرا جياڭسۇنىڭ تەيشىڭ، رۇگاۋ، خەيئەن، شاۋبو تەرەپلىرىدە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئۇدا 7 قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، دۇشمەن ئارمىيىسىدىن جەمى 6 لۈينى، قاتناش ساقچى قىسمىدىن 5 دادۇينى يوقاتتى. بۇ ئەسەردە كورسىتىلـ گىنى — شۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى.

④ 1946 ـ يىل 8 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شۈيجۇ، جېڭجۇ تەرەپلەردىن ئىككى يونىلىشكە بولۇنۇپ، سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن ئازات رايونىغا بېسىپ كىردى. سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن خەلق جېيفاڭجۈنى لىيۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ

قوماندانلىقىدا ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، جىڭجۇدىن يولغا چىققان بىر يونۇلۇش دۈشمەن قوشۇنىغا ئالدىنى توسۇپ زەربە بەردى، 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە ئىلگىر-كېيىن بولۇپ شەندۇڭنىڭ خېزې، دىڭتاۋ، ساۋشيەن تەرەپلىرىدە دۈشمەن ئارمىيىسىدىن 4 لۈينى يوقاتتى.

⑤ 1946-يىل 6-ئاينىڭ 1-ئون كۈنى ئىچىدە، شەندۇڭ خەلق جىيفاڭجۈنى چىڭداۋ-جىنەن ۋە تيەنجىن-پۇكۇ تومۇريوللىرى بويىدا قورچاق قوشۇنلارغا قارشى جازا يۈرۈش ئۇرۇشى قىلىپ، ئىلگىر-كېيىن بولۇپ جياۋشيەن، جاڭدىيەن، جۇسۇن، دېجۇ، تەيئەن، زاۋجۇاڭ قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق شەھەر ۋە جېننى ئازات قىلدى.

⑥ سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن خەلق جىيفاڭجۈنى جۇڭيۈەن ۋە خۇادۇڭ خەلق جىيفاڭجۈنلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1946-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە، بىرقانچە يونۇلۇشكە بۆلۈنۈپ، لۇڭ-خەي تومۇريولىنىڭ كەيفېڭدىن شۈيجۇغىچە بولغان قىسمىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىر-كېيىن بولۇپ داڭشەن، لەنفېڭ، خۇاڭكۇ، لىجۇاڭ، ياڭجى قاتارلىق 10دىن ئارتۇق شەھەر ۋە جېننى ئالدى.

⑦ 1946-يىل 7-ئايدا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خۇزۇڭنەن ۋە يەن شىشەن قىسىملىرى بىرلىشىپ، جەنۇبىي سەنشى ئازات رايونىغا بېسىپ كىردى. سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ تەيۇې قىسمى بىلەن سەنشى-سۈيۈەن خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ بىر قىسمى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جەنۇبىي سەنشىدىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى زەربە بىلەن چېكىندۈردى؛ يەنە 8-ئايدا، داتۇڭ-پۇجۇ تومۇريولىنىڭ لىنفېندىن لىڭشىگىچە بولغان قىسمىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلگىر-كېيىن بونۇپ خۇڭدۇڭ، جاۋچېڭ، خوشيەن، لىڭشى، فېنشى شەھەرلىرىنى ئازات قىلدى.

⑧ خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە بەزى ئازات رايونلاردىكى

يومشىلىك ۋە زومىگەرلەر گومىنداڭ هوكۇمرانلىقىدىكى رايونلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. گومىنداڭ ئۇلاردىن «خۇەنشياگۇدۇي»، «خۇەنشياگتۇەن»گە ئوخشاش ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچ تەشكىللىدى، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن بىللە ئازات رايونلارغا هۇجۇم قىلدى. بۇ يومشىلىك-لارنىڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلىرى، بارغانلا جايدا، بۇلاڭ-تالاڭ، قىرغىن-چاپقۇن يۈرگۈزدى، ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى.

# ئامېرىكا «كېلىشتۈرۈشى»نىڭ ھەقىقى سىرى ۋە جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى

— ئامېرىكا مۇخبىرى ستىل بىلەن سوھبەت

(1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)

ستىلنىڭ سوئالى: جانابىڭىز، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولدى، دەپ ھېساپلامسىز؟ ئەگەر ئامېرىكا سىياستى ھازىرقى پېتىچە يۈرگۈزۈلىۋەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

ماۋزېدۇڭنىڭ جاۋاۋى: مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سىياستىنى كېلىشتۈرۈش[1] دېيىشتىن بەك گۇمانلىنىمەن. ئامېرىكىنىڭ جياڭ جېيشىغا كۆپلەپ ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتتىن قارىغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى «كېلىشتۈرۈش» دېگەن نىمنى پەردە قىلىپ، جياڭ جېيشىنى ھەر

تەرەپتىن كۈچەيتىش ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىنى بوغۇپ، جۇڭگونى، ئەمىلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ سىياسەت يۈرگۈزۈلىۋېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن جۇڭگودىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر خەلقنى ھەركەتكە كېلىپ قەتئىي قارشى چىقىشقا قوزغىشى مۇقەررەر.

سوئال: جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشى قاچانغىچە سوزۇلىدۇ؟ ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاپ: ئەگەر ئامېرىكا ھوكۇمىتى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان جياڭ جيېشىغا ياردەم بېرىش سىياستىدىن ۋازكەچسە، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسە، موسكۋادا ئوتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى يىغىنىنىڭ كېلىشىمىگە② ئەمەل قىلسا، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشى جەزمەن بۇرۇنراق ئاياقلىشىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىر تەرەپتىن، ئەلۋەتتە، جۇڭگو خەلقى ئازاپ-ئوقۇبەت چېكىدۇ؛ لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو خەلقى چوقۇم ئىتتىپاقلىشىپ، ئوز ھاياتىنى قوغدايدۇ، ئوز تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەيلى قانداقلا جاپا-مۇشەققەتلەر يۈزبەرسۇن، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق، تېچلىق ۋە دېموكراتىيە يولىدىكى ۋەزىپىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ھەرقانداق ئەزگۈچى كۈچلەر بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

سوئال: جانابىڭىز جياڭ جيېشىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ «مۇقەررەر داھىسى» دەپ ھېساپلامسىز؟ گوڭچەنداڭ جياڭ جيېشىنىڭ 5 تۇرلۇك

تەلىۋىنى③ ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ قوبۇل قىلمامدۇ؟ ئەگەر گومىنداڭ گۇڭچەنداڭ قاتناشمىغان گومىنداخۇي④ چاقىرىشقا ئۇرۇنسا، گۇڭچەنداڭ قانداق ھەركەت قوللىنىدۇ؟

جاۋاپ: دۇنيادا «مۇقەررەر داھى» دىگەن نىمە يوق. جياڭ جيېشى ئەگەر جۇڭگونىڭ سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى بۇ يىل 1 ـ ئايدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمگە⑤ ۋە سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ ئورتاق قارارلىرىغا⑥ خىلاپ بولغان «5 تۇرلۇك» ياكى 10 تۇرلۇك دىگەن بىر تەرەپلىمە تەلىۋى بويىچە ئەمەس، بەلكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كېلىشىم ۋە قارارلار بويىچە ھەل قىلسا، ئۇ ھالدا بىز يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەشنى خالايمىز. گومىنداخۇي پەقەت سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ قارارلىرى بويىچە پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ بىرلىكتە مەسئۇل بولۇشى بىلەن چاقىرىلىشى لازىم، ئۇنداق قىلىنمىسا، بىز قەتئى قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتىمىز.

## ئىزاھلار

① 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئامېرىكا ھوكۇمىتى مارشاللىنى زۇڭتۇڭنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە جۇڭگوغا ئەۋەتىپ، «گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەربى توقۇنۇشنى كېلىشتۇرۇش» دىگەن نىمىنى نىقاپ قىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ھەر تەرەپتىن كۈچەيتمەكچى بولدى. جياڭ جيېشىمۇ ۋاقىتنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، جۇڭگو گۇڭچەنداگى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىچكى

ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدىكى تەلىۋىنى كۆرۈنۈشتە قوبۇل قىلغاندەك بولدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ ۋەكىلى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى، ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇغىنى جاكالىدى ھەمدە ئامېرىكا ۋەكىلى قاتناشقان «3 كىشىلىك گۇرۇپپا» ۋە «بېيپىڭ ھەربىي ئىشلارنى كېلىشتۈرۈش ئىجرائىيە بۆسى»نى قۇردى. «كېلىشتۈرۈش» دېگەن نىمىنى ئىجرا قىلىش مەزگىلىدە، مارشال خىلمۇ ـ خىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئاۋال دۇڭبېيدا، كېيىن يەنە خۇابېي، خۇادۇڭ، خۇاجۇڭلاردا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئازات رايونلارغا بېسىپ كىرىشىگە ياردەم بەردى، شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى پائال تەربىيىلىدى ۋە قوراللاندۇردى، جياڭ جيېشىنى كۆپلىگەن قورال ـ ياراق ۋە ئۇرۇشقا كېرەكلىك باشقا ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدى. 1946 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە، جياڭ جيېشى گومىنداڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى (تەخمىنەن 2 مىليون كىشى) نىڭ 80 پىرسەنتىنى ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلدۇرغان ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ بولدى، بۇلارنىڭ 540 مىڭدىن ئارتۇقراغىنى ئامېرىكىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى جۇنجيەن ۋە ئايروپىلانلار بىلەن بىۋاستە توشۇپ بەردى. جياڭ جيېشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 7 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، مارشال 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستۇئارت لېيتون بىلەن بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، «كېلىشتۈرۈش» مەغلۇپ بولدى، دەپ جاكالاپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى بىمالال ئېلىپ بېرىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

② بۇ 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى موسكۋا يىغىنىنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمىنى كۆرسىتىدۇ. موسكۋا يىغىنىنىڭ ئاخباراتىدا، 3 دۆلەت ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى «جۇڭگونىڭ ئىچكى

ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى»؛ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىلىرىنى جۇڭگودىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بۇرۇنراق ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بىردەك قوشۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىمنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلدى. پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، سوۋېت ئارمىيىسى چېكىنىپ چىقىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى. 1946-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ دۇڭبېي زېمىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى. لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئارمىيىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ھالدا ئارىلاشتى.

③ 1946-يىل 6 ۋە 8-ئايلاردا جياڭ جېيشى جۇڭگو گۇڭچەنداڭغا ئىلگىرى-كېيىن ئىككى قېتىم 5 تۈرلۈك تەلەپ دېگەن نەرسىنى قويۇپ، پەقەت جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ بۇ تەلەپلەرنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى ئويلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ، دېدى. بۇ 5 تۈرلۈك تەلەپ جۇڭگو خەلق جېفاڭجۈنىنى تۆۋەندىكى جايلاردىن: 1) لۇڭ-خەي تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق جايلاردىن؛ 2) جىڭداۋ-جىنەن تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن قىسمىدىن؛ 3) چېڭدېدىن ۋە چېڭدېنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن؛ 4) دۇڭبېينىڭ كۆپ قىسمىدىن؛ 5) 1946-يىل 6-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن كېيىن ئازات رايونلاردىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى شەندۇڭ، شەنشى ئۆلكىلىرىدىكى قورچاق قوشۇنلار قولىدىن ئازات قىلغان بارلىق جايلاردىن چىقىپ كېتىشۇن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي تەلەپلەرنى قەتئىي رەت قىلدى.

④ 1946-يىل 1-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، گومىنداخۇي ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار قاتناشقان دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق داخۇي بولۇشى ۋە سىياسى مەسلە-

ھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ كېلىشىملىرى ئەمەلگە قويۇلغاندىن كېيىن، قايتا تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە چاقىرىلىشى لازىم ئىدى. 1946-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى جاڭجىياكۈنى بېسىۋالدى، جياڭ جيېشى گۇرۇھى مۇشۇ «غەلىبە»دىن ئەسەنكىرەپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى قارارىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ، گومىنداڭ ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدىغان، ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزىدىغان «گومىنداخۇي»نى چاقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-دى. بۇ «گومىنداخۇي» شۇ يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى نەنجىڭدا رەسمى ئېچىلدى، لېكىن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ۋە رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

⑤ مۇشۇ تومدىكى «جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلايلى»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑥ مۇشۇ تومدىكى «جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلايلى»نىڭ ② ئىزاھىغا قارالسۇن.

# ئۈچ ئايلىق خۇلاسە*

**(1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)**

1. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭياڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇغىدا[1]: «جياڭ جيېشىنى يېڭەلەيمىز. بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيىدە تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن ئىدى. ئۈچ ئايلىق ــ 7، 8، 9 ـ ئايلىق ئۇرۇش بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

2. سىياسى جەھەتتىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نېگىزلىك زىددىيەتلەرنى جياڭ جيېشى يېڭەلمەيدۇ، بۇ بىزنىڭ چوقۇم غەلىبە

---

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى. بۇ يوليورۇقتا، 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن بۇيانقى ئۈچ ئايلىق ئۇرۇشنىڭ بىرقاتار تەجرىبىلىرى تەپسىلى يەكۈنلەنگەن، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى ۋە ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىر مەزگىللىك قىيىنچىلىقنى يەڭگەندىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قازى-

قازىنىشىمىزنىڭ، جىياڭ جيېشىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي جەھەتتە جىياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش سىپىنىڭ بەك كەڭ بولۇشى بىلەن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئوتتۇرىسىدىمۇ كەسكىن زىددىيەت تۇغۇلدى. بۇ زىددىيەت، مۇقەررەركى، بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ، جىياڭ جيېشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

3. قورچاق قوشۇن، ئامانلىق ساقلاش دۈيى، قاتناش ساقچى قىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جىياڭ جيېشىنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلغان پۈتۈن مۇنتىزىم ئارمىيىسى جەمى 190 نەچچە لۈي. بۇ ساندىن باشقا، شىمالغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كوپ دىگەندە، جەنۇپتىن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى يوتكىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يوتكىشى قىيىن. ھالبۇكى، بۇ 190 نەچچە لۈيدىن ئوتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئارمىيىمىز 25 لۈينى يوقاتتى. بۇ يىل 2-ئايدىن 6-ئايغىچە ئارمىيىمىز تەرىپىدىن دۈگىيىدا يوقىتىلغانلىرى تېخى بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

4. جىياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ 190 نەچچە لۈيىنىڭ يېرىمى

---

نىدىغانلىقى كورسىتىلگەن. خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا مەدەت بېرىش ۋە ماسلىشىش ئۈچۈن ھەل قىلىش زورۇر بولغان ئازات رايونلار ئىچىدىكى يەر ئىسلاھاتى مەسىلىسى، ئازات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى ئاممىۋى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ بۇ ھوججەتتە پىرىنسىپلىق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن.

دېگۈدەك مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە توغرا كېلىدۇ، دالا ئۇرۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغانلىرى ئاران يېرىمىدىن كۆپرەك. ھالبۇكى، دالا ئۇرۇشىنى ئۈستىگە ئالغان مۇشۇ ئەسكىرىي كۈچلىرى مەلۇم بىر رايونغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭمۇ بىر قىسمى ھەتتا كۆپ قىسمى مۇقەررەر ھالدا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. دۈشمەننىڭ يېجەنجۈنلىرى، بىر جەھەتتىن، بىز تەرەپتىن ئۈزلۈكسىز يوقىتىلىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، كۆپلەپ مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇشقانسىرى چوقۇم ئازىيىپ بارىدۇ.

5. ئۈچ ئاي ئىچىدە، دۈشمەننىڭ بىز تەرەپتىن يوقىتىلغان 25 لۈيى ئىچىدە تاڭ ئېنبو قىسمى (ئەسلى لى موئەن قىسمى)دىن 7 لۈي، شۈې يۆې قىسمىدىن 2 لۈي، گۇ جۇتۇڭ قىسمى (ئەسلى ليۇ جىڭ قىسمى)دىن 7 لۈي، خۇ زۇڭنەن قىسمىدىن 2 لۈي، يەن شىشەن قىسمىدىن 4 لۈي، ۋاڭ ياۋۋۇ قىسمىدىن 2 لۈي ۋە دۇ يۈيمىڭ قىسمىدىن 1 لۈي بار. دۈشمەننىڭ لى زۇڭرېن، فۇ زويى، ما خۇڭكۇي، چېڭ چيەن قىسىملىرىدىن ئىبارەت 4 قىسمىنىڭ تېخى ئارمىيىمىزنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىمىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان 7 قىسمى ئارمىيىمىزنىڭ خېلى قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى، ياكى دەسلەپكى زەربىسىگە ئۇچرىدى. بىزنىڭ قاتتىق زەربىمىزگە ئۇچرىغانلار — دۇ يۈيمىڭ (بۇ يىل 2-ئايدىن 6-ئايغىچە دۇڭبېيدا بولغان ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تاڭ ئېنبو، گۇ جۇتۇڭ، يەن شىشەنلەر. بىزنىڭ دەسلەپكى زەربىمىزگە ئۇچرىغانلار — شۈې يۆې، خۇ زۇڭنەن، ۋاڭ ياۋۋۇلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارمىيەمىزنىڭ جياڭ جېشىنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

6. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋەزىپە — دۈشمەن ئارمى-

يىسىدىن يەنە تەخمىنەن 25 لۈيىنى يوقىتىش. بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانسا، جياڭجيېشى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمنى توختىتىش ھەمدە قولىدىن كەتكەن جايلارنى قىسمەن قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن. شۇنى مولچەرلەش مۇمكىنكى، دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ئىككىنچى قېتىم يەنە 25 لۈيىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپە ئورۇنلىنىپ بولغاندا، ئارمىيىمىز جەزمەن جەنلۈي جەھەتتىكى جۇدۇڭلۇقنى قولغا ئېلىپ، مۇداپىيەدىن ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ۋەزىپىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ئۈچىنچى قېتىم يەنە 25 لۈيىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداق قىلالىساق، قولدىن كەتكەن جايلارنىڭ كوپ قىسمىنى ھەتتا ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالالايمىز ھەمدە ئازات رايونلارنى كېڭەيتەلەيمىز. ئۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ھەربى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوقۇم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئۆپچۆرىسىدە، ئوتكەن ئۈچ ئايدا دۈشمەننىڭ 25 لۈيىنى يوقاتقان ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسىدىن يەنە 25 چە لۈيىنى يوقىتىش كېرەك. بۇ — دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچى②.

7. ئوتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە بىز خۇەيىن، خېزې، چېڭدې، جىنىڭغا ئوخشاش بىرنەچچە ئون ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدۇق. بۇلارنىڭ كوپچىلىگىنى تاشلاپ چىقماي بولمايتتى ۋە جۇدۇڭلۇق بىلەن ۋاقىتلىق تاشلاپ چىقىش كېرەك ئىدى؛ بىر قىسمىنى ئورۇشنى ياخشى قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. قانداق بولسا بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشنى ياخشى قىلىدىغانلا بولساق، قولدىن كەتكەن جايلارنى

قايتۇرۇۋالالايمىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىر قىسىم جايلارنى، ئامالسىز قالغان ۋاقتىمىزدا، دۈشمەن بېسىۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما كەلگۈسىدە ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالالايمىز. جايلار ئوتكەنكى ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشى، خاتالىقلارنى تەكرارلاپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

8. ئوتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە، جۇڭيۈەن جىيفاڭجۈنىمىز چەكسىز غەيرەت بىلەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى يەڭدى، ئۇنىڭ بىر قىسمى كونا ئازات رايونلارغا يوتكەلگەندىن باشقا، ئاساسىي كۈچى جەنۇبىي شەنشى، غەربىي خۇبېي رايونلىرىدا ئىككى پارتىزان گېنجۈيدىسى[3] بەرپا قىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شەرقىي خۇبېيدىمۇ، ئوتتۇرا خۇبېيدىمۇ قىسىملىرىمىز پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. مانا بۇلار كونا ئازات رايونلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا ناھايىتى چوڭ ياردەم بەردى ۋە داۋاملىق ياردەم بېرىۋاتىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلاردا تېخىمۇ زور رول ئوينايدۇ.

9. ئوتكەن ئۈچ ئايلىق ئۇرۇش جياڭ جېيشىنىڭ ئەسلىدە دۈگېبىيغا يوتكىمەكچى بولغان بىرنەچچە كۈچلۈك قىسمىنى گۇەنبېيدە تۇتۇپ تۇردى، بۇ ھال بىزنى دۈگېبېيدىكى قوشۇنلىرىمىزنى دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش، ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ كەلگۈسىدىكى كۆرەشلىرىمىز ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

10. ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش ئوتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە دۈشمەننىڭ 25 لۈينى يوقىتىشتا قوللىنىلغان بىردىن-بىر توغرا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى بولدى.

بىزنىڭ توپلىغان ئەسكىرىي كۈچىمىز دۈشمەننىڭكىدەك 6 ھەسسە، 5 ھەسسە، 4 ھەسسە، ئاز دېگەندە 3 ھەسسە كېلىدىغان بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، دۈشمەننى ئۈنۈملۈك ھالدا يوقاتقىلى بولىدۇ. مەيلى جەنىيى جەھەتتە ياكى جەنشۇ جەھەتتە بولسۇن، شۇنداق بولۇشى لازىم. مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك جىڭخۇيېيۈەنلەر ياكى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

11. ئۆتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە، ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 25 لۈيىنىلا يوقىتىپ قالماستىن، يەنە قورچاق قوشۇن، ئامانلىق ساقلاش دۈيى، قاتناش ساقچى قىسىملىرىغا ئوخشاش ئەكسىيەتچى قوشۇنلاردىنمۇ بىرمۇنچىسىنى يوقاتتى، بۇمۇ زور ئۇتۇق. بۇنداق قوشۇنلارنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپلەپ يوقىتىۋېرىش كېرەك.

12. ئۆتكەن ئۈچ ئايلىق تەجرىبىلەر مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: دۈشمەن قوشۇنىنىڭ 10 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىش بەدىلىگە ئۆزىمىزدىن 2 مىڭدىن 3 مىڭغىچە ئادەم يارىدار ۋە قۇربان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن (ھەرقايسى جايلار ھەممە جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك)، بۇنىڭدىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچنى پىلانلىق ھالدا كېڭەيتىپ، ئاساسىي قوشۇنلار تەركىۋىنىڭ ھەر دائىم تولۇق بولۇشىغا كاپالەت بېرىش ۋە ھەربىي كادىرلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەش لازىم. پىلانلىق ھالدا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش لازىم، بۇنىڭدا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارقاق باشقۇرۇش، ئارمىيىگىمۇ،

خەلقىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش[4] قاتارلىق پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇلارنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

13. ئۆچ ئايلىق تەجرىبىلەر مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: 1-ئايدىن 6-ئايغىچە، ئۇرۇش توختىغان مەزگىلدە، جۇڭگىنىڭ يولىيورۇغى بويىچە، ھەربى تەلىمنى جىددىي ئېلىپ بارغانلىقى قوشۇنلارنىڭ (جۇڭگىڭ جايلارغا ھەربى تەلىم، ئىشلەپچىقىرىش ۋە يەر ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك خىزمەتنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىش توغرىسىدا قايتا-قايتا يولىيورۇق بەرگەن ئىدى) جەڭ ئۇنۇمى ئۆستۈرەك بولدى، ئۇنداق قىلمىغانلارنىڭ بولسا تولىمۇ تۆۋەن بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلار جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ھەربى تەلىمنى كۈچەيتىشى لازىم. بارلىق قوشۇنلار سىياسى خىزمەتنى كۈچەيتىشى لازىم.

14. ئۆچ ئايلىق تەجرىبىلەر مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: جۇڭگىنىڭ «4-ماي يولىيورۇغى»[5]نى قەتئىي ۋە تېز ئىجرا قىلىپ، يەر مەسىلىسىنى چوڭقۇر ۋە ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلغانلىقى جايلاردا، دېھقانلار پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى. «4-ماي يولىيورۇغى»نى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولمىغان ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەك كېچىكتۈرۈۋەتكەن ياكى ئۇلۇك ھالدا بىرىنچىچە باسقۇچقا بولۇۋەتكەن ياكى بولمىسا ئۇرۇشنىڭ ئالدىراشلىقىنى بانا قىلىپ، يەر ئىسلاھاتىغا ئېتىۋارسىز قارىغانلىقى جايلاردا دېھقانلار قاراپ بېقىش مەۋقەسىدە تۇردى. جايلار بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇرۇش ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، دېھقانلار ئاممىسىغا قەتئىي رەھبەرلىك

قىلىپ، يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى ۋە يەر ئىسلاھاتى ئاساسىدا كېلەر يىللىق كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

15. ئۈچ ئايلىق تەجرىبىلەر مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: مېنىڭ، پارتىزان دۇيى، قوراللىق خىزمەت دۇيىگە ئوخشاش يەرلىك قوراللىق كۈچلەر ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغانلىكى جايلاردا، نۇرغۇن شەھەر ۋە قاتناش يوللىرىنى دۈشمەن ۋاقىتلىق بېسىۋالغان بولسىمۇ، بىز كەڭ يېزىلارنى ئاۋالقىدەكلا تۇتۇپ تۇرالىدۇق. يەرلىك قوراللىق كۈچلەر ئاجىز بولغان ۋە ئۇلارغا ياخشى رەھبەرلىك قىلىنمىغانلىكى جايلاردا بولسا دۈشمەنگە ناھايىتى زور ئوڭايلىقلار تۇغدۇرۇپ قويۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن ۋاقىتىنچە بېسىۋالغان جايلاردا يەرلىك قوراللىق كۈچنى راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەركەتلىرىگە زەربە بېرىش لازىم.

16. ئۈچ ئايلىق ئۇرۇش گومىنداڭنىڭ ئۆزىنىڭ زاپاس كۈچىنى پات يېقىندا تۈگىتىپ قويۇش ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى ھەربىي كۈچلەرنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئەسكەر ئېلىش ۋە نەرسە ئېلىشى[6] ئەسلىگە كەلتۈرۈشى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، بۇ ھال ئاممىۋى كۈرەشنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا پايدىلىق بولدى. پۈتۈن پارتىيە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى ئاممىۋى كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى پارچىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

17. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئامېرىكىنىڭ كورسەتمىسى ئاستىدا، بۇ يىل 1 - ئايدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى بۇزدى، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا بەل باغلىدى، خەلق دېموكراتىك كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ بارلىق چىرايلىق سوزلىرى ئالدامچى-لىقتىنلا ئىبارەت، ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ بارلىق سۇيىقەستلى-رىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم.

18. ئۈچ ئايدىن بۇيان، گومىنداڭ رايونلىرىدىكى كەڭ تەبىقىدىكى خەلقنىڭ جۇملىدىن مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ ئوزئارا تىل بىرىكتۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشى ۋە خەلقنى ئېزىشىدىن ئىبارەت بۇ ئەھۋالغا بولغان تونۇشى ناھايىتى تېز ئوستى. مارشالل كېلىشتۇرۇشى — ئالدامچىلىق، گومىنداڭ — ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى، دىگەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگۈچىلەر كۈندىن - كۈنگە كوپىيىۋاتىدۇ. كەڭ ئاممە ئامېرىكا ۋە گومىنداڭدىن پۈتۈنلەي ئۈمىت ئۈزۈپ، ئوز ئۈمىدىنى پارتىيىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىغا باغلىدى. بۇ — ئىنتايىن پايدىلىق ئىچكى سىياسى ۋەزىيەت. ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ھەرقايسى ئەللەردىكى كەڭ خەلقنىڭ نارازىلىغىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتتى. ھەرقايسى ئەللەر خەلقنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى كۈندىن - كۈنگە ئوسىۋاتىدۇ. بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەردىكى خەلق دېموكراتىك كۈرەشلىرى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ھەرقايسى ئەللەر گۇڭچەنداڭلىرىنىڭ كۈچى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇلغىيىۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچىلەر ئۇلارنى ئوزىگە بويسۇندۇرىمەن، دىگەن بىلەن، بويسۇندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئۇسۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلار يولەپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرى جەزمەن كۈندىن-كۈنگە يىتىم قالىدۇ. بۇلار — ئىنتايىن پايدىلىق خەلقارا سىياسىي ۋەزىيەت. بۇنداق ئىچكى ۋە خەلقارا ۋەزىيەت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەۋردىكى ۋەزىيەتتىن كوپ پەرق قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇلغايدى. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى مەيلى قانچە غالجىرلاشسۇن (بۇنداق غالجىرلىشىش تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، قىلچە ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق)، بىز ئۇلارنى يېڭەلەيمىز. جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم يولداشلارغا يەنى ئىچكى ۋە خەلقارا پايدىلىق ۋەزىيەتنى تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن كۈرەشنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئۈمىتسىز كەيپىياتتا بولۇۋاتقان كىشىلەرگە تولۇق چۈشەنچە بېرىشى كېرەك. شۇنى بىلىش لازىمكى، دۈشمەننىڭ تېخى كۈچى بار، بىزدىمۇ تېخى ئاجىزلىقلار بار، كۈرەش خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە دەھشەتلىك بولىدۇ. ئەمما بىز چوقۇم غەلىبە قازىنالايمىز. بۇنداق چۈشەنچە ۋە ئىشەنچنى پۈتۈن پارتىيىدە مۇستەھكەم ئورنىتىش لازىم.

19. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي موھىم ۋە مۇشەققەتلىك مەزگىل بولىدۇ، پۈتۈن پارتىيىنى جىددىي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە پۇختا پىلان بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەربىي ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش لازىم. جايلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان فاكتىنلار بويىچە

قەتئىي ئىشقا كىرىشىپ، ھەربىي ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

## ئىزاھلار

① بۇ مۇشۇ تومدىكى «جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تار-مار قىلايلى» دىگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

② كېيىنكى ئەھۋاللار دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ 1947-يىل 7-ئايدا، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن خەلق جيېفاڭجۈنى خۇاڭخېدىن بوسۇپ ئۆتۈپ، دابيېشەن تېغىغا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ چاغدا، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ئۇرۇش قىلغىنىغا 12 ئاي بولغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر ئايدا دۈشمەن ئارمىيىسىدىن 8 لۈيىنى، جەمئى 100چە لۈيىنى يوقاتقان ئىدى، بۇ سان بۇ يەردە مۆلچەرلەنگەن ساندىن كۆپرەك. بۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن بولدى.

③ 1946-يىل 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا لى شيەننيەن، جېڭ ۋېيسەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان جۇڭيۈەن جيېفاڭجۈنى، گومىنداڭنىڭ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، جۇدۇڭلۇق بىلەن جەنۇپلۇق يۆتكىلىش قىلىپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى غەلىبىلىك ھالدا بۆزۈپ چىقتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان كونا ئازات رايونلارغا يۆتكەلگەن قىسىم مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپ، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا كىرگەن ۋاڭ جېن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان قىسىمنى كۆرسىتىدۇ. جەنۇبىي شەنشى پارتىزان گېنجۈيدىسى جۇڭيۈەن جيېفاڭجۈنىنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي كۈچى تەرىپىدىن خېنەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى لۇشى، شىچۈەن

ۋە شەنشىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى لونەن، شەنياڭ رايونلىرىدا قۇرۇلغان پارتىزان گېنجۇيدىسىنى كورسىتىدۇ. غەربىي خۇبېي پارتىزان گېنجۇيدىسى جۇڭيۈەن جيېفاڭجۈنىنىڭ يەنە بىر قىسمى تەرىپىدىن خۇبېينىڭ غەربىي شىمالىدا ۋۇداڭشەن تېغىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان پارتىزان گېنجۇيدىسىنى كورسىتىدۇ.

④ مۇشۇ تومدىكى «ئازات رايونلار خىزمىتىنىڭ 1946 ـ يىللىق فاڭجېنى»نىڭ ③ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ بۇ 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى جۇڭگو كۇڭچەنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇغى»نى كورسىتىدۇ. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دېھقانلار يەر تەقسىم قىلىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭ پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى يەر سىياسىتىنى ئوزگەرتىشنى يەنى ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىشنى يومشىشىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ئوزگەرتىشنى قارار قىلدى. «4 ـ ماي يوليورۇغى»دا مۇشۇ ئوزگىرىش كورسىتىلگەن.

⑥ نەرسە ئېلىش غەللە ـ پاراق ئۈچۈن نەرسە (ئاشلىق) ئېلىشنى كورسىتىدۇ.

# جۇڭگو ئنقلاۋننڭ يېڭى دولقۇننى كۈتۈۋالايلى*

**(1947 - يل 2 - ئاينڭ 1 - كۈنى)**

1. هازر هەر جەھەتتكى ئەھۋاللار جۇڭگو ۋەزيتننڭ تەرەققى قلپ، يېڭى بر باسقۇچقا كرش ئالددا تۇرغانلغنى روشەن كورسەتمەكتە. بۇ يېڭى باسقۇچ — جاھانگرلككە ۋە فېوداللزمغا قارشى پۈتۈن مەملكەت دائرسلك كۈرەش تەرەققى قلپ، يېڭى، ئۇلۇق خەلق ئنقلاۋغا قەدەم قويغان باسقۇچ. هازر ئۇننڭ هارپسدا تۇرۇۋاتمز. پارتيمزننڭ ۋەزپسى — مۇشۇ دولقۇنننڭ يېتپ كېلشنى ۋە ئۇننڭ غەلبسنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قلش.

2. هازرقى هەربى ۋەزيەت خەلققە پايدلق تەرەپكە قاراپ تەرەققى قلماقتا. بۇلتۇر 7 - ئايدن بۇ يل 1 - ئايغچە بولغان 7 ئايلق جەڭدە جياڭ جيېشنڭ ئازات رايونلارغا بېسپ كرگەن

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلغان جۇڭگوڭ جۇڭياڭننڭ پارتيە ئچكە قاراتقان يوليورۇغى.

مۇنـتىزىم ئارمىيىسىدىن 56 لۈي، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئېيىغا 8 لۈي يوقىتىلدى؛ يوقىتىلغان نۇرغۇن قورچاق قوشۇنلار ۋە ئامانلىق ساقـ لاش قىسىملىرى، تار ـ مار قىلىنغان مۇنـتىزىم ئارمىيە بۇ سانىغا كىر گۈزۈلمىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمى جەنۇبىي شەندۇڭ، غەربىي شەندۇڭ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى، بېيپىڭ ـ خەنكـۇ تومۇريولىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيىلەردە تېخىچە داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلتۇر كۈزدىكىگە قارىغاندا، كوپ ئاجىزلىشىپ كەتتى. جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تەقسىم قىلىشقا يەتمەيدىغان، ئالغان ئەسكەرلىرى بەلگىلەنگەن ساننى توشمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇلار بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇش سېپىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەسكەر چىقىمىنىڭ كوپلۈكى ئوتتۇرىسىدا جىددى زىددىيەت تۇغۇلدى. جياڭ جيېشى ئەسكەرلىرىنىڭ روھى كۈندىن ـ كۈنگە چۈشمەكتە. يېقىندا شىمالىي جياڭسۇ، جەنۇبىي شەندۇڭ، غەربىي شەندۇڭ، غەربىي سەنشىلەردە بولغان بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدە جياڭ جيېشىنىڭ نۇرغۇن قىسىملىرىدا ئەسكەرلەرنىڭ روھىي چۈشكۈنلۈكى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىگە يەتتى. ئارمىيىمىز بىرنەچچە جەڭ مەيدانىدا جۇدۇۋكلۇقنى قولغا كەلتۇرۇشكە باشلىدى، جياڭ جيېشى ئارمىيىسى بولسا جۇدۇۋكلۇقتىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. مولچەرلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىدىن، بۇرۇنقىلىرى قوشۇلۇپ، جەمى 100 لۈينى يوقىتىش مەقسىدىگە يېتىش مۇمكىن. جياڭ جيېشىنىڭ مۇنـتىزىم ئارمىيىسىدە پىيادە ئەسكەر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن 93 شى (جۈن) يەنى 248 لۈي (شى)، جەمى 1 مىليون 916 مىڭ ئادەم بار، قورچاق قوشۇنلار، ساقچىلار، يەرلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى، قاتناش

ساقچى قىسىملىرى، ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرى ۋە تېخنىك
ئەسكىرىي قىسىملار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى. ئازات رايونلارغا ھۇجۇم
قىلغانلىرى 78 شى (جۈن) يەنى 218 لۈي (شى)، جەمى 1 مىليون
713 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇلار جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ مۇنتىزىم
قىسىملىرىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتىنى تەشكىل
قىلىدۇ. جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان رايونلاردىكى ئارقا
سەپتە قالغانلىرى پەقەت 15 شى يەنى 30 لۈي، جەمى 203 مىڭ ئادەم
بولۇپ، بۇلار تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، جياڭ
جيېشىنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارقا سېپىدىن
جەڭگىۋارلىققا ئىگە نۇرغۇن قوشۇنلارنى يوتكەپ كېلىشى ئەمدى
مۇمكىن ئەمەس. ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلغان 218 لۈيدىن بىزنىڭ
يوقاتقىنىمىز توتتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قوشۇن-
لىرىدىن بەزىلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى فەنخاۋ بويىچە
تولۇقلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جەڭ-
گىۋارلىقى ناھايىتى ئاجىز. بەزىلىرى، تولۇقلانغاندىن كېيىن، يەنە
يوقىتىلدى، بەزىلىرى بولسا زادى تولۇقلانمىدى. ئارمىيىمىز بۇنىڭ-
دىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇلارنىڭ يەنە 40—50 لۈينى
يوقىتىپ، يوقىتىلغانلىرىنى، بۇرۇنقىلىرى بىلەن قوشۇپ ھېساپلىغاندا،
جەمى 100 چە لۈيگە يەتكۈزەلىسە، ئۇ ھالدا ھەربىي ۋەزىيەتتە چوقۇم
زور ئۆزگىرىش بولىدۇ.

3. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى رايونلىرىدا ئۇلۇق
خەلق ھەركىتى راۋاجلىنىپ كەتتى. بۇلتۇر 11-ئاينىڭ 30-كۈنى
گومىنداڭنىڭ يايمىچىلارنى ئېزىشى سەۋەبىدىن قوزغالغان شاڭخەي
شەھەر ئاھالىسىنىڭ توپىلىڭى[1] ۋە بۇلتۇر 12-ئاينىڭ 30-كۈنى

ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ جۇڭگولۇق قىز ئوقۇغۇچىغا باسقۇنچىلىق قىلىشى سەۋەبىدىن قوزغالغان بېيپىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى② — جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا خەلق كۈرىشىنىڭ يېڭى دولقۇنغا كۆتىرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. بېيپىڭدىن باشلانغان ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىگىچە كېڭەيدى، بۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى بىرنەچچە يۈز مىڭغا يېتىپ، «9-دېكابىر» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىنىڭ③ كۆلىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

4. ئازات رايون خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ غەلىبىلىرى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا قوزغالغان خەلق ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگودا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى يېڭى، ئۇلۇغ خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ شۈبھىسىز يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن ۋە غەلىبە قازىنالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

5. بۇ ۋەزىيەت، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىسى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئورنىنى بېسىپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سىياسىتىنى ۋە فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقنى كۈچەيتىش سىياسىتىنى قوللانغان شارائىتتا، ۋۇجۇتقا كەلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ مۇشۇ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە كۈرەش قىلىشتىن باشقا يول قالمىدى. مۇستەقىللىق ئۈچۈن، تىنچلىق ئۈچۈن، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھېلىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھازىرقى مەزگىلدىكى ئاساسىي تەلىۋى بولۇپ تۇرماقتا. ئالدىنقى يىلنىڭ 4-ئېيىدىلا، پارتىيىمىزنىڭ

مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جېيشىـ
نىڭ مۇشۇنداق ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈش ئېھتىمالىنى
ئالدىن بىلگەن ھەمدە بۇنداق ئەكسىيەتچىل سىياسەتلەر ئۈستىدىن
غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن مۇكەممەل ۋە تامامەن توغرا سىياسى لۇشيەن
تۈزۈپ چىققان ئىدى.

6. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جېيشىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان
ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى جۇڭگونىڭ ھەر تەبىقە خەلقىنى ئىتتىپاقـ
لىشىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش مەقسىدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.
بۇلار ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى،
مىللى بۇرژۇئازىيىنى، كەيمىڭ شېنشىلارنى، باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. بۇ ــ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىنتايىن كەڭ بىرلىكسېپى. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى بىرلىكسەپ بىلەن سېلىشـ
تۇرغاندا، ئۇ كولەم جەھەتتىن ئەنە شۇنداق كەڭ بولۇپلا قالماـ
تىن، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە. پۈتۈن پارتىيىدىكى
يولداشلار بۇ بىرلىكسەپنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى
ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئازات رايونلاردا، يەر تېرىغۇچىنىڭ
يېرى بولسۇن، دېگەن تۈزۈمنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن، قەتئى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم» سىياـ
ستى[4] ھېلىمۇ ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ۋە ئىجتىـ
مائى ئىشلاردا، كوممۇنىستلاردىن باشقا، پارتىيە سىرتىدىكى كەڭ
تەرەققىيپەرۋەرلەرنى، ئارىلىقتىكىلەر (كەيمىڭ شېنشى قاتارلىقلار)نى
خىزمەتكە داۋاملىق قاتناشتۇرۇش لازىم. ئازات رايونلاردا، ۋەتەن
خائىنلىرىدىن ۋە خەلق مەنپەئەتىگە قارشى تۇرۇپ، خەلق نەپرىتىگە

ئۇچرىغان ئەكسىيەتچىلەردىن باشقا، بارلىق گومىنلاردا، سىنىپىغا، ئەر ـ ئاياللىقىغا ۋە ئېتىقادىغا قارىماي، سايلاش ۋە سايلىنىش هوقۇقى بولىدۇ. يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دېگەن تۈزۈم تەلتوكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئازات رايونلار خەلقىنىڭ خۇسۇسى مۈلۈك هوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

7. جياڭ جيېشى هوكۇمىتى ئۇزاقتىن بۇيان ئەكسىيەتچىل مالىيە ـ ئىقتىسادىي سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكتىن، جياڭ جيېشىنىڭ گۇەنلياۋ ـ مەيبەن كاپىتالى ئاتاقلىق ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامە ـ جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا شەرتنامىسى[6] ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ جاهانگىرلىك كاپىتالى بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلىكتىن، قەغەز پۇلنىڭ دەهشەتلىك تۈردە پاخاللىشىشى تېز ئەۋج ئالدى، جۇڭگونىڭ مىللى سودا ـ سانائىتى كۈندىن ـ كۈنگە ۋەيران بولدى، ئەمگەكچى ئاممە، هوكۇمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياماللاشتى، سان جەهەتتىن كوپ بولغان ئوتتۇرا سىنىپتىكىلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزلىرىنىڭ تاپقان ـ تەرگەنلىرىدىن ئايرىلىپ، قىلچە مۈلكى بولمىغان كىشىلەرگە ئايلاندى، ئىش تاشلاش، ئوقۇش تاشلاشقا ئوخشاش كۈرەشلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈزلۈكسىز يۈزبېرىپ تۇردى. جۇڭگودا مىللى كورۇلمىگەن ئېغىر ئىقتىسادىي ۋېيجى هەر تەبىقە خەلقىگە تەهلىكە سالماقتا. جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قوللانغان ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق يىغىشتەك ئىنتايىن قەبىھ تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۇردى، بۇ كەڭ يېزا خەلقىنى، ئالدى بىلەن نامرات دېهقانلارنى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇ سەۋەپتىن خەلق قوزغىلىڭى هەركەتلىرى كوتىرىلدى،

بەلكى داۋاملىق ئەۋج ئالدى. شۇنداق قىلىپ، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گۇرۇھى كەڭ خەلق ئالدىدا ئۆز ئىناۋىتىنى كۈندىن-كۈنگە يوقىتىدۇ، ئېغىر سىياسى ۋە ھەربى ۋەيجىلارغا ئۇچرايدۇ. بۇ ۋەزىيەت، بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا جاھانگىرلىككە، فېودالىزىمغا قارشى خەلق ھەركىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىگە تەسىر بېرىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرىدۇ، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

8. جياڭ جيېشىنىڭ پارتىيىمىزنى ۋە باشقا دېموكراتىك كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇشنى نىشان قىلىپ چاقىرغان قانۇنسىز ۋە بولۇنۇش پەيدا قىلغان گومىنداخۇيىنىڭ ۋە بۇ داخۇي ياساپ چىققان ساختا شيەنفانىڭ خەلق ئالدىدا ھېچقانداق ئىناۋىتى يوق. بۇلار پارتىيە-مىزنى ۋە باشقا دېموكراتىك كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرالمىدى، ئەكسىچە، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گۇرۇھىنىڭ ئۆزىنى يىتىم قالدۇردى. پارتىيىمىز ۋە باشقا دېموكراتىك كۈچلەر قورچاق گومىنداخۇيغا قاتنىشىشنى رەت قىلىش فاڭجېنىنى قوللاندى، بۇ پۈتۈنلەي توغرا. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گۇرۇھى چىڭنيەنداڭ⑥، مىنشېداڭدىن⑦ ئىبارەت ئەزەلدىن جەمىيەتتە قىلچە ئابرويى بولمىغان ئىككى كىچىك پارتىينى ۋە بەزى «جەمىيەت موتىۋەرلىرى»⑧ دەپ ئاتالغانلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى، بەلكى، مولچەرلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىقتىكىلەر قاتارىدىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ ئېھتىمال، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگودا دېموكراتىك كۈچلەر كۈندىن-

كۈنگە ئۇلغىيىۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر كۈندىن ـ كۈنگە يىتىم قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا دۈشمەن سېپى بىلەن ئۆز سېپىمىز مۇشۇنداق ئېنىق ئايرىلماي قالمايدۇ. دېموكراتىك سەپكە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، خەلقنى ئالداپ كەلگەن بارلىق ئۇنسۇرلار ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ ـ دە، خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلىنىدۇ، خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى قوشۇنى بولسا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلاردىن ئۆز چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ.

9. خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەيجياۋ سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سولغا مايىل بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلىدىكى ھەم چەتئەللەردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىشى — مۇشۇ ئىككى چوڭ ئامىل ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى غالچىلىرىنى كۈندىن-كۈنگە يىتىم قالدۇردى، بەلكى داۋاملىق يىتىم قالدۇرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئامېرىكىدىكى قۇتۇلغۇسىز ئىقتىسادىي ۋېيجى ئامىلى قوشۇلسا، بۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى غالچىلىرىنى مۇقەررەر يوسۇندا تېخىمۇ قىيىن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جېيشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى پەقەت ۋاقىتلىق، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلغىلى بولىدۇ. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلغىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئەپسانىلەرنىڭ قاتارىمىزدا ئورنى بولماسلىقى كېرەك. بۇنى جۇڭياڭ نۇرغۇن

قىتىم كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدى، خەلقلارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بۇ ھوكۇمنىڭ توغرىلىقىنى كۈندىن-كۈنگە ئىسپاتلىماقتا.

10. جياڭ جيېشى دەم ئېلىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ، يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدىن يېڭىدىن قەرز پۇل ۋە قورال-ياراق ئېلىش ئۈچۈن ھەم خەلقنىڭ غەزىۋىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يەنە يېڭى نەيرەڭۋازلىقلارنى قىلىپ، پارتىيىمىز بىلەن تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش دىگەن نىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا⑨. پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېنى — تەنپەندىن باش تارتماسلىق، شۇ ئارقىلىق جياڭ جيېشىنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىش.

11. جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۈزۈل-كېسىل تار-مار قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۈنىڭ يەنە 40 — 50 لۈينى يوقىتىش لازىم، بۇ — ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، جۇڭياڭنىڭ بۇلتۇر 10- ئاينىڭ 1- كۈنى چىقارغان «ئۈچ ئايلىق خۇلاسە»دىكى يوليورۇغىنى ۋە ھەربىي ۋېيىۋەنخۇينىڭ بۇلتۇر 9- ئاينىڭ 16- كۈنى چىقارغان ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇغىنى تولۇق ئىجرا قىلىش شەرت. جايلاردىكى يولداشلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى يەنە ئالاھىدە كورسىتىپ ئۆتىمىز:

A. ھەربىي ئىشلار مەسىلىسى. ئارمىيىمىز، ئۆتكەن 7 ئاي ئىچىدە، مۇشەققەتكە چىداپ قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان جەڭلەردە، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۆزىدە تولۇق ئىشەنچنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئارمىيىمىز قورال - ياراق جەھەتتىمۇ، جەنشۇ جەھەتتىمۇ ئىلگىرىلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپە — توپچى قىسىملار ۋە گۇگېبىڭ قىسىملار قۇرۇلۇشلىرىنى بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن كۈچەيتىش. چوڭ - كىچىك جۇنجۈيلەر ۋە يېڭىدىن بىكتۇەنلەر توپچى قىسىملارنى ۋە گۇگېبىڭ قىسىملارنى كۈچەيتىشتە يۈزبەرگەن مەسىلىلەرنى، ئاساسەن، كادىر تەربىيىلەش ۋە ئوق-دورا ياساش مەسىلىلىرىنى كونكرېت ھەل قىلىشى كېرەك.

B. يەر مەسىلىسى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلغان جايلاردا جۇڭگىياڭنىڭ 1946 - يىلدىكى «4 - ماي يولىيورۇغى»⑩ ئىجرا قىلىنىپ، يەر مەسىلىسى ھەل قىلىندى، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دىگەن تۈزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ — ئۇلۇغ غەلىبە. لېكىن شۇ رايونلارنىڭ يەنە تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان جايلاردا، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تىرىشىپ، ئاممىنى دادىل ھەركەتلەندۈرۈپ، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دىگەن تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دىگەن تۈزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان جايلاردىمۇ ھەل قىلىش تەلتوكۇس بولماسلىق — ئاساسەن، ئاممە دادىل ھەركەتلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن، يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش تەلتوكۇس بولماسلىق كەمچىلىكلىرى مەۋجۇت، بۇ ئاممىنىڭ نارازىلىغىنى قوزغاپ قويىدى. بۇنداق جايلاردا، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشەپ تولۇقلاش⑪ بىلەن، يېرى يوق ۋە يېرى ئاز دىخانلارنىڭ ھەممىسىنى يەرگە ئىگە قىلىش لازىم، تۇخاۋ - ليېشېن ۋە زومىگەرلەرنى بولسا جازاغا تارتىش لازىم. يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دىگەن تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەر-

يانىدا، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن قەتئىي بىرلىشىش شەرت، ئوتتۇرا دېھقانلار (جۈملىدىن ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار)نىڭ مەنپەئەتىگە تېگىشكە زادى يول قويۇلمايدۇ، ئەگەر ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپە-ئەتىگە تېگىش ئەھۋاللىرى كورۈلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ زىيىنىنى تولەپ بېرىش ۋە ئۇلارغا ناماقۇل بولۇش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتىكى باي دېھقانلار ۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا، كىچىك پومېشىك-لارغا، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا ۋە يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئاممىنىڭ رازىلىقى بويىچە مۇۋاپىق ئېتىۋار بېرىشكە تېگىشلىك جايلىرى بولسا، ئۇنى «4-ماي يوليورۇقى»غا ئاساسەن بىرياقلىق قىلىش كېرەك. قىسقىسى، يېزىلاردا، يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى داۋامىدا، يەر ئىسلا-ھاتىنى ياقلايدىغان 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاممە بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يەر ئىسلاھاتىغا قارشى ئاز ساندىكى فېودال ئەكسىيەتچىلەرنى يىتىم قالدۇرۇپ، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن، دىگەن تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى تېزدىن ئورۇنلاش كېرەك.

C. ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسى. جايلار ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشى، ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇشى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسات قىلىش ئاساسىدا مالىيە مەسە-لىسىنى توغرا ھەل قىلىشى لازىم. بۇ يەردىكى بىرىنچى پىرىنسىپ — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپلىمە ھالدا مالىيە ۋە سودىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېتىۋارسىز قارايدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. ئىككىنچى پىرىنسىپ — ئارمىيىگىمۇ، خەلققىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسىلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت

بىر تەرەپكىلا ئېتىۋار بېرىپ، يەنە بىر تەرەپكە ئېتىۋارسىز قارايدىغان خاتا نۇقتىنەزەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى پىرىنسىپ — بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارقاق باشقۇرۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھۋالغا قاراپ مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەھۋالغا قارىماي ھەممىنى مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان، تارقاق باشقۇرۇشقا دادىللىق قىلالمايدىغان خاتا نۇقتىنەزەرگە قارشى تۇرۇش لازىم.

12. پارتىيىمىز ۋە جۇڭگو خەلقى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تولۇق ئىشەنچكە ئىگە، بۇنىڭدا شەك-شۈبھە يوق. لېكىن بۇ، ئالدىمىزدا ئەمدى قىيىنچىلىق يوق، دىگەنلىك ئەمەس. جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە، فېودالىزىمغا قارشى كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ، جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو خەلقىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋاملىق قارشى تۇرىدۇ، جياڭ جېيشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئازات رايونلارنىڭ بەزى قىسمى ۋاقتىنچە قولدىن كەتكەن رايون ياكى پارتىزان رايونلىرىغا ئايلىنىدۇ، قىسمەن ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ۋاقتىنچە زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشتا ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچلەر خورايدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ھېساپقا ئېلىشى ھەمدە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ئىگىلمەس-سۇنماس غەيرەت بىلەن پىلانلىق ھالدا يېڭىشكە تەييار تۇرۇشى لازىم. قىيىنچىلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئالدىدىمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ بار. لېكىن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قىيىنچىلىقى — يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق، چۈنكى ئۇلار ھالاكەتكە يېقىنلاشقان، ئىستىقبالى يوق كۈچ. بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز — يەڭگىلى

بولىدىغان قىيىنچىلىق، چۈنكى بىز يېڭىدىن ئۆسۈۋاتقان، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە كۈچمىز.

## ئىزاھلار

① 1946-يىل 8-ئايدىن باشلاپ شاڭخەي گومىنداڭ دائىرىلىرى خۇاڭپۇ، لاۋجا رايونلىرىدىكى يايمىچىلارنىڭ تىجارەت قىلىشىنى مەنئى قىلدى، 11-ئاينىڭ 3-ئون كۈنى ئىچىدە، ئۆز تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرغان يايمىچىلاردىن مىڭغا يېقىن كىشىنى قولغا ئالدى. يايمىچىلاردىن 3 مىڭ كىشى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى، تەلەپ قويۇش نامايىشى ئۆتكۈزدى ۋە خۇاڭپۇ رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋالدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى يايمىچىلارنى قىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، يايمىچىلاردىن 7 كىشى ئۆلدى، يارىدار قىلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولدى. 12-ئاينىڭ 1-كۈنى يايمىچىلار ئۆز كۈرىشىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، شۇ كۈنى ئۇلاردىن يەنە 10 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، 100دىن ئارتۇق كىشى يارىدار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈرەشچىلەر قوشۇنى كۆپىيىپ، 5 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. شاڭخەيدىكى پۈتۈن دۇكانلار سودىسىنى توختىتىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر بويىچە جياڭ جيېشىغا قارشى ئاممىۋى ھەركەت شەكىللەندى.

② 1946-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى بېيپىڭدا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بېيجىڭ داشۆىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان ۋەقە يۈز بەردى. 1946-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 1947-يىل 1-ئايغىچە، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا بىرنەچچە ئون چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئوقۇش تاشلاپ، ئامېرىكىغا، جياڭ جيېشىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگودىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ھەركەتكە 500 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

③ بۇ 1935-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى بېيپىڭدا پارتلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سېلۇبى توغرىسىدا»نىڭ ⑧ ئىزاھىغا قارالسۇن.

④ «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم» سىياسىتى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە يولغا قويغان بىرلىكسەپلىك ھاكىمىيەت سىياسىتى. بۇ سىياسەتكە ئاساسەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تەركىۋىدىكى خادىملار ئىچىدە گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى تەخمىنەن ئۈچتىن بىرنى، سولچىل تەرەققىيپەرۋەرلەر تەخمىنەن ئۈچتىن بىرنى، ئارىلىقتىكىلەر ۋە باشقىلار تەخمىنەن ئۈچتىن بىرنى تەشكىل قىلاتتى.

⑤ «جۇڭگو-ئامېرىكا سودا شەرتنامىسى» — «جۇڭگو-ئامېرىكا دوستلۇق، سودا، دېڭىز قاتنىشى شەرتنامىسى»، ئۇنى 1946-يىل 11-ئاينىڭ 4-كۈنى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نەنجىڭدا ئىمزالىغان. جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كۆپلەپ سېتىلغان بۇ شەرتنامىدە جەمئىي 30 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ئامېرىكىلىقلار جۇڭگونىڭ «پۈتۈن زېمىنى دائىرىسى ئىچىدە» تۇرۇش، ساياھەت قىلىش ھەم سودا ئىشلىرى، مەھسۇلات ئىشلەش، جياگۇڭ قىلىش، ئىلىم-پەن، مائارىپ، دىن ۋە خەيرىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، كان بايلىقلىرىنى چارلاش ۋە ئېچىش، يەر ئىجارىگە ئېلىش ۋە يەر تۇتۇش ھەمدە ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئامېرىكىلىقلار جۇڭگودا، ئىقتىسادىي ھوقۇق جەھەتتە، جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىككىنچى، ئامېرىكا شاڭپىنلىرى جۇڭگودا باج ئېلىنىش، سېتىلىش، تەقسىم قىلىنىش ياكى ئىشلىتىلىش جەھەتلىرىدە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشتا ھەرقانداق ئۈچىنچى بىر ئەلنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ

شاگىپىنلىرىدىن توۋەن ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ھەرقانداق ئوسۇملۇك، مەھسۇلات ياكى ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى كىرگۈزۈشىنى ھەمدە جۇڭگودىن ئامېرىكىغا ھەرقانداق نەرسىنى توشۇپ كېتىشىنى جۇڭگو «ھەرگىز مەنئى قىلمايدۇ، ياكى چەكلىمەيدۇ». ئۈچىنچى، ئامېرىكا كېمىلىرى جۇڭگونىڭ ھەرقانداق ئوچۇق گاڭكۇ، جاي ياكى سۇ تەۋەسىدە ئەركىن قاتنايدۇ، ئۇلارنىڭ خادىملىرى ۋە نەرسىلىرى جۇڭگو زېمىنىدىن «ئەڭ ئۇدۇل يوللار» بىلەن ئۆتۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئامېرىكا كېمىلىرى جۈملىدىن جۇنجيەنلىرى «بىرەر خەۋپ-خەتەر»گە يولۇققانلىق بانىسى بىلەن جۇڭگونىڭ «چەتئەل سودىسىغا ياكى دېڭىز قاتناش ئىشلىرىغا ئوچۇق بولمىغان ھەرقانداق گاڭكۇ، جاي ياكى سۇ تەۋەسى»گە كىرەلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇ ۋېيجۈن ئۇيالماستىن ئوچۇق-ئوچۇق: بۇ شەرتنامە «پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىنى ئامېرىكا سودىگەرلىرىگە ئېچىپ بەردى» دېگەن ئىدى.

⑥ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑦ مىنشېداڭ — «مىنجۇ شېخۇيداڭ»نىڭ قىسقارتىلغان نامى، ئۇ 1946-يىل 8-ئايدا «مىنجۇ شيەنجېڭداڭ» بىلەن «گوجيا شېخۇيداڭ»نىڭ قوشۇلۇشىدىن تەشكىل قىلىنغان. بۇ پارتىيىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى بېيياڭ جۇنفا دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچى سىياسەتۋازلار ۋە فېودال گېزەندىلىرىدىن ئىدى.

⑧ «بەزى جەمئىيەت موتىۋەرلىرى دەپ ئاتالغانلار» پارتىيە-گۇرۇھسىزلار قىياپىتى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «گومىنداخۇيى»نى بىزەپ كۆرسەتكەن شەرمەندىلەرنى، مەسىلەن، ۋاڭ يۈنۋۇ، فۇسىنيەن، خۇ جېڭجېژلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمى داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقتىن ۋە ھەربىي ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىۋاتقان-

لىقتىن، دېمىنى ئېلىۋېلىشقا ۋاقىت چىقىرىپ، قايتىدىن ھۇجۇم قىلىشقا
تەييارلىنىش مەقسىتىدە، 1947-يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئامېرىكىنىڭ
جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستۇئارت لېيتون ئارقىلىق جۇڭگو
گۇڭچەنداڭدىن «تېنچلىق تەنپەنى» ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەنئەنگە ۋەكىل
ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ
بۇ يېڭى ئالدامچىلىقىنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دەرھال تەلتۆكۈس ئېچىپ
تاشلىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەنپەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن
ئەڭ تۆۋەن ئىككى شەرتنى ئورۇنلاش لازىملىقىنى يەنى 1) گومىنداڭنىڭ
سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ كېلىشىملىرىگە خىلاپ ھالدا تۈزۈپ
چىققان ساختا شيەنفاسى بىكار قىلىنىشى، 2) گومىنداڭ قوشۇنلىرى
1-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى كۈچكە ئىگە بولغان-
دىن كېيىن بېسىۋالغان ئازات رايونلارنىڭ بارلىق يەرلىرىدىن چىقىپ
كېتىشى لازىملىقىنى؛ ئۇنداق قىلمىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەنپەنلەردە
ئېرىشىلگەن كېلىشىملەرنى گومىنداڭنىڭ قايتا يىرتىپ تاشلىماسلىقىنى
كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
ئۆزىنىڭ «تېنچلىق» نەيرىڭىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەندىن كېيىن، 2-ئاينىڭ 27، 28-كۈنلىرى، جۇڭگو گۇڭچەن-
داڭنىڭ نەنجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭلاردا تۇرۇپ تەنپەن ۋە ئالاقە
ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ۋەكىللىرىنىڭ پۈتۈنلەي قايتىپ كېتىشىنى
ئۇقتۇردى، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ تەنپەنى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى،
دەپ ئېلان قىلدى.

⑩ بۇ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ 1946-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈندىكى
«يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇغى»نى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تومدىكى
«ئۈچ ئايلىق خۇلاسە»نىڭ ⑤ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑪ تەڭشەپ تولۇقلاش يەر ئىسلاھاتى بىرقەدەر تەلتۆكۈس ئېلىپ
بېرىلغان كونا رايونلاردا، بەزى كەمبەغەل دىخان ۋە يالالنما دىخان-
لارنىڭ يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يېتىشمەسلىكى مەسىل-

سىنى ھەمدە يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا قېلىپ قالغان باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كىچىكرەك دائىرىدە، ياخشىلىرىدىن ئېلىپ، ناچارلىرىنى تولۇقلاش، كوپلىرىدىن ئېلىپ، ئازلىرىنى تولۇقلاش يولى بىلەن يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى كورسىتىدۇ.

# جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ يەنئەننى ۋاقىتنچە تاشلاپ چىقىش ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايوننى قوغداش توغرىسىدىكى ئىككى ھوججىتى*

(1946-يىل 11-ئاي، 1947-يىل 4-ئاي)

## 1. 1946-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈندىكى يولىيورۇق

جياڭ جيېشىنىڭ كۈنى تۈگەپ، ماڭىدىغان يولى قالمىدى، ئۇ «گومىنداخۇي» چاقىرىش، يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى

---

* يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان بۇ ئىككى ھوججەتنىڭ بىرى، 1946-يىل قىشتا گومىنداڭ ئارمىيىسى يەنئەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان چاغدا، يەنئەندە يېزىلغان، يەنە بىرى، گومىنداڭ ئارمىيىسى 1947-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى يەنئەننى بېسىۋېلىپ

تۈرلۈك چارە بىلەن پارتىيىمىزگە زەربە بېرىپ، ئۆزىنى كۈچەيتە- مەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەكسىچە نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى جياڭ جيېشى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالىغان، بولۇنۇش پەيدا قىلىدىغان «گومىنداڭخۇي»غا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، بۇ «گومىن- داڭخۇي»نىڭ ئېچىلغان كۈنى جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىشقا باشلىغان كۈنى بولىدۇ. جياڭ جيېشى ئارمىيىسى، بىز تەرەپتىن 35 لۈيى يوقىتىلغاندىن كېيىن[1]، ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىش كۈچى تۈگەش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەنئەننى بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، جياڭ جيېشىنى ھالاكەتلىك ئىستىقبالدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. قىسقىسى، جياڭ جيېشى ئۆزى ھالاكەت يولىغا مېڭىپ، «گومىنداڭخۇي» چاقىرىش، يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى قىلسىلا، ئۇنىڭ بارلىق ئالدامچى- لىقلىرى تامامەن پاش بولۇپ قالىدۇ، بۇ خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. جايلار جياڭ جيېشىنىڭ «گومىنداڭخۇي» چاقىرىشى ۋە يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى پارتىيە ئىچى ۋە پارتىيە سىرتىدىكىلەرگە تولۇق چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە ئومۇمخەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى تار ـ مار قىلىش، دېموكراتىك جۇڭگو

[1] 20 كۈندىن كېيىن، شىمالىي شەنشىنىڭ خېگشەن ناھىيىسىنىڭ چىڭيالگچا دېگەن يېرىدە يېزىلغان. جياڭ جيېشى، ئازات رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، قورچاق

قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

## 2. 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى ئۇقتۇرۇش

گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران بولۇۋاتقان ھوكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، قورچاق گومىنداخۇي چاقىرىش، ساختا شيەنفا تۈزۈش، پارتىيىمىزنىڭ نەنجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭلاردا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ

گومىنداخۇي چاقىرىش، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋەكىللىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭگونىڭ جۇڭيالڭ ئورۇنلاشقان جاي — يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئوخشاش غالجىرانە تەدبىرلەرنى قوللاندى. چياڭ جيېشى بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، خۇددى مۇشۇ ھوججەتتە ئېيتىلغىنىدەك، سىياسى جەھەتتە تامامەن ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى. ھەربى جەھەتتە، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئازات رايونلارنىڭ شەرق ۋە غەرپ قانىتىغا يەنى شەندۇڭ ئازات رايونى بىلەن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ئازات رايونىغا توپلاپ، نۇقتىلىق ھۇجۇم دىگەن نىمىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئۆرۈندى، نەتىجىدە بۇنىڭدىمۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 230 مىڭدىن كوپ ئىدى، شىبېي خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى قىسىملىرىدا بولسا ئاران 20 مىڭدىن كوپرەك ئادەم بار ئىدى، شۇڭا دۈشمەن ئارمىيىسى بىزنىڭ ئارمىيىمىز جۇدۇڭلۇق بىلەن تاشلاپ چىققان يەنئەننى ۋە شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ بارلىق ناھىيە شەھەرلىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بېسىۋالدى. لېكىن دۈشمەن جۇڭگۇڭ

ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى، دەپ ئېلان قىلىشقا[2] ئۇخشاش تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن تاشقىرى، داگجۇگياگىمىز ۋە خەلق جيېفاگجۇنى زۇڭبۇسى ئورۇنلاشقان جاي — يەنئەنگە ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنىمۇ قوللاندى.

گومىنداڭنىڭ بۇ تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ھەرگىز گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقى ۋەيجىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنئەنگە ۋە شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىشتا، ئالدى بىلەن شىبېي مەسىلىسىنى ھەل

---

جۇڭگياگىنىڭ باش ئورگىنىنى ۋە شىبېي خەلق جيېفاگجۇنىنى يوقىتىش ياكى ئۇلارنى خۇاگخېنىڭ شەرق تەرىپىگە قوغلىۋېتىش مەقسىدىگە يېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرغۇن قېتىملىق قاخشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ، تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلدى. ئاخىردا چېگرا رايونىدىن تىرى-پىرەڭ بولۇپ قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئارمىيىمىز بولسا كەڭ شىبېينى ئازات قىلىش ھۇجۇمىغا غەلىبىلىك ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىبېي جەڭ مەيدانىدىكى ئارمىيىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كۆپلىگەن ئاساسىي قىسىملىرىنى ناھايىتى ئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ ۋە يوقىتىپ، باشقا جەڭ مەيدانلىرىدىكى، ئەڭ ئاۋۋال سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن جەڭ مەيدانىدىكى ئارمىيىمىزنىڭمۇ ئۇرۇش قىلىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى ۋە تېزرەك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ياردەم قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ۋە خەلق جيېفاگجۇنى زۇڭبۇسى، 1947-يىل 3-ئايدا ئارمىيىمىز يەنئەندىن چېكىنىپ چىققاندىن تارتىپ بىر يىلدىن كېيىن شىبېي جەڭ مەيدانىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەنگە قەدەر، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا

قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاش ھەمدە داگجۇگ-ياگمىزنى ۋە خەلق جېيفاگجۈنى زوگبۇسىنى شىبېيدىن قوغلاپ چىقىرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچىنى يوتكەپ خۇابېيغا ھۇجۇم قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىش مەقسىدىگە يېتىشنىمۇ خام خىيال قىلىدۇ.

يۇقۇرقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، جۇڭياڭ مۇنداق قارار قىلدى:

1. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى ۋە شىبېي ئازات رايونىنى قەتئى جەڭگىۋار روھ بىلەن قوغداش ۋە كېڭەيتىش لازىم، بۇ مەقسەتنى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

---

تۇرۇۋەردى، بۇ پاكىت زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ۋە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى ۋە كۈچەيتتى. يولداش ماۋزېدۇڭ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا تۇرغان مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى شىبېي جەڭ مەيدانىدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، مۇشۇ ھوججەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى ۋە شىبېي ئازات رايونىنى قەتئى جەڭگىۋار روھ بىلەن قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن مەقسەتنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇردى. شىبېي جەڭ مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار توغرىسىدا مۇشۇ توملىكى «شىبېي جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا» ۋە «شىبېيدا ئېرىشىلگەن زور غەلىبىگە باھا ۋە جېيفاڭجۈنىڭ ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى توغرىسىدا» دېگەن ئىككى ئەسەرگە قارالسۇن.

2. داڭجۇڭياڭمىز ۋە خەلق جيېفاڭجۈنى زۇڭبۇسى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا تۇرۇۋېرىشى لازىم. بۇ رايوننىڭ يەر شارائىتى ئەپلىك، ئاممىۋى شەرت-شارائىتى ياخشى، ئايلىنىپ ھەركەت قىلىشقا بولىدىغان جايلىرى كەڭ، بىخەتەرلىك پۈتۈنلەي كاپالەتكە ئىگە.

3. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەتكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، يولداش ليۇ شاۋچى شۇجىلىقىدا جۇڭياڭ خىزمەت ۋېيۈەنخۇيى تەشكىل قىلىنىدۇ، ئۇ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا ياكى باشقا مۇۋاپىق جايغا بېرىپ، جۇڭياڭ تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ③.

يۇقۇرىدىكى 3 تۈرلۈك ئىش ئۆتكەن ئايدا قارار قىلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم يولغا قويۇلدى. بۇنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز.

## ئىزاھلار

① بۇ — 1946-يىل 7-ئاينىڭ بېشىدىن 11-ئاينىڭ 13-كۈنىگىچە ئېلىنغان تۈگۈجى.

② 1947-يىل 2-ئاينىڭ 27، 28-كۈنلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ نەنجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭلاردا تۇرۇپ تەنپەن ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ۋەكىللىرى ۋە خادىملىرىنى چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. 1947-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى گومىنداڭ جۇڭياڭى 3-ئومۇمىي يىغىننى چاقىردى، بۇ يىغىندا جياڭ جيېشى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىغانلىقىنى جاكالىدى.

③ خەلق جيېفاڭجۈنى 1947 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يەنئەندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ شۇجىچۇسىدىكى كۆپچىلىك يولداشلار يەنى يولداش ماۋزېدۇڭ، يولداش جۇئېنلەي ۋە يولداش رېن بىشىلار شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدا قېلىۋەردى، جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى يولداش لىيۇ شاۋچى، يولداش جۇدې ۋە باشقا بىر قىسىم جۇڭياڭ ۋېيۈەنلەردىن تەركىب تاپقان يولداش لىيۇ شاۋچى باشچىلىقىدىكى جۇڭياڭ خىزمەت ۋېيۈەنخۇيى تەشكىل قىلىندى، ئۇ شەنشى ـ سۈيۈەن ئازات رايونى ئارقىلىق شەنشى ـ چاخار ـ خېبېي ئازات رايونىغا كىرىپ، خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدە جۇڭياڭ تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تۇردى. 1948 ـ يىل 5 ـ ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ شىبەيپو كەنتىگە بارغاندىن كېيىن، جۇڭياڭ خىزمەت ۋېيۈەنخۇيى ئەمەلدىن قالدى.

# شىبېي جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا*

**(1947-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى)**

1. دۈشمەن ھازىر خېلىلا ھالسىرىدى، ئەمما راسا ھالسىراپ كەتمىدى؛ دۈشمەن ئاشلىق تەرەپتىن خېلىلا قىينالدى، ئەمما تازا قىينىلىپ كەتمىدى. ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ 31-لۈيىنى① يوقاتقاندىن كېيىن، گەرچە دۈشمەننى كوپلەپ يوقاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن 20 كۈن ئىچىدە دۈشمەننى خېلى ھالسىرىتىش ۋە ئاشلىق جەھەتتىن خېلى قىسىش مەقسىدىگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەننى راسا ھالسىرىتىش، ئاشلىقتىن ئۈزۈپ قويۇش ۋە ئەڭ ئاخىردا يوقىتىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىۋالدى.

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ شىبېي يېجەنجۈنىگە ئەۋەتكەن دېيەنباۋ. ئۇ ۋاقىتتىكى شىبېي يېجەنجۈنى پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، شى جۇڭشۈن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلىۋان شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا ئازات رايونى ۋە شەنشى-سۈيۈەن ئازات رايونىدىكى خەلق جىيفاڭجۈنىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى.

2. ھازىر دۈشمەننىڭ فاكتىنى — ھالسىرىغىنىغا، ئاشلىقتىن قىسلىقىنىغا قارىماستىن، ئارمىيمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىنى خۇاكخېنىڭ شەرق تەرىپىگە قوغلىۋېتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدېي، مىجۇ ناھىيە-لىرىنى قامال قىلىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى بولۇپ، شۇ يەرلەردىكى قوشۇنلىرىمىزنى «تولۇق يوقىتىش». دۈشمەن 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چىڭجيەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال شىمالغا يۈرۈش قىلمى-دى، بۇنىڭدىن مەقسىدى بىزنىڭ مېڭىشىمىزغا يول بېرىش ئىدى؛ دۈشمەننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ۋاياۋباۋ شەھىرىگە كىرمەكچى بولۇشى بىزنى سۈيدېي، مىجۇ ناھىيىلىرىگە قوغلاش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر ئارمىيىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار يەنە ۋاياۋباۋ شەھرىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىگە قايرىلىپ، ئاندىن ۋاياۋباۋ شەھرىگە قاراپ يۈرۈپ، بىزنى شىمالغا قوغلىۋەتمەكچى بولدى.

3. بىزنىڭ فاكتىمىز — ئىلگىرىكى چارىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەننى ھازىرقى رايونلاردا يەنە بىر مەزگىل (بىر ئايچە) ئايلان-دۇرۇپ تۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى راسا ھالسىراش ۋە ئاش-لىقتىن تازا قىسىلىش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، ئاندىن پەيت تېپىپ يوقىتىش مەقسىدىگە يېتىش. ئارمىيمىزنىڭ ئاساسىي كۈچى شىمالغا بېرىپ، يۈيلىن ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىماسلىقى شۇنىڭدەك جەنۇبقا بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا يوللىرىغا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ئالدى-رىماسلىقى كېرەك. جۇخۇيېۋەنلەرگە، جەڭچىلەرگە ۋە خەلق ئامما-سىغا ئارمىيمىزنىڭ بۇ چارىسىنىڭ دۈشمەننى تەلتۆكۈس يېڭىشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. دۈشمەننى راسا ھالسىراتماي ۋە پۈتۈنلەي ئاچ قالدۇرماي تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ چارە «قىيناش»

جەنشۇسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دۈشمەننى قىيناپ ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن يوقىتىش دېگەن سۆز.

4. ھازىر سىلەر ۋاياۋباۋ شەھرىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى جايلاردا تۇرۇۋاتىسىلەر، دۈشمەننى ۋاياۋباۋ شەھرىنىڭ شىمالىغا تارتىش ئەڭ پايدىلىق؛ ئاندىن دۈشمەننىڭ لياۋ ئاڭ② قوماندانلىغىدىكى ئاجىز قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى شەرققە تارتىڭلار؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنسەي تەرەپكە قايرىلىپ، دۈشمەننى يەنە غەرپكە تارتىڭلار.

5. لېكىن سىلەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا 359 ـ لۈيگە (پۈتۈن قىسمىغا) جەنۇپقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى تاماملاش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىڭلار، ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن جەنۇپقا بېرىپ، يەنچاڭ ـ يەنئەن سېپىنىڭ جەنۇبىدىكى، يىچۈەن ـ لوچۈەن سېپىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاشلىق توشۇش يولىنى كېسىپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن.

6. يۇقۇرىدىكى پىكىرلەرنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىغى توغرىسىدا جاۋاپ كۈتىمەن.

## ئىزاھلار

① شىبىي خەلق جىيفاڭجۈنى يەنئەندىن جۇدۇڭلۇق بىلەن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئەنسەيگە (يەنئەننىڭ غەربىي شىمالىدا) ئالداپ ئېلىپ كىردى، ئاساسىي كۈچىمىز يەنئەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چىڭخۇابيەن رايونىغا

موكۇپ، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. 1947 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، گومىنداڭ ئارمىيىسى خۇزۇڭنەن قىسمىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 27 ـ شى 31 ـ لۈيىنىڭ لۈيبۇسى 1 تۈەن ئەسكىرىنى باشلاپ، ئارمىيىمىز موكۇپ تۇرغان دائىرە ئىچىگە كىردى، ئارمىيىمىز 1 سائەتتىن كۆپرەك جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

② لياۋ ئاڭ گومىنداڭ ئارمىيىسى خۇزۇڭنەن قىسمىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 76 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى ئىدى، كېيىن، 1947 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چىڭجيەن جېڭىدە ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىنغان.

# جياڭ جيېشى هوكۇمىتى ئومۇمخەلق مۇھاسىرىسىدە قالدى*

**(1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)**

ئومۇمخەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن جياڭ جيېشى هوكۇمىتى هازىر ئۆزىنىڭ ئومۇمخەلق مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقىنى تۇيىدى. مەيلى هەربى سەپتە بولسۇن ياكى سىياسى سەپتە بولسۇن، جياڭ جيېشى هوكۇمىتى مەغلۇپ بولدى، ئۇ ئۆزى دۈشمەن دەپ ئېلان قىلغان كۈچلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى ھەمدە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ

---

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پىكلۇن. بۇ پىكلۇندا، جۇڭگودىكى ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەر پەرىزىدىن تېزرەك بولۇۋاتقانلىقى كورسىتىلگەن، خەلق جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن ھەممە زورۇر شەرتلەرنى تېز تەييارلاشقا چاقىرىلغان. ئالدىنئالا قىلىنغان بۇ هوكۇم ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئىسپاتلاندى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ پىكلۇننى ۋە «شىبېي جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا»نى شىمالىي شەنشىنىڭ جىڭبيەن ناهىيىسىدىكى ۋاڭجياۋەن كەنتىدە يازغان ئىدى.

چىقىشىنىڭ ئامالىنى تاپالماي قالدى.

جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋەزىيەتنى خاتا مولچەرلىدى. ئۇلار ئۆز كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى، خەلق كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مولچەرلىدى. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جۇڭگو ۋە دۇنيانى بۇرۇنقىغا ئوخشاش، دەپ قاراپ، ھېچقانداق شەيئىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ھېچكىمنىڭ خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويمىدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار جۇڭگودا بۇرۇنقى كونا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتى سىياسى جەھەتتە كېڭىشىش، ھەربى جەھەتتە كېلىشتۈرۈشكە ئوخشاش ئالدامچىلىق يوللىرى بىلەن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، 2 مىليون كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

جۇڭگو زېمىنىدا ئىككى سەپ بارلىققا كەلدى. جياڭ جيېشى باسقۇنچى ئارمىيىسى بىلەن خەلق جيېفاڭجۈنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش — بۇ، بىرىنچى سەپ. ھازىر يەنە ئىككىنچى سەپ بارلىققا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ، ھەققانى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش①. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ شوئارى — تاماق، تىنچلىق، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش، يەنى ئاچارچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا ۋە زىيانكەشلىككە قارشى تۇرۇش. جياڭ جيېشى «جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى② ئېلان قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ ھەربى، ساقچى، شيەنبىڭ ۋە ئىشپىيونلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا ھەممىلا جايدا توقۇنۇش بولۇۋاتىدۇ. جياڭ جيېشى قۇرۇق قىل

ئوقۇغۇچلارغا قولغا ئېلىش، قاماش، ئۇرۇش، قىرىش-چېپىشقا ئوخشاش زورلۇقلار بىلەن قارشى تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار هەركىتى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ كەتتى. جامائەت هېسداشلىقى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلار تەرەپتە بولدى، جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى تامامەن يېتىم قالدى، جياڭ جيېشىنىڭ ئىرتىقۇچ ئەپتى-بەشىرىسى پۈتۈنلەي ئاشكارا بولدى. ئوقۇغۇچىلار هەركىتى — پۈتۈن خەلق هەركىتىنىڭ بىر قىسمى. ئوقۇغۇچىلار هەركىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى پۈتۈن خەلق هەركىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى مۇقەررەر هالدا ئالغا سۈرىدۇ. بۇنى بۇرۇنقى 4-ماي هەركىتى دەۋرىدىكى ۋە 9-دېكابىر هەركىتى دەۋرىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىغان.

ئامېرىكا جاهانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ياپون جاهانگىرلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىسى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئورنىنى بېسىپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سىياسىتىنى ۋە فاشىستىك-هاكىم مۇتلەق هوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ قويدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەر تەبىقە خەلقىنى ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈم گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەر تەبىقە خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى هوكۇمىتىگە قارشى هايات-مامات كۈرىشى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ كۈرەشنى تېز راۋاجلاندۇردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول قالمىدى. جياڭ جيېشى هوكۇمىتىنىڭ تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش مەقسىدە تۇرۇۋاتقان هەر تەبىقە

جۇڭگو خەلقى ئىشچىلار، دېخانلار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، مىللى بۇرژۇئازىيە، كەيمىك شېنشىلار، باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ — پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقىن كەڭ بىرلىكسپى.

جياڭ جيېشى هوكۇمىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل مالىيە - ئىقتىسادىي سياسىتى هازىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامە يەنى جۇڭگو - ئامېرىكا سودا شەرتنامىسى تەرىپىدىن كۈچەيتىلدى. جۇڭگو - ئامېرىكا سودا شەرتنامىسى ئاساسىدا ئامېرىكىنىڭ لۇڭدۇەن كاپىتالى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ گۇەنلياۋ - مەيبەن كاپىتالى چەمبەرچەس بىرلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي هاياتىنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قەغەز پۇلنىڭ پاخاللىشىشى چېكىگە يەتتى، مال باهاسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆرلىدى، مىللى سودا - سانائەت كۈندىن - كۈنگە ۋەيران بولدى، ئەمگەكچى ئاممە، هوكۇمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. بۇ هال هەر تەبىقە خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ هالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان قىلىپ قويدى.

هەربى بېسقتۇرۇش ۋە سياسى ئالدامچىلىق — جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل هوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئىككى ئاساسىي قورالى، كىشىلەر بۇ قوراللارنىڭ تېز پاچاقلىنىۋاتقانلىقىنى كورمەكتە.

جياڭ جيېشى ئارمىيىسى، مەيلى قايسى جەڭ مەيدانىدا بولۇن، مەغلۇپ بولدى. بۇلتۇر 7 - ئايدىن هازىرغا قەدەر بولغان 11 ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىنلا تەخمىنەن 90 لۇي يوقىتىلدى.

هازىر ئۇلارنىڭ بۇلتۇر چاڭچۈننى، چېڭدېنى، جاڭجياكۇنى، خېزېنى، خۇەيىيننى، ئەندۇڭنى بېسۋالغان ۋاقىتلىرىدىكى ھەيۋىتى قالمىدىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ يىل لىنيىنى، يەنئەننى بېسۋالغان ۋاقىتلىرىدىكى ھەيۋىتىمۇ قالمىدى. جياڭ جېيشى، چېن چېڭلار خەلق جېيفاڭجۈن-نىڭ كۈچىنى ۋە خەلق جېيفاڭجۈننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنى خاتا مۆلچەرلەپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىشىنى قورقۇنچاقلىق، بىرقانچە شەھەرنى تاشلاپ چىقىشىنى مەغلۇپ بولغانلىق دەپ قاراپ، 3 ئاي ياكى 6 ئاي ئىچىدە گوۋنىبې مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئاندىن كېيىن دۇڭبېي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىيالىدا بولغان ئىدى. لېكىن 10 ئايدىن كېيىن، جياڭ جېيشىنىڭ بارلىق باسقۇنچى قوشۇن-لىرى ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ يەتتى، ئازات رايونلار خەلقىنىڭ ۋە خەلق جېيفاڭجۈننىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى ناھايىتى تەس.

جياڭ جېيشى ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپتە مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئارقا سەپكە كۈندىن-كۈنگە كۆپلەپ تارقالماقتا، جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا نەپەس ئالالماي قالغان كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزىنى رۇسلاپ، قەددىنى كۆتىرىشتىن ئۈمىت بارلىقىنى كۈندىن-كۈنگە ھېس قىلماقتا. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، جياڭ جېيشىنىڭ ھەممە سىياسى ئالدامچىلىقلىرى ئۇنىڭ تېز-تېز ئۆتتۈرىغا چىقىرىشى بىلەن تېز-تېز ۋەيران بولۇپ تۇردى. بىرەر ئىشمۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىدى. ئۇلارنىڭ گومىنداڭخۇي چاقىرىپ شيەنفا تۈزۈش، بىر پارتىيىلىك ھوكۇمەتنى كۆپ پارتىيىلىك ھوكۇمەتكە ئۆزگەرتىش دىگەن نىملەر-نى قويۇشتىن مەقسىدى جۇڭگو كۇڭچەنداڭنى ۋە باشقا دېموكراتىك

كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ئىدى؛ نەتىجە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، يېتىم قالغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئەمەس، ھېچقانداق دېموكراتىك كۈچلەرمۇ ئەمەس، بەلكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۆزى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو خەلقى ئۆز تەجرىبىلىرىدىن جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭخۇيىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، جياڭ جيېشى شيەنفا-سىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ كوپ پارتىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر، ئاساسەن ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر جياڭ جيېشىنىڭ بۇ نەيرەڭلىرىگە نىسبەتەن ئازدۇر-كۆپتۇر خام خيالدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ تېچلىق تەنپەنى دېگەن نىمىسىگىمۇ شۇنداق خام خيالدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. جياڭ جيېشى ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە قېتىملىق سەلتەنەتلىك كېلىشىملەرنىڭ ھېچنىمىسىنى قويماي يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن ۋە تېچلىقنى تەلەپ قىلغان، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرغان ئوقۇغۇچى-لار ئامىمىسىگە نەيزە بىلەن ھۇرپىيىگەندىن كېيىن، ئالدامچىلىق غەرىزىدە بولغان ياكى سىياسى جەھەتتە قىلچە تەجرىبىسى بولمىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچقانداق كىشى جياڭ جيېشىنىڭ تېچلىق تەنپەنى دېگەن نىمىسىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بارلىق ۋەقەلەر بىزنىڭ مولچىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىز كىشىلەرگە، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت ۋەتەن ساتقۇچى، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغۇچى، ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمەت، دەپ ئۈزلۈكسىز كۆرسىتىپ كەلدۇق. بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى ئۇرۇش ۋاستىسى بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنى ۋە بارلىق دېموكراتىك كۈچلەرنى يوقىتىۋېتىپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە

ئايلاندۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ ھوكۇمەت شۇنداق ئەكسيەتچىل سىياسەتلەرنى قوللانغانلىقتىن، ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتە ھېچقانداق ئىناۋىتى ۋە ھېچقانداق كۈچى قالمىدى. جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى پەقەت ۋاقىتلىق ۋە يۈزەكى ھادىسە، ئۇ — ئەمەلىيەتتە بولسا كورۇنۇشى قالتىس، ئەسلى ھالسىز ھوكۇمەت. ئۇنىڭ ھۇجۇمنى، مەيلى قانداق جايدا ۋە قانداقلا سەپتە بولسۇن، يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىقبالى مۇقەررەر يوسۇندا ھەممىنى ئۆزىدىن بىزار قىلىش ۋە پۈتۈنلەي گۇم بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەممە ۋەقەلەر بۇ مولچەرلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگودىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ پەرىزىدىن تېزرەك بولۇۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ غەلىبە قازىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشىنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلاردا خەلق كۈرىشىنىڭ ئىلگىرىلىشى سۈرئەت جەھەتتىن ناھايىتى تېز بولماقتا. تېز، دېموكراتىك، مۇستەقىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو خەلقى ھەممە زورۇر شەرتلەرنى تېز تەييارلىشى كېرەك.

## ئىزاھلار

① 1946-يىل 12-ئايدىن باشلاپ، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاچارچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا ۋە زىيانكەشلىككە قارشى دېموكراتىك-ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىدە يېڭى

يۈكسىلىشلەر بولدى، بۇ ھەركەت پەيدىن-پەي جىياڭ جېيشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنىڭ 2-سېپى بولۇپ شەكىللەندى. 1946-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1947-يىل 1-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بېيپىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق بىرقانچە ئون چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەردە 500 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئارقىمۇ-ئارقا ئوقۇش تاشلاپ ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ بېيجىڭ داشۆبىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان ياۋۇزلۇقىغا ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگودىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ كۈرەش تېزدىن ئىشچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. 1947-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى شاڭخەيدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شاڭخەيدە ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 8 مىڭ كىشى گومىنداڭنىڭ ساقچى ئىدارىسىنى قورشىۋالغان ۋەقە يۈزبەردى. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركەت دەرھال نەنجىڭ، بېيپىڭ، خاڭجۇ، شېنياڭ، چىڭداۋ ۋە كەيفېڭغا ئوخشاش نۇرغۇن شەھەرگە كېڭەيدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك-دېموكراتىك ھەركىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ۋەھشىيانە بېسىقتۇرۇش چارىلىرىنى قوللاندى. 5-ئاينىڭ 20-كۈنى بىرلا ۋاقىتتا نەنجىڭ ۋە تيەنجىن شەھەرلىرىدە 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ ۋە قولغا ئېلىپ، مەشھۇر «20-ماي قانلىق ۋەقەسى»نى تۇغدۇردى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىنى، كەڭ خەلق ئاممىسى قوللىغانلىقتىن، بېسىقتۇرۇپ كېتەلمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئاچارچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا ۋە زىيانكەشلىككە قارشى تۇرۇش»نى شوئار قىلغان ئوقۇش تاشلاش، نامايىش ئۆتكۈزۈش ھەركەتلىرى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تاشلىشىغا ئوخشاش ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جىياڭ جېيشىغا قارشى كۈرەشلىرى شۇ چاغدا 60 تىن ئارتۇق چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرگە كېڭەي-

دى. 1948 ـ يىل 5 ـ ئايدا شاڭخەي ئوقۇغۇچىلىرى يەنە مەدەنىيەت، مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەر ۋە باشقا ساھەدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى يۆلەپ تىرىلدۈرۈشىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركەتنى ئەۋج ئالدۇردى، بۇ ھەركەتمۇ باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرگە تېزدىن كېڭەيدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەشلىرى تاكى ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغانغا قەدەر توختىماي، گومىنداڭغا قاتتىق زەربە بېرىپ كەلدى.

② جياڭ جيېشى ھوكۇمتى 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» دىگەن نىمنى ئېلان قىلىپ، خەلقتىن 10 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىرلىشىپ تەلەپ قويۇشىنى ۋە ھەرقانداق ئىش تاشلاش، ئوقۇش تاشلاش، نامايىش ئۆتكۈزۈشنى قاتتىق مەنى قىلدى، شۇنىڭدەك جايلاردىكى گومىنداڭ ھوكۇمەتلىرىگە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ دېموكراتىك ھەركەتلىرىنى قانلىق تۈردە بېسىقتۇرىدىغان «زورۇر تەدبىر» ۋە «جىددى چارە» دىگەن نىملەرنى قوللىنىشقا ھوقۇق بەردى.

# ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى جەنلۈېلىك فاڭجېن*

**(1947 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)**

1. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدا (بۇلتۇر 7 ـ ئايدىن بۇ يىل 6 ـ ئايغىچە) دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 97 يېرىم لۈي ــ 780 مىڭ ئادەم، قورچاق قوشۇن، ئامانلىق ساقلاش دۈيىگە ئوخشاش ھەر خىل قوشۇنلاردىن 340 مىڭ ئادەم، جەمى 1 مىليون 120 مىڭ

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى، ئۇ چاغدا يولداش ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇڭگو جۇڭياڭ شىمالىي شەنشىدىكى جياشيەن ناھىيىسىنىڭ جۇگۇەن ـ جەي كەنتىدە تۇراتتى. بۇ يوليورۇقتا، ئازاتلىق ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى تۈپ ۋەزىپە ئاساسىي كۈچ بىلەن گومىنداڭ رايونلىرىغا ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش، ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىشتىن تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئۆتۈش يەنى جەنلۈېلىك مۇداپىيە باسقۇچىدىن جەنلۈېلىك ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت، دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق جيېفاڭجۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ بەلگىلىگەن جەنلۈېلىك پىلان

ئادەم يوقىتىلدى. بۇ ـــ ئۇلۇق غەلىبە. بۇ غەلىبە دۇشمەنىگە ئېغىر
زەربە بولۇپ، پۈتكۈل دۇشمەن لاگېرىدا ئىنتايىن چوڭقۇر مەغلۇبىـ
يەت كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خوشاللانـ
دۇردى، ئارمىيىمىزنىڭ بارلىق دۇشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىشى، ئەڭ
ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

2. ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدا دۇشمەن ئۆزىنىڭ 248 مۇنتىزىم
لۇيىدىن 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق كىشىسى بار 218 لۇيى ۋە
ئالاھىدە قىسىملىرى (دېڭىز ئارمىيىسى، هاۋا ئارمىيىسى، توپچى
قىسىملىرى، گۇڭبىڭ قىسىملىرى، جۇاڭجيابىڭ قىسىملىرى)، قورچاق
قوشۇنلار، قاتناش ساقچى قىسىملىرى، ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى
بولۇپ 1 مىليونغا يېقىن كىشىسى بار قوشۇن بىلەن ئازات رايونلىرىـ
مىزغا كەڭ تۈردە هۇجۇم قىلغان ئىدى. ئارمىيىمىز، جەنلۇبى جەھەتتە،
ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى توغرا قوللىنىپ، 300 مىڭدىن
ئوشۇق ئادەمنىڭ قۇربان بولۇشى ۋە يارىدار بولۇشىغا، كەڭ كۆلەمـ
لىك يەرلەرنىڭ دۇشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشىغا قارىماي، هەر

بويىچە، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە پۈتۈن مەملىكەت كۆلەمـ
لىك هۇجۇمغا ئۆتتى. سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن يېجەنجۈنى
6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇپ رايونىدا خۇاڭخېـ
دىن بوسۇپ ئۆتتى، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ ئون كۈنى ئىچىدە، لۇڭ ـ خەي
تۆمۈريولىدىن ئۆتۈپ، دابيېشەن تېغىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. سەنشى ـ
خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن يېجەنجۈنىنىڭ تەيۆي بىڭتۇەنى 8 ـ ئاينىڭ
3 ـ ئون كۈنى ئىچىدە، جەنۇبىي سەنشىدە خۇاڭخېدىن بوسۇپ ئۆتۈپ،
غەربىي خېنەن رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. خۇادۇڭ يېجەنجۈنى
دۇشمەننىڭ نۇقتىلىق هۇجۇمىنى تار ـ مار قىلغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ

ۋاقىت ۋە ھەر جايدا جۇدۇڭ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، شۇنىڭ نەتى-جىسىدە، دۇشمەننىڭ 1 مىليون 120 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىشقا مۇۋەپ-پەق بولدى، دۇشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاپ تاشلىدى، ئۆزىنى چېنىقتۇردى ۋە زورايتتى ھەمدە دۇڭبېي، رېخې، شەرقىي خېبېي، جەنۇبىي سەنشى، شىمالىي خېنەنلەردە جەنلۇپلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كەڭ كولەملىك يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى ۋە يېڭىدىن ئازات قىلدى①.

3. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى تۈپ ۋەزىپىسى: پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن يەنى ئاساسىي كۈچ بىلەن تاشقى سەپكە ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشنى گومىنداڭ رايونلىرىغا سۈرۈشتىن، تاشقى سەپتە دۈشمەننى كوپلەپ يوقىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇشنى ئازات رايونلارغا داۋاملىق سۈرۈش، ئازات رايونلارنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچىنى ئېخمۇ كوپ بۇز-غۇنچىلىققا ۋە چىقىمغا ئۇچرىتىش، بىزنى ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەل-مەيدىغان قىلىپ قويۇش غەرىزىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي جەنلۇپلىك

---

بېشىدا شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇپ رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. خۇادۇڭ يېجەنجۇننىڭ شەندۇڭ بىكتۇەنى 9-ئايدىن باشلاپ جياۋدۇڭ رايونىدىكى دۇشمەنگە قارشى ھۇجۇم ئۇرۇشنى باشلىدى. شىبېي يېجەنجۇنى 8-ئاينىڭ 3-ئون كۈنى ئىچىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. سەنشى-چاخار-خېبېي يېجەنجۇنى 9-ئاينىڭ بېشىدا بېيپىڭ-خەنكۇ تومۇريولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دۇشمەنگە قارشى ھۇجۇم ئۇرۇ-شىنى باشلىدى. دۇڭبېي يېجەنجۇنى دۇڭبېي بويىچە يازلىق ھۇجۇمغا ئۇلاپلا، 9-ئايدىن باشلاپ چاڭچۈن، جىلىن، سىپىڭ رايونلىرىدا ۋە بېيپىڭ-لياۋنىڭ تومۇريولى بويىغا جايلاشقان جىنشى ناھىيىسىدىن

فاڭجېننى ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى قىسمەن ۋەزىپىسى: بىر قىسىم ئاساسىي كۈچنى ۋە كوپلىگەن يەرلىك قىسىملارنى ئاجرىتىپ، ئىچكى سەپتە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ، ئىچكى سەپتىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت.

4. ئارمىيىمىز تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشنى گومىنداڭ رايونلىرىغا سۈرۈش فاڭجېننى ئىجرا قىلىشتا، ئەلۋەتتە، نۇرغۇن قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. چۈنكى گومىنداڭ رايونلىرىغا بېرىپ، يېڭى گېنجۈيدىلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك، نۇرغۇن قېتىم قايتا-قايتا يوتكىلىپ يۈرۈپ قىلىنىدىغان ھەركەتچان ئۇرۇشلاردا دۈشمەننى كوپلەپ يوقىتىش، ئاممىنى قوزغاش، يەر تەقسىم قىلىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، مۇستەھكەم گېنجۈيدىلەرنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغىچە قىيىنچىلىقلار ئاز بولمايدۇ. لېكىن، بۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدۇ ۋە يېڭىش لازىم. چۈنكى دۈشمەن تېخىمۇ پارچىلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ-دە، كەڭ

يېشىەن ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلاردا كەڭ كولەملىك كۈزلۈك ھۇجۇمغا ئوتتى. بۇ جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھۇجۇملارنىڭ ھەممىسى خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئوتۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ كەڭ تۈردە ھۇجۇمغا ئوتۇشى ئازاتلىق ئۇرۇشنى بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تۈپتىن ئوزگەرگەنلىكىنى كورسەتتى. مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

رايونلار ئارمىيىمىزنىڭ ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان جەڭ مەيدانلىرى بولۇپ قالدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ جايلاردا يۇندۇگچەن قىلغىلى بولىدۇ؛ ئۇ جايلاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسى گومىنداڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئارمىيىمىزنى ھىمايە قىلىدۇ؛ گەرچە بىر قىسىم دۈشمەن قوشۇنى بىرقەدەر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ روھى، بىر يىلدىن ئىلگىرىدىكىگە قارىغاندا، كۆپ چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ، بىر يىلدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى.

5. گومىنداڭ رايونلىرىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى: بىرىنچىدىن، ئۇرۇش پەيتىنى تۇتۇشتا ماھىر بولۇش، قەھرىمانلىق، قەتئىيەتلىك كۆرسىتىش، غەلىبىلىك جەڭنى كۆپرەك قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، كەڭ ئاممىنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ئارمىيىمىز تەرەپتە تۇرىدىغان قىلىش. مۇشۇ ئىككى ئىشنى ئورۇنلىيالىغانلا بولساق، غەلىبە قازىنىمىز.

6. دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جايلىشىشى، بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، مۇنداق: يوقىتىلغانلىرى بىلەن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغانلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، جەنۇبىي سەپتە 157 لۈي، شىمالىي سەپتە 70 لۈي، گومىنداڭ ئارقا سېپىدە 21 لۈي بولۇپ، مەملىكەت بويىچە يىغىنلا جەمى 248 لۈي، ئەمەلىيەتتىكى ئادەم سانى تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ كىشى؛ ئالاھىدە قىسىملار، قورچاق قوشۇنلار، قاتناش ساقچىلىرى، ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ كىشى؛ دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ ھەربىي ئورگانلىرىدىكى جەڭگە قاتناشمايدىغان خادىملار تەخمىنەن 1 مىليون كىشى؛ دېمەك،

دۈشمەننىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى تەخمىنەن 3 مىليون 700 مىڭ كىشى. دۈشمەننىڭ جەنۇبىي سەپتىكى قوشۇنلىرىدىن گۇ جۇتۇڭ شتۇگدىكىسى 117 لۈي، چېڭ چيەن شتۇگدىكىسى ۋە باشقىلار بولۇپ 7 لۈي، خۇ زۇڭنەن شتۇگدىكىسى 33 لۈي. گۇ جۇتۇڭ قوشۇنىنىڭ 117 لۈيدىن بىز تەرەپتىن يوقىتىلغان ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغانلىرى 63 لۈي. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تېخى تولۇقلىۋالالمىدى؛ بىر قىسمىنى گەرچە تولۇقلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم سانى ناھايىتى ئاز، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئاجىز؛ يەنە بىر قىسمى گەرچە خېلى كۆپ ئادەم ۋە قورال بىلەن تولۇقلانغان، جەڭگىۋارلىقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىدىن خېلى يىراقتا تۇرماقتا. تېخى يوقىتىلمىغان ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىمىغانلىرى پەقەت 54 لۈي. گۇ جۇتۇڭنىڭ بارلىق قوشۇنىدىن مۇداپىئەگە ۋە پەقەت يەرلىك دائىرىدە يوتكەپ ئىشلىتىشكە يارايدىغانلىرى 82 ـ 85 لۈينى تەشكىل قىلىدۇ، جەنلۇبىلىك يوتكەپ ئىشلىتىشكە يارايدىغانلىرى پەقەت 32 ـ 35 لۈي. چېڭ چيەن شتۇگى ۋە باشقىلارنىڭ بولۇپ 7 لۈي، ئومۇمەن، مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكىلا يارايدۇ، ئۇلاردىن 1 لۈي ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان. خۇ زۇڭنەن شتۇگدىكى (بۇ لەنجۇنىڭ شەرقىدىكىسىنى، نىڭشيا بىلەن يۈيلىننىڭ جەنۇبىدىكىسىنى، لىنفېن بىلەن لوياڭنىڭ غەربىدىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 33 لۈيدىن يوقىتىلغان ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغانلىرى 12 لۈي، جەنلۇبىلىك يوتكەپ ئىشلىتىشكە يارايدىغانلىرى پەقەت 7 لۈي، قالغانلىرى مۇداپىئە ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدۇ. شىمالىي سەپتىكى دۈشمەن قوشۇنى جەمى 70 لۈي. ئۇنىڭ ئىچىدە دۈگبىي شتۇگدىكىسى 26 لۈي بولۇپ،

ئۇنىڭدىن 16 لۇي يوقىتىلدى ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى؛ سۇن لىيەنجۇڭ شىتۇگىدىكىسى 19 لۇي بولۇپ، ئۇنىڭدىن 8 لۇي يوقىتىلدى ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى؛ فۇ زويىنىڭ 10 لۇيى بولۇپ، ئۇنىڭدىن 2 لۇي ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى؛ يەن شىشەن-نىڭ 15 لۇيى بولۇپ، ئۇنىڭدىن 9 لۇي يوقىتىلدى ۋە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. دۈشمەننىڭ بۇ قوشۇنلىرى هازىر، ئومۇمەن، مۇداپىئە هالىتىگە چۈشۈپ قالدى، يوتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلالاي-دىغان ئەسكىرىي كۈچى پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئارقا سەپتە مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرغان ئە-سكىرىي كۈچى ئاران 21 لۇي. بۇنىڭدىن 8 لۇيى شىنجياڭ ۋە غەربىي گەنسۇدا، 7 لۇيى سىچۈەن ۋە شىكاڭدا، 2 لۇيى يۈننەندە، 2 لۇيى (يەنى يوقىتىلغان 69 ـ شى) گۇاڭدۇڭدا، 2 لۇيى تەيۋەندە؛ خۇنەن، گۇاڭشى، گۈيجۇ، فۇجيەن، جېجياڭ، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ هېچقايى-سىسىدا مۇنتىزىم ئارمىيىسى يوق. گومىنداڭ ئامېرىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا بۇ يىل 1 مىليون ئەسكەر ئېلىپ، ئالدىنقى سەپنى تولۇقلىماق-چى هەم بىرقانچە يېڭى لۇي ۋە بىرقانچە تولۇقلانغان تۇەننى يېتىش-تۈرمەكچى. لېكىن، ئارمىيىمىز، ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدا هەر ئايدا ئوتتۇرا هېساب بىلەن دۈشمەننىڭ 8 لۇيىنى يوقاتقىنىدەك، ئىككىنچى يىلىدىمۇ يەنە دۈشمەننىڭ 96 ـ 100 لۇيىنى يوقىتالىسا (7، 8 ـ ئايلاردا دۈشمەننىڭ 16 يېرىم لۇيىنى يوقاتتى)، دۈشمەن ئارمىيىسى تېخىمۇ كوپ ئاجىزلايدۇ، ئۇنىڭ جەنلۇبلىك يوتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكىرىي كۈچى ئازىيىپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشىدۇ ـ دە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ هەممە يېرىدە جەزمەن مۇداپىئە ئورنىغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، هەممە جايدا ئارمىيە-

مىزنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. گومىنداڭ 1 مىليون ئەسكەر ئېلىشنى، يېڭى لۇي ۋە تولۇقلانغان تۇەنلەرنى يېتىشتۇرۇشنى پىلانلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ھېچنىمگە دال بولالمايدۇ. گومىنداڭ ئەسكەر ئېلىشتا تۇتۇۋېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى 1 مىليونغا يەتكۈزۈشى قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېچىپ كېتىدىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولىدۇ. ئارمىيىمىز تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلغاندا، دۈشمەننىڭ ئادەم كۈچى مەنبەسى ۋە ماددى مەنبەسىنىمۇ تارايتىشى مۇمكىن.

7. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى يەنىلا ئۆتكەندە بەلگىلەنگەنلەردىن ئىبارەت بولىدۇ: ئالدى بىلەن تارقاق ۋە تايانچسىز دۈشمەنگە زەربە بېرىش (بىر قېتىمدا بىرنەچچە لۈيگە زەربە بېرىدىغان، مەسىلەن، بۇ يىل 2-ئايدىكى لەيۋۇ جەنىيسىگە[2]، 7-ئايدىكى غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ جەنىيسىگە[3] ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك يوقىتىش خاراكتېرىدا بولغان جەنىيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاندىن كېيىن توپلانغان ۋە كۈچلۈك دۈشمەنگە زەربە بېرىش. ئالدى بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى ۋە كەڭ يېزىلارنى ئېلىش، ئاندىن كېيىن چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىش. جايلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە تارتىۋېلىشنى ئاساسىي نىشان قىلماستىن، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىش؛ جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش — دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنىڭ نەتىجىسى، جايلارنى ئاخىرقى قېتىم ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش بولسا، كۆپىنچە، نۇرغۇن قېتىم قولدىن-قولغا ئۆتۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەر قېتىملىق جەڭدە مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، دۈشمەننى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا

تىرىشىش، توردىن چۇشۇرۇپ قويماسلىق. پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا بولسا دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەنى بارلىق كۈچنى توپلاپ، دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھەمدە بىر قانىتى ياكى ئىككى قانىتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىش، يەنە بىر قىسمىنى تار - مار قىلىش مەقسىدىگە يېتىش، شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئەسكىري كۈچىنى تېز يوتكەپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ باشقا قىسملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش. بىر تەرەپتىن، تەييارلىقى بولمىغان جەڭنى قىلماسلىققا، ئىشەنچلىك بولمىغان جەڭنى قىلماسلىققا دىققەت قىلىش، ھەر بىر جەڭنى تەييارلىق بىلەن قىلىشقا تىرىشىش، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ شەرتلىرى سېلىشتۇرمىسىدا غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى بولۇشقا تىرىشىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدىغان، ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمايدىغان، ھېرىش - چارچاشتىن قورقمايدىغان ۋە ئۇزمەي ئۇرۇش قىلىدىغان (يەنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىدىغان) ياخشى ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. دۈشمەننى يوتكەپ، يۇندۇگەن قىلىشقا تىرىشىش لازىم، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەننىڭ جۇيدىيەن ۋە شەھەرلىرىنى كوپلەپ تارتىۋېلىش ئۈچۈن، جېنىدىغا ھۇجۇم قىلىش جەنشۇسىنى ئۆگىنىشكە، توپچى قىسىملار، گۇگېنىڭ قىسىملار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن كوپ ئېتىۋار بېرىش لازىم. مۇداپىئەسى ئاجىز بولغان بارلىق جۇيدىيەن ۋە شەھەر - لەرنى قەتئىي تارتىۋېلىش، مۇداپىئەسى ئوتتۇرا ھال بولغان ھەم موھتىمۇ يار بەرگەن بارلىق جۇيدىيەن ۋە شەھەرلەرنى پەيتكە قاراپ تارتىۋېلىش، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان بارلىق جۇيدىيەن ۋە

شەھەرلەرنى بولسا ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇش. دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىنغان بارلىق قورالىلار بىلەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ كوپ قىسمى (80 ـ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەسكەرلەر ۋە ئاز سانلىق تۆۋەن دەرىجىلىك جۈنگۈەنلەر) بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلاش. ئاساسەن، دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ۋە گومىنداڭ رايونلىرىدىن تولۇقلاش، پەقەت بىر قىسمىنىلا كونا ئازات رايونلاردىن تولۇقلاش كېرەك، بولۇپمۇ جەنۇبىي سەپتىكى قوشۇنلىرىمىز شۇنداق قىلىشى كېرەك. بارلىق يېڭى ۋە كونا ئازات رايونلاردا يەر ئىسلاھاتىنى قەتئىي يۈرگۈزۈش (بۇ — ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىشنىڭ ئەڭ تۈپ شەرتى)، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش، ھەربىي سانائەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەممىنى ئالدىنقى سەپنىڭ غەلىبىسىگە قارىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنالىغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، جەزمەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىمىز.

8. يۇقۇرقىلار — بىر يىللىق ئۇرۇشنىڭ يەكۈنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشنىڭ فاڭجېنى. كوپچىلىكنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنى قىلچە تەۋرەنمەستىن قەتئىي ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بۇنى ئارمىيىدە تۆۋەندىن يۇقۇرى، جايلاردا دىۋېي ۋە ۋىلايەتتىن يۇقۇرى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا يەتكۈزۈشى ئۈمىت قىلىنىدۇ.

# ئىزاھلار

① بۇ ئەسەردە ئېيتىلغان ئارمىيىمىزنىڭ دۇڭبېي، رېخې، شەرقىي خېبېيلەردىكى جەنۇبىلىك قايتۇرما ھۇجۇمى دۇڭبېي خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ 1947 ـ يىلدىكى يازلىق ھۇجۇمىنى كۆرسىتىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئارمىيىمىز دۇڭبېيدىكى ۋە رېخې، شەرقىي خېبېيدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە دۈشمەنىنىڭ 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، 40 تىن ئارتۇق ناھىيە شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ دۇڭبېيدىكى ئازات رايونلىرىمىزنى بۆلۈۋېتىش پىلانىنى پۈتۈنلەي تار ـ مار كەلتۈردى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولى بىلەن بېيپىڭ ـ لياۋنىڭ تۆمۈريولى ئارىلىقىدىكى ئۇزۇنچاق تار جايغا قىستىلىپ، «نۇقتىلىق مۇداپىئەلىنىش» دېگەن بىرنىمىگە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۇڭبېينىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئەسەردە ئېيتىلغان ئارمىيىمىزنىڭ جەنۇبىي سەنشى، شىمالىي خېنەنلەردىكى جەنۇبىلىك قايتۇرما ھۇجۇمى سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ 1947 ـ يىل 3، 4، 5 ـ ئايلاردا شىمالىي خېنەن ۋە جەنۇبىي سەنشىدىكى داتۇڭ ـ پۇجۇ تۆمۈريولىنىڭ ئىككى ياقىسىدا قوزغىغان ھۇجۇمىنى كۆرسىتىدۇ. شىمالىي خېنەندىكى ئارمىيىمىز 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنجىن، ياڭۋۇ، پۇياڭ، فىڭچيۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالغاندىن كېيىن، ئۇرۇش غەلبىسىنى شىمالغا كېڭەيتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە يەنە چىشيەن، جۈنشيەن، خۇاشيەن ۋە تاڭيىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىپ، دۈشمەنىنىڭ 45 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. جەنۇبىي سەنشىدىكى ئارمىيىمىز 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە، جۈيۋۇ، شىنجياڭ، يۈڭجى قاتارلىق 22 ناھىيە شەھىرىنى ۋە خۇاڭخې كېچىكىگە جايلاشقان

يۈيمېنكۇ، فېڭلىڭدۇلاردىن ئىبارەت موھىم ئورۇنلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ، دۈشمەننىڭ 18 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى.

② لەيۇۋ جەنىسى خۇادۇڭ خەلق جېيفاڭجۈنى شەندۇڭنىڭ لەيۇۋ (جىنەننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان) رايونىدا ئېلىپ بارغان يۈندۇڭ جەنىنى كورسىتىدۇ. 1947-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، گومىنداڭ ئارمىيىسى جەنۇپ ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى سەپكە بولۇنۇپ، شەندۇڭ ئازات رايونىمىزغا ھۇجۇم قىلدى. جەنۇبىي سەپتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 8 شىسى بىلەن 3 يونۇلۇشكە بولۇنۇپ، يىخي، شۇخي دەريالىرىنى بويلاپ، شىمالدىكى لىنيىگە ھۇجۇم قىلدى، شىمالىي سەپتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ لى شيەنجۇ گورۇھىدىن 3 جۈن مىڭشۈي، زىچۇەن، بوشەنلەردىن جەنۇپقا بېرىپ، لەيۇۋ، شىنتەيلەردە ئۇلارغا ماسلاشتى، شۇنداق قىلىپ، خۇادۇڭ خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن يىمېڭشەن رايونىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا ئورۇندى. ئارمىيىمىزنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي سەپتىكى دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەردى، ئاساسىي كۈچى بولسا شىمالدا لەيۇۋغا بېرىپ، لى شيەنجۇ گورۇھىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. جەڭ 2-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ، 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاياقلاشتى، بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، گومىنداڭنىڭ شۈيجۇدىكى تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسى 2-تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لى شيەنجۇ تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى، 13 شەھەر قايتۇرۇۋېلىندى.

③ غەربىي-جەنۇبىي شەندۇڭ جەنىسى سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن خەلق جېيفاڭجۈنى 1947-يىل 7-ئايدا شەندۇڭ ئولكىسىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمىدىكى خېزې، يۈنچېڭ، جۈيې، دىڭتاۋ، جىنشياڭ، ساۋشيەن رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان جەنىنى كورسىتىدۇ. بۇ جەنىدە، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 4 شىبۇسى ۋە 9 يېرىم لۈيى، جەمى 56 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى.

# جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۇنىنىڭ خىتاپنامىسى*

(1947-يىل 10-ئاي)

جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۇنى جياڭ جېيشىنىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلغاندىن كېيىن، ھازىر كەڭ تۈردە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارمىيىمىز جەنۇبىي سەپتە چاڭجياڭ ۋادىلىرىغا، شىمالىي سەپتە جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولى ۋە بېيپىڭ-لياۋنىڭ تۆمۈريولىغا قاراپ

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۇنى زۇڭبۇسى ئۈچۈن تەييارلىغان سىياسىي خىتاپنامە. بۇ خىتاپنامىدە، شۇ چاغدىكى ئىچكى سىياسىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنغان، «جياڭ جېيشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۇنىنىڭ شۇنداقلا جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ 8 ئاساسىي سىياسىتى جاكالانغان. بۇ خىتاپنامە 1947-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلان قىلىنغانلىقتىن، «10-ئوكتەبىر خىتاپنامىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ خىتاپنامە شىمالىي شەنشىدىكى جياشيەن ناھىيىسىنىڭ شېنچۈەنباۋ كەنتىدە تەييارلانغان.

ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئارمىيىمىز بارغانلا جايدا، دۈشمەنلەر تېرى-پېرەڭ بولۇپ قاچماقتا، خەلقنىڭ خوشاللىق ئاۋازلىرى ياڭرىماقتا. دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پۈتۈن ۋەزىيەتتە، بىر يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا، تۈپ ئۆزگىرىش بولدى.

ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىدى، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە قايتا-قايتا جاكالانغىنىدەك، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە بولسا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جىددى تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە هوكۇمەت تەشكىل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن خەلقنى ۋە مىللەتنى ئازات قىلىشتەك ئومۇمي نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئازاتلىقى ۋە مىللى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ياپون جاهانگىرلىكىگە قارشى 8 يىل قەهرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خەلق تېچلىققا تەشنا بولۇپ تۇراتتى، جياڭ جيېشى بولسا خەلقنىڭ تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىچكى ئۇرۇش بالايى-ئاپىتىنى خەلقنىڭ بېشىغا تاڭدى. بۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەر تەبىقە خەلقى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ جياڭ جيېشىنى يوقىتىشتىن باشقا يول قالمىدى.

جياڭ جيېشىنىڭ هازىرقى ئىچكى ئۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى تاسادىپى ئەمەس، بۇ — جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇهىنىڭ ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كەلگەن خەلققە قارشى سىياسەتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. مىنگونىڭ 16-يىلى (1927-يىلى) دىلا، جياڭ جيېشى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىغا، سۇن

جۇڭشەننىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسىغا ۋە 3 چوڭ سىياسەتكە ۋاپاسىزلىق بىلەن ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقىنى تىكلىدى، جاھانگىرلارغا تەسلىم بولدى، 10 يىل ئىچكى ئۇرۇش قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىنى پەيدا قىلدى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) دىكى شىئەن ۋەقەسى[1] مەزگىلىدە، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى يامانلىققا ياخشىلىق قىلىپ، جاڭ شۆيلياڭ، ياڭ خۇچېڭ جياڭجۇنلەر بىلەن كېلىشىپ، جياڭ جيېشىنى قويۇپ بەرگۈزدى، جياڭ جيېشىدىن گۇنايىغا توۋا قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئۈمىت قىلدى. لېكىن جياڭ جيېشى يەنە بىر قېتىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇردى، خەلقنى ئاكتىپ بېسىقتۇردى، كۇڭچەنداڭنى بولسا ئىنتايىن ئۆچ كوردى. ئۆزاقى يىلى (1945 ـ يىلى) ياپونىيە تەسلىم بولغاندا، جۇڭگو خەلقى جياڭ جيېشىغا يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى، دېموكراتىك سىياسىنى يۈرگۈزۈشنى، پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچ يول بىلەن دولەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن زادى ئۆز سوزىدە تۇرمايدىغان جياڭ جيېشى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا ماقۇل بولغان، 4 تۇرلۇك ۋەدە[2] ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يالتىيىۋالدى. خەلق تەرەپ ئومۇمى ۋەزىيەتنى كوزدە تۇتۇپ، سەۋرى ـ تاقەت بىلەن قايتا ـ قايتا يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، زادىلا دولەت ۋە مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا قارىماي، خەلققە مىسلى كورۈلمىگەن، ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى،

بۇلتۇر (1946-يىلى) 1-ئايدا، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، جياڭ جىيشى 220 دىن ئارتۇق مۇنتىزىم لۈيىنى ۋە 1 مىليونغا يېقىن كىشىسى بار ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى قوشۇنلىرىنى ئىلگىرى-ئاخىر سەپەرۋەر قىلىپ، جۇڭگو خەلقى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قولىدىن قانلىق جەڭلەر بىلەن تارتىۋالغان ئازات رايونلارغا كەڭ تۈردە ھۇجۇم قوزغاپ، شېنياڭ، فۇشۇن، بېنشى، سىپىڭ، چاڭچۈن، يۇڭجى، چېڭدې، جىنىڭ، جاڭجياكۇ، خۇەيىن، خېزې، لىنيى، يەنتەي، يەنتەي قاتارلىق شەھەرلەرنى ۋە كەڭ يېزىلارنى ئىلگىرى-ئاخىر بېسىۋالدى. جياڭ جىيشى ئارمىيىسى بارغانلا جايدا، پۈتۈنلەي ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، قىرغىن-چاپقۇن قىلىۋاتىدۇ، ئوت قويۇۋاتىدۇ، خوتۇن-قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىۋاتىدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ، 3 تۈگىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. بۇلتۇر 11-ئايدا، جياڭ جىيشى قورچاق گومىنداخۇي چاقىرىپ، ساختا شيەنفا ئېلان قىلدى. بۇ يىل 3-ئايدا جياڭ جىيشى گۇڭچەنداڭ ۋەكىللىرىنى قوغلاپ چىقاردى. بۇ يىل 7-ئايدا جياڭ جىيشى خەلققە قارشى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى[3] چۈشۈردى. مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلاردا ئىچكى ئۇرۇشقا، ئاچارچىلىققا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ھەققانىي خەلق ھەرىكىتىگە، ئىشچىلار، دېخانلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىسى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ ياشاش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە جياڭ جىيشىنىڭ قوللانغان فاشىزمنى بېسىقتۇرۇش، قولغا ئېلىش ۋە قىرىش-چېپىش بولۇۋاتىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە جياڭ جىيشىنىڭ قوللانغان فاشىزمنى چوڭ خەنزۇچىلىقنى

يۇرگۈزۈش، دەپسەندە قىلىش، بېسىقتۇرۇش ۋە ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. جياڭ جيېشى ھوكۇمرانلىقىدىكى بارلىق رايونلاردا، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ئىشپىيونلار غالجىرلىشىۋاتىدۇ، باج-سېلىقلار ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، مال باھاسى ئۆرلەۋاتىدۇ، ئىقتىسات ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك ھۈنەر-كەسپلەر ئاقماي قېلىۋاتىدۇ، ئەسكەر ۋە ئاشلىق ئېلىنىۋاتىدۇ، ھەممە يەر دات-پەرياتقا تولۇۋاتىدۇ، بۇ ھال پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك خەلقنى ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالدۇردى. جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى پۇل مۇئامىلە گۇرۇھلىرى، خىيانەتچى ئەمەلدارلار، تۇخاۋ-لېشېنلار بولسا غايەت زور بايلىق توپلىۋالدى. بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جياڭ جيېشى قاتارلىقلار ھاكىم مۇتلەقلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋان-ياساق ئېلىش، ھوكۇمەت نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز خۇسۇسىغا پايدا ئېلىش ئارقىلىق توپلىۋالغان. جياڭ جيېشى ھاكىم مۇتلەقلىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت ھوقۇقىنى چەتئەل جاھانگىرلىرىگە سېتىشتىن يانمىدى، ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى چىڭداۋ ۋە باشقا جايلاردا تۇرغۇزدى، ئامېرىكىدىن گۇۋېنلارنى ئالدۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىقىغا ۋە ئەسكەر تەربىيىلەشكە قاتناشتۇردى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىردى. ئىچكى ئۇرۇشقا كېرەكلىك ئايروپىلان، تانكا، مىلتىق-زەمبىرەك ۋە ئوق-دورىلارنى ئامېرىكىدىن كۆپلەپ توشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش خىراجەتلىرىنى ئامېرىكىدىن كۆپلەپ قەرز ئېلىۋاتىدۇ. جياڭ جيېشى ھەربى جىددى سېتىش، ھاۋا ۋە دېڭىز قاتناش ھوقۇقلىرىنى سېتىش، قۇللۇق خاراكتېرىدىكى سودا شەرتنامىسىنى[①]

ئىمزالاشقا ئوخشاش يۈەن شىكەينىڭ ۋەتەن ساتقۇنلۇغىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان شەرتلەرنى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە سوغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ 20 يىللىق ھوكۇمرانلىغى ۋەتەن ساتقۇچ، ھاكىم مۇتلەق ۋە خەلققە قارشى ھوكۇمرانلىق بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق، يۇرتىنىڭ قەيەرلىگىدىن ۋە يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىگىدىن قەتئى نەزەر، جياڭ جيېشىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى تونۇپ يەتتى، ئارمىيىمىزنىڭ تېزدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىشىغا تەقەززا بولماقتا.

ئارمىيىمىز — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارمىيىسى، ھەممىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز ئىرادىسى قىلىدۇ. ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ جىددى تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىشچىلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار، سودا-سانائەتچىلەردىن ئىبارەت ئېزىلگۈچى سىنىپلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەرقايسى جايلاردىكى خۇاچياۋلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللى بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش.

2. جياڭ جيېشى باشچىلىغىدىكى ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىش، سوراققا تارتىش ۋە جازالاش.

3. جياڭ جيېشى ھوكۇمرانلىغىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمىنى

بىكار قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، خەلقنىڭ سوز، مەتبۇئات، يىغىن ئوتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قاتار-لىق ئەركىنلىكلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش.

4. جياڭ جيېشى هوكۇمرانلىغىنىڭ چىرىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى تازىلاپ چىقىرىش، پاك سىياسى ئورنىتىش.

5. جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى ۋە ئاكا-ئۇكا چېن گوفۇ، چېن لىفۇلاردىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھەم باشقا باش ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ مال-مۇلۇكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، گۇەنلياۋ كاپىتالنى مۇسادىرە قىلىش، مىللى سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ۋە كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش.

6. فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇشى، دېگەن تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

7. جۇڭگو زېمىنىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئاپتونومىيىلىك هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش.

8. جياڭ جيېشى هاكىم مۇتلەق هوكۇمىتىنىڭ بارلىق ۋەتەن ساتقۇچ ۋەيجياۋسىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، بارلىق ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنا-مىلىرىنى بىكار قىلىش، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە چەتتىن ئالغان بارلىق قەرزلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق. ئامېرىكا هوكۇمىتىدىن جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىغىغا تەھلىكە سېلىپ تۇرغان جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش، ھەرقانداق چەتئەللىكنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىشىگە ۋە ياپون تاجاۋۇزچى كۇچلىرىنى تىرىلدۇ-رۇشىگە قارشى تۇرۇش. چەتئەللەر بىلەن تەڭ هوقۇقلۇق ۋە ئوزئارا

مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدىكى سودا، دوستلۇق شەرتناملىرىنى تۈزۈش.
دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كورىدىغان بارلىق مىللەتلەر
بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار — ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي سىياسەتلىرى.
ئارمىيەمىز بارغانلا جايدا بۇ سىياسەتلەرنى دەرھال يولغا قويىدۇ.
بۇ سىياسەتلەر پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 90 پىرسەنتتىن كوپرەك
خەلقنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن.

ئارمىيەمىز جياڭ جيېشى تەرەپىنىڭ خادىملىرىنى قارا-قويۇق
چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش فاڭجېننى
قوللىنىدۇ. بۇ فاڭجېن باش جىنايەتچىلەرنى جەزمەن جازالاش،
مەجبۇرەن ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، خىزمەت كورسەتكەن-
لەرنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئىچكى
ئۇرۇشنىڭ باش جىنايەتچىسى جياڭ جيېشى ۋە جياڭ جيېشىغا
قەتئىي ياردەملىشىپ يامانلىق قىلغان، خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان،
شۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئېتىراپ قىلغان ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئارمىيەمىز جەزمەن ئاسمانغا چىقسا تاپىدىن، يەرگە
كىرسە كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ كېلىپ، قانۇن بويىچە جازالايدۇ.
ئارمىيەمىز جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ بارلىق جۇنگۇەن ۋە ئەسكەر-
لىرىگە، جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىغا، جياڭ
جيېشى پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئاگاھلاندۇرىدۇكى، تېخى
بىگۇناھ خەلقنىڭ ساپ قېنى بىلەن بويالمىغانلىرىڭلار ھەرگىز ئەشۇ
جىنايەتچىلەرگە ئەگىشىپ، ئەسكىلىك قىلماڭلار. يامان ئىش قىلغانلار
جىنايەتتىن دەرھال قول ئۈزۈپ، گۇنايىغا توۋا قىلىپ، جياڭ جيېشى-
دىن ئالاقىسىنى ئۈزسە، ئۇلارنىڭ خىزمەت كورستىپ، جىنايىتىنى

يۇيۇشقا يول قويۇلىدۇ. ئارمىيىمىز جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ قورال تاشلىغان جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، قېلىشنى خالىغانلىرىنى ئېلىپ قالىدۇ، كېتىشنى خالىغانلىرىنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ئارمىيىمىزگە قوشۇلغان جياڭ جيېشى ئارمىيىسى قوشۇنلىرىنى ۋە ئارمىيىمىز ئۈچۈن ئاشكارا ياكى مەخپىي خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى بولسا مۇكاپاتلايدۇ.

بالدۇرراق جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى، ئارمىيىمىز بارغان جايلاردا، بىز بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، دېموكراتىك تەرتىپ ئورنىتىشقا؛ ئارمىيىمىز بارمىغان جايلاردا بولسا، ئۆزلۈكىدىن قولغا قورال ئېلىپ، ئەسكەر تۇتۇش ۋە ئاشلىق ئېلىشقا قارشى تۇرۇشقا، يەر تەقسىم قىلىش، قەرزلەرنى بىكار قىلىشقا ۋە دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، پارتىزان ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىرىمىز.

جياڭ جيېشىنى بالدۇرراق يوقىتىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن، ئازات رايونلار خەلقىنى يەر ئىسلاھاتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، دېموكراتىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇشقا، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى كۈچەيتىشكە، دۈشمەننىڭ قالدۇق جۈيدىيەنلىرىنى يوقىتىشقا ۋە ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە چاقىرىمىز.

ئارمىيىمىزدىكى بارلىق جىڭخۇيىيۈەن، جەڭچى يولداشلار! بىز ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاپ تارىخىدا ئەڭ مۇھىم، ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، بىز ئۆز ۋەزىپىمىزنى پائال تىرىشىپ

ئورۇنلىشىمىز لازىم. ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ قايسى كۈنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقالىشى، قەدىردان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قايسى كۈنى ئىنسانىي تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئۆز ھۆكۈمىتىنى تاللاپ ئالالىشى بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىق. پۈتۈن ئارمىيىمىزدىكى جۈنگۈەنلەر ۋە جەڭچىلەر ھەربىي ئىشلار سەنئىتىنى ئۆستۈرۈپ، چوقۇم غەلىبە قىلىشقا تېگىشلىك ئۇرۇشلاردا جاسۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ، بارلىق دۈشمەننى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىشى لازىم. ئاگاھلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەممەيلەن دۈشمەننى يوقىتىش ۋە خەلقنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئاممە بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى رايونلارنى تېزدىن مۇستەھكەم رايونلار قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ئىنتىزامچانلىقنى ئۆستۈرۈشى، قەتئىي تۈردە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشى، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشى، 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتنى ئىجرا قىلىشى، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىكى، جۈنگۈەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر بىرلىكى ۋە پۈتۈن ئارمىيە بىرلىكىنى تەمىن ئېتىشى، ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىقى لازىم. پۈتۈن ئارمىيىمىزدىكى جۈنگۈەنلەر ۋە جەڭچىلەر ھەر دائىم ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى، بىز — ئۇلۇق خەلق جىيفاڭجۈنى، بىز — ئۇلۇق جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن. بىز پارتىيىنىڭ يوليورۇقلىرىغا ھەر دائىم ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، چوقۇم غەلىبە قازىنىمىز.

يوقالسۇن جياڭ جيېشى!

ياشىسۇن يېڭى جۇڭگو!

# ئىزاھلار

① مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «جياڭ جيېشىنىڭ باياناتى توغرىسىدا بايانات»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

② «4 تۈرلۈك ۋەدە» جياڭ جيېشى 1946-يىلى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنى ئېچىلغاندا ئېلان قىلغان: خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئومۇمىي سايلام يۈرگۈزۈش ۋە سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

③ 1947-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك تەكلىپى»نى ماقۇللاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «كۆڭچەندالڭ باسمىچىلىرىنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى» دېگەن نىمىنى چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكى ئاللىقاچان يۈرگۈزۈلگەن ئىدى. بۇ چاغدا، جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىغان، جياڭ جيېشىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ «جىددى ۋېيجى»غا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئىدى. بۇ «ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى» جياڭ جيېشىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشىنىلا كۆرسەتتى.

④ «قۇللۇق خاراكتېرىدىكى سودا شەرتنامىسى» 1946-يىل 11-ئاينىڭ 4-كۈنى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى سېتىلغان «جۇڭگو-ئامېرىكا دوستلۇق، سودا ۋە دېڭىز قاتنىشى شەرتنامىسى»نى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋالايلى»نىڭ ⑤ ئىزاھىغا قارالسۇن.

# جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنى زۇڭبۇ-سىنىڭ 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتنىڭ يېڭىۋاشتىن ئېلان قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى

**(1947-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى)**

1. ئارمىيەمىزنىڭ 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقىنىغا نۇرغۇن يىل بولدى①، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەرقايسى جايلاردىكى قوشۇنلاردا بىر ئاز پەرقلىق بولۇپ كەلدى. ھازىر بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن ئېلان قىلدۇق. مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىپ، چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىڭلار ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىڭلار. بۇنىڭدىن بولەك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا، ھەرقايسى جايلاردىكى قوشۇنلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باشلىقلىرى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، بىرقانچە ماددا بەلگىلەپ، بۇيرۇق بىلەن يولغا قويسا بولدۇ.

2. 3 چوڭ ئىنتىزام تۆۋەندىكىچە:

1) بارلىق ھەرىكەتتە قوماندىغا بويسۇنۇش؛ 2) ئاممىنىڭ

يىپ - يىڭنىسىنىمۇ ئالماسلىق؛ 3) بارلىق غەنىمەتلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش.

3. 8 دىققەت توۋەندىكىچە:

1) سوزدە مۇلايىم بولۇش؛ 2) ئالدى - ساتتىدا ئادىل بولۇش؛ 3) ئوتنە ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇش؛ 4) بۇزۇپ قويغان نەرسىلەرنى تولەپ بېرىش؛ 5) كىشىلەرنى ئۇرماسلىق ۋە تىللىماسلىق؛ 6) زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك؛ 7) ئاياللارغا چېقىلماسلىق؛ 8) ئەسىرلەرنى خارلىماسلىق.

## ئىزاھ

① 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەت — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى ئۇچۇن تۇزۇلگەن ئىنتىزام. بۇ ئىنتىزاملار قىزىل ئارمىيە سىياسىي خىزمىتىنىڭ موھىم مەزمۇنى بولدى، خەلق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، ئارمىيىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشتا، خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا ۋە خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى توغرا سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشتە غايەت زور رول ئوينىدى. قىزىل ئارمىيە دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىلدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ ھەربىي قىسىملاردىن ئاممە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا سوزدە مۇلايىم بولۇشنى، ئالدى - ساتتىدا ئادىل بولۇشنى، سەيىگە ئادەم تۇتماسلىقنى، كىشىلەرنى ئۇرماسلىق ۋە تىللىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. 1928 - يىلى ئەتىيازدا، ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى جىڭگاڭشەندىكى چاغدا يولداش ماۋ زېدۇڭ توۋەندىكى 3 ئىنتىزامنى بەلگىلىدى: بىرىنچى، ھەركەتتە قوماندىغا بويسۇنۇش، ئىككىنچى، ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ قىلچە نەرسىسىنى ئالماسلىق؛ ئۇچىنچى، تۇخاۋلارغا

قارشى كۆرەشتە ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش. 1928 - يىلى يازدا 6 دىققەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) ئاستىغا قويۇپ ياتقان ئىشىكلەرنى ئورنىتىپ قويۇش، 2) ئاستىغا سېلىپ ياتقان ئوت - چۆپلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇش، 3) سوزدە مۇلايىم بولۇش، 4) ئالدى - ساتتىدا ئادىل بولۇش، 5) ئوتنە ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇش، 6) بۇزۇپ قويغان نەرسىلەرنى تولەپ بېرىش. 1929 - يىلدىن كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە 3 چوڭ ئىنتىزام ئىچىدىكى «ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ قىلچە نەرسىسىنى ئالماسلىق»نى «ئاممىنىڭ يىپ - يىڭنىسىمۇ ئالماسلىق» دەپ؛ «تۇخاۋلارغا قارشى كۆرەشتە ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش»نى «تۇپلانغان پۇللارنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش» دەپ، كېيىن ئۇنى يەنە «بارلىق غەنىمەتلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش» دەپ ئۆزگەرتتى. 6 دىققەتكە بولسا «ئايالالار بار يەردە سۇغا چۈشمەسلىك» ۋە «ئەسىر - لەرنىڭ يېنىنى ئاختۇرماسلىق» دېگەن ئىككى مەزمۇننى قوشتى، شۇنىڭ بىلەن 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەت ۋۇجۇتقا كەلدى.

# هازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز*

**(1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)**

## 1

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى هازىر بىر بۇرۇلۇش نۇق‍ـ
تىسىغا يەتتى، يەنى جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى ئامېرىكىنىڭ غالچىسى
جياڭ جيېشىنىڭ بىرقانچە مىليون كىشىلىك ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭىنىڭ 1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە شىمالىي شەنشىدىكى مىجې ناهىيىسىنىڭ ياڭجياگۇ كەنتىدە چاقىرىلغان يىغىنىدا قىلغان دوكلات. بۇ يىغىنغا شۇ ۋاقىتتا كېلەلەيدىغان جۇڭياڭ ۋېيۈەنلەر ۋە خوۋبۇ جۇڭياڭ ۋېيۈەن‍ـ لەر قاتناشقاندىن باشقا، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى ۋە شەنشى ـ سۈييۈەن چېگرا رايونىدىكى مەسئۇل يولداشلارمۇ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇشۇ دوكلادىنى ۋە ئۇ يازغان «هازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بىرقانچە مۆلچەر» (مۇشۇ

ھۇجۇمنى چېكىندۇردى ۋە ئۆزى ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش-
نىڭ 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە بولغان بىرىنچى
يىلىدىلا، خەلق جىيفاڭجۈنى بىرقانچە جەڭ مەيدانىدا جياڭ جيېشى-
نىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنى مۇداپىئە ئورنىغا چۈشۈردى.
ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىن يەنى 1947 ـ يىل
7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتتىن تارتىپلا، خەلق جىيفاڭجۈنى
پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جياڭ جيېشىنىڭ
ئۇرۇشنى ئازات رايونلارغا داۋاملىق سۈرۈشنى كوزلىگەن، ئازات
رايونلارنى تەلتوكۈس ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي
پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. ھازىر ئۇرۇش، ئاساسەن، ئازات رايونلاردا
ئەمەس، گومىنداڭ ھوكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بولۇۋاتىدۇ، خەلق
جىيفاڭجۈنىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۇرۇش قىلىپ، گومىنداڭ ھوكۈمە-
رانلىقىدىكى رايونلارغا يېتىپ باردى[1]. جۇڭگو خەلق جىيفاڭجۈنى
جۇڭگودا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى
باسمىچىلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپ چاقىنى بۇراپ، ھالاكەت يولىغا
ماڭغۇزدى، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپ چاقىنى ئالغا سۈرۈپ، غەلىبىيەت يولىغا

---

تومىنىڭ 125 ـ بېتىگە قارالسۇن)نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى.
يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ دوكلادى توغرىسىدا يىغىننىڭ قارارىدا مۇنداق
كورسىتىلگەن: «بۇ دوكلات ــ جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھوكۈمران
گۇرۇھىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇشتىن
ئىبارەت پۈتۈن دەۋردە سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ساھەلەر بويىچە
گاڭلىك خاراكتېرلىق ھوججەت. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ئارمىيە بۇ
ھوججەتنى 1947 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمى ھوججەتلىرىگە بىرلەش-
تۈرۈپ (بۇ يەردە 1947 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان

ماڭغۇزدى. بۇ — تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى. بۇ — جياڭ جيېشىنىڭ 20 يىللىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھوكۇمرانلىغى راۋاجلىنىشتىن يوقىلىشقا يۈزتۇتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسى. بۇ — جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيانقى ھوكۇمرانلىغى راۋاجلىنىشتىن يوقىلىشقا يۈزتۇتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسى. بۇ — ئۇلۇغ بىر ۋەقە. بۇ ۋەقە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ 475 مليون ئاھالىگە ئىگە مەملىكەتتە يۈزبەردى، بۇ ۋەقە يۈزبەرگەن ئىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا مەملىكەت بويىچە غەلىبىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ ۋەقە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ دۇنيانىڭ شەرقىدە يۈزبەردى، بۇ يەردە جەمى 1 مليارتتىن ئارتۇق ئاھالە (ئىنسانلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ) جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىماقتا. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بۇ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى خوشال

---

«جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ خىتابنامىسى»، «جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ شوئارلىرى»، «3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتنىڭ يېڭىۋاشتىن ئېلان قىلىنغانلىغى توغرىسىدىكى كورسەتمە»، «جۇڭگو يەر قانۇنى داگاڭى» ۋە «جۇڭگوڭ جۇڭياڭنىڭ جۇڭگو يەر قانۇنى داگاڭىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» كوزدە تۇتۇلىدۇ)، جوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا قاتتىق رىئايە قىلىپ ئىجرا قىلىشى لازىم. جايلار ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ دوكلاتتا كورسىتىلگەن پىرىنسىپقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەرلىرى بولسا، دەرھال تۈزىتىشى لازىم.» بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ باشقا موھىم قارارلىرى مۇنۇلار: 1) جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش، دۈشمەنىنىڭ ۋەزىيەتنى ۋاقىتىنچە پەسەيتىپ، ئوزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىلىسى (تىنچلىق تەنپەنى) ئارقىلىق قوشۇنلىرىنى دەم ئالدۇرۇش- تەرتىپكە سېلىش

قىلماي، روھلاندۇرماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ كۈرەش قىلىۋاتقان ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ئەللەرنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ بىر خىل ياردەم.

## 2

جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغىغان كۈندىن تارتىپلا، بىز، جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلىشىمىز زورۇرلا ئەمەس، بەلكى مەغلۇپ قىلالايمىز، دەپ كەلگەن ئىدۇق. جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن زورۇركى، جياڭ جيېشى قوزغىغان ئۇرۇش — ئامېرىكا جاھانگىرلىكى قوماندانلىق قىلغان، جۇڭگونىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىغا ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقىغا قارشى بولغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش. جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى، ئىككىنچى

پۈرسىتىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئاندىن خەلققە يەنە ھۇجۇم قىلىشقا يول قويماسلىق كېرەك. 2) ئىنقىلاۋىي مەركىزىي ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش پەيتى ھازىر تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، بۇ مەسىلىنى، ئارمىيىمىز يەنىمۇ زور غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مۇھاكىمە قىلىش كېرەك، شۇنىڭغا ئىلان قىلىش تېخىمۇ كېيىنكى مەسىلە. يىغىن يەنە شۇ ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى خاھىشلار مەسىلىسىنى شۇنىڭدەك يەرئىسلاھاتى ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتتىكى بىرقانچە كونكرېت سىياسەت مەسىلىسىنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىنى كېيىن يولداش ماۋ زېدۇڭ «پارتىيىنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا» دىگەن ئەسەرگە كىرگۈزگەن (مۇشۇ تومنىڭ 287 ـ بېتىگە قارالسۇن). مۇشۇ ئەسەردىن تارتىپ 1948 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «ئەھۋال توغرىسىدا تۇڭباۋ»غىچە بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شىمالىي شەنشىدىكى مىجژ ناھىيىسىنىڭ ياڭجياگۇ كەنتىدە يېزىلغان.

دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقان، ياپون جاھانگرلكى يوقتلغاندن كېين، سياسى، ئقتسادي جەھەتلەر ۋە مەدنيەت جەھەتلردە يېڭى دېموكراتك ئسلاھاتلارنى ئورۇنلاپ، دولەتنڭ برلكى ۋە مۇستەقللغنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملكتمزنى يېزا ئگلكى مەملكتدن سانائەت مەملكتگە ئايلاندۇرۇش ئدى. ئەمما دەل شۇ چاغدا، فاشزمغا قارشى ئككنچى دۇنيا ئۇرۇشى غەلبلك ئاياقلاشقاندن كېين، ئامېركا جاھانگرلكى ۋە ئۇنڭ ھەرقايسى ئەللەردكى غالچلرى گېرمانيە بلەن ياپون جاھانگرلكنڭ ۋە ئۇلارنڭ غالچلرنڭ ئورننى بېسپ، ئەكسيەتچى لاگر ئۇيۇشتۇرۇپ، سوۋېت ئتتپاقغا قارشى تۇردى، ياۋروپادكى خەلق دېموكراتيسى ئەللرگە قارشى تۇردى، كاپتالستك ئەللەردكى ئشچلار ھەركتگە قارشى تۇردى، مۇستەملكە ۋە يېرم مۇستەملكەلەردكى مللى ھەركەتلەرگە قارشى تۇردى، جۇڭگو خەلقنڭ ئازاتلقغا قارشى تۇردى. مۇشۇنداق ۋاقتتا، جياڭ جېيشى باشچلقدكى جۇڭگو ئەكسيەتچلرى، خۇددى ياپون جاھانگرلكگە غالچا بولغان ۋاڭ جڭۋېيغا ئوخشاش، ئامېركا جاھانگرلكگە غالچا بولۇپ، جۇڭگونى ئامېركغا ساتتى، ئۇرۇش قوزغدى، جۇڭگو خەلقگە قارشى تۇردى، جۇڭگو خەلق ئازاتلق ئشلرنڭ ئالغا بېسشغا توسقۇنلۇق قلدى. مۇشۇنداق ۋاقتتا، ئەگەر بز ئاجزلق قلغان، يول قويغان، ئەكسلئنقلاۋي ئۇرۇشقا ئنقلاۋي ئۇرۇش بلەن قەتئى قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قلالمغان بولساق، جۇڭگو زۇلمەتلك دۇنياغا ئايلانغان، مللتمزنڭ ئستقبالى يوقالغان بولاتتى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنگە رەھبەرلك قلپ، قەتئى يوسۇندا ۋەتەنپەرۋەرلك، ئادالەتلك،

ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى
تۇردى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىلمىغا ئاساسەن،
خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن مولچەرلەپ، بارلىق
ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ
زورۇرلۇگىنىلا ئەمەس، بەلكى مەغلۇپ قىلىشنىڭ مۇمكىنلىگىنىمۇ
بىلدى. ئاسماندا قارا بۇلۇت پەيدا بولغان چاغدا، بىز: بۇ پەقەت
ۋاقىتلىق ھادىسە، قاراڭغۇلۇق پات ئارىدا ئۆتۈپ كېتىدۇ، تاڭ نۇرى
دەرھال يېتىپ كېلىدۇ، دەپ كورسەتكەن ئىدۇق. 1946-يىل 7-ئايدا،
جياڭ جيېشى باشچىلىرى پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ئەكسىلئىنقى-
لاۋىي ئۇرۇش قوزغىغان چېغىدا پەقەت 3 ئايدىن 6 ئايغىچە ۋاقىت
ئىچىدىلا خەلق جېيفاڭجۈنىنى مەغلۇپ قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان
ئىدى. ئۇلار: 2 مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىمىز، 1 مىليوندىن
ئوشۇق كىشىلىك غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىمىز، ئارقا سەپ ھەربى
ئورگان ۋە قىسىملىرىمىزدا 1 مىليوندىن ئارتۇق كىشىمىز، جەمى
4 مىليون كىشىدىن ئارتۇق ھەربى كۈچىمىز بار؛ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ،
ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىغىنى پۈتكۈزۈۋالدۇق؛ چوڭ شەھەرلەرنى
يېڭىۋاشتىن قولىمىزغا ئېلىۋالدۇق؛ 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە
ئىگە بولدۇق؛ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن
1 مىليون كىشىلىك ئارمىيىسىنىڭ بارلىق قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇ-
رۇۋالدۇق؛ ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ ھەربى ۋە مالىيە جەھەتتە غايەت
زور ياردىمىگە ئىگە بولدۇق، دەپ قارىغان ئىدى. ئۇلار يەنە:
جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش داۋامىدا ناھايىتى چارچىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سان. جەھەتتە
ۋە قورال-ياراق جەھەتتە گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن كوپ ئارقىدا؛

جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا پەقەت 100 مىليوندىن سەللا ئارتۇق ئاھالە بار، بۇ رايونلارنىڭ كوپ قىسمىدا ئەكسىيەتچى فېودال كۇچلەر تېخى يوقىتىلىپ بولمىدى، يەر ئىسلاھاتى تېخى ئومۇمىيۈز-لۈك ۋە تەلتوكۇس بولمىدى، دىمەك، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ئارقا سېپى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، دەپ قارىغان ئىدى. جياڭ جيېشى باسمىچىلىرى ئەنە شۇ مولچەرلىرى بويىچە، جۇڭگو خەلقىنىڭ تېچلىق ئارزۇسىغا قارىماي، 1946-يىل 1-ئايدا ئىمزالانغان گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە پارتىيە-گۇرۇھلار سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل يىرتىپ تاشلاپ، تەۋەككۇلچىلىك ئۇرۇشىنى قوزغىدى. شۇ چاغدا بىز مۇنداق دىگەن ئىدۇق: جياڭ جيېشىنىڭ ھەربى كۇچ جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇگى پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە، پەقەت ۋاقىتلىق رول ئوينايدىغان ئامىل؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ياردىمىمۇ پەقەت ۋاقىتلىق رول ئوينايدىغان ئامىل؛ جياڭ جيېشى ئۇرۇشىنىڭ خەلققە قارشى خاراكتېرى، كىشىلەر كوڭلىنىڭ مايىل ئەمەسلىگى بولسا دائىملىق رول ئوينايدىغان ئامىل؛ ھالبۇكى، بۇ جەھەتتە خەلق جيېفاڭجۈنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە. خەلق جيېفاڭجۈنى ئۇرۇشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتلىك، ئىنقىلاۋىيلىق خاراكتېرى مۇقەررەر يوسۇندا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ. جياڭ جيېشىنى يېڭىشىمىزنىڭ سىياسى ئاساسى ئەنە شۇ. 18 ئايلىق ئۇرۇش تەجرىبىلىرى بىزنىڭ ھوكمىمىزنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

3

17 ئايلىق (1946-يىل 7-ئايدىن 1947-يىل 11-ئايغىچە،

12 ـ ئاينىڭ بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىدى) ئۇرۇشتا جياڭ جيېشىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، يارىدار قىلىنغان ۋە ئەسىر ئېلىنغانلىرى جەمى 1 مىليون 690 مىڭ كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىدار قىلىنغىنى 640 مىڭ كىشى، ئەسىر ئېلىنغىنى 1 مىليون 50 مىڭ كىشى. شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىز جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئازات رايونلارنىڭ ئاساسىي زېمىنىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئۆزى ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ بۇنداق قىلالىشىمىز، ھەربى جەھەتتىن ئېيتقاندا، توغرا جەڭلۈبىلىك فاڭجېن ئىجرا قىلغانلىقىمىزدىن بولدى. بىزنىڭ ھەربى پىرىنسىپلىرىمىز: 1) ئالدى بىلەن تارقاق ۋە تايانچىسىز دۈشمەنگە زەربە بېرىش، ئاندىن كېيىن توپلانغان ۋە كۈچلۈك دۈشمەنگە زەربە بېرىش. 2) ئالدى بىلەن كىچىك شەھەرلەرنى، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى ۋە كەڭ يېزىلارنى ئېلىش، ئاندىن كېيىن چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىش. 3) شەھەرلەر ۋە جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىشنى ئاساسىي نىشان قىلماستىن، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىش. شەھەرلەر ۋە جايلارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش — دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنىڭ نەتىجىسى، ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم ساقلاپ قېلىش ياكى تارتىۋېلىش بولسا، كۆپىنچە، نۇرغۇن قېتىم قولدىن ـ قولغا ئۆتۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. 4) ھەر قېتىملىق جەڭدە مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ (دۈشمەننىڭكىدەك 2 ھەسسە، 3 ھەسسە، 4 ھەسسە، بەزى ۋاقىتتا ھەتتا 5 ھەسسە ياكى 6 ھەسسە كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ)، دۈشمەننى توت تەرەپتىن قورشاپ، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تىرىشىش، توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق.

پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا بولسا دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۈسۈلىنى قوللىنىپ، يەنى بارلىق كۈچنى توپلاپ، دۈشمەنگە ئۇدۇل-دىن ھەمدە بىر قانىتى ياكى ئىككى قانىتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىش، يەنە بىر قىسمىنى تار-مار قىلىش مەقسە-دىگە يېتىش، شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تېز يوتكەپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش. پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ياكى پايدىسى بىلەن زىيىنى تەڭ بولىدىغان خورد-تىش ئۇرۇشنى قىلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىش. شۇنداق قىلغاندا، بىز ئومۇمىلىقتا تۆۋەن تۇرساقمۇ (سان جەھەتتىن ئېيتقاندا)، ئەمما ھەر بىر قىسمەنلىكتە ۋە ھەر بىر كونكرېت جەڭدە مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىمىز، بۇ، جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەت بېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز ئومۇمىلىقتا ئۈستۈنلۈككە ئۆتىمىز-دە، ھەممە دۈشمەننى يوقاتقىچە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىۋېرىمىز. 5) تەييارلىقى بولمىغان جەڭنى قىلماسلىق، ئىشەنچلىك بولمىغان جەڭنى قىلما-لىق، ھەر بىر جەڭنى تەييارلىق بىلەن قىلىشقا تىرىشىش، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنىڭ شەرتلىرى سېلىشتۇرمىسىدا غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى بولۇشقا تىرىشىش. 6) باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدىغان، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، ھېرىش-چارچاشتىن قورقمايدىغان ۋە ئۇزمەي ئۇرۇش قىلىدىغان (يەنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە دەم ئالماستىن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىدىغان) ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش. 7) دۈشمەننى يۈندۈگەن داۋامدا يوقىتىشقا تىرىشىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جېڭدىغا ھۇجۇم قىلىش جەنشۇسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دۈشمەننىڭ جۈيدىيەن ۋە شەھەرلىرىنى تارتىۋېلىش.

8) شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىدە، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز بولغان بارلىق جۇيدىيەن ۋە شەھەرلەرنى قەتئىي تارتىۋېلىش. دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى ئوتتۇرا ھال بولغان ھەم تارتىۋېلىشىمىزغا موھىتمۇ يار بەرگەن بارلىق جۇيدىيەن ۋە شەھەرلەرنى پەيتكە قاراپ تارتىۋېلىش. دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان بارلىق جۇيدىيەن ۋە شەھەرلەرنى بولسا شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، ئاندىن تارتىۋېلىش. 9) دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىنغان بارلىق قوراللار بىلەن ۋە ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلاش. ئارمىيىمىزنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچىنىڭ مەنبەسى، ئاساسەن، ئالدىنقى سەپتە. 10) ئىككى جەڭنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش-تەربىيىلەش. دەم ئالدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش-تەربىيىلەش ۋاقتىنى، ئومۇمەن، بەكمۇ ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك، دۈشمەننىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا مۇمكىن قەدەر ۋاقىت بەرمەسلىك. يۇقۇرقىلار—خەلق جېنىغا جۇڭنىڭ جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇللىرى. بۇ ئۇسۇللار خەلق جېنىغا جۇڭنىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ چېنىقىشى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى ئەھۋالىمىزغىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. جياڭ جيېشى باسمىچىلىرى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگودىكى ھەربىي خادىملىرى بىزنىڭ بۇ ھەربىي ئۇسۇللىرىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ جياڭگوەن ۋە شياۋگوەنلىرىنى نۇرغۇن قېتىم يىغىپ تەلىم بەردى، بىزنىڭ ھەربىي كىتابلىرىمىزنى ۋە ئۇرۇش داۋامىدا قولغا چۈشۈرۈۋالغان ھۆججەتلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى،

شۇنىڭ بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تېپىشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خادىملىرى جياڭ جيېشىغا خەلق جيېفاڭجۈنىنى يوقىتىشنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق جەنلۈي، جەنشۇلىرى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، شۇنىڭدەك جياڭ جيېشىغا ئەسكەر تەربىيىلەپ بەردى ۋە ھەربىي قورال ـ ياراق ياردەم قىلدى. لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى جياڭ جيېشى باسمىچىلىرىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ جەنلۈي، جەنشۇلىرىمىز خەلق ئۇرۇشى ئاساسىغا قۇرۇلغان، خەلققە قارشى ھەرقانداق قوشۇن بىزنىڭ جەنلۈي، جەنشۇلىرىمىزدىن پايدىلىنالمايدۇ. خەلق ئۇرۇشى ئاساسىدا، ئارمىيە بىلەن خەلق بىردەك ئىتتىپاق بولۇش، جىزخۇي-يۈەنلەر بىلەن جەڭچىلەر بىردەك ئىتتىپاق بولۇش ۋە دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا خەلق جيېفاڭجۈنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك، ئىنقىلاۋىي سىياسىي خىزمىتىنى بەرپا قىلدى، بۇ ــ دۈشمەننى يېڭىشىمىزنىڭ مۇھىم ئامىلى. بىز ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەننىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالغان ھەمدە دۈشمەننى يۇندۇگەن داۋامدا يوقىتىشنى كۆزلەپ، ھەربىي كۈچ-مىزنى يوتكەپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى جۇدۇگلۇق بىلەن تاشلاپ چىققان ۋاقتىمىزدا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇنى ئۆزى ئۈچۈن غەلىبە، بىز ئۈچۈن مەغلۇبىيەت دەپ قارىدى. ئۇلار مۇشۇ بىردەملىك ئاتالمىش غەلىبىدىن ئىسەنكىرەپ كەتتى. جاڭجياكۇ بېسىۋېلىنغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىنى شۇنىڭدىن تارتىپ، تەيشەن تېغىدەك تەۋرەنمەيدىغان بولدى، دەپ ھېساپلاپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل گومىنداخۇيىنى چاقىرىش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق

چۈشۈردى. ئامېرىكا جاھانگىر ئۇنسۇرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلخىمقانە پىلانىنى، ئەمدى ھېچقانداق توسالغۇسىز ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولدى، دەپ ھېساپلاپ، خوشاللىقىدىن ناياقلاپ كەتتى. ئەمما، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكىنىڭ مۇقامىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ھازىرقى ۋاقىت — بارلىق ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتى ھوكۇم سۈرۈۋاتقان ۋاقىت. ئۇلار ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەكمەكتە، ۋېيجىدىن زار قاخشىماقتا، ئۇلاردا خوشال-خوراملىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى. 18 ئاي ئىچىدە، جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك جۈنخۇيگۇەنلىرىنىڭ كوپ قىسمى ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جېڭجۇدىكى ليۇ جۈ، شۈيجۇدىكى شۈي يۈي، شىمالى جياڭسۇدىكى ۋۇ چىۋېي، جەنۇبى شەندۇڭدىكى تاڭ ئېنبو، شىمالى خېنەندىكى ۋاڭ جۇڭليەن، شىنياڭدىكى دۇ يۈيمىڭ، شيۇڭ شىخۇي، بېيپىڭدىكى سۇن ليەنجۇڭ قاتارلىقلار بار. جياڭ جيېشىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان سەنمۇزۇڭجاڭى چېن چېڭمۇ ئەشۇ قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، بىرلا دۇڭبېي جەڭ مەيدانىنىڭ جۈنخۇيگۇەنلىكىگە چۈشۈرۈلدى②. ھالبۇكى، جياڭ جيېشى ئۆزى چېن چېڭنىڭ ئورنىدا ئومۇمى قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، جياڭ جيېشى ئارمىيىسى ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە، خەلق جيېفاڭجۈنى مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ

خوجايىنى ئامېرىكا ئەمەدى ئۆزلىرىنىڭ خاتالىغىنى سېزىۋېلىشى لازىم. ئۇلار جۇڭگو گومىنداڭنىڭ، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى ئۇزاق بىر مۇددەت ئىچىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى قورقۇنچاقلىقنىڭ ۋە كۈچسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارىدى. ئۇلار ئۆز كۈچىنى تولىمۇ يۇقىرى، ئىنقىلاپ كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۇرۇش قوزغىدى، نەتىجىدە ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ جەنلۇبلىك پىلانى تەلتۆكۈس تار - مار بولدى.

## 4

هازىر، 18 ئايدىن ئاۋالقىغا قارىغاندا، خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ ئارقا سېپىمۇ كۆپ مۇستەھكەملەندى. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ دىخانلار تەرەپتە قەتئىي تۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا گومىنداڭ بىلەن بىرلىككەپ قۇرۇشنى ۋە شۇ ۋاقىتتا ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى يۈرگۈزۈپ كەلگەن پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، دىخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش سىياسىتىنى ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىگە جۇدۇڭلۇق بىلەن ئۆزگەرتكەن ئىدى، بۇنداق قىلىش تامامەن زۆرۈر ئىدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دىخانلار جىددىي رەۋىشتە يەر تەلەپ

قىلدى، بىز ئۆز ۋاقتىدا قارار چىقىرىپ، يەر سىياستىنى ئۆزگەرتـ-
تۇق، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى يومشىشكىلار سىنىپىنىڭ
يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، دىخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە
ئۆزگەرتتۇق. داگجۇگياگمىزنىڭ 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى
چىقارغان يولىيورۇغى③ ئەنە شۇ ئۆزگىرىشنى ئىپادىلىدى. 1947 - يىل
9 - ئايدا پارتىيىمىز مەملىكەتلىك يەر يىغىنى چاقىرىپ، جۇڭگو
يەر قانۇنى داگاگىنى ئىشلەپ چىقتى④ ۋە ئۇنى ھەممە جايدا دەرھال
ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە قويدى. بۇ تەدبىردە، بۇلتۇرقى «4-ماي يوليو-
رۇغى»دىكى قاتچىن قارارلاشتۇرۇلۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىكى
بەزى تەلتوكۈس بولمىغان يەرلەرمۇ ئېنىق تۈزىتىلدى. جۇڭگو يەر
قانۇنى داگاگىدا فېودالىلىق ۋە يېرىم فېودالىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە
ئاساسىدىكى يەر تۈزۈمنى يوقىتىش، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى
بولۇش، دىگەن يەر تۈزۈمنى ئەمەلگە قويۇش پىرىنسىپى ئاستىدا
يەرنى جان سانىغا قاراپ تەڭ تەقسىم قىلىش⑤ بەلگىلەندى. بۇ —
فېودالىلىق تۈزۈمنى تازا تەلتوكۈس يوقىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى،
بۇ — جۇڭگودىكى كەڭ دىخانلار ئاممىسىنىڭ تەلىۋىگە تامامەن
ئۇيغۇن. يەر ئىسلاھاتىنى قەتئى ۋە تەلتوكۈس ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن،
يېزىلاردا ياللانما دىخان، كەمبەغەل دىخان ۋە ئوتتۇرا دىخانلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كەڭ ئاممىۋى خاراكتىرلىق دىخانلار
جەمىيتىنى ۋە ئۇ سايلاپ چىقىدىغان ۋېيىۋەنخۇينى تەشكىل قىلىپلا
قالماي، بەلكى ئالدى بىلەن كەمبەغەل دىخان ۋە ياللانما دىخانلار
ئاممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەمبەغەل دىخانلار ئۇيۇشمىسىنى ۋە ئۇ
سايلاپ چىقىدىغان ۋېيىۋەنخۇينى تەشكىل قىلىپ، يەر ئىسلاھاتى
يۈرگۈزۈشنىڭ قانۇني ئورگىنى قىلىش كېرەك، كەمبەغەل دىخانلار

ئومگى بولسا يېزىلاردىكى بارلىق كۈرەشلەرنىڭ رەھبىرىي تايانچى بولۇشى لازىم. بىزنىڭ فاكتچىمىز — كەمبەغەل دېخانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن مۇستەھكەم بىرلىشىش، پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە كونىچە باي دېخانلارنىڭ فېودالىلىق ۋە يېرىم فېودالىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش. پومىشچىكلار ۋە باي دېخانلارغا تېگىدىغان يەر ۋە مال ـ مۈلۈك دېخانلار ئاممىسىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. لېكىن، 1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمەلگە قويۇلغان «پومىشچىكلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بەرمەسلىك، باي دېخانلارغا ناچار يەرلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىش» دېگەن تولىمۇ سول خاتا سىياسەتمۇ تەكرارلانماسلىقى لازىم. پومىشچىكلار بىلەن باي دېخانلارنىڭ يېزا ئاھالىسى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى، گەرچە بەزى جايلاردا كوپ، بەزى جايلاردا ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ئەھۋال بويىچە ئېيتقاندا، تەخمىنەن 8 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ (ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ ھېساپلىغاندا)، ئۇلارنىڭ ئىگەللىگەن يەرلىرى بولسا، ئومۇمىي ئەھۋال بويىچە ئالغاندا، ئومۇمىي يەرنىڭ 70 ـ 80 پىرسەنتىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر ئىسلاھاتىمىزنىڭ قارشى تۇرىدىغان دۈشمىنىمىز ئادەم سانى جەھەتتىن ناھايىتى ئاز، يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى بىرلىكسېپىگە قاتنىشالايدىغان ۋە قاتنىششقا تېگىشلىك ئادەم سانى (ئائىلە سانى) بولسا شۇنچە كوپكى، ئۇلار تەخمىنەن 90 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. بۇ يەردە ئىككى تۈپ پىرىنسىپقا دىققەت قىلىش لازىم: بىرىنچى، كەمبەغەل دېخان ۋە يالانما دېخانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش لازىم، بۇ — يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ تۈپ ۋەزىپىسى؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن قەتئىي ئىتتىپاقلىشىش لازىم، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان

يەتكۈزمەسلىك كېرەك. مۇشۇ ئىككى تۈپ پرىنسىپنى ئىگەللىۋالغىنىمىزدىلا، بىزنىڭ يەر ئىسلاھاتى ۋەزىپىمىز جەزمەن غەلىبىلىك ئورۇنلىنىدۇ. تەڭ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە، كونىچە باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرىدىن ئوشۇقچە بولغان قىسمىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مال-مۈلكىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ تەقسىم قىلىش كېرەككى، جۇڭگو باي دېھقانلىرى، ئومۇمەن، ناھايىتى ئېغىر فېوداللىق ۋە يېرىم فېوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە خاراكتېرىغا ئىگە، باي دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىرىنى ئىجارىگىمۇ بېرىدۇ، جازانىخورلۇقمۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچى ياللاش شەرتىمۇ يېرىم فېوداللىق خاراكتېردا[6]. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىگەللىگەن يەرلىرى سان جەھەتتىن كۆپرەك، سۈپەت جەھەتتىن ياخشىراق[7]، ئەگەر تەڭ تەقسىم قىلىنمىسا، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما يەر قانۇنى داگاڭىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، باي دېھقانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پومېشچىكلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىن، ئومۇمەن، پەرقلىق بولۇشى كېرەك. يەر ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرا دېھقانلار تەڭ تەقسىم قىلىشنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەڭ تەقسىم قىلىش ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. تەڭ تەقسىم قىلىنغان چاغدا، ئوتتۇرا دېھقانلاردىن بىر قىسمىنىڭ يېرى ئۆزگەرمەيدۇ، بىر قىسمىنىڭ يېرى كۆپىيىدۇ، پەقەت ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭلا ئازغىنا ئوشۇقچە يەرلىرى بار، ئۇلارمۇ بۇ يەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تەڭ تەقسىم قىلىشقا رازى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەڭ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەر بېجى سېلىقىمۇ يېنىكلەيدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، جايلار يەرلەرنى تەڭ تەقسىم

قىلغان چاغدا، ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ پىكرىگە يەنىلا دىققەت قىلىشى
لازىم، ئەگەر ئوتتۇرا دېخانلار ماقۇل كورمىسە، ئۇلارغا يول قويۇش
كېرەك. فېودال سىنىپنىڭ يەر ۋە مال-مۇلۇكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ
تەقسىم قىلىغان چاغدا، بەزى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا
دىققەت قىلىش لازىم. سىنىپي تەركىپلەرنى ئايرىغان چاغدا، شۇنىڭغا
دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەسلىدە ئوتتۇرا دېخان تەركىۋىدىكى
كىشىلەرنى خاتا ھالدا باي دېخانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويماس-
لىق كېرەك. دېخانلار جەمىيىتى ۋېيىۋەنخۇيىغا ۋە ھوكۇمەت ئور-
گانلىرىغا ئوتتۇرا دېخان ئاكتىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خىزمەتكە
قاتناشتۇرۇش كېرەك. يەر بېجى ۋە ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش سېلىق-
لىرىدا ئادىل ۋە مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپىنى قوللىنىش لازىم.
مانا بۇلار — پارتىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن مۇستەھكەم
بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ جەنلۇېلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان چاغدا
قوللىنىش زورۇر بولغان كونكرېت سىياسىتى. پۈتۈن پارتىيە چۈشى-
نىشى لازىمكى، يەر تۈزۈمىنى تەلتوكۇس ئوزگەرتىش — جۇڭگو
ئىنقىلاۋىنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى بىر ئاساسىي ۋەزىپىسى. ئەگەر بىز
يەر مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەلتوكۇس ھەل قىلالىساق، بارلىق
دۈشمەنلەرنى يېڭىشتىكى ئەڭ ئاساسىي شەرتكە ئىگە بولغان بولىمىز.

5

يەر ئىسلاھاتىنى قەتئىي ۋە تەلتوكۇس يۈرگۈزۈپ، خەلق جېيفاڭ-
جۈنىنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پارتىيە قوشۇنىنى
تەرتىپكە سېلىش لازىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە
پارتىيىمىز ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدىن،

ئومۇمەن، ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى. بۇ ئۇنۇم ئاساسەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، رەھبىرىي ئورگانلىرىمىز ھەم كەڭ كادىرلىرىمىز ۋە پارتىيە ئەزالىرىمىز ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي يونۇلۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىگەللىۋالدى. بۇ نۇقتىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئاۋالقى بىرقانچە تارىخىي دەۋردىكىگە قارىغاندا، پارتىيىمىز زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى. لېكىن، پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىدا بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەركىب ساپ بولماسلىق ۋە خىزمەت ئىستىلى ساپ بولماسلىق مەسىلىسى بولسا ھەل قىلىنمىدى. 1937 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلىغىچە بولغان 11 يىللىق ۋاقىت ئىچىدە، پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلى كېڭىيىپ، پارتىيە ئەزالىرى بىرقانچە ئون مىڭدىن 2 مىليون 700 مىڭغا يەتتى، بۇ ــ غايەت زور سەكرەش. بۇ پارتىيىمىزنى جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەتلىك پارتىيىگە ئايلاندۇردى. بۇ بىزنى ياپون جاھانگىرلىكىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش، 100 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە ئازات رايونلارغا ۋە 2 مىليون كىشىلىك خەلق جيېفاڭجۈنىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەمما كەمچىلىكلەرمۇ بىللە كەلدى. يەنى نۇرغۇن پومىششىك ئۇنسۇرلار، باي دىخان ئۇنسۇرلار ۋە لۈكچەك ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيىمىزگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالدى. ئۇلار يېزىلاردا، پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ نۇرغۇن تەشكىللىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، زوراۋانلىق قىلىپ، دەۋر سۈردى، خەلقنى ئەزدى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى بۇرمىلىدى،

شۇنداق قىلىپ، بۇ تەشكىلاتلارنى ئاممىدىن ئايرىپ تاشلىدى، يەر ئىسلاھاتىنى تەلتۆكۈس ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇنداق ئېغىر ئەھۋاللار بىزنىڭ ئالدىمىزغا پارتىيە قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى قويدى. بۇ ۋەزىپىنى ھەل قىلمايدىغان بولساق، يېزىلاردا ئالغا باسالمايمىز. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك يەر يىغىنى بۇ مەسىلىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇۋاپىق تەدبىر ۋە ئۇسۇللارنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىر ۋە ئۇسۇللار ھازىر يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش قارارى بىلەن بىللە جايلاردا قەتئىي ئەمەلگە قويۇلماقتا. بۇلاردىن ئەڭ موھىمى پارتىيە ئىچىدە تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇرۇپ، جايلاردىكى تەشكىلاتلار ئىچىدە پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدىن چەتنىگەن خاتا ئىدىيە ۋە ئېغىر ئەھۋاللارنى تەلتۆكۈس پاش قىلىشتىن ئىبارەت. پۈتۈن پارتىيىمىزدىكى يولداشلار چۈشىنىشى كېرەككى، پارتىيە ئىچىدىكى بۇنداق ساپ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، پارتىيە قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، پارتىيىمىزنى ئەڭ كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بىلەن تامامەن بىر يونىلىشتە بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش — يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ھالقىسى.

## 6

فېودال سىنىپنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، دېھقانلار ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈش، جياڭ جېيشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇلار باشچىلىقىدىكى لۇڭگۇۋەن كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈش، مىللىي

سودا ـ سانائەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ـــ بۇلار يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ 3 چوڭ ئىقتىسادىي گاڭلىگى. جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇلاردىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 20 يىل داۋامىدا، قىممىتى 10 ملياردتىن 20 ملياردقىچە ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان غايەت زور بايلىقنى توپلاپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى لۇڭدۇەن قىلىۋالدى. بۇ لۇڭدۇەن كاپىتال دولەت ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، دولەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمىغا ئايلاندى. بۇ لۇڭدۇەن كاپىتالىزىم چەتئەل جاھانگىرلىكى، ئىلىمىزدىكى پومىششىكلار سىنىپى ۋە كونىچە باي دېھقانلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، مەيبەن، فېئودال دولەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمىغا ئايلاندى. بۇ ـــ جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى. بۇ دولەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمى ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنى ئېزىپلا قالماستىن، بەلكى شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى ئەزدى، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە زىيان يەتكۈزدى. بۇ دولەت لۇڭدۇەن كاپىتالىزىمى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ۋە ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتتى، ئۇ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپقا تولۇق ماددى شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ كاپىتال جۇڭگودا ئاممىباپ تىل بىلەن گۇەنلياۋ كاپىتال دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بۇرژۇئازىيە گۇەنلياۋ بۇرژۇئازىيە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ـــ جۇڭگونىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيىسى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسى ـــ جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىشتىن تاشقىرى، مەملىكەت ئىچىدە پومىششىكلار سىنىپى بىلەن گۇەنلياۋ بۇرژۇئازىيە (چوڭ بۇرژۇئازىيە) نىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ۋە زۇلمىنى يوقىتىش، مەيبەنلىك، فېئوداللىق

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش، بوغۇلۇپ قالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش. بۇ سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېزىلگەن ھەم زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىغان يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، گەرچە بۇرژۇئازىيە بولسىمۇ، لېكىن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپقا قاتنىشىشى ياكى بىتەرەپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىك بىلەن ئالاقىسى يوق، ياكى ئالاقىسى ئازراق، ئۇلار — ھەقىقىي مىللىي بۇرژۇئازىيە. يېڭى دېموكراتىك دۆلەت ھاكىمىيىتى يېتىپ بارغان جايلاردا بۇ سىنىپلارنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، قەتئىي مۇھاپىزەت قىلىش لازىم. جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى سانى كۆپ بولمىغان بىر قىسىم كىشىلەردە يەنى بۇ سىنىپلارنىڭ ئوڭچىلانات ئۇنسۇرلىرىدا ئەكسىيەتچىل سىياسىي خاھىشلار مەۋجۇت، ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھى ئۈچۈن خام خىياللار تارقىتىدۇ، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل خاھىشلىرى ئاممىغا تېخى تەسىر كۆرسىتەلىگەن ۋاقىتتا، بىز ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئامما ئىچىدە پاش قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىدىكى سىياسىي تەسىرىگە زەربە بېرىپ، ئاممىنى ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن ئازات قىلىشىمىز لازىم. لېكىن، سىياسىي جەھەتتە زەربە بېرىش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە يوقىتىش — بۇ، ئىككى ئىش، ئەگەر بۇ ئىككى ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولساق، خاتالىشىمىز. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ پەقەت فېئوداللىزم ۋە لۇڭدۇەن كاپىتالىزمىنى، پەقەت پومېشچىكلار سىنىپى ۋە گوەنلياۋ

بۇرژۇئازىيە (چوڭ بۇرژۇئازىيە)نى يوقىتىدۇ، كاپىتالىزىمنى ئومۇ-
مەن يوقاتمايدۇ، يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا
بۇرژۇئازىينى يوقاتمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى قالاق بولغانلىق-
تىن، ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىنمۇ، ئۇزاق
بىر مۇددەتكىچە، كەڭ يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا
بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىك قىلغان كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىغا يەنە يول قويۇش كېرەك؛ شۇنىڭدەك خەلق ئىگىلى-
گىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە، ئۇلارنىڭ خەلق ئىگىلىگىگە پايدىلىق
بولغان بارلىق قىسىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا
كېلىدۇ؛ ئۇلار — ھېلىمۇ پۈتۈن خەلق ئىگىلىگىنىڭ كەم بولسا بولماي-
دىغان بىر قىسمى. بۇ يەردە ئېيتىلغان يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق
بۇرژۇئازىيە ئىشچى ياكى دۇكان خىزمەتچىسى ياللايدىغان، كىچىك
كولەمدە ئوقەت قىلىدىغان سودا - سانائەتچىلەرنى كورسىتىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا، ئىشچى ياكى دۇكان خىزمەتچىسى ياللىمايدىغان كەڭ،
مۇستەقىل ئۇششاق سودا - سانائەتچىلەرمۇ بار، بۇ ئۇششاق سودا -
سانائەتچىلەرنى قەتئى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا
سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە
غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، گۇەنلياۋ بۇرژۇئازىيىدىن تاپشۇرۇۋېلىن-
غان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگەللەپ
تۇرىدىغان غايەت زور دولەت كارخانىلىرى يېڭى دېموكراتىك
دولەتنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە فېوداللىق تۇزۇمدىن
ئازات قىلىنغان، گەرچە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئاساسىي جەھەتتىن
ئاۋالقىدەكلا تارقاق، يەككە تۇرسىمۇ، لېكىن كېلەچەكتە قەدەممۇ -
قەدەم كوپېراتسىيىلىشىش يونۇلۇشىگە قاراپ راۋاجلىنىدىغان يېزا

ئىگىلىگى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، مۇشۇ شەرت ـ شارائىتلار ئاستىدا بۇنداق ئۇششاق ۋە ئوتتۇرا كاپىتالىزىم تەركىپلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتىرى يوق. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېزىلاردا مۇقەررەر پەيدا بولىدىغان يېڭى باي دېخان ئىگىلىگىمۇ شۇنداق. يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئىگىلىك تەركىپلىرىگە نىسبەتەن، خۇددى پارتىيىمىزنىڭ 1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قوللانغىنىدەك، تولىمۇ سول خاتا سىياسەتنى تەكرار قوللىنىشقا (ئەمگەك شەرتىنى تولىمۇ يۇقۇرى بەلگىلەش، تاپاۋەت بېجىنى تولىمۇ يۇقۇرى قىلىش، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تېگىشكە، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى، ئومۇمىغىمۇ، خۇسۇسلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىشنى ۋە ئەمگەككىمۇ، كاپىتالغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى نىشان قىلماي، كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرىدىغان، بىر تەرەپلىمە ئەمگەكچىلەر پاراۋانلىقى دېگەننى نىشان قىلىشقا) مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. بۇ خاتالىقلار تەكرارلىنىدىكەن، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە يېڭى دېموكراتىك دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە چوقۇم زىيان يېتىدۇ. جۇڭگو يەر قانۇنى داگاڭىدا: «سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىي تىجارىتى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بار. بۇ يەردە ئېيتىلغان سودا ـ سانائەتچىلەر بارلىق مۇستەقىل ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەرنى ھەم بارلىق ئۇششاق ۋە ئوتتۇرا كاپىتالىستىك تەركىپلەرنى كۆرسىتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، يېڭى جۇڭگو ئىگىلىگىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق بولىدۇ: 1) دۆلەت ئىگىلىگى، بۇ ـــ رەھبەرلىك قىلغۇچى تەركىپ؛

2) يەككىلىكتىن قەدەممۇ ـ قەدەم كوللېكتىپلىشىش يونىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىدىغان يېزا ئىگىلىكى؛ 3) مۇستەقىل ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەر ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق، ئوتتۇرا خۇسۇسىي كاپىتال ئىگىلىكى. بۇلار ــ پۈتۈن يېڭى دېموكراتىك خەلق ئىگىلىكى. يېڭى دېموكراتىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، ئومۇمنىمۇ، خۇسۇسىلارنىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئەمگەككىمۇ، كاپىتالغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ باش نىشانغا يېقىندىن ئەگىشىپ بېرىشى شەرت. بۇ باش نىشاندىن ئايرىلغان بارلىق فاڭجېن، سىياسەت، چارىلەرنىڭ ھەممىسى خاتا.

7

1947 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەلق جيېفاڭجۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىشچىلار، دېخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار، سودا ـ سانائەتچىلەردىن ئىبارەت ئېزىلگۈچى سىنىپلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەرقايسى جايلاردىكى خۇاچياۋلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش.» بۇ ــ خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ شۇنداقلا جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ئەڭ ئاساسىي سىياسىي گاڭلىڭى. قارىماققا، ھازىرقى دەۋردە بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي مىللىي بىرلىكسېپىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدىن گويا تارىيىپ كەتكەندەك كورۇنىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ھازىرقى دەۋردىلا، پەقەت جياڭ جيېشى مىللىي مەنپەئەتنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە

سىتىپ، خەلققە قارشى پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغاندىن كېيىنلا، پەقەت ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ جىنايەتلىرى جۇڭگو خەلقى ئالدىدا پۈتۈنلەي ئاشكارىلانغاندىن كېيىنلا، بىزنىڭ مىللى بىرلىكسەپىمىز ھەقىقى تۈردە كېڭەيدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، جياڭ جيېشى بىلەن گومىنداڭنىڭ جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا ئىناۋىتى تېخى تامامەن يوقالمىغان ئىدى، ئۇلارنىڭ يەنە نۇرغۇن ئالدامچىلىق رولى بار ئىدى. ھازىر ئەھۋال باشقىچە، ئۇلارنىڭ بارلىق ئالدامچىلىقلىرى ئۆز قىلمىشى بىلەن ئېچىپ تاشلاندى، ئۇلار ئەمدى ھېچقانداق ئاممىغا ئىگە ئەمەس، ئۇلار تامامەن يېتىم قالدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئازات رايونلاردىلا ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىمۇ، گومىنداڭ ئىلكىدىكى چوڭ شەھەرلەردىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. ئەگەر 1946 - يىلدا جياڭ جيېشى ھۆكۈمران- لىقىدىكى يۇقىرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تېخى ئۈچىنچى يول[6] دېگەن نىمە ئۈستىدە خىيال سۈرگەن دېيىلسە، ئەمدى ئۇنداق خىياللارنىڭ ئەبجىغى چىقىپ كەتتى. پارتىيىمىز تەلتۆكۈس يەر سىياسىتىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سەممىمى ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، جياڭ جيېشىنىڭ ئېزىشى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئى قوغدايدىغان توغرا فاڭجېن قوللىنىشى ئارقىسىدا،

پارتىيىمىز جياڭ جيېشى ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى ئىشچىلار سىنىپى، دېخانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە كەڭ ئاممىسىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولدى. بۇ ئاممە ئاچ قالغانلىقتىن، سىياسى جەھەتتە ئېزىلگەنلىكتىن، جياڭ جيېشىنىڭ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشى خەلقنى ھەممە ھايات يولىدىن مەھرۇم قىلغانلىقتىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قوزغىدى، ئۇلارنىڭ توپ شوئارى ئاچارچىلىققا، زىيانكەشلىككە، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەتتا ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىمۇ بۇنداق دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي بىرلىك-سېپىمىز ھازىر ئۆتكەن ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كەڭ، شۇنىڭدەك ئۆتكەن ھەرقانداق دەۋردىكىدىن مۇستەھكەم، دەيمىز. بۇ ئىش بىزنىڭ يەر سىياسىتىمىز ۋە شەھەر سىياسىتىمىز بىلەنلا مۇناسىۋەت-لىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ غەلىبە قازان-غانلىقى، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتكەنلىكى، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى، جۇڭگو ئىنقىلا-ۋىنىڭ يېڭى دولقۇن كۆتىرىلگەن مەزگىلگە كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي سىياسى ۋەزىيەت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىر جياڭ جيېشى ھوكۇمرانلىقىنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەر بولۇپ قالغانلىقىغا كىشىلەرنىڭ كۆزى يەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆز ئۈمىدىنى جۇڭگو

گۇڭچەنداڭى بىلەن خەلق جىيفاڭجۇنىگە باغلىدى، بۇ ـــ ناھايىتى تە-
بىي داۋلى. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى
ئۈچۈن پۈتۈن مىللەتنىڭ مۇتلەق كوپچىلىك ئاھالىسىنى ئوز ئىچىگە
ئالغان ئەڭ كەڭ بىرلىكسەپ بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولۇش
بىلەنلا قالماي، بۇ بىرلىكسەپ يەنە جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ كۈچلۈك
رەھبەرلىگىدە بولۇشى شەرت. جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ كۈچلۈك
رەھبەرلىگى بولماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپىنىڭ
غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. 1927 ـ يىلى، بېيفا ئۇرۇشى يۇقۇرى
دولقۇنغا يەتكەن مەزگىلدە، پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىدىكى
تەسلىمچى ئۇنسۇرلار دىخانلار ئاممىسىگە، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئا-
زىيىسى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ئوز
ئىختىيارى بىلەن ۋازكېچىپ، بولۇپمۇ قوراللىق كۈچلەرگە بولغان
رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ۋازكېچىپ، شۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى مەغلۇ-
بىيەتكە ئۇچراتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە
پارتىيىمىز ئەنە شۇنداق تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان
ئىدىيىلەرگە يەنى گومينداڭنىڭ خەلققە قارشى سىياسىتىگە يول
قويۇش، گومينداڭغا خەلق ئاممىسىگە ئىشەنگەندىنمۇ ئارتۇق ئىشىنىش،
ئاممىۋى كۈرەشنى دادىل قوزغاشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، ياپون
باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان رايونلاردا ئازات رايونلارنى ۋە خەلق
قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى گومينداڭغا سوۋغىلى
قىلىپ بېرىش ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇردى. پارتىيىمىز بۇنداق ئاجىز،
ئىقتىدارسىز، چىرىك، ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا خىلاپ
ئىدىيىلەرگە قارشى قەتئى كۈرەش قىلدى، «تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى

راۋاجلانـدۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش»تىن ئىبارەت سىياسى لۇشيەنـنى قەتئىي ئىجرا قىلـدى، ئازات رايونـلارنى ۋە خەلق جىيفاڭجۈننى قەتـئىي تۈردە كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ، ياپون جاھانگىر-لىكى تاجاۋۇز قىلـغان دەۋردە، ياپون جاھانگىرلىكىنى يېـڭەلىشكە كاپالەت بېرىلىپـلا قالماستىن، بەلـكى ياپونىيە تەسلىم بولغانـدىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغىـغان مەزگىلدە، پارتىيـمىزنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنـقىلاۋىي ئۇرۇشـىغا خەلق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى بىلەن قارشى تۇرۇش يولىغا ئوڭۇشلۇق ۋە زىيان-زەخمەتسىز ئۆتەلىشىگە ھەمدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلۇق غەلىبە-لەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىگە كاپالەت بېرىلدى. بۇ تارىخىي ساۋاقلارنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى لازىم.

## 8

جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھى 1946 - يىلى خەلققە قارشى پۈتۈن مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋاقىتتا، شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن ھەربى كۈچىگە تايىنىپلا قالماستىن، بەلكى، ئاساسەن، ئۆزلىرىچە «ئاجايىپ قۇدرەتلىك»، «دۇنيادا تەڭدىشى يوق» دەپ ھېسابلىغان، قولىدا ئاتوم بومبىسى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تاياندى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ھەربى ۋە مالىيە جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىمىزنى خۇددى ئېقىن سۇدەك توختىماي تەمىن ئېتەلەيدۇ، دەپ قارىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ئۇرۇش

بولىدۇ»، «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى چوقۇم پارتلايدۇ» دېگەن تەلۋىلەرچە خىياللاردا بولدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە بۇنداق يولىنىۋېلىش، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولدى. بۇ ھال ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دۇنيا كاپىتالىزىمىغا بەرگەن زەربىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ۋەھىمىگە چۈشكەنلىكىنى ۋە ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتىن باشقا ھېچقانداق يول قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى، خۇددى جياڭ جيېشى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، راستلا شۇنچىۋالا قۇدرەتلىكمۇ؟ ئۇ راستلا جياڭ جيېشىغا ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرىگە خۇددى ئېقىن سۇدەك توختىماي ياردەم بېرىپ تۇرالامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كۈچەيگەن ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى تۇراقسىز بولغان، كۈندىن ـ كۈنگە تارىيىۋاتقان ئىچكى ۋە خەلقارا بازارلارغا دۇچ كەلدى. بازارلارنىڭ بۇنداق تېخىمۇ تارىيىشى ئىقتىسادىي ۋېيىجىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتا گۈللىنىشى ــ پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە. ئۇنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ــ پەقەت كورۇنۇشتىكىلا، ۋاقىتلىقلا ھادىسە. كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان ھەر خىل ئىچكى ـ

تاشقى زىددىيەتلەر، خۇددى يانارتاغقا ئوخشاش، ھەر كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە تەھدىت سالماقتا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئەنە شۇ يانارتاغ ئۈستىدە ئولتۇرماقتا. بۇ ئەھۋال ئامېرىكا جاھانگىر ئۇنسۇرلىرىنى دۇنيانى قۇللۇققا چۈشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك، ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەلىرىگە ۋە باشقا جايلارغا قالايمىقان ئۇسۇپ كىرىپ، ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى، خەلق تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلانغان داشقاللارنى يىغىۋېلىپ، دېموكراتىيىگە قارشى ۋە جاھانگىرلىك لاگېر تەشكىل قىلىۋاتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى بارلىق دېموكراتىك كۈچلەرگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇرۇش تەييارلاۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە، ئۇزاق ۋاقىتلار ئىچىدە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ — ئاخمىقانە پىلان. پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك كۈچلەر بۇ پىلاننى تار - مار قىلىشى لازىم ۋە تار - مار قىلىشمۇ تامامەن مۇمكىن. پۈتۈن دۇنيانىڭ جاھانگىرلىككە قارشى لاگېرىنىڭ كۈچى جاھانگىرلىك لاگېرىنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۈستۈنلۈك دۈشمەن تەرەپتە ئەمەس، بىز تەرەپتە. جاھانگىرلىككە قارشى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى لاگېر ۋۇجۇتقا كەلدى. ۋەيرانچىلىقتىن خالىي بولغان، يۈكسىلىش ئۈستىدە تۇرغان، پۈتۈن دۇنيادىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ھازىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، پۈتۈن دۇنيادىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقان جاھانگىر ئامېرىكىنىڭ كىدىن ئېشىپ كەتتى. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى

ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملىمەكتە ۋە ئىتتىپاقلاشماقتا. فرانسىيە، ئىتالىيە باشچىلىقىدىكى ياۋروپا كاپىتالىستىك ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈچلىرى راۋاجلانماقتا. ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى مەۋجۇت. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەر ھەرگىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ئىتائەت قىلىدىغان قۇل ئەمەس. پۈتۈن ئاسىيادا ئۇلۇغ مىللىي ئازاتلىق ھەركەت ئەۋج ئالدى. جاھانگىرلىككە قارشى لاگېردىكى بارلىق كۈچلەر ئىتتىپاقلاشماقتا ۋە ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا. ياۋروپادىكى 9 مەملىكەتنىڭ كومپارتىيىسى ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى چىڭ باۋجۇي تەشكىل قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى قوزغىلىپ جاھانگىرلىكنىڭ قۇللۇققا چۈشۈرۈش پىلانىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان خىتاپنامە ئېلان قىلدى[9]. بۇ خىتاپنامە پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ روھىنى ئۇستۈردى، كۈرەش يۇنۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بەردى، غالىبىيەتكە بولغان ئىشەنچىنى چىڭىتتى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئەكسىيەتچىلەر بۇ خىتاپنامە ئالدىدا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. شەرق ئەللىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بارلىق كۈچلىرىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىكنىڭ ۋە ئۆز ئەللىرىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، شەرقتىكى 1 مىليارتىن ئارتۇق ئېزىلگۈچى خەلقنى ئازات قىلىشنى كۈرەش نىشانى قىلىشى لازىم. بىز ئۆز تەقدىرىمىزنى تامامەن ئۆز قولىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. بىز ئۆز ئىچىمىزدىكى بارلىق ئاجىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق ئىدىيىلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. دۈشمەن كۈچىنى تولىمۇ يۇقىرى، خەلق كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مولچەرلەيدىغان بارلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى خاتا. بىز پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك

كۆچلەر بىلەن بىر يولـدا تۇرۇپ، ھەممىمىز تىرىشىدىغانلا بولساق، جاھانـگىرلىكـنىڭ قۇللۇقـقا چۈشۈرۈش پىـلانىنى چوقۇم تار ـ مار قىلالايمىز، ئۈچىنچى دۇنـيا ئۈرۈشنى توسۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىغا مۇمكىنچىلىك بەرمەيمىز، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنى ئەبىدىي تېچلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت غەلـبىنى قولغا كەلـتۈرەلەيمىز. بىز ئېنىق بىلـمىزكى، بىزنىڭ ئالـغا بېسىش يولـمىزدا يەنە خىلـمۇ-خىل توسالـغۇلار، خىلمۇ ـ خىل قىيىنچىلىقـلار بولۇشى مۇمـكىن، بىز بارلـىق ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە قارشىلىق كورسىتىشىگە ۋە جان تالىشىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بىز ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئىلمىنى ئىگەللەپ، ئاممىگە ئىشىنىپ، ئاممە بىلەن بىر يولـدا مەھـكەم تۇرالايدىـغان ھەم ئۇلارغا رەھبەرلـىك قىلىپ، ئالـغا باسالايدىـغانلا بولساق، ھەرقانـداق توسالـغۇلاردىن ئوتۇپ كېتىشىمىز ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشـىمىز تامامەن مۇمكىن، بىزنىڭ كۈچىمىز ــ تەڭدىشى يوق كۈچ. ھازىرقى دەۋر ــ پۈتۈن دۇنيا كاپىتالىزىمى ۋە جاھانگىرلىگى ھالاكەتكە قاراپ كېتىـ ۋاتـقان، پۈتۈن دۇنـيا سوتسىيالـىزىمى ۋە خەلق دېموكـراتىزىمى غەلىبىگە قاراپ كېتـۋاتقان تارىخىي دەۋر، تاڭ نۇرى ئالدىمىزدا، تىرىشىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار

① خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ ھەر بىر جەڭ مەيدانىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇمـغا ئوتۇپ، گومىنـداڭ ھوكۇمـرانلىقـىدىكى رايونـلارغا يېتىپ

بارغانلىقى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «شىبېيدە ئېرىشىلگەن زور غەلىبىگە باھا ۋە جېيفاڭجۈننىڭ ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى توغرىسىدا»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

② ليۇ جۇ گومىنداڭنىڭ جېڭجۇ تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ جۇرېنى ئىدى، 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدا دىڭتاۋ جەڭىدە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن 11 ـ ئايدا خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. شۈې يۈې گومىنداڭنىڭ شۈيجۇ تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ جۇرېنى ئىدى، ئۇ قوماندانلىق قىلغان گومىنداڭ قوشۇنى 1946 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى شىمالىي سۇچيەن جەڭىدە، 1947 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى جەنۇبىي شەندۇڭ جەڭىدە، شۇ يىل 2 ـ ئايدىكى لەيۋۇ جەڭىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن 3 ـ ئايدا خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. ۋۇ چۈېي گومىنداڭنىڭ شۈيجۇ تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ فۇجۇرېنى ئىدى، 1946 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى شىمالىي سۇچيەن جەڭىدە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن 1947 ـ يىل 3 ـ ئايدا خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. تاڭ ئېنبو گومىنداڭ 1 ـ بىڭتۇەنىنىڭ سىلىڭگۇەنى ئىدى، 1947 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى مېڭلياڭگۇ جەڭىدە گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 74 ـ شىسى يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن 6 ـ ئايدا خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. ۋاڭ جۇڭليەن گومىنداڭ 4 ـ بىڭتۇەنىنىڭ سىلىڭگۇەنى ئىدى، 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدىكى غەربىي ـ جەنۇبىي شەندۇڭ جەڭىدە مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن 8 ـ ئايدا خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. دۇ يۈيمىڭ گومىنداڭنىڭ دۇڭبېي ئامانلىق ساقلاش سىلىڭجاڭگۇەنى ئىدى، شيۇڭ شىخۇي گومىنداڭنىڭ دۇڭبېي شىڭيۈەنىنىڭ جۇرېنى ئىدى، بۇلار 1947 ـ يىل 6 ـ ئايدا دۇڭبېيدىكى ئارمىيىمىزنىڭ يازلىق ھۇجۇمىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان. سۇن ليەنجۇڭ گومىنداڭ 11 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭجاڭگۇەنى ئىدى، 1947 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى چىڭشيەن ـ ساڭشيەن جەنۇبى ۋە باۋبېي (باۋدىڭنىڭ شىمالىدىكى شۈيشۈي رايونى) جەڭىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى

ئۈچۈن باۋدىڭ تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ جۇرىيلىغىغا يۆتكىۋېتىلگەن. چېن چېڭ جياڭ جېيشىنىڭ سەنمۇزۇڭجاڭى ئىدى، شەندۇڭدا بولغان بىرقانچە جەڭدە قوماندانلىق قىلغاندا، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن 1947-يىل 8-ئايدا دۇڭبېي شىڭجېڭ جاڭگۇەنلىكىگە يۆتكىۋېتىلگەن.

③ بۇ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ 1946-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى «يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇغى»نى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ تومدىكى «ئۈچ ئايلىق خۇلاسە»نىڭ ⑤ ئىزاھىغا قارالسۇن.

④ جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ مەملىكەتلىك يەر يىغىنى 1947-يىل 9-ئايدا خېبېي ئۆلكىسىدىكى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ماقۇللىغان «جۇڭگو يەر قانۇنى داگاڭى» شۇ يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. يەر قانۇنى داگاڭىدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «فېئوداللىق ۋە يېرىم فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى يەر تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇش، دېگەن يەر تۈزۈمى ئەمەلگە قويۇلىدۇ»؛ «يېزىلاردىكى بارلىق پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى ۋە جامائەت يەرلىرى يېزا دېھقانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋېلىنىپ، يېزىلاردىكى باشقا بارلىق يەرلەر بىلەن بىللە، يېزىلارنىڭ پۈتۈن نوپۇسى بويىچە، ئەر-ئايال، ياش-قېرى دەپ ئايرىماستىن، بىرتوتاش، تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ»؛ «يېزا دېھقانلار جەمئىيىتى پومېشچىكلارنىڭ چارۋىلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۆي-جايلىرى، ئاشلىقلىرى ۋە باشقا مال-مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ھەمدە باي دېھقانلارنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ئوشۇقچە قىسمىنى يىغىۋېلىپ، ئەنە شۇنداق مال-مۈلكى بولمىغان دېھقانلارغا ۋە باشقا كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا پومېشچىكلارغىمۇ بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ». شۇنداق قىلىپ، يەر قانۇنى داگاڭىدا 1946-يىل «4-ماي يوليورۇغى»دا كۆرسىتىلگەن «پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، دېھقانلارغا

تەقسىم قىلىپ بېرىش» پىرىنسىپى مۇقىملاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى «4-ماي يوليورۇغى»دىكى بەزى يومىشىكلارغا تولىمۇ كوپ ئېتىۋار بېرىۋېتىشتەك ئۇززۇل-كېسىل بولماسلىق ئەھۋاللىرىمۇ تۈزىتىۋېلىندى.

⑤ «جۇڭگو يەر قانۇنى داگاڭى»دا بەلگىلەنگەن يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش چارىسىدە، كېيىن ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1948-يىل 2-ئايدا جۇڭگۇلۇق جۇڭگىياڭ «كونا رايونلار ۋە يېرىم كونا رايونلاردا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇغى»دا مۇنداق بەلگىلىگەن: فېودالىلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغان بارلىق كونا رايونلار ۋە يېرىم كونا رايونلاردا يەر قايتىدىن تەقسىم قىلىنمايدۇ. پەقەت زورۇر تېپىلغاندا، كوپلىرىدىن ئېلىپ، ئازلىرىنى تولۇقلاش، ياخشىلىرىدىن ئېلىپ، ناچارلىرىنى تولۇقلاش چارىسى قوللىنىلىپ، بىر قىسىم يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تېخى تەلىتوكۇس قەد كوتەرمىگەن كەمبەغەل دېخان ۋە يالانما دېخانلارغا تەگشەپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئادەتتىكى كەمبەغەل دېخانلار ئىگە بولغان يەرنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسىدىن بىرقەدەر يۇقۇرىراق ساندا بولغان يېرىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلىدۇ. فېودالىلىق تۈزۈم تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جايلاردىمۇ تەقسىم قىلىشنىڭ موھىم نۇقتىسى پومىشىكلار-نىڭ يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرى ھەم كونىچە باي دېخانلارنىڭ ئوشۇقچە يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جايدا بولسۇن، ئوتتۇرا دېخان ۋە يېڭىچە باي دېخانلارنىڭ ئوشۇقچە يەرلىرىنى پەقەت ھەقىقەتەن تەگشەش زورۇرىيىتى بولغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرى ھەقىقەتەن رازى بولغان شەرت ئاستىدىلا ئېلىپ تەگشەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. يېڭى ئازات رايونلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا بارلىق ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ يەرلىرىگە تېگىلمەيدۇ.

⑥ جۇڭگونىڭ يەر ئىسلاھاتىدىكى باي دېخانلار مەسىلىسى — جۇڭگونىڭ كونكرېت تارىخى، ئىقتىسادى شارائىتىدا شەكىللەنگەن بىر

ئالاھىدە مەسىلە. جۇڭگونىڭ باي دېخانلىرى، ئومۇمەن، ناھايىتى ئېغىر
فېوداللىق ۋە يېرىم فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىغا ئىگە، ئەمما
بۇنداق باي دېخان ئىگىلىگى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزا ئىگىلىگىدە موھىم
ئورۇن تۇتالمايدۇ، ئۇلار ئورغۇن كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى باي
دېخانلاردىن مۇشۇ ئىككى نۇقتىدا پەرقلىنىدۇ. جۇڭگودا پومېشچىكلار
سىنىپىنىڭ فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان
كۆرەشتە كەڭ كەمبەغەل دېخان ۋە ياللانما دېخانلار باي دېخانلارنىڭ
فېوداللىق ۋە يېرىم فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى بىر ۋاقىتتا بىكار
قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئازاتلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، جۇڭگو كۆڭچەن-
داگى باي دېخانلارنىڭ ئوشۇقچە يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى يىغىۋېلىپ،
دېخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش سىياسىتىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن،
كەڭ كەمبەغەل دېخان ۋە ياللانما دېخانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇپ،
خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەمىن ئەتتى. ئۇرۇشنىڭ غەلىبە-
لىك راۋاجلىنىشى بىلەن 1948-يىل 2-ئايدا جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ يېڭى
ئازات رايونلاردا يەر ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى سىياسە-
تىنى يەنى يېڭى رايونلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىپ
ئېلىپ بېرىشنى، بىرىنچى باسقۇچتا، باي دېخانلارنى بىتەرەپ قالدۇ-
رۇپ، مەخسۇس پومېشچىكلارغا زەربە بېرىشنى، ئالدى بىلەن چوڭ
پومېشچىكلارغا زەربە بېرىشنى؛ ئىككىنچى باسقۇچتا، پومېشچىكلارنىڭ
يەرلىرىنى تەقسىم قىلىش ۋاقتىدا، باي دېخانلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن
يەرلىرىنى ۋە ئوشۇقچە يەرلىرىنىمۇ تەقسىم قىلىشنى، لېكىن باي دېخان-
لارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى پومېشچىكلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىن
ئاۋالقىدەكلا پەرقلەندۈرۈشنى بەلگىلىدى (مۇشۇ تومدىكى «يېڭى
ئازات رايونلار يەر ئىسلاھاتىنىڭ موھىم نۇقتىلىرى» دىگەن ئەسەرگە
قارالسۇن). جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتى 1950-يىل 6-ئايدا يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئېلان
قىلدى، ئۇنىڭدا يەر ئىسلاھاتىدا باي دېخانلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن

يەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسىنىڭ يىغىۋېلىنىدىغانلىقى، باشقا يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ بولسا مۇھاپىزەت قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىسىيەلەشتۈرۈش ھەركىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا باي دېھقان ئىگىلىكى قالمىدى.

⑦ بۇ يەردە ئېيتىلغان، باي دېھقانلارنىڭ ئىگەللىگەن يېرى سان جەھەتتە كوپرەك، سۈپەت جەھەتتە ياخشىراق، دېگەن سوز ھەر بىر ئويلۇك باي دېھقان بىلەن ھەر بىر ئويلۇك كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئىگەللىگەن يېرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا قارىتىلغان. مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، جۇڭگو باي دېھقانلىرىنىڭ ئىگەللىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپ چىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى، باي دېھقان ئىگىلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە موھىم ئورۇن تۇتمايتتى.

⑧ خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى دېموكراتىك زاتلار گومىنداڭنىڭ چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىدىن ۋە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن باشقا ئۈچىنچى يول دېگەن بىر نىمىنى تېپىش خام خىيالىدا بولغان ئىدى. بۇ يول، ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىچە بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسى يولى ئىدى.

⑨ گۇڭچەنداڭ ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ چىڭباۋجۈيى 1947-يىل 9-ئايدا پولشىنىڭ ۋارشاۋا شەھرىدە ئوتكۈزۈلگەن بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە، چېخوسلوۋاكىيە، ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيىدىن ئىبارەت 9 دولەتنىڭ گۇڭچەنداڭ ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدا ماقۇللىنىپ قۇرۇلغان. كېيىن، يۇگوسلاۋىيە گۇڭچەنداڭى ئوزىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزىمغا قارشى مەيداندا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوتسىيالىستىك لاگېرغا قارشى پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، چىڭباۋجۈينىڭ 1948-يىل 6-ئايدا

رۇمنىيىدە ئوتكۇزۇلگەن يىغىنى ئۇنى چىگباۋجۇيدىن ھەيدەپ چىقار-غانلىقىنى ئېلان قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان چىگباۋ-جۇي ئېلان قىلغان پۇتۇن دۇنيا خەلقىنى قوزغىلىپ جاھانگىرلىكنىڭ قۇللۇقىغا چۇشۇرۇش پىلانىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان خىتاپنامە چىگباۋ-جۇينىڭ 1947 ـ يىل 9 ـ ئايدىكى يىغىنى ماقۇللىغان «خەلقارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى خىتاپنامە»نى كورسىتىدۇ.

# دوكلات بېرش تۈزۈمنى ئورنتش توغرسدا*

**(1948 ـ يل 1 ـ ئاينڭ 7 ـ كۈنى)**

ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتدا ئنكاس قلپ، جۇڭيانڭنى جايلارنڭ خاتالاشماسلغغا ياكى خاتالششنى ئازايتشغا ئشتن ئاۋال ياكى ئشتن كېين ياردەم بېرش ئمكانيتگە ئگە قلپ، ئنقلاۋى ئۇرۇشنڭ تېخمۇ ئۇلۇق غەلبلرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يلدن باشلاپ تۆۋەندكى دوكلات بېرش تۈزۈمنى بەلگلدۇق.

---

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ تەيارلغان جۇڭگۇڭ جۇڭيانڭنڭ پارتيە ئچگە قاراتقان يوليورۇغى. بۇ يوليورۇقتا بەلگلەنگەن دوكلات بېرش تۈزۈمى ـــ داڭجۇڭيانڭنڭ دېموكراتيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمدە چڭ تۇرۇش، ئنتزامسزلق، باشباشتاقلق خاھشلرغا قارشى تۇرۇش يولدا ئېلپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلك كۆرەشنڭ يېڭى شارائتتكى تەرەققياتى. بۇ مەسلە شۇ چاغدا شۇنڭ ئۈچۈن ئالاھدە موھم بولۇپ قالغان ئدكى، ئۇ چاغدا، ئنقلاپ ۋەزيتدە ئنتاين زور ئلگرلەش بولۇپ، نۇرغۇن ئازات رايونلار بر ـ برگە تۇتشپ كەتكەن ئدى، نۇرغۇن شەھەرلەر ئازات بولغان ئدى، ياكى ئازات بولۇش ئالددا تۇراتتى، خەلق جيفاڭ ـ

1. جۇڭگياڭجۇي ۋە فېنجۇيلەر، شۇجىلارنڭ مەسئۇللغدا (كاتپلرغا يازدۇرماي، ئۆزلرى يېزشى كېرەك)، جۇڭگياڭغا ۋە جۇڭگياڭ جۇشىغا هەر ئككى ئايدا بر قېتم ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. دوكلاتنڭ مەزمۇنى شۇ رايوننڭ هەربى، سياسى، يەر ئسلاهاتى، پارتيىنى تەرتپكە سېلش، ئقتسات، تەشۋىقات ۋە مەدىنيەت پائالىيەتلرنڭ ئەهۋالنى، پائالىيەتلەر داۋامدا يۈزبەرگەن مەسلە ۋە خاهشلارنى، بۇ مەسلە ۋە خاهشلارنى هەل قلش ئۇسۇللرنى ئۆز ئچگە ئېلشى كېرەك. هەر قېتملق دوكلات برەر مڭ خەت بلەن چەكلنشى، ئالاهدە ئەهۋالنى هېساپقا ئالمغاندا، كۆپ بولسا 2 مڭ خەتتن ئېشپ كەتمەسلگى لازم. بارلق مەسلىلەرنى بر قېتمدا يېزىپ بولۇشقا مۇمكن بولمسا، ئككى قېتمغا بولۇپ يېزش كېرەك، ياكى برنچى قېتمدا برنەچچە مەسلنى موهم نۇقتا قلپ يېزىپ، قالغان مەسلىلەرنى موهم نۇقتا قلماي قسقچە يېزىپ قويۇش؛ ئككنچى

---

جۇنى ۋە خەلق ئازاتلق ئۇرۇشنڭ مۇنتزملق دەرىجىسى كۆپ ئۆسكەن ئدى، پۈتۈن مەملكەت دائىرلك غەلبە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئدى. بۇ هال پارتيىدن پارتيە ئچدە ۋە ئارمىيە ئچدە ساقلنپ تۇرغان هەرقانداق ئنتزامسزلق، باشباشتاقلق ئەهۋاللرنى تېز تۈگتپ، مەركەزلەشتۈرۈش زورۇر ۋە مۇمكن بولغان هەممە هوقۇقلارنى جۇڭگياڭغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قلاتتى. دوكلات بېرش توغرسدا قاتتق تۈزۈم ئورنتش — پارتيىنڭ مۇشۇ مەقسەتتە قوللانغان موهم تەدبرى. بۇ مەسلە توغرسدا مۇشۇ تومدكى «1948 ـ يللق يەر ئسلاهاتى خزمتى ۋە پارتيىنى تەرتپكە سېلش خزمتى»نڭ 6 ـ قسمغا ۋە «جۇڭگۇڭ جۇڭگياڭنڭ سنتەبر يغنى توغرسدكى ئۇقتۇرۇشى»نڭ 4 ـ نۇقتسغا قاراڭ.

قېتىمدا بولسا قالغان مەسىلىلەرنى موھىم نۇقتا قىلىپ يېزىش، ئالدىنقى قېتىمدا موھىم نۇقتا قىلىپ يېزىلغانلىرىنى قىسقىچە يېزىپ قويۇش كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ئىخچام، سۆزى ئېنىق بولۇشى، ئۇنىڭدا مەسىلە ياكى تالاش - تارتىشلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىشى كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلاتنى يېزىپ يوللاش ۋاقتى تاق ئايلارنىڭ 1 - ئون كۈنى ئىچىدە بولۇشى، دوكلات دېمەك ئارقىلىق يوللىنىشى لازىم. بۇ جۇڭيادجۈي ۋە فېنجۈي شۇجىلىرىنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، جۇڭياڭغا ۋە جۇڭياڭ جۇشىسىغا ھەر دائىم دوكلات بېرىشى، جۇڭياڭدىن ۋە جۇڭياڭ جۇشىسىدىن ھەر دائىم يوليورۇق سورىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇجىلار ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتدا، ئۆزى دوكلات يازغاندىن تاشقىرى، دەيلى شۇجى ياكى فۇشۇجىلارغا ئارقا سەپتىكى پائالىيەتلەردىن دوكلات يېزىپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەرنىڭ جۇڭياڭغا نۆۋەتتىن تاشقىرى دوكلات بېرىشى ۋە جۇڭياڭدىن يوليورۇق سورىشى بۇ تۈزۈم بويىچە ئەمەس، بۇرۇنقىدەك بولىۋېرىدۇ.

بىز بۇنداق سىياسەت خاراكتېرلىق، دائىملىق، ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات بېرىش ۋە يوليورۇق سوراش تۈزۈمىنى شۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىدۇقكى، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ، بەزى (ھەممىسى ئەمەس) جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەردىكى يولداشلار ئىشتىن ئاۋال ياكى ئىشتىن كېيىن جۇڭياڭغا دوكلات بېرىش ھەم جۇڭياڭدىن يوليورۇق سوراشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە موھىملىقىنى چۈشەنمىدى، ياكى پەقەت بەزى تېخنىكا خاراكتېرلىق دوكلات يازدى ۋە يوليورۇق سورىدى، شۇ سەۋەپتىن، جۇڭياڭ ئۇلارنىڭ

موھىم (ئىككىنچى ئورۇندا ياكى تېخىنىكا خاراكتېرلىق بولمىغان) پائالىيەت ۋە سىياسەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشالمىدى، ياكى تولۇق تونۇشالمىدى، نەتىجىدە، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ياكى ئورنىغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان ۋە ياكى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولسىمۇ، لېكىن زىيانغا ئۇچراپ بولغان ئىشلار كېلىپ چىقتى. ئىشتىن ئاۋۋال يولىيورۇق سوراپ، ئىشتىن كېيىن دوكلات بېرىپ تۇرغان جۇڭياڭجۈي ياكى فېنجۈيلەر بولسا بۇنداق زىياندىن ساقلاندى، ياكى بۇنداق زىيانلارنى ئازايتتى. بۇ يىلدىن باشلاپ پارتىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئىشتىن ئاۋۋال يۇقۇرىدىن يولىيورۇق سورىمايدىغان، ئىشتىن كېيىن يۇقۇرىغا دوكلات بەرمەيدىغان يامان ئادەتنى تۈزىتىشى كېرەك. جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەر — جۇڭياڭ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن، جۇڭياڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى جۇڭياڭغا ۋاكالىتەن ئورۇنلايدىغان ئورگان، ئۇلار جۇڭياڭ بىلەن ئەڭ يېقىن ئالاقىدا بولۇشى كېرەك. شېڭۋېي ياكى چۈيداڭۋېيلارمۇ جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەر بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇشى كېرەك. ئىنقىلاپ يېڭى دولقۇنغا كۆتىرىلگەن ھازىرقى مەزگىلدە، بۇنداق ئالاقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

2. يېڭەنجۈن باشلىقلىرى ۋە جۈنچۈي باشلىقلىرى ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى ھەققىدە ھەر دائىم دوكلات بېرىش ۋە يولىيورۇق سوراشتىن شۇنىڭدەك بۇرۇنقى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئۇرۇش چىقىملىرى ۋە ئەمەلىي كۈچلەر توغرىسىدا ئايدا بىر قېتىم دوكلات يوللاپ تۇرۇشتىن تاشقىرى، بۇ يىلدىن باشلاپ، ھەر 2 ئايدا بىر قېتىم سىياسەت خاراكتېرلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات بېرىشى ۋە يولىيورۇق سورىشى لازىم. بۇنداق دوكلات بېرىش ۋە يولىيورۇق

سوراشنىڭ مەزمۇنى شۇ قوشۇنىنىڭ ئىنتىزامى، ماددى تۇرمۇشى، جىزخۇيىۋەن ۋە جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى، جىزخۇيىۋەن ۋە جەڭچىلەردە پەيدا بولغان ئىنقىلار، بۇ ئىنقىلارنى تۈگىتىش ئۇسۇللىرى، تېخنىكا ۋە جەڭشۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش ئەھۋاللىرى، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى ھەم ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكى، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسى خىزمەت ئەھۋالى، ئارمىيىمىزنىڭ يەر سىياستى، شەھەر سىياستى ۋە ئەسىرلەر توغرىسىدىكى سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ھەم تۈگۈلگەن ئىنقىلارنى تۈگىتىش ئۇسۇللىرى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھەر تەبىقە خەلقنىڭ ھەركەت يونىلىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇنداق دوكلاتنىڭ خەت سانى، دوكلاتنى يېزىش ئۇسۇلى ۋە يوللاش ۋاقتى جۈگياگجۈي ۋە فېنجۈيلەرنىڭ دوكلات يېزىش چارىلىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر دوكلات يېزىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت (تاق ئايلارنىڭ 1-ئون كۈنى) دەل ئۇرۇشنىڭ جىددى ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا دوكلاتنى مۇددەتتىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن ياكى كېيىن يېزىشقا بولىدۇ، لېكىن سەۋەبىنى ئىزھار قىلىپ قويۇش لازىم. بۇنىڭ سىياسى خىزمەتلەرگە دائىر قىسمىنى شۇ قوشۇننىڭ جېڭجىبۇ جۇرېنى يېزىپ چىقىپ، سىلىڭيۈەن، جېڭجىۋېيىۋەنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تۈزىتىشىدىن ئۆتكۈزۈشى ۋە ئۇنىڭغا بىرلىكتە قول قويۇشى كېرەك. دوكلات دېمەك ئارقىلىق ھەربى ۋېيىۋەنخۇي جۈشىسىغا ئەۋەتىلىشى لازىم. بۇنداق سىياسەت خاراكتىرلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات بېرىشنى بەلگىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى جۈگياگجۈي ۋە فېنجۈيلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلات بېرىشى لازىملىقى توغرىسىدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بىلەن ئوخشاش.

# پارتىيىنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىكى بىرقانچە موھىم مەسىلە توغرىسىدا*

**(1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)**

## 1. پارتىيە ئىچىدە خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى

دۈشمەنىنىڭ كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلەشكە قارشى تۇرۇش لازىم. مەسىلەن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن قورقۇش، گومىنداڭ رايونلىرىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇش، مەيبەنىلىك - فېودالىلىق تۈزۈمنى يوقىتىشتىن، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى تەڭ تەقسىم قىلىشتىن ۋە گۇەنلياۋ كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىشتىن قورقۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشتىن قورقۇش ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناتوغرا. پۈتۈن دۇنيادىكى جاھانگىرلىكنىڭ ۋە جۇڭگودىكى جياڭ جيېشى

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگو جۇڭيالىڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان بۇيرۇقى. مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن ئەسەرنىڭ ماۋزۇ ئىزاھىغا قارالسۇن.

ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ ھوكۇمرانلىقى چىرىپ كەتكەن، ئىستىقبالى يوق. ئۇلارغا سەل قاراشقا ھەقلىقمىز، جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىق ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلىرىنى يېڭىشكە ئاساسىمىز ۋە ئىشەنچىمىز بار. لېكىن ھەر بىر قىسمەنلىكتە، ھەر بىر كونكرېت كۈرەش مەسىلىسىدە (مەيلى ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ياكى ئىدېيىۋى كۈرەشلەردە بولسۇن) دۈشمەنگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە، دۈشمەنگە جىددىي قاراپ، پۈتۈن كۈچنى توپلاپ جەڭ قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. بىز ئومۇمىيلىقتا، جەنلۇي جەھەتتە دۈشمەنگە سەل قاراش لازىملىقىنى توغرا كۆرسەتكىنىمىزدە، ھەر بىر قىسمەنلىكتە، ھەر بىر كونكرېت مەسىلىدە دۈشمەنگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئومۇمىيلىقتا دۈشمەننىڭ كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، غەلىبە قازىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولساق، ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئەگەر بىز ھەر بىر قىسمەنلىكتە، ھەر بىر كونكرېت مەسىلىدە ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولمىساق، كۈرەش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسەك، پۈتۈن كۈچنى توپلاپ جەڭ قىلمىساق، قولغا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىتتىپاقچىلار (ئوتتۇرا دېخانلار، مۇستەقىل سودا ـ سانائەتچىلەر، ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جياۋشۇلار، ھەم ئادەتتىكى زىيالىلار، ئادەتتىكى ھوكۇمەت خادىملىرى، ئەركىن كەسىپتىكىلەر ۋە كەيمىڭ شېنشىلار)نى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىسەك، «سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز.

پارتىيە ئىچىدە «سول»چىل ۋە ئوڭچىل خاھىشلارغا قارشى

تۇرۇشتا فاگـجىنىنى كونـكرىت ئەھۋالـغا قاراپ بەلـگىلەش لازىم.
مەسىلەن، قوشۇنـلار ئۇرۇشتا غەلىبە قازانـغان چاغـدا «سول»چىلـ
لىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ياكى ئۇرۇشتا
كوپلەپ غەلىبە قازىنالمىغان چاغـدا بولسا، ئوڭچىللىقنىڭ ئالـدىنى
ئېلىش لازىم. يەر ئىسـلاھاتىدا، ئاممە تېخـى ئەستايىدىل ھەركەتـ
لەندۇرۇلمىگەن ۋە كۆرەش تېخـى قانات يايدۇرۇلمىغان جايـلاردا
ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش لازىم؛ ئامـمە ئەستايىدىل ھەركەتلەندۇ-
رۇلـگەن ۋە كۆرەش قانات يايـدۇرۇلـغان جايـلاردا بولسا «سول»
چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## 2. يـەر ئىسلاھـاتى ۋە ئـاممىۋى ھەركەتـتىكى بىرقانچە كونكرىت سىياسەت مەسىلىسى

1) كەمبەغـەل دىخان، يالـلانما دىخانـلارنىڭ مەنپـەئەتىنى ۋە
كەمبەغەل دىخانلار ئومىگىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى بىرىنچى ئورۇنغا
قويۇش لازىم. پارتىيىمىز يەر ئىسلاھاتىنى كەمبەغـەل دىخان، يالـ
لانـما دىخانلار ئارقىـلىق قوزغىشى، كەمـبەغەل دىخان ۋە يالانما
دىخانلارنى دىخانلار جەمىيىتىدە ۋە يېزا ھاكىمىيىتىدە باشلامچىلىق
رول ئوينايدىغان قىلىشى لازىم، بۇنداق باشلامـچىلىق رول ئوتتۇرا
دىخانلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەممىنى كەمبەغەل دىخان،
يالانما دىخانلار ئوز ئالدىغا تارتىۋېلىش ئەمەس، بەلـكى ئوتتۇرا
دىخانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى ئوزى بىلەن بىرلىكتە ھەركەت
قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. كونا ئازات رايونلاردىكى ئوتتۇرا دىخانلار
كوپچىلىكىنى، كەمبەغەل دىخان ۋە يالـلانما دىخانلار ئازچىلىقنى
تەشكىل قىلغان جايلاردا ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ تۇتقان ئورنى تېخىمۇ

موھىم. «كەمبەغەل دېخان، يالانما دېخانلار يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورىسۇن» دېگەن شوئار خاتا. يېزىلاردا، كەمبەغەل دېخان ۋە يالانما دېخانلار ئۆز ئالدىغا يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورىمايدۇ، بەلكى يالانما دېخانلار، كەمبەغەل دېخانلار، ئوتتۇرا دېخانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر بىرلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورايدۇ. مەملىكەت بويىچە بولسا ئاز سانلىق كىشىلەر يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورىمايدۇ، بەلكى ئىشچىلار، دېخانلار (يېڭى باي دېخانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مۇستەقىل سودا ـ سانائەتچىلەر، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ۋە زىيان ـ زەخمىتىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك كاپىتالىستلار، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جىياۋشۇلار، ئادەتتىكى زىيالىلار، ئەركىن كەسىپتىكىلەر، كەيمىڭ شېنشىلار، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئېزىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلار بىرلىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ (كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىكىدە، يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورايدۇ.

2) ئوتتۇرا دېخانلارغا ھەرقانداق تەۋەككۈلچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئوتتۇرا دېخانلار ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەردىن تەركىبى خاتا بېكىتىلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ تەقسىم قىلىنىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى مۇمكىن قەدەر قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئوتتۇرا دېخانلارنى دېخانلار ۋەكىللىرى قاتارىدىن، دېخانلار ۋېيۈەنخۇيىدىن چەتكە قېقىش خاھىشىنى ۋە يەر ئىسلاھاتى كۈرەشلىرىدە كەمبەغەل دېخان ۋە يالانما دېخانلارنى ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويۇش خاھىشىنى تۈزىتىش لازىم. ئېكسپىلاتاتسىيە كىرىمى بولغان دېخانلاردىن ئېكسـ

پىلاتاتسىيە كىرىمى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 25 پىرسەنتى (توتتىن بىرى) دىن توۋەن بولغانلارنى ئوتتۇرا دىخان قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۇقۇرى بولغانلارنى باي دىخان قىلىپ بېكىتىش كېرەك①. ھاللىق ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ يېرىنى ئۇزىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ تەقسىم قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

3) ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق سودا-سانائەتچىلەرگە ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئازات رايونلاردا ئوتمۇشتە خەلق ئىگىلىگىگە پايدىلىق ھەممە خۇسۇسىي سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش سىياسىتىنىڭ قوللىنىلغانلىقى توغرا بولدى، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىش مەزگىلىدە پومېشچىكلار ۋە باي دىخانلارنى سودا-سانائەتكە كوچۇشكە رىغبەتلەندۇرۇش سىياسىتىمۇ توغرا، ئۇلارنىڭ سودا-سانائەتكە كوچۇشنى «تۇسىنى ئوزگەرتكەنلىك» دەپ قارشى تۇرۇش ۋە سودا-سانائەتكە كوچۇرۇلگەن مال-مۈلكنى مۇسادىرە قىلىپ تەقسىم قىلىۋېتىش خاتا. پومېشچىكلار ۋە باي دىخانلارنىڭ سودا-سانائىتىنى، ئومۇمەن، مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك، پەقەت گوەنلياۋ كاپىتالىنىڭ ھەم ھەقىقى زومىگەرلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ سودا-سانائىتىنىلا مۇسادىرە قىلىشقا بولىدۇ. مۇسادىرە قىلىشقا تېگىشلىك بۇنداق سودا-سانائەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىگىگە پايدىلىق بولغانلىرىنى، دولەت ۋە خەلق ئوتكۇزۇپ ئالغاندىن كېيىن، داۋاملاشتۇرۇش لازىم، تارقىتىۋېتىشكە ياكى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. خەلق ئىگىلىگىگە پايدىلىق ھەممە سودا-سانائەتتىن تىجارەت بېجى ئېلىشتا ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى چەك قىلىش لازىم. دولەت ئىگىلىگىدىكى

كارخانىلاردا مەمۇرى تەرەپ بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرەپ بىرلەشمە گۇەنلىۋېيۇەنخۇي تەشكىل قىلىپ، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، تەننەرقنى تۆۋەنلىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي، خۇسۇسلارغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش مەقسىدىگە يېتىش لازىم. خۇسۇسى كاپىتالىستىك كارخانىلاردىمۇ بۇ چارىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈپ، تەننەرقنى تۆۋەنلىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، ئەمگەككىمۇ، كاپىتالغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش مەقسىدىگە يېتىش لازىم. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەھۋالغا قاراپ ياخشىلاش لازىم، لېكىن تەمناتنىڭ تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

4) ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جياۋشۇلار، ئىلىم - پەن خادىملىرى، سەنئەت خادىملىرى ۋە ئادەتتىكى زىيالىلارغا ھەرقانداق تەۋەككۈلچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. جۇڭگونىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى ۋە ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جياۋشۇلار، ئىلىم - پەن خادىملىرى، سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋە ئادەتتىكى زىيالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىنقىلاپقا قاتنىشىدىغانلىقى ياكى بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى، جاھىل ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ ناھايىتى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىز ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جياۋشۇلار، ئىلىم - پەن خادىملىرى، سەنئەت خادىملىرى ۋە ئادەتتىكى زىيالىلارغا ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم. ئەھۋالغا قاراپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە خىزمەتكە قويۇش لازىم، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز سانلىق جاھىل ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغىلا ئاممىۋى لۇشيەن

ئارقىلىق مۇۋاپىق چارە كۆرۈش كېرەك.

5) كەيمىڭ شېنشىلار مەسىلىسى توغرىسىدا. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، پارتىيىمىزنىڭ ئازات رايونلاردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا (سەنيىخۇي ۋە ھوكۇمەتلەردە) كەيمىڭ شېنشىلار بىلەن ھەمكارلىشىشى پۈتۈنلەي زورۇر ئىدى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىدى. پارتىيىمىز بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغان، ھەقىقەتەن خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن كەيمىڭ شېنشىلارغا، يەر ئىسلاھاتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئەھۋالغا قاراپ ئېتىۋار بېرىش لازىم. ئۇلاردىن سىياسىي جەھەتتە ياخشىراق ھەم خىزمەت قابىلىيىتى بارلارنى يۇقۇرى دەرىجىلىك ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا داۋاملىق قالدۇرۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ياخشىراق، لېكىن خىزمەت قابىلىيىتى تۆۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش كېرەك. ئۆزى يومشىلىك، باي دېخان بولسىمۇ، ئەمما خەلق بەك يامان كۆرمەيدىغانلىرىنىڭ فېئوداللىق يەر ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى يەر قانۇنى بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىش لازىم، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆرەشكە ئېلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئىلگىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىمىزغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان، ئەمەلىيەتتە، ئەزەلدىن بۇزۇق، خەلققە ھېچقانداق پايدىسى يوق، بەلكى كەڭ ئاممە ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغانلارنى بولسا ئادەتتە زومىگەرلەرگە كۆرۈلىدىغان چارە بويىچە خەلق فاتىكلىرىنىڭ سوراق قىلىپ جازالىشىغا تاپشۇرۇش لازىم.

6) يېڭى باي دېخانلارنى كونا باي دېخانلاردىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش مەزگىلىدە يېڭى باي دېخانلار بىلەن ھاللىق ئوتتۇرا دېخانلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىغا

قويۇلۇشى ئوتتۇرا دىخانلارنى خاتىرجەم قىلىشتا، ئازات رايونلارنىڭ يېڭا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇنۇم بەرگەن ئىدى، يەرلەر تەڭ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، دىخانلارنى ئىشلەپ-چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكنى مول قىلىشقا چاقىرىش ھەمدە دىخانلارنى بيەنگۈگدۈي، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ياكى لاپقۇتلىشىش بەنگە ئوخشاش يېڭا ئىگىلىك ھەم-كارلىق-كوپىراتسىيە تەشكىلاتلىرىغا ئۇيۇشۇشقا دەۋەت قىلىش لازىم. يەرلەرنى تەڭ تەقسىم قىلىغاندا، كونا ئازات رايونلاردىكى يېڭى باي دىخانلارغا ھاللىق ئوتتۇرا دىخانلارغا قىلىندىغان مۇئامىلىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش لازىم، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، يەرلىرىنى تەقسىم قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

7) كونا ئازات رايونلاردا ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىش مەزگىلىدە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئوزگەرتكەن پومىشىكلار ۋە باي دىخانلاردىن ئەمگەككە كىرىشكىنىگە 5 يىلدىن كوپ بولغان پومىشىكلارنىڭ ھەم ئوتتۇرا دىخان، كەمبەغەل دىخان دەرىجىسىگە چۈشكىنىگە 3 يىلدىن كوپ بولغان باي دىخانلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولسا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ، تەركىۋىنى ئوزگەرتىشكە بولىدۇ. ئۇلاردىن ھەقىقەتەن ھېلىمۇ كوپ مىقداردا (ئاز مىقداردا ئەمەس) ئوشۇقچە مال-مۈلۈك ساقلاپ كېلىۋاتقانلىرى دىخانلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئوزىنىڭ ئوشۇقچە مال-مۈلكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك.

8) يەر ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزى فېئودال سىنىپنىڭ يەرلىرىنى ۋە ئاشلىق، چارۋا، دىخانچىلىق سايمانلىرىغا ئوخشاش مال-مۈلۈكلە-رىنى (باي دىخانلارنىڭكىدىن پەقەت ئوشۇقچە قىسمىنى) تەڭ تەقسىم

قىلىشتىن ئىبارەت، كومۈك ماللارنى[2] تېپىش كۆرىشىنى ئارتۇقچە تەكىتلىمەسلىك بولۇپمۇ ئۇنىڭغا كوپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاساسىي خىزمەتكە دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىق لازىم.

9) پومىشچىكلارغا قىلىندىغان مۇئامىلە بىلەن باي دېخانلارغا قىلىندىغان مۇئامىلە يەر قانۇنى دااگاڭى بويىچە پەرقلىق بولۇشى كېرەك.

10) چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك پومىشچىكلارنىمۇ، پومىشچىك ۋە باي دېخانلار ئىچىدىكى زومىگەرلەر بىلەن زومىگەر ئەمەسلەرنىمۇ، يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئاستىدا، پەرق ئېتىش كېرەك.

11) ھەقىقەتەنمۇ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ناھايىتى ئاز سانلىق ئۇنسۇرلارنى خەلق پاتىگىلىرىنىڭ ئەستايىدىل سوراق قىلىپ ھوكۇم چىقىرىشىدىن ئوتكۈزۈپ ۋە مەلۇم ھوكۇمەت ئورگىنى (ناھىيە ياكى فېنچۈي دەرىجىلىك ئورگانلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ۋېيىۋەنخۇي)نىڭ تەستىقىدىن ئوتكۈزۈپ ئېتىش ۋە ئۇنى ئىلان قىلىش كېرەك، بۇ — پۈتۈنلەي زورۇر بولغان ئىنقىلاۋىي تەرتىپ. بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز ئولتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، قالايمىقان ئولتۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك. كوپ ئولتۈرۈشنى، قالايمىقان ئولتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيدىغان پىكىرلەر پۈتۈنلەي خاتا، ئۇ پارتىيىمىزنى خەيرىخاھلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئاممىدىن ئايرىۋېتىدۇ ۋە يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، خالاس. يەر قانۇنى دااگاڭىدا بەلگىلەنگەن خەلق پاتىگىلىرى ئارقىلىق سوراق قىلىپ ھوكۇم چىقىرىشتىن ئىبارەت كۆرەش ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل قوللىنىش لازىم، ئۇ — دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئەڭ بۇزۇق پومىشچىك ۋە باي دېخان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىدىغان كۈچلۈك قورالى، شۇنداقلا ئۇ

قالايمىقان ئۇرۇش، قالايمىقان ئۆلتۈرۈش خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلايدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە (يەر كۆرىشى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن)، ئاممىگە ئۆزلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى چۈشىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىمكى، ئۇلار ئۇرۇشقا، يەر ئىسلاھاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا چىڭ تۇرمىغان بەلكى پۈتۈن مەملىكەتتە 10 مىليونلاپ سانغا ئىگە بولغان (مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 360 مىليون يېزا ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 36 مىليوندىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان) بارلىق پومىشچىكلار ۋە باي دېھقانلارنى مەملىكەتنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى دەپ قاراپ، ساقلاپ قالىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان بولۇشۇن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پومىشچىكلارنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى فېئودالىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش، پومىشچىكلارنى سىنىپ تەرىقىسىدە يوقىتىش. ئۇلارغىمۇ يەر قانۇنى بويىچە دېھقانلارنىڭ ئىگە بولىدىغىنىدىن ئېشىپ كەتمىگەن دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى بېرىش لازىم.

12) بەزى ئېغىر خاتالاشقان كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى شۇنىڭدەك ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدىكى بەزى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى تەنقىت ۋە كۈرەش قىلىش كېرەك. تەنقىت ۋە كۈرەش قىلغاندا، ئاممىگە چۈشەنچە بېرىپ، توغرا ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، قوپال ھەركەتلەردىن ساقلىنىش لازىم. بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىدىن ئۈچ ئالماسلىق توغرىسىدا بۇ كادىرلاردىن، پارتىيە ئەزالىرىدىن ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلاردىن ۋەدە ئېلىش كېرەك. ئاممىدە ئۇلارنى دادىل تەنقىتلەش ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زورۇر تېپىلغاندا، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش ياكى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش ۋە ياكى

پارتىيىدىن چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش هەتتا ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى ئەڭ بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى خەلق فاتىڭلىرىنىڭ سوراق
قىلىپ جازالىشىغا تاپشۇرۇش هوقۇقى بارلىقىنىمۇ ئېلان قىلىش كېرەك.

## 3. هاكىمىيەت مەسىلىسى توغرىسىدا

1) يېڭى دېموكراتىك هاكىمىيەت — ئىشچىلار سىنىپى رەهبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىگە مەنسۇپ بولغان، جاهانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى تۇرىدىغان هاكىمىيەت. خەلق ئاممىسى دېگىنىمىز ئىشچىلار سىنىپى، دېخانلار سىنىپى، شەهەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، جاهانگىرلىكنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هاكىمىيىتىنىڭ هەم ئۇ ۋەكىللىك قىلغان گۇەنلىياۋ بۇرژۇئازىيە (چوڭ بۇرژۇئازىيە) بىلەن پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ زۇلمىغا ۋە زىيان-زەخمىتىگە ئۇچرىغان مىللى بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىشچىلار، دېخانلار (ئەسكەرلەر، ئاساسەن، هەربىي كىيىم كىيگەن دېخانلار) ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنى بولسا ئاساسى گەۋدە قىلىدۇ. مۇشۇ خەلق ئاممىسى ئۆز دۆلىتىنى (جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنى) تەشكىل قىلىدۇ ۋە دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان هۆكۈمەتنى (جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي هۆكۈمىتىنى) قۇرىدۇ، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ شىيەنفېڭدۇيى — جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلىتىگە ۋە ئۇنىڭ هۆكۈمىتىگە بولغان رەهبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ خەلق جۇمهۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ هۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلىرى — چەتئەل جاهانگىرلىكى، ئېلىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى هەم ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان گۇەنلىياۋ بۇرژۇئازىيە بىلەن پومىشچىكلار سىنىپى.

2) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى — ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلار سايلاپ چىققان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر.

3) ھازىرقى مەزگىلدە، يېزىلاردا، دېخانلارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، يېزا دېخانلار يىغىنى چاقىرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى سايلاش، رايونلۇق دېخانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، رايونلۇق ھۆكۈمەتنى سايلاش مۇمكىن ۋە لازىم. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ۋە ئۇلاردىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يالغۇز يېزا دېخانلىرىنىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، بەلكى بازار — جېن، ناھىيە شەھىرى، ئۆلكە مەركىزى ۋە چوڭ سودا — سانائەت شەھەرلىرىدىكى ھەر تەبىقە ۋە ھەر كەسىپتىكى خەلقنىمۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، ناھىيىلىك، شەھەرلىك، ئۆلكىلىك ياكى چېگرا رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى سايلاپ چىقىش كېرەك. كەلگۈسىدە، ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلىشى كېرەك.

## 4. ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپتە رەھبەرلىك قىلغۇچى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى

رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپ ۋە پارتىيە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قىلىنغۇچى سىنىپلارغا، تەبىقىلەرگە، پارتىيىلەرگە ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇنۇ 2 شەرتنى ھازىرلىشى: a) رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار (ئىتتىپاقچىلار)نى

باشلاپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى ۋە غەلىبە قازىنىشى؛ b) رەھبەرلىك قىلىنىغۇچىلارغا ماددى مەنپەئەت يەتكۈزۈشى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، رەھبەرلىك قىلىنىغۇچىلارغا سىياسى تەربىيە بېرىشى لازىم. مۇشۇ 2 شەرت بولمىسا، ياكى مۇشۇ 2 شەرتنىڭ بىرى كەم بولسا، رەھبەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، گومىنداڭ ئوتتۇرا دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئۆزى بىلەن بىللە باشلاپ مېڭىپ، فېئودال سىنىپقا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى ۋە غەلىبە قازىنىشى (پومېشچىكلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشى، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىشى) لازىم. ئەگەر قەتئىي كۈرەش بولمىسا، ياكى كۈرەش بولغاندىمۇ غەلىبە قازىنىلمىسا، ئوتتۇرا دېھقانلار تەۋرىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، پومېشچىكلارنىڭ يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرىدىن بىر قىسمىنى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ نامراتراقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىش، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە بولسا زىيان يەتكۈزمەسلىك لازىم. دېھقانلار جەمئىيىتىدە ۋە يېزىلىق، رايونلۇق ھۆكۈمەتلەردە ئوتتۇرا دېھقانلار ئاكتىپلىرىنى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش ھەم سان جەھەتتە مۇۋاپىق بەلگىلىمە چىقىرىش (مەسىلەن، ۋەكىللەرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلدۇرۇش) لازىم. ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تەركىۋىنى خاتا بېكىتىپ قويماسلىق، ئوتتۇرا دېھقانلاردىن يەر بېجى ئېلىشتا ۋە ئۇلارنى ئۇرۇشقا دائىر ئىشلارغا سېلىشتا كۆڭۈلداۋ بولۇش لازىم. شۇنىڭ بىللە، ئوتتۇرا دېھقانلارغا سىياسى تەربىيىمۇ بېرىش كېرەك. بۇلار قىلىنمىسا، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شەھەرلەردە ئىشچىلار سىنىپى ۋە گومىنداڭ

ئوزىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ۋە زىيان-زەخمىتىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارغا ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

## ئىزاھلار

① يېزىلاردا سىنىپلارنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسەرگە ۋە 2-تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى»نىڭ ئىككىنچى باپ 4-بۆلۈمىگە قارالسۇن.

② «كومۇك مال» يومشىشكىلارنىڭ يەرگە كومۇپ قويغان مال-مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئارمىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك ھەركەت*

**(1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)**

قىسىملار ئىچىدىكى سىياسىي خىزمەت فاڭجېنى — ئەسكەرلەر ئاممىسىنى، جۈخۇيىۋەنلەرنى ۋە بارلىق خادىملارنى دادىل ھەركەتلەندۈرۈپ، مەركەزلەشتۈرۈش رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ھەركەت ئارقىلىق، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىش، تۇرمۇش جەھەتتە مەئىشەتنى ياخشىلاش، ھەربىي جەھەتتە تېخنىكا ۋە جەنشۇنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت 3 چوڭ مەقسەتكە يېتىش. ھازىر ئارمىيىمىزنىڭ قىسىملىرىدا قىزغىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان 3 نى تەكشۈرۈش، 3 نى تەرتىپكە سېلىش① — سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە ئۇسۇلى بىلەن ئالدىنقى 2 مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېموكراتىيىدە، ئەسكەرلەر سايلاپ چىققان

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

ۋەكىللەر لىيەندۈي باشلىقلىرىنىڭ لىيەندۈي تەمىناتىنى ۋە تامىقىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىشكە هوقۇقلۇق بولۇشى (ئېشپ كەتمەسلىكى) لازىم.

هەربى جەھەتتىكى دېموكراتىيىدە، هەربى تەلىم ۋاقتىدا جۇڭگۇەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر ئۆزئارا ئۆگىتىش ۋە ئەسكەرلەر بىلەن ئەسكەرلەر ئۆزئارا ئۆگىتىشنى يولغا قويۇش؛ ئۇرۇش ۋاقتىدا لىيەندۈيلەرنىڭ ئۇرۇش سەپلىرىدە هەر خىل چوڭ-كىچىك مەجلىسلەرنى ئېچىپ تۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. لىيەندۈي باشلىقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەسكەرلەر ئاممىسىنى هەركەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا دۈشمەن جېنىدىلىرىنى قانداق ئېلىش، جەڭ ۋەزىپىلىرىنى قانداق ئورۇنلاشنى مۇزاكىرە قىلدۇرۇش لازىم. ئۇدا بىرقانچە كۈن داۋام قىلغان جەڭلەردە بۇنداق مەجلىسنى بىرقانچە قېتىم ئېچىش كېرەك. هەربى جەھەتتىكى بۇنداق دېموكراتىيە شىمالىي شەنشىدە بولغان پەنلۇڭ جېنىسى② ۋە سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىدا بولغان شىجىياجۇاڭ جېنىسىدە③ يولغا قويۇلۇپ، ناھايىتى زور ئۈنۈم هاسىل قىلىندى. بۇنىڭ پايدىسىلا بارلىقى، قىلچە زىيىنى يوقلۇقى ئىسپاتلاندى.

ئەسكەرلەر ئاممىسى كادىرلار ئارىسىدىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ خاتالىقىنى ۋە جىنايىتىنى پاش قىلىشقا هوقۇقلۇق بولۇشى لازىم. ئىشىنىش كېرەككى، ئەسكەرلەر ياخشى ۋە ياخشىراق بولغان بارلىق كادىرلارنى ئاسرىماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسكەرلەر، زورۇر تېپىلغاندا، ئەسكەرلەر ئاممىسى ئىچىدىن ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلەرنى تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىپ يۇقۇرىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىشىگە سۇنۇشقا هوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك.

تۇۋەن دەرىجىلىك كادىرلار ئىنتايىن كەمچىل بولغان ۋاقىتتا، بۇنداق كۆرسىتىش ناھايىتى پايدىلىق. لېكىن بۇنداق كۆرسىتىش ئومۇمەيۈزلۈك كۆرسىتىش ئەمەس، بەلكى بەزىبىر زورۇر تېپىلغان ۋاقىتلاردا بولىدىغان كۆرسىتىش.

## ئىزاھلار

① «3 نى تەكشۈرۈش»، «3 نى تەرتىپكە سېلىش» ھەرىكىتى — پارتىيىمىز خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە يەر ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ھەرىكەت. «3 نى تەكشۈرۈش» يەرلىك ئورۇنلاردا سىنىپىي تەركىبىنى تەكشۈرۈش، ئىدىيىنى تەكشۈرۈش، ئىستىلنى تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ؛ قىسىملاردا بولسا سىنىپىي تەركىبىنى تەكشۈرۈش، خىزمەتنى تەكشۈرۈش، كۈرەش ئىرادىسىنى تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. «3 نى تەرتىپكە سېلىش» تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

② پەنلۇڭ — يەنئەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جاي. 1947-يىل 5-ئايدا شىبېي خەلق جىيفاڭجۈنى پەنلۇڭدا خۇ زۇڭنەن قوشۇنىنىڭ 6 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادىمىنى قورشاپ يوقاتقان.

③ شىجياجۇاڭ 1947-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىنىڭ خەلق جىيفاڭجۈنى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئازات قىلىندى، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننىڭ 24 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. بۇ شەھەر — ئارمىيىمىز خۇابېيدا بىرىنچى قېتىم ئازات قىلغان مۇھىم شەھەر.

# هەرخل رايونلاردا يەر قانۇننى ئەمەلگە قويۇشنڭ هەرخل سبلۇبى*

**(1948 ـ يل 2 ـ ئاينڭ 3 ـ كۈنى)**

يەر قانۇنني ئەمەلگە قويۇشتا، رايونلارني 3 خلغا بولۇپ، پەرقلق سبلۇپ قوللنش لازم.

1. ياپونيە تەسلم بولۇشتن ئلگرىكى كونا ئازات رايونلار. بۇنداق رايونلاردا، ئوموەمەن، يەرلەر بۇرۇنلا تەقسم قلنپ بولغان، پەقەت بر قسم يەرلەرنلا تەڭشەشكە توغرا كېلدۇ. بۇنداق رايونلاردكى خزمەتنڭ مەركزى، پڭشەن تەجربسى① بويچە، پارتيە ئچى بلەن پارتيە سرتني ماسلاشتۇرۇش ئۇسۇلني قوللنپ، پارتيە قوشۇنني رەتكە سېلش، پارتيە بلەن ئامما ئوتتۇرسدكى زددييەتني هەل قلشتن ئبارەت بولۇشي كېرەك. بۇنداق كونا رايونلاردا، يەرلەرني يەر قانۇني بويچە يەنە بر قېتم تەقسم قلمز دېمەي، شۇنڭدەك كەمبەغەل دېخانلار ئومگني

---

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ يولداش ليۇشاۋچىغا ئەۋەتكەن دېەنباۋ.

سۇئىي ۋە زورمۇ-زور تەشكىل قىلىپ، دېخانلار جەمىيىتىگە رەھ-بەرلىك قىلمىزمۇ دېمەي، بەلكى دېخانلار جەمىيىتىدە كەمبەغەل دېخانلار گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىش كېرەك. بۇنداق گۇرۇپپىلاردىكى ئاكتىپلار دېخانلار جەمىيىتىدە ۋە يېزا ھاكىمىيىتىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، لېكىن ئوتتۇرا دېخانلارنى چەتكە قېقىپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى چوقۇم كەمبەغەل دېخانلار قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەپ قويماسلىق لازىم. بۇنداق رايونلاردىكى دېخانلار جەمىيىتى ۋە يېزا ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى كەمبەغەل دېخانلار ۋە ئوتتۇرا دېخانلار ئارىسىدىكى ئەدىبىسى توغرا، ئىشتا گۆگداۋ ئاكتىپلار قىلىشى كېرەك. بۇنداق رايونلاردا، ئىلگىرىكى كەمبەغەل دېخانلارنىڭ زور كوپچىلىكى ئوتتۇرا دېخان دەرىجىسىگە كوتىرىلدى، ئوتتۇرا دېخانلار يېزا ئاھالىسىنىڭ زور كوپچىلىكىنى تەشكىل قىلىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا دېخانلار ئارىسىدىكى ئاكتىپلارنى يېزىلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش لازىم.

2. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن تارتىپ بىز كەڭ كولەملىك قاي-تۇرما ھۇجۇمغا ئوتكەنگە قەدەر يەنى 1945-يىل 9-ئايدىن 1947-يىل 8-ئايغا قەدەر بولغان 2 يىل ئىچىدە ئازات قىلىنغان رايونلار. بۇنداق رايونلار ھازىرقى ئازات رايونلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنى يېرىم كونا رايون دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق رايونلاردا 2 يىل داۋام قىلغان ھېساپ ئېلىش كۇرىشى ئارقىسىدا ۋە «4-ماي يوليورۇغى»②نى ئىجرا قىلىش ئارقىسىدا، ئاممىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسى خېلى يۇقۇرى كوتىرىلدى، يەر مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. لېكىن ئاممىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى ۋە تەشكىللىنىش

دەرىجىسى تېخى ئانچە يۇقۇرى ئەمەس، يەر مەسىلىسى تېخى تەل-
تۆكۈس هەل قىلىنمىدى. بۇنداق رايونلارغا يەر قانۇنى تامامەن
مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇ رايونلاردا، يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ۋە تەلتو-
كۈس تەقسىم قىلىش، بەلكى بىر قېتىمدا ياخشى تەقسىم قىلىنمىسا،
ئىككىنچى قېتىم قايتا تەقسىم قىلىشقا تەييارلىنىش، ئۇنى يەنە
1 ـ 2 قېتىم قايتا تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك. بۇنداق رايونلاردا،
ئوتتۇرا دىخانلار ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە قاراپ بېقىش
پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. كەمبەغەل دىخانلار زور كۆپچىلىكنى تەشكىل
قىلىدۇ، جىددى يوسۇندا يەر تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
كەمبەغەل دىخانلار ئومىگى تەشكىل قىلىش، ئۇنىڭ دىخانلار
جەمئىيىتىدىكى ۋە يېزا ھاكىمىيىتىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈش لازىم.

3. بىز كەڭ كولەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتكەندىن كېيىن،
يېڭى ئازات قىلىنغان رايونلار. بۇنداق رايونلاردا، ئاممە تېخى
ھەركەتكە كەلمىدى، گومىنداڭنىڭ ۋە پومىشىكلار، باي دىخانلار-
نىڭ تەسىر كۈچى تېخى زور، بىزنىڭ ھېچقايسى جەھەتتە تېخى
ئاساسىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر قانۇنىنى بىردىنلا ئەمەلگە
قويۇشقا ئورۇنماستىن، ئىككى باسقۇچقا بولۇپ ئەمەلگە قويۇش
كېرەك. بىرىنچى باسقۇچتا، باي دىخانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇپ،
پومىشىكلارغىلا زەربە بېرىش كېرەك. بۇ باسقۇچنى يەنە، تەشۋىق
قىلىش، دەسلەپكى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلەش، چوڭ پومىشىك-
لارنىڭ ئوچۇق ماللىرىنى[3] تەقسىم قىلىش، چوڭ، ئوتتۇرا پومىش-
شىكلارنىڭ يەرلىرىنى تەقسىم قىلىش ۋە كىچىك پومىشىكلارغا
ئېتىۋار بېرىشكە ئوخشاش قەدەملەرگە بولۇپ ئىشلەش، ئاندىن

پومىششىكلار سىنىپىنىڭ يەرلىرىنى تەقسىم قىلىشقا ئۆتۈش كېرەك. بۇ باسقۇچتا، كەمبەغەل دىخانلار ئۇمىگى تەشكىل قىلىپ، ئۇنى رەھبىرى تايانچ قىلىش كېرەك، كەمبەغەل دىخانلارنى ئاساسى گەۋدە قىلغان دىخانلار جەمىيىتىنى تەشكىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، باي دىخانلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرى بىلەن ئوشۇقچە يەرلىرىنى ۋە بىر قىسىم مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، تەقسىم قىلىش كېرەك ھەمدە ئالدىنقى باسقۇچتا پومىششىك-لارنىڭ يەرلىرىنى تەقسىم قىلغاندا تەلتوكۇس بولماي قالغان قىسمىنى تەقسىم قىلىش كېرەك. بىرىنچى باسقۇچقا ئىككى يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچقا بىر يىل ۋاقىت كېتىدۇ. بەك ئالدىراپ كەتكەن بىلەن ياخشى ئىشلەنمەي قالىدۇ. كونا رايونلار ۋە يېرىم كونا رايونلاردىكى يەر ئىسلاھاتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىگىمۇ 3 يىل ۋاقىت (بۇ يىل 1-ئايدىن ھېسابلىغاندا) كېتى-دۇ، بەك ئالدىراپ كەتكەن بىلەن بۇمۇ ياخشى ئىشلەنمەي قالىدۇ.

## ئىزاھلار

① پىڭشەن ناھىيىسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونىغا تەۋە ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان پىڭشەن تەجرىبىسى بۇ ناھىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەركىتىدە پارتىيە سىرتىدىكى ئاممىنى پارتىيە يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن چەتتىن قاتناشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلار-دىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش تەجرىبىسىنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ جۇڭگۇڭ جۇڭيانىڭ 1946-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى چىقارغان

«يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق»نى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ تومدىكى «ئۈچ ئايلىق خۇلاسە»نىڭ ⑤ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ «ئوچۇق مال» ئاشلىق، پۇل، كىيىم - كېچەك، نەرسە - كېرەك-لەرگە ئوخشاش كۆچمە مۈلۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# يەر ئىسلاھاتى تەشۋىقاتىدىكى «سول» چىللىق خاتالىقنى تۈزىتىش توغرىسىدا*

(1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

يېقىنقى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، نۇرغۇن جايلاردىكى تۈگشۈنىشى ۋە گېزىتلەر «سول»چىل خاتا خاھىشى بولغان، ساغلام بولمىغان نۇرغۇن خەۋەر ياكى ماقالىلارنى ئىلغۇۋەتمەي ۋە تەھلىل قىلمايلا تارقاتتى. مەسىلەن:

1. كەمبەغەل دىخان ۋە يالانما دىخانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دىخانلار بىلەن مەھكەم بىرلىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىش لۇشيەنى تەشۋىق قىلىنماستىن، بەلكى كەمبەغەل دىخان، يالانما دىخانلار لۇشيەنى يەككە ھالدا تەشۋىق قىلىندى. پرولېتارىياتنىڭ بارلىق ئەمگەكچى خەلق، ئېزىلگەن مىللى بۇرژۇئازىيە، زىيالىلار ۋە

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى.

باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەر (جۇملىدىن يەر ئىسلاھاتىغا قارشى تۇرمايدىغان كەيمىڭ شېنشىلار) بىلەن بىرلىشىپ، جاھانگىرلىك، فېودالىزىم ۋە گومىنداڭ كاپىتالىزمىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خەلق دېموكراتىك ھوكۇمىتىنى قۇرۇشى تەشۋىق قىلىنماستىن، بەلكى، كەمبەغەل دېخان ۋە ياللانما دېخانلار يۇرت ئېلىپ، يۇرت سورىسۇن، دېيىشلەر ياكى، دېموكراتىك ھوكۇمەت پەقەت دېخانلارنىڭلا ھوكۇمىتى، ياكى، دېموكراتىك ھوكۇمەت پەقەت ئىشچىلار ۋە كەمبەغەل دېخان، ياللانما دېخانلارنىڭلا پىكرىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك، دېيىشلەر يەككە ھالدا تەشۋىق قىلىندى، ئوتتۇرا دېخانلار، مۇستەقىل ئەمگەكچىلەر، مىللى بۇرژۇئازىيە ۋە زىيالىلار بولسا زادى تىلغا ئېلىنمىدى. بۇ — ئېغىر، پىرىنسىپلىق خاتالىق. ھالبۇكى، بىزنىڭ تۇگشۇنشىلىرىمىز، گېزىتلىرىمىز ياكى رادىيو ئىستانسىلىرىمىز بۇنداق خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. جايلاردىكى داگۇۋېيلارنىڭ تەشۋىقات بۇلىرى بۇنداق خاتالىقلارنى زادى ئىنكاس قىلمىدى. بۇنداق تەشۋىقاتلار ئوتكەن بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، گەرچە ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى كوپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن شۇنداق بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولدىكى، كىشىلەر بۇنى، توغرا رەھبەرلىك ئىدىيىسى ئوخشايدۇ، دەپ قالدى. ھەتتا شىمالىي شەنشى رادىيو ئىستانسىسى بەزىبىر ناتوغرا خەۋەرلەرنى تارقاتقانلىقتىن، كىشىلەر بۇنى جۇڭگياڭ ماقۇل كورگەن پىكىر، دەپ قالدى.

2. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىدە، تەركىبكە سىدىل قاراشقىمۇ قارشى تۇرۇش، نوقۇل تەركىبچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات بەزى جايلاردا ئانچە كۈچلۈك بولمىدى،

ھەتتا خاتا ھالدا نوقۇل تەركىپچىلىك تەشۋىق قىلىندى.

3. يەر ئىسلاھاتى مەسىلىسىدە، ئىلگىرىلىمەي قاراپ تۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرۇش، ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگىمۇ قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات بەزى جايلاردا چىڭ تۇتۇلدى؛ لېكىن نۇرغۇن جايلاردا ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلى ئۆستۈرۈپ قويۇلدى، ھەتتا ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىنى ماختايدىغان نەرسىلەر ئېلان قىلىندى. رەھبەرلەر بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، بۇيرۇقچىلىقىمۇ قارشى تۇرۇش، قۇيرۇقچىلىقىمۇ قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتقا بەزى جايلاردا ئەھمىيەت بېرىلدى؛ لېكىن نۇرغۇن جايلاردا خاتا ھالدا «ئاممە قانداق قىلىمىز دېسە، شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەن نەرسىلەر تەكىتلىنىپ، ئاممە ئارىسىدىكى خاتا پىكىرلەرگە يول قويۇلدى. ھەتتا ئاممىنىڭ ئەمەس، پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ خاتا پىكىرلىرىمۇ پىپەنسىز قوبۇل قىلىندى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى ئىنكار قىلىنىپ، قۇيرۇقچىلىق ئۆستۈرۈپ قويۇلدى.

4. سودا-سانائەت فاڭجېنى ۋە ئىشچىلار ھەركىتى فاڭجېنى جەھەتتە، بەزى ئازات رايونلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېغىر «سول»چىل خاھىشلار يا ماختالدى، يا كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كۆرۈۋېلىنمىدى.

قىسقىسى، ئۆتكەن بىرنەچچە ئايلىق تەشۋىقات خىزمىتى ئۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈردى ۋە ئۇلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە ياردەم بەردى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىدە ئاساسىي تەركىپ بولدى، بۇنى ئالدى بىلەن ئېتىراپ

قىلىش كېرەك. لېكىن بەزى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنىمۇ كورۇش كېرەك. بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى تولىمۇ سولچىللىقتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ماركسىزىم-لېنىنىزىم پىرىنسىپى مەيدانىغا پۈتۈنلەي خىلاپ ھەمدە جۇڭگىياڭنىڭ لۇشيەنىدىن پۈتۈنلەي چەتلەپ كەتتى. جۇڭگىياڭجۇيلەر، جۇڭگىياڭ فېنجۇيلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈملىرىدىن، شىنخۇازۇگشې ۋە جايلاردىكى زۇڭفېنشېلاردىن شۇنىڭدەك جايلاردىكى گېزىتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلاردىن ماركسىزىم-لېنىنىزىم پىرىنسىپلىرىغا ۋە جۇڭگىياڭنىڭ لۇشيەنىگە ئاساسەن، ئوتكەن بىرنەچچە ئايلىق تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇتۇقلارنى جارى قىلىشنى، خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئورۇش، يەر ئىسلاھاتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئۇلۇق كورەشلەرنىڭ، جاھانگىرلىككە، فېودالىزىمغا قارشى بۇ بىر پۈتۈن ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى تەمىن ئېتىشنى ئۈمىت قىلىمىز. بۇ تەكشۈرۈشتە، جايلاردىكى داگۇڭبېلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈملىرىغا ۋە شىنخۇازۇگشېغا ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئوز ئۈستىگە ئېلىشنى ھەمدە بۇ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە ئوز نامىدىن سىياسەت خاراكتېرلىق دوكلات يېزىپ، جۇڭگىياڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە يوللاشنى تاپشۇرىمىز.

# يېڭى ئازات رايونلاردىكى يەر ئىسلا-هاتىنىڭ موهىم نۇقتىلىرى*

**(1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)**

1. ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق كېرەك، يەر ئىسلاهاتى خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى شارائىتقا، ئاممىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسىگە ۋە رەهبىرىي كادىرلارنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. يەر ئىسلاهاتىنى بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا ئورۇنلاپ بولۇشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك، پۈتۈن رايوننىڭ يەر ئىسلاهاتىنى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە ئورۇنلاپ بولۇشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. بۇ كونا رايونلاردىمۇ، يېرىم كونا رايونلاردىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

2. يېڭى رايونلاردا يەر ئىسلاهاتىنى 2 باسقۇچقا بولۇش كېرەك. بىرىنچى باسقۇچتا، پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش، باي دېهقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش كېرەك. بۇ باسقۇچنى يەنە بىرنەچچە قەدەمگە بولۇش كېرەك: ئالدى بىلەن چوڭ پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش،

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى.

ئاندىن كېيىن باشقا يومشىشكىلارغا زەربە بېرىش لازىم. زومىگەرلەر بىلەن زومىگەر ئەمەسلەرگە، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك يومشىشكىلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پەرقلىق بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى باسقۇچتا يەرلەرنى جۇملىدىن باي دېھقانلارنىڭ ئىجارىگە بەرگەن ۋە ئوشۇقچە يەرلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىش كېرەك. لېكىن مۇئامىلە جەھەتتە باي دېھقانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە يومشىشكىلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك. زەربە بېرىشنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى، ئومۇمەن، ئائىلە سانىنىڭ 8 پىرسەنتىدىن، ئاھالىنىڭ 10 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئىشى ۋە زەربە بېرىشنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى يېڭى كونا رايونلاردىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. كونا رايونلاردا، ئومۇمەن، تەكشۈرۈپ تولۇقلاش① خىزمىتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنداق مەسىلە يۈز بەرمەيدۇ.

3. ئاۋال كەمبەغەل دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىش، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىل قىلىش كېرەك. يومشىشنى، باي دېھقان ئۇنسۇرلىرىنىڭ دېھقانلار جەمئىيىتىگە ۋە كەمبەغەل دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. كەمبەغەل دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاكتىپلىرىنى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي تايانچى قىلىش كېرەك، لېكىن بىر قىسىم ئوتتۇرا دېھقان ئاكتىپلىرىنى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋېيۈەنخۇيىغا قاتناشتۇرۇش لازىم. يەر ئىسلاھاتى كۈرىشىگە ئوتتۇرا دېھقانلارنى قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىۋار بېرىش لازىم.

4. ئومۇمىيۈزلۈك تۈزۈتۈش قىلىپ كەتمەي، كۈچلۈك كادىرلارنى تاللاپ، ئاۋال بىرقانچە جايدا ئىشلەپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىپ،

پەيدىن - پەي ئومۇملاشتۇرۇپ، دولقۇن شەكلىدە ئالغا راۋاجلان-دۇرۇش كېرەك. پۈتۈن جەنلۇبلىك رايوندا شۇنداق قىلىش، بىر ناھىيىدىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇ كونا رايونلاردىمۇ، يېرىم كونا رايونلاردىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم.

5. مۇستەھكەملەنگەن رايونلار بىلەن پارتىزان رايونلىرىنى پەرق ئېتىش كېرەك. مۇستەھكەملەنگەن رايونلاردا يەر ئىسلاھاتىنى پەيدىن - پەي ئېلىپ بېرىش لازىم. پارتىزان رايونلىرىدا پەقەت تەشۋىقات خىزمىتىنى ۋە يوشۇرۇن تەشكىلىي خىزمەتلەرنىلا ئېلىپ بېرىش ھەم بەزىبىر ئوچۇق ماللارنى بولۇپ بېرىش كېرەك. دۈش-مەننىڭ ئاممىگە ئېغىر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئاشكارا قۇرماسلىق، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماسلىق لازىم.

6. پومېششىكلارنىڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق تەشكىلاتلىرىنى ۋە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلارنى يوقىتىش شەرت، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.

7. ئەكسىيەتچىلەرنى بېسىقتۇرۇش شەرت، لېكىن قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم، ئۆلتۈرۈش قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى. ئۆلۈم جازاسى ئەنزىلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن تەشكىل قىلىنغان ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلى-شىدىن ئۆتكۈزۈش لازىم. سىياسى جەھەتتە گۇمانلىق ئۇنسۇرلارغا دائىر ئەنزىلەرنى سوراق قىلىپ بىرياقىلىق قىلىش ھوقۇقى چۇيداگ-ۋېي دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن تەشكىل قىلىنغان ۋېيىۋەنخۇيلاردا بولىدۇ. بۇ كونا رايونلارغىمۇ، يېرىم كونا رايونلارغىمۇ مۇۋاپىق.

8. پومېششىك، باي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەمما

يەر ئىسلاھاتىنى ياقلايدىغان يەرلىك ئىنقىلاۋىي زىيالىلار ۋە يېرىم زىيالىلاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى كېنجۇيدى قۇرۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش كېرەك. لېكىن ئۇلارغا تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ هوقۇقىنى قولغا ئېلىۋېلىپ، يەر ئىسلاھاتىغا توسقۇنلۇق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۇلارنى، ئومۇمەن، ئۆز رايونى، ئۆز يېزىسىدا ئىشلەتمىگەن ياخشى. دېخانلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان زىيالىلار ۋە يېرىم زىيالىلارنى ئىشقا قويۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

9. سودا ـ سانائەتنى قوغداشقا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. ئىقتىسات ۋە مالىيىنى ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇش نۇقتىسىنەزىرىدە تۈرۈپ پىلانلاش كېرەك. قوشۇنلار ۋە رايونلۇق، يېزىلىق هۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئىزاھ

① مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋا-لايلى»نىڭ ⑪ ئىزاھىغا قارالسۇن.

# سودا ـ سانائەت سیاستی توغرسدا*

**(1948 ـ یل 2 ـ ئاینڭ 27 ـ كۈنی)**

1. بەزی جایلاردیكی پارتیە تەشكىلاتلری داگجۇگیاگنىڭ سودا ـ سانائەت سیاستگە خلاپلق قىلىپ، سودا ـ سانائەتنی ئېغر دەرىجىدە بۇزۇش هادىسىلرىنی كەلتۈرۈپ چقاردی. بۇنداق خاتالقلارنی تېز تۈزىتىش لازم. بۇ جایلاردیكی داگۇېیلار بۇنداق خاتالقلارنی تۈزىتىش ۋاقتىدا رەهبەرلىك فاگجېنی ۋە رەهبەرلىك ئۇسۇلی جەهەتلىرىدىن ئەستایدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرشی لازم.

2. رەهبەرلىك فاگجېنی جەهەتتە. یېزىلاردا پومشچىك، بای دېخانلارنی كۈرەش قىلىش ۋە فېودال كۈچلەرنی یوقىتىشتا قوللىنىلىدىغان چارىلەرنی خاتا هالدا شەهەرلەردە قوللىنىشتىن ئالدىنئالا ساقلىنىش كېرەك، پومشچىك، بای دېخانلارنىڭ فېودالىق ئېكسپلاتاتسىیسىنی یوقىتىش بىلەن پومشچىك، بای دېخانلار ئېگىلىگىدىكی سودا ـ سانائەتنی قوغداشنی بىر ـ بىرىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش

* بۇ ــ یولداش ماۋزېدۇڭ تەییارلىغان جۇڭگوڭ جۇڭیاگنىڭ پارتیە ئىچىگە قاراتقان یولیورۇقی.

لازىم، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسىلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئەمگەككىمۇ، كاپىتالغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت توغرا فاڭجېن بىلەن ئىشچىلار پاراۋانلىقىنى ھىمايە قىلىش دەپ ئاتالغان بىر تەرەپلىمە، تار، ئەمەلىيەتتە سودا-سانائەتنى بۇزىدىغان، خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان قۇتقۇزۇش فاڭجېننى بىر-بىرىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى يولداشلارغا ۋە ئىشچىلار ئاممىسىغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارغا كۆز ئالدىدىكى بىر تەرەپلىمە پاراۋانلىقنىلا كۆرۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار ۋە كاپىتالىستلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش گۇەنلىۋېييۈەنخۇيىنى بىرلىكتە تەشكىل قىلىپ، بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن تەننەرقىنى چۈشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ۋە سېتىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسىلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش، ئەمگەككىمۇ، كاپىتالغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك. كۆپىلگەن جايلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان فاڭجېننى تامامەن ياكى ئاساسەن ياكى قىسمەن ئىگەللىمىگەنلىكتىن بولدى. جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەر بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا ئېنىق قويۇپ، تەھلىل قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، توغرا فاڭجېنلارنى بەلگىلەپ چىقىشى ھەمدە بۇ توغرىلىق پارتىيە ئىچكى يوليورۇقى، ھۆكۈمەت ئەمر-پەرمانى ئېلان قىلىشى كېرەك.

3. رەھبەرلىك ئۇسۇلى جەھەتتە. فاڭجېن بەلگىلەنگەن، يوليورۇق چىقىرىلغاندىن كېيىن، جۇڭياڭجۈي ۋە فېنجۈيلەر دىيەنباۋ، دىيەنخۇا

ۋە خەت ـ ئالاقە ئارقىلىق خەۋەرلىشىش، ئاغزاكى سوزلىشىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، چۈيداگۈيى، دىۋىيلار بىلەن ياكى ئۆزلىرى ئەۋەتكەن خىزمەت ئومەكلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى شۇنىڭدەك گېزىتلەردىن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي ۋە رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ناھايىتى موھىم قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشى كېرەك. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خىزمەتنىڭ كېتىپ بېرىشىنى ئىگەللەپ تۇرۇشى، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ تۇرۇشى لازىم، بىرنەچچە ئاي، يېرىم ـ يىل ھەتتا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خۇلاسە يىغىنى ئاچىمەن، ئومۇميۈزلۈك ھېساپ ـ كىتاپ قىلىمەن، يىغىپ بىراقلا تۈزىتىمەن، دەپ كۈتۈپ تۇرماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلغاندا، زىيان بەك كوپ بولىدۇ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرغاندا بولسا، زىيان ئازراق بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، جۇڭياڭجۈيلەر تۇۋەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تىرىشىپ قويۇق قىلىشى، قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار بىلەن قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ چېگرىسىنى ئوچۇق ئاجرىتىۋېلىشقا دائىم دىققەت قىلىشى، تۇۋەننى دائىم ئەسلىتىپ، خاتالىقلارنى ئازايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. بۇلار — رەھبەرلىك ئۇسۇلى مەسىلىسى.

4. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بىلىشى لازىمكى، ھازىر دۈشمەن پۈتۈنلەي يىتىم قالدى. لېكىن، دۈشمەنىنىڭ يىتىم قالغانلىقى بىزنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىمىز بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. ئەگەر بىز سىياسەتتە خاتالاشساق، بەربىر، غەلىبە قازىنالمايمىز. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، يەر ئىسلاھاتى، سودا ـ سانائەت ۋە ئەكسىلئىنقىلاپنى بېسىقتۇرۇشتىن ئىبارەت 5 سىياسەت مەسىلىسىنىڭ قايسىبىرىدە پرىنسىپلىق خاتالىق ئوتكۈزۈپ

قوياق ۋە ئۇنى تۈزەتمىسەك، مەغلۇپ بولىمىز. سىياسەت ـــ ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئۇ، ھەرىكەتنىڭ جەريانىدا ۋە نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىرەر ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتى سىياسەتنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. ئۇ توغرا سىياسەتنى يۈرگۈزمەيدىكەن، خاتا سىياسەتنى يۈرگۈزىدۇ؛ مەلۇم سىياسەتنى ئاڭلىق يۈرگۈزمەيدىكەن، قارىغۇلارچە يۈرگۈزىدۇ. تەجرىبە دېگىنىمىز ـــ سىياسەتنى يۈرگۈزۈشنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسى. پەقەت خەلقنىڭ ئەمەلىيىتى يەنى تەجرىبىسىدىلا سىياسەتنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئىسپاتلىغىلى، توغرىلىق ۋە خاتالىق دەرىجىسىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ، خۇسۇسەن ئىنقىلاۋىي پارتىيە ۋە ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق سىياسەت بىلەن باغلانمايدىغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھۋالغا مۇۋاپىق بەلگىلىگەن سىياسىتىمىزنى پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئاممىغا ھەر بىر ھەرىكەتتىن ئىلگىرى چۈشەندۈرۈش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممە سىياسىتىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىپ، خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ قويىدۇ.

# مللى بۇرژۇئازيه ۋه كەيمڭ شينشلار مەسلسى توغرسدا*

**(1948 ـ يل 3 ـ ئاينڭ 1 ـ كۇنى)**

جۇڭگونڭ هازرقى باسقۇچتكى ئنقلاۋى، خاراكتر جەهەتتن ئېيتقاندا، پرولېتاريات رەهبەرلك قلدىغان، خەلق ئاممسگە مەنسۇپ بولغان، جاهانگرلككە، فېودالزمغا ۋە گۈەنلياۋ كاپىتالزمغا قارشى تۇردىغان ئنقلاپ. خەلق ئاممسى دىگنمز جاهانگرلك، فېودالزم ۋە گۈەنلياۋ كاپىتالزمنڭ زۇلمغا، زيان-زەخمتگە ياكى چەكلشگە ئۇچرىغان بارلق كشلەرنى يەنى 1947 ـ يل 10 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈننڭ ختاپنامسدە ئوچۇق كورستلگەن ئشچلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زيالىلار، سودا-سانائەتچلەر ۋە باشقا بارلق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى كورستدۇ[1]. ختاپنامدە ئېيتلغان «زيالىلار» زيانكەشلككە، چەكلەشكە ئۇچرىغان بارلق زيالىلارنى كورستدۇ. ئۇنڭدا

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ پارتيه ئچگە قاراتقان يوليورۇغى.

ئېيتىلغان «سودا ـ سانائەتچىلەر» زىيانكەشلىككە، چەكلەشكە ئۇچرىغان بارلىق مىللى بۇرژۇئازىينى يەنى ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىينى كورسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلغان «باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەر» بولسا، ئاساسەن، كەيمىڭ شېنشىلارنى كورسىتىدۇ. هازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ـــ ئەشۇ كىشىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، جاهانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا ۋە گوۋەنلياۋ كاپىتالىزىمغا قارشى بىرلىكسەپ بولۇپ ئۇيۇشقان، ئەمما ئەمگەكچى خەلقنى ئاساسي گەۋدە قىلغان ئىنقىلاپ. ئەمگەكچى خەلق دېگىنىمىز بارلىق جىسمانى ئەمگەكچىلەر (مەسىلەن، ئىشچىلار، دېخانلار، قول سانائەتچىلەر) ۋە جىسمانى ئەمگەكچىلەرگە يېقىن تۇرىدىغان، باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمايدىغان بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنى كورسىتىدۇ. جۇڭگونىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاۋىنىڭ مەقسىدى كاپىتالىزىمنى ئومۇمەن يوقىتىش ئەمەس، جاهانگىرلىك، فېئودالىزىم ۋە گوۋەنلياۋ كاپىتالىزىمنىڭ هوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەمگەكچىلەرنى ئاساسي گەۋدە قىلغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان يېڭى دېموكراتىك جۇمهۇرىيەت قۇرۇش.

بىز، ئوتكەندە بىز بىلەن هەمكارلاشقان، هازىرمۇ يەنە بىز بىلەن هەمكارلىشىۋاتقان ۋە ئامېرىكا جاهانگىرلىكىگە، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇشنى هەم يەر ئىسلاهاتىنى ياقلايدىغان كەيمىڭ شېنشىلارنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. مەسىلەن، سەنشى ـ سۇيۈەن چېگرا رايوندىكى ليۇ شاۋبەي، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايوندىكى لى دىڭمىڭ② قاتارلىقلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن كېيىنكى ئېغىر كۇنلەردە بىزگە خېلى ياردەم بەردى، بىز يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ

بارغان ۋاقىتلاردا، يەر ئىسلاھاتىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلمىدى ۋە قارشى چىقمىدى، شۇڭا ئۇلارغا قارىتا ھېلىمۇ ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. لېكىن ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۇلارنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ دەپ قارىغانلىق ئەمەس. ئىنقىلابىنىڭ خاراكتىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ — ئاساسىي دۈشمەن ۋە ئاساسىي ئىنقىلابچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئاساسىي دۈشمىنىمىز — جاھانگىرلىك، فېودالىزم ۋە گۇەنلىياۋ كاپىتالىزم، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىدىغان ئاساسىي كۈچىمىز — پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان، جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق خەلق. مانا بۇلار بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلاۋىمىزنىڭ، خاراكتىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭى دېموكراتىيىلىك خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاب بولىدىغانلىقىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغا ئوخشاش سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىچىدە جاھانگىرلىككە، فېودالىزمغا ۋە گۇەنلىياۋ كاپىتالىزمغا بېقىنىپ، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرىدىغان ئاز سانلىق ئوڭقانات ئۇنسۇرلارمۇ ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرى؛ مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىچىدە ئەمگەكچى خەلققە بېقىنىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرىدىغان سولقانات ئۇنسۇرلار ۋە فېودال سىنىپتىن بولۇنۇپ چىققان ئاز سانلىق كەيمىڭ شىنشىلارمۇ ئىنقىلابچىلار. لېكىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى دۈشمەنلەرنىڭ ياكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئەمەس، ھەر ئىككىسى ئىنقىلابنىڭ خاراكتىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ ئەمەس. مىللىي بۇرژۇئازىيە —

سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز ۋە ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان بىر سىنىپ. لېكىن ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى جاھانگىرلىك، فېودالىزم ۋە گۇەنلىياۋ كاپىتالىزمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ھەم چەكلىشىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىشمۇ ياكى ئىنقىلابقا قارىتا بىتەرەپ تۇرۇۋۇشمۇ مۇمكىن. ئۇلار — خەلق ئاممىسىنىڭ بىر قىسمى، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئەمەس، ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچمۇ ئەمەس. ئەمما ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە موھىم بولغانلىقتىن، شۇنىڭدەك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جېيشىغا قارشى كۆرەشكە قاتنىشىشى مۇمكىن بولغانلىقتىن، ياكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جېيشىغا قارشى كۆرەشتە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقتىن، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىزغا ئىمكانىيەت ۋە زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى دۇنياغا كەلگىچە، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى گومىنداڭ مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ (تەلتۆكۈس بولمىغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ) رەھبىرى بولغان ئىدى. لېكىن، جۇڭگو گوڭچەنداڭى دۇنياغا كەلگەن ھەم ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ (يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ) رەھبىرى بولالماي قالدى. بۇ سىنىپ 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە بولغان ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە قاتناشقان ئىدى، 1927 ـ يىلدىن 1931 ـ يىلغىچە (18 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىگىچە) بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرمۇنچە ئۇنسۇرلار جياڭ جېيشىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە قوشۇلۇپ كەتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن، ئەشۇ مەزگىلدە، بىز ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرمەسلىكىمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇھاپىزەت

قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى، دەپ قاراشقا، بىزنىڭ ئەشۇ مەزگىلدە مىللىي بۇرژۇئازىيىگە قاراتقان تولىمۇ سولچىل سىياسىتىمىزنى، تەۋەككۈلچىلىك سىياسىتى ئەمەس ئىدى، دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، كۈچنى توپلاپ ئاساسىي دۈشمەنگە قارشى تۇرالايدىغان بولۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى سىياسىتىمىز، ئاۋۋالقىدەكلا، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە مىللىي بۇرژۇئازىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرغان ھالدا قاتناشتى. ھازىرقى باسقۇچتا، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جيېشىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئاشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سولقانات ئۇنسۇرلار گۇڭچەنداڭغا، ئوڭقانات ئۇنسۇرلار گومىنداڭغا يېقىندى، ئارىدا قالغانلار بولسا گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدا بولۇش ۋە قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. بۇ ئەھۋال بىزنى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازچىلىقىنى يېتىم قالدۇرۇش زۆرۈر ۋە مۇمكىن، دېگەن يەرگە كەلتۈردى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇ سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى ئېھتىياتلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلىشىمىز، پرىنسىپ جەھەتتە، ھەممىسىنى بىردەك مۇھاپىزەت قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمىساق، سىياسىي جەھەتتە خاتالىشىمىز.

كەيمىڭ شېنشىلار — پومېشچىك ۋە باي دىخانلار سىنىپى ئىچىدە دېموكراتىك تۈس ئالغان ئايرىم زاتلار. بۇ زاتلارنىڭ گۇەنلياۋ كاپىتالىزم ۋە جاھانگىرلىك بىلەن زىددىيىتى بار، فېئودال پومېشچىك، باي دىخانلار بىلەنمۇ مەلۇم زىددىيىتى بار. بىزنىڭ ئۇلار

بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قانداقتۇ زور كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قانداقتۇ موھىم بولغانلىقىدىنمۇ ئەمەس (ئۇلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم بويىچە ئىگىلەپ تۇرغان يەرلىرىنى، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ تەقسىم قىلىۋېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك)، بەلكى ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جيېشىغا قارشى كۈرەش دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتىن بىزگە خېلى ياردەم بەرگەنلىكىدىن. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، ئەگەر ئاز سانلىق كەيمىڭ شېنشىلار بىزنىڭ يەر ئىسلاھاتىمىزنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، بۇمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە پايدىلىق. بولۇپمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە (جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ كوپ قىسمى يومىشىك، باي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان)، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىنى قولغا كەلتۈرۈشكە (جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كوپ قىسمى يەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك)، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەيمىڭ شېنشىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە (ئۇلار تەخمىنەن نەچچە يۈز مىڭ) ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي دۈشمىنى بولغان جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىنى يىتىم قالدۇرۇشقا پايدىلىق. كەيمىڭ شېنشىلارنىڭ ئەنە شۇنداق رولى بولغاچقا، ئۇلارمۇ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە گومىنداڭ كاپىتالىزمىغا قارشى ئىنقىلابىي بىرلىكسەپنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. بىزنىڭ كەيمىڭ شېنشىلارغا قويغان تەلىۋىمىز، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ياقلاش، دېموكراتىيىنى

ياقىلاش (گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرماسلىق)، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى ياقلاشتىن ئىبارەت بولغان ئىدى؛ هازىرقى باسقۇچتا بولسا ئامېرىكا جاھانگىرلىگە، جياڭ جىېشىغا قارشى تۇرۇشنى ياقلاش، دېموكراتىيىنى ياقلاش (گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرماسلىق)، يەر ئىسلاھاتىنى ياقلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار بىلەن مۇستەھكەم ھالدا ئىتتىپاقلىشىشىمىز ھەمدە ئىتتىپاقلىشىش داۋامىدا ئۇلارغا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو خەلق جىېفاڭجۈنىنىڭ خىتابنامىسى»دە كۆرسىتىلگەن 8 سىياسەتنىڭ بىرىنچىسىگە قارالسۇن.

② لىيۇ شاۋبەي سەنشى-سۈيىيۈەن چېگرا رايونىدىكى كەيمەك شېنشى بولۇپ، سەنشى-سۈيىيۈەن چېگرا رايونى ۋاقىتلىق سەنىيىخۈيىنىڭ مۇيىجاڭلىقىغا سايلانغان. لى دىڭمىڭ شىمالىي شەنشىدىكى كەيمەك شېنشى بولۇپ، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونى ھوكۇمىتىنىڭ مۇجۇشىلىقىغا سايلانغان.

# شىبېيدا ئېرىشىلگەن زور غەلىبىگە باھا ۋە جىيفاڭجۈنىڭ ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى توغرىسىدا*

(1948 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

خەلق جىيفاڭجۈنى زۇڭبۇسىنىڭ باياناتچىسى شىبېي خەلق جىيفاڭـ جۈنىنىڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق زور غەلىبىسىگە باھا بېرىپ مۇنداق دىدى: بۇ قېتىمقى غەلىبە شىبېي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى، بەلكى جۇڭگوۋەن ۋەزىيىتىگە تەسىر قىلىغۇسى. بۇ قېتىمقى غەلىبە شۇنى

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو خەلق جىيفاڭجۈنى زۇڭبۇسىنىڭ باياناتچىسى ئۈچۈن تەييارلىغان بىگىلۇن. ئۇ چاغدا، شىبېي جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى تار ـ مار قىلىنغان، بىزنىڭ ئارمىيىمىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. بۇ بىگىلۇندا، شىبېي جەڭ مەيدا ـ نىنىڭ ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا جەڭ مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. بۇ بىگىلۇنـ

ئىسپاتلىدىكى، خەلق جىېفاڭجۈنىنىڭ دەرت تۈكۈش ۋە 3 نى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشى، ئوزىنى يەر يۈزىدە تەڭداشسىز كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ.

باياناتچى مۇنداق دىدى: شىبېي خەلق جىېفاڭجۈنى بۇ قېتىم بېچۈەندە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 1 لۈيىنى ئۇشتۇمتۇت قورشىۋالغان ئىدى، خۇ زۇڭنەن ئوزىنىڭ 29-جۈنىنىڭ جۈنجاڭى ليۇ كەنگە ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 2 شىنىڭ 4 لۈيىدىكى يەنى ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 27-شىنىڭ 31 ۋە 47-لۈيىلىرىدىكى، ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 90-شىنىڭ 53 ۋە 61-لۈيلىرىدىكى جەمى 24 مىڭدىن ئوشۇقراق ئادىمىنى باشلاپ، تىېزدىن لوچۈەن، يىجۈن سىېيدىن يىچۈەنگە ياردەمگە بېرىشنى بۇيرۇدى، ئۇلار 2-ئاينىڭ 28-كۈنى يىچۈەنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا يېتىپ باردى. شىبېي خەلق جىېفاڭجۈنى يوقىتىش ئۇرۇشى قوزغاپ، 2-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە 30 سائەت جەڭ قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەشۇ ئەسكەرلىرىنى، بىرىنىمۇ توردىن چىقىشۇرۇپ قويماي، تامامەن يوقاتتى. بۇ جەڭدە، دۈشمەنىنىڭ 18 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى ئەسىر ئېلىندى، 5 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى ئولتۇرۇلدى ۋە ياردار قىلىندى، ليۇ كەنىنىڭ ئوزىمۇ ۋە 90-شىنىڭ

---

نىڭ تېخىمۇ موھىم تەربىيە شۇكى، ئۇنىڭدا «دەرت تۈكۈش» ۋە «3 نى تەكشۈرۈش» ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى خەلق جىېفاڭجۈنىنىڭ سىياسى خىزمىتى ۋە دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ موھىم بىر تەرەققىياتى. شۇنداقلا شۇ چاغدا پۈتۈن ئازات رايونلاردا

شجاڭى يەن مىڭ قاتارلىق كىشلەرمۇ ئوق تېگىپ ئولدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۇنى يىچۇەن شەھرى ئېلىندى، يەنە دۇشمەننىڭ شۇ شەھەرنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 76 ـ شىنىڭ 24 ـ لۇيىدىن 5 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم يوقىتىلدى. بۇ جەنۇبىدە دۇشمەننىڭ 1 جۇنبۇسى، 2 شىبۇسى، 5 لۇيى، جەمى 30 مىڭ ئادىمى يوقىتىلدى. بۇ ــ شىبېي جەڭ مەيدانى بويىچە بىرىنچى چوڭ غەلىبىلىك جەڭ.

باياناتچى شىبېي جەڭ مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دىدى: خۇ زۇڭنەن بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان «مەركەز ئارمىيىسى» دەپ ئاتالغان قوشۇننىڭ 28 لۇيىدىن 8 ى 3 ئاساسى شىغا يەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 1 ـ شى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 36 ـ شى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 90 ـ شىغا قارايتتى،

---

ئېلىپ بېرىلغان داغدۇغىلىق يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىنىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى ئىدى. بۇ ھەركەت پۈتۈن ئارمىيىدىكى جەڭچىلەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سىياسى ئېڭىنى، ئىنتىزامچانلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئەسىر ئېلىنغان نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى ئۆزگەرتىپ، جىيفاڭجۈن جەڭچىلىرىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنىمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك سۈرئەتتە تېزلەتتى، خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، كېڭىيىشى ۋە جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشىدا زور رول ئوينىدى. بۇ ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «ئارمىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك ھەركەت»، «سەنشى ـ سۈيىيۈەن كادىرلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ۋە «جۇڭگو جۇڭياڭنىڭ سىنتەيبۇ يىغىنى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» قاتارلىق ئەسەرلەرگىمۇ قارالسۇن.

بۆلاردىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 1 ـ شىنىڭ 1 ـ لۇيى ئۆزاقى يىل 9 ـ ئايدا جەنۇبىي سەنشىدىكى فۇشەندە، 167 ـ لۇيىنىڭ ئاساسىي كۈچى بۆلتۇر 5 ـ ئايدا شىمالىي شەنشىدىكى پەنلۇڭجېندا، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 36 ـ شىنىڭ 123 ۋە 165 ـ لۇيلىرى بۆلتۇر 8 ـ ئايدا شىمالىي شەنشىنىڭ مىجىڭ ناھىيىسىدىكى شاجيادىيەندە بىز تەرەپتىن بىر قېتىمدىن يوقىتىلغان ئىدى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 90 ـ شى بۇ قېتىم پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، خۇ زۇڭنەن قوشۇنلىرىنىڭ قالغان ئاساسىي كۈچىدىن پەقەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 1 ـ شىنىڭ 78 ـ لۇيى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 36 ـ شىنىڭ 28 ـ لۇيلا تېخى يوقىتىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن خۇ زۇڭنەن قوشۇنىدا ھېچقانداق خىللانغان تايانچ كۈچ قالمىدى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قېتىم يېڭىۋەندە ئېلىپ بېرىلغان يوقىتىش ئۇرۇشىدىن كېيىن، خۇ زۇڭنەن بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان 28 لۇي مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچتىن ئەمدى 23 لۇيلا قالدى، بۇ 23 لۇي توۋەندىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: جەنۇبىي سەنشىدىكى لىنفېندە 1 لۇي بولۇپ، ئۇ ماگالماي ئولتۇرۇپ قالغان دامكا ئۇرۇغى بولۇپ قالدى؛ شەنشى ـ خېنەن چېگرىسىدا ۋە لوياڭ، تۇڭگۇەن قاتناش يولىرىدا 9 لۇي بولۇپ، بىزنىڭ چېن گېڭ، شيې فۇجىڭ قوماندانلىقىدىكى يېڭىچە نىزگە تاقابىل تۇرماقتا؛ جەنۇبىي شەنشىدە 1 لۇي بولۇپ، خەنجۇڭ ئەتراپىدا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، تۇڭگۇەندىن باۋجىغىچە، شيەنياڭدىن يەنئەنگىچە بولغان «T» شەكىللىك قاتناش يولىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 12 لۇي بار. بۇنىڭ 3 ى «كېيىن يوتكەلگەن لۇي» بولۇپ، تامامەن يېڭى ئەسكەرلەردىن تەركىپ تاپقان؛ 2 سى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تامامەن

يوقىتىلىپ، يېقىندا يېڭىدىن تولۇقلانغان؛ 2 سى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن ئەجەللىك زەربە يېگەن؛ قالغان 5 ى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن ئازراق زەربە يېگەن. بۇنىڭدىن شۇنى بايقاش مۇمكىنكى، بۇ قوشۇنلار ناھايىتى ئاجىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى بولۇنۇپ ئۆتىمەكتە. خۇ زۇڭنەن قوشۇنىدىن باشقا، دېڭ باۋشەننىڭ 2 لۇيى يۈيلىننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرماقتا؛ نىڭشيادىكى ما خۇڭكۈي ۋە چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ-لارنىڭ 9 لۇيى دىڭبيەن، ئەنبيەن، جىڭبيەنلەرگە ۋە شەرقىي گەنسۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇ زۇڭنەن، دېڭ باۋشەن، ما خۇڭكۈي ۋە ما بۇفاڭلارنىڭ پۈتۈن مۇنتىزىم قوشۇنلىرى، بۇرۇن بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە يوقىتىلىپ كېيىن قايتا تولۇق-لانغان قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ھازىر جەمى 34 لۇيگە يېتىدۇ.

يۇقىرىدا شىبېيدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە سۆزلەندى. ئەمدى «T» شەكىللىك قاتناش يوللىرىدا ئارمىيىمىزنىڭ زەربىسىگە ئازراق ئۇچرىغان 5 لۇيگە كەلسەك، بۇلارنىڭ 2 سى يەنئەننى مۇداپىئە قىلىش بىلەن بەنت بولۇپ قالدى، قالغان 3 ى كەڭ گۇەنجۇڭ رايونىدا؛ ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يېڭىدىن تولۇقلانغان قىسىملار، ئازچىلىقى بولسا ئەجەللىك زەربە يېگەن قىسىملار. دېمەك، پۈتۈن گۇەنجۇڭ رايونىدا بولۇپمۇ گەنسۇ تەرەپتە دۈشمەن ئارمىيىسى ناھايىتى ئاجىز، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسالمايدۇ. بۇ ۋەزىيەت جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي سەپ-تىكى بىر قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى، ھەممىدىن ئاۋال ئۇنىڭ خېنەن - شەنشى چېگرىسىدا بىزنىڭ چېن گېڭ، شيې فۇجى قوماندان-لىقىدىكى يېجەنجۈنىمىزگە قاراتقان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى چوقۇم

ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شىبېي خەلق جىېفاڭجۈنىمىز بۇ قېتىم جەنۇپقا ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا، ھە دېگەندىلا غەلبە قازىنىپ، ناھايىتى زور داڭ چىقىرىپ، شىبېيدا دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي سەپ جەڭ مەيدانلىرىدىكى خەلق جىېفاڭجۈنى بىلەن ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۈنۈملۈك تۈردە ماسلىشىپ جەڭ قىلىدۇ.

باياناتچى مۇنداق دېدى: لىيۇ بوچېڭ ـ دېڭ شياۋپىڭ قوشۇنى، چېن يى ـ سۇ يۈي قوشۇنى، چېن گېڭ ـ شيې فۇجى قوشۇنىدىن ئىبارەت 3 يونۇلۇش يېجەنجۈنىمىز بۇلتۇر ياز ۋە كۈزدىن باشلاپ خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، جەنۇپقا يۈرۈش قىلدى، چاڭجياڭ، خۇەيخې، خۇاڭخې، خەنشۇي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدا كەڭ تۈردە ھەركەتلىنىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتى، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي سەپتىكى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچى ھېساپلانغان 160 نەچچە لۈيدىن تەخمىنەن 90 لۈينى ئۆز ئەتراپىغا يۆتكەپ ۋە تارتىپ تۇرۇپ، جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنى بىيدۇڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەنلۈپىلىك رول ئويناپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولدى[1]. دۇڭبېي يېجەنجۈنىمىز قىشلىق ھۇجۇمدا نولدىن تۆۋەن 30 گرادۇس قەھرىتان سوغاققا قارىماي، دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپ، مەشھۇر شەھەرلەرنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى[2]. سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي، شەندۇڭ، شىمالىي جياڭسۇ ۋە سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەنلەردىكى يېجەنجۈنلىرىمىز بۇلتۇر قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى كۆپلەپ يوقاتقاندىن كېيىن[3]، قىشلىق تەرتىپكە سېلىش ـ تەربىيىلەشنى تاماملىدى، پات يېقىندا ئەتىيازلىق ھۇجۇم

ئۇرۇشنى باشلىۋېتىدۇ[4]. ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، شۇنداق بىر ھەقىقەت چۈشىنىشلىككى، باۋشۇجۇيلىققا، دۈشمەندىن قورقۇشقا، قېينچىلىقتىن قورقۇشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، داڭجۇڭياڭنىڭ جەنلۇپىلىك ئومۇمىي فاڭجېنىغا ۋە 10 چوڭ ھەربى پىرىنسىپ توغرىسىدىكى يولىيورۇقىغا[5] ئەمەل قىلساقلا، ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتالايمىز؛ جياڭ جېيشى باسمىچىلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ياكى ۋاقتىنچە مۇداپىئەلىنىشكىلا چامىسى يېتىدىغان ئەمما قول ياندۇرغۇدەك ھالى قالمايدىغان ياكى مۇداپىئەلىنىشكىمۇ چامىسى يەتمەي، بىز تەرەپتىن بىر-بىرلەپ، پاك-پاكىز يوقىتىلىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويالايمىز.

باياناتچى مۇنۇلارنى ئالاھىدە كۆرسەتتى: شىبېي يېجەنجۈننىڭ جەڭگىۋارلىقى، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆستى[6]. شىبېي يېجەنجۈنى بۇلتۇرقى جەڭلەردە بىر قېتىمدا ئەڭ كۆپ بولغاندا دۈشمەننىڭ 2 لۈيىنىلا يوقىتالىغان بولسا، بۇ قېتىمقى يىچۈەن جەنيىسىدە بىر قېتىمدىلا دۈشمەننىڭ 5 لۈيىنى يوقىتالىدى. بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ بۇنداق كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇلاردىن ئالدىنقى سەپتىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قەتئىي ۋە جانلىق قوماندانلىق قىلغانلىقى، ئارقا سەپتىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ۋە كەڭ خەلقنىڭ تىرىشىپ ياردەم بەرگەنلىكى شۇنىڭدەك دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىرقەدەر يېتىم قالغانلىقى، يەر شارائىتىنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. لېكىن تازا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى — قىش پەسلىدىكى 2 ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىنىڭ دەرت توكۇش ۋە

3 نى تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى. دەرت توكۇش (كونا جەمىيەتنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن دەرت ـ ئەلەملىرىنى توكۇش) ۋە 3 نى تەكشۈرۈش (سىنىپىي تەركىپىنى تەكشۈرۈش، خىزمەتنى تەكشۈرۈش، كۈرەش ئىرادىسىنى تەكشۈرۈش) ھەركىتىنىڭ توغرا ئېلىپ بېرىلىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن ئارمىيىدىكى جەڭچىلەر ۋە كوماندىرلار ... ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى جياڭ جيېشى باسمىچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدىكى ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن جېڭچىلەر ۋە جەڭچىلەرنىڭ كوماندىرلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. مۇشۇ ئاساستا، قىسىملارنىڭ پاكلىقى ئۆستى، ئىنتىزامى چىڭىدى، ئاممىۋى خاراكتېرلىق ھەربىي تەلىم ھەركىتى قانات يايدى، قىسىملاردا تولۇق رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەرتىپلىك يولغا قويۇلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى دېموكراتىيە جارى قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قىسىملار ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، كۆپچىلىك چارە تاپىدىغان، كۆپچىلىك كۈچ چىقىرىدىغان، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان، ماددىي شەرت ـ شارائىت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان، ھەممە غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن كىلىدىغان، دۈشمەننى قەھرىمانلارچە يوقىتىدىغان بولدى. بۇنداق ئارمىيە يەر يۈزىدە تەڭداشسىز بولىدۇ.

باياناتچى مۇنداق دېدى: ئارمىيىنى بۇنداق يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى شىبېي تەرەپتىلا يۈرگۈزۈلۈپ قالماي، مەملىكەت

بويىچە خەلق جىيېفاڭجۈنى ئىچىدىمۇ يۈرگۈزۈلدى، ياكى يۈرگۈزۈ-
لۈۋاتىدۇ. ئارمىيىنى بۈنداق تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى جەڭ
ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلدى، جەڭ قىلىشقا دەخلى
يەتكۈزۈلمىدى. ئارمىيىنى بۈنداق تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى پارتىيە-
مىزنىڭ توغرا ئېلىپ بېرىۋاتقان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش
ھەركىتى، يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، پارتىيە-
مىزنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىپ، پەقەت جاھانگىرلىككە،
فېودالىزىمغا ۋە گۈەنلياۋ كاپىتالىزىمغىلا قارشى تۇرۇش، قالايمىقان
زەربە بېرىش ۋە قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش
(ئۆلتۈرۈش قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى)، مەملىكەت بويىچە
90 پىرسەنتتىن ئوشۇق خەلق ئاممىسى بىلەن قەتئى ئىتتىپاقلىشىشتىن
ئىبارەت توغرا فاڭجېنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، پارتىيىمىزنىڭ توغرا
شەھەر سىياستى ۋە مىللى سودا-سانائەتنى قەتئى مۇھاپىزەت
قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، بۇ ھال
خەلق جىيېفاڭجۈنىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى چوقۇم يەر يۈزىدە تەڭداشسىز
قىلىدۇ. جياڭ جېيشى باسمىچىلىرى ھەم ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا
جاھانگىرلىكى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت
ئۇلۇق كۈرەش ئالدىدا ھەرقانچە جان تالاشسىمۇ، غەلىبە ھامان
بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن يېجەنجۈنىنىڭ 7 زۇڭدۈيى 1947-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىدىن بوسۇپ

ئۆتۈپ، دابيېشەن تېغىغا يۈرۈش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق جېيفاڭ-جۈنىنىڭ جەنۇبلۇق ھۇجۇمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى. 1948-يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ دۈشمەننىڭ جەمئى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، خۇبېي-خېنەن، غەربىي ئەنخۇي، تۇڭبەي، چاڭجياڭ-خەنشۇي گېنجۇيدىلىرىنى قۇردى. چېن يى، سۇ يۈي قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ 8 زۇڭدۈيى 1947-يىل 8-ئايدا دۈشمەننىڭ شەندۇڭغا قىلغان نۇقتىلىق ھۇجۇمىنى تار-مار كەلتۈرگەندىن كېيىن، شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، خېنەن-ئەنخۇي-جياڭسۇ چېگرا رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ دۈشمەننىڭ جەمئى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، خېنەن-ئەنخۇي-جياڭسۇ ئازات رايونىنى كېڭەيتتى، دۈشمەننىڭ جەنۇبلۇق موھىم ئورنى بولغان كەيفېڭ، جېڭجۇلارنى تايانچىسىز قالدۇردى. سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن رايونىدىكى چېن گېڭ، شيې فۇجى قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان تەيۈي بىڭتۇەنىنىڭ 2 زۇڭدۈيى ۋە 1 جۈنى 1947-يىل 8-ئايدا، جەنۇبىي سەنشىدە خۇاڭخې دەرياسىدىن بۇسۇپ ئۆتۈپ، غەربىي خېنەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ دۈشمەننىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، خېنەن-شەنشى-خۇبېي ۋە جەنۇبىي شەنشى گېنجۇيدىلىرىنى قۇردى، دۈشمەننىڭ غەربىي خېنەندىكى موھىم جايى بولغان لوياڭنى پۈتۈنلەي تايانچىسىز قالدۇردى ھەم تۇڭگۇەنگە تەھدىت سالدى.

② لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان دۇڭبېي يېجەنجۈنىنىڭ 10 زۇڭدۈيى ۋە 12 مۇستەقىل شىسى 1947-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 1948-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە، جۇڭگو چاڭچۈن تۆمۈريولىنىڭ سىپىڭجيېدىن داشىچياۋغىچە بولغان قىسمىنى ۋە بېيپىڭ-لياۋنىڭ تۆمۈريولىنىڭ شەنخەيگۇەندىن شىنياڭغىچە بولغان قىسمىنى بويلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەملىك قىشلىق ھۇجۇم

قوزغىدى، ئۇدا 90 كۈن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 156 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، دۈشمەن مۇستەھكەم مۇداپىئە ئورناتقان جەنلۇبىلىك موھىم ئورۇن سىپىڭجېينى ۋە باشقا 18 شەھەرنى ئالدى. دۈشمەننىڭ يىڭكۇ شەھرىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان 1 شىسى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتتى. جىلىن شەھرىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەنلەر شەھەرنى تاشلاپ، چاڭچۈنگە قاچتى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيىسى دۇڭبېيدا ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايلار تارىيىپ، دۇڭبېي زېمىنىنىڭ پەقەت 1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى، دۇڭبېيدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئۇۋىسى بولغان چاڭچۈن، شېنياڭ، جىنجۇ قاتارلىق تۆمۈر يوللىرىدىكى شەھەرلەر تايانچىسىز قالدۇرۇلدى.

③ تىپ رۇڭخېن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان سەنشى-چاخار-خېبېي يېجەنجۈنىنىڭ 5 زۇڭدۇيى 1947-يىل 9-ئاينىڭ بېشىدىن 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىلگىرى-ئاخىر داچىڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا، چىڭفېڭديەن رايونىدا ئېلىپ بارغان جەڭلىرىدە ۋە شىجياجۇاڭنى ئازات قىلىش جېڭىدە دۈشمەننىڭ جەمئى 50 مىڭغا يېقىن ئادىمىنى يوقاتتى، سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونى بىلەن سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردى. خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ شەندۇڭ بىڭتۇەنىگە قاراشلىق 3 زۇڭدۇيى ۋە يەرلىك قوراللىق قوشۇنلار 1947-يىل 9-ئايدىن 12-ئايغىچە، شۈي شىيۇ، تەن جېنلىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوماندانلىقىدا جياۋدۇڭ جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ 63 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، ئون نەچچە ناھىيە شەھرىنى قايتۇرۇۋالدى، پۈتۈن شەندۇڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شىمالىي جياڭسۇدا خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى 1947-يىل 8-ئايدىن 12-ئايغىچە، ئىلگىرى-ئاخىر يەنچېڭ، لياۋ جەڭلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ جەمئى 24 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، شىمالىي جياڭسۇدىكى كەڭ جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن يېجەنجۈنىنىڭ

شۆي شياگىچيەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان بىر قىسمى 1947 - يىل 12 - ئايدا، شىبېي يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىللە يۈنچېڭ شەھىرىنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ 13 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، سەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، لىنفېننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننى تايانچسىز قالدۇردى.

④ 1948 - يىلى ئەتىيازدا، خەلق جېفاڭجۈنىنىڭ ھەرقايسى يونۇلۇش يېجەنجۈنلىرى قىشلىق تەرتىپكە سېلىش - تەربىيىلەشتىن كېيىن ئارقىمۇ - ئارقا ئەتىيازلىق ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى. سەنشى - چاخار - خېبېي يېجەنجۈنى ۋە سەنشى - خېبېي - شەندۇڭ - خېنەن يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى بىلەن سەنشى - سۈيىيۈەن يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ جەنۇبىي چاخار، شەرقىي سۈيىيۈەن، لىنفېن جەنىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ جەمى 43 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، نۇرغۇن جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. جۇڭيۈەن يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى بىلەن خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ بىر قىسمى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ لوياڭ جەنىسى، سۇڭخې جەنىسى، ۋەنشى جەنىسى ھەم ۋەندۇڭ جەنىسىنى قوزغاپ، دۈشمەننىڭ جەمى 56 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، دۈشمەننىڭ جۇڭيۈەندىكى مۇداپىئە تىزىمىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، جۇڭيۈەن ئازات رايونىنى كېڭەيتتى ۋە مۇستەھكەملىدى. خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ شەندۇڭ بىڭتۈەنى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ جىڭداۋ - جىنەن تومۇريولىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جەنىنى ۋە ۋېيشيەن جەنىسىنى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ جەمى 84 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن، جىڭداۋ، لىنيى، يەنجۇغا ئوخشاش ئاز ساندىكى جۇيدىيەنلىرىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسى ئازات قىلىندى. شىمالىي جياڭسۇ بىڭتۈەنى 3 - ئايدا يىلىن جەنىسىنى غەلىبىلىك ئېلىپ باردى.

⑤ 10 چوڭ ھەربىي پرىنسىپ ھەققىدە مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز»نىڭ 3 ـ بۆلۈمىگە قارالسۇن.

⑥ پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، شى جۇڭشۈن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان شىبېي يېجەنجۈننىڭ 1947 ـ يىل يازدا شىمالىي شەنشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاساسىي قىسمى 2 زۇڭدۈي ۋە 2 لۈي بولۇپ، جەمى 25 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىدى. 1948 ـ يىل ئەتىيازغا كەلگەندە، شىمالىي شەنشى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاساسىي قىسمى 5 زۇڭدۈيگە كۆپىيىپ، 75 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. بىر يىللىق ئۇرۇشنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن ۋە 1947 ـ يىل قىشتا ئېلىپ بېرىلغان ئارمىيىنى يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىدىن كېيىن كەڭ جۇڭگۇەنلەر ۋە جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆستى. شۇنداق قىلىپ، 1948 ـ يىل 3 ـ ئايدا شىبېي يېجەنجۈننىڭ تاشقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئۆتۈشى ئۈچۈن زورۇر شەرت ـ شارائىت يارىتىلدى. يىچۇەندىكى زور غەلبىدىن كېيىن، شىبېي يېجەنجۈنى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىفۇ (شەنشىنىڭ غەربىدىكى جىڭشۈي ۋە ۋېيشۈي دەريالىرى ئارىلىقىدىكى جاي)، شەرقىي گەنسۇ جەنىيلىرىنى قوزغاپ، جىڭشۈي ۋە ۋېيشۈي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭ جايلارغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شەن ـ لەنجۇ تاشيولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ھەمدە 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يەنئەننى قايتۇرۇۋالدى.

# ئەھۋال توغرسدا تۇڭباۋ*

**(1948 ـ يل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)**

1. يېقىنقى برنەچچە ئايدىن بۇيان، جۇڭگىياڭ پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى يەر ئىسلاھاتى، سودا ـ سانائەت، برلىكسەپ، پارتىينى تەرتىپكە سېلش، يېڭى رايونلارنىڭ خىزمىتى جەھەتلىرىگە دائىر كونكرىت سىياسەت ۋە سېلۇپ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل ۋە «سول»چىل ئېغىشلارغا، مۇھىمى «سول»چىل ئېغىشقا قارشى تۇردى. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي ئەھۋالى پارتىيىمىز بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا برلىكسەپ تۈزۈلگەن چاغلاردا، پارتىيە ئىچىدە ئوڭچىل ئېغىشلارنىڭ ئاسان يۈزبېرىدى-

---

* بۇ ـــ يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭگىياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان تۇڭباۋسى. بۇ تۇڭباۋ چىقىرىلغاندىن كېيىن، داڭجۇڭگىياڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونىدىن چىقىپ، سەنشى ـ سۈيىيۈەن ئازات رايونى ئارقىلىق سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي ئازات رايونىغا كىردى، 1948 ـ يىل 5 ـ ئايدا خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىگە يېتىپ باردى.

قانلىقىنى، پارتىيىمىز بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش بولغان چاغلاردا بولسا، پارتىيە ئىچىدە «سول»چىل ئېقىملارنىڭ ئاسان يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ھازىرقى «سول»چىل ئېقىملار، ئاساسەن، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە تېگىش، مىللىي بۇرژۇئا- زىيىنىڭ مەنپەئەتىگە تېگىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەركىتىدە ئىشچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەش، پومېشچىكلار بىلەن باي دېھقانلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق، پومېشچىكلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىكلىرىگە، زومىگەر ۋە زومىگەر ئەمەسلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق، پومېشچىكلارغا تەڭ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە تېگىشلىك تىرىكچىلىك يولى قالدۇرماسلىق، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كۈرىشىدە بەزى سىياسەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىش شۇنىڭدەك مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە-گۇرۇھلارنى تاشلاپ قويۇش، كەيمىڭ شېنشىلارنى تاشلاپ قويۇش، يېڭى ئازات رايونلاردا زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىشنىڭ (يەنى باي دېھقانلار بىلەن كىچىك پومېش- چىكلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇشنىڭ) سىياسىي جەھەتتىكى موھىملىقىنى ئېتىۋارسىز قاراش ۋە خىزمەت باسقۇچلىرىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق كېسەللىدىن ئىبارەت. مۇشۇ «سول»چىل ئېقىملار ئۆتكەن ئىككى يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئازات رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر يۈز بەردى، بەزىدە جىددىي تەۋەككۈلچىلىك خاھىشىغا ئايلاندى. بىر ياخشىسى، بۇنداق ئېقىملارنى تۈزىتىش ئانچە قىيىن بولمىدى، ئۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا ئاساسەن تۈزىتىلدى، ياكى تۈزىتىلىۋاتىدۇ. لېكىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئالاھىدە كۈچ چىقارغاندىلا، بۇنداق ئېقىملارنى تەلتۆكۈس تۈزەتكىلى بولىدۇ. ئوڭچىل ئېقىملار،

ئاساسەن، دۈشمەن كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلىۋېتىش، ئامې-
رىكىنىڭ جياڭ جيېشىغا كوپلەپ ياردەم بېرىۋاتقانلىقىدىن قورقۇش،
ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشتىن بىر ئاز زېرىكىش، خەلىقارا دېموكرا-
تىك كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىدىن بىر ئاز گۇمانلىنىش،
فېوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىشقا ئاممىنى يۈرەكلىك قوزغىيالماسلىق،
پارتيە ئىچىدىكى تەركىپ ساپ بولماسلىق ۋە ئىستىل ساپ بولماسلىقنى
كوزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كورمەسلىكتىن ئىبارەت. ئەمما بۇنداق
ئېغىشلار ھازىر ئاساسىي ئورۇندا ئەمەس، ئۇلارنى تۈزىتىشمۇ قىيىن
ئەمەس. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئۇرۇش، يەر
ئىسلاھاتى، پارتىينى تەرتىپكە سېلىش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش،
يېڭى رايونلارنى كېڭەيتىش ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى
قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلىرىدە ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى، مۇشۇ خىزمەتلەر
داۋامىدا يۈزبەرگەن ئېغىشلار ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن تۈزىتىلدى،
ياكى تۈزىتىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋى
ھەركىتىنى ساغلام تەرەققى قىلىش يولىغا سېلىش مۇمكىن بولدى.
پارتىينىڭ سىياسىتى ۋە سېلۋېسى تامامەن توغرا يولغا سېلىنغاندىلا،
جۇڭگو ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.
سىياسەت ۋە سىلۋې — پارتىينىڭ ھاياتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبە-
رىي يولداشلار بۇنىڭغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى زورۇر، بىپەرۋالىق
قىلىشقا زادى بولمايدۇ.

2. ئامېرىكىغا ۋە جياڭ جيېشىغا نىسبەتەن بەزىبىر خام خىياللاردا
بولغان، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ بارلىق ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن-
لەرنى يېڭەلىگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان
ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇچىنچى يول① دىگەن نىمىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بار، دەپ قارىغان، ئۆزىنى گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن بەزى دېموكراتىك زاتلار گومىنداڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى ئارقىسىدا ئۆزىنى بىردۇڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى، ئاخىر 1948 - يىل 1 - ئايدا، پارتىيىمىزنىڭ شوئارىنى قوللىنىپ، جياڭ جېيشىغا ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، گۇڭچەنداڭ بىلەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى جاكالىدى②. بۇنداق كىشلەرگە بىز ئىتتىپاقلىشىش سىياستىنى قوللىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىگە بولسا مۇۋاپىق تەنقىت بېرىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتى قۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھوكۇمەت خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش زورۇر ۋە پايدىلىق. بۇ كىشلەرنىڭ خۇسۇسىيتى شۇكى، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئەمگەكچىلەر ئاممىسىگە يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ قالغان، ئازات رايونلارغا ئوڭايلىقچە كەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان ئىجتىمائىي ئاساس يەنى مىللىي بۇرژۇئازىيە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلارنى قولغا كەلتۇرۇشىمىز كېرەك. مولچەرلىشىمىزچە، بىز تېخىمۇ چوڭ غەلىبە قازىنىپ، شېنياڭ، بېيپىڭ، تيەنجىنگە ئوخشاش شەھەرلەردىن بىرنەچچىنى تارتىۋالغاندىن، گۇڭچەنداڭ غالىپ بولىدىغان، گومىنداڭ مەغلۇپ بولىدىغان ۋەزىيەت تولۇق ئايدىڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلساق، ئۇلار ئازات رايونلارغا كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئىشلەشنى خالىشى مۇمكىن.

3. بۇ يىل بىز مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتىنى قۇرماقچى ئەمەسمىز، چۈنكى ئۇنىڭ پەيتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى. بۇ يىل چاقىرىلغان جياڭ جيېشىنىڭ قورچاق گومىنداڭخۇيى جياڭ جيېشىنى زۇڭتۇڭ- لۇققا سايلىغان[3]، جياڭ جيېشىنىڭ ئابرويى تېخىمۇ تۆكۈلگەندىن كېيىن، بىز تېخىمۇ زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، جايلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ كېڭەيتكەن، بەلكى ئەڭ ياخشىسى، بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ شەھەرلەردىن بىر-ئىككىنى ئالغاندىن كېيىن ۋە دۇڭبېي، خۇابېي، شەندۇڭ، شىمالىي جياڭسۇ، خېنەن، خۇبېي، ئەنخۇي رايونلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتىنى قۇرۇش تامامەن زورۇر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ پەيتى تەخمىنەن 1949-يىل بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بىز سەنشى-چاخار- خېبېي رايونى، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن رايونى ۋە شەندۇڭنىڭ بوخەي رايونىنى بىر داگۇبېي (خۇابېيجۇي)، بىر ھوكۇمەت، بىر ھەربىي ئورگاننىڭ قوماندىسى ئاستىغا بىرلەشتۈرۈۋا- تىمىز (بوخەي رايونى كېچىكىپرەك قوشۇلۇشى مۇمكىن)، بۇ 3 رايون لۇڭ-خەي تۆمۈريولىنىڭ شىمالى، تيەنجىن-پۇكۇ تۆمۈريولى ۋە بوخەي دېڭىزىنىڭ غەربى، داتۇڭ-پۇجۇ تۆمۈريولىنىڭ شەرقى ۋە بېيپىڭ-سۈييۈەن تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[4]. بۇ 3 رايون بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتتى، ئۇنىڭدا جەمى 50 مىليون ئاھالە بار، بۇ 3 رايوننى قوشۇۋېتىش ۋەزىپىسىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئورۇنلاش مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلغاندا، جەنۇبىي سەپتىكى ئۇرۇشقا كۈچلۈك ياردەم بەرگىلى، نۇرغۇن كادىر ئاجرىتىپ يېڭى ئازات رايونلارغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ بىرلەشكەن رايوننىڭ رەھبەرلىك مەركىزى شىجياجۇاڭدا بولىدۇ.

جۇڭياڭمۇ خۇابېيغا كۆچۈپ بېرىپ، جۇڭياڭ خىزمەت ۋېيۈەنخۇيى بىلەن قوشۇلۇپ كەتمەكچى.

4. بىزنىڭ جەنۇبىي سەپتىكى قوشۇنلىرىمىز: شەندۇڭ بىڭتۇەنى 9 لۈي، شىمالىي جياڭسۇ بىڭتۇەنى 7 لۈي، خۇاڭخې-خۇەيخې ئارىلىقىدىكى بىڭتۇەن 21 لۈي، خېنەن-خۇبېي-شەنشى بىڭتۇەنى 10 لۈي، چاڭجياڭ-خۇەيخې-خەنشۇي ئارىلىقىدىكى بىڭتۇەن 19 لۈي، شىبېي بىڭتۇەنى 12 لۈي ۋە جەنۇبىي سەنشى-شىمالىي خېنەن بىڭتۇەنى 12 لۈي بولۇپ، بۇلاردىن چاڭجياڭ-خۇەيخې-خەنشۇي ئارىلىقىدىكى لىيۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ بىڭتۇەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ بېيجۇڭگىنىڭ ئۆز ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ دابېيشەنگە ھۇجۇم قىلغانلىقى⑤ سەۋەبىدىن، دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، 2-ئاينىڭ ئاخىرىسىدىلا بىر قىسىم كۈچىنى ئاجرىتىپ، خۇەيخېنىڭ شىمالىدا دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان بىڭتۇەنلەرنىڭ ھەممىسى 12-ئايدىن 2-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. بۇ ئۆتكەن 20 ئايلىق ئۇرۇش داۋامىدا بىرىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش بولدى. بۇ قېتىمقى دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىشتا، ئاممە دەرت تۆكۈش (كونا جەمىيەتنىڭ ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن دەرت-ئەلەملىرىنى تۆكۈش)، 3نى تەكشۈرۈش (سىنىپىي تەركىبىنى تەكشۈرۈش، خىزمەتنى تەكشۈرۈش، كۈرەش ئىرادىسىنى تەكشۈرۈش) ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىق ھەربىي تەلىم (جۇڭگۇەنلەر ئەسكەرلەرگە ئۆگىتىش، ئەسكەرلەر جۇڭگۇەنلەرگە ئۆگىتىش، ئەسكەرلەر ئەسكەرلەرگە ئۆگە-

تىش) ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى جۇخۇيىيۇەنلەر ۋە جەڭچىلەرنىڭ يۈكسەك ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى، بەزى قوشۇنلاردىكى پومشىشىك، باي دىخان ئۇنسۇرلار ياكى بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار تەربىيە بىلەن تۈزىتىۋېلىندى، ياكى سۈپۈرۈپ تاشلاندى، ئىنتىزامچانلىق يۈكسەلدۈرۈلدى، يەر ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەتلەر، سودا-سانائەتكە ۋە زىيالىيلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەر ئېنىق چۈشەندۈرۈلدى، قوشۇنلاردا دېموكراتىك ئىستىل جارى قىلدۇرۇلدى، ھەربىي تېخنىكا ۋە جەڭ ئۇسۇلى ئۆستۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. ھازىر ليۇ بوچېڭ-دېڭ شياۋپىڭ بىڭتۇەنىنىڭ بىر قىسمى دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندىن باشقا، قالغان بىڭتۇەنلەرنىڭ ھەممىسى 2-ئاينىڭ ئاخىرى 3-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يېڭى ئۇرۇش ھەركىتىنى باشلىۋەتتى ۋە 2 ھەپتە ئىچىدە دۈشمەنىنىڭ 9 لۈيىنى يوقاتتى. شىمالىي سەپتىكى قوشۇنلىرىمىز: دۇگبېي بىڭتۇەنى 46 لۈي، سەنشى-چاخار-خېبېي بىڭتۇەنى 18 لۈي، سەنشى-سۈيىيۈەن بىڭتۇەنى 2 لۈي بولۇپ، قىشتا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇش قىلدى، بىر قىسمى دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. دۇگبېي بىڭتۇەنى لياۋخې دەرياسىدا مۇز تۇتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ 3 ئاي ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ 8 لۈيىنى يوقاتتى، 1 لۈيىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈردى، جاگۇۋ، فاكۇ، شىنلىتۇن، لياۋياڭ، ئەنشەن، يىڭكۇ ۋە سىپىڭجيې شەھەرلىرىنى ئالدى ھەم جىلىن شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ بىڭتۇەن ھازىر دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى باشلىدى. دەم ئالدۇرۇش-تەرتىپكە سېلىش

ئاياقلاشقاندىن كېيىن، يا چاڭچۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدۇ، يا بېيپىڭ ـ لياۋنىڭ تومۇريولى بويىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدۇ. سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي بىڭتۇەنىنىڭ دەم ئالدۇرۇش ـ تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى، ئەمدى ئۇلار بېيپىڭ ـ سۈيۈەن يولىغا قاراپ ھەركەت قىلىۋاتىدۇ. سەنشى ـ سۈيۈەن بىڭتۇەنىنىڭ ئادەم سانى ئازراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ــ يەن شىشەننى ئىسكەنجىگە ئېلىش. ئارمىيىمىزنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سەپلەردە چوڭ ـ كىچىك جەمى 10 بىڭتۇەنى بولۇپ، مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچى 50 زۇڭدۈي (1 زۇڭدۈي گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 1 شىسىغا تەڭ) يەنى 156 لۈي (1 لۈي گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 1 لۈيىگە تەڭ)، 1 مىليون 322 مىڭ نەچچە يۈز ئادەمگە يەتتى، ھەر بىر لۈي (3 تۈەن)دە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 8 مىڭچە ئادەم بار. بۇنىڭدىن باشقا غەيرىي مۇنتىزىم قوشۇنلاردا جۇملىدىن يەرلىك بىڭتۇەنلەر، يەرلىك قىسىملار، پارتىزان دۈيلىرى، ئارقا سەپ ھەربىي ئورگانلار ۋە ھەربىي مەكتەپلەردە 1 مىليون 168 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇش قىلىدىغان قىسىملاردا 800 مىڭ ئادەم) بار، دېمەك، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە جەمى 2 مىليون 491 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار. ۋاھالەنكى، 1946 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە بىزدە پەقەت 28 زۇڭدۈي يەنى 118 لۈي، 612 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن تەركىپ تاپقان مۇنتىزىم ئارمىيىلا بولۇپ، ھەر بىر لۈي (3 تۈەن)نىڭ ئادەم سانى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 5 مىڭغا يەتمەيتتى؛ بۇنىڭغا 665 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمدىن تەركىپ تاپقان غەيرىي مۇنتىزىم ئارمىيىنى قوشقاندا، ئادەم سانى جەمى 1 مىليون 278 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى.

شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بىزنىڭ ئارمىيىمىز ئەمەلدىى زورايدى. لۇيلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپەيمىگەن بىلەن، ھەر بىر لۇينىڭ ئادەم سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 20 ئاي ئۇرۇش قىلىش ئارقىسىدا جەڭگىۋارلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى.

5. گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن بۇلتۇر يازغىچە 93 شى يەنى 248 لۇي ئىدى، ھازىر بولسا 104 شى يەنى 279 لۇينىڭ فەنخاۋسى بار. ئۇلارنىڭ جايلىشىشى مۇنداق: شىمالىي سەپتىكىلىرى 29 شى يەنى 93 لۇي (شىنىياڭدا ۋېي لىخۇاڭنىڭ 13 شىسى يەنى 45 لۇيى؛ بېيپىڭدا فۇ زويىنىڭ 11 شىسى يەنى 33 لۇيى؛ تەييۈەندە يەن شىشەننىڭ 5 شىسى يەنى 15 لۇيى)، تەخمىنەن 550 مىڭ ئادەم. جەنۇبىي سەپتە 66 شى يەنى 158 لۇي (جېڭجۇدا گۇ جۇتۇڭنىڭ 38 شىسى يەنى 86 لۇيى؛ جيۇجياڭدا بەي چۇڭشىنىڭ 14 شىسى يەنى 33 لۇيى؛ شەنشىدە خۇ زۇڭنەننىڭ 14 شىسى يەنى 39 لۇيى)، تەخمىنەن 1 مىليون 60 مىڭ ئادەم. ئىككىنچى سەپتىكىلىرى 9 شى يەنى 28 لۇي (شىبېي رايونىدا جۇملىدىن لەنجۇنىڭ غەربىدىكى جايلاردا 4 شى يەنى 8 لۇي؛ شىنەن رايونىدا جۇملىدىن سىچۈەن، شىكاڭ، يۈننەن، گۇيجۇ ئۆلكىلىرىدە 4 شى يەنى 10 لۇي؛ دۇڭنەن رايونىدا جۇملىدىن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردە 8 لۇي؛ تەيۋەندە 1 شى يەنى 2 لۇي)، تەخمىنەن 196 مىڭ ئادەم. گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدە فەنخاۋلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىزنىڭ ئارمىيىمىز تەرىپىدىن كۆپلەپ يوقىتىلغان شۇنىڭدەك جەنلۇبىلىك ھۇجۇمىدىن جەنلۇبىلىك مۇداپىئەگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمەي قالىدى، شۇڭا كۆپلىگەن يەرلىك قىسىملار ۋە قورچاق

قوشۇنلارنى مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئۇستۇرۇۋالدى، ياكى مۇنتىزىم ئارمىيە قىلىپ تۈزۈۋالدى، يەنى شىمالىي سەپتىكى ۋېي لىخۇاڭ شتۇگىغا 3 شى يەنى 14 لۇي؛ فۇ زويى شتۇگىغا 2 شى يەنى 6 لۇي؛ جەنۇبىي سەپتىكى گۇ جۇتۇڭ شتۇگىغا 6 شى يەنى 9 لۇي؛ خۇ زۇڭ-نەن شتۇگىغا 2 لۇي قوشۇلدى، جەمى 11 شى يەنى 31 لۇي قوشۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گومىنداڭ ئارمىيىسى ھازىر 93 شى ئەمەس، 104 شى؛ 248 لۇي ئەمەس، 279 لۇي. لېكىن، بىرىنچىدىن، يېقىنقى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە (3-ئاينىڭ 20-كۈنىگە قەدەر) بىز تەرەپتىن يوقىتىلغان 6 شى يەنى 29 لۇينىڭ قۇرۇق فەنخاۋسىلا قالدى، ئۇلارنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا ياكى تولۇقلاشقا ئۇلگۈرەلمىدى، بىر قىسمىنى بولسا ھېچقاچان قايتا قۇرۇپ چىقالماسلىقى ياكى تولۇقلىيالماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، گومىنداڭ ئارمىيىسىدە ھازىر، ئەمەلىيەتتە، پەقەت 98 شى يەنى 250 لۇي بار، بۇلتۇر يازدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا پەقەت 5 شىنىڭ فەنخاۋسى ۋە 2 ئەمەلىي لۇي قوشۇلدى. ئىككىنچىدىن، ھازىر ئەمەلىيەتتە بار 250 لۇينىڭ پەقەت 118 ىلا ئارمىيىمىزنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىمىدى، قالغان 132 لۇيى، يا ئارمىيىمىز تەرىپىدىن بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ھەتتا ئۈچ قېتىم يوقىتىلغان، كېيىن تولۇقلىۋېلىنغان، يا ئارمىيىمىزنىڭ بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ھەتتا ئۈچ قېتىم ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغان (لۇينى بىرلىك قىلىپ ئالغاندا، تولۇق يوقىتىلغان ياكى كۆپ قىسمى يوقىتىلغانلار، يوقىتىلغان، دەپ ئاتىلىدۇ؛ 1 تۈمەندىن ئارتۇغى يوقىتىلغان ئەمما ئاساسىي كۈچى زىيانغا ئۇچرىمىغانلار، ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان، دەپ ئاتىلىدۇ)، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى ۋە جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى تۆۋەن. ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىمىغان 118 لۇينىڭ بىر

قىسمى ئىككىنچى سەپتە تەربىيىلەنگەن يېڭى ئەسكەرلەردىن تەركىپ تاپقان، يەنە بىر قىسمى يەرلىك قىسىملار ۋە قورچاق قوشۇنلاردىن ئۇستۇرۇلگەن ياكى تۈزۈلگەن بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئاجىز. ئۈچىنچىدىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانىمۇ ئازايدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرىدا 2 مىليون ئادەم، غەيرى مۇنتىزىم قىسىملىرىدا 738 مىڭ ئادەم، ئالاھىدە قىسىملىرىدا 367 مىڭ ئادەم، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىدا 190 مىڭ ئادەم، ئارقا سەپ تەمىنات ئورگانلىرىدا ۋە مەكتەپلىرىدە 1 مىليون 10 مىڭ ئادەم، جەمئى 4 مىليون 305 مىڭ ئادەم بار ئىدى. 1948 ـ يىل 2 ـ ئايدا بولسا ئۇنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرىدا 1 مىليون 810 مىڭ ئادەم، غەيرى مۇنتىزىم قىسىملىرىدا 560 مىڭ ئادەم، ئالاھىدە قىسىملىرىدا 280 مىڭ ئادەم، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىدا 190 مىڭ ئادەم، ئارقا سەپ تەمىنات ئورگانلىرىدا ۋە مەكتەپلىرىدە 810 مىڭ ئادەم، جەمئى 3 مىليون 650 مىڭ ئادەم قالدى؛ دېمەك، 655 مىڭ ئادەم كېمەيدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە بولغان 19 ئاي ئىچىدە بىزنىڭ ئارمىيىمىز گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەمئى 1 مىليون 977 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى (2 ـ ئايدىكى ۋە 3 ـ ئاينىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى سان تېخى ئېلىنىپ بولمىدى، بۇ تەخمىنەن 180 مىڭ ئادەم بولۇشى مۇمكىن)، دېمەك، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى ئۆرۈش مەزگىلىدە سەپەرۋەر قىلىپ ئارمىيىگە قاتناشتۇرغان 1 مىليوندىن ئارتۇق يېڭى ئەسكىرىنى چىقىم تارتىپلا قالماي، بۇرۇنقى ئەسكىرىي كۈچىدىنمۇ كوپلەپ چىقىم تارتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ بىزنىڭكىدىن ئەكسىچە فاڭجېن قوللاندى، لۈيلىرىنىڭ ئادەم سانىنى تولۇقلىمىدى، بەلكى

ٴادەم سانىنى ٴازايتىپ، لۈيلىرىنىڭ فەنخاۋسىنى كوپەيتتى. گومىنداڭ ٴارمىيىسىنىڭ ھەر بىر لۈيىدە، 1946 - يىلى ٴوتتۇرا ھېساپ بىلەن 8 مىڭچە ٴادەم بار ٴىدى، ھازىر بولسا ٴوتتۇرا ھېساپ بىلەن 6 مىڭ 500 چىلا ٴادەم قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ٴارمىيىمىزنىڭ ٴىشغال قىلىدىغان يېرى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىدۇ، گومىنداڭ ٴارمىيىسىنىڭ ئەسكەر مەنبەسى ۋە ٴاشلىق مەنبەسى كۈندىن - كۈنگە تارىيىدۇ، مولچەرلىشىمىزچە، يەنە تولۇق 1 يىل ٴۇرۇشقاندا يەنى كېلەر يىل ئەتىيازغىچە دۈشمەن ٴارمىيىسى بىلەن بىزنىڭ ٴارمىيىمىز سان جەھەتتىن ٴومۇمەن تەڭلىشىشى مۇمكىن. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز — پۇختا ٴورۇنلىشىپ، پۇختا ٴىلگىرىلەش، تېز ٴۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ٴىستىمەي، گومىنداڭ مۇنتىزىم ٴارمىيىسىدىن ھەر ٴايدا ٴوتتۇرا ھېساپ بىلەن 8 چە لۈينى، ھەر يىلى تەخمىنەن 100 لۈينى يوقىتىشقا تىرىشىش. ٴەمەلىيەتتە، بۇلتۇر كۈزدىن كېيىن بۇ ساندىن ٴېشىپ كەتتى؛ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كوپ ٴېشىپ كېتىشى مۇمكىن. گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ٴارمىيىسىنى تەخمىنەن 5 يىلدا (1946 - يىل 7 - ٴايدىن باشلاپ ھېساپلىغاندا)[6] يوقىتىپ بولۇش ٴىمكانىيىتى مەۋجۇت.

6. ھازىر جەنۇبىي ۋە شىمالىي سەپلەردىكى دۈشمەن ٴارمىيىسىنىڭ ٴىككى جايدا خېلى كوپ ساندا ھەركەتچان ئەسكىرىي كۈچى بار، ٴۇلار جەنىيى خاراكتېرىدىكى ھۇجۇمغا ٴوتۇپ، ٴۇ جايلاردىكى قوشۇنلىرىمىزنى ۋاقتىنچە مۈشكۈل ٴورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ٴۇنىڭ بىرى — دابيېشەن، ٴۇ يەردە تەخمىنەن 14 ھەركەتچان لۈي بار. يەنە بىرى — خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلار، ٴۇ يەرلەردە تەخمىنەن 12 ھەركەتچان لۈي بار. مۇشۇ ٴىككى جايدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھېلىمۇ جۇدۇڭلۇقتا ٴىگە (بىز خۇەيخې دەريا-

سىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا، ئاساسي كۈچ بولغان 9 لۇيىمىزنى ئاجرىتىپ، خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا يوتكەپ دەم ئالدۇرۇپ، تەرتىپكە سېلىپ، باشقا تەرەپتە ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، گومىنداڭ ئارمىيىسى جۇدۇڭلۇققا ئىگە بولۇۋالدى). قالغان ھەممە جەڭ مەيدانلىرىدىكى دۈشمەن ئارمىيىسى بولسا پۈتۈنلەي بېي-دۇڭلۇققا چۈشۈپ، ئەدىۋىنى يەۋاتىدۇ. ۋەزىيىتى بىز ئۈچۈن ئالاھىدە پايدىلىق بولغان جەڭ مەيدانلىرى — دۇڭبېي، شەندۇڭ، شىبېي، شىمالىي جياڭسۇ، سەنشى-چاخار-خېبېي، سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن رايونلىرى ۋە جېڭجۇ-خەنكۇ تومۇريولىنىڭ غەربىدىكى، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى، خۋاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز»نىڭ ⑧ ئىزاھىغا قارالسۇن.

② 1947 - يىل 10 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئىچىدىكى بەزى تۇراقسىز ئۇنسۇرلار دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تارقىتىلغانلىقى، پائالىيەتلىرىنىڭ توختىتىلغانلىقى توغرىسىدا گۇڭگاۋ چىقاردى. شۇ چاغدا، باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. 1948 - يىل 1 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن شېن جۈنرۇ قاتارلىقلار شياڭ-گاڭدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىنى

قايتا تەشكىل قىلىشنى ھەمدە پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇ ئايدا گومىنداڭ ئىچىدىكى دېموكراتلاردىن لى جىشېن قاتارلىقلارمۇ شياڭگاڭدا گومىنداڭ ئىنقىلاۋىي ۋېييۈەنخۈيىنى تەشكىل قىلدى. بۇلار شۇ چاغدا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى، خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، جياڭ جيېشى-نىڭ ھاكىم مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقىدىكى تۇراقسىز ئۇنسۇرلارمۇ شۇ چاغدا بۇ شوئارلارنى قوبۇل قىلدى.

③ 1948-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەنجىڭدا قورچاق «گومىنداخۇي» چاقىرىپ، جياڭ جيېشىنى «زۇڭتۇڭ»لۇققا، لى زۇڭرېننى «فۇزۇڭتۇڭ»لۇققا «سايلىدى».

④ 1948-يىل 5-ئايدا، سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونى بىلەن سەنشى-خېبېي-شەندۇڭ-خېنەن ئازات رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خۇابېي بىرلەشمە مەمۇرى ۋېييۈەنخۈيى ۋە خۇابېي جۈنچۈيى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8-ئايدا خۇابېي بىرلەشمە مەمۇرى ۋېييۈەنخۈيى خۇابېي خەلق ھوكۇمىتى دەپ ئاتالدى.

⑤ بەي چۇڭشىنىڭ دابيېشەن رايونىغا ھۇجۇم باشلىغان ۋاقتى 1947-يىل 12-ئاي، ھۇجۇمغا سالغان ئەسكىرىي كۈچى 33 لۈي ئىدى.

⑥ گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسىنى 5 يىل ئۇيچۇرىسىدە يوقىتىش شۇ ۋاقىتتىكى مولچەر ئىدى. كېيىن بۇ ۋاقىت 3 يېرىم يىل ئۇيچۇرىسىگە قىسقاردى. مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدىكى زور ئۆز-گىرىش» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

# سەنشى-سۈيۈەن كادرلرى يغندا سوزلەنگەن نۇتۇق

**(1948-يل 4-ئاينڭ 1-كۈنى)**

يولداشلار، مەن بۈگۈن، ئاساسەن، سەنشى-سۈيۈەن خزمتگە دائر بەزى مەسلىلەر ئۈستدە سوزلىمەكچىمەن، ئاندن پۈتۈن مەملكەت خزمتگە دائر بەزى مەسلىلەر ئۈستدمۇ توختلىپ ئوتىمەن.

1

مېنڭچە، ئوتكەن بر يل ئچدە جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ سەنشى-سۈيۈەن فېنجۈيى رەھبەرلكدكى رايونلارنڭ يەر ئسلاھاتى خزمتى ۋە پارتيينى تەرتپكە سېلش خزمتى مۇۋەپپەقيەتلك بولدى.

بۇ ئككى تەرەپتن قاراپ ئېيتلغان. بر تەرەپتن، سەنشى-سۈيۈەندكى پارتيە تەشكلاتى ئوڭچىل ئېغشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئاممۋى كۈرەش قوزغاپ، پۈتۈن رايوندكى 3 ملىيوندن ئارتۇق

ئاھالىنىڭ 2 مىليون نەچچە يۈز مىڭى ئارىسىدا، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلىدى، ياكى ئورۇنلاۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سەنشى-سۈيىيۈەندىكى پارتىيە تەشكىلاتى ھەركەت داۋامىدا يۈزبەرگەن بىرقانچە «سول»چىل ئېغىشنىمۇ تۈزىتىپ، ھەممە خىزمەتنى ساغلام تەرەققى قىلىش يولىغا سالدى. مۇشۇ ئىككى تەرەپتىن قارىغاندا، سەنشى-سۈيىيۈەن ئازات رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى، مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، ئەمدى فېئوداللىق قىلالمايدىغان بولدى، ئەمدى يامانلىق قىلالمايدىغان بولدى، ئەمدى خىيانەت قىلالمايدىغان بولدى.» بۇ — سەنشى-سۈيىيۈەن خەلقىنىڭ سۆزى. بۇ — سەنشى-سۈيىيۈەن خەلقىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىمىزدىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىمىزدىن چىقارغان خۇلاسىسى. ئۇلار «ئەمدى فېئوداللىق قىلالمايدىغان بولدى» دېگەندە شۇنى كۆزدە تۇتىدۇكى، بىز ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، كۈرەش قوزغاپ، يېڭى رايونلاردىكى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ۋە كونا رايون، يېرىم كونا رايونلاردىكى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقاتتۇق، ياكى يوقىتىۋاتىمىز. ئۇلار «ئەمدى يامانلىق قىلالمايدىغان بولدى، ئەمدى خىيانەت قىلالمايدىغان بولدى» دېگەندە شۇنى كۆزدە تۇتىدۇكى، بىزنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىمىزدا ئىلگىرى مەلۇم دەرىجىدە تەركىپ ساپ بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىقتەك ئېغىر ھادىسىلەر ساقلىنىپ كەلگەن، بىرمۇنچە بۇزۇق ئۇنسۇرلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، نۇرغۇن كىشىلەردە گۇەنلياۋچۇيىلىق ئىستىل

ئوسۇپ قالغان، ئۇلار كۆچىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك ئېتىپ، ۋەزىپىلەرنى بۇيرۇقچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ئورۇنلاپ، ئامىمنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، يا خىيانەتچىلىك جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن، يا بولمىسا ئامىمنىڭ مەنپەئەتىگە چاڭ سالغان ئىدى، بۇ ئەھۋاللار ئۆتكەن بىر يىللىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئارقىلىق تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى.

«ئىلگىرى جىنىمىزغا تەككەن نەرسە ئەمدى يوقالدى. ئىلگىرى يوق نەرسە ئەمدى بار بولدى.» بۇ — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلاردىن بىرىنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزى. ئۇنىڭ جىنىمىزغا تەككەن نەرسە دېگىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن تەركىب ساپ بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىق ۋە شۇنىڭ بىلەن ئامىمىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتەك ئېغىر ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ھادىسە ئەمدى تۈپتىن يوقالدى. ئۇنىڭ، ئىلگىرى يوق نەرسە ئەمدى بار بولدى، دېگىنى كەمبەغەل دېھقانلار ئومىكىنى، يېڭى دېھقانلار جەمىيىتىنى، رايونلۇق، كەنتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى شۇنىڭدەك يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلارنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىنكاسلار، مېنىڭچە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

بۇلار — سەنشى-سۇيىۋەن ئازات رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيىتى. بۇ — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىرىنچى تەرىپى. مۇشۇ ئاساستا، سەنشى-سۇيىۋەندىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە غايەت زور ھەربى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، ئۇلۇق خەلق ئازاتلىق

ئۇرۇشقا ياردەم بېرەلىدى. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بولمىغان بولسا، بۇنداق زور ھەربى ۋەزىپىنى ئورۇنلاش قىيىن بولاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، سەنشى-سۈيىۋەندىكى پارتىيە تەشكىلاتى خىزمەت داۋامىدا يۈزبەرگەن بىرقانچە «سول»چىل ئېغىشنى تۈزەتتى. بۇلار، ئاساسەن، 3 خىل ئېغىشتىن ئىبارەت: بىرىنچى، سىنىپى تەركىپلەرنى ئايرىشتا، بىرمۇنچە جايلاردا، فېوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىسى بولمىغان ياكى پەقەت يېنىك ئېكسپلاتاتسىيىسىلا بولغان كوپلىگەن ئەمگەكچى خەلق خاتا ھالدا پومېشىك ۋە باي دېھقانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇلۇپ، زەربە بېرىش دائىرىسى خاتا ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى داۋامىدا ئىتتىپاقلىشىش مۇمكىن ۋە زورۇر بولغانلار بىلەن — يېزىلاردىكى ئائىلە سانىنىڭ تەخمىنەن 92 پىرسەنتى، ئادەم سانىنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتى بىلەن يەنى پۈتۈن يېزا ئەمگەكچى خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىنتايىن موھىم جەنلۇپىلىك فاڭجېنىمىز ئەستىن چىقىرىپ قويۇلدى. ھازىر بۇ ئېغىش تۈزىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى زور دەرىجىدە خاتىرجەم قىلىندى، ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ مۇستەھكەملەندى. ئىككىنچى، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى داۋامىدا پومېشىكلار ۋە باي دېھقانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى سودا-سانائەتكە تېگىپ قويۇلدى؛ ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كۈرىشىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك دائىرىدىن چىقىپ كېتىلدى؛ شۇنىڭدەك باج سىياسىتىدە سودا-سانائەتكە زەربە بېرىپ قويۇلدى. بۇلار — سودا-سانائەتكە مۇئامىلە قىلىش جەھەت-

تىكى «سول»چىل ئېغىشلار. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئېغىشلارمۇ تۈزىتىلىپ، سودا ـ سانائەت ئەسلىگە كېلىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئۈچىنچى، ئۆتكەن بىر يىلدىكى كەسكىن يەر ئىسلاھاتى كۈرىشىدە سەنشى ـ سۈيىۋەندىكى پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيىمىزنىڭ قالايمىقان زەربە بېرىش، قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش فاڭجېنىدا ئېنىق ھالدا چىڭ تۇرالمىدى، نەتىجىدە بەزى جايلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىدا بەزى پومىشچىك ۋە باي دېخان ئۇنسۇرلار ئورۇنسىز ھالدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى ھەمدە يېزىلاردىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنتىقام ئېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ قويۇلدى ـ دە، ئۇلار بىرقانچە ئەمگەكچىنى جىنايەتكارلىق بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىزچە، پائال ۋە جىددى سۈرەتتە خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قارشى چىققان ھەم يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئاساسىي جىنايەتچىلەرنى يەنى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ۋە زومىگەرلەرنى خەلق قاتتىقى ۋە دېموكراتىك ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش پۈتۈنلەي زورۇر ۋە توغرا. بۇنداق قىلمىغاندا، دېموكراتىك تەرتىپنى ئورناتقىلى بولمايدۇ. لېكىن، گومىنداڭ تەرەپتە تۇرغان بارلىق ئاددى خادىملارنى، ئادەتتىكى پومىشچىك ۋە باي دېخان ئۇنسۇرلارنى ياكى جىنايىتى يېنىكرەك ئۇنسۇرلارنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق قاتتىقى ۋە دېموكراتىك ھۆكۈمەت جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلغاندا، تەن جازاسى بېرىشنى مەنئى قىلىش لازىم. ئۆتكەن بىر يىل داۋامىدا سەنشى ـ سۈيىۋەندە بۇ جەھەتتە يۈزبەرگەن ئېغىشلارمۇ ھازىر تۈزىتىلدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بارلىق ئېغىشلار ئەستايىدىل تۈزىتىلگەندىن كېيىن، بىز دەلىل-ئىسپاتلىق ھالدا ئېيتالايمىزكى، سەنشى-سۈييۈەن جۇڭگىياڭ فېنجۈيى رەھبەرلىگىدىكى بارلىق خىزمەتلەر ئەمدى ساغلام تەرەققى قىلىش يولىغا چۈشتى.

خىزمەت فاڭجېنىنى ئەمىلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش — بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم بولغان ئەڭ ئاساسىي خىزمەت ئۇسۇلى. ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت فاڭ-جېنىمىزنى شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىدىن چەتلەپ، سۇبيېكتىپ بەلگىلىگەنلىگىمىزدىن بولغان. بۇنىڭدىن بارلىق يولداشلار ساۋاق ئېلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە، سىلەر جۇڭگىياڭنىڭ كونا رايونلار ۋە يېرىم كونا رايونلاردا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇغىغا① ئاساسەن، سەنشى-چاخار-خېبېي ئازات رايونىدىكى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش تەجرىبىسىنى قوللاندىڭلار، يەنى پارتىيە سىرتىدىكى ئاممە ئىچىدىن چىققان ئاكتىپلارنى پارتىيىنىڭ جۇبۇ يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇردۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن، پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى تەركىپ ساپ بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىق ھادىسىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پارتىيىنى خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ باغلىدىڭلار. بۇنداق قىلىشىڭلار سىلەرگە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ھەممىسىنى مۇكەممەل ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

خاتالاشقان ئەمما تەربىيىلىۋېلىشقا بولىدىغان، قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولمايدىغان ئۇنسۇرلاردىن پەرقلىنىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە كادىرلارنى، كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تاشلىۋەتمەي تەربىيىلىۋېلىش كېرەك. سىلەر بۇ فاڭجېننى ئىجرا قىلدىڭلار، ياكى ئىجرا قىلىۋاتىسىلەر، بۇمۇ توغرا.

فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش داۋامىدا كەمبەغەل دىخانلار ئۇمىگى ۋە دىخانلار جەمىيىتى ئاساسىدا رايون، كەنتتىن (يېزىدىن) ئىبارەت 2 دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى — ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە. پەقەت ھەقىقىي كەڭ ئاممىنىڭ ئىرادىسى ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىلا ھەقىقىي خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى بولالايدۇ. بۇنداق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ھەممە ئازات رايونلاردا مەيدانغا كېلىشىگە ئەمدى ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بۇنداق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى تەسىس قىلىنغان ھامان، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ قېلىشى كېرەك، بارلىق تېگىشلىك ھوقۇق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋە ئۇ سايلاپ چىققان ھۆكۈمەت ۋېيۈەنخۇيىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم. شۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، كەمبەغەل دىخانلار ئۇمىگى ۋە دىخانلار جەمىيىتى ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ. بىز جايلارنىڭ يېزىلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى ئومۇمەن ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى تەسىس قىلىشنى ئويلىغان ئىدۇق. ھازىر سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلار شۇنىڭدەك باشقا ئازات رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرى يەر ئىسلاھاتى كۈرىشى داۋامىدىلا رايون، كەنتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ۋە ئۇ سايلاپ چىقىدىغان ھۆكۈمەت ۋېيۈەنخۇيىنى تەسىس قىلىشنىڭ مۇمكىن ۋە زۆرۈر

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىكەن، سىلەر شۇنداق قىلىشىڭلار كېرەك. بارلىق ئازات رايونلاردىمۇ شۇنداق قىلىنىشى كېرەك. رايون، كەنتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىنىپ بولغان چاغدا، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى تەسىس قىلىش ئاسان بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا بارلىق دېموكراتىك تەبىقىلەرنىڭ يەنى ئىشچىلار، دېھقانلار، مۇستەقىل ئەمگەكچىلەر، ئەركىن كەسىپكىلەر، زىيالىيلار، مىللىي سودا-سانائەتچىلەر ۋە كەيمىڭ شېنشىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئىمكان-يەتنىڭ بېرىچە قاتناشتۇرۇش لازىم. ئەلۋەتتە، بارلىق دېموكراتىك تەبىقىلەر بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى زورمۇ-زور سان تولدۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بازار-جېنلىرى بار يېزىلار بىلەن بازار-جېنلىرى يوق يېزىلارنى، بازار-جېنلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، شەھەر بىلەن يېزىنى پەرق ئەتكەن ھالدا شۇنىڭدەك زورمۇ-زور ئەمەس، بەلكى تەبىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

يەر ئىسلاھاتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇق ئاممىۋى كۈرەشتە 10 مىڭلىغان ئاكتىپ ۋە كادىر تەربىيىلەندى ھەم مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئاممە بىلەن ئالاقە باغلىغان، ئۇلار — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىقى. بۇنىڭ-دىن كېيىن، ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى خىزمەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ۋە مۇكاپاتلانغانلىقى

سەۋەبىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك.

مۇشۇلار ئارقىسىدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەر جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىسىدا، سەنشى-سۈيىۈەن ئازات رايونىنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا، ھازىر تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، دەپ ئېيتىش كېرەك. باشقا ئازات رايونلاردىن مۇشۇنداق ئىشلىگەنلىرىمۇ ئوخشاشلا مۇستەھكەملەندى.

2

سەنشى-سۈيىۈەن ئازات رايونىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى، رەھبەرلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسەن مۇنۇلار: a) بۇلتۇر ئەتىيازدا يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ يۈزمۇ-يۈز يوليورۇق كورسىتىشى ھەم بۇلتۇر ئەتىياز ۋە يازدا يولداش كاڭ شېڭنىڭ لىنشيەن ناھىيىسى خاۋجياپو مەمۇرى كەنتىدە ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا سەنشى-سۈيىۈەن فېنجۈيى بۇلتۇر 6-ئايدا دىۋېي شۇجىلىرى يىغىنى چاقىردى. بۇ يىغىندا، ئىلگىرىكى خىزمەتلەردە ساقلىنىپ كەلگەن ئوڭچىل ئېغىشلار پىپەن قىلىندى، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدىن چەتلەشتەك تۇرلۇك ئېغىر ھادىسىلەر تەلتوكۇس پاش قىلىندى، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قوزغاش فاكتىنى بەلگىلەندى. بۇ يىغىن ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مۇبادا بۇ يىغىن بولمىغان بولسا، بۇنداق زور يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يىغىننىڭ كەمچىلىكى شۇكى، كونا رايونلار،

يېرىم كونا رايونلار ۋە يېڭى رايونلارنىڭ پەرقلىق ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق خىزمەت فاڭجېنلىرى بەلگىلەنمىدى؛ سىنىپىي تەركىپلەرنى ئايرىش مەسىلىسىدە تولىمۇ سولچىل فاڭجېن قوللىنىلدى؛ فېئوداللىق تۈزۈمنى قانداق يوقىتىش مەسىلىسىدە پومېشچىكلارنىڭ كۆمۈلگەن ماللىرىنى تېپىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ كەتتى؛ شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ تەلىۋىگە مۇناسىۋەت قىلىش مەسىلىسىدە، سەگەكلىك بىلەن تەھلىل قىلىش كەمچىل بولۇپ، «ئاممە قانداق قىلىمىز دېسە، شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەن شوئار تومتاقلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېيىنكى بۇ مەسىلە يەنى پارتىيىنىڭ ئاممە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى: پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ، ئاممىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، خەلق ئاممىسى ئىچىدە تۇغۇلغان ناتوغرا پىكىرلەرنى بولسا ئاممىگە تەربىيە بېرىپ تۈزىتىشى لازىم ئىدى. دېۋېي شۇجىلىرى يىغىنى، پارتىيە ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك، دېگەن تەرەپنىلا تەكىتلەپ، پارتىيە ئاممىگە تەربىيە بېرىشى ۋە ئاممىگە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن تەرەپكە ئېتىۋارسىز قارىدى، نەتىجىدە، كېيىن بەزى جايلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلارغا ناتوغرا تەسىر بېرىپ، ئۇلاردا قۇيرۇقچىلىق خاتالىقىنى ئوتتۇ-رۇپ قويدى. b) سەنشى-سۈيۈەن فېنجۈيى بۇ يىل 1-ئايدا «سول»چىل ئېغىشلارنى تۈزىتىشنىڭ مۇۋاپىق تەدبىرلىرىنى قوللان-دى. بۇ تەدبىرلەر، فېنجۈيدىكى يولداشلار جۇڭگيانىڭ دىكابىر يىغىنىدىن② قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمەلگە قويۇلدى. فېنجۈي بۇ ھەقتە 5 ماددىلىق يوليورۇق③ چىقاردى. ئېغىشلارنى تۈزىتىشنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئاممىنىڭ تەلىۋىگە شۇنداق ئۇيغۇن كەلدىكى ھەم

شۇنداق چاپسان ۋە ئۇزۇل-كېسىل ئىجرا قىلىندىكى، قىسقا مۇددەت ئىچىدە بارلىق «سول»چىل ئېغىشلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تۈزىتىلدى.

## 3

سەنشى-سۆيىۋەندىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى رەھبەرلىك لۇشيەنى ئاساسەن توغرا بولدى. بۇ شۇنىڭدا ئىپادىلەندىكى، ئىجارە ۋە ئۆسۈم كېمەيتىلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئائىلىۋى توقۇمىچىلىق ئىشلىرى، ھەربى سانائەت ۋە بىر قىسىم يېنىك سانائەت خېلى دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ ئاساسى ئورنىتىلدى، دېموكراتىك ھوكۇمەت قۇرۇلدى، 100 مىڭغا يېقىن كىشىلىك بار خەلق ئارمىيىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ خىزمەتلەر ئاساس قىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلدى ھەم يەن شىشەن قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمى چېكىندۇرۇلدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە پارتىيە ۋە ھوكۇمەتتە كەمچىلىكلەر كورۇلدى، ئۇ بولسىمۇ ھازىر بىزگە تامامەن چۈشىنىشلىك بولغان ئۇلاردىكى مەلۇم دەرىجىدە تەركىپ ساپ بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىق ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىزمەتلەردە ئۇغۇلغان نۇرغۇن ناچار ھادىسىلەر. لېكىن، ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى خىزمەتلەر ئۇتۇقلۇق بولدى. بۇلار بىزگە، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلالىغۇدەك پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش دەۋرىدە، سەنشى ـ سۈييۈەندىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتىكى كەمچىلىك ياكى خاتالىقلىرى شۇكى، ئۇلار، ئاساسەن، ئەڭ كەڭ ئاممىگە تايىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى مەلۇم دەرىجىدە تەركىپ ساپ بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىقنى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىزمەتلەردە تۇغۇلغان ناچار ھادىسىلەرنى تۈگىتەلمىدى؛ بۇ ۋەزىپە سىلەرنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ئورۇنلىشىڭلارغا قېپقالدى. ئۇ چاغدا سەنشى ـ سۈييۈەندىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەقىقى ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشلۇغى كەم بولغانلىغى ــ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىنمۇ يولداشلار ساۋاق ئېلىشى كېرەك.

## 4

سەنشى ـ سۈييۈەندىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئورۇنلاش، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى ئەمدى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، بەلكى ئەھۋالغا قاراپ يېنىكلىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. سىلەر ھازىر ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئوتكۈزۈۋاتىسىلەر. ئالدىمىزدىكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن مەقسەت ــ بىر تەرەپتىن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش. سىلەردە

كەڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت بار، شۇنىڭدەك ماشىنا ئىشلە-
تىلىدىغان بىر قىسىم يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتمۇ بار.
سىلەرنىڭ مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ئوبدان رەھبەرلىك
قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن، ئۇنداق قىلمىساڭلار، سىلەرنى ياخشى
ماركسىزمچى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، ئىلگىرى
گۇەنلياۋجۇيىچى ئۇنسۇرلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، خەلق ئاممىسىگە
زىيىنى بار، پايدىسى يوق بولغان بېيەنگۇڭدۇي ۋە كوپېراتىپلارنىڭ④
ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى، بۇ تامامەن چۈشىنىشلىك، بۇنىڭدىن
ئەپسۇسلىنىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار — خەلق
ئاممىسى ھىمايە قىلغان بېيەنگۇڭدۇي، كوپېراتىپ ۋە باشقا زورۇر
ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلان-
دۇرۇش ھەم بۇنداق تەشكىلاتلارنى جايلارغا كېڭەيتىش.

## 5

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە يولداشلار كۆڭۈل بۆلدۇ.
بۇلتۇر پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك يەر يىغىنى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى
ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يېڭى فاڭجېن قوللىنىپ
قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئازات رايونلارنىڭ
ھەممىسىدە دېگۈدەك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يەر ئىسلاھاتىغا
دائىر كەڭ كۆلەملىك كادىرلار يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، پارتىيە ئىچىدە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوڭچىل ئىدىيىلەر پىپەن قىلىندى، پارتىيە
ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەركىب ساپ
بولماسلىق ياكى ئىستىل ساپ بولماسلىقتەك ئېغىر ھادىسىلەر
ئېچىپ تاشلاندى. كېيىن نۇرغۇن جايلاردا، يەنە مۇۋاپىق تەدبىرلەر

قوللىنىلىپ، «سول»چىل ئېغىشلار تۈزىتىلدى، ياكى تۈزىتىلىۋاتىدۇ. شۇنىداق قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى خىزمىتى يېڭى سىياسى ۋەزىيەت ۋە سىياسى ۋەزىپە ئاستىدا ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا قەدەم قويدى. خەلق جىيفاڭجۈنى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك يېقىنقى بىرقانچە ئاي ئىچىدە جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك تەرتىپكە سېلىش ـ تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇنىداق تەرتىپكە سېلىش ـ تەربىيىلەش تامامەن رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ۋە تەرتىپلىك ھالدا دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كەڭ جىزخۇيىۋەن ۋە جەڭچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى قىزغىنلىقى قوزغالدى، ئۇلار ئۇرۇشنىڭ مەقسىدىنى ئېنىق چۈشەندى، ئارمىيە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرقانچە ناتوغرا ئىدىيىۋى خاھىش ۋە ناچار ھادىسە تۈگىتىلدى، كادىرلار ۋە جەڭچىلەر تەربىيە ئالدى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئارمىيىنى بۇنداق دېموكراتىك، ئاممىۋى خاراكتېردا ۋە يېڭىچە تەرتىپكە سېلىش ھەركىتى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. سىلەر ئوچۇق كورۇۋاتالايسىلەركى، بىز ئەمەلگە قويغان ئۇلۇق تارىخى ئەھمىيەتلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىنىڭ بىرىنىمۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گومىنداڭ ئەمەلگە قويالمايدۇ. بىز تەرەپتە، ئۆز كەمچىلىگىمىز شۇنىداق ئەستايىدىل تۈزىتىلدىكى، پۈتۈن پارتىيىمىز ۋە پۈتۈن ئارمىيىمىز خۇددى بىر ئادەمدەك بولۇپ ئىتتىپاقلاشتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيىمىز ۋە پۈتۈن ئارمىيىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، داڭجۇڭياڭىمىز بەلگىلىگەن بارلىق سىياسەت ۋە

سىلۇبلەرنى ئۇنۇملۇك ئىجرا قىلىۋاتىدۇ، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دۇشمەنلىرىمىز تەرەپتە بولسا ھەممە ئەھۋال ئەكسىچە بولىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق چىرىكلەشتىكى، كۇنساپ كوپىيىۋاتقان، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىچكى جېدەل-غەۋغالارغا شۇنداق چوكۇپ كەتتىكى، خەلق تەرىپىدىن شۇنداق چورۇپ تاشلىنىپ، تامامەن يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدىكى، ئۇرۇشتا شۇنداق كوپ مەغلۇپ بولدىكى، ئۇلار مۇقەررەر سۇرەتتە ھالاكەتكە قاراپ ماڭدۇ. بۇلار — جۇڭگودىكى ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىنىڭ پۇتۇن ۋەزىيىتى.

بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا پۇتۇن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيىنىڭ زۇڭلۇشيەنىنى يەنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ لۇشيەنىنى چىڭ ئىگەللىشى لازىم. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ھېچقانداق باشقا ئىنقىلاپ ئەمەس، پەقەت پۇرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە، فېودالىزمغا ۋە گۇەنلياۋ كاپىتالىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاپلا بولىدۇ ۋە بولۇشى شەرت. دېمەك، بۇ ئىنقىلاپقا باشقا ھېچقانداق سىنىپ ۋە باشقا ھېچقانداق پارتىيە رەھبەر بولالمايدۇ، پەقەت پۇرولېتارىيات ۋە جۇڭگو كوڭچەنداڭلا رەھبەر بولالايدۇ ۋە بولۇشى شەرت. دېمەك، بۇ ئىنقىلاپقا قاتناشقان كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بىرلىكسەپ ناھايىتى كەڭ، ئۇ ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى، مۇستەقىل ئەمگەكچىلەرنى، ئەركىن كەسىپتىكىلەرنى، زىيالىيلارنى، مىللىي بۇرژۇئازلارنى ۋە پومېششىكلار سىنىپىدىن بولۇنۇپ چىققان بىر قىسىم كەيمىڭ شېنشىلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، بىزنىڭ خەلق ئاممىسى دېگىنىمىز ئەنە شۇلار. مۇشۇ خەلق ئاممىسى قۇرىدىغان دولەت — جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى، ھوكۇمەت — پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، دېموكراتىك سىنىپلارنىڭ بىرلەشمە ئىتتىپاقى بولغان دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت. بۇ ئىنقىلاپ ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان دۈشمەن پەقەت جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە كونىلىياۋ كاپىتالىزىملا بولىدۇ ۋە بولۇشى شەرت. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ مەركەزلەشكەن كۆرۈنۈشى — جياڭ جيېشى گومىنداڭىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقى.

فېئوداللىزم — جاھانگىرلىكنىڭ ۋە كونىلىياۋ كاپىتالىزىمنىڭ ئىتتىپاقچىسى ھەم ئۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش — جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ زۇڭلۇشيەنى كەمبەغەل دېھقانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى باسقۇچلۇق ۋە پەرقلىق ھالدا يوقىتىشتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. يەر ئىسلاھاتىدا تايىنىدىغان ئاساسىي كۈچ پەقەت كەمبەغەل دېھقانلارلا بولىدۇ ۋە بولۇشى شەرت. بۇ كەمبەغەل دېھقانلار تەبىقىسى ياللانما دېھقانلار بىلەن قوشۇلۇپ جۇڭگو يېزا ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەر ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ۋە بىۋاستە ۋەزىپىسى كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. يەر ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش لازىم، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلار يېزا ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن مۇستەھكەم بىرلىكسەپ تۈزۈشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلار يەتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، يەر ئىسلاھاتى مەغلۇپ بولىدۇ. يەر ئىسلاھا-

تىنىڭ بىر ۋەزىپىسى بەزى ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت. بىر قىسىم ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ ئادەتتىكى
كەمبەغەل دىخانلار ئىگە بولغان يەرنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسىدىن
يۇقۇرى ساندا يەر ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇش لازىم. بىزنىڭ
دىخانلارنىڭ يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەلىۋىنى قوللىشىمىز كەڭ
دىخانلار ئاممىسىنى قوزغاپ، فېودال پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ يەرگە
ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى چاپسان يوقىتىش ئۈچۈن بولۇپ،
ھەرگىز مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئەمەس.
كىمكى مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىكەن، ئۇ خاتا
قىلغان بولىدۇ. ھازىر يېزىلاردا سودا-سانائەتنى ۋەيران قىلىدىغان،
يەر تەقسىم قىلىش مەسىلىسىدە مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى قۇۋۋەت-
لەيدىغان بىر تۈرلۈك ئىدىيە تارقىلىپ يۈرمەكتە، بۇ، خاراكتېر
جەھەتتىن، ئەكسىيەتچىل، قالاق ۋە ئارقىغا چېكىنىش ئىدىيىسى.
بىز بۇنداق ئىدىيىنى پىپەن قىلىشىمىز لازىم. يەر ئىسلاھاتىنىڭ
دۈيشىاڭى پەقەت پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە كونىچە باي دىخانلار-
نىڭ فېوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىلا بولىدۇ ۋە بولۇشى شەرت،
مىللى بۇرژۇئازىيىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، پومىشچىكلار ۋە
باي دىخانلار ئىگىلىگىدىكى سودا-سانائەتكىمۇ زىيان يەتكۈزمەسلىك
كېرەك، ئېكسپىلاتاتسىيىسى بولمىغان ياكى پەقەت يېنىك ئېكسپىلا-
تاتسىيىسىلا بولغان ئوتتۇرا دىخانلار، مۇستەقىل ئەمگەكچىلەر،
ئەركىن كەسىپتىكىلەر ۋە يېڭىچە باي دىخانلارغا زىيان يەتكۈزمەس-
لىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يەر ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىدى
پومىشچىكلارنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى فېوداللىق ئېكس-
پىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىشتىن يەنى فېودال پومىشچىكلارنى سىنىپ

تەرىقىسىدە يوقىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، پومېشچىكلارغا دېخانلارغا ئوخشاش يەر ۋە مال ـ مۈلۈك تەقسىم قىلىپ بېرىش ھەم ئۇلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، خەلق ئىگىلىكى تۈرمۇشىنىڭ قاتارىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بېرىش لازىم. كەڭ خەلق ئاممىسى يامان كۆرىدىغان، جىنايەت پاكىتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ۋە زومىگەرلەرنى جازالاشقا بولىدۇ ۋە جازالاش كېرەك، بۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىگە كەڭچىلىك سىياسىتى قوللىنىش لازىم، ھەرقانداق قالايمىقان زەربە بېرىش ۋە قالايمىقان ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش لازىم. فېودال لىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش باسقۇچلۇق بولۇشى يەنى سىلىق بىلىك بولۇشى كېرەك. كۈرەش قوزغاشنىڭ سىلىق يېشىنى موھىت يار بەرگەن ئەھۋالغا، دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلەش لازىم، پۈتۈن فېودال لىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىر ئەتىگەندىلا يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك. يەر ئىسلاھاتىدا زەربە بېرىشنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى، جۇڭگو يېزىلىرىدىكى فېودال لىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئومۇمەن، يېزىلاردىكى ئائىلە سانىنىڭ تەخمىنەن 8 پىرسەنتىدىن، ئادەم سانىنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. كونا ۋە يېرىم كونا ئازات رايونلاردا بولسا بۇ سان يەنىمۇ ئازايتىلىشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋالدىن چەتلەپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى خاتا ھالدا كېڭەيتىۋېتىش خەۋپلىك. يېڭى رايونلاردا يەر ئىسلاھاتىنى يەنە رايونغا ۋە باسقۇچقا بولۇپ ئېلىپ بېرىش لازىم. رايونغا بولۇش دېگەنلىك، مۇستەھكەم ئىشغال قىلىپ تۇرۇشقا بولىدىغان جايلاردا،

كۇچنى مەركەزلەشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ۋە شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ تەلە-
ۋىگە ئۇيغۇن يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ هازىرچە
مۇستەھكەم ئىشغال قىلىپ تۇرۇش قىيىن بولغان جايلاردا بولسا، يەر
ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئالدىرىماستىن، پەقەت ئىشلەشكە بولىدى-
غان، هازىرقى ئەھۋال بويىچە ئاممىگە پايدىلىق بولغان بەزى
ئىشلارنىلا قىلىپ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۇتۇش كېرەك، دېگەن-
لىك بولىدۇ. باشقۇچىقا بولۇش دېگەنلىك، خەلق جىيىفاڭجۇنى
ئەمدىلا ئىشغال قىلغان جايلاردا، باي دېخانلارنى بىتەرەپ قالدۇ-
رۇش ۋە ئوتتۇرا، كىچىك پومىشچىكلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش
سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، زەربە بېرىش
دائىرىسىنى پەقەت گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق كۇچلىرىنىلا
يوقىتىش ۋە تۇخاۋ - لىيشېنلار، زومىگەرلەرگىلا زەربە بېرىشكە قەدەر
تارايتىش كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. بارلىق كۇچنى مەركەزلەشتۇ-
رۇپ، مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى يېڭى رايونلار خىزمىتىنىڭ بىرىنچى
باسقۇچى قىلىش لازىم. ئاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى
ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىش ئەھۋالىغا قاراپ،
پۈتۈن فېوداللىق تۇزۇمنى يوقىتىش باسقۇچىغا پەيدىن - پەي ئۆتۈش
كېرەك. يېڭى رايونلاردا ئوچۇق مال ۋە يەرلەرنى تەقسىم قىلىشنى
موھلەت بىرقەدەر تىنچلانغان ۋە مۇتلەق كوپچىلىك ئاممە تولۇق
هەركەتلەنگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىش لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا،
تەۋەككۇلچىلىك بولىدۇ، ئىشەنچسىز بولىدۇ، زىيىنى بار، پايدىسى
يوق بولىدۇ. يېڭى رايونلاردا يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
دەۋرىدىكى تەجرىبىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. فېوداللىق
تۈزۈمنى پەرقلىق هالدا يوقىتىش دېگىنىمىز، پومىشچىكلار بىلەن باي

دېخانىلارنى پەرق ئېتىش، يومشىكلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىكلىرىنى پەرق ئېتىش، يومشىكلار ۋە باي دېخانلار ئىچىدىكى زومىگەرلەر بىلەن زومىگەر ئەمەسلەرنى پەرق ئېتىش كېرەك، يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش ۋە فېوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىشتىن ئىبارەت چوڭ پىرىنسىپ ئاستىدا، مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدىكى كىشىلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى بىردەك قىلىۋەتمەي، پەرقلىق ھالدا بەلگىلەش ۋە قوللىنىش كېرەك، دىگەنلىك بولىدۇ. بىز مۇشۇنداق قىلغان چاغدا، كىشىلەر بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولدى، دەپ ھېس قىلىدۇ. يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش — يەر ئىسلاھاتىنىڭ بىۋاستە مەقسىدى. پەقەت فېوداللىق تۈزۈمنى يوقاتقاندىلا، يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتىغا ئىرىشكىلى بولىدۇ. ھەر-قانداق جايدا فېودالىق تۈزۈم يوقىتىلىپ، يەر ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ بولغان ھامان، پارتىيە ۋە دېموكراتىك ھوكۇمەت يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزىلاردىكى مۇمكىن بولغان بارلىق كۈچلەرنى يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەرىپىگە يوتكەپ، ھەمكارلىق-كوپېراتسىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، يېڭى ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشى-لىشى، ئۇرۇق تاللاشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى، شۇنداق قىلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى مۇمكىنلىككە ئايلاندۇرۇشى لازىم. يېزىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئەڭ كوپ قىسمى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە بازار-جېنلاردىكي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەرىپىگە قارىتىلىشى لازىم. يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە بازار-جېنلاردىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى
تېزدىن ئەسلىگە كەلتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، فېوداللىق
تۈزۈمنى يوقىتىش كۈرىشىدە، پايدىلانغىلى بولىدىغان ھەممە ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى بارلىق تىرىش-
چانلىقلار بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت
بېرىش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش
ۋاستىلىرىنى بۇزۇشىغا ھەم ئىسراپ قىلىشىغا تېگىشلىك چارىلەر
بىلەن قەتئىي قارشى تۇرۇش، چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىشكە قارشى
تۇرۇش، ئىقتىسات قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دېخانلارنى ھازىرقى
ئىقتىسادىي شارائىت يار بەرگەن، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ئاساس
قىلغان تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستىمال بويىچە كوپېراتسىيە
تەشكىلاتلىرىنى ئىختىيارىيلىق پىرىنسىپى ئاستىدا پەيدىن-پەي
تەشكىل قىلىشقا دەۋەت قىلىش لازىم. فېوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىش،
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش سانائەت ئىشلەپ-
چىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىنى سانائەت
مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ۋەزىپىسىگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ، بۇ —
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى.

يولداشلارغا مەلۇم، پارتىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ زۇڭلۇشيەنى
ۋە باش سىياسىتىنى بەلگىلىدى، يەنە تۇرلۇك كونكرېت خىزمەت
لۇشيەنلىرى ۋە تۇرلۇك كونكرېت سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. لېكىن،
نۇرغۇن يولداشلار، كوپ ۋاقىتلاردا، پارتىيىمىزنىڭ كونكرېت،
ئايرىم خىزمەت لۇشيەنلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى ئېسىدە تۇتۇپ،

پارتىيىمىزنىڭ يۇمۇلۇشىيەنى ۋە باش سىياسىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. ئەگەر بىز پارتىيىمىزنىڭ يۇمۇلۇشىيەنى ۋە باش سىياسىتىنى ھەقىقەتەن ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىدىكەنمىز، مۇكەممەل بولمىغان، سەگەك بولمىغان، قارىغۇ ئىنقىلاپچى بولۇپ قالىمىز، كونكرېت خىزمەت لۇشيەنلىرى ۋە كونكرېت سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىدىغان ۋاقتىمىزدا، يونىلۇشىمىزدىن ئادىشىپ قالىمىز، ئوڭ-سولغا تەۋرىنىپ قالىمىز، خىزمىتىمىزگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىمىز.

يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ ئۆتەي:

پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە، فېئوداليزمغا ۋە گومىنداڭ كاپىتاليزمىغا قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاپ — جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھازىرقى تارىخىي باسقۇچتىكى يۇمۇلۇشىيەنى ۋە باش سىياسىتى.

كەمبەغەل دېھقانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى باسقۇچلۇق ۋە پەرقلىق ھالدا يوقىتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ يۇمۇلۇشىيەنى ۋە باش سىياسىتى.

## ئىزاھلار

① جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇ يوليورۇقى 1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چىقىرىلغان. بۇ يوليورۇقتا، ئازات رايونلارنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش

خىزمىتىگە دائىر بىرقاتار سىياسەتلەر ۋە ئۇسۇللار بەلگىلەنگەن، بەزى جايلاردا مۇشۇ ئىككى خىزمەت داۋامىدا يۈزبەرگەن «سول»چىل ئېغىشلار ئالاھىدە تۈزىتىلگەن.

② دېكابىر يىغىنى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن ئەسەرنىڭ ماۋزۇ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ بۇ 1948-يىل 1-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ سەنشى-سۇيىۋەن فېنجۈيى چىقارغان «خاتا بېكىتىلىپ قالغان تەركىپلەرنى تۈزىتىش ۋە ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش توغرىسىدا يوليورۇق»نى كۆرسىتىدۇ. يوليورۇقنىڭ مەزمۇنى جەمى 5 ماددىغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ موھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: 1) سىنىپىي تەركىپلەرنى ئايرىش ئۆلچىمى ئايدىڭ بولمىغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك تەلىۋى ئاستىدا بىرمۇنچە كىشىلەر سۈنئىي يومشىمىك ۋە باي دېھقان قىلىپ خاتا بېكىتىلىپ قالغان، بولۇپمۇ ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار باي دېھقان قىلىپ خاتا بېكىتىلىپ قالغان، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا تەسىر يەتكۈزۈلگەن، بۇ خاتا. 2) يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خاتالىقنى مۇۋاپىق تەدبىر كۆرۈپ، قەتئىي تۈردە دېھقانلارغا چۈشەنچە بېرىپ تۈزىتىش كېرەك. ئېلىنغان مال-مۈلۈكنى مۇۋاپىق ھالدا قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. 3) دېھقانلارغا ۋە كادىرلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەككى، سىنىپىي تەركىپلەرنى ئايرىشتا ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنى بىردىن-بىر ئۆلچەم قىلىش كېرەك. تەركىۋى خاتا بېكىتىلىپ قالغانلىرىنى تۈزىتىش لازىم. 4) كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش پىرىنسىپىنى ئىگەللەش لازىم. دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئۈچتىن بىرچە نىسبەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، شۇنىڭدەك باج ئېلىشتا، يەر ئىسلاھاتىدا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىۋار بېرىش لازىم. 5) پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىنىپىي سىياسىتىنى مەسئۇل كادىرلار ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئوتتۇلگەن خاتالىقلارنىڭ ھەممىنى

پارتىيىنىڭ ئوتتۇرا دېخانلارغا قاراتقان سىياسىتى بويىچە تۈزىتىش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممە ئارقىلىق تۈزىتىش كېرەك. سەنشى-سۈييۈەن فېنجۈيى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 5 ماددىلىق يولىيورۇقنى چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «سودا-سانائەتنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق» چىقىرىپ، يەر ئىسلاھاتىدا سودا-سانائەتكە تېگىپ قويۇش ئېغىشلىرىنى تۈزەتتى.

④ بۇ يەردە تەمىنات-سودا كوپىراتىۋى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# «جىن-سۈي رىباۋ» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن سۆھبەت

**(1948-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى)**

بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ۋە كادىرلارغىلا بىلدۈرۈپ قالماستىن، كەڭ ئاممىغىمۇ بىلدۈرۈش كېرەك. سىياسەتكە دائىر مەسىلىلەرنى، ئومۇمەن، پارتىيە گېزىتلىرىدە ياكى ژۇرناللىرىدا تەشۋىق قىلىش كېرەك. بىز يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. يەر ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەتلەرنى گېزىتلەردە ئېلان قىلىپ، رادىيو ئىستانسىلىرى ئارقىلىق ئاڭلىتىپ، كەڭ ئاممىغا بىلدۈرۈش كېرەك. ئاممە ھەقىقەتنى بىلسىلا، ئورتاق مەقسەتتە بولسىلا، يەكدىللىك بىلەن ئىشلەيدۇ. بۇ جەڭ قىلىشقا ئوخشايدۇ، جەڭنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن، كادىرلارلا يەكدىل بولۇپ قالماي، جەڭچىلەرمۇ يەكدىل بولۇشى كېرەك. شىمالىي شەنشىدىكى قىسىملار ئىچىدە تەرتىپكە سېلىش-تەربىيىلەش ۋە دەرت تۆكۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، جەڭچىلەرنىڭ ئاڭ-سېزىمى ئۆستى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقىنى

چۇشەنـدى، ھەممىسى مۇشتىنى تۈگۈپ تەيـيار تۇردى، كوتىرەڭگۈ روھتا بولدى، جەڭگە كىرىپلا، غەلىبە قازاندى. ئامـمە يەكـدىل بولغانـدا، ھەمـمە ئىش ئاسان بولىدۇ. ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى ئاممىگە ئۆز مەنپەئەتىـنى تونۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقـلاشتۇرۇپ، ئۆز مەنـپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. گېزىتنىڭ رولى ۋە كۈچى پارتىيىنىڭ گاڭلىڭ ۋە لۇشيەن-لىرىنى، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى، خىزمەت ۋەزىپىلىرى ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئاممە بىلەن ناھايىتى تېز ۋە ناھايىـتى كەڭ كولەمدە يۈز كورۈشتۈرەلىشىدە.

بىزنىڭ بەزى جايلاردىكى رەھبىرىي ئورگانلىرىمىزدا بەزىلەر، پارتىيە سىياسەتلىرىنى پەقەت رەھبەرلەر بىلسە بولدى، ئاممىگە بىلـ-دۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ ـ بىزنىڭ بەزى خىزمەتـ-لىرىمىزنىڭ ئوبدان ئىشلەنمەي قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ بىرى. پارتىيىمىز يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدە سوزلەپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئەزەلدىنلا، ئىنقىلاپتا خەلق ئاممىسىگە تايىنىشنى، ھەممەيلەن قول سېلىپ ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا تايىنىپ بۇيرۇق بىلەن ئىش قىلىشقا قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن بەزى يولداشلار ئۆز خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى ھېلىمۇ ئىزچىل قوللىنالمايۋاتىدۇ، ئۇلار تېخىچە ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا تايىنىپ، سوس ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار بىرەر ئىشنى قىلىشتا، ھەمىشە، رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلارغا ئوچۇق چۇشەندۇرۇشنى خالىمايدۇ، رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلارنىڭ

ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادىـي كۈچىنى جارى قىلىشنى ئۇقمايدۇ. ئۇلار جۇگۇەن جەھەتتە ھەممەيلەننىڭ قول سېلىپ ئىشلىشنى ئىزلىسىمۇ، لېكىن قىلىنىدىغان ئىشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، قانىداق ئىشلەش كېرەكلىكىنى كوپچىلىككە بىلدۈرمەيدۇ، بۇنداق بولغاندا، كوپچىلىكنى قانىداقمۇ ھەركەتلەنىدۈرگىلى، ئىشنى قانىداقمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولسۇن؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ موھىمى، ئەلۋەتتە، ئىدېيە جەھەتتىن ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يولداشلارغا كوپلىگەن كونكرېت چارىلەرنىمۇ ئۈگىتىش لازىم. بۇ چارىلەرنىڭ بىرى — گېزىتتىن تولۇق پايدىلىنىش. گېزىتنى ياخشى چىقىرىش، چىقارغاندىمۇ كىشىلەرنى زوقلاندۇرىدىغان قىلىپ چىقىرىش، گېزىتتە پارتىيىنىڭ فاكجېن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا تەشۋىق قىلىش، گېزىت ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئاممە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش — بۇ، پارتىيە خىزمىتىدە كىچىك چاغلاشقا بولمايدىغان، زور پىرىنسىپلىق ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە.

يولداشلار، سىلەر گېزىتچىلىك قىلىسىلەر. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار ئاممىنى تەربىيىلەشتىن، ئاممىگە ئۆز مەنپەئەتىنى، ئۆز ۋەزىپىسىنى ھەم پارتىيىنىڭ فاكجېن ۋە سىياسەتلىرىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. گېزىت چىقىرىشتىمۇ، باشقا ئىشلارغا ئوخشاش، ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، گېزىتنى ئوبدان ۋە جانلىق چىقارغىلى بولىدۇ. گېزىتىمىزنىمۇ كوپچىلىككە، پۈتۈن خەلق ئاممىسىگە، پۈتۈن پارتىيىگە تايىنىپ چىقىرىشىمىز كېرەك، ئۇنى ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا تايىنىپ، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ چىقىرىش يارىمايدۇ. گېزىتىمىز ھەر كۈنى ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدە سوزلەۋاتىدۇ، ئەمما گېزىتخانىلار بولسا ئۆز خىزمىتىدە، كوپىنچە، ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلگە قويماي

كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، گېزىتتە دائىم ھەرپ خاتالىقى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى — ھەرپ خاتالىقىنى تۈگىتىشنى بىر ئىش قاتارىدا ئەستايىدىل ئىشلىمىگەنلىك. ئەگەر گېزىتتە ھەرپ خاتالىقى كۆرۈلسە، ئاممىۋى لۇشيەن ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گېزىتخانىنىڭ بارلىق خادىم-لىرىنى يىغىپ، باشقا ئىش ئۈستىدە ئەمەس، مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىپ، خاتالىقنىڭ تۇغۇلۇش ئەھۋالىنى، خاتالىقنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ۋە خاتالىقنى تۈگىتىشنىڭ چارىلىرىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ، كۆپچىلىكنى ئەستايىدىل دىققەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش لازىم. مۇشۇنداق 4 — 5 قېتىم سۆزلىسەكلا، خاتالىقلارنى چوقۇم تۈزەتكىلى بولىدۇ. كىچىك ئىشلاردا شۇنداق بولىدۇ، چوڭ ئىشلاردىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئاممىنىڭ ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش، ھەر بىر ھەركىتىمىزنى، ھەر بىر كۈرىشىمىزنى رەھ-بىرىي كادىرلارغىلا بىلدۈرۈپ قالماي، بەلكى كەڭ ئاممىغىمۇ بىلدۈرۈشكە، ئىگەللىتىشكە ماھىر بولۇش — ماركسىزم - لېنىنىزىمچە رەھبەرلىك سەنئىتى. خىزمىتىمىزدە خاتالىشىش - خاتالاشماسلىقنىڭ چېگرىسىمۇ مۇشۇ يەردە. ئاممە تېخى ئويغانمىغان چاغدا ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇ تەۋەككۈلچىلىك بولىدۇ. ئاممە قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى ئۇلارغا زورمۇ - زور قىلدۇرساق، نەتىجىدە چوقۇم مەغلۇپ بولىمىز. ئاممە ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا ئالغا باسمىساق، ئۇ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق بولىدۇ. چېن دۇشيۇ جىخۇيجۇيىسىنىڭ خاتالىقى ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىدىن كېيىن قالغانلىق، ئاممىنىڭ ئالغا بېسىشىغا رەھبەرلىك قىلالمىغانلىق بەلكى ئاممىنىڭ ئالغا بېسىشىغا قارشى تۇرغانلىقتىن ئىبارەت بولىدى. بۇ مەسىلىلەرنى

نۇرغۇن يولداشلار تېخى چۈشەنمەيدۇ. كوپچىلىكنىڭ چۈشىنىشىنى ئۇچۇن بىزنىڭ گېزىتىلىرىمىز بۇ نۇقتىنەزەرلەرنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

گېزىت خادىملىرى ئاممىنى تەربىيىلەش ئۇچۇن ئەڭ ئاۋال ئاممىدىن ئۇگىنىشى كېرەك. يولداشلار، سىلەر ھەممىڭلار زىيالىلار. زىيالىلار، كوپىنچە، ئىشنىڭ يولىنى ئۇقمايدۇ، ئەمەلىي ئىشلارنى، كوپىنچە، بىشىدىن كەچۇرمىگەن، ياكى ناھايىتى ئاز كەچۇرگەن. سىلەر 1933 ـ يىلى تۇزۇلگەن «يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك» دىگەن كىتاپچىنى كورسەتكىلار ئانچە چۈشەنمەيسىلەر؛ بۇ جەھەتتە دىخانلار سىلەردىن ئارتۇق، سوزلەپ بېرىلسىلا، ئۇلار چۈشىنىدۇ. گوشيەن ناھىيىسىنىڭ 2 رايونىدىكى دىخانلاردىن 180 نەچچە كىشى 5 كۈن مەجلىس ئېچىپ، يەر تەقسىماتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلىشقان. ئەگەر ئۇ مەسىلىلەرنى سىلەرنىڭ تەھرىر بولۇمۇڭلار مۇزاكىرە قىلغان بولسا، ئېھتىمال، 2 ھەپتىدىمۇ ھەل قىلالماس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى: سىلەر ئۇ مەسىلىلەرنى ئۇقمايسىلەر. ئۇقماسلىقتىن ئۇقىدىغان بولۇش ئۇچۇن، ئىشلەش كېرەك، كورۇش كېرەك، بۇ ــ ئۇگىنىش. گېزىتخانىدىكى يولداشلار نوۋەتلىشىپ، بىرەر مەزگىل ئاممىۋى خىزمەتكە، بىرەر مەزگىل يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتنىشىشى لازىم، بۇنداق قىلىش ناھايىتى زورۇر. ئاممىۋى خىزمەتكە قاتناشمىغان چاغلاردىمۇ، ئاممىۋى ھەركەتكە دائىر ماتېرىياللارنى كوپ ئاڭلاش، كوپ كورۇش لازىم ھەمدە بۇ ماتېرىياللارنى بىجانىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك. بىزنىڭ ھەربى تەلىم ئىشىدىكى شوئارىمىز: «جۇنگۇەنلەر ئەسكەرلەرگە ئۇگىتىش، ئەسكەرلەر جۇنگۇەنلەرگە ئۇگىتىش، ئەسكەرلەر

ئەسكەرلەرگە ئۆگەتتى.» جەڭچىلەر جەڭ قىلىشنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئىگە. جۇڭگو ئەمەلدار جەڭچىلەردىن ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆز تەجرىبىسىگە ئايلاندۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ماھارىتى ئاشىدۇ. گېزىتخانىدىكى يولداشلارمۇ توۋەندىن ئىنكاس قىلىنغان ماتېرىياللارنى ھەمىشە ئۆگىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي بىلىملىرىنى بېيىتىشى، ئۆزلىرىنى تەجرىبىلىك كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلساڭلار، خىزمەتنىڭلارنى ياخشى ئىشلىيەلەيسىلەر، ئاممىگە تەربىيە بېرىش ۋەزىپەڭلارنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايسىلەر.

«جىن ـ سۈي ربىاۋ» گېزىتى بۇلتۇر 6 ـ ئايدا ئوتكۈزۈلگەن دىۋېي شۇجىلىرى يىغىنىدىن كېيىن ناھايىتى زور ئالغا باستى. مەزمۇنغا باي، ئوتكۈر، كەسكىن، جانلىق بولدى، ئۇلۇق ئاممىۋى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈردى، ئامما ئۇچۇن سوزلىدى. مەن ئۇنى كورۇپ تۇرۇشنى ناھايىتى خالايتتىم. لېكىن بۇ يىل 1 ـ ئايدىن تارتىپ «سول»چىل ئېغىش تۈزىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، سىلەرنىڭ گېزىتىڭلار بىر ئاز بوششىپ قالغاندەك بولدى، دىگەندەك ئېنىق بولمىدى، دىگەندەك كەسكىن بولمىدى، ماتېرىياللىرىمۇ ئازىيىپ كەتتى، كىشىنىڭ ئانچە كوركۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سىلەر ھازىر خىزمىتىڭلارنى تەكشۈرۈپ، تەجرىبەڭلارنى يەكۈنلەۋاتىسىلەر، بۇنداق قىلىش ناھايىتى ياخشى. ئوڭچىللىققا ۋە «سول»چىللىققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مېڭەڭلارنى سەگەك قىلساڭلار، خىزمىتىڭلار ياخشىلىنىدۇ.

«جىن ـ سۈي ربىاۋ» گېزىتىنىڭ بۇلتۇر 6 ـ ئايدىن كېيىن ئېلىپ بارغان ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەشى پۈتۈنلەي توغرا بولدى. ئوڭچىل-

لىقتا قارشى كۆرەشتە، سىلەر ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئاممىۋى ھەركەت-
نىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردۈڭلار. ئۇزەڭلار خاتا
دەپ ھېساپلىغان نۇقتىنەزەر ۋە ماتېرىيالاللارغا «تەھرىر سۆزى»
دېگەن شەكىل بىلەن ئىزاھ بەردىڭلار. سىلەر بەرگەن ئىزاھتا كېيىن
كەمچىلىكلەرمۇ كۆرۈلدى، لېكىن بۇنداق ئەستايىدىل ئىشلەش روھىڭ-
لار ياخشى. سىلەرنىڭ كەمچىلىكىڭلار شۇكى، ئاساسەن، ئۇقيانىڭ
زېيىنى بەك چىڭ تارتىۋەتتىڭلار. بەك چىڭ تارتىۋەتكەندە، زەي
ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. قەدىمكىلەر: «ۋېيىۋاڭ، ۋۇۋاڭنىڭ تۇتقان يولى —
گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش»[1] دەيدۇ، ھازىر «بوشىتىپ» قويۇلسا،
يولداشلىرىمىز سەگەكلىشىپ قالىدۇ. ئۇتكەندىكى خىزمەتلەردە ئۇتۇق
بار، لېكىن كەمچىلىكمۇ بار، كەمچىلىك، ئاساسەن، «سول»چىل
ئېغىشتىن ئىبارەت. ئەمدى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە چىقى-
رىلىپ، «سول»چىل ئېغىشلار تۈزىتىلسە، تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازانغىلى
بولىدۇ.

بىز ئېغىشلارنى تۈزىتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بەزىلەر ئىلگىرىكى
خىزمەتلەرنى، ھېچقانداق ئۇتۇق يوق، تامامەن خاتا بولدى، دەپ
قارىدى. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ كىشىلەر پارتىيىنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن
دېخانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارنى يەرگە ئىگە قىلىپ، فېودال-
زىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرتىپكە
سېلىنغانلىقىنى، كادىرلارنىڭ ئىستىلىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، ھازىر
يەنە «سول»چىل ئېغىشلارنىڭ تۈزىتىلگەنلىكىنى، كادىرلار ۋە
ئاممىنىڭ تەربىيىلەنگەنلىكىنى كۆرمىدى. بۇلار ناھايىتى زور ئۇتۇق
ئەمەسمۇ؟ ئۇز خىزمىتىمىزگە، ئاممىنىڭ ئىشىغا نىسبەتەن تەھلىل
قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىز، ھەممىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىكىمىز

لازىم. ئۆتكەندە «سول»چىل ئېغىشلارنىڭ يۈزبېرىشى كۆپچىلىكتە تەجرىبە بولمىغانلىقتىن بولدى. تەجرىبە بولمىسا، خاتالىشىشتىن خالىي بولۇش قىيىن. تەجرىبىسىزلىكتىن تەجرىبىلىك بولۇش ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. كۆپچىلىك، بۇلتۇر 6-ئايدىن ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە، ئوڭچىللىققا ۋە «سول»چىللىققا قارشى كۈرەشلەر ئارقىلىق، ئوڭچىللىققا ۋە «سول»چىللىققا قارشى تۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. بۇنداق بىر جەريان بولمىغان بولسا، كۆپچىلىك ئۇنى بىلەلمىگەن بولاتتى.

خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندىن كېيىن، گېزىتچىلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان چىقىشىغا ئىشىنىمەن. گېزىتچىلارنىڭ ئۆتكەندىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساقلاپ، گېزىتنى ئۆتكۈر، كەسكىن، روشەن قىلىشىڭلار ۋە ئەستايىدىل باشقۇرۇشۇڭلار كېرەك. بىز ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، ھەقىقەتنىڭ بولسا بايرىقى روشەن بولۇشى لازىم. بىز كوممۇنىستلار ئەزەلدىن ئۆز نۇقتىنەزىرىنى يوشۇرۇشنى نومۇس دەپ بىلىمىز. پارتىيىمىز چىقىرىدىغان گېزىتلەر، پارتىيىمىز ئېلىپ بارغان بارلىق تەشۋىقات خىزمەتلىرى جانلىق، روشەن ۋە ئۆتكۈر بولۇشى، ئۇلاردا قىلچە دۇدۇقلاش بولماسلىقى كېرەك. بۇ — بىز ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتتا بولۇشقا تېگىشلىك جەڭگىۋار خىسلەت. خەلققە تەربىيە بېرىپ، ھەقىقەتنى تونۇتىمىز ۋە خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرىمىز دېسەك، بىزدە ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار خىسلەت بولۇشى لازىم. گال پىچاق بىلەن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ قان چىقارغىلى بولمايدۇ.

## ئىزاھ

① «لىجى» دېگەن كىتاپنىڭ «زاجى 2-قىسمى»غا قارالسۇن. ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «بوشاتماي چىڭىتىۋېرىش ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، چىڭىتماي بوشىتىۋېرىش ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭغا ياقمايدۇ. گاھ چىڭىتىش، گاھ بوشىتىش — ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭنىڭ تۇتقان يولى.» ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭ — جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋاڭلىرى.

# لوياڭ قايتا ئېلنغاندن كېيىن، لوياڭ ئالدنقى سەپ جۈخۈيبۇ- سغا ئەۋەتلگەن ديەنباۋ*

(1948- يل 4- ئاينڭ 8- كۈنى)

لوياڭ قايتا ئېلنندى①، ئەمدى مۇستەهكەم تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكن. شەهەر سياستى توغرسدا تۆۋەندىكلەرگە دىققەت قلش لازم.

1. گومنداڭنڭ هوكۇمرانلق ئاپاراتلرىدىكى خادىملارنى ناهايتى ئېهتىيات بلەن ئېنقلاپ چقىپ، ئۇلارنڭ ئچىدىكى ئاساسي ئەكسيەتچلەرنلا قولغا ئېلش كېرەك، چېتلش دائرىسنى بەك كېڭەيتىۋەتمەسلك لازم.

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭيانڭ ديەنباۋسى. بۇ ديەنباۋنڭ مەزمۇنى لوياڭغىلا مۇۋاپىق بولۇپ قالماي، بارلق يېڭى ئازات قلنغان شەهەرلەرگىمۇ ئاساسەن مۇۋاپىق بولغاچقا، بۇ ديەنباۋ باشقا ئالدنقى سەپلەردىكى ۋە باشقا رايونلاردىكى رەهبىري يولداشلارغىمۇ بىرلا ۋاقتتا ئەۋەتلگەن.

2. گۆەنلياۋ كاپىتالىغا نسبەتەن ئېنىق چېگرا بولۇش كېرەك، گومنداڭچىلار ئىگىلىگەندىكى سودا ـ سانائەتنىڭ ھەممىسىنى گۆەنلياۋ كاپىتال دەپ مۇسادىرە قىلىۋەرمەسلىك كېرەك. ھەقىقەتەن گومنداڭنىڭ مەركىزىي ھوكۇمىتى، ئۆلكىلىك ھوكۇمەتلىرى، ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك ھوكۇمەتلىرى ئىگىلىگەن بولغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان يەنى پۈتۈنلەي ھوكۇمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان سودا ـ سانائەتلەرگە قارىتا دېموكراتىك ھوكۇمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. لېكىن دېموكراتىك ھوكۇمەت ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشقا ھازىرچە ئۈلگۈرەلمىسە، ياكى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشقا ھازىرچە قادىر بولالمىسا، تاكى دېموكراتىك ھوكۇمەت ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋالغانغا قەدەر بۇرۇن باشقۇرۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا ۋاقىتىنچە ھاۋالە قىلىش كېرەك. بۇ سودا ـ سانائەتلەرنى باشقۇرۇش ئىشىغا ئىشچىلار ۋە تېخنىكلارنى قاتناشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىشىنىش كېرەك. ئەگەر گومنداڭچىلار قېچىپ كېتىپ، كارخانىلار توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولسا، ئىشچىلار ۋە تېخنىكلار ۋەكىل سايلاپ، گۆەنلىۋېيىۋەنخۇي تەشكىل قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرۇشى، ئاندىن كېيىن دېموكراتىك ھوكۇمەت جىگلى ۋە چاڭجاڭ تەيىنلەپ، ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇشى كېرەك. گومنداڭنىڭ مەشھۇر چوڭ گۆەنلياۋلىرى ئىگىلىگەندىكى كارخانىلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپ ۋە چارىلەر بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىشى كېرەك. كىچىك گۆەنلياۋ ۋە پومېشچىكلار باشقۇرغان سودا ـ سانائەتلەر بولسا مۇسادىرە قىلىنىدىغانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. مىللى بۇرژۇئازىيە

ئىگىلىگىدىكى بارلىق كارخانىلارغا تېگىش قاتتىق مەنى قىلىندۇ.

3. دېخانىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ پومىششىكلارنى تۇتۇپ كېتىشنى ۋە كۈرەش قىلىشنى مەنى قىلىش كېرەك. يېرى يېزىدا، ئۇيى شەھەردە بولغان پومىششىكلارنى شەھەرلىك دېموكراتىك ھوكۇمەت قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشى لازىم. ئۇلاردىن جىنايىتى چېكىدىن ئاشقانلىرى، يېزا دېخانىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، يېزىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلسە بولىدۇ.

4. يېڭىدىن شەھەرگە كىرگەن چاغلاردا ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىش ۋاقتىنى قىسقارتىش شوئارىنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئىش ۋاقتىنى قىسقارتماسلىققا مۇمكىن بولسا، ئاۋالقى ئىش ھەققى سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىنسا، شۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش. كەلگۈسىدە، مۇۋاپىق ھالدا، ئىش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا، ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى ئىقتىسادىي ئەھۋالغا يەنى كارخانىلارنىڭ تەرەققى قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

5. شەھەر خەلقىنى دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاش كۈرىشىگە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. شەھەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرى يولغا سېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كوڭلى خاتىرجەم بولغان، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋال ئېنىقلانغان ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىلىرى تۈزۈپ چىقىلغان چاغدا، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ، ئۆز لايىقىدا ئىش كورۈلسە بولىدۇ.

6. چوڭ شەھەرلەردە ھازىرقى مەركىزىي مەسىلە — ئاشلىق ۋە يېقىلغۇ مەسىلىسى، بۇنى پىلانلىق ھەل قىلىش لازىم. شەھەرلەر

بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكەن هامان، كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلە-
سىنى پىلانلىق رەۋىشتە قەدەممۇ-قەدەم هەل قىلىشىمىز لازىم.
«ساقىنى ئېچىپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا
قويماسلىق لازىم. ئۇلاردا هوكۇمەتنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىۋالىدىغان
روهىي هالەتنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

7. گومىنداڭ ئەزالىرى ۋە سەنچىڭتۇەن ئەزالىرىنى ئوبدان
ئىنقىلاپ چىقىش ۋە تىزىمغا ئېلىش لازىم.

8. هەممىدە ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇش كېرەك. ئومۇم ۋە خۇ-
سۇسلار ئىگىلىگىدىكى هەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى
بۇزۇشنى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىسراپ قىلىشنى قاتتىق مەنئى
قىلىش، چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىشنى مەنئى قىلىش، ئىقتىسات قىلىشقا
دىققەت قىلىش لازىم.

9. شۆبىي شۇجىلىغا ۋە شىجاڭلىققا سىياسەتنى چۈشەندۈرگەن،
قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەيىنلەش لازىم. شۆبىي شۇجىلىرى ۋە
شىجاڭلار ئوز قارىمىقىدىكى بارلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارغا
شەهەر سىياستى ۋە سىلۇبىسنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈشى كېرەك.
شەهەرلەر خەلقنىڭ قولىغا ئوتكەندىن كېيىن، هەممە ئىشتا، شەهەرنى
خەلق ئوزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرسۇن، دىگەن روهنى چىقىش نۇقتا
قىلىش كېرەك. گومىنداڭ باشقۇرۇۋاتقان شەهەرلەرگە قارىتىلغان
سىياسەت ۋە سىلۇبلەر خەلق ئوزى باشقۇرۇۋاتقان شەهەرلەرگە قارىتا
قوللىنىلىدىغان بولسا، پۈتۈنلەي خاتا بولىدۇ.

### ئىزاه

① لوياڭ ئۇ چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خېنەننىڭ غەربىي

قىسمىدىكى موھىم بىر جۈيدىيەنى ئىدى. خەلق جيېفاڭجۈنى 1948 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لوياڭنى بىرىنچى قېتىم ئالغان، كېيىن دۈشمەن ـ نىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇ يەردىن جۈدۈڭلۈك بىلەن چېكىنىپ چىققان ئىدى. شۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئارمىيىمىز بۇ شەھەرنى قايتا ئالدى.

# يېڭى ئازات رايونلاردكى يېزا خزمتنڭ سېلۇېسى مەسلسى*

**(1948 ـ يل 5 ـ ئاينڭ 24 ـ كۇنى)**

يېڭى ئازات رايونلاردكى يېزا خزمتنڭ سېلۇېسى مەسلسنى ئەتراپلق مۇهاكمە قلش زورۇر. يېڭى ئازات رايونلاردا، ئوچۇق مال ۋە يەرلەرنى تەقسم قلشتن ئبارەت ئجتمائى ئسلاهات سياستنى دەرهال ئەمەلگە قويماي، ياپون باسقۇنچلرغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدكى تەجربلەردن تولۇق پايدلنپ، ئازاتلقتن كېينكى خېلى ئۇزاق مۇددەت ئچدە ئجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتش، ئۇرۇق ۋە ئوزۇقلۇقلارنى ئەهۋالغا قاراپ تەڭشەشتن ئبارەت ئجتمائى سياسەتنى هەم ئەقلگە مۇۋاپق سېلقتن ئبارەت مالىيە سياستنى ئەمەلگە قويۇش، ياپون باسقۇنچلرغا قارشى ئۇرۇش

---

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ يولداش دېڭ شياۋپڭغا ئەۋەتكەن ديەنباۋ.

دەۋرىدە پەقەت ۋەتەن خائىنلىرىلا قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغانغا ئوخشاش، زەربە بېرىشنىڭ ئاساسىي دۈشمەنلىكىنى سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ پارتىيىمىزگە ۋە ئارمىيىمىزگە قەتئىي قارشى چىققان ئاساسىي ئەكسىل-ئىنقىلابچىلار بىلەنلا چەكلەش كېرەك. چۈنكى ئوتتۇرا ماللارنى تولىمۇ بالدۇر تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئاز سانلىق باتۇر ئۇنسۇرلارلا قارشى ئالىدۇ، ئاساسىي ئاممە بۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ، نارازى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي بايلىق چاپسان چېچىلىپ كېتىدۇ، بۇ — قوشۇنلار ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. يەرلەرنى تولىمۇ بالدۇر تەقسىم قىلىۋەتكەندە، ھەربىي لازىمەتلەر سېلىقى يومشىشىقى، باي دېخانلار ئۈستىگە ئەمەس، يۇتۇنلەي دېخانلار ئۈستىگە تولىمۇ بالدۇر چۈشۈپ قالىدۇ. ئوتتۇرا مال ۋە يەرلەرنى تەقسىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەھەتتە ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە قويۇپ، دېخانلارنى ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلغان ھەم مالىيە سىياسىتى جەھەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق سېلىقنى ئەمەلگە قويۇپ، يومشىشىق، باي دېخانلاردىن كۆپرەك پۇل چىقارت-قۇزغان ياخشى. بۇنداق قىلغاندا، ئىجتىمائىي بايلىق چېچىلىپ كەتمەيدۇ، جەمئىيەت تەرتىپى بىرقەدەر مۇقىملىشىدۇ، بارلىق كۈچنى توپلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشقا پايدىلىق بولىدۇ. بىر ـ ئىككى يىلدىن ھەتتا ئۈچ يىلدىن كېيىن، چوڭ ـ چوڭ گېنجۈي-دىلەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلغان، موھىت تىنچلانغان، ئاممە ئويغانغان ۋە تەشكىللەنگەن، ئۇرۇش يىراق يەرلەرگە سۈرۈل-گەن چاغدا، خۇابېيدىكىگە ئوخشاش، ئوتتۇرا مال ۋە يەرلەرنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت يەر ئىسلاھاتى باسقۇچىغا ئۆتكىلى بولىدۇ.

ئىجارە ۋە ئۆسۈم كېمەيتىلىدىغان بۇ باسقۇچ يېڭى ئازات قىلىنغان ھەرقانداق رايوندا كەم بولسا بولمايدۇ، بۇ باسقۇچ كەم بولىدىكەن، خاتالىشىمىز. خۇبېي، دۇڭبېي ۋە شىبېي چوڭ ئازات رايونلىرىنىڭ دۈشمەن قولىدىكى يەرلەرگە تۇتاش جايلىرىدىمۇ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇش لازىم.

# 1948 ـ يلى ئېلپ بېرلدغان يەر ئسلاھاتى خزمتى ۋە پارتيينى تەرتپكە سېلش خزمتى*

**(1948 ـ يل 5 ـ ئاينڭ 25 ـ كۈنى)**

## 1

پەسلگە دققەت قلش لازم. بۇ يل پۈتۈن كۈز ۋە قش پەسللرىدن يەنى بۇ يل 9 ـ ئايدن كېلەر يل 3 ـ ئايغچە بولغان جەمى 7 ئايلق ۋاقتتن پايدلنپ، جۇڭگياڭجۇي ۋە فېن-جۇيلەر بەلگلگەن جايلاردا توۋەندكى خزمەتلەرنى ئوز تەرتۋى بلەن ئورۇنلاش كېرەك: a) يېزا ئەھۋالنى تەكشۈرۈش. b) توغرا سياسەت بويچە پارتيينى دەسلەپكى قەدەمدە تەرتپكە سېلش. يۇقۇرىدن يېزىلارغا ئەۋەتلگەن خزمەت ئومەكلرى ياكى خزمەت گۇرۇپپىلرى ئەڭ ئاۋال پارتيەنڭ شۇ جايدكى جزبۇ تەشكلاتلرى-

* بۇ ـــ يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلغان جۇڭگوڭ جۇڭگياڭنڭ پارتيە ئچگە قاراتقان يوليورۇغى.

دىكى بارلىق ئاكتىپلار ۋە ياخشىراق بولغانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شۇ جاينىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بىرلىكتە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. c) كەمبەغەل دىخانلار ئۆمىگى ۋە دىخانلار جەمىيىتىنى تەشكىل قىلىپ، ياكى قايتا تەشكىل قىلىپ، ياكى تولۇقلاپ، يەر ئىسلاھاتى كۈرىشىنى قوزغىۋېتىش. d) توغرا ئۆلچەم بويىچە سىنىپىي تەركىپلەرنى ئايرىش. e) توغرا سىياسەت بويىچە فېئوداللىق يەر ۋە فېئوداللىق مال ـ مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش. تەقسىم قىلىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بارلىق ئاساسىي تەبىقىلەرنى، گۇڭداۋ ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولدى، دىگەن ھېسسىياتقا، پومىشىك ئۇنسۇرلارنىمۇ، تىرىكچىلىك يولى بېرىلدى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشى كېرەك. f) يېزا (كەنت)، رايون ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى تەسىس قىلىش ۋە شۇ 3 دەرىجىلىك ھوكۈمەت ۋېيىۋەنخۇيلىرىنى سايلاپ چىقىش. g) يەر گوۋانامىسى تارقىتىپ، يەر ھوقۇقىنى ئېنىق بەلگىلەش. h) دىخانچىلىق بېجى (غەللە-پاراق) سېلىقىنىڭ ئۆلچىمىنى تەڭشەش، ياكى قايتا بېكىتىپ چىقىش. بۇ ئۆلچەم ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدىغان بولسۇن، يەنى بىر تەرەپتىن، ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە پايدا يەتكۈزىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، دىخانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتىلدۈرىدىغان، دىخانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدا يەتكۈزىدىغان بولسۇن. i) توغرا سىياسەت بويىچە پارتىيىنىڭ جىڭبۇ تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاش. j) خىزمەت يونۇلۇشىنى يەر ئىسلاھاتى تەرەپتىن يېزىلاردىكى بارلىق ئەمگەكچى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە پومىشىك، باي دىخانلارنىڭ ئەمگەك

كۆچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بىرلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەرەپكە بۇراش. ئىختىيارىيلىق ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان كىچىك كۆلەملىك لاپقۇتلىشىش تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا كوپىراتسىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشىش؛ ئۇرۇق، ئوغۇت ۋە يېقىلغۇلارنى تەق قىلىپ قويۇش؛ ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىش؛ زۆرۈر ۋە مۇمكىن بولغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇللىرىنى تارقىتىش (ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى قەرز بېرىشنى ئاساس قىلىش، بېرىلگەن قەرزنى قايتۇرۇشنى شەرت قىلىش ۋە بۇلارنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى ياردەم پۇللاردىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش)؛ ئىمكانىيەت يار بەرگەن جايلاردا سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش. يۇقۇرىدىكىلەر — يەر ئىسلاھاتىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا قەدەر بولغان پۈتۈن خىزمەت جەريانى، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق يولداشلار بۇ خىزمەت جەريانىنى چۈشىنىشى، خىزمەتتە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىشى ھەم پەيتنى قولدىن بەرمەي، يۇقۇرىدىكى خىزمەتلەرنى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە تولۇق ئورۇنلىشى لازىم.

2

يۇقۇرىدىكى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇ يىل 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغا قەدەر بولغان 3 ئاي ئىچىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاش لازىم: a) يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان جايلارنى بەلگىلەش. بۇنداق جايلار تۆۋەندىكى 3 شەرتكە ئاساسەن بەلگىلىنىشى لازىم: بىرىنچى، بۇ جايلار داۋالغۇپ تۇرىدىغان پارتىزان

رايونلىرى بولماستىن، دۈشمەننىڭ بارلىق قورال‌لىق كۈچلىرى تولۇق يوقىتىلغان، موھىتى تىنچلانغان جايلار بولسۇن. ئىككىنچى، بۇ جاي-لاردىكى ئاز سانلىق كىشىلەردىلا ئەمەس، ئاساسىي ئاممە (يالانما دېھقانلار، كەمبەغەل دېھقانلار، ئوتتۇرا دېھقانلار)نىڭ مۇتلەق كۆپ-چىلىكىدە يەر تەقسىم قىلىش تەلىۋى بولسۇن. ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى سان جەھەتتە بولسۇن، سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، شۇ جاينىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ھەقىقى ئىگەللەپ ماڭالايدىغان، ئاممىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەركەتلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيدى-غان بولسۇن. ئەگەر بىرەر جاي يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 3 شەرتنىڭ قايسى بىرىگە ئىگە بولمىغان بولسا، شۇ جاينى 1948 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان جايلار قاتارىغا كىرگۈزمەسلىك كېرەك. مەسىلەن، خۇابېي، خۇادۇڭ، دۇڭبېي ۋە شىبېيدىكى ئازات رايونلارنىڭ دۈشمەن قولىدىكى يەرلەرگە تۇتاش جايلىرى ھەمدە جۇڭيۈەنجۇيگە قاراشلىق چاڭجياڭ، خۇەيخې، خۇاڭخې، خەنشۇي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېخى بىرىنچى شەرتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، بۇ جايلارنى بۇ يىلقى يەر ئىسلاھاتى پىلانىغا كىرگۈزمەسلىك كېرەك. كېلەر يىل پىلانغا كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈز-مەسلىكنى يەنە ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق جايلاردا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى تەجرى-بىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ئۇرۇق ۋە ئوزۇقلۇقنى ئەھۋالغا قاراپ تەكشەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائى سىياسەتنى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق سېلىقتىن ئىبارەت مالىيە سىياستىنى يۈرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرلەشىش ياكى بىتەرەپ قالدۇرۇشقا مۇمكىن بولغان بارلىق ئىجتىمائى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىش ياكى

ئۇلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ گومىنداڭنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىشىغا ياردەم بېرىش ۋە سىياسى جەھەتتە ئەڭ ئەكسىيەتچى بولغان زومىگەرلەرگە زەربە بېرىش كېرەك. بۇنداق جايلاردا يەرنىمۇ تەقسىم قىلماسلىق، ئۇچۇق مالنىمۇ تەقسىم قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇنداق قىلىش يېڭى رايونلارنىڭ شارائىتىدا ۋە دۈشمەن قولىدىكى يەرلەرگە تۇتاش جايلارنىڭ شارائىتىدا بىرلىشىشكە ياكى بىتەرەپ قالدۇرۇشقا مۇمكىن بولغان بارلىق ئىجتىمائى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىش ياكى ئۇلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇشقا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا پايدىسىز. b) كادىرلار يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش. يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى يۈزىسىدىن چاقىرىلغان كادىرلار يىغىنىدا، بۇ ئىككى خىزمەتكە دائىر بارلىق توغرا سىياسەتلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ، ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان ئىشلار بىلەن ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان ئىشلارنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئاجرىتىپ بېرىش لازىم. يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كادىرلارغا جۇڭگىياڭ تارقاتقان موھىم ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تولۇق ئۇزلەشتۈرۈشنى ۋە بۇ ھۆججەتلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلىشنى تاپشۇرۇش لازىم. ئەگەر بۇ ھۆججەتلەردە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئورۇنلار كورۇلسە، تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر بېرىشكە بولىدۇ ۋە پىكىر بېرىش كېرەك، ئەمما جۇڭگىياڭنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىلا، تۈزىتىش كىرگۈزۈش مۇمكىن. بۇ يىل ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر دەرىجىلىك كادىر-

لار يىغىنىغا جايلاردىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار
يىغىنىدىن ئىلگىرى تولۇق ھەم مۇۋاپىق ھازىرلىق كۆرۈشى يەنى
ئاۋال ئاز سانلىق كىشىلەر مەسىلىھەتلىشىپ (ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى
بىر كىشى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك)، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە
تەھلىل قىلىشى، رەسمى گاڭياۋ يېزىپ چىقىشى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە
ئەدىبىي تەرەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن پۇختا قاراپ چىقىشى (ئېنىق ۋە
ئىخچام بولۇشىغا دىققەت قىلىشى، مەزمۇنىدىن چەتلەپ ئۇزۇن قىلىـ
ۋېتىشكە قارشى تۇرۇشى)، ئاندىن كادىرلار يىغىنىدا دوكلات قىلىپ،
مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇشى، مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا چۈشكەن
پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىپ، تولۇقلاپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بېكىتىپ
چىقىشى شۇنىڭدەك بۇ ھوججەتنى پۈتۈن پارتىيىگە ئوقۇتۇرۇشى ۋە
ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كېزىتتە ئېچۇق ئېلان قىلىشى لازىم. تەجرىـ
بىچىلىك ئۇسۇلىغا يەنى ئالدىن ھېچبىر تەييارلىق كۆرمەسلىككە،
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماسلىققا، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلماسلىققا،
كادىرلار يىغىنىغا ئىخلاس بىلەن تەييارلانغان، مەزمۇنى ۋە ئەدىبىي
جەھەتتىن پۇختا قاراپ چىقىلغان دوكلات بەرمەستىن، يىغىن قاتناشـ
چىلىرىنىڭ مەقسەتسىز ۋە قالايمىقان مۇنازىرىلىرىگە يول قويۇپ،
نەتىجىدە يىغىن ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىشكە، ئېنىق ۋە ئەتراپلىق
خۇلاسىگە كېلەلمەسلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. جۇڭيالجۇيلەر،
جۇڭياڭ فېنجۇيلەر، چۈيداڭۋېيلار، شېڭۋېيلار ۋە دىۋېيلارنىڭ
رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە ئەگەر مۇشۇنداق زىيانلىق تەجرىبىچىلىك
ئۇسۇللىرى مەۋجۇت بولسا، دىققەت قىلىپ تۈگىتىش لازىم. سىياسەت
مۇزاكىرە قىلىنىدىغان يىغىنلاردا ئادەم سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە
بولمايدۇ، ئالدىن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈلسىلا، يىغىن ۋاقتىنىمۇ

قىسقارتىقلى بولىدۇ. بۇنداق يىغىنغا، ئەھۋالغا قاراپ، تەخمىنەن ئون نەچچە كىشى ياكى 20 ـ 30 كىشى ۋە ياكى 40 ـ 50 كىشى قاتنىشىشى، يىغىن بىرەر ھەپتە داۋام قىلىشى مۇۋاپىق. سىياسەت يەتكۈزۈلىدىغان يىغىنلاردا ئادەم سانى كۆپرەك بولسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتىنىمۇ بەك ئۇزارتىۋېتىشكە بولمايدۇ. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خاراكتېرىدىكى يۇقۇرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنلىرىدىلا ئادەم سانى كۆپرەك بولسا بولىدۇ، يىغىن ۋاقتىمۇ ئۇزۇنراق بولسا بولىدۇ.[c]) 9 ـ ئاينىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە، ئەڭ كېچىككەندە 9 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان بارلىق كادىرلار يېزىلارغا يېتىپ بېرىشى ۋە خىزمەتكە كىرىشىشى لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدىكى بارلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن يەر ئىسلا- ھاتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.

## 3

كادىرلار يىغىندا ۋە خىزمەت جەريانىدا، كادىرلارغا كونكرېت ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان جاي ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتنىڭ كونكرېت ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ جايدىكى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىپىلەرنى ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەشكە ماھىر بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، كونا رايونلار، يېرىم كونا رايونلار، دۈشمەن قولىدىكى يەرلەرگە تۇتاش جايلار بىلەن يېڭى رايونلارنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىش لازىم، ئۇنداق

قىلمىغاندا، خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

## 4

فېئوداللىق تۈزۈم تۈپتىن يوقىتىلغان، كەمبەغەل دېھقان ۋە يالللانما دېھقانلار ئاساسەن ئوتتۇرىچە سانغا تەڭ يەرگە ئىگە بولغان، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەرلەر ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەرلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ (بۇنداق پەرققە يول قويۇلىدۇ)، ئەمما پەرقى كۆپ بولمىغان جايلاردا، يەر مەسىلىسى ھەل قىلىنغان، دەپ ھېساپلىنىشى، يەر ئىسلاھاتى مەسىلىسى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلماسلىقى كېرەك. بۇنداق جايلاردىكى مەركىزىي ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت. بۇنداق جايلارنىڭ قىسمەن يېزىلىرىدا، ئەگەر يەرلەرنى تەقسىم قىلىش ياكى تەڭشەشكە، سىنىپىي تەركىپلەرنى قايتا بېكىتىشكە، يەر گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىشكە توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە، بۇ خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاش كېرەك.

## 5

بارلىق ئازات رايونلاردا، مەيلى يەر ئىسلاھاتى تاماملانغان جايلاردا بولسۇن ياكى يەر ئىسلاھاتى تېخى تاماملانمىغان جايلاردا بولسۇن، بۇ يىل كۈزدە دېھقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇغداي تېرىش شۇنىڭدەك بىر قىسىم يەرلەرنى كۈزلۈك ئاختۇرما قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم. قىشتا دېھقانلارنى ئوغۇت توپلاشقا

چاقىرىش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازات رايونلارنىڭ 1949 - يىلدىلىق دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھوسۇلى ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇلارنى مەمۇرى كۈچ بىلەن ۋە ئاممىۋى خىزمەتنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

## 6

ئۇرغۇن جايلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزى ئىنتىزامسىزلىق ياكى باشباشتاقلىق ھالەتلىرىنى يەنى جۇڭگىياڭنىڭ ياكى يۇقۇرى دەرىجىلىك داڭۋېيلارنىڭ سىياسەت ۋە سېلۇپلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئۆزلىرىچە توغرا دەپ ھېساپلىغان، ئىرادە بىرلىكى ۋە ئىنتىزام بىرلىكىگە خىلاپ بولغان ئىنتايىن زىيانلىق سىياسەت ۋە سېلۇپلەرنى ئىجرا قىلىشنى، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى بانا قىلىپ، ئىشتىن ئاۋال يولىيورۇق سورىمايدىغان ۋە ئىشتىن كېيىن دوكلات بەرمەيدىغان خاتا پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان جايلارنى گويا مۇستەقىل دولەتتەك قاراشنى قەتئى تۈگىتىش لازىم. بۇنداق ھالەتلەرنىڭ ئىنقىلاپ مەنپەئەتىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن زور. ھەر دەرىجىلىك داڭۋېيلار بۇ ھەقتە تەكرار - تەكرار مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، بۇنداق ئىنتىزامسىزلىق ياكى باشباشتاقلىق ھالەتلىرىنى ئەستايىدىل تۈگىتىپ، مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن ۋە زورۇر بولغان ھەممە ھوقۇقلارنى جۇڭيياڭغا ۋە جۇڭيياڭنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرىغا① مەركەزلەشتۈرۈشى لازىم.

## 7

جۇڭيياڭ، جۇڭيياڭجۈيلەر (فېنجۈيلەر)، چۈيداڭۋېيلار (شېڭۋېيلار)،

-نۋېيلار، شيەنۋېيلار، چۈيۋېيلار ۋە جژبۇلار ۋۇشيەنديەن، يۈشيەنـ
ديەن، ديەنخۇا)، پوچتا ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقا، مەخسۇس كىشى
ئارقىلىق خەت ئەۋەتىشكە ئوخشاش خەۋەرلىشىش ئۇسۇللىرىدىن،
كىچىك يىغىن (مەسىلەن، 4 ـ 5 كىشىلىك يىغىن)، رايونلۇق يىغىن
(مەسىلەن، بىرقانچە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىغىن) ئۆتكۈزۈش
ۋە ئايرىم سوزلىشىشكە ئوخشاش سوھبەتلىشىش ئۇسۇللىرىدىن،
كىچىك سەييارە تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى (مەسىلەن، 3 تىن 5 كىچە
كىشى قاتناشقان ئۆمەكلەر) ۋە ئايرىم ئابرويلۇق ۋەيىۋەنلەرنىڭ
كوزدىن كەچۈرۈشىگە ئوخشاش ئۇسۇللاردىن شۇنىڭدەك تۈگشۈنىشى ۋە
گېزىتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوزئارا زىچ ئالاقىدا بولۇپ، ھەر-
كەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇرۇشى، ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەرلىشىپ
تۇرۇشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى، ئۆز ۋاقتىدا خاتالىقلارنى تۈزىتىشى
ۋە ئۇتتۇقلارنى جارى قىلىشى لازىم. بىرقانچە ئاي ياكى يېرىم يىل
ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقتنى ئوتكۈزۈپ، ئاندىن توۋەن يۇقۇرىغا
خۇلاسە تەرىقىسىدە دوكلات بېرىدىغان، يۇقۇرى توۋەنگە ئادەتتىكىچە
يولىيورۇق بېرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك. بۇنداق دوكلات
ۋە يولىيورۇقلار، كوپىنچە، ۋاقتى ئوتكەن، رولى قالمىغان ياكى
رولىنى ئازايتقان بولىدۇ. خاتالىشىدىغانلار خاتالىقنى ئوتكۈزۈپ
بولغان بولىدۇ، ئۇنى تۈزىتىشكە ئۇلگۇرمەيدۇ، نەتىجىدە زىيان
ناھايىتى زور بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيىگە جىددى ئېھتىياجلىق
بولغىنى ــ پەيتى ئوتۇپ كەتمىگەن، جانلىق، كونكرىت دوكلات ۋە
يولىيورۇقلار.

## 8

شەھەر خىزمىتى بىلەن يېزا خىزمىتىنى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى جۇڭگياڭ-جۈيلەر، فېنجۈيلەر، چۈيداگۇيىلار، شىگۇيىلار، دىۋېيلار ۋە شۇېي-لارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىمىز، دەپ، شەھەر خىزمىتى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىككە ئېتىۋارسىز قاراش-لىق ياكى ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم، دېگەنلىك. بىزدە ھازىر نۇرغۇن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەر ۋە كوپلىگەن زاۋۇت-فابرىكا، كان، قاتناش كارخانىلىرى بار، ئەگەر مۇناسىۋەتلىك رەھ-بىرىي ئورگانلار بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ئېتىۋارسىز قارايدىغان ياكى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا خاتالىشىمىز.

### ئىزاھ

① بۇ يەردە ئېيتىلغان جۇڭگياڭنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرى جۇڭگياڭجۈي ۋە جۇڭگياڭ فېنجۈيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# لياۋشېن جەنيسسنڭ① ئۇرۇش قلش فاڭجېنى توغرسدا*

**(1948 ـ يل 9 ۋە 10 ـ ئاي)**

## 1. 9 ـ ئاينڭ 7 ـ كۈندكى دېيەنباۋ

بز گومنداڭنى 5 يل ئوپچورسدە (1946 ـ يل 7 ـ ئايدن باشلاپ هېساپلغاندا)② تۈپتن ئاغدۇرۇپ تاشلماقچمز، بۇنڭ ئمكانيتى بار. بز گومنداڭنڭ مۇنتزم ئارمېيسدن يلغا 100 لۈي ئوپچورسدە، 5 يلدا 500 لۈي ئوپچورسدە يوقاتساقلا،

---

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئنقلاۋي هەربى ۋېيۈەنخۈيىنڭ لن بياۋ، لو رۇڭخۇەن قاتارلق يولداشلارغا ئەۋەتكەن دېيەنباۋسى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئوتتۇرغا قويغان لياۋشېن جەنيسنڭ ئۇرۇش قلش فاڭجېنى كېين تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. لياۋشېن جەنيسنڭ نەتجسى مۇنداق بولدى: 1) دۈشمەننڭ 470 مڭ ئادمى يوقتلدى، ئۇنڭ ئۈستگە شۇ چاغدا خەلق جيفاڭجۈنى باشقا جەڭ مەيدانلرىدمۇ غەلبە قازاندى، شۇنڭ

بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز. ئوتكەن 2 يىلدا ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن جەمى 191 لۇينى، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىلىغا 95 يېرىم لۇينى، ئېيىغا سەل كەم 8 لۇينى يوقاتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىلدا ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 300دىن ئوشۇق لۇينى يوقىتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ يىل 7 ـ ئايدىن كېلەر يىل 6 ـ ئايىغىچە دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 115 لۇي ئوپچۇرىسىدە يوقىتىشنى كوزلەيمىز. بۇ سان يېجەنجۈن ۋە بىڭتۈەنلەرگە تەقسىم قىلىندى[3]. خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ 40 لۇي ئوپچۇرىسىدە يوقىتىشنى (ئۇلار 7 ـ ئايدا يوقاتقان 7 لۇيمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە جىنەن شەھىرىنى ۋە شىمالىي جياڭسۇ، شەرقىي خېنەن، شىمالىي ئەنخۇينىڭ بىرقانچە چوڭ، ئوتتۇرا ۋە

بىلەن خەلق جيېفاڭجۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە نىسبەتەن سان جەھەتتىنمۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى؛ 2) دۇڭبېينىڭ پۈتۈن زېمىنى ئازات قىلىندى، شۇنىڭدەك بېيپىڭ، تيەنجىن ۋە پۈتۈن خۇابېينى ئازات قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھازىرلاندى؛ 3) ئارمىيىمىز زور كولەملىك يوقىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولدى؛ 4) دۇڭبېينىڭ ئازات قىلىنىشى بىلەن، ئازاتلىق ئۇرۇش جەنلۇي جەھەتتىن مۇستەھكەم، بەلگىلىك سانائەت ئاساسى بار ئارقا سەپكە ئىگە بولدى، پارتىيە ۋە خەلقىمىز ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە پەيدىن ـ پەي قەدەم قويۇشنىڭ پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلىرىغا ئىگە بولدى. لياۋشېن جەنيىسى — جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ چوڭ 3 جەنيىنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسى. قالغان 2 سى — خۇەيخەي جەنيىسى ۋە پىڭجىن جەنيىسى. بۇ 3 چوڭ جەنيى جەمى 4 ئاي 19 كۈن داۋام قىلدى، بۇ جەنيىلەردە دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 144 شى (لۇي)،

كىچىك شەھەرنى ئېلىشى تەلەپ قىلىندۇ. جۇكىيۇەن يېجەنجۇنىنىڭ 14 لۇي ئوپېچورىسىدە يوقىتىشنى (7-ئايدا يوقاتقان 2 لۇيمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇستىگە ئېلىشى ھەممىدە خۇبېي، خېنەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىنىڭ بىرقانچە شەھەرنى ئېلىشى تەلەپ قىلىندۇ. شىبېي يېجەنجۇنىنىڭ 12 لۇي ئوپچورىسىدە يوقىتىشنى (8-ئايدا يوقاتقان بىر يېرىم لۇيمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىندۇ. خۇابېيدىكى شۇي شياكېيەن-جۇ شىدى بىگتۇەنىنىڭ يەن شىشەن قوشۇنىدىن 14 لۇي ئوپېچورىسىدە يوقىتىشى (7-ئايدا يوقاتقان 8 لۇيمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەممىدە تەيىيۇەن شەھەرنى ئېلىشى تەلەپ قىلىندۇ. سىلەرنىڭ لو رۇيچىڭ بىگتۇەنى ۋە ياڭ چېڭۋۇ بىگتۇەنى بىلەن ماسلىشىپ، ۋېي لىخۇاڭ قوشۇنى بىلەن فۇ زويى قوشۇنىدىن

---

غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن 29 شى، جەمى 1 مىليون 540 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم يوقىتىلدى. بۇ مەزگىلدە، باشقا جەڭ مەيدانلىرىدىكى خەلق جېيفاڭجۇنىمۇ ھۇجۇم قوزغاپ، كۆپلىگەن دۈشمەننى يوقاتتى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 2 يىلىدا خەلق جېيفاڭجۇنى دۈشمەن ئارمىيەسىدىن ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 8 چە لۇينى يوقىتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، خەلق جېيفاڭجۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلغان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ سانى ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 8 لۇيدىن ئەمەس، 38 لۇيدىن توغرا كەلدى. بۇ 3 چوڭ جەنيى گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتا تايانغان خىل قوشۇنلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتتى، ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۆپ تېزلەتتى. خۇەيخەي جەنيىسى ۋە پىڭجىن جەنيىسى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «خۇەيخەي جەنيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاكتىنى توغرىسىدا» ۋە «پىڭجىن جەنيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاكتىنى توغرىسىدا» دېگەن ئىككى ئەسەرگە قارالسۇن.

35 لۈي ئوپچورىسىدە يوقىتىشنى (7 - ئايدا ياڭ چېڭۋۇ بىگتۈدىنى يوقاتقان 1 لۈيمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلار ھەمدە بېيپىڭ - لياۋنىڭ، بېيپىڭ - سۈييۈەن، بېيپىڭ - چېڭدې ۋە بېيپىڭ - باۋدىڭ تۆمۈريوللىرى بويىدىكى بېيپىڭ، تيەنجىن ۋە شېنياڭدىن ئىبارەت 3 جۈيدىيەندىن باشقا ھەممە شەھەرلەرنى ئېلىشىڭلار تەلەپ قىلىندۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە جەنۇبىي ئۇرۇنلاشتۇرۇش بىلەن جەنۇبىگە قوماندانلىق قىلىشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، ئۇرۇش قىلىش بىلەن دەم ئېلىشنى تەڭشەشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ھەل قىلغۇچ ھالقا. ئەگەر سىلەر 9 ۋە 10 - ئاي — 2 ئاي ئىچىدە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە جىنجۇدىن تاڭشەنگىچە بولغان تۆمۈريول بويىدىكى دۈشمەننى يوقىتالىساڭلار ھەم جىنجۇ، يۈيگۈەن ۋە تاڭشەن جۈيدىيەنلىرىنى ئالالىساڭلار، دۈشمەننىڭ تەخمىنەن 18 لۈينى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلەيسىلەر. مۇشۇ دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، سىلەر چاڭچۈن، شېنياڭ شەھەرلىرىدىكى دۈشمەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاساسىي كۈچۈڭلارنى ئەشۇ تۆمۈريول بويىدا ئىشلىتىشكە ھازىردىنلا تەييارلىنىشىڭلار شۇنىڭدەك جىنجۇغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چېغىڭلاردا، چاڭچۈن، شېنياڭلاردىن جىنجۇغا ياردەمگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا تەييارلىنىشىڭلار لازىم. چۈنكى جىنجۇ، يۈيگۈەن ۋە تاڭشەندىن ئىبارەت 3 جۈيدىيەندىكى ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر بىر - بىرىگە تايىنالمايدۇ، شەھەرلەرنى ئېلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ غەلىبە قازىنىش، ھەقىقەتەن، بىرقەدەر ئىشەنچلىك، شۇنىڭدەك جىنجۇنى ئېلىش ۋە ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننى يوقىتىشمۇ بىرقەدەر ئۈمىدلىك. ئەگەر سىلەر ئاساسىي كۈچۈڭلارنى شىنمىن ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا

ئورۇنلاشتۇرۇپ، چاكچۇن، شىنياكلاردىن چىقىدىغان دۈشمەنلەرگە
ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانساكلار، ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەر سىلەردىن
قاتتىق تەپتارتىپ، چىقالماسلىقى مۇمكىن. بىر تەرەپتىن، چاكچۇن،
شىنياكلاردىكى دۈشمەنلەر چىقماسلىقى مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن، جىنجۇ، يۈيگۇەن ۋە تاكشەن جۈيدىيەنلىرىدىكى ھەم ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر (18 لۈي)، سىلەرنىڭ شۇ يەرگە بارغان
ئەسكىرىي كۈچۈكلارنىڭ تولىمۇ ئاز بولغانلىقىدىن، جىنجۇ ۋە
تاكشەن 2 جۈيدىيەنگە يىغىلىپ قېلىشى، نەتىجىدە ئەھۋال ئاسان-
لىقچە ھۇجۇم قىلغىلى بولمايدىغان، ھۇجۇم قىلمايمۇ بولمايدىغان،
ۋاقىت ۋە كۈچ كېتىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ھال سىلەرنى
بىيىدۇك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كورە،
چاكچۇن، شىنياكلاردىكى دۈشمەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، دىققەت-
ئېتىۋارنى پەقەت جىنجۇ، يۈيگۇەن ۋە تاكشەن تەرەپتىكى دۈشمەن-
لەرگە قاراتقان تۈزۈك. ئاندىن قالسا، سىلەر بۇ يىل 9-ئايدىن
كېلەر يىل 6-ئايغىچە بولغان 10 ئاي ئىچىدە 3 قېتىم چوڭ جەنيى
ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىنىشىڭلار، ھەر قېتىمقى جەنيىگە تەخمىنەن
2 ئايدىن جەمى 6 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىشقا تەييارلىنىشىڭلار،
قالغان 4 ئاينى دەم ئېلىش ۋاقتى قىلىشىڭلار لازىم. ئەگەر سىلەر
جىنجۇ-يۈيگۇەن-تاكشەن جەنيىسىنى (بىرىنچى قېتىملىق چوڭ
جەنيىنى) ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىڭلاردا چاكچۇن، شىنياكلاردىكى
دۈشمەنلەر ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ، جىنجۇغا ياردەمگە كېلى-
دىغان بولسا (سىلەرنىڭ ئاساسىي كۈچۈكلار شىنمىنىدە تۇرماي،
جىنجۇ ئەتراپىدا تۇرغاچقا، ۋېي لىخۇاڭ ياردەمگە كېلىشكە جۈرئەت
قىلالايدۇ)، ئۇ چاغدا، سىلەر جىنجۇ، يۈيگۇەن ۋە تاكشەن قاتناش

يوللىرىدىن قوزغالماي، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننى ئارقمۇ ـ ئارقا كەڭ كولەمدە يوقىتىپ، ۋېي لىخۇاڭنىڭ پۈتۈن قوشۇننى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا يوقىتالىشىڭلار مۇمكىن. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، تازا كوڭۇلدىكىدەك بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك: 1) جىنجۇ، يۈيگۈەن ۋە تاڭشەندىن ئىبارەت 3 جۈيدىيەننى ئېلىش ۋە بۇ قاتناش يوللىرىنى تامامەن ئۆز قولۇڭلاردا تۇتۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە تىكلىشىڭلار لازىم. 2) ئىلگىرى كورۇلۇپ باقمىغان كەڭ كولەملىك يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە تىكلىشىڭلار يەنى ۋېي لىخۇاڭنىڭ پۈتۈن قوشۇنى ياردەمگە كەلگەن چاغدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭلار لازىم. 3) يۇقۇرىدىكى 2 قەتئىي ئىرادىگە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشىڭلار ھەمدە پۈتۈن قوشۇننىڭ ھەربى ئېھتىياجى (ئاشلىق، ئوق ـ دورا ۋە يېڭى ئەسكەرلەر) ھەم ئەسىرلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشلىرى ئۈستىدە تەييارلىق كورۇشۇڭلار لازىم. يۇقۇرىدىكى پىكىرلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ كورۇپ، دېيەنباۋ ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

## 2. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى دېيەنباۋ

1) سىلەر جىنجۇغا ھۇجۇم باشلىغان كۈندىن تارتىپ، سىلەردە ئۇرۇش ۋەزىيىتى بىر مەزگىل جىددى بولىدۇ، سىلەرنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى (جىنجۇنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننىڭ قارشىلىق كورسىتىش قۇۋۋىتى، خۇلۇداۋ بىلەن جىنشىدىن ھەم شېنياڭدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ۋە چاڭچۇن-دىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەركەت ئەھۋالىنى) ۋە ئۆز ئەھۋالىڭ-

لارنى (شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش سۇرئىتى، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا
ۋە ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇشتا يارىدار بولۇش ۋە
قۇربان بېرىش ئەھۋالىنى) بىزگە ھەر 2 كۈندە ياكى 3 كۈندە بىر
قېتىم دېيەنباۋ ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

2) بۇ مەزگىلدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى، خۇددى سىلەر ئېيتقاندەك، تەرەققى قىلىپ ناھايىتى ئەپلىك ۋەزىيەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن، يەنى جىنجۇنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننى يوقىتىپلا قالماي، بەلكى خۇلۇداۋ ۋە جىنشىدىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى ۋە بەلكى چاڭچۇندىن قاچقان دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى ياكى كۆپ قىسمىنى يوقىتىشىڭلار مۇمكىن. ئەگەر شېنياڭدىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننىڭ دالىڭخېنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا يېتىپ كېلىشى سىلەرنىڭ جىنجۇ شەھرىنى ئېلىپ بولغان ۋاقتىڭلارغا توغرا كېلىپ قېلىپ، ئەسكىرىي كۈچۈڭلارنى يوتكەپ، ئۇلارنى قورشىۋېلىشىڭلارغا ئىمكانىيەت تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا شېنياڭدىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننىمۇ يوقىتىشىڭلار مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى — جىنجۇنى بىر ھەپتە ئوپچورىسىدە ئېلىش.

3) ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش چارىسىنى ئارمىيىمىزنىڭ جىنجۇغا ھۇجۇم قىلىش سۇرئىتىگە ھەم شەرقىي ۋە غەربىي يۆنىلىشلەردىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش سۇرئىتىگە قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئەگەر شېنياڭدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلەش سۇرئىتى ئاستىراق بولۇپ (چاڭچۇندىكى دۈشمەن سىلەرنىڭ جىنجۇنى ئېلىشىڭلار جەريانىدا مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتسە ۋە بىزنىڭ 12-زۇڭدۇي قاتارلىق قوشۇنلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ئەجەللىك زەربە

يسە، ئۇ چاغدا، شىنياڭدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەن تەمتىرەپ قېلىپ، ئاستىراق ئىلگىرىلىشى ياكى ئىلگىرىلىمەي توختاپ قېلىشى ياكى ئارقىسىغا قايتىپ چاڭچۈندىكى دۈشمەنگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن)، خۇلۇداۋ ۋە جىنشىدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى چاپسانراق بولسا، ئۇ چاغدا، سىلەر زۇڭگيۇيىيې-دۇينى 4 ۋە 11-زۇڭدۇي تەرەپكە قوشۇپ، ئەشۇ دۈشمەنىنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىشقا، ئالدى بىلەن ئەشۇ دۈشمەنىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشقا تەييارلىنىشىڭلار لازىم. ئەگەر خۇلۇداۋ ۋە جىنشىدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەن بىزنىڭ 4 ۋە 11-زۇڭدۇي قاتار-لىق قوشۇنلىرىمىز تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ ۋە توسۇۋېلىنىپ، ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستىلاشقان ياكى ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالغان، چاڭچۈندىكى دۈشمەن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقالمىغان، شىنياڭدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېزرەك بولۇۋاتقان، جىنجۇدىكى دۈشمەنىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلىپ، پۈتۈن شەھەر ئېلىنىشقا يېقىنلاشقان بولسا، ئۇ چاغدا، شىنياڭدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننى دالىڭخېنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ ئېلىپ كىرىپ، ئەسكىرىي كۈچۈڭلارنى ۋاقتىدا يوتكەپ، بۇ دۈشمەننى قورشىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارغا باپلاپ ئەجەللىك زەربە بېرىشىڭلار لازىم.

4) سىلەر دىققەت-ئېتىۋارىڭلارنىڭ مەركىزىنى جىنجۇ ئۇرۇشى تەرەپكە قارىتىپ، بۇ شەھەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە چاپسان ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭلار لازىم. باشقا ھەممە مەقسەتلەرگە يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، جىنجۇ شەھىرىنىلا ئالساڭلار، جۇدۇڭلۇقتا ئىگە بولىسىلەر، بۇنىڭ ئۆزى ئۇلۇق غەلىبە بولىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نۇقتىلار پەقەت سىلەرنىڭ ئۆز لايىھىدا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىپ

كورستىلدى. بولۇپمۇ جىنجۇ ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە كۈنلىرىدە شەرق ۋە غەربتىن ياردەمگە كېلىدىغان دۈشمەنلەر كوپلەپ قوزغالمايدۇ، سىلەر بارلىق كۈچ-قۇۋۋەتىڭلارنى جىنجۇ تەرەپتىكى ئۇرۇشقا سېلىشىڭلار لازىم.

## ئىزاھلار

① لياۋشېن جەنىسى—1948-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە دۇڭبېي خەلق جيېفاڭجۈنى لياۋنىڭ ئولكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ۋە شېنياڭ، چاڭچۈن رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق غايەت زور جەنىيى. بۇ جەنىيدىن بۇرۇن، گومىنداڭنىڭ دۇڭبېي رايونىدىكى ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 4 بىڭتۇەن، جەمى 14 جۈن يەنى 44 شى بولۇپ، بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا چاڭچۈن، شېنياڭ، جىنجۇدىن ئىبارەت 3 تايانچىسىز رايونغا يىغىلىپ قالغان ئىدى. دۇڭبېي خەلق جيېفاڭجۈنى دۈشمەننى دۇڭبېي زېمىنىدا پۈتۈنلەي يوقىتىپ، پۈتۈن دۇڭبېينى تېز ئازات قىلىش ئۈچۈن، 1948-يىل 9-ئايدا ئاساسىي كۈچى بولغان 12 زوڭدۇي ۋە 1 توپچى قىسىملار زوڭدۇيى، بەرلىك قوراللىق كۈچلەر قوشۇلۇپ جەمى 53 شى، 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، دۇڭبېيدىكى كەڭ خەلقنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا لياۋشېن جەنىسىنى قوزغىدى. بېيپىڭ-لياۋنىڭ تومۇر يولى بويىدىكى جىنجۇ دۇڭبېي بىلەن خۇابېينى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جەنلۈېلىك موھىم ئورۇن ئىدى. جىنجۇ رايونىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەن دۇڭبېي «باسمىچىلارنى يوقىتىش زوڭسىلىڭبۇسى»نىڭ فۇزوڭسىلىڭى فەن خەنجيې قوماندانلىقىدىكى 8 شى بولۇپ، ئۇنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. جىنجۇنى ئېلىش لياۋشېن جەنىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. دۇڭبېي خەلق جيېفاڭجۈنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن،

چاڭچۇندىكى دۈشمەننى 1 زۇڭدۇي ۋە 7 مۇستەقىل شى بىلەن داۋاملىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغاندىن تاشقىرى، جىنجۇغا 6 زۇڭدۇي، 1 توپچى قىسىملار زۇڭدۇيى ۋە 1 تانكا يىگى بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى؛ يەنە 2 زۇڭدۇيىنى جىنجۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشەن ۋە گاۋچياۋ رايونلىرىغا، 3 زۇڭدۇيىنى خېيشەن، داخۇشەن ۋە جاڭۋۇ رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىنشى، خۇلۇداۋ تەرەپتىن ۋە شېنياڭ تەرەپتىن جىنجۇغا ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە توسۇپ زەربە بەردى. جىنجۇ رايونىدىكى جەڭ 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باشلاندى. ئارمىيىمىز دەل يىشيەن ناھىيىسىنى ئېلىپ، جىنجۇنىڭ تاشقى مۇداپىە دائىرىسىدىكى دۈشمەنلەرنى تازىلاۋاتقان ۋاقىتتا، جياڭ جېيشى ئالدىراپ ـ تېنەپ دۇڭبېيغا ئۇچۇپ كېلىپ، قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى ۋە خۇابېي «باسمىچىلارنى يوقىتىش زۇڭسىلىڭبۇسى»نىڭ بېيپىڭ ـ لياۋنىڭ تۆمۈريولى بويىدىكى 5 شىسىنى، شەندۇڭدىكى 2 شىسىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ياردەمگە يوتكەپ كەلدى، بۇنىڭغا جىنشىدىكى بۇرۇنقى 4 شى قوشۇلۇپ جەمى 11 شى بولدى، بۇلار 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىرنىڭ تاشەندىكى جېندىيىمىزگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى، لېكىن قوشۇنىمىزنىڭ جېندىسىنى زادى بۇزالمىدى. لياۋ ياۋشياڭ بىڭتۇەنى (گومىنداڭنىڭ 9 ـ بىڭتۇەنى)نىڭ 11 شىسى، يەنە 3 ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيى شېنياڭدىن جىنجۇغا ناھايىتى تېز ياردەمگە كېلىۋاتقىنىدا، خېيشەن ۋە داخۇشەننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جايلاردا بىز تەرەپتىن توسۇلۇپ زەربە يېدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قوشۇنىمىز جىنجۇغا ھۇجۇم قوزغاپ، 31 سائەت شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، شۇ يەردىكى دۈشمەننى تامامەن يوقاتتى، دۈشمەننىڭ دۇڭبېي «باسمىچىلارنى يوقىتىش زۇڭسىلىڭبۇسى»نىڭ فۇزۇڭسىلىڭى فەن خەنجيې، 6 ـ بىڭتۇەن سىلىڭى لۇ جۈنچۈەنلەرنى قول ئاستىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن ئەسىر ئالدى. جىنجۇنىڭ ئازات قىلىنىشى چاڭچۇندىكى دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتۈشكە، قالغان-

لىرىنى تامامەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ چاغدا دۈڭبېيدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تامامەن يوقىلىش تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغان ئىدى. لېكىن جياڭ جيېشى يەنە جىنجۇنى تارتىۋېلىپ، گۇەننېي بىلەن گۇەنۋەيىنىڭ ئالاقە يولىنى ئېچىش خام خىيالىدا بولۇپ، لياۋ ياۋشياڭ بىڭتۇەنىگە داۋاملىق جىنجۇغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى قاتتىق بۇيرۇدى. دۈڭبېي خەلق جىېفاڭجۈنى جىنجۇنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال شەرقىي شىمال تەرەپكە قايتىپ، لياۋ ياۋشياڭ بىڭتۇەنىنى شىمالدا خېيشەندىن، جەنۇبتا داخۇشەندىن بولۇپ ئىككى قاناتتىن قورشىۋالدى؛ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لياۋ ياۋشياڭ بىڭتۇەنىنى خېيشەن، داخۇشەن ۋە شىنمىن رايونلىرىدا مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئىككى كۈن بىر تۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىسىدا تامامەن يوقاتتى، دۈشمەن بىڭتۇەنىنىڭ سىلىڭى لياۋ ياۋشياڭ، جۈنجاڭى لى تاۋ، شياڭ فېڭۋۇ، جېڭ تىڭجىلەرنى قول ئاستىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن ئەسىر ئالدى. ئارمىيىمىز دۈشمەننى غەلىبە بىلەن شىددەتلىك قوغلاپ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شېنياڭ ۋە يىڭكۇنى ئازات قىلدى، دۈشمەننىڭ يەنە 149 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈڭبېينىڭ پۈتۈن زېمىنى ئازات قىلىندى. پۈتۈن جەڭگىدە دۈشمەننىڭ جەمئىي 470 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى.

② مۇشۇ تومدىكى «ئەھۋال توغرىسىدا تۇڭباۋ»نىڭ ⑥ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ 1948 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيۈەنخۈيى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ جېڭجىجۈيى سېنتەبىر يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بۇرۇنقى چوڭ جەنلۇبلىك رايونلاردىكى قوشۇنلارنى دالا ئۇرۇش قىسىملىرى، يەرلىك قىسىملار ۋە پارتىزان قىسىملىرىدىن ئىبارەت 3 خىلغا ئايرىدى. دالا ئۇرۇش قىسىملىرىنى يېجەنجۈن قىلىپ تۈزدى. يېجەنجۈننىڭ قارىمىقىدا بىڭتۇەن، بىڭتۇەننىڭ قارىمىقىدا جۈن (يەنى بۇرۇنقى زۇڭدۈي)، جۈننىڭ قارىمىقىدا شى، شىنىڭ قارىمىقىدا

تۇەن بولدى. يېجەنجۇنلەر ئۇزلىرى ئورۇنلاشقان رايونلار بويىچە جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنى شىبېي يېجەنجۇنى، جۇڭيۇەن يېجەنجۇنى، خۇادۇڭ يېجەنجۇنى، دۇڭبېي يېجەنجۇنى، خۇابېي يېجەنجۇنى دەپ ئاتالدى. يېجەنجۇنلەرگە قاراشلىق بىڭتۇەن، جۇن، شىلارنىڭ سانى جولۇ جەنلۇبىلىك رايونلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەندى. كېيىن، شىبېي يېجەنجۇنى 1 ـ يېجەنجۇن دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا 2 بىڭتۇەن قارىدى؛ جۇڭيۇەن يېجەنجۇنى 2 ـ يېجەنجۇن دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا 3 بىڭتۇەن قارىدى؛ خۇادۇڭ يېجەنجۇنى 3 ـ يېجەنجۇن دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا 4 بىڭتۇەن قارىدى؛ دۇڭبېي يېجەنجۇنى 4 ـ يېجەنجۇن دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا 4 بىڭتۇەن قارىدى. خۇابېي يېجەنجۇنىنىڭ 3 بىڭتۇەنى جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنى زۇڭبۇسىغا بىۋاستە قارىدى.

# داڭۋېي تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا*

**(1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)**

داڭۋېي تۈزۈمى — پارتىيەنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، شەخسنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان موھىم تۈزۈمى. مەلۇم بولۇشىچە، بەزى (ئەلۋەتتە، ھەممىسى ئەمەس) رەھبىرىي ئورگانلاردا ھەممە ئىشنى شەخس ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىش ۋە موھىم مەسىلەلەرنى شەخس ھەل قىلىش

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگوڭ جۇڭيانىڭ قارارى. بۇ ھوججەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1956 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پارتىيەنىڭ مەملىكەتلىك 8 ـ قۇرۇلتىيىدا قىلغان «پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات»تا مۇنداق دىگەن ئىدى: «موھىم مەسىلەلەرنى شەخس ئەمەس، بەلكى پارتىيە كوللېكتىۋى بەلگىلەش پارتىيىمىز ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان بىر ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى. كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپىغا مۇخالىپ ھادىسىلەر گەرچە پارتىيە ئىچىدە دائىم تۇغۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ھادىسىلەر مەلۇم بولغان ھامان، داڭجۇڭيانىڭ تەرىپىدىن پىپەن قىلىنىپ ۋە تۈزىتىلىپ تۇرۇلدى.

ئادىتى خېلى ئەۋج ئالغان. موھىم مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى داڭۋېي مەجلىسى تەرىپىدىن ئەمەس، شەخس تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، داڭۋېي ۋېيۈەنلىكى قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. ۋېيۈەنلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ ھەل قىلىنمىغان، بەلكى بۇ ئىختىلاپلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەل قىلىنماي قېلىۋېرىشىگە يول قويۇلغان. داڭۋېي ۋېيۈەنلىرى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتتىكى بىرلىك ئەمەس، پەقەت شەكىلدىكى بىرلىكلا بولغان. بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلىشى شەرت. بۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭياڭجۈيلەردىن دىۋېيلار-غىچە، ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنجۈيلىرىدىن لۈيۋېيلارغىچە شۇنىڭدەك جۇنچۈيلەر (جۇنفېنجۈي ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلار)، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى داڭزۇ، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى داڭزۇ، تۈڭشۈنشې ۋە گېزىتخانىلاردىكى داڭزۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل داڭۋېي مەجلىسى تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھەممە موھىم مەسىلىلەرنى (ئەلۋەتتە، موھىم بولمىغان ئۇششاق مەسىلىلەر ياكى مەجلىستە مۇزاكىرە قىلىنىپ ھەل بولغان، پەقەت ئىجرا قىلىنىشىلا قالغان مەسىلىلەرنى ئەمەس)

جۇڭياڭنىڭ 1948 ـ يىل 9 ـ ئايدا قوبۇل قىلغان داڭۋېي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە بولۇپمۇ زور رول ئوينىدى. ...... بۇ قارار پارتىيە بويىچە ئەمەلگە قويۇلدى ھەمدە تا ھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ...... بۇ قارارنىڭ موھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ پارتىيە ئىچىدە كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى ئەستايىدىل ئەمەلگە قويۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، كوللېك-تىپ رەھبەرلىكنى ئىمى بار، جىسمى يوق قىلىپ قويغان تەشك-لاتلارنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشىگە تۈرتكە بولدى ھەمدە كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى ئەمەلگە قويۇشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى.»

ۋېيىۋەنخۆي مەجلىسىنىڭ مۆزاكىرىسىگە قويۆپ، مەجلىسكە قاتناشقان ۋېيىۋەنلەرنىڭ تولۆق پىكىر بىرىشى بىلەن ئېنىق قارار چىقىرىپ، ئاندىن ئايرىم-ئايرىم ئىجرا قىلىش لازىم. دىۋېي، لۆيىۋېيدىن تۆۋەن داگۆبيلارمۆ شۆنداق قىلىشى كېرەك. يۆقۆرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ بۆلىرى (مەسىلەن، تەشۋىقات بۆسى، تەشكىلات بۆسى)، ۋېيىۋەنخۆيلىرى (مەسىلەن، ئىشچىلار خىزمىتى ۋېيىۋەنخۆيى، ئاياللار خىزمىتى ۋېيىۋەنخۆيى، ياشلار خىزمىتى ۋېيىۋەنخۆيى)، مەكتەپلىرى (مەسىلەن، پارتىيە مەكتەپلىرى)، بولۆملىرى (مەسىلەن، تەتقىقات بولۆملىرى) دىمۆ رەھبەرلەرنىڭ كوللىكتىپ مەجلىسى بولۆشى كېرەك. ئەلۋەتتە، خىزمەتكە دەخلى يەتكۆزۆشتىن ساقلىنىش ئۆچۆن، ھەر قېتىمقى مەجلىس ۋاقتىنىڭ بەك ئۆزاق بولۆپ كەتمەسلىكىگە، مەجلىس سانىنىڭ تولىمۆ كوپ بولۆپ كەتمەسلىكىگە، ئۆششاق-چۆششەك مەسىلىلەر مۆزاكىرىسىگە چوكۆپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش لازىم. مەجلىس قارارىنىڭ شەكىللىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ياكى قارار چىقىرالماسلىقتىن ساقلىنىش ئۆچۆن، مۆرەككەپ ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرى بولغان موھىم مەسىلىلەر ئۆستىدە، مەجلىستىن ئاۋال، شەخسلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋېيىۋەنلەرنى ئىدىيە تەييارلىقىغا ئىگە قىلىش لازىم. ۋېيىۋەنخۆي مەجلىسى يەنە چاگۆبيخۆي مەجلىسى ۋە ئومۆمىيغىن دەپ 2 خىلغا ئايرىلىشى كېرەك، بۆلارنى ئارىلاشتۆرۆپ قويۆشقا بولمايدۆ. بۆنىڭدىن باشقا، يەنە شۆنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، كوللىكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخس مەسئۆل بولۆشنىڭ بىرىگە ئېغىپ، بىرىنى تاشلاپ قويۆشقا بولمايدۆ. ئارمىيىدە ئۆرۆش ۋاقتىدا ھەم ۋەزىيەت تەلەپ قىلغاندا، باشلىقلارنىڭ شۆ زاماتلا تەدبىر كورۆش ھوقۆقى بولىدۆ.

# جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنڭ سنتەبر يغنى توغرسدكى ئۇقتۇرۇشى*

**(1948 ـ يل 10 ـ ئاينڭ 10 ـ كۈنى)**

1. 1948 ـ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭياڭ بىر قېتىم جېڭجىجۈي يىغىنى چاقىردى، بۇ يىغىندا جېڭجىجۈي ۋېيىيۈەنلىرىدىن 7 كىشى، جۇڭياڭ ۋېيىيۈەن ۋە خۇبۇ جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنلەردىن 14 كىشى، مۇھىم خادىم- لاردىن 10 كىشى قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇابېي، خۇادۇڭ،

---

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان ئۇقتۇرۇشى. 1948 ـ يىل سىنتەبىر يىغىنى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ـــ ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قاتناشقۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان جۇڭياڭ يىغىنى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرقايسى ئازات رايونلارغا تارقىلىپ، جىددىي ئازاتلىق ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ۋە قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇنداق زور يىغىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جۇڭيۈەن، شىبېيدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاساسىي مەسئۇل يولداشلار بار. بۇ — ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قاتناشقۇچىلار ئەڭ كوپ بولغان جۇڭياڭ يىغىنى. بۇ يىغىن ئوتكەن مەزگىلنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى، كېيىنكى مەزگىلنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى.

2. 1945 - يىل 4 - ئايدا ئوتكۈزۈلگەن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇي ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى رەھبىرىي تايانچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە-كىگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئوبدان ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كورسەتتى. بۇنداق ئىتتىپاقلىق ئارقىسىدا، پارتىيىمىز ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى توپ - توغرا 3 يىل ئىچىدە خەلقارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە يۈزبەرگەن نۇرغۇن موھىم ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرەلىدى، شۇنىڭدەك بۇ ۋەقەلەر داۋامىدا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى زور بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كەڭ جۇڭگو خەلقى ئارىسىدىكى سىياسى تەسىرىنى يىمىرىپ تاشلىدى، گومىنداڭنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاسىيلىغىغا① قارشى تۇردى، ئۇنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، خەلق جىيفاڭجۈنىنى مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئوتكۈزدى.

1946 - يىل 7 - ئايدىن 1948 - يىل 6 - ئايغىچە بولغان 2 يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا خەلق جىيفاڭجۈنى دۈشمەننىڭ 2 مىليون 640 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسىر ئېلىنغىنى 1 مىليون 630 مىڭ. بۇ 2 يىل ئىچىدە ئېلىنغان ئاساسىي غەنىمەت 900 مىڭغا يېقىن مىلتىق، 64 مىڭدىن ئوشۇق ئېغىر ۋە يېنىك جىگۈەنچياڭ، 8 مىڭدىن ئوشۇق كىچىك زەمبىرەك، 5 مىڭدىن ئوشۇق پىيادە ئەسكەر زەمبىرىكى، 1 مىڭ 100 دىن ئوشۇق ئېغىر تاغ زەمبىرىكى ۋە ئېغىر دالا

زەمبىرەكلەردىن ئىبارەت بولدى. خەلق جىېفاڭجۈنى 2 يىل ئىچىدە 1 مىليون 200 نەچچە مىڭ ئادەمدىن 2 مىليون 800 مىڭ ئادەمگە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇنتىزىم ئارمىيە 118 لۈيدىن 176 لۈيگە كۆپەيدى، مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 610 مىڭدىن 1 مىليون 490 مىڭغا كۆپەيدى. ئازات رايونلارنىڭ هازىرقى يەر مەيدانى 2 مىليون 350 مىڭ چاسا كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 9 مىليون 597 مىڭ چاسا كىلومېتىر يەر مەيدانىنىڭ 24.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ هازىرقى ئاهالىسى 168 مىليون بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 475 مىليون ئاهالىنىڭ 35.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ هازىرقى ناهىيە شەهىرىدىن يۇقىرى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەهەرلىرى 586 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 2 مىڭ 9 شەهەرنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

پارتىيىمىز دېھقانلارغا قەتئىي رەهبەرلىك قىلىپ، يەر تۈزۈمى ئىسلاهاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتىن، هازىر تەخمىنەن 100 مىليون ئاهالە ياشايدىغان رايونلاردا يەر مەسىلىسى ئۈزۈل-كېسىل هەل قىلىندى، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە كونىچە باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرى يېزا خەلقىگە، ئالدى بىلەن كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارغا ئومۇمەن تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرى 1945-يىل 5-ئايدىكى 1 مىليون 210 مىڭدىن هازىرقى 3 مىليونغا كۆپەيدى (پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرى 1927-يىلى گومىنداڭ ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىلگىرى 50 مىڭ ئىدى، 1927-يىلى گومىنداڭ ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، تەخمىنەن 10 مىڭغا چۈشۈپ قالدى، 1934-يىلى يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشلۇق قانات يايغانلىقتىن، 300 مىڭغا يەتكەن ئىدى، 1937-يىلى جەنۇپتىكى ئىنقىلاپ

مەغلۇپ بولغانلىقتىن②، تەخمىنەن 40 مىڭغا چۈشۈپ قالدى، 1945 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوكيۇشلۇق قانات يايغانلىقتىن، 1 مىليون 210 مىڭغا كۆپەيدى، هازىر جياڭ جيېشىغا قارشى ئۇرۇش ۋە يەر ئىنقىلاۋى ئوكيۇشلۇق قانات يايغانلىقتىن، يەنە 3 مىليونغا كۆپەيدى). پارتىيىمىز كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان تەركىب ساپ بولماسلىق (پومىشچىك، باي دېھقان ئۇنسۇرلارنىڭ كىرىۋالغانلىقى)، ئىدىيە ساپ بولماسلىق (پومىشچىك، باي دېھقانلار ئىدىيىسىنىڭ بولغانلىقى) ۋە ئىستىل ساپ بولماسلىق (گۇەنلياۋجۇيىلىق ۋە بۇيرۇقچىلىقنىڭ بولغانلىقى)تىن ئىبارەت ناچار هادىسىلەرنى ئاساسەن تۈگەتتى ۋە داۋاملىق تۈگىتىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلار ئاممىسى كەڭ كۆلەمدە هەرىكەتلەندۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلغان يەر مەسىلىسىنى هەل قىلىش كۈرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈز بەرگەن ئوتتۇرا دېھقانلار مەنپەئەتىگە قىسمەن ئەمما خېلى تېگىپ قويۇش، بەزى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتلەرنى بۇزۇۋېتىش شۇنىڭدەك بەزى جايلاردا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇشقا دائىر بەزىبىر سىياسەتلەرنىڭ چېكىدىن چىقىپ كېتىشكە ئوخشاش «سول»چىل خاتالىقلارنى تۈگەتتى ۋە داۋاملىق تۈگىتىۋاتىدۇ. ئۆتكەن 3 يىللىق بولۇپمۇ كېيىنكى بىر يىللىق ئۇلۇغ، شىددەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر ئارقىسىدا ۋە پارتىيىنىڭ ئۆز خاتالىقىنى ئەستايىدىل تۈزىتىشى ئارقىسىدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆستى.

پارتىيىمىزنىڭ گومىنداڭ رايونلىرىدىكى خىزمىتى ناهايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، بۇ شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، چوڭ

شەھەرلەردە كەڭ ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جياۋشۇلار، مەدەنىيەت ئەرباپلىرى، شەھەر ئاھالىسى ۋە مىللىي كاپىتالىستلارنىڭ پارتىيىمىز تەرەپتە تۇرۇشى قولغا كەلتۈرۈلدى، بارلىق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىمىز تەرەپتە تۇرۇشى قولغا كەلتۈرۈلدى، گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇلدى. جەنۇپتىكى بىرقانچە چوڭ رايون (فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ - جياڭشى چېگرا رايونى، خۇنەن - گۇاڭدۇڭ - جياڭشى چېگرا رايونى، گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى چېگرا رايونى، گۇاڭشى - يۈننەن چېگرا رايونى، يۈننەننىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئەنخۇي - جېجياڭ - جياڭشى چېگرا رايونى ۋە جېجياڭنىڭ شەرقىي ھەم جەنۇبىي قىسمى)دا پارتىزان ئۇرۇشى گېنجۇيدىلىرى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلاردىكى پارتىزان قىسملىرى راۋاجلىنىپ، 30 مىڭ كىشىدىن ئاشتى.

2 يىل ئىچىدە بولۇپمۇ كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، خەلق جىيفاڭ-جۈنىدە تەرتىپلىك، رەھبەرلىكى بولغان، پۈتۈن جەڭچىلەر ۋە جۈخۇييۈەنلەر بىرلىكتە قاتناشقان دېموكراتىيە ھەركىتى يولغا قويۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قانات يايدۇرۇلۇپ، ئارمىيىدىكى گۈەنلياۋجۇيىلىق تۈگىتىلدى ۋە داۋاملىق تۈگىتىلىۋاتىدۇ، 1927 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە قوشۇنلاردا ئەمەلگە قويۇلۇپ ئۈنۈملۈك بولغان ئەمما كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەر دەرىجىلىك داڭۋېي تۈزۈمى ۋە لىيەندۇيلەردىكى جەڭچىلەر ۋېيۈەنخۇيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنداق قىلىپ، قوشۇنلاردىكى جۈخۇييۈەن ۋە جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقى ھەم ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، جەڭگىۋارلىقى ھەم ئىنتىزامچانلىقى زور دەرىجىدە

كۆچەيتىلدى، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئەسىر چۈشكەن تەخمىنەن 800 مىڭ ئەسكەر ئېرىتىلىپ، ئازات جەڭچىلەرگە[3] ئايلاندۇرۇلدى، ئۇلار مىلتىقنى گومىنداڭغا قاراتتى. 2 يىل ئىچىدە ئازات رايونلاردىن 1 مىليون 600 مىڭچە يەرگە ئىگە بولغان دېھقان سەپەرۋەر قىلىنىپ، خەلق جىيفاڭجۈنىگە قاتناشتۇرۇلدى.

بىز ھازىر خېلى نۇرغۇن تۆمۈريول، كان ۋە سانائەتكە ئىگە بولۇپ قالدۇق، پارتىيىمىز سانائەتنى باشقۇرۇشنى ۋە تىجارەت قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىۋاتىدۇ. 2 يىل ئىچىدە بىزنىڭ ھەربىي سانائىتىمىز خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئەمما ئۇ تېخى ئۇرۇش ئېھتىياجىغا جاۋاپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس. بىزدە بەزى مۇھىم خام ئەشيا ۋە ماشىنىلار كەم، بىز ئاساسىي جەھەتتىن تېخى پولات تاۋلىيالمايمىز.

بىز خۇابېينىڭ 44 مىليون ئاھالىگە ئىگە رايونىدا، بىرلىككە كەلگەن، پارتىيە بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى دېموكراتىك زاتلار ھەمكارلاشقان خەلق ھۆكۈمىتى قۇردۇق، شۇنىڭدەك ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ خۇابېي، خۇادۇڭ (43 مىليون ئاھالىگە ئىگە) ۋە شىبېي (7 مىليون ئاھالىگە ئىگە) رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مالىيە، سودا، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ئىشلىرىغا ۋە ھەربىي سانائىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدۇق، شۇنداقلا يېقىن كەلگۈسىدە دۇڭبېي ۋە جۇڭيۈەن رايونلىرىدىمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خىزمەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچىمىز.

3. جۇڭياڭ يىغىنى، ئۆتكەن 2 يىللىق ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە

ئاساسەن، 5 ملىيون كىشىلىك خەلق جىيفاڭجۈنى قۇرۇپ، تەخمىنەن 5 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە (1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ ھېساپلىغاندا)، دۈشمەنىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن جەمى 500 چە لۈي (شى)نى (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 100 چە لۈينى) يوقىتىپ، دۈشمەنىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى، غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە ئالاھىدە قىسىملىرىدىن جەمى 7 ملىيون 500 مىڭچە ئادىمىنى (يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 1 ملىيون 500 مىڭچە ئادىمىنى) يوقىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تولۇق ئىمكانىيەت بار، دەپ ھېساپلىدى.

گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا 4 ملىيون 300 مىڭ ئادەم ئىدى، 2 يىلدا، 3 ملىيون 90 مىڭ ئادىمى يوقىتىلدى ۋە قېچىپ كەتتى، ئۇ 2 ملىيون 440 مىڭ ئادەم تولۇقلىدى، ھازىر ئۇنىڭ 3 ملىيون 650 مىڭ ئادىمى بار. مولچەرلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە 3 ملىيون ئادەم تولۇقلىيالىشى، يوقىتىلىدىغان ۋە قاچىدىغانلىرى تەخمىنەن 4 ملىيون 500 مىڭ ئادەمگە يېتىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، 5 يىل ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچىدىن 2 ملىيونچىلا ئادەم قېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئارمىيىمىزدە ھازىر 2 ملىيون 800 مىڭ ئادەم بار، بۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە ئارمىيىمىزگە ئەسىرلەردىن 1 ملىيون 700 مىڭ ئادەم (ئەسىرلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 60 پىرسەنتى بويىچە ھېساپلىغاندا) قوبۇل قىلماقچىمىز، دېھقانلاردىن 2 ملىيون ئادەمنى ئارمىيىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلماقچىمىز، چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە، 5 يىل ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ئارمىيىمىز 5 ملىيون ئادەمگە يېقىنلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر 5 يىللىق ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنداق

بولۇپ چىقسا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق، دەپ ئېيتالايمىز.

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن يىلىغا 100 چە لۈي (شى)نى، 5 يىلدا جەمئىي 500 چە لۈي (شى)نى يوقىتىشىمىز لازىم. بۇ ــ بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ. دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن يوقاتقىنىمىز، لۈيگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، بىرىنچى يىلدا 97 لۈي (شى)، ئىككىنچى يىلدا 94 لۈي (شى) بولدى، مۇشۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ نىشانغا يەتكۈزۈش بەلكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش مۇمكىن. گومىنداڭنىڭ ھازىرقى 3 مىليون 650 مىڭ كىشىلىك ئومۇمىي ھەربىي كۈچىنىڭ 70 پىرسەنتى بىرىنچى سەپتە (چاڭجياڭ دەرياسى ۋە باشەن تاغ تىزمىلىرىدىكى سېپىنىڭ شىمالى، لەنجۇ شەھىرى ۋە خېلەنشەن تاغ تىزمىلىرىدىكى سېپىنىڭ شەرقى، چېڭدې ۋە چاڭچۈن شەھەرلىرىدىكى سېپىنىڭ جەنۇبى)، ئارقا سەپتىكىسى (چاڭجياڭ دەرياسى ۋە باشەن تاغ تىزمىلىرىدىكى سېپىنىڭ جەنۇبىنى، لەنجۇ شەھىرى ۋە خېلەنشەن تاغ تىزمىلىرىدىكى سېپىنىڭ غەربىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاران 30 پىرسەنتچە كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ ھازىرقى پۈتۈن مۇنتىزىم ئارمىيىسى 285 لۈي، 1 مىليون 980 مىڭ ئادەم، بۇنىڭدىن بىرىنچى سەپتىكىسى 249 لۈي، 1 مىليون 742 مىڭ ئادەم (شىمالىي سەپتە 99 لۈي، 694 مىڭ ئادەم، جەنۇبىي سەپتە 150 لۈي، 1 مىليون 48 مىڭ ئادەم)، ئارقا سەپتىكىسى ئاران 36 لۈي، 238 مىڭ ئادەم، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى قۇرۇلغان قىسىملار، جەڭگىۋارلىقى كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ئۈچىنچى يىلدا خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ پۈتۈن قىسمىنىڭ يەنىلا چاڭجياڭنىڭ شىمالىدا،

خۇابىي ۋە دۇڭبېيدا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. دۈشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئازات رايونلاردىن خەلقنى ئارمىيىگە قاتنىشىشقا پىلانلىق ھالدا ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن سەپەرۋەر قىلغاندىن تاشقىرى، ئەسىرلەردىن كۆپلەپ پايدىلىنىش كېرەك.

4. پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەتكىچە دۈشمەن تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن، پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان شارائىتتا ۋە يېزا شارائىتىدا تۇرغانلىقتىن، بىز جايلاردىكى پارتىيە رەھبەرىي ئورگانلىرى ۋە ھەربى رەھبەرىي ئورگانلارنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا يول قويغان ئىدۇق، بۇ ئەھۋال ئارقىسىدا، جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە قوشۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى جارى قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئېغىر قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزىبىر ئىنتىزامسىزلىق ۋە باشباشتاقلىق، مەھەللىۋازلىق ۋە پارتىزانچىلىقمۇ پەيدا بولۇپ، ئىنقىلاۋىي ئىشلارغا زىيان يەتكۈزدى. ھازىرقى ۋەزىيەت پارتىيىمىزدىن بۇنداق ئىنتىزامسىزلىق ۋە باشباشتاقلىقنى، مەھەللىۋازلىق ۋە پارتىزانچىلىقنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن تۈگىتىپ، مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن ۋە زۆرۈر بولغان بارلىق ھوقۇقنى جۇڭگياڭنىڭ ۋە جۇڭگياڭنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇرۇشنى پارتىزان ئۇرۇشى شەكلىدىن مۇنتىزىم ئۇرۇش شەكلىگە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆتكەن 2 يىل ئىچىدە ئارمىيىنىڭ ۋە ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇنتىزىملىقى بىرقەدەر ئۆستى، لېكىن تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ئۈچىنچى يىلدا يەنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش

لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە تومۇريول، تاشيول، پاراخوت قاتارلىق زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىنى رېمونت قىلىپ ۋە ئىگەللەپ، شەھەر ۋە سانائەتنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يېزىدىن شەھەرگە پەيدىن-پەي يۆتكەش لازىم.

5. مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋەزىپىسى پارتىيەمىزدىن ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلارنى، پارتىيە ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتلىرىنى باشقۇرالايدىغان كۆپلىگەن كادىرلارنى تېز ۋە پىلانلىق تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا 30 مىڭدىن 40 مىڭغىچە تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر تەييارلاش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشنىڭ تۆتىنچى يىلى قوشۇنلار ئىلگىرىلىگەن چاغدا قوشۇنلار بىلەن بىللە ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، تەخمىنەن 50 مىليوندىن 100 مىليونغىچە ئاھالىگە ئىگە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئازات رايونلارنى تەرتىپلىك باشقۇرالايدىغان قىلىش لازىم. جۇڭگونىڭ يېرى ناھايىتى كەڭ، ئاھالىسى ناھايىتى كۆپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز، ئەمما كادىر يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز تولىمۇ يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ، بۇ — ناھايىتى زور قىيىنچىلىق. ئۈچىنچى يىلى كادىر تەييارلاشتا، ئۇلارنىڭ كۆپىنى كونا ئازات رايونلارغا تايىنىپ تەييارلاشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن قوبۇل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. گومىنداڭ رايونلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە قاتنىشالايدىغان كۆپلىگەن ئىشچى ۋە زىيالىيلار بار، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى كونا ئازات رايونلاردىكى ئىشچى، دېھقان

تەركىۋىدىكىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە قارىغاندا ئۇمۇمەن يۇقۇرىراق.
گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي، مالىيە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئورگان-
لىرىدىكى ئەكسىيەتچىلەردىن باشقا خادىملاردىن كوپلەپ پايدىلى-
نىشىمىز كېرەك. ئازات رايونلارنىڭ مەكتەپ مائارىپى ئەسلىگە
كەلتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم.

6. سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىش شوئارى[4]
گومىنداڭ رايونلىرىدىكى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنى،
خەلق تەشكىلاتلىرىنى ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارنى
پارتىيىمىز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. 1949-يىلى جۇڭگودىكى بارلىق
دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە-
گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ،
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق مەركىزىي ھوكۇمىتىنى
قۇرۇش ئۇچۇن، ھازىر بىز گومىنداڭ رايونلىرىدىكى ئەنە شۇ
پارتىيە-گۇرۇھلارغا ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان
كىشىلەرنى ئازات رايونغا كېلىشكە ئۇيۇشتۇرۇۋاتىمىز.

7. ئازات رايونلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — ئۇرۇشقا
ياردەم بېرىش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يېڭىشنىڭ موھىم
ھالقىسى. جۇڭگيانىڭ يىغىنى مۇنداق ھېساپلايدۇ: بىر تەرەپتىن، خەلق
جيېفاڭجۇنىنىڭ غەلىبىلىك ھۇجۇمىنى گومىنداڭ رايونلىرىغا كېڭەي-
تىپ، ئۇرۇشقا زورۇر بولغان ئادەم كۇچى ۋە ماددى كۇچلەرنى
گومىنداڭ تەرەپتىن ۋە گومىنداڭ رايونلىرىدىن كوپلەپ ئېلىش
لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كونا ئازات رايونلارنىڭ سانائەت ئىشلەپ-
چىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بارلىق تىرىشچانلىقلار

بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، هازىرقى سەۋىيە-
سىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرۇش كېرەك. مۇشۇ ئىككى تەرەپتىكى
ۋەزىپە ئورۇنلانغاندىلا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل هوكۇمرانلىقىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كاپالەت بېرىش مۇمكىن، ئۇنداق قىلمىغاندا،
مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئىككى تەرەپتىكى ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا بىزدە نۇرغۇن
قىيىنچىلىق بار. بىزنىڭ چوڭ قوشۇنىمىز گومىنداڭ رايونلىرىغا
كىرىپ، ئارقا سېپى بولمىغان ياكى يېرىم ئارقا سېپى بولغان جەڭ-
لەرنى قىلغاندا، هەربىي تەمىناتنىڭ هەممىسىنى ياكى كوپ قىسمىنى
شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە هەل قىلىشى كېرەك. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى
ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلان-
دۇرۇش ئۈچۈن، ياخشىراق تەشكىللىي خىزمەتنىڭ بولۇشى، ئازات
رايونلارنىڭ ئىچكى بازىرىغا ئوبدان رەهبەرلىك قىلىنىشى ۋە
تاشقى سودىغا ئوبدان نازارەت قىلىنىشى، بەزى ماشىنا ۋە خام ئەشيا
يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنىڭ ئالدى بىلەن قاتناش - نەقلىيات مەسە-
لىسىنىڭ ۋە تومۇريول، تاشيول، دەريا يوللىرىنى رېمونت قىلىش
مەسىلىسىنىڭ هەل قىلىنىشى زورۇر. هازىر ئازات رايونلارنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە مالىيە ئەهۋالىدا زور قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، بىزنىڭ
قىيىنچىلىقىمىز گومىنداڭنىڭ قىيىنچىلىقىغا قارىغاندا جىق كىچىك
بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىق هەقىقەتەن بار. بۇلار، ئاساسەن، ماددىي
ئەشيالار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئورۇش ئېهتىياجىنى تەمىنلەشكە يېتىش-
مەيۋاتقانلىقىدىن، قەغەز پۇلنىڭ پاخاللىشىشى خېلى ئېغىر دەرىجىگە
يېتىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت، هالبۇكى، تەشكىللىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ
بولۇپمۇ مالىيە - ئىقتىسات جەهەتتىكى تەشكىللىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ

يېتەرلىك بولمىغانلىقى — مۇشۇ قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلغان سەۋەپ-لەرنىڭ بىرى. بىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشە-نىمىز، بەلكى بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز لازىم. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كۇرۇشىدە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئىقتىسات قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش لازىم: ئالدىنقى سەپتە، غەنىمەت ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشقا، ئوزىنىڭ جانلىق كۇچلىرىنى ئاياشقا، قورال-ياراقلارنى ئاياشقا، ئوق-دورىلارنى تېجەشكە، ئەسىرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا دىققەت قىلىش؛ ئارقا سەپتە، دولەت ئورگانلىرىنىڭ چىقىمىنى ئازايتىش، ئادەم ۋە ئات-ئۇلاق كۇچلىرىنى جىددى ئېھتىياجلىق بولمىغان ئىشلارغا سەپەرۋەر قىلىشنى ئازايتىش، مەجلىس ۋاقتىنى قىسقارتىش، دىخانچىلىق پەسىللىرىگە دىققەت قىلىش، دىخانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق، سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى تېجەش، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، پۇتۇن پارتىينى سانائەت ئىش-لەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى ۋە تىجارەت قىلىشنى ئۇگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش، ئازات رايونلارنىڭ ئىگىلىگىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇۋاپىق ئويۇشتۇرۇش، بازار جەھەتتىكى قارغۇلۇقنى تۇگىتىش ھەمدە بارلىق ھايانكەشلەر، بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغۇچىلار ئۇستىدىن زورۇر كۇرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىشقا مۇشۇلاردىن تۇتۇش قىلغاندىلا، ئالدى-مىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يېڭەلەيمىز.

8. كادىرلارنىڭ نەزىرىيە سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇزۇمنى كېڭەيتىش يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشنىڭ موھىم ھالقىسى بولۇپ قالدى. جۇڭياڭ

يىغىنى پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى كېڭەيتىش ھەققىدە مەخسۇس قارار ماقۇللىدى[5]. كادىرلارنىڭ نەزىرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر مەسىلىنىمۇ مۇزاكىرە قىلدى ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

9. مەملىكەتلىك 6-قېتىملىق ئەمگەك يىغىنى ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلدى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى[6] قۇرۇلدى. كېلەر يىلىنىڭ 1-يېرىمىدا، مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، مەملىكەتلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى[7] قۇرۇلدۇ؛ مەملىكەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى[8] قۇرۇلدۇ؛ شۇنىڭدەك يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى[9] قۇرۇلدۇ.

## ئىزاھلار

① گومىنداڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئاسىيلىقى 1927-يىلى بولغان ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان «يەنە بىر قېتىملىق ئاسىيلىقى»، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

② جەنۇبىتىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى، دېگەندە پارتىيىدە يولداش ۋاڭ مىڭ ۋەكىللىك قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق «سول»چىل لۇشيەن سەۋەبىدىن، 1934-يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ جەنۇبىتىكى ئىنقىلابىي گېنجۇيدىلەردىن چېكىنىپ چىققانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ بۇ خەلق جېيفاڭجۈنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان، گومىنداڭ-

نىڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىدىن ئازات قىلىنغان، تەربىيىدىن ئۆتكەن، ئارمىيىمىزگە قاتناشقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

④ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىش شوئارىنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1948 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «"بىرىنچى ماي" ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى خاتىرىلەش شوئارلىرى» ئىچىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلات-لىرى، جەمئىيەت موتىۋەرلىرى تېزلىكتە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىشنى، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلايلى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرايلى» دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ شوئار دەرھال گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئىگە بولدى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېيىن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دەپ ئاتالدى، كېيىن يەنە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دەپ ئۆزگەرتىلدى، مۇشۇ تومدىكى «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ۋېيىيۈەنخۈيىنىڭ يىغى-نىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ بۇ «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇل-تايلىرى ھەم ۋەكىللەر يىغىنلىرىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى قارارى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ قارارىدا پارتىيە ئىچىدە نورمال دېموكراتىك تۇرمۇشنى كېڭەيتىش ۋە بەرپا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا توۋەندىكىلەر بەلگ-لەنگەن: ھەر دەرىجىلىك داڭۋېيلار پارتىيە نىزامنامىسىگە بىنائەن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ھەم ۋەكىللەر يىغىنلىرىنى قەرەللىك چاقىرىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق قۇرۇلتاي ۋە يىغىنلارغا پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن بارلىق ھوقۇقلار بېرىلىشى لازىم، دەخلى ـ تەرۈز قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. يىغىننى تولۇق تەييارلىق

بىلەن ئېچىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىدا بولغان تالاش-تارتىشلارنى ۋاقتىدا، ھەقىقىي رەۋىشتە يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭدىكى موھىم تالاش-تارتىشلارنى جۇڭياڭغىمۇ مەلۇم قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە داڭۋېي تۈزۈمىنى مۇكەممەل-لەشتۈرۈش لازىم، ھەر دەرىجىلىك داڭۋېيلار موھىم مەسىلىلەرنى داڭۋېينىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىشىدىن ئوتكۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى، موھىم مەسىلىلەرنى شەخسلەر بەلگىلىمەس-لىكى كېرەك، ئەمما كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخس مەسئۇل بولۇشنىڭ بىرىگە ئېغىپ، بىرىدىن كېچىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

⑥ مەملىكەتلىك 6-قېتىملىق ئەمگەك يىغىنى 1948-يىل 8-ئايدا خاربىندا ئوتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەملىكەتلىك تەشكىلاتى — جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئويۇشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئالدىنقى 5 قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەمگەك يىغىنى 1922-يىلى، 1925-يىلى، 1926-يىلى، 1927-يىلى ۋە 1929-يىلى ئوتكۈزۈلگەن ئىدى.

⑦ مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى 1949-يىل 3-ئايدا بېيپىڭدا ئوتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا مەملىكەت بويىچە ئاياللار ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى — جۇڭخۇا مەملىكەتلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ئۇ كېيىن جۇڭخۇا مەملى-كەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى دەپ ئاتالدى.

⑧ مەملىكەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى 1949-يىل 5-ئايدا بېيپىڭدا ئوتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك دېموكراتىك ياشلار باش بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ئۇ كېيىن جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى دەپ ئاتالدى.

⑨ يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى 1949-يىل 1-ئايدا جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ قارارى بويىچە قۇرۇلدى. ئۇنىڭ مەملىكەتلىك

1 ـ قۇرۇلتىيى 1949 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيپىڭدا ئوتكۈزۈلدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1957 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئوتكۈزۈلگەن 3 ـ قۇرۇلتىيىدا يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى دېگەن نام كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېگەن نامغا ئوزگەرتىلدى.

# خۇەيخەي جەنيسىنىڭ ئۇرۇش قلش فاڭجېنى توغرسىدا*

**(1948 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)**

خۇەيخەي جەنيسىنىڭ① ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرسىدا بىرنەچچە پكىر قويدۇق، ئويلىشىپ كورەرسلەر:

1. بۇ جەنيسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى — ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۇەننى يوقتىش، ئوتتۇ-

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي هەربىي ۋېيىۋەنخۈيىنىڭ خۇادۇڭ يېجەنجۈنى ۋە جۇڭيۇەن يېجەنجۈنىگە، خۇادۇڭجۈي ۋە جۇڭيۇەنجۈيگە ئەۋەتكەن دېيەنباۋسى. خۇەيخەي جەنيىسى — جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىدا هەل قىلغۇچ ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان ئەڭ چوڭ 3 جەنيىنىڭ بىرى. بۇ جەنيىنى خۇادۇڭ يېجەنجۈنى، جۇڭيۇەن يېجەنجۈنى بىلەن خۇادۇڭ، جۇڭيۇەنلەردىكى يەرلىك قىسىملار بىرلىكتە ئېلىپ باردى. بۇ جەنيىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەمى 555 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ دېيەنباۋدا ئوتتۇرىغا قويغان جەنيى فاڭجېنى تولۇق

رىدىن بوسۇپ ئۆتۈپ، شىنئەنجىن، يۈنخې پويىز ئىستانسىسى، ساۋباجى، يىشيەن، زاۋجۇاڭ، لىنچېڭ، خەنجۇاڭ، شۈياڭ، پېيشيەن، تەنچېڭ، تەيئېرجۇاڭ ۋە لىنيى قاتارلىق جايلارنى ئېلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، 2 زۇڭدۈي بىلەن دۈشمەننىڭ 1 شىسىنى يوقىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، 6 ـ 7 زۇڭدۈي بىلەن دۈشمەننىڭ 25، 63 ۋە 64 ـ شىلىرىنى بولۇپ تۇرۇپ يوقىتىش كېرەك. 5 ـ 6 زۇڭدۈي بىلەن دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش لازىم. 1 ـ 2 زۇڭدۈي بىلەن لىنچېڭ ۋە خەنجۇاڭ رايونلىرىدىكى لى مى قوشۇنىنىڭ 1 لۈيىنى يوقىتىش ھەمدە تىرىشىپ لىنچېڭ ۋە خەنجۇاڭنى ئېلىپ، شۈيجۇغا شىمالدىن تەھلىكە سېلىپ، چيۇ چىڭچۈەن بىڭتۇەننى ۋە لى مى بىڭتۇەننى شەرق تەرەپكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش كېرەك. 1 زۇڭدۈي بىلەن يەرلىك بىڭتۇەننى شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۈيجۇ بىلەن شاڭچيۇ ئارىلىقىغا ياتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، چيۇ چىڭچۈەن بىڭتۇەننىڭ بىر

---

مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، پەقەت جەنىنىڭ تەرەققىياتىلا ئالدىن قىلىنـغان مولچەردىكىدىن تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، شۇڭا غەلىبىمۇ ئالدىن قىلىنغان مولچەردىكىدىن تېخىمۇ تېز ۋە تېخىمۇ زور بولدى. مۇشۇ جەنىدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ پايتەختى نەنجىڭ خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ بىۋاستە تەھلىكىسى ئاستىدا قالدى. خۇەيخەي جەنىسى 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاياقلاشتى، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جياڭ جېيشى ئۆزىنىڭ «ئىستىپا» بەرگەنلىكىنى جاكالىدى، نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمران گورۇھى شۇنىڭدىن باشلاپ تېرى ـ پېرەڭ بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

قسمنى تزگنلەپ تۇرۇش كېرەك (سۇن يۈەنلياڭنڭ 3 شسى هازر شەرق تەرەپكە يۈرۈش ئالددا تۇردۇ، ليۇ بوچېڭ، چېن يى، دېڭ شياۋپڭلارنڭ جېڭجۇ ـ شۈيجۇ قاتناش يوللرغا هۇجۇم قلشنى دەرهال ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۇن يۈەنلياڭ بڭتۈەننى تزگنلەپ تۇرۇشنى ئۈمت قلمز). 1ـ2 زۇڭدۈي بلەن سۇچيەن ـ سۈينڭ ـ لڭبى رايوندا هەركەتلنپ، لى مى بڭتۈەننى تزگنلەپ تۇرۇش كېرەك. يۇقۇرقدەك ئورۇنلاشتۇرغاندا يەنى ئەسكرىي كۈچمزنڭ يېرمدن كوپرەگى بلەن چيۇ چڭچۈەن بڭتۈەنى ۋە لى مى بڭتۈەنگە ناقابل تۇرۇپ، ئۇنى تزگنلەپ تۇرغاندا، ئۇنڭغا ئالدنى توسۇپ زەربە بەرگەندە ۋە دۈشمەننڭ بر قسمنى يوقاتقاندا، ئاندن خۇاڭ بوتاۋ بڭتۈەننڭ 3 شسنى يوقتش مەقسدگە يەتكلى بولدۇ. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش 9 ـ ئايدكى جنەننى ئېلش ۋە ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە زەربە بېرشنڭ[2] ئورۇنلاشتۇرۇلۇشغا ئاساسەن ئوخشاش، ئۇنداق بولمغاندا، خۇاڭ بوتاۋ بڭتۈەننڭ 3 شسنى يوقتش مەقسدگە يەتكلى بولمايدۇ. برنچى باسقۇچنى جەنيى باشلنپ 2 ـ 3 هەپتە ئچدە ئاياقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ترشش كېرەك.

2. ئككنچى باسقۇچتا، تەخمنەن 5 زۇڭدۈي بلەن خەيجۇ ـ شنپۇ ـ ليەنيۈنگاڭ ـ گۈەنيۈن رايوندكى دۈشمەننى يوقتش ۋە بۇ شەهەرلەرنى ئېلش كېرەك. مولچەرلشمزچە، بۇ ۋاقتتا دۈشمەننڭ چڭداۋدكى 54 ۋە 32 ـ شلرنڭ دېڭز ئارقلق خەيجۇ ـ شنپۇ ـ ليەنيۈنگاڭ رايونغا كەلتۈرۈلۈشى ئېهتمالغا يېقن[3]. بۇلار شۇ رايوندا تۇرۇشلۇق بۇرۇنقى 1 شى بلەن قوشۇلۇپ جەمى 3 شى بولدۇ، شۇنڭ ئۈچۈن 5 زۇڭدۈي بلەن هۇجۇم قلش، قالغان ئەسكرىي كۈچ (ئاساسىي كۈچ) بلەن چيۇ چڭچۈەن بڭتۈەنى ۋە

لى مى بىگتۇەننى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇش كېرەك، بۇمۇ 9 ـ ئاي-ـ دىكى جىنەننى ئېلىش ۋە ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش-نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى پرىنسىپقا ئوخشاش. بۇ باسقۇچنىمۇ 2 ـ 3 ھەپتە ئىچىدە تۈگىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

3. ئۈچىنچى باسقۇچتا، خۇەيين، خۇەيئەن تەرەپتە جەڭ قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكىرىي كۈچىنى 1 شچە كوپەيتىدۇ (ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 8 ـ شى يەنتەيدىن جەنۇپقا يوتكىلىۋاتىدۇ)، شۇڭا بىزنىڭمۇ 5 زۇڭدۇيىچە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا، قالغان ئاساسىي كۈچ بىلەن بولسا ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا تەييار تۇرۇش كېرەك. بۇ باسقۇچ ئۈچۈنمۇ تەخمىنەن 2 ـ 3 ھەپتە كېتىدۇ.

ئۈچ باسقۇچقا تەخمىنەن بىر يېرىم ئايدىن 2 ئايغىچە ۋاقىت كېتىدۇ.

4. خۇەيخەي جەنىيسىنى 11 ۋە 12 ـ ئاي ئىچىدە تۈگىتىڭلار. كېلەر يىل 1 ـ ئايدا دەم ئالدۇرۇش ـ تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىڭلار. 3 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، ليۇ بوچېڭ ـ دېڭ شياۋپىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى چاڭجياڭنىڭ نېرىقى قىرغ-قىغىچە سۈرۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى جۇيىدىيەنلەردە مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىڭلار. ئاساسىي كۈچۈڭلار كۈزدە چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلىشى مۇمكىن.

## ئىزاھلار

① خۇەيخەي جەنىيسى ـــ خەلق جيېفاڭجۈنى شۆبجۈنى مەركەز

قىلىپ، شەرقتە خەيجۇدىن تارتىپ غەربتە شاڭچيۇغىچە، شىمالدا لىنچېڭ (ھازىرقى شۇيېچېڭ)دىن تارتىپ جەنۇپتا خۇەيخې دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايوندا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەنيى. بۇ رايونغا توپلانغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى شۇيجۇ «باسىمچىلارنى يوقىتىش زۇڭسىلىڭبۇسى»نىڭ سىلىڭگۇەنى ليۇ جى، فۇسىلىڭگۇەنى دۇ يۈيمىڭلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى 4 بىڭتۇەن ۋە 3 تىنچلاندۇرۇش رايونىدىكى قىسىملار، كېيىن خۇاجوڭدىن ياردەمگە كەلگەن خۇاڭ ۋېي بىڭتۇەنى بولۇپ جەمى 5 بىڭتۇەن ۋە 3 تىنچلاندۇرۇش رايونىدىكى قىسىملاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ جەنيىگە خەلق جيېفاڭجۈنىدىن خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ 16 زۇڭدۈيى، جوڭيۈەن يېجەنجۈنىنىڭ 7 زۇڭدۈيى بىلەن خۇادۇڭ، جوڭيۈەن جۈنچۈيلىرىدىكى ۋە خۇابېي جۈنچۈيىگە قاراشلىق خېبېي - شەندۇڭ - خېنەن جۈنچۈيىدىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەردىن بولۇپ جەمى 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. جەنيى 1948 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باشلىنىپ، 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاياقلاشتى، يەنى 65 كۈن داۋام قىلدى، بۇ جەنيىدە گومىنداڭنىڭ خىل قىسىملىرىدىن 22 جۈن يەنى 56 شى (بۇنىڭ ئىچىدە 4 يېرىم شى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتتى)، جەمى 555 مىڭ ئادىمى تامامەن يوقىتىلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەنجىڭ تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن ليۇ رۇمىڭ بىڭتۇەنى، لى يەننيەن بىڭتۇەنى چېكىندۈرۈلدى، شۇنداق قىلىپ، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى خۇادۇڭ، جوڭيۈەن رايونلىرى ئاساسەن ئازات قىلىندى. پۈتۈن خۇەيخەي جەنيىسى 3 باسقۇچقا بولۇندى. بىرىنچى باسقۇچ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە داۋام قىلدى، بۇنىڭدا خۇادۇڭ يېجەنجۈنى جوڭيۈەن يېجەنجۈنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن شۇيجۇنىڭ شەرقىدىكى شىنەنجېن، نيەنجۇاڭ رايونلىرىدا خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۇەنىنى قورشىۋېلىپ يوقاتتى، خۇاڭ بوتاۋنى ئۆلتۈردى، لۇڭ - خەي تۆمۈريولىنىڭ نيەنجۇاڭنىڭ شەرقىدىكى قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ۋە تيەنجىن - پۇكۇ تۆمۈريولى شۇيجۇ - بېڭبۇ قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ھەم شۇيجۇنىڭ غەربى ۋە

شىمالىدىكى كەڭ جايلارنى ئازات قىلدى. گومىنداڭنىڭ 3 ـ تىنچلاندۇ-
رۇش رايونىغا قاراشلىق 3 يېرىم شىسى، جەمى 23 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمى
تەيشىرجۇاڭ، زاۋجۇاڭ رايونلىرىدا قورغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە
ئۆتتى. ئىككىنچى باسقۇچ 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلدى، بۇنىڭدا جۇگيۇەن يېجەنجۇنى خۇادۇڭ
يېجەنجۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سۈشيەن ناھىيىسىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىكى شۇاڭدۈيجى رايونىدا خۇاڭ ۋېي بىڭتۇەنىنى قورشى-
ۋېلىپ يوقاتتى، بىڭتۇەن سىلىڭى خۇاڭ ۋېي، فۇسىلىڭى ۋۇ شاۋجۇلارنى
تىرىك تۇتۇۋالدى. بۇ بىڭتۇەنىنىڭ 1 شىسى قورغىلاڭ كوتىرىپ بىز
تەرەپكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۈيجۇدىن غەرپكە قېچىپ
كېتىۋاتقان سۈن يۈەنلياڭ بىڭتۇەنىمۇ يوقىتىلدى، سۈن يۈەنلياڭ ئۆزى
يالغۇز قېچىپ كەتتى. ئۈچىنچى باسقۇچ 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى-
دىن 10 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلدى، بۇنىڭدا خۇادۇڭ يېجەنجۇنى جۇگيۇەن
يېجەنجۇنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن يۇڭچېڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
چىڭلۇڭجى، چېنگۇەنجۇاڭ رايونلىرىدا دۇ يۈيمىڭنىڭ بىۋاستە قوماندان-
لىقىدىكى شۈيجۇدىن غەرپكە قېچىپ كېتىۋاتقان چيۇ چىڭچۇەن بىڭ-
تۇەنىنى ۋە لى مى بىڭتۇەنىنى قورشىۋېلىپ يوقاتتى، دۇ يۈيمىڭنى تىرىك
تۇتۇۋالدى، چيۇ چىڭچۇەنىنى ئۆلتۈردى، يالغۇز لى مىلا قېچىپ قۇتۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن كولىمى غايەت زور بولغان خۇەيخەي جەنىپى غەلىبە-
لىك ئاياقلاشتى.

② جىنەننى ئېلىش ۋە ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە زەربە
بېرىش 1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ ئون كۈنى ئىچىدە خەلق جيېفاڭجۈنى-
نىڭ جىنەن جەنىپىدە قوللانغان ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى كورسىتىدۇ.
جىنەن گومىنداڭنىڭ شەندۇڭ رايونىدىكى جەنلۇېلىك موھىم جايى
ئىدى. گومىنداڭ جىنەننى 2 ـ تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ 110 مىڭدىن
ئارتۇق ئادەمى بىلەن مۇدايىە قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
شۈيجۇ رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 23 لۇي يەنى 170 مىڭچە كىشىلىك

ئاساسي كۇچى بلەن شمالغا ياردەم بېرىشكە ھەرقاچان تەيیار ئدى. خۇادۇڭ يېجەنجۇنى 7 زۇڭدۇيىنى شەھەر ئېلىش جىتۇەنى، 8 زۇڭدۇيىنى ياردەمگە كەلگەن دۇشمەنگە زەربە بېرىش جىتۇەنى قىلىپ تەشكىللىدى. 1948 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنى ئاخشىمى ئارمىيىمىز جىنەننى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان دۇشمەنگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇدا 8 كېچە ـ كۇندۇز ھۇجۇم قىلىپ، جىنەننى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان دۇشمەننى 24 ـ كۇنى تامامەن يوقاتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 1 جۇن قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتتى)، گومىنداڭنىڭ 2 ـ تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭگۇەنى ۋاڭ ياۋۋۇنى تىرىك تۇتتۇۋالدى. ئارمىيىمىز جىنەننى چاپسان ئالغانلىقتىن، شۇيجۇدىكى دۇشمەن شمالغا ياردەم بېرىشكە جۇرئەت قىلالمىدى.

③ كېيىن بۇ دۇشمەن كېلىشكە جۇرئەت قىلالمىدى.

# پۈتۈن دۈنيا ئىنقلاۋىي كۈچلرى ئىتتپاقلشپ، جاھانگرلكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرايلى*

(1948 ـ يىل 11 ـ ئاي)

ھازىر، پۈتۈن دۈنيادىكى ئويغانغان ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ھەقىقى ئىنقلاۋىي كىشلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقلاۋىنىڭ 31 يىللىغىنى خوشال ـ خورام خاتىرلەۋاتقان چاغدا، ستالىننىڭ 1918 ـ يىلى ئوكتەبىر ئىنقلاۋىنىڭ بىر يىللىغىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان مەشھۇر ماقالىسى ئېسىمگە چۈشتى. ستالىن بۇ ماقالىسىدا مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئوكتەبىر

---

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ ئوكتەبىر ئىنقلاۋىنىڭ 31 يىللىغىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ياۋروپادىكى كوڭگچەنداڭ ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى چىڭباۋجۈيىنىڭ نەشر ئەپكارى «مۇستەھكەم تىنچلىق ئۈچۈن، خەلق دېموكراتىيىسى ئۈچۈن»گە يازغان ماقالا. بۇ ماقالا شۇ ژورنالنىڭ 1948 ـ يىل 21 ـ سانىغا بېسىلغان ئىدى.

ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇق دۇنياۋى ئەھمىيىتى ئاساسەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ: بىرىنچى، مىللى مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇنى ياۋروپادىكى مىللى زۇلۇمغا قارشى كۇرەشتىن ئىبارەت قىسمەن مەسىلىدىن ئېزىلگۇچى مىللەتلەرنىڭ، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ جاھانگىرلىكتىن ئازات بولۇشى ھەققىدىكى ئومۇمىي مەسىلىگە ئايلاندۇردى؛ ئىككىنچى، بۇنداق ئازاتلىققا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتى ۋە ئەمەلىي يول ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن غەرپ ۋە شەرقتىكى ئېزىلگۇچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۇرۇپ، ئۇلارنى جاھانگىرلىككە قارشى غەلىبىلىك كۇرەشنىڭ ئۇلۇق ئېقىمىغا تارتتى؛ ئۇچىنچى، شۇنىڭ بىلەن، روسىيە ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك غەرپ بىلەن قۇللۇقتىكى شەرق ئوتتۇرىسىغا كوۋرۇك سالدى، غەرپ پرولېتارلىرىدىن تارتىپ تاكى شەرقتىكى ئېزىلگۇچى مىللەتلەرگىچە دۇنياۋى جاھانگىرلىككە قارشى يېڭى ئىنقىلاپ سېپى قۇردى.»①

تارىخ ستالىن كورسەتكەن يونۇلۇش بويىچە راۋاجلاندى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى دۇنيا خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتى ۋە ئەمەلىي يول ئاچتى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى روسىيە ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، غەرپ پرولېتارلىرىدىن تارتىپ تاكى شەرقتىكى ئېزىلگۇچى مىللەتلەرگىچە دۇنياۋى جاھانگىرلىككە قارشى يېڭى ئىنقىلاپ سېپى قۇردى. بۇ ئىنقىلاپ سېپى لېنىننىڭ، لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسا، ستالىننىڭ چوڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندى.

ئىنقىلاپ قىلىش كېرەك ئىكەن، بىر ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولۇشى لازىم. ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولمىسا، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ

ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىسى ۋە ئىنقىلاۋىي خىسلىتى بويىچە قۇرۇلغان ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىكنى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ماركسىزىم بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى 100 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە، پەقەت روسىيە بولشېۋىكلىرى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتا ۋە فاشىزىم تاجاۋۇزىنى يېڭىشتە ئۈلگە ياراتقان چاغدىلا، دۇنيا مىقياسىدا يېڭىچە ئىنقىلاۋىي پارتىيىلەر قۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندى. مۇشۇنداق ئىنقىلاۋىي پارتىيىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش شۇنداق چوڭ بولدىكى، ھەتتا پېشقەدەملىرىمىز زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئۆزگىرىشلەر داغدۇغىلىق سۈرەتتە مەيدانغا چىقتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى — سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنى ئۈلگە قىلىپ قۇرۇلغان ۋە راۋاجلانغان پارتىيە. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋۇجۇتقا كەلگەندىن باشلاپ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى. بۇ پاكىت تېخى روشەن ئەمەسمۇ؟

سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىغىدىكى دۇنيا ئىنقىلاۋىي بىرلىكسېپى فاشىست گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنى يەڭدى. بۇ — ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىسى. مۇبادا ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى بولمىغان بولسا، مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى بولمىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بولمىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىگىدىكى غەرب ۋە شەرقنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلاۋىي بىرلىكسېپى بولمىغان بولسا، فاشىست گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمىدى؟ ئەگەر ئوكتەبىر

ئىنقىلاۋى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەت-لەرنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتتى ۋە ئەمەلىي يول ئاچتى دېيىلدىكەن، ئۇ ھالدا فاشىزىمغا قارشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەت ياراتقان ۋە تېخىمۇ ئەمەلىي يول ئاچقان بولىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك ناھايىتى زور خاتالىق بولىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، فاشىست گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنىڭ ئورنىنى بېسىپ غالجىرلىق بىلەن يېڭى دۇنيا ئۇرۇشى تەييارلاۋاتقان، پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى غالچىلىرى كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ چىرىكلىشىپ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ۋە ھالاكەت ۋەھىمىسىدە قېلىشتەك روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇ دۈشمەننىڭ تېخى كۈچى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر مەملىكەت ئىچىدىكى بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئىتتىپاقلىشىشى، بارلىق مەملى-كەتلەردىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئىتتىپاقلىشىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدا جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈشى ۋە توغرا سىياسەتكە ئەمەل قىلىشى لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، غەلىبە قازان-غىلى بولمايدۇ. بۇ دۈشمەننىڭ ئاساسى بوش، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى چاك-چېكىدىن بوشۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ خەلقتىن ئايرىلغان، ئۇنىڭدا قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ئىقتىسادىي ۋەيجى بار، شۇڭا، ئۇنى يەڭگىلى بولىدۇ. دۈشمەن كۈچىنى تولىمۇ يۇقۇرى مۆلچەرلەش ۋە ئىنقىلاپ كۈچىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك ناھايىتى زور خاتالىق

بولىدۇ.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلىۋاتقان غالجىرانە تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى، ۋەتەن سېتىۋاتقان، ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىۋاتقان، ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنى قىرىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلغان ئۇلۇغ جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ھازىر غايەت زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە بولغان 2 يىل ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ 4 مىليون 300 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. 2 يىللىق جەڭدە (1948 ـ يىل 7 ـ ئايدىن كېيىنكى تەرەققىيات بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىدى) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن 2 مىليون 640 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدى ۋە يوقاتتى. جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ھازىرقى يەر مەيدانى 2 مىليون 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 9 مىليون 597 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر مەيدانىنىڭ 24.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھازىرقى ئاھالىسى 168 مىليون بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 475 مىليون ئاھالىنىڭ 35.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھازىرقى شەھەرلىرى 586 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 2 مىڭ 9 شەھەرنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيىمىز قەتئىي سۈرەتتە دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتىن، ھازىر تەخمىنەن 100 مىليون ئاھالە ياشايدىغان رايونلاردا، يەر مەسىلىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىندى، پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ۋە كونىچە باي

دېخانلارنىڭ يەرلىرى دېخانلارغا، ئالدى بىلەن كەمبەغەل دېخان ۋە يالىلانىما دېخانلارغا ئومۇمەن تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ئەزالىرى 1945 ـ يىلىدىكى 1 مىليون 210 مىڭدىن ھازىرقى 3 مىليونغا كۆپەيدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ۋەزىپىسى — پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش. بىز بىلىمىزكى، ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. لېكىن، بىز بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايمىز. بىز، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش لازىم، بەلكى يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ نۇرى بىزنى يورۇتماقتا. ئازاپ ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقان جۇڭگو خەلقى ئازاتلىققا چىقىشى لازىم، بەلكى ئۇلار ئازاتلىققا چىقالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئەزەلدىن يالغۇز بولۇپ كەلگەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىي كۈرىشى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدىغان بولدى. بىز پۈتۈن دۇنيادىكى گۇڭچەنداڭلارنىڭ ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياردىمىگە ئىگىمىز. بۇ نۇقتىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ پېشقەدىمى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى چۈشەنگەنىدى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئېنىق بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر ۋەسىيىتى سۈپىتىدە قالدۇرغان ئىدى. سۇن جۇڭشەننىڭ سىياسىتىگە ئاسىيلىق قىلغان، جاھانگىرلىكنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپ سېپى تەرەپتە تۇرغان، ئۆز مەملىكىتىنىڭ خەلقىگە

قارشى تۇرغانلار ــ گومىنداڭنىڭ جىياڭ جيېشى باسمىچىلىرى. لېكىن كىشىلەر گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىنىڭ جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا كورىدۇ. جۇڭگو خەلقى ــ قەھرىمان خەلق، جۇڭگو كوڭچەنداڭى ــ قەھرىمان پارتىيە، ئۇلار پۈتۈن جۇڭگونى چوقۇم ئازات قىلىدۇ.

## ئىزاھ

① ستالىننىڭ «ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە مىللى مەسىلە» دىگەن ماقالىسىنىڭ 3-بولۇمى «ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى»دىن ئېلىنغان.

# جۇڭگونڭ ھەربى ۋەزىيىتدىكى زور ئۆزگرش*

## (1948 ـ يل 11 ـ ئاينڭ 14 ـ كۈنى)

جۇڭگونڭ ھەربى ۋەزىيىتى ھازر بر يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتسغا قەدەم قويدى، يەنى ئۇرۇش قلۋاتقان ئككى تەرەپنڭ كۈچ سلشتۇرمسدا تۈپ ئۆزگرش بولدى. خەلق جېفاڭجۈنى سۈپەت جەھەتتن ئاللقاچان ئۈستۈنلۈككە ئگە بولۇپ بولغان ئدى، ھازر

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ شنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پكلۈن. بۇ پكلۈندا، يولداش ماۋزېدۇڭ، لياۋشېن جەنيسدن كېين دۈشمەن كۈچى بلەن بزنڭ كۈچمزدە ئۆزگرش بولغان يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، خەلق ئازاتلق ئۇرۇشنڭ غەلبە قازنش ۋاقتنى يېڭى ـ ۋاشتن مۆلچەرلەپ، گومنداڭنڭ ئەكسيەتچل ھۆكۈمرانلقنى 1948 ـ يل 11 ـ ئايدن باشلاپ يەنە بر يللچە ۋاقتتا ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولدىغانلقنى كۆرسەتتى. جۇڭگونڭ ھەربى ۋەزىيتنڭ كېينكى تەرەققياتى يولداش ماۋزېدۇڭنڭ ئالدنئالا قلغان بۇ مۆلچەرنى تولۇق ئسپاتلدى.

بولسا سان جەھەتتىنمۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە جۇڭگو تېچلىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يەنى بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئادەم سانى تەخمىنەن 3 مىليون 650 مىڭ. بۇ سان گومىنداڭنىڭ 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا باشلىغان ۋاقىتدىكى 4 مىليون 300 مىڭ ئادەمدىن 650 مىڭ كەم. گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن 2 يىللىق ئۇرۇشتا يوقىتىلغان، ئەسىر ئېلىنغان ۋە قاچقانلار تەخمىنەن 3 مىليون 90 مىڭ بولسىمۇ (بۇنىڭ ئىچىدە يوقىتىلغان، ئەسىر ئېلىنغانلىرى 2 مىليون 640 مىڭ)، لېكىن بۇ مەزگىل ئىچىدە يەنە تەخمىنەن 2 مىليون 440 مىڭ ئادەم بىلەن تولۇقلىۋالغاچقا، كەم سان ئاران 650 مىڭلا بولۇپ قالغان ئىدى. يېقىندا كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىنىڭ ئالدىنقى 4 ئېيىدا يەنى بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شېنياڭ ئازات بولغانغا قەدەر گومىنداڭ ئارمىيىسى 1 مىليون ئادەمدىن ئايرىلدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بۇ 4 ئاي ئىچىدىكى تولۇقلىنىش ئەھۋالى تېخى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى، ئەگەر 300 مىڭ ئادەم تولۇقلىيالىدى، دېسەك، كەم سان 700 مىڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرى، مۇنتىزىم ئارمىيىسى، غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىسى، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات ئورگانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئارمىيىسىدە ھازىر ئاران 2 مىليون 900 مىڭچە ئادەم قالدى. خەلق جېيفاڭجۈنى بولسا 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى 1 مىليون 200 مىڭ

ئادەمدىن 1948 ـ يىل 6 ـ ئايدا 2 مىليون 800 مىڭ ئادەمگە كوپەيگەن ئىدى، ھازىر يەنە كوپىيىپ 3 مىليوندىن ئاشتى. بۇ ئەھۋال گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سان جەھەتتىن ئۈزاقتىن بۇيان ئىگەللەپ كەلگەن ئۈستۈنلۈگىنى چاپسانلا توۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. بۇ — خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ 4 ئاي ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ھەر بىر جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بولۇپمۇ جەنۇبىي سەپتىكى سۈيشيەن ـ چىشيەن جەنىسى[1]، جىنەن جىنىسى[2]، شىمالىي سەپتىكى جىنجۇ، چاڭچۈن، غەربىي لياۋنىڭ، شىنياڭ جەنىيلىرىنىڭ نەتىجىسى[3]. گومىنداڭ غەيرى مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى جىنىنىڭ بىرىچە مۇنتىزىم ئارمىيىگە سەپلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر يەنىلا 285 شىنىڭ فەنخاۋسىنى ساقلاپ كەلدى. 4 ئاي ئىچىدىلا خەلق جىيفاڭجۈنى دۈشمەنىنىڭ يىگىدىن يۇقۇرى قىسىملىرىدىن جەمى 83 شىنى يوقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 63 تولۇق شى بار.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئەسلىدە مولچەرلىگەن ئۇرۇش جەريانى زور دەرىجىدە قىسقاردى. ئەسلىدە، 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ تەخمىنەن 5 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن، دەپ مولچەرلىگەن ئىدۇق. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىردىن باشلاپ يەنە بىر يىلچە ۋاقىت بولسىلا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، خەلق ئازاتلىق ئىشىنى ئورۇنلاشقا كەلسەك، بۇنىڭغا كوپرەك ۋاقىت كېتىدۇ.

دۈشمەن تېز گۇمران بولماقتا، شۇنداقتىمۇ كوممۇنىستلار، خەلق

جېيفاڭجۈنى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ قاتتىق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ؛ شۇنداق قىلغاندىلا، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تەلتۆكۈس، تولۇق يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① سۈيشيەن-چىشيەن جەنيىسى شەرقىي خېنەن جەنيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ — خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كەيفېڭ ۋە سۈيشيەن-چىشيەن رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان جەنيىسى. بۇ جەنيى 1948-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈنى باشلاندى. ئارمىيىمىز 6-ئاينىڭ 22-كۈنى كەيفېڭنى ئالدى. جياڭ جېيشى ئۆگۈشىز ئورۇش ۋەزىيىتىنى بۇراش ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ قوماندانلىق قىلىپ، چيۇ چىڭچۈەن، ۋۇ شۇنيەن، خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۈەنلىرىنى يوتكەپ كەلدى، ئۇلار بىرقانچە يونىلىشكە بولۇنۇپ كەيفېڭغا ھۇجۇم قىلدى. خۇادۇڭ يېجەنجۈنىنىڭ 6 زۇڭدۈيى، جۇڭيۈەن يېجەنجۈنىنىڭ 2 زۇڭدۈيى ۋە گۇاڭدۇڭ-گۇاڭشى زۇڭدۈيى 6-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە، دۈشمەننىڭ ۋۇ شۇنيەن بىڭتۈەنى بىلەن خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۈەنىنى سۈيشيەن-چىشيەن رايونىدا قورشىۋېلىپ، 9 كېچە-كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، ۋۇ شۇنيەن بىڭتۈەنىنىڭ 2 شى يەنى 6 لۈيى ۋە خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۈەنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ جەمى 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، بىڭتۈەن سىلىڭى ۋۇ شۇنيەن بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 75-شىنىڭ شىجاڭى شېن چېڭنيەنى تىرىك تۇتۇۋالدى.

② جىنەن جەنيىسى توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «خۇەيخەي جەنيىسى-

نىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا»نىڭ ② ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان جىنجۇ، چاڭچۇن، غەربىي لياۋنىڭ، شېنياڭ جەڭلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ لياۋشېن جەڭى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ تومدىكى «لياۋشېن جەڭىنىڭ ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا» نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

# پېكىن جەنىيسىنىڭ[①] ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى توغرىسىدا*

**(1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)**

1. جاڭجياكۇ، شىنباۋئەن، خۇەيلەيلەردىكى ۋە پۇتۇن بېيپىڭ، تيەنجىن، تاڭگۇ، تاڭشەنلەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىرقانچە قىسىمىنىڭ، مەسىلەن، 35 - جۈن، 62 - جۈن ۋە 94 - جۈنلەردىكى ئايرىم بىرقانچە شىسىنىڭ گۇڭشىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشتا تېخى بىرقەدەر كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقى

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان جۇڭگو جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەن قاتارلىق يولداشلارغا ئەۋەتكەن دېپېشاۋىسى. پېكىن جەنىيسى — جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ چوڭ 3 جەنىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرى. بۇ جەنىيدە گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن 520 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يوقىتىلدى ۋە ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، بېيپىڭ، تيەنجىن، جاڭجياكۇغا ئوخشاش مۇھىم شەھەرلەر ئازات قىلىنىپ، خۇابېينى ئازات قىلىش ئۇرۇشى ئاساسەن ئاياقلاشتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان جەنىي فاڭجېنى تامامەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھۇجۇم قىلىش روھى ناھايىتى
تۆۋەن، ھەممىسى ئوقيادىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇشتەك بولۇپ قالدى،
بولۇپمۇ سىلەر گۇەنىپىگە كىرگەندىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالدى.
دۈشمەنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ھەرگىز تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلىۋېتىشكە
بولمايدۇ. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئىلگىرى دۈشمەنىنىڭ جەڭ-
گىۋارلىقىنى تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلىۋەتكەنلىكىنىڭ زىيىنىنى تارتقان
ئىدى، تەنقىتلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ چۈشەندى. ھازىر جاڭجياكۇ
ۋە شىنباۋئەندىكى دۈشمەنلەر ھەققەتەن مۇھاسىرىگە ئېلىندى،
ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىشى، ئومۇمەن ئالغاندا،
ناھايىتى قىيىن. 16 - جۈننىڭ تەخمىنەن يېرىمى تېزلا يوقىتىلدى.
دۈشمەنىنىڭ خۇەيلەيدىكى 104 - جۈنى ھودۇقۇپ جەنۇپقا قاچتى،
مولچەرلىشىمىزچە، بۈگۈن ياكى ئەتە يوقىتىلىشى مۇمكىن. بۇ دۈشمەن
يوقىتىلغاندىن كېيىن، سىلەر 4 - زۇڭدۇي بىلەن غەربىي جەنۇپتىن②
شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، نەنكۇ بىلەن بېيپىڭ ئارىلىغ-
ىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تەييارلىنىڭلار. مولچەرلىشىمىزچە،
بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس، يا دۈشمەنىنىڭ 94-جۈنىنىڭ
پۈتۈن قىسمى ۋە 16 - جۈنىنىڭ قالدۇق قىسمى تېزلىكتە بېيپىڭغا
چېكىنىدۇ، يا 94، 16 ۋە 92 - جۈنلىرى نەنكۇ - چاڭپىڭ - شاخېجېن
رايونىغا توپلىنىپ، بۇ جايلارنى ئومۇملىشىپ مۇداپىئە قىلىدۇ. لېكىن
4 - زۇڭدۇينىڭ بۇ ھەرىكىتى بېيپىڭنىڭ غەربىي شىمال چېتى بىلەن
شىمالىي چېتىگە بىۋاستە تەھلىكە سېلىپ، بۇ دۈشمەنلەرنى ئىسكەنجىگە
ئېلىپ، مىدىرلىيالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ دۈشمەنلەر
يەنە غەرپكە ئىلگىرىلەپ، 35 - جۈنگە ياردەم بېرىشكە جۈرئەت
قىلىدىغان بولسا، توغرىدىن - توغرا ئۇلارنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈپ

تاشلاشقا ياكى توغرىسىدىن ـ توغرا بېيپىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدۇ، شۇڭا، بۇ دۈشمەنلەر، بەلكىم يەنە غەربكە ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماس. بىزنىڭ خۇابېيىدىكى ياڭ دېجۈ ـ لو رۇيىچىڭ ـ گېڭ بياۋ بىڭتۇەنىمىز 9 شى بىلەن دۈشمەننىڭ 35 ـ جۈننىڭ 3 شىسىنى قورشىۋالدى، بۇ ـــ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك. ئۇلار بۇ دۈشمەنلەرنى بالدۇرراق يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بىز بېيپىڭ ۋە تيەنجىندىكى دۈشمەنلەرنى دېڭىز ئارقىلىق قېچىش قارارىغا كەلتۈرۈپ قويماي، شۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز قورشاۋىدىكى دۈشمەنلەرگە ۋاقتىنچە تەگمەي تۇرۇشنى تاپشۇرماقچىمىز. ئۇلار بۇ قېتىم 2 زۇڭدۇي بىلەن دۈشمەننىڭ 35 ـ جۈننى قورشىۋالدى، 1 زۇڭدۇي بىلەن دۈشمەننىڭ 104 ـ جۈننى توسۇۋالدى، بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئىككىلىسى چېكىندۈرۈلدى.

2. بىز ھازىر سىلەرنىڭ 5 ـ زۇڭدۇيىنى دەرھال نەنكۇ ئەتراپىغا ئەۋەتىپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن بېيپىڭ، نەنكۇ، خۇەيرۇلاردىكى دۈشمەنلەرگە تەھلىكە سېلىشىڭلارغا قوشۇلىمىز. كېيىن بۇ زۇڭدۇي شۇ يەرگە ئورۇنلاشسۇن، شۇنىڭ بىلەن، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن (تەخمىنەن 10 كۈن ياكى 15 كۈندىن كېيىن، يەنى خۇابېيىدىكى ياڭ دېجۈ ـ لو رۇيىچىڭ ـ گېڭ بياۋ بىڭتۇەنى 35 ـ جۈننى يوقاتقاندىن كېيىن)، 4 ـ زۇڭدۇيىنى ئاجرىتىۋېلىپ، شەرق تەرەپكە سېلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىلسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن 5 ـ زۇڭدۇيىنى بۈگۈنمۇ غەربكە ئىلگىرىلەۋېرىشكە بۇيرۇڭلار.

3. 3 ـ زۇڭدۇي ھەرگىز نەنكۇغا بارمىسۇن، بۇ زۇڭدۇي بىزنىڭ 9 ـ كۈنى بەرگەن دېيەنباۋىمىز بويىچە، بېيپىڭنىڭ شەرقى ۋە تۇڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا يۆتكىلىپ، بېيپىڭغا

شەرق تەرەپتىن تەھلىكە سېلىپ، 4-زۇڭدۇي، 11-زۇڭدۇي ۋە 5-زۇڭدۇي بىلەن بىرلىكتە بېيپىڭغا قارىتىلغان مۇھاسىرىنى شەكىللەندۈرسە بولىدۇ.

4. ئەمما بىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىمىز ئالدى بىلەن بېيپىڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئەمەس، ئالدى بىلەن تيەنجىن، تاڭگۇ، لۇتەي ۋە تاڭشەن جۇيدىيەنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش.

5. مولچەرلىشىمىزچە، سىلەرنىڭ 10-زۇڭدۇي، 9-زۇڭدۇي، 6-زۇڭدۇي، 8-زۇڭدۇيلىرىڭلار، توپچى قىسىملار زۇڭدۇيى ۋە 7-زۇڭدۇيلىرىڭلار يۆتيەننى مەركەز قىلغان جايلارغا 12-ئاينىڭ 15-كۈنلىرى ئەتراپىدا توپلىنىشى مۇمكىن. بىز 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە بولغان بىرقانچە كۈن ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تېز ھەركەتلىنىپ، تيەنجىن، تاڭگۇ، لۇتەي ۋە تاڭشەن جۇيدىيەنلىرىدىكى دۈشمەنلەرنى، ئەگەر شۇ چاغدا بۇ جۇيدىيەنلەردىكى دۈشمەنلەر ئومۇمەن ھازىرقى ھالىتىدە تۇرىۋېرىدىغان بولسا، 3-زۇڭدۇي (بېيپىڭنىڭ شەرقىي چېتىدىن شەرق تەرەپكە يوتكەپ)، 6-زۇڭدۇي، 7-زۇڭدۇي، 8-زۇڭدۇي، 9-زۇڭدۇي ۋە 10-زۇڭدۇي بولۇپ 6 زۇڭدۇي بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىشنى تەكلىپ قىلىمىز. بۇنىڭ چارىسى 2 زۇڭدۇينى ۋۇچىڭ مەركەز قىلىنغان جايلارغا يەنى لاڭفاڭ، خېشىۋۇ، ياڭسۇن جۇيدىيەنلىرىگە جايلاشتۇرۇپ، 5 زۇڭدۇي بىلەن تيەنجىن، تاڭگۇ، لۇتەي، تاڭشەن، گۇيې جۇيدىيەنلىرى ئارىلىقىغا يېرىپ كىرىپ، شۇ جايلاردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت. زۇڭدۇيلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى تەرەپتىن توسۇپ زەربە بېرىش جىبدىلىرى قۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى پەقەت قاچالمايدىغان قىلىپ قويۇشى، ئاندىن قىسىملارنى دەم

ئالدۇرۇپ، تەرتىپكە سېلىپ، ھاردۇغىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ كىچىكرەك بىرقانچە قىسمىنى يوقىتىشى لازىم. بۇ چاغدا، 4 - زۇڭدۈي بېيپىڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن بېيپىڭنىڭ شەرقىغە يۆتكىلىشى كېرەك. بىزنىڭ خۇابېيدىكى ياڭ دېجىر - لو رۇيچىڭ - گېڭ بياۋ بىگىتۈەنىمىز 4 - زۇڭدۈي يۆتكىلىشتىن بۇرۇن شىنباۋئەندىكى دۈشمەننى يوقىتىشى لازىم. شەرق تەرەپتە بولسا ئەھۋالغا قاراپ، ئاۋال تاڭگۇدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، دېڭىز ئاغزىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. پەقەت تاڭگۇ (ئەڭ مۇھىم) ۋە شىنباۋئەن جۇيدىيەنلىرى ئېلىنسىلا، ئومۇمىي ۋەزىيەت جانلىنىپ كېتىدۇ. يۇقۇرقىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، ئەمىلىيەتتە، جاڭجياكۇ، شىنباۋئەن، نەنكۇ، بېيپىڭ، خۇەيرۇ، شۇنيى، تۇڭشيەن، ۋەنپىڭ (جوشيەن ۋە لياڭشياڭنى ئېلىپ بولدۇق)، فېڭتەي، تيەنجىن، تاڭگۇ، لۇتەي، تاڭشەن ۋە كەيپىڭ جۇيدىيەنلىرىدىكى دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىنغان بولىدۇ.

6. بۇ چارە، ئومۇمەن، سىلەر يېشيەن، جىنجۇ، جىنشى، شىڭچېڭ، سۈيجۇڭ، يۈيگۈەن ۋە لۇەنشيەن سەپلىرىدە جەڭ قىلغان مەزگىلدە قوللانغان چارە[3].

7. بۇگۈندىن باشلاپ 2 ھەپتىگىچە (12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە) ئاساسىي پىرىنسىپ مۇھاسىرىگە ئېلىش، ئەمما ھۇجۇم قىلماسلىق (مەسىلەن، جاڭجياكۇ ۋە شىنباۋئەنلەرنى)، بەزىلىرىنىڭ بولسا ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش، ئەمما ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالماسلىق (يەنى جەنيىلىك مۇھاسىرىگە ئالماستىن، پەقەت جەنلۈېلىك مۇھاسىرىگىلا ئېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، مەسىلەن، بېيپىڭ، تيەنجىن ۋە تۇڭشيەنلەرنى)، ئورۇنلاشتۇرۇش

يۆتكەندىن كېيىن، دۈشمەننى بىر-بىرلەپ يوقىتىشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ جاڭجياكۇ، شىنباۋئەن ۋە نەنكۇدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشقا بولمايدۇ، يوقىتىلدىغان بولسا، بۇ نەنكۇنىڭ شەرقىدىكى دۈشمەنلەرنى تېزلىك بىلەن ئۆلەر-تىرىلىشكە باقماي قېچىش قارارىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، سىلەرنىڭ بۇنى چۈشىنىشىڭلارنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز.

8. جياڭجېشىنى بېيپىڭ، تيەنجىنلەردىكى دۈشمەنلەرنى تېزدىن دېڭىز ئارقىلىق جەنۇبقا ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىز لىيۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ، چېن يى، سۇ يۈيلەرگە، خۇاڭ ۋېي بىڭتۇەننى يوقاتقاندىن كېيىن، دۇ يۈيمىڭ قوماندانلىقىدىكى چيۇ چىڭچۈەن، لى مى، سۇن يۈەنلياڭ بىڭتۇەنلىرىنىڭ (تەخمىنەن يېرىمى يوقىتىلغان) قالدۇق قىسمىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى 2 ھەپتىگىچە ئورۇنلاشتۇرماي تۇرۇشنى بۇيرۇماقچىمىز.

9. دۈشمەننى چىڭداۋغا قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بىز شەندۇڭ تەرەپتىكىلەرنى مەلۇم ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇب ئەتراپىدىكى قىسمىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا ھەمدە چىڭداۋ-جىنەن تۆمۈريولىدا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشكە بۇيرۇماقچىمىز.

10. دۈشمەننىڭ شۈيجۇ، جېڭجۇ، شەن ۋە سۈيۈەن تەرەپلىرىگە قېچىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت يوق، ياكى ناھايىتى ئاز.

11. بىردىن-بىر ياكى ئاساسىي ئېھتىمال — دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارقىلىق قېچىپ كېتىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىمىزدىكى 2 ھەپتە ئىچىدە، ئومۇمەن، مۇھاسىرىگە ئېلىش ئەمما ھۇجۇم قىلماسلىق ياكى ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئەمما مۇھاسىرىگە ئالماسلىق چارىسىنى قوللىنىش كېرەك.

12. بۇ پىلان دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىدۇ، سىلەر

ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزۈل ـ كېسەل پۈتتۈرۈپ بولغىچە دۈشمەننىڭ سېزىۋېلىشى ناھايىتى قىيىن. دۈشمەن ھازىرقى ۋاقىتتا، ئېھتىمال، سىلەرنى بېيپىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ مولچەرلەۋاتقاندۇ.

13. دۈشمەن ئوقيادىن ئۆركۈپ كەتكەن قۇشتەك بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ئارمىيىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى ھامان يېتەرلىك مولچەرلىمەيدۇ، ئۆز كۈچىنى ھامان تولىمۇ يۇقۇرى مولچەرلەيدۇ. بېيپىڭ ۋە تيەنجىندىكى دۈشمەنلەر سىلەرنىڭ يۇقۇرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە پۈتتۈرەلەيدىغانلىقىڭلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

14. يۇقۇرىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، سىلەر قىسىملارنى مۇشۇ 2 ھەپتە ئىچىدە ھاردىم ـ تالدىم دېمەسلىككە، ئادەملەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن، سوغاقتىن ۋە ئاچلىقتىن قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈشۈڭلار، يۇقۇرىدىكى ئورۇن ـ لاشتۇرۇشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، دەم ئالدۇرۇش ـ تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن بىمالال ھۇجۇم قىلىشىڭلار لازىم.

15. ھۇجۇم قىلىش تەرتىۋى تەخمىنەن مۇنداق: بىرىنچى — تاڭگۇ ـ لۇتەي رايونى، ئىككىنچى — شىنباۋئەن، ئۈچىنچى — تاڭشەن رايونى، تۆتىنچى — تيەنجىن رايونى ۋە جاڭجياكۇ رايونى، ئەڭ ئاخىرىدا بېيپىڭ رايونى.

16. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىلان توغرىسىدا پىكىرىڭلار قانداق؟ بۇ پىلاندا قانداق كەمچىلىكلەر بار؟ ئىجرا قىلىشتا قانداق قىيىنچىلىقلار بولىدۇ؟ بۇلارنى ئويلىشىپ، دېيەنباۋ ئارقىلىق مەلۇم قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

# ئىزاھلار

① پىڭجىن جەنىسى دۇڭبېي يېجەنجۈنى بىلەن خۇابېيدىكى 2 بىڭتۇەن تەرىپىدىن لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەن، نيې رۇڭجېن قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوماندانلىقىدا بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان، 1948-يىل 12-ئاينىڭ 1-ئون كۈنى ئىچىدە، دۇڭبېيدىكى لياۋشېن جەنىسى غەلىبىلىك تاماملانغاندىن كېيىنلا باشلانغان. دۇڭبېي يېجەنجۈنى دۇڭبېينىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئازات قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قوشۇنلىرىنى تېزدىن گۇەنېيگە كىرگۈزۈپ، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ خۇابېي بىڭتۇەنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خۇابېيدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى قورشىۋېلىپ يوقاتتى. شۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ خۇابېي «باندىتلارنى يوقىتىش» زۇڭسىلىڭى فۇ زويى قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان 600 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ دۇڭبېيدىكى غەلىبىسىدىن چۆچۈپ كېتىپ، دېڭىز ئارقىلىق جەنۇبقا قېچىش ياكى غەربكە قاراپ سۈييۈەنگە قېچىش غەرىزىدە ئەسكىرىي كۈچىنى ئالدىراشلىق بىلەن يىغىۋالغان ئىدى. ئارمىيىمىز پەۋقۇلئاددە تېز ھەرىكەتلىنىپ، دۈشمەننى بېيپىڭ، تيەنجىن، جاڭجياكۇ، شىنباۋئەن ۋە تاڭگۇدىن ئىبارەت 5 جۈيدىيەندە بولۇپ مۇھاسىرىگە ئالدى، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا ياكى غەربكە قېچىش يوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى. 12-ئاينىڭ 22-كۈنى شىنباۋئەندىكى دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان 35-جۈننىڭ جۈنبۇسى ۋە 2 شىسىنى قورشىۋېلىپ يوقاتتى. 24-كۈنى جاڭجياكۇنى ئېلىپ، بۇ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننىڭ 11-بىڭتۇەنگە قاراشلىق 1 جۈنبۇ، 7 شى، جەمئىي 54 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تولۇق يوقاتتى. 1949-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، بىزنىڭ تيەنجىننى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوشۇنىمىز، بۇ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننىڭ جىڭخۇيگۇەنى چېن چاڭجيې قورال

تاشلاشتىن باش تارتقاندىن كېيىن، ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، 29 سائەت شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، بۇ دۈشمەننىڭ 130 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى تامامەن يوقاتتى، چېن چاڭجيېنى تىرىك تۇتۇۋالدى، تيەنجىننى ئازات قىلدى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، بېيپىڭنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان 200 نەچچە مىڭ دۈشمەن بىزنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىمىز ئاستىدا تامامەن ھالاك بولۇش ھالىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بىز تەرەپنىڭ تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى ئارقىسىدا، بېيپىڭنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان دۈشمەنلەر فۇ زويى جياڭ-جۈننىڭ باشلىشى بىلەن، تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى قوبۇل قىلدى. ئارمىيىمىز 1-ئاينىڭ 31-كۈنى بېيپىڭغا كىردى، بېيپىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولدى. پۈتۈن پىڭجىن جەنىيى شۇنىڭ بىلەن غەلىبىلىك ئاياقلاشتى. بۇ جەنىيى داۋامىدا، تاڭگۇنى مۇداپىيە قىلىپ تۇرغان دۈشمەننىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ دېگىز ئارقىلىق قېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلق جيېفاڭجۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەمى 520 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى ۋە ئۆزگەر-تىپ تۈزدى. سۇيۈەندىكى گومىنداڭ قوشۇنى 1949-يىل 9-ئايدا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئومۇمىي دېيەنباۋ ئارقىلىق ئېلان قىلدى.

② بۇ يەردە ئېيتىلغان «غەربىي جەنۇپ» نەنكۈنىڭ غەربىي جەنۇ-بىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ دۇڭبېي يېجەنجۈنى 1948-يىل 9-ئايدا بېيپىڭ-لياۋنىڭ تۆمۈريولى بويىدا جەڭ قىلغان چاغدا، بېيپىڭ-لياۋنىڭ تۆمۈريولى بويىدىكى يىشيەن، جىنجۇ، جىنشى، شىڭچېڭ، سۈيجۇڭ، يۈيگۈەن (شەنخەيگۈەن)، لۈەنشيەن ۋە چاڭلىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئاۋال بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان جۇيدىيەنلەردىكى دۈشمەنلەرنى ئايرىم-ئايرىم مۇھاسىرىگە ئېلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاندىن بىر-بىرلەپ يوقىتىش چارىسىنى قوللانغان ئىدى.

# دۇ يۈيمڭ قاتارلقلارنى تەسلم بولۇشقا ئۈندەش*

**(1948 - يل 12 - ئاينڭ 17 - كۈنى)**

دۇ يۈيمڭ جياڭجۈن، چيۇ چڭچۈەن جياڭجۈن، لى مى جياڭجۈن ۋە چيۇ چڭچۈەن بڭتۈەنى بلەن لى مى بڭتۈەندكى جۈنجاڭ، شجاڭ ۋە تۈەنجاڭلار:

هازر سلەرنڭ ئككى پۈتۈڭلار بر ئوتۈككە تقلپ قالدى. خۇاڭ ۋېي بڭتۈەنى 15 - كۈنى كەچقۇرۇن تامامەن گۇم بولدى، لى يەننيەن بڭتۈەنى ئارقسفا بۇرۇلۇپ جەنۇپقا قاچتى، سلەرنڭ ئۇلارغا قوشۇلۇۋېلشڭلاردن ئۈمت قالمدى. سلەر مۇهاسرنى بۇزۇپ چقماقچمۇ؟ توت ئەتراپڭلارنڭ هەممسى جيېفاڭجۈن تۇرسا، قانداقمۇ بۇزۇپ چقپ كېتەلەيسلەر؟ سلەر برقانچە كۈندن بۇيان مۇهاسرنى بۇزۇپ چقشقا ئۇرۇنۇۋېدڭلار، نمە نەتجە

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭيۈەن خەلق جيېفاڭجۈنى سلڭبۇسى بلەن خۇادۇڭ خەلق جيېفاڭجۈنى سلڭبۇسى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن رادىيو ماقالسى.

چىقتى؟ سىلەرنىڭ ئايروپىلان، تانكىلىرىڭلارمۇ كارغا كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئايروپىلان، تانكىلىرىمىز سىلەرنىڭكىدىن كۆپ، ئۇ بولسىمۇ زەمبىرەك ۋە پارتلاتقۇچ دورا، كىشىلەر بۇلارنى يەرلىك ئايروپىلان، يەرلىك تانكا دەپ ئاتايدۇ، بۇلار سىلەرنىڭ چەتئەل ئايروپىلانىڭلار، چەتئەل تانكىلىرىڭلاردىن 10 ھەسسە كۈچلۈك ئەمەسمۇ؟ سىلەرنىڭ سۇن يۈەنلىك بىڭتۈەنىڭلار تۈگىدى، قالغان 2 بىڭتۈەنىڭلارنىڭمۇ تەگدىن تولىسى يارىدار بولدى، ئەسىر چۈشتى. سىلەر شۈيجۇدىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن بىكارچى ئىدارە خادىملىرىنى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى زورلۇق بىلەن قىسىملىرىڭلارغا كىرگۈزۈۋالدىڭلار، بۇنداق ئادەملەر قانداقمۇ ئۇرۇش قىلالىسۇن؟ ئۇن نەچچە كۈندىن بۇيان بىزنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىگە ئېلىشىمىز ۋە ئارقىمۇ-ئارقا زەربە بېرىشىمىز ئارقىسىدا سىلەرنىڭ جىبدىيىڭلار زور دەرىجىدە تارايدى. سىلەردە ئۈزۈنى بىلەن توغرىسى ئۇن نەچچە لى كېلىدىغان يەرلا قالدى، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم بىر يەرگە تىقىلىپ قالدىڭلار، بىزنىڭ بىر پاي زەمبىرەك ئوقىمىز سىلەرنىڭ بىر توپ ئادىمىڭلارنى يوقىتالايدۇ. سىلەرنىڭ يارىدار ئەسكەرلىرىڭلار ۋە قوشۇن بىلەن بىللە يۈرگەن بالا-چاقىلىرىڭلار سىلەرنىڭ دەستىڭلاردىن دات-پەريات كۆتەرمەكتە. سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار ۋە نۇرغۇن كادىرلىرىڭلار ئۇرۇش قىلىشنى زادى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. سىلەر فۇزۇگىلىك، بىڭتۈەن سىلىگى، جۈنجاڭ، شىجاڭ ۋە تۈەنجاڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز قول ئاستىڭلاردىكىلەرنىڭ ۋە بالا-چاقىلىرىڭلارنىڭ ھالىغا يېتىڭلار، ئۇلارنىڭ جېنىغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ئۇلارغا بالدۇرراق ھايات يولى تېپىپ بېرىڭلار، ئۇلار بىھۇدە ھالاك بولۇپ كەتمىسۇن.

هازىر خۇاڭ ۋېي بىڭتۇەنى تامامەن يوقىتىلدى، لى يەنىيەن بىڭتۇەنى بېڭبۇغا قاچتى، بىز سىلەرنىڭكىدەك بىرنەچچە ھەسسە كېلىدىغان ئەسكىرىي كۈچىمىزنى توپلاپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلالايمىز. بىز بۇ قېتىم پەقەت 40 كۈن جەڭ قىلىۋىدۇق، سىلەر تەرەپ خۇاڭ بوتاۋنىڭ 10 شىسىدىن، خۇاڭ ۋېينىڭ 11 شىسىدىن، سۇن يۈەنلياڭ-نىڭ 4 شىسىدىن، فېڭ جىئەنىڭ 4 شىسىدىن، سۇن لياڭچېڭنىڭ 2 شىسىدىن، ليۇ رۇمىڭنىڭ 1 شىسىدىن، سۇشيەندىكى 1 شىدىن، لىڭبىدىكى 1 شىدىن ئايرىلدىڭلار، سىلەر جەمى 34 تولۇق شىدىن ئايرىلدىڭلار. بۇنىڭ ئىچىدە خې جىفېڭ ۋە جاڭ كېشيانىڭ 3 يېرىم شىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكىنى، لياۋ يۈنجۇ-نىڭ 1 شىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكىنى، سۇن لياڭچېڭنىڭ 1 شىنى باشلاپ تەسلىم بولغىنى، جاۋ بىگۇاڭ، خۇاڭ زىخۇالارنىڭ يېرىمدىن شىنى باشلاپ تەسلىم بولغىنىدىن[1] تاشقىرى، قالغان 27 يېرىم شىنىڭ ھەممىسى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تولۇق يوقىتىلدى. سىلەر خۇاڭ بوتاۋ بىڭتۇەنى، خۇاڭ ۋېي بىڭتۇەنى ۋە سۇن يۈەنلياڭ بىڭتۇەنىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. سىلەر چاڭچۈندىكى جېڭ دۇڭگو جياڭجۈندىن ئۈلگە ئېلىپ[2]، سۇن لياڭچېڭ جۈنجاڭ، جاۋ بىگۇاڭ شىجاڭ ۋە خۇاڭ زىخۇا شىجاڭنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىدىن ئۈلگە ئېلىپ، پۈتۈن قوشۇنىڭلارغا قورال تاشلاش، قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈڭلار، ئارمىيىمىز سىلەرنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك جياڭلىڭ ۋە بارلىق جۈنگۇەن ھەم ئەسكەر-لىرىڭلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت بېرىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش—سىلەرنىڭ بىردىن-بىر ھايات يولۇڭلار. ئويلاپ كۆرۈڭلار!

ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشنى ياخشى دەپ بىلسەڭلار، شۇنداق قىلىڭلار. ئەگەر يەنە ئۇرۇشمىز دىسەڭلار، ئۇرۇشايلى، سىلەر، بەربىر، يوقىتىلىسىلەر③.

جۇڭيۈەن خەلق جيېفاڭجۈنى سىلىڭبۇسى
خۇادۇڭ خەلق جيېفاڭجۈنى سىلىڭبۇسى

## ئىزاھلار

① خې جىفېڭ ۋە جاڭ كېشيالار گومىنداڭ 3-تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ فۇسىلىڭلىرى ئىدى، ئۇلار 1948-يىل 11-ئاينىڭ 8-كۈنى، خۇەيخەي جەنىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا 1 جۈنبۇ ۋە 3 شى، 1 تۇەن، جەمى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، شۈيجۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جياۋاڭ رايونىدا قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتتى. لياۋ يۈنجۇ گومىنداڭنىڭ 85-جۈن 110-شىنىڭ شىجاڭى ئىدى، 1948-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى، خۇەيخەي جەنىسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا مەزكۇر شىنىڭ شىبۇسى ۋە 2 تولۇق تۇەنى بولۇپ جەمى 5 مىڭ 500 ئادەمنى باشلاپ، ئەنخۇي ئۆلكىسى سۇشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لوجى دىگەن يەردە قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتتى. سۇن لياڭچېڭ گومىنداڭنىڭ 1-تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ فۇسىلىڭى ۋە 107-جۈننىڭ جۈنجاڭى ئىدى، 1948-يىل 11-ئاينىڭ 13-كۈنى، خۇەيخەي جەنىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مەزكۇر جۈننىڭ جۈنبۇسى ۋە 1 شىسى بولۇپ جەمى 5 مىڭ 800 ئادەمنى باشلاپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇيىنىڭنىڭ غەربىي شىمالىدا تەسلىم بولدى. جاۋ بىگۇاڭ گومىنداڭنىڭ 44-جۈن 150-شىنىڭ شىجاڭى ئىدى، 1948-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى، خۇەيخەي جەنىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا قالدۇق قىسىملىرىدىن 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، جياڭسۇ ئۆلكىسى

شۈيجۇ شەھرىنىڭ شەرقىدىكى نيەنجۇاڭ رايوندا تەسلىم بولدى. خۇاڭ زىخۇا گومىنداڭنىڭ 85 ـ جۈن 23 ـ شىنىڭ شىجاڭى ئىدى، 1948 ـ يىل 12 ـ ئايدا، خۇەيخەي جەڭىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا مەزكۇر شىنىڭ شىبۇسىنى ۋە 2 تۇەننىڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ، ئەنخۇي ئۆلكىسى مېڭچېڭ شەھرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شۇاڭدۇيجى دىگەن يەردە تەسلىم بولدى.

② چاڭچۈن 1947 ـ يىل قىشتىن تارتىپ دۇڭبېي خەلق جيېفاڭجۈنى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ئىدى. 1948 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئازمىيمىز جىنجۇنى ئالغان، دۇڭبېيدىكى دۈشمەن ئارمىيىسى پۈتۈنلەي تەۋرىنىپ قالغان ۋەزىيەتتە، گومىنداڭنىڭ چاڭچۈندىكى ئالى جۈنخۇي- گۇەنى ــ دۇڭبېي «باسمىچىلارنى يوقىتىش زۇڭسىلىڭبۇسى»نىڭ فۇزۇڭسى- لىڭى جېڭ دۇڭگو قول ئاستىدىكى 1 ـ بىڭتۇەنگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە، قىسىملارنى ۋە يېڭى 7 ـ جۈننىڭ پۈتۈن جۈنگۇەن ھەم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قورال تاشلىدى.

③ دۇ يۈيمىڭ (گومىنداڭنىڭ شۈيجۇ «باسمىچىلارنى يوقىتىش زۇڭسىلىڭبۇسى»نىڭ فۇزۇڭسىلىڭى)، چيۇ چىڭچۇەن (گومىنداڭنىڭ 2 ـ بىڭتۇەن سىلىڭى)، لى مى (گومىنداڭنىڭ 13 ـ بىڭتۇەن سىلىڭى)لار، ئارمىيمىزنىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىشىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كورسەتتى، نەتىجىدە ئارمىيمىزنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن قوشۇنى گۇم بولدى، دۇ يۈيمىڭ ئەسىر ئېلىندى، چيۇ چىڭچۇەن ئوق تېگىپ ئۆلدى، پەقەت لى مىلا قېچىپ كەتتى.

# ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى*

**(1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)**

جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ ئازاتلىق ئۇرۇشتا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ھازىر ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزمۇ گۇمانلانمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇرۇش ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىنىڭ سانى تەخمىنەن خەلق جىيەفاڭجۈنىنىڭكىدەك ئۈچ يېرىم ھەسسە كېلەتتى، ئارمىيىسىنىڭ قورال - ياراقلىرى ھەم ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچلىرى بولسا خەلق جىيەفاڭجۈنىنىڭكىدىن تېخىمۇ كۆپ ئېشىپ چۈشەتتى، ئۇلار خەلق جىيەفاڭجۈنىدە كەم بولغان زامانىۋى سانائەتكە ۋە زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئىگە ئىدى، ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ھەربى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان ياردەملىرىگە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن 1949 - يىلنىڭ يېڭى يىل بېغىشلىمىسى.

ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كورگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق بولغانلىقـ
تىن، ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلى (1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل
6 ـ ئايغىچە) گومىنداڭنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ۋە خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ
مۇداپىئەلىنىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. گومىنداڭ 1946 ـ يىلى دۈگبېيدا
شېنياڭ، سىپىڭ، چاڭچۇن، جىلىن، ئەندۇڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى
ۋە لياۋنىڭ، لياۋبېي، ئەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ① كوپ قىسمىنى،
خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدا خۇەيبىن، خېبېي قاتارلىق شەھەرلەرنى ۋە
خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي، جياڭسۇ ـ ئەنخۇي، خېنەن ـ ئەنخۇي ـ
جياڭسۇ، غەربىي ـ جەنۇبىي شەندۇڭ ئازات رايونلىرىنىڭ كوپ
قىسمىنى، چاڭچېڭ سېپىلىنىڭ شىمالىدا چېڭدې، جىنىڭ، جاڭجياكۇ
قاتارلىق شەھەرلەرنى ۋە رېخې، سۇيـيۈەن، چاخار ئۆلكىلىرىنىڭ
كوپ قىسمىنى بېسىۋېلىپ، شۇنچە كورەڭلەپ كەتكەن ئىدىكى، دۇنيادا
ھېچكىمنى ئوزىگە تەڭ قىلمايتتى. خەلق جىيفاڭجۈنى جايلارنى
ساقلاپ قېلىشنى ئەمەس، گومىنداڭنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى
ئاساس قىلغان توغرا جەڭلۈپىلىك فاڭجېننى قوللىنىپ، گومىنداڭنىڭ
مۇنتىزىم ئارمىيىسىدىن ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 8 لۈينى
(1 لۈي ھازىرقى 1 شىغا باراۋەر) يوقاتتى، ئاخىر گومىنداڭنى ئوزىدـ
نىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋازكېچىپ، 1947 ـ يىلىنىڭ
بىرىنچى يېرىمىدا ئوز ھۇجۇمىنىڭ موھىم نۇقتىسىنى جەنۇبىي
سەپنىڭ 2 قانىتى بىلەن يەنى شەندۇڭ ۋە شىمالىي شەنشى بىلەن
چەكلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىدا (1947 ـ يىل
7 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە) بىر تۇپ ئوزگىرىش بولدى.
گومىنداڭنىڭ كوپلىگەن مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى يوقاتقان خەلق جىيفاڭـ
جۈنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سەپلەردە مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئوتتى،

گومىنداڭ تەرەپ بولسا ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. خەلق جېيفاڭجۈنى دۇڭبېي، شەندۇڭ ۋە شىمالىي شەنشىلەردە قولدىن كەتكەن يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇرۇش سېپىنى چاڭجياڭ ۋە ۋېيشۈي دەريا- لىرىنىڭ شىمالىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايون- لارغىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىجياجۇاڭ، يۈنچېڭ، سىپىڭ، لوياڭ، يىچۈەن، باۋجى، ۋېيشيەن، لىنفېن، كەيفېڭ شەھەر- لىرىنى ئېلىش جەڭلىرىدە، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش جەنشۇسىنى ئۆگىنىۋالدى②. خەلق جېيفاڭجۈنى ئۆزىنىڭ توپچى قىسىملىرى ۋە گۇڭبىڭ قىسىملىرىنى قۇرۇۋالدى. ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، خەلق جېيفاڭجۈنىدە ئايروپىلان ۋە تانكا يوق ئىدى، ئەمما خەلق جېيفاڭجۈنىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان توپچى قىسىملار ۋە گۇڭبىڭ قىسىملار ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە تىشىسى ئايروپىلان ۋە تانكىلىرى قوشۇلۇپ چاغلىق بىر نەرسە بولۇپ قالدى. خەلق جېيفاڭجۈنى يۈندۇڭجەنلا ئەمەس، بەلكى جېندىجەننىمۇ قىلالايدىغان بولدى. ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا (1948- يىل 7- ئايدىن 12- ئايغىچە) يەنە بىر تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. خەلق جېيفاڭجۈنى سان جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان تۆۋەنلىكتىن ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى. خەلق جېيفاڭجۈنى گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن شەھەرلىرىنى ئالالايدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى گومىنداڭنىڭ 100 مىڭلىغان ھەتتا بىرقانچە يۈز مىڭلىغان كىشىسى بار كۈچلۈك، خىل بىگتۇەنلىرىنىمۇ بىر قېتىمدىلا قورشىۋالالايدىغان ۋە يوقىتالايدىغان بولدى. خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ گومىنداڭنىڭ

ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. دۈشمەن ئارمىيىسىدىن يوقىتىلىغان يىگىدىن يۇقۇرى مۇنتىزىم قوشۇنلار توغرىسىدىكى تۇگجىغا (قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئوتكەن دۈشمەن قوشۇنلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قاراپ باقايلى: بىرىنچى يىلدا 97 لۇي، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق لۇي 46؛ ئىككىنچى يىلدا 94 لۇي، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق لۇي 50؛ ئۈچىنچى يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، تولۇقسىز تۇگجىغا قارىغاندا، 147 شى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق شى 111[3]. يېرىم يىل ئىچىدە دۈشمەننىڭ يوقىتىلىغان تولۇق شىلىرىنىڭ سانى ئوتكەن 2 يىل ئىچىدە يوقىتىلغان تولۇق شىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساندىن 15ى ئوشۇق. دۈشمەننىڭ جەنلۇبىلىك سەپلىرى تامامەن بىت-چىت بولدى. دۇڭبېيدىكى دۈشمەنلەر تامامەن يوقىتىلدى، خۇابېيدىكى دۈشمەنلەر پات ئارىدا تامامەن يوقىتىلىدۇ، خۇادۇڭ ۋە جۇڭيۈەندىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئازلا قىسمى قالدى. گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى چاڭجياڭنىڭ شىمالىدا يوقىتىلىشى نەتىجىسىدە، خەلق جيېفاڭجۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن چاڭجياڭدىن ئوتۇپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىش يولىدا ئۈرۈش قىلىشىغا ناھايىتى زور ئوڭايلىق تۇغۇلدى. ھەربى سەپتە غەلىبە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو خەلقى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي سەپلەردىمۇ ئۇلۇق غەلىبىلەر قازاندى. شۇنداق بولغانلىقتىن، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۈرۈشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە غەلىبە قازىنىشى توغرىلىق ئەمدى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىدە جۈملىدىن بارلىق جاھانگىرلارنىڭ گېزىتلىرىدىمۇ ھېچقانداق تالاش-تارتىش قالمىدى.

دۈشمەن ئوزلۈگىدىن يوقالمايدۇ. مەيلى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى بولسۇن، ياكى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچى

كۆچلىرى بولسۇن، تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشمەيدۇ. ئۇلار جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە غەلىبە قازىنىشىنى نوقۇل ھەربىي كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن توسۇۋالالمىغاچقا، سىياسىي كۈرەش ئۇسۇلىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئىنقىلابىي كۈچلەرگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ئۈچۈن، ھازىر، بىر تەرەپتىن، مەۋجۇت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن پايدىلىنىپ، «تىنچلىق» سۆھبىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئۇلارنى بىلەنمۇ، ئىنقىلابىي لاگېر بىلەنمۇ ئالاقىسى بولغان بەزى كىشىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئوبدان ئىشلىگەندەك كورۇنۇپ، بىر ئامال بىلەن ئىنقىلابىي لاگېرغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشقا قۇترىتىپ ۋە كۈشكۈرتۈپ، ئىنقىلابىي لاگېر ئىچىدە فەندۇيپەي دېگەن نەمىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئەنە شۇنداق سۆھبەتلىك پىلاننى بەلگىلىگەن، بەلكى بۇ ئىشنى جۇڭگودا يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇشىنى نوقۇل ھالدا قوللاشتىن ئىككى خىل شەكىلدىكى كۈرەشكە ئۆزگەردى: بىرىنچى خىلى — گومىنداڭنىڭ قالدۇق ھەربىي كۈچلىرىنى ۋە يەرلىك كۈچ دېگەن نەملەرنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا ۋە يىراق چېگرا ئۆلكىلەردە خەلق جيېفاڭجۈنىگە داۋاملىق قارشىلىق كورسىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇش؛ ئىككىنچى خىلى — ئىنقىلابىي لاگېر ئىچىدە فەندۇيپەي ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابنى يېتىپ كەلگەن يېرىدىلا توختىتىپ قويۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنۇش؛ ئەگەر ئىنقىلاپ يەنە ئالغا سىلجىيدىغان

بولسا، ئۇنى موتىدىل تۈس ئالدۇرۇپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئانچە كوپ تەگمەيدىغان قىلىپ قويۇش. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرى بولسا ئامېرىكىنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ ھىمايىچىلىرى. بۇ ئەھۋالنى ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر تېخى ئېنىق كورۇۋالغىنى يوق، لېكىن كىشىلەر ئانچە ئۇزاققا قالماي ئېنىق كورۇۋالىدۇ.

ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدا مۇنداق مەسىلە تۇرماقتا: ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ، ياكى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ئەگەر ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىكەن، ئىنقىلاۋىي ئۇسۇل قوللىنىپ، بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قەتئىي، تەلتوكۇس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىش، جاھانگىرلىكنى، فېودالىزىمنى ۋە گۈەنلياۋ كاپىتالىزىمنى يوقىتىشنى تەۋرەنمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، جۇڭخۇا مىللىتى تولۇق قەد كوتىرىپ، يېرىم مۇستەملىكە ئەلدىن ھەقىقى مۇستەقىل ئەلگە ئايلىنىدۇ، جۇڭگو خەلقى تولۇق ئازاتلىققا ئېرىشىپ، ئوز بېشىدىكى فېوداللىق زۇلۇم بىلەن گۈەنلياۋ كاپىتال (جۇڭگودىكى لۇڭدۇەن كاپىتال) زۇلمىنى پۈتۈنلەي ئىرغىتىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىك ۋە دېموكراتىيە ئاساسىدىكى تېچ ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىنى سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ

ھەل قىلغۇچ شەرتى يارىتىلدۇ، كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان جەمىيەتتىن سوتسىيالىستىك جەمىيەتكە تەرەققى قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلدۇ. ئەگەر ئىنقىلاپ يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇلىدىكەن، ئۇ خەلق ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ، نەتىجىدە گومىنداڭ ئۇز جاراھەتلىرىنى ساقايتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر ئەتىگەندە ئېتىلىپ كېلىپ، ئىنقىلاپنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زۇلمەتلىك دۇنياغا قايتۇرىدۇ. ھازىرقى مەسىلە — ئەنە شۇنداق روشەن ۋە ئەنە شۇنداق كەسكىن قويۇلغان مەسىلە. ئىككى يولنىڭ زادى قايسىسىنى تاللىۋېلىش كېرەك؟ جۇڭگودىكى ھەر بىر دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھ، ھەر بىر خەلق تەشكىلاتى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشى، ئۆزى ماڭىدىغان يولنى تاللىۋېلىشى، ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشى لازىم. جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ يېرىم يولدا تارقاپ كەتمەستىن، سەمىمى ھەمكارلىشالىشى ياكى ھەمكارلىشالماسلىقى ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلىشى ياكى كېلەلمەسلىكىگە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىردەك چارە ـ تەدبىر قوللىنالىشى ياكى قوللىنالماسلىقىغا باغلىق. بۇ يەردە كېرەك بولىدىغىنى قانداقتۇ «فەندۇيپەي» قۇرۇش ئەمەس، شۇنىڭدەك قانداقتۇ «ئوتتۇرا لۇشيەن»④دە مېڭىشمۇ ئەمەس، بەلكى بىرلىك، ھەمكارلىق.

جياڭ جيېشى قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى، 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېڭبيەندىن تا ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن 20 نەچچە يىللىق ئۇزاق

ۋاقىت جەريانىدا، ئۇزلىرىنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا بويالغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردا بولۇپ كەتكەن بىر توپ جاللاتلار ئىكەنلىكىنى تېخى ئىسپاتلىمىدىمۇ؟ ئۇزلىرىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ بىر توپ كەسپىي غالچىسى ھەم ۋەتەن ساتقۇچلار ئىكەنلىكىنى تېخى ئىسپاتلىمىدىمۇ؟ كوپچىلىك ئويلاپ بېقىڭلار، 1936 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى شەن ۋەقەسىدىن بۇيان، 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى چۇڭچىڭ تەنپەنى ۋە 1946 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى بۇ بىر توپ قاراقچىلارغا شۇنچىۋالا ياخشىلىق ۋە كەڭچىلىكلەرنى قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىچكى تېچلىق ئورنىتىشنى ئۈمىت قىلدى. لېكىن بارلىق ياخشى ئارزۇلار ئۇلارنىڭ سىنىپىي تەبىتىنى قىلچىلىك ـ زەررىچىلىك ئۆزگەرتەلىدىمۇ؟ بۇ قاراقچىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تارىخىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە يولىنىپ، 475 مىليون قېرىنداشىمىزنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك، كەڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشقا تاشلىدى، ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەمىنلىگەن بومباردىمانچى ئايروپىلان، قىرغۇچى ئايروپىلان، زەمبىرەك، تانكا، خوجيەنتۇڭ، زىدۇگبۇچياڭ، چيۇدەن، دۇچىدەنگە ئوخشاش قىرغىنچىلىق قوراللىرى بىلەن مىليونلىغان ئەر ـ ئايال ۋە ياش ـ قېرىلارنى قىردى؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بولسا ئۇلارغا تايىنىپ، جۇڭگونىڭ زېمىن ھوقۇقى، دېڭىز تەۋەلىكى ھوقۇقى، ھاۋا تەۋەلىكى ھوقۇقى، ئىچكى دەريالاردا قاتناش ھوقۇقىغا، سودا ئىمتىيازلىرى، ئىچكى ئىشلار ھەم ۋەيجياۋ ئىمتىيازلىرىغا ھەتتا ئادەملەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ماشىنا بىلەن باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ھېچقانداق جازاغا تارتىلمايدىغان ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى. شۇنچە

ئۇزاق مۇددەت قانلىق ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان جۇڭگو خەلقى بۇ ئەلڭ ۋەھشى، ئەلڭ ئەشەددى دۇشمەنلەرنى تەلتوكۇس يوقاتماي ۋە قوغلاپ چىقارماي، ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشى كېرەكمىدى؟ پەقەت جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى تەلتوكۇس يوقاتقاندىلا ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقارغاندىلا، جۇڭگودا ئاندىن مۇستەقىللىق بولىدۇ، دېموكراتىيە بولىدۇ، تېچلىق بولىدۇ، بۇ ھەقىقەت تېخى چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇشمەنلىرى بىردىنلا كۈچەپ زىيانسىز ۋە بەلكى بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى (كىتاپخانىلار، ئەستە تۇتۇڭلار، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەشۇنداق بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ). يېقىندا گومىنداڭ شىڭخېي-يۈەنىگە يۆەنجاڭ بولغان سۇن كې بۇلتۇر 6-ئايدا: «ھەربى جەھەتتە ئاخىرغىچە ئۇرۇشساقلا، ئاقىۋەت ھەل بولىدۇ» دەپ جاكالىغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ بۇ قېتىم تەختكە چىقىش بىلەنلا «شەرەپلىك تېچلىق» دىگەن نىمىسى ئۈستىدە گەپ سېتىپ، «ھوكۇمەت تېچلىق ئىزلەش يولىدا تىرىشىپ كەلگەن ئىدى، تېچلىق ئورنىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئەسكەر ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى، ئەسكەر ئىشلىتىشتىن ئاخىرقى مەقسەتمۇ تېچلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىزلەشتىن ئىبارەت» دىگەن سوزلەرنى قىلىۋىدى، خېجۇڭشى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى شاڭخەيدىن خەۋەر تارقىتىپ، دەرھاللا، سۇن كېنىڭ بۇ باياناتىنى «ئامېرىكا ھوكۇمەت ئەرباپلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ زىيۇجۇيىچى ئەرباپلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ مەدھىيىگە ئىگە بولىدۇ» دەپ پەرەز قىلدى. ھازىر، ئامېرىكا ھوكۇمەت ئەرباپلىرى جۇڭگونىڭ «تېچلىقى»غا قىزىقىپلا قالماي، بەلكى 1945-يىل 12-ئايدا موسكۋادا ئوتكۇزۇلگەن سوۋېت

ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋەيجياۋ بوجاڭلىرى يىغىنىدىن بۇيان ئامېرىكا «جوڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتى»گە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ تەكرار ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ ئالىجاناپ ئەلدىكى ئەپەندىلەرگە قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟ بۇ يەردە قەدىمكى يۇنانىنىڭ بىر مەسەلىنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: «بىر دېخان قىش كۈنى توڭلاپ قالغان بىر ئىلاننى كورۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا ناھايە-تى ئىچ ئاغرىتىپ، قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئىلان ئىسسىق ئوتوپ تىرىلىپتۇ، ئىلان ئەسلى تەبىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئوزىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى چېقىۋېلىپ، ئولۇش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. دېخان جان ئۈزۈش ئالدىدا: يامانغا رەھىم قىلغان ئىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ جاجىسىنى تارتىشىم كېرەك! دەپتۇ»[5]. چەتئەل ۋە جوڭگونىڭ زەھەرلىك ئىلانلىرى جوڭگو خەلقىنىڭ خۇددى ئەشۇ دېخانغا ئوخ-شاش ئولۇپ كېتىشىنى، جوڭگو كوڭچەنداڭنىڭ، جوڭگونىڭ بارلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك گۇرۇھلىرىنىڭ زەھەرلىك ئىلانلارغا قارىتا خۇددى ئەشۇ دېخانغا ئوخشاش رەھىمدىل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. لېكىن جوڭگو خەلقى، جوڭگو كوڭچەنداڭى ۋە جوڭگونىڭ ھەقىقى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك گۇرۇھلىرى بۇ ئەمگەكچىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلىغان ۋە ئېسىدە تۇتقان. ۋاھالەنكى، جوڭگو زېمىنىنىڭ كوپ قىسمىنى بېسىپ ياتقان چوڭ ئىلان ۋە كىچىك ئىلانلار، قارا ئىلان ۋە ئاق ئىلانلار، زەھەرلىك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان ئىلانلار ۋە ساھىپ جامال قىز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىلانلار، گەرچە قىشنىڭ تەھدىدىنى سېزىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخى توڭلاپ قالغىنى يوق!

جوڭگو خەلقى ئىلانغا ئوخشاش يامان ئادەملەرگە ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ، بەلكى سەممىيەت بىلەن شۇنداق ھېساپلايدۇكى، نەيرەڭ-

ۋازلىق بىلەن: بۇنداق يامان ئادەملەرگە رەھىم قىلايلى، بولمىسا، جۇڭگو يوسۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ، ئانچە ئۇلۇغلۇق بولماي قالىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى قىلغۇچىلار ھەرگىز جۇڭگو خەلقىنىڭ سادىق دوستى ئەمەس. ئىلانغا ئوخشاش يامان ئادەملەرگە نىمە ئۇچۇن رەھىم قىلىنىدىكەن؟ بۇنداق يامان ئادەملەرگە رەھىم قىلىشنى زادى قايسىبىر ئىشچى، قايسىبىر دېھقان، قايسىبىر ئەسكەر قۇۋۋەتلەپتۇ؟ دەرۋەقە، شۇنداق بىر تۇرلۇك «گومىنداڭنىڭ زىيۇ-جۇيىچى ئەرباپلىرى» ياكى گومىنداڭ سىرتىدىكى «زىيۇجۇيىچى ئەر-باپلار» باركى، ئۇلار جۇڭگو خەلقىگە ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭنىڭ «تېچلىقى»نى قوبۇل قىلىش كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ، يەنى جاھانگىرلىك، فېوداليزىم ۋە گوەنلياۋ كاپىتالىزىمىنىڭ قالدۇقلىرىنى مۇقەددەس نەرسە سۇپىتىدە ئاسراش كېرەك، دۇنيادا بۇ بىرنەچچە خىل ئېسىل نەرسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپ قالمىسۇن، دەيدۇ. لېكىن ئۇلار ھەرگىز ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئەمەس، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ دوستىمۇ ئەمەس.

بىز، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي لاگىرىنى كېڭەيتىش لازىم، بۇ لاگىر ھازىرقى ئىنقىلاۋىي ئىشلارغا قاتنىشىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئوز ئىچىگە ئېلىشى لازىم، دەپ ھېساپلايمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ئاساسىي كۇچكە مۇھتاج، ئىتتىپاق-چىلارغىمۇ مۇھتاج، ئىتتىپاقچىلىرى بولمىغان قوشۇن دۇشمەننى يېڭەلمەيدۇ. ئىنقىلاپ دولقۇنىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوز دوستلىرى بولۇشى كېرەك، ئۇ ئوز دوستلىرىنى ئەستە تۇتۇشى، ئۇلار-نى ئۇنۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك. خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا سادىق دوستلارنىڭ، خەلق مەنپەئەتىنى تىرىشىپ قوغدايدىغان، دۇشمەن

مەنپەئەتىنى قوغداشقا قارشى تۇرىدىغان دوستلارنىڭ جۇڭگودا ئاز ئەمەسلىكى شۈبھىسىز، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا ۋە بىرىگىمۇ سوغاق مۇناسىۋەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىمۇ شۈبھىسىز. بىز يەنە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي لاگىرىنى مۇستەھكەملەش لازىم، بۇ لاگىرغا بۇزۇقلارنىڭ كىرىۋېلىشىغا يول قويماسلىق لازىم، خاتا تەشەببۇسلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا يول قويماسلىق لازىم، دەپ ھېساپلايمىز. ئىنقىلاپ دولقۇنىدا تۇرغان جۇڭگو خەلقى ئۆز دوستلىرىنى ئېسىدە تۇتقاندىن تاشقىرى، ئۆز دۈشمەنلىرىنى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ دوستلىرىنىمۇ ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى كېرەك. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، دۈشمەن سۈئىقەست بىلەن «تېچلىق» ئۇسۇلى ۋە ئىنقىلاۋىي لاگىرغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز جىنىدىلىرىنى ساقلاپ قالماقچى ۋە كۈچەيتمەكچى بولۇۋاتقان ئىكەن، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بولسا بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، خەلقنى دۈشمەنگە رەھىم قىلىشقا ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىشقا دەۋەت قىلغانلىكى كىشىلەر خەلقنىڭ دوستى ئەمەس، بەلكى دۈشمەنىنىڭ دوستى بولىدۇ.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنى ھەرقايسى ئىجتىمائى تەبىقىلەرنى ئۆز پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەشكە مەجبۇر قىلماقتا. جۇڭگودىكى سىنىپىي كۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. توپ-توپ خەلق گومىنداڭنىڭ تەسىرى ۋە چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنقىلاۋىي لاگىر تەرەپكە ئۆتمەكتە، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى پۈتۈنلەي يىتىم، ياردەمچىسىز بولغان مۇشكۈل ھالغا چۈشۈپ

قالدى. خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە قانچە يېقىن-
لاشسا، بارلىق ئىنقىلاۋىي خەلق ۋە خەلقنىڭ بارلىق دوستلىرى
شۇنچە مۇستەھكەم هالدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىدۇ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى
داگىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ،
ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگو دائىرى-
سىدە خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى، بىرلىك، دېموك-
راتىيە ئاساسىدا تىنچلىق ئورنىتىشنى قەتئىي قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇنىڭ
ئەكسىچە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ دوستلىرى گەرچە مۇستەھكەم هالدا بىردەك ئىتتىپاقلىشال-
مىسىمۇ، گەرچە ئۇلار ئارىسىدا توگىمەس جېدەل-غەۋغالار تۇغۇلۇپ
تۇرسىمۇ، بىر-بىرىنى قاتتىق تىللاشسىمۇ، بىر-بىرىگە تاپا-تەنە
قىلىشسىمۇ، بىر-بىرىنى تاشلىۋېتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر
ۋاقىتتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەر خىل ئۇسۇللارنى
قوللىنىپ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ۋە ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىشقا قاتتىق ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇلار ھەر
خىل ئۇسۇللارنى يەنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، بىۋاستە ۋە ئايلانما
ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. لېكىن ئۇزۇۋپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇلارنىڭ
سىياسى سۇئىقەستلىرىمۇ، خۇددى ئۇلارنىڭ ھەربى ھۇجۇملىرىغا
ئوخشاشلا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. مول تەجرىبىگە ئىگە جۇڭگو
خەلقى ۋە ئۇنىڭ باش سەنمۇبۇسى—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۈشمەن-
لەرنىڭ سىياسى سۇئىقەستلىرىنى، خۇددى ئۇلارنىڭ ھەربى ھۇجۇم-
لىرىنى تار-مار قىلغىنىدەك، چوقۇم تار-مار قىلىپ، ئۇلۇق خەلق
ئازاتلىق ئۇرۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدۇ.

1949-يىلى، جۇڭگو خەلق جېڭفاگجۇنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا

يۈرۈش قىلىپ، 1948 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئۇلۇق غەلىبە-لەرنى قازىنىدۇ.

1949 ـ يىلى بىز ئىقتىسادىي سەپتە، 1948 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز. بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىمىز ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمىز بۇرۇنقى-دىن يەنە بىر بالداق ئۈستۈرۈلىدۇ، تۆمۈريول ۋە تاشيول قاتناش-لىرىمىز پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. خەلق جىيەفاڭجۈنىنىڭ ئاساسىي بىگتۇەنلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭلىرى هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى پارتىزانلىق خاراكتېرىدىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە مۇنتىزىملىشىدۇ.

1949 ـ يىلى، ئەكسىيەتچىلەر قاتناشتۇرۇلمىغان، خەلق ئىنقىلاۋى-نىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش نىشان قىلىنغان سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنى چاقىرىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇل-غانلىقى جاكالىنىدۇ ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغان، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇۋاپىق ۋەكىللىرى قاتناشقان دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولىدۇ.

مانا بۇلار ــ جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ، جۇڭ-گودىكى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلات-لىرىنىڭ 1949 ـ يىلدا تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاساسىي ۋە كونكرېت ۋەزىپىسى. بىز بۇ ۋەزىپىنى، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقماي، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورۇنلايمىز.

بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان فېوداللىق زۇلۇم، 100 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان جاھانگىرلىك

زۇلۇم بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىز داۋامىدا تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلان-
نىدۇ. 1949 ـ يىل ــ ئىنتايىن موھىم بىر يىل، بىز تېخىمۇ قاتتىق
تىرىشىشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① 1945 ـ يىلى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى دۇڭبېي 3 ئۆلكىنى (لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭنى)
لياۋنىڭ، لياۋبېي، ئەندۇڭ، جىلىن، خېجياڭ، سۇڭجياڭ، خېيلۇڭجياڭ،
نۇنجياڭ ۋە شىڭئەندىن ئىبارەت 9 ئۆلكە قىلىپ بۆلگەن ئىدى.
1949 ـ يىلى، بىزنىڭ دۇڭبېي مەمۇرى ۋېيىيۈەنخۇيىمىز دۇڭبېي 3 ئۆلكە-
نىڭ مەمۇرى بۆلۈنۈشىنى تەرتىپكە سېلىپ، لياۋدۇڭ، لياۋشى، جىلىن،
خېيلۇڭجياڭ ۋە سۇڭجياڭدىن ئىبارەت 5 ئۆلكىگە ئايرىدى ھەمدە
ئۇنىڭغا رېخېنى قوشۇپ، دۇڭبېي 6 ئۆلكە دەپ ئاتىدى. 1954 ـ يىلى
مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋېيىيۈەنخۇيى لياۋدۇڭ ئۆلكىسى بىلەن لياۋشى
ئۆلكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى قىلىشنى، سۇڭجياڭ ئۆلكىسى
بىلەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى
قىلىشنى، جىلىن ئۆلكىسىنى ئۆز پېتىچە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.
1955 ـ يىلى، رېخې ئۆلكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە
رايونلار خېبېي ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىلىرى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم
رايونىغا قوشۇۋېتىلدى.

② شىجياجۇاڭ 1947 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلىندى، يۈن-
چېڭ 1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېلىندى، سىپىڭ 1948 ـ يىل
3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلىندى، لوياڭ 1948 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
ۋە 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بولۇپ 2 قېتىم ئېلىندى، يىچۈەن 1948 ـ يىل
3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئېلىندى، باۋجى 1948 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
ئېلىندى، ۋېيشيەن 1948 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېلىندى، لىنفېن

1948 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلىندى، كەيفېڭ 1948 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئېلىندى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كوپىلگەن پوتەيلەر بار ئىدى، بەزىلىرىدە ئىگىز سېپىللارمۇ بار ئىدى ۋە خەندەك، سىم تور، شاخ توساقلا ئوخشاش قاتمۇ ـ قات قوشۇمچە مۇداپىيە ئىنشائاتلىرى قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا، ئارمىيىمىزدە ئايروپىلانمۇ، تانكىمۇ يوق ئىدى، توپچى قىسملار يوق ئىدى، ياكى ناھايىتى ئاز ئىدى. يۇقۇرقى شەھەرلەرنى ئېلىش جەريانىدا ئارمىيىمىز مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ جەڭلەر: 1) ئارقىمۇ ـ ئارقا پارتلىتىش — دۈشمەننىڭ ھەر خىل مۇداپىيە ئىنشائاتلىرىنى پارتلاتقۇچ دورا بىلەن ئارقىمۇ ـ ئارقا پارتلىتىش؛ 2) لەخمە قېزىش — دۈشمەن پوتەيلىرى ياكى سېپىللىرىنىڭ ئاستىغىچە يوشۇرۇن ھالدا كولاپ بېرىپ، پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پارتلىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا شىددەتلىك زەربە بېرىش؛ 3) قارشى خەندەك قېزىش يەنى قىستاپ بېرىش — دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم گۈگۈشلىرىغا قارشى خەندەك قېزىپ، دۈشمەنگە يوشۇرۇن ھالدا يېقىنلىشىپ، تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش؛ 4) پارتلاتقۇچ دورا ئېتىش — پارتلاتقۇچ دورا خالتىلىرىنى ياۋشېتۇڭ ياكى پەيجىپاۋ بىلەن ئېتىپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىيە گۈگۈشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش؛ 5) ئەسكىرىي كۈچ ۋە ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر نۇقتىنى بۇزۇپ تاشلاش، يېرىپ كىرىش ۋە بولۇۋېتىشكە ئوخشاش «خەنجەرسىمان جەڭ ئۇسۇلى»نى قوللىنىش.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان «تولۇق لۈي» ۋە «تولۇق شى» گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلغان لۈي ۋە شىلىرىنى كورسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان لۈي ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى لۈينى كورسىتىدۇ؛ بۇ يەردە ئېيتىلغان شى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان شىنى كورسەتمەيدۇ، بەلكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى شىنى كورسىتىدۇ. بۇ ئىككىسى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش.

④ «ئوتتۇرا لۇشيەن» يەنى ئوچىنچى يول دىگەن نىمە توغرىسىدا مۇشۇ تومدىكى «هازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز»نىڭ ⑧ ئىزاهىغا قارالسۇن.

⑥ «ئىزوپ مەسەللىرى»دىكى «دىخان بىلەن ئىلان»غا قارالسۇن.

# ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ سۇلھى تەلەپ قىلىشىغا باھا*

**(1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)**

جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسى، گومىنداڭ باسمىچىلىرىنىڭ باشلىقى جياڭ جيېشى بۇ يىل يېڭى يىلىنىڭ 1 - كۈنى سۇلھى تەلەپ قىلىش

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن، گومىنداڭ-نىڭ تېنچلىق تەنپەنىدىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى پاش قىلىنغان بىرقاتار ئوبزورلارنىڭ بىرىنچىسى. بۇنىڭدىن باشقا ئوبزورلار مۇنۇلار: «پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە «ئومۇمىيۈزلۈك تېنچلىق» دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ؟»، «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تېنچلىققا چاقىرىش»تىن ئۇرۇشقا چاقىرىشقا ئۆزگەردى»، «گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش جاۋابكارلىقى مەسىلىسىگە بەرگەن بىرنەچچە خىل جاۋابىغا باھا»، «نەنجىڭ ھۆكۈمىتى نەگە بارىدۇ؟» ۋە باشقىلار.

باياناتى ئېلان قىلدى. ئۇرۇش جىنايەتچىسى جياڭ جېشى ئۇنىڭدا
مۇنداق دەپ جاكالىدى: «پەقەت سۇلھى كېلىشىمى دولەتنىڭ مۇس-
تەقىللىقى ۋە پۇتۇنلۇگىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولسا، خەلقنىڭ
ئارام ئېلىپ ئۇزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بولسا، پەقەت
مۇقەددەس شيەنفاغا مېنىڭ سەۋىيەمدىن خىلاپلىق قىلىنمايدىغان،
دېموكراتىك شيەنجېڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇزۇۋېتىلمەيدىغان،
جۇڭخۇا مىنگونىڭ دولەت تىجرىسىغا ھەقىقىي كاپالەت بېرىلىدىغان،
جۇڭخۇا مىنگونىڭ فاتۇگى ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولسا،
ئارمىيە ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان بولسا، خەلق ئۇزىنىڭ
ئەركىن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋە ھازىرقى ئەڭ تۈۋەن تۇرمۇش سەۋىيە-
سىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولسا، شەخسەن مېنىڭ باشقا ھېچقانداق
تەلىۋىم يوق.» «تېچلىق راستىنلا ئورنىتىلىدىغان بولسا، شەخسەن
ئۇزەمنىڭ ئورنۇمدا بولۇش ـ بولماسلىقىمدىن ھەرگىز غەم قىلمايمەن،
پەقەت خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسىگە بويسۇنىمەن.» كىشىلەر ئۇرۇش
جىنايەتچىسىنىڭ سۇلھى تەلەپ قىلىشىنى كۈلكىلىك دەپ قارىما-
لىقى لازىم، شۇنداقلا بۇنداق سۇلھى تەلەپ قىلىش باياناتىنى
ھەقىقەتەن قەبىھلىك دەپمۇ قارىماسلىقى كېرەك. بىلىش لازىمكى،
بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ، گومىنداڭ باسمىچ-
لىرى باشلىقىنىڭ ئۇزى ئوتتۇرىغا چىقىپ سۇلھى تەلەپ قىلىشى ۋە
بۇنداق باياناتنى ئېلان قىلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ گومىنداڭ باسمى-
چىلىرى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى تونۇ-
ۋېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. جۇڭگو خەلقى بۇنىڭدىن ھازىر
داۋراڭ سېلىنىۋاتقان «تېچلىق» دېگەن بىرنىمىنىڭ ئەسلىدە جياڭ
جېشىدەك بىر توپ قاتىللار ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا ئۈچۈن

جددى ئېھتياجلق نەرسە ئكەنلگنى بلۋالالايدۇ.

جياڭ جيېشى باسمچىلارنڭ پۇتكۇل پلاننى ئقرار قلدى. بۇ پلاننڭ موھم نۇقتلرى توۋەندكچە:

«دولەتنڭ مۇستەقللغى ۋە پۇتۇنلۇگگە زيان يەتكۇزمەيدغان بولسا»ــ بۇ، ھەممدن موھمى. «تېچلق» بولسا بولسۇن، ئەمما بۇ «تېچلق» توت چوڭ ئائلە، مەيبەنلەر ۋە پومششكلار سنپى دولتنڭ «مۇستەقللغى ۋە پۇتۇنلۇگى»گە زيان يەتكۇزيدغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەسلا بولمسۇن. بۇ «تېچلق» جۇڭگو ـ ئامېرىكا دوستلۇق، سودا، دېڭز قاتنشى شەرتنامسى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھاۋا نەقلياتى كېلشمى[1]، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئككى تەرەپ كېلشمگە[2] ئوخشاش شەرتناملەرگە زيان يەتكۇزيدغان بولسا، ئامېرىكنڭ جۇڭگودا دېڭز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارميلرى تۇرغۇزۇش، ھەربى جدى قۇرۇش، كان بايلقلرنى ئېچش ۋە سودا ئشلرنى چاڭگللغا ئېلۋېلشقا ئوخشاش ئمتيازلرغا زيان يەتكۇزيدغان بولسا، جۇڭگونى ئامېرىكنڭ مۇستەملكسى قلپ بېرشكە زيان يەتكۇزيدغان بولسا، بر ئېغز سوز بلەن ئېيتقاندا، بۇ «تېچلق» جياڭ جيېشى ئەكسيەتچى دولتنڭ «مۇستەقللغى ۋە پۇتۇنلۇگى»نى قوغداپ قالدىغان مۇشۇ چارلەرنڭ برەرسگە زيان يەتكۇزيدغان بولسا، ئۇ ھالدا زادى بولمسۇن.

«خەلقنڭ ئارام ئېلپ ئوزىنى ئوڭشۋېلشغا ياردەم بېرىدغان بولسا»ــ «تېچلق» تار ـ مار قلنغان لېكن تېخى يوقتلمغان جۇڭگو ئەكسيەتچلرنڭ ئارام ئېلپ ئوزىنى ئوڭشۋېلشغا ياردەم بېرەلەيدغان بولسۇن، شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنڭ ئارام ئېلپ بولغاندن كېين قايتا باش كوتىرپ چقپ، ئنقلاپنى

ئۇجۇقتۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ. «تېچلىق» مانا شۇنىڭ ئۈچۈن. ئۇرۇشنىڭ داۋام قىلىۋاتقىنىغا 2 يېرىم يىل بولدى، «غالىچىلار، غالىچىلىق قىلالمىدى»، ئامېرىكىلىقلار ئاچچىقلانماقتا، ئاز ـ ماز ئارام ئېلىۋالغىنى ياخشى.

«مۇقەددەس شيەنفاغا مېنىڭ سەۋىيەمدىن خىلاپلىق قىلىنمايدىغان، دېموكراتىك شيەنجېڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇزۇۋېتىلمەيدىغان، جۇڭخۇا مىنگونىڭ دولەت تىجرىسىغا ھەقىقى كاپالەت بېرىلىدىغان، جۇڭخۇا مىنگونىڭ فاتۇڭى ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولسا»ـــ جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپلىرى ۋە ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىغا ھەم بۇ سىنىپلار ۋە بۇ ھوكۇمەتنىڭ «فاتۇڭىنى ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ قويماسلىق»قا ھەقىقى كاپالەت بېرىش كېرەك. بۇ «فاتۇڭ»نى «ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ قويۇش»قا زادىلا بولمايدۇ، ئەگەر «ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ» قويۇلسا، ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ: پۈتۈن مەيبەنلەر ۋە پومشىشىكلار سىنىپى يوقىلىدۇ، گومىنداڭ باسمىچىلىرى ھالاك بولىدۇ، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ.

«ئارمىيە ھەقىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان بولسا» ــ بۇ، مەيبەنلەر ۋە پومشىشىكلار سىنىپىنىڭ جېنى، گەرچە ئۇنىڭ نەچچە مىليون ئادىمى قەبىھ خەلق جېڭفاڭجۈنى تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر يەنە 1 مىليون نەچچە يۈز مىڭ ئادىمى بار، ئۇ «كاپالەت»كە ئىگە قىلىنىشى، بەلكى «ھەقىقى» ئىگە قىلىنىشى لازىم. ئەگەر «كاپالەت»كە ئىگە قىلىنغاندىمۇ «ھەقىقى» ئىگە قىلىنمىسا، مەيبەنلەر ۋە پومشىشىكلار سىنىپى دەسمايىسىز قالىدۇ، «فاتۇڭ» بەرىبىر «ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ»، گومىنداڭ باسمىچىلىرى بەرىبىر ھالاك

بولىدۇ، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى بەرىبىر قولغا ئېلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ. داگوۋەنيۈەن بېغىدىكى جىيا باۋيۈيىنىڭ جىنى ئۇنىڭ بوينىدىكى ئېسىقلىق بىر تاش ئىدى③، گومىنداڭنىڭ جىنى ئۇنىڭ ئارمىيىسى، شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئۇنى «كاپالەت»كە ئىگە قىلىنمايدۇ، ياكى «كاپالەت»كە ئىگە قىلىنىدىغاندىمۇ «ھەقىقى» ئىگە قىلىنمايدۇ، دېگىلى بولسۇن؟

«خەلق ئۆزىنىڭ ئەركىن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋە ھازىرقى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولسا»— جۇڭگونىڭ مەيبەنلەر ۋە پومېشچىكلار سىنىپى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەركىنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك، جۇڭگونىڭ ئەمگەكچى خەلقى بولسا باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئەركىنلىكىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئاچ-يالىڭاچلىق تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بۇ— ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىشىتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى. ناۋادا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەركىنلىكىنى ھەم ئەيش-ئىشرەت ۋە كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالمايدىغان بولسا، ئۇلارغا تېچلىقنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ بۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ھوكۈمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ ھازىرقى مۇشۇنداق ئاچ-يالىڭاچلىق «ئەركىن تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسى»نى ساقلاپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەرتلەر بىزنىڭ سۆيۈملۈك جياڭ زۇڭتۇڭىمىز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا

قويۇلغان هامان، نەچچە ئون مىليون ئىشچىلار، قول سانائەت ئىشچىلىرى ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەر، نەچچە يۈز مىليون دېخانلار، نەچچە مىليون زىيالىلار، هوكۇمەت خادىملىرى ۋە مائارىپچىلار بىردەك چاۋاك چېلىپ، توقۇز تازىم قىلىپ، مىڭ ياشا، دېيىشى كېرەك ئىمىش. ناۋادا گۇگچەنداڭ يەنە سۇلهگە ئۇنۇماي، مۇشۇنداق گۈزەل تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويمىسا، بۇ جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلار ئىمىش، «بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق جاۋاپكارلىقنى گوگچەنداڭ ئۈستىگە ئېلىشى» كېرەك ئىمىش.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلغان سۇلهى تەلەپ قىلىش باياناتىدىكى بارلىق ئېسىل سوزلىرىنى تولۇق ئوز ئىچىگە ئېلىپ كەتكىنى يوق. يەنە بىر ئېسىل سوزى بار، ئۇ بولسىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ يېگى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن سوزلىگەن سوزىدە «نەنجىڭ، شاڭخەي لەردە هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش» دەپ ئېيتقىنى. نەدە بۇنداق «هەل قىلغۇچ جەڭ» قىلدىغان كۈچى بولسۇن؟ جياڭ جيېشى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىش كېرەككى، هوكۇمەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە هەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى كۈچى، مەيلى قايسى جەھەتتە بولسۇن، گوگچەنداڭنىڭكىدىن بىرقانچە هەسسە هەتتا بىرقانچە ئون هەسسە ئارتۇق.» ۋاي ـ ۋۇي، بۇنچىۋالا زور كۈچ قانداقمۇ كىشىلەرنى ئولگۈدەك قورقۇتمىسۇن؟ هازىرچە سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى كۈچتىن سوز ئاچماي، ئۇنى بىر تەرەپتە قويۇپ تۇرۇپ، يالغۇز «هەربى كۈچ»نىلا ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق جيېفاڭجۇنىدە هازىر 3 مىليوندىن كوپ ئادەم بار، بۇ ساندىن بىر هەسسە «ئارتۇق» بولغاندا، 6 مىليوندىن كوپ

ئادەم بولغان بولىدۇ، 10 ھەسسە بولغاندا، 30 مىليوندىن كۆپ ئادەم بولغان بولىدۇ، «بىرقانچە ئون ھەسسە» بولغاندا، قانچە بولۇپ كېتىدۇ؟ ھازىرچە 20 ھەسسە دەپ ھېساپلاپ تۇرايلى، ئۇنداق بولغاندا، 60 مىليوندىن كۆپ ئادەم بولغان بولىدۇ، دېمەك، جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ «مۇتلەق غەلىبە قازىنىشقا ئىشەنچ بار» دېگىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە نېمىشقا سۆلھى تەلەپ قىلىدۇ؟ بۇ ئەسلا ئۇنىڭ ئۇرۇشالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، 60 مىليوندىن كۆپ ئادىمى بىلەن باسۇرۇپ قويىدىغان بولسا، دۇنيادا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ساق قالغۇدەك يەنە قانداق كۈكچەنداڭ ياكى قانداق باشقا پارتىيە بولسۇن! ئەلۋەتتە، ھەممىسىلا كۈكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىدۇ ـ دە. بۇنىڭغا قارىغاندا، سۆلھى تەلەپ قىلىش ھەرگىز باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، پۈتۈنلەي «خەلققە ھاياتلىق تىلەش» ئۈچۈن ئىكەن.

ئەمىسە، ھەممە ئىش ئوز جايىدا بولۇپ، بىرمۇ كەمچىلىك يوقمىدۇ؟ كەمچىلىك بار ئىمىش. قانداق كەمچىلىك؟ جياڭ زۇڭتۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئەپسۇسلىنىدىغان نەرسە شۇكى، بىزنىڭ ھوكۇمىتىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم خادىملار كۈكچەنداڭنىڭ يامان نىيەت بىلەن قىلغان تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، شۇڭا ئۇلار روھىي ھالەت جەھەتتىن تەۋرىنىپ، ئوزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ قويايي دەپ قالدى. ئۇلار روھىي جەھەتتە كۈكچەنداڭنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دۈشمەننىڭلا كۈچىنى كورۇپ، ئوزىدە تېخى دۈشمەننىڭكىدىن بىرقانچە ئون ھەسسە ئارتۇق زور كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى كورەلمەيۋاتىدۇ.» يېڭى خەۋەرلەر ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ يىل باشقىچە. 60 مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگوەن

ۋە ئەسكەرگە ئىگە گومىنداڭچىلار ئۇزىنىڭ 60 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمىنى كورمەستىن، ئەكسىچە، خەلق جىيفاڭجۇنىنىڭ 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمىنى كورۇپتۇ، بۇ ئالاھىدە يېڭى خەۋەر ئەمەسمۇ؟

خوش، بۇنداق يېڭى خەۋەرنىڭ بازىرى بارمۇ؟ ئۇ كىشلەرنىڭ بىرەر قېتىم نەزەر سېلىپ قويۇشىغا ئەرزىمدۇ؟ بىزنىڭ بېيپىڭ شەھرىدىن ئالغان خەۋىرىمىزگە قارىغاندا: «يېڭى يىلنىڭ 1 ـ كۈنى مال باھاسى چۈشتىن ئاۋال بىر ئاز چۈشۈپ، چۈشتىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلگەن.» چەتئەل تۇگشۇنشىلىرى: «جياڭ جيېشىنىڭ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن سوزلىگەن سوزىگە شاڭخەينىڭ ئىنكاسى سۇس بولدى» دىدى. بۇلار ــــ ئۇرۇش جىنايەتچىسى جياڭ جيېشىنىڭ بازىرى مەسىلىسىگە بېرىلگەن جاۋاپ. بىزنىڭ ئاللىقاچان ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك، جياڭ جيېشى جىيندىن ئايرىلىپ، قۇرۇق مۇردىلا بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ.

## ئىزاھلار

① جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھاۋا نەقلىياتى كېلىشىمى» 1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىمزالانغان. جياڭ جيېشى بۇ كېلىشىمدە جۇڭگونىڭ پۈتۈن ھاۋا تەۋەلىگى ھوقۇقىنى ئېلىشىغا سېتىۋەتتى. بۇ كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچالايدىغان، يۈك باسالايدىغان، چۈشۈرەلەيدىغان ۋە توشۇيالايدىغان، جۇڭگونىڭ ھاۋا نەقلىياتى ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئىلكىدە تۇتالايدىغان بولۇۋالدى. ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى جۇڭگو زېمىنىدا «غەيرى تىجارەت خاراكتىرىدا بولغان قونۇش ھوقۇقى»غا يەنى ھەربى مەقسەتتە يەرگە

قونۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى.

② «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ كېلىشىمى» يەنى «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم توغرىسىدىكى كېلىشىمى» دىگەن بىر نىسمىنى 1948 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدا ئىمزا ـ لىغان. بۇ كېلىشىمدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىگى جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئىشلىرىدا ئەڭ يۇقۇرى نازارەت قىلىش ۋە بەلگىلەش ھوقۇقلىرىغا ئىگە، جۇڭگودا بىۋاستە نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى ئامېرىكا خادىملىرى «جۇۋەي فاچۇەن»دىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئامېرىكا جاھان ـ گىرلىگى جۇڭگودىن ئۆزىگە لازىم بولغان ھەرقانداق جەنلۈېلىك ماددى ئەشيالارنى ئالالايدۇ، جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى ئۇلارنى مۇشۇ ماددى ئەشيالارغا دائىر مەلۇمات بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرۇشى شەرت؛ جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى ئامېرىكا شاڭپىنلىرىنىڭ جۇڭگودا توكمە قىلىپ سېتىلىشىغا كاپالەت بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

③ جيا باۋيۈي — مىلادىنىڭ 18 ـ ئەسىرىدە يېزىلغان جۇڭگونىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق رومانىدىكى شەخس، داگۇەنيۈەن — جيا باۋيۈي ئائىلىسىنىڭ باغچىسى. جيا باۋيۈي تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر قاش تېشى بار ئىكەن، بۇ قاش تېشى ئۇنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، ئۆزىدىن بىردەممۇ ئايرىمايدىكەن، يوقلىپ كەتسە، «جېنىدىن جۇدا» بولىدىكەن.

# جۇڭگوڭ جۇڭياڭ جۇشىسى ماۋزېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتى

**(1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى)**

1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، خەلق ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغاندىن بۇيان، 2 يېرىم يىل ئۆتتى. بۇ 2 يېرىم يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا، نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى خەلق ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قورچاق گومىنداخۇي چاقىردى، ساختا شيەنفا ئېلان قىلدى، قورچاق زۇڭتۇڭ سايلىدى، «ئىسيانني بېسىقتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش» دەيدىغان ساختا بۇيرۇق جاكارلىدى، دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن ھوقۇقلىرىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ساتتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن نەچچە مىليارت

ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئالدى، ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋە ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنى باشلاپ كېلىپ، جۇڭگونىڭ زېمىنى، دېڭىز تەۋەسى ۋە ھاۋا تەۋەسىنى ئىشغال قىلدۇردى، ئامېرىكا ھوكۇمىتى بىلەن كوپىلىگەن ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىلەرنى تۈزدى، ئامېرىكا ھەربىي گۇۋۇپىلىرى ئومىگىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشتۇردى، ئامېرىكا ھوكۇمىتىدىن كوپىلىگەن ئايرۇپىلان، تانكا، ئېغىر زەمبىرەك، يېنىك زەمبىرەك، جىگۇەنچياڭ، مىلتىق، زەمبىرەك ئوقى، ئوق ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى ئېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى جۇڭگو خەلقىنى قىرىدىغان قورال قىلدى. نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەكسىيەتچىل، ۋەتەن ساتقۇچ ئىچكى ـ تاشقى ئاساسىي سىياسەتلىرى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازات رايونلىرىغا ۋە جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۇنىگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خۇادۇڭ، جۇڭيۈەن، خۇابېي، شىبېي ۋە دۇڭبېيدىكى خەلق ئازات رايونلىرىنىڭ ھېچقايسىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىدىن خالى قالمىدى. ئازات رايونلارنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن يەنئەن، جاڭجياكۇ، خۇەيىن، خېزې، داملىڭ، لىنيى، يەنتەي، چېڭدې، سىپىڭ، چاڭچۈن، جىلىن ۋە ئەندۇڭ قاتارلىق جايلار بىر مەزگىل باسمىچى ئارمىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. باسمىچى ئارمىيە قەدىمى يەتكەنلا جايدا، خەلقنى قىردى، ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگدى، يېزىلارغا ئوت قويدى، مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئۇنىڭ قىلمىغان ياۋۇزلۇغى قالمىدى. نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى، ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا، «ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش، باسمىچىلارنى

يوقىتىش» دىگەن نىمىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئىشچىلار، دىخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار ۋە سودا-سانائەتچىلەردىن ئىبارەت ھەر ساھەدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئاشلىق بېرىشكە، باج تولەشكە، ئادەم بېرىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى چېقىپ، يىلىكلىرىنى شورىدى. نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى خەلقنى ھەممە ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلدى؛ ھەممە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنى بېسىپ، قانۇنىي ئورۇندىن مەھرۇم قىلدى؛ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا، ئاچارچىلىققا، زىيانكەشلىككە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ۋە ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى يولىشىغا قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ھەققانىي ھەركەتلىرىنى باستى؛ ساختا فابى ۋە ساختا جىنيۈەنچۈەن پۇللىرىنى قالايمىقان تارقىتىپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى بۇزۇپ، كەڭ خەلقنى خانىۋەيرانلىققا چۈشۈردى؛ ھەر خىل قىرىش-شىلىش يوللىرى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئەڭ كوپ بايلىقىنى جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇلاردىن ئىبارەت توت چوڭ ئائىلە باشچىلىقىدىكى گۇەنلياۋ كاپىتال شىتۇگىغا توپلىدى. قىسقىسى، نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ئوزىنىڭ ئەكسىيەتچىل، ۋەتەن ساتقۇچ ئىچكى-تاشقى ئاساسىي سىياسىتى ئاساسىدا قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقنى ئىنتايىن ئېغىر بالايى-ئاپەت ئىچىدە قالدۇردى، بۇنىڭدا نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ئوز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان پۈتۈن جاۋاپكارلىقتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. گومىنداڭنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو كوڭچەنداڭى، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنلا، ھەممە تىرىشچانلىقلار بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمىتىدىن

ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئىچكى تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كوڭچەنداڭى بۇ فاكىتىنىڭ ئاساسەن، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا، ئالدى بىلەن 1945 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى گومىنداڭ بىلەن كوڭچەنداڭنىڭ سوھبەت خاتىرىسىنىڭ ئىمزالىنىشىنى قولغا كەلتۈردى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئايدا يەنە، گومىنداڭ بىلەن كوڭچەنداڭنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا گومىنداڭنى ئورتاق قارار قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوڭچەنداڭى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ كېلىشىم ۋە قارارلارنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلدى. لېكىن، ئەپسۇسكى، ئىچكى تىنچلىقنى ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداش يولىدىكى بۇ ھەركەت-لەرنىڭ ھېچقايسىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى تەرىپىدىن ھۆرمەت قىلىنمىدى، ئەكسىچە، ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى، نەزەر سېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى، خەلقنى بوزەك قىلىشقا بولىدۇ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى خالىغانچە يىرتىپ تاشلاشقا بولىدۇ، خەلق جىپىغاڭجۇنى بىر پەشۋاغىمۇ چىدىمايدۇ، ئۇزىمىزنىڭ نەچچە مىليون كىشىلىك ئارمىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتنە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلالايدۇ، ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ بىزگە بېرىدىغان ياردىمى پۈتمەس ـ تۈگىمەس، دەپ قارىدى. مۇشۇنداق قارىغانلىق-تىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ

ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىر تەرەپتىن ئازاد رايونلار ئاھالىسىنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىش ئۈچۈن، قەتئىيلىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قەھرىمان خەلق جىيېفاڭجۈنىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ 4 مىليون 300 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئازات رايونلارنىڭ قولدىن كەتكەن بارلىق يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە شىجياجۇاڭ، لوياڭ، جىنەن، جېڭجۇ، كەيفېڭ، شېنياڭ، شۈيجۇ، تاڭشەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئازات قىلدى. جۇڭگو خەلق جىيېفاڭجۈنى مىسلىسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنى زورايتتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن نۇرغۇن قورال ـ لىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇردى. 2 يېرىم يىل جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچىنى ۋە بارلىق خىل قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. ھازىر خەلق جىيېفاڭجۈنى، مەيلى سان جەھەتتە، مەيلى جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى جەھەتتە بولسۇن، ياكى قورال ـ ياراق جەھەتتە بولسۇن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ قالدۇق ھەربىي كۈچلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مانا ئەمدى جۇڭگو خەلقى پۇخادىن چىقىشقا باشلىدى. ھازىر ئەھۋال ناھايىتى روشەن، خەلق جىيېفاڭجۈنى قالدۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىگە يەنە بىرنەچچە قېتىم قاتتىق زەربە بېرىدىغانلا بولسا، گومىنداڭنىڭ پۈتۈن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى كۇكۇم ـ تالقان بولىدۇ.

ۋە يوقىلىدۇ. ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى
ئۇرۇش قوزغاش سىياسىتى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى، ھەممىنى ئۆزىدىن
بىزار قىلدى، ساقلىنىپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنداق
ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىپ،
ئارام ئېلىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن قايتىدىن باش
كۆتىرىپ چىقىپ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش مەقسىدىدە،
جۇڭگونىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسى، گومىنداڭ
باسمىچىلىرىنىڭ باشلىغى، نەنجىڭ ھوكۇمىتىنىڭ قورچاق زۇڭتۇڭى
جياڭ جېيشى بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى
بىلەن تېچلىق تەنىبەنى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ
تەكلىپ قويدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇ تەكلىپنى ساختا تەكلىپ
دەپ ھېساپلايدۇ. چۈنكى جياڭ جېيشى ئۆزىنىڭ تەكلىۋىدە ساختا
شيەنفانى، ساختا فاتۇڭنى ۋە ئەكسىيەتچى ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىشتەك
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ماقۇل كۆرمەيدىغان شەرتلەرنى تېچلىق
تەنىبەنىنىڭ ئاساسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تېچلىق شەرتى
ئەمەس، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش شەرتى. 10 كۈندىن بۇيان
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئوچۇق كۆرسەتتى.
خەلق تېچلىققا باللۇرراق ئېرىشىشكە تەشنا، ئەمما ئۇرۇش جىنايەت-
چىلىرىنىڭ تېچلىق دىگەن نىمىسىگە قوشۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەكسى-
يەتچىل شەرتلىرىگە قوشۇلمايدۇ. مۇشۇنداق خەلق ئىرادىسى ئاساسىدا
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنىدە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ قالدۇق ھەربى كۈچلىرىنى
ئانچە ئۇزاققا قالماي تامامەن يوقىتىشقا يېتەرلىك كۈچ، يېتەر-
لىك ئاساس ۋە ھەقىقى ئىشەنچ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇرۇشنى تېزلىكتە

ئاياقلاشتۇرۇپ، ھەقىقى تېچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ۋە گومىنداڭنىڭ باشقا ھەرقانداق يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى ھەم ھەربى گۇرۇھلىرى بىلەن تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاساسىدا تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. بۇ شەرتلەر: 1) ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش؛ 2) ساختا شيەنفانى بىكار قىلىش؛ 3) ساختا فاتۇڭنى بىكار قىلىش؛ 4) بارلىق ئەكسىيەتچى ئارمىيىنى دېموكراتىك پىرىنسىپ بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش؛ 5) گۇەنلياۋ كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىش؛ 6) يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش؛ 7) ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش؛ 8) ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار قاتناشتۇرۇلمىغان سياسى مەسلەھەت كېڭىشى يىغىنىنى چاقىرىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممە ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش[1]. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى، يۇقۇرىدىكى شەرتلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، پەقەت يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شەرتلەر ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن تېچلىقلا ھەقىقى، دېموكراتىك تېچلىق بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. ئەگەر نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى تەركىۋىدىكى كىشىلەر ساختا، ئەكسىيەتچىل تېچلىقنى ئەمەس، ھەقىقى، دېموكراتىك تېچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالايدىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل شەرتلىرىدىن ۋازكېچىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان 8 شەرتنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنى ئىككى تەرەپنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن،

ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىق دېگەن نىشانىنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىردەك قوزغىلىپ، ھەقىقى، دېموكراتىك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، ساختا، ئەكسىيەتچىل تىنچلىققا قارشى تۇرۇشنى ئۈمىت قىلىمىز. نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىتۇڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ بۇنداق تىنچلىق تەكلىپىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى كېرەك. جۇڭگو خەلق جىيېفاڭجۈنىدىكى بارلىق جىڭخۇيىۋەن، جەڭچى يولداشلار، دىققەت قىلىڭلار: نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ھەقىقى، دېموكراتىك تىنچلىقنى قوبۇل قىلغىچە ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىچە ئۆزەڭلارنىڭ جەڭ قىلىشتىكى تىرىشچانلىقىڭلارنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرماڭلار. قارشىلىق كۆرسىتىشكە چېتىنغان ھەرقانداق ئەكسىيەتچىلەرنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك ـ پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىڭلار.

## ئىزاھ

① يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ باياناتتا ئوتتۇرىغا قويغان 8 ماددىلىق تىنچلىق شەرتى 1949 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو كوڭچەنداڭى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئاساسى بولدى. بۇ تەنپەندە تۈزۈلگەن ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمدە 8 ماددىلىق تىنچلىق شەرتى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. مۇشۇ توملىكى «پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق»نىڭ ① ئىزاھىغا قارالسۇن.

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچسنڭ نەنجڭ شڭجېڭيۈەننڭ قارارىغا باھاسى

**(1949 - يىل 1 - ئاينڭ 21 - كۈنى)**

نەنجڭ گومنداڭ ئەكسيەتچى ھوكۈمتنڭ ھوكۈمەت تۈگشۈن-
شېسى بولغان جۇڭياگشېنڭ 19 - كۈنى تارقاتقان خەۋرىدە مۇنداق
دېيلگەن: 19 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا ئۆتكۈزۈلگەن شڭجېڭيۈەن
يغنى ۋەزىيەت ئۈستىدە كەڭ مۇزاكرە ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكچە
قارار چقاردى: «ھوكۈمەت پۈتۈن مەملكەت خەلقنڭ ئارزۇسغا
بنائەن، تېچلقنڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشنى تلەپ، جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى بلەن برلكتە دەرھال ئالدى بلەن شەرتسز ئۇرۇش
توختتشنى ۋە ھەر ئككى تەرەپنڭ ۋەكل تەيىنلەپ تېچلق سوھ-
بتى ئۆتكۈزۈشنى خالايدغانلقنى ئالاھدە ئېھتيات بلەن بلدۈ-
ريدۇ.» جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچسى مۇنداق دېدى: نەنجڭ
شڭجېڭيۈەننڭ بۇ قارارىدا نەنجڭ قورچاق زۇڭتۇڭى جياڭ جېيش-

نىڭ تېچلىق تەنپەنى ئۇتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلغان 1-ئاينىڭ 1-كۈنە-دىكى باياناتى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇنىڭدەك جۇڭگو گوڭچەندانىڭ جۇشىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئۇتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلغان 1-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى باياناتىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، بۇ 2 تەكلىپنىڭ زادى قايسىسىنى ھىمايە قىلىپ، قايسىسىغا قارشى تۇرىدىغانلىقى كورستىلمىگەن، گويا گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭ ئىككى تەرەپ 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋە 1-ئاينىڭ 14-كۈنى ھېچقانداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويمىغاندەك، باشقىدىن بىر تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنى كىشى ئەسلا چۈشىنەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، نەنجىڭ شىڭجېڭيۈەنى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ 1-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى تەكلىۋىگە نامامەن ئېتىۋارسىز قاراش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قورچاق زۇڭتۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى تەكلىۋىنىمۇ توغرىدىن-توغرا يوققا چىقاردى. جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى تەكلىۋىدە: «گوڭچەنداڭدا تېچلىق سەممىيىتى بولۇپ، ئېنىق ئىپادە كورسىتەلىسىلا، ھوكۇمەت چوقۇم سەممىيەت كورسىتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىشنىڭ ۋە تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۇستىدە مەسلىھەتلىشىشنى خالايدۇ» دىگەن ئىدى. ئارىدىن 19 كۈن ئوتۇپلا، ئەنە شۇ ھوكۇمەتنىڭ بىر ئاپاراتى يەنى نەنجىڭ ھوكۇمىتىنىڭ «شىڭجېڭيۈەنى» بۇ ھوكۇمەت «زۇڭتۇڭى»نىڭ باياناتىنى يوققا چىقىرىپ، «چوقۇم سەممىيەت كورسىتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىشنىڭ ۋە تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۇستىدە مەسلىھەتلىشىشنى خالايدۇ»غان ئەمەس، بەلكى «دەرھال ئالدى بىلەن شەرتسىز ئۇرۇش توختىتىشنى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىل تەيىنلەپ تېچلىق سوھبىتى ئوتكۈزۈشنى

خالايدۇ»غان بولۇپ قالىدى. خوش، نەنجىڭ «شىڭجېڭيۇەنى»دىكى جاناپلار، زادى سىلەرنىڭ تەكلىۋىڭلار كۆچكە ئىگىمۇ، ياكى سىلەرنىڭ «زۇڭتۇڭلار»نىڭ تەكلىۋى كۆچكە ئىگىمۇ؟ سىلەرنىڭ «زۇڭتۇڭلار» «ئۇرۇشنى توختىتىش بىلەن تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»نى بىر ئىش دەپ بىلىپ، چوقۇم سەممىيەت كۆرسىتىپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە جۇڭگو كۇڭچەنداڭى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى؛ سىلەر بولساڭلار ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنى ئىككى ئىش قىلىپ ئايرىۋەتتىڭلار، ۋەكىل تەيىنلەپ ئۇرۇش توختىتىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى خالىماي، ئەكسىچە، چەكسىز خىيالغا بېرىلگەن ھالدا «دەرھال ئالدى بىلەن شەرتسىز ئۇرۇش توختىتىش»، ئاندىن كېيىن ۋەكىل تەيىنلەپ «تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش»نى تەلەپ قىلدىڭلار، زادى سىلەرنىڭ تەكلىۋىڭلار توغرىمۇ، ياكى «زۇڭتۇڭلار»نىڭ تەكلىۋى توغرىمۇ؟ بىزچە، نەنجىڭ قورچاق شىڭجېڭيۈەنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇ قورچاق زۇڭتۇڭنىڭ تەكلىۋىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭى تەكلىپ قويۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس. بىزچە، نەنجىڭ شىڭجېڭيۈەنىنىڭ بۇ يېڭى تەكلىۋى ئاساسسىز، شۇنچىلىك ئۇزاق، شۇنچىلىك كەڭ كۆلەملىك ۋە شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئۇرۇش بولدى، ئەلۋەتتە، ئىككى تەرەپ كىشى تەيىنلەپ تىنچلىقنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ماقۇل كۆرگەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنى تۈزۈشى كېرەك ئىدى، شۇ چاغدىلا ئۇرۇش توختايتتى. يالغۇز خەلقلا بۇنداق ئارزۇ-ئۈمىتتە بولۇپ قالماستىن، بەلكى گومىنداڭ تەرەپتىكى

بىرمۇنچە كىشلەرمۇ بۇنداق ئارزۇ ـ ئۈمىتتە ئىكەنلىگىنى بىلدۈردى.
ئەگەر نەنجىڭ شىگجىيگيۇەننىڭ قىلچە ئاساسى بولمىغان «قارارى» بويىچە بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىلمىسا، تىچلىق تەن ـ پەنى ئوتكۇزۇشنى خالىمايدىكەن، ئۇنداقتا گومىنداڭنىڭ تىچلىق سەممىيتى قەيەردە قالىدۇ؟ نەنجىڭ شىگجىيگيۇەننىڭ «قارارى» چىقىرىلىپ بولدى، ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىلمىغىچە، تىچلىق تەنپەنى ئوتكۇزگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تىچلىقنىڭ ئىشىگى چىڭ تاقالدى، ئەگەر تەنپەن ئوتكۇزۇش لازىم تىپىلدىكەن، قىلچە ئاساسى بولمىغان بۇ «قارار»نى ئەمەلدىن قال ـ دۇرۇش كىرەك، ئىككىنىڭ بىرى، خالاس. ئەگەر نەنجىڭ شىگجىيگ ـ يۇەنى ئوزىنىڭ «قارارى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى خالىمايدىكەن، بۇ ھال نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىدە ئوزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن تىچلىق تەنپەنى ئوتكۇزۇش سەممىيتىنىڭ زادى يوقلۇغىنى بىلدۇرىدۇ. كىشلەر: نەنجىڭ تەرەپتە راستلا سەممىيەت بولىدىغان بولسا، تىچلىقنىڭ كونكرىت شەرتلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشنى نىمە ئۈچۈن خالىمايدۇ؟ دەپ سورايدۇ.
نەنجىڭنىڭ تىچلىق تەكلىۋى ساختا، دىگەن بۇ ھوكۇم ئىسپاتلانمى ـ دىمۇ؟ جۇگگو گۇگچەنداڭى باياناتچىسى مۇنداق دىدى: نەنجىڭ ھازىر باشباشتاقلىق ھالىتىگە چۇشۇپ قالدى، قورچاق زۇڭتۇڭ بىر تەكلىپ قويسا، قورچاق شىگجىيگيۇەن يەنە بىر تەكلىپ قويىدى، ئەمدى كىم بىلەن ئالاقە قىلىش كىرەك؟

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچسنڭ گومنداڭ ئەكسيەتچى ھوكۇمتنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قلغان ياپونيە ئارميسنڭ سابق زۇڭسلڭى گاڭسۇن نڭسنى قايتدن قولغا ئېلشقا ۋە گومنداڭنڭ ئچكى ئۇرۇش جنايەتچلرنى قولغا ئېلشقا بۇيرۇش توغرسدكى سوھبتى

(1949 ـ يل 1 ـ ئاينڭ 28 ـ كۇنى)

نەنجڭ گومنداڭ ئەكسيەتچى ھوكۇمتنڭ جۇڭياڭ تۇڭشۇن‌شېى 1 ـ ئاينڭ 26 ـ كۇندكى خەۋەردە مۇنداق دەيدۇ: «ھوكۇمەت باياناتچسى مۇنداق دېدى: ھوكۇمەت ئۇرۇشنى بالدۇرراق ئاياقلاشتۇرۇپ، خەلقنڭ ئازاپ ـ ئوقۇبتنى يېنكلتش ئۈچۈن

بىر ئايدىن بېرى ھەر خىل چارە ۋە تەدبىرلەرنى كوردى. مۇشۇ ئاينىڭ 22-كۈنى ئېچلىق تەنپەنى ۋەكىللىرىنىمۇ رەسمى تەيىنلىدى①. سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىرقانچە كۈندىن بۇيان پەقەت جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپنىڭ ۋەكىل تەيىنلىشىنى ۋە ئورۇن توغرىسىدا كېلىشىشىنى كۈتمەكتە. لېكىن 25-كۈنى شىنخۇاشې شىمالىي شەنشەدىن رادىيو ئارقىلىق تارقاتقان جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ سوھبىتىدە②، بىر تەرەپتىن، ھوكۇمەت بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزگە يوقىلاڭ سوزلەر بىلەن ئاغزىغا كەلگىنىچە ئاھانەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەنپەن ئورنىنى بېيپىڭ تامامەن ئازات بولغاندىن كېيىن ئاندىن بەلگىلەش مۇمكىن، دېيىلگەن. خوش، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپنىڭ ئوز ۋەكىللىرىنى ۋاقتىدا تەيىنلىمەي، ئورۇن توغرىسىدا كېلىشمەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربى ھەركەتلىرىنى توختاتماي، بەلكى بېيپىڭ تامامەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن دىگەننى بانا قىلىشى ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇرۇش ئاپىتىنى ئۇزاقىقا سوزغانلىق ئەمەسمۇ؟ بىلىش كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇرۇش ئاپىتىگە خاتىمە بېرىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ، ئەمدى ئۇلاردا تاقەت قالمىدى. ھوكۇمەت غايەت زور سەمىمىيەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ شۇنى ئېنىق تونۇۋېلىشىنى ھېلىمۇ ئۈمىت قىلىدۇكى، بۇگۈنكى ئىش خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تېزدىن ۋەكىل تەيىنلەپ سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، تېچلىقنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.» نەنجىڭ جۇڭيائىشې يەنە 1-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدىن تارقاتقان خەۋىرىدە مۇنداق دىدى: «ياپونىيە

ئۇرۇش جىنايەتچىسى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئارمىيىسى-نىڭ سابىق زۇڭسىلىڭگۇەنى گاڭسۇن نىڭسى داجىياڭ 26 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە بۇسىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوراق قىلىش ھەربىي فاتىڭدا قايتا سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، سائەت 16 دە فاتىڭ تىڭجاڭى شى مېيىۋي تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ ھۆكۈم قىلىندى. شۇ چاغدا فاتىڭدىكى كەيپىيات جىددى تۈس ئالدى. گاڭسۇن نىڭ تۇرۇپ ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرەپ قويدى.» ئەشۇ-لارغا ئاساسەن، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى باياناتچىسى توۋەندىكىلەرنى بىلدۈردى:

1. ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئارمىيىسىنىڭ سابىق زۇڭسىلىڭگۇەنى گاڭسۇن نىڭسى داجىياڭ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئارمىيىسىدىكى بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ئىچىدىكى ئاساسىي ئۇرۇش جىنايەتچىسى③ ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوراق قىلىش ھەربىي فاتىڭى تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ ھۆكۈم قىلىندى؛ جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ۋە جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى زۇڭبۇسى شۇنى ئۇقتۇ-رىدۇكى، بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگو خەلقى 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا سانسىز ئادەملەرنى قۇربان بېرىپ ۋە مال-مۈلۈكلەرنى چىقىم قىلىپ، ئاخىر غەلىبە قازىنىپ قولغا چۈشۈر-گەن بۇ ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن گۇناسىز دەپ ھۆكۈم قىلىشىغا ئەسلا يول قويالمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ھەم نەنجىڭ گومىنداڭ

ئەكسىيەتچى هوكۇمىتى شىتۇگىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دەرهال قويۇپ بېرىلسۇن
قوزغىلىپ، نەنجىڭ ئەكسىيەتچى هوكۇمىتى تەرەپىنىڭ مىللى مەنپەئەتنى سېتىش، ياپونىيە فاشىست جۇنفالىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتەك جىنايى هەركەتلىرىگە قارشى تۇرۇشى لازىم. بىز هازىر نەنجىڭ ئەكسىيەتچى هوكۇمىتىدىكى جاناپلارنى قاتتىق ئاگاهلاندۇرىمىزكى، گاڭسۇن نىڭىنى دەرهال قايتىدىن قولغا ئېلىپ، قاماپ قويۇشۇڭلار شەرت، خىلاپلىق قىلساڭلار بولمايدۇ. بۇ ئىش سىلەر هازىر تەلەپ قىلىۋاتقان بىز بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈش ئىشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىزچە، سىلەرنىڭ هازىرقى خىلمۇ - خىل هەركىتىڭلار ئۇرۇش تەييارلىقىنى يېڭىۋاشتىن قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى جۈملىدىن ياپونىيە ئەكسىيەتچىلىرىنى جۇڭگوغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە جۇڭگو خەلقىنى قىرىش سۇيىقەستىدە بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى ساختا تېچلىق تەنپەنى بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بولۇپ هېساپلىنىدۇ؛ سىلەر گاڭسۇن نىڭىنى ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن قويۇپ بەردىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلارغا هەرگىز يول قويمايمىز. بىز سىلەرنىڭ گاڭسۇن نىڭىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشىڭلارنى هەم ئۇنى بىز تەرەپتىن ئۇقتۇرۇلغان ۋاقىتتا ۋە ئورۇندا خەلق جىيىغاڭجۇنىگە جاۋاپكارلىق بىلەن يالاپ ئېپكېلىپ بېرىشىڭلارنى بۇيرۇشقا هەقلىقمىز. ياپونىيىنىڭ باشقا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋاقتىنچە قاماپ قويۇپ، چارە كورۇشمىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قويۇۋېتىشكە ياكى قاچۇرۇۋېتىشكە ئەسلا بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار كەڭچىلىك قىلىنماي قاتتىق جازالىنىدۇ.

2. نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هوكۇمىتى باياناتچىسىنىڭ

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى باياناتىدىن مەلۇم بولدىكى، نەنجىڭدىكى جاناپلارنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ شۇنداق جىددى، قىزغىن، سەمىمى، قەتئى بولۇشى «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش» ئۈچۈن ئىمىش؛ جۇڭگو كۈڭچەنداڭى تەرەپنىڭ سىلەرنىڭ ئۈمىت ـ ئارزۇيۇڭلارنى قوبۇل قىلىشىنىڭ بۇنداق جىددى، قىزغىن، سەمىمى، قەتئى بولمىغانلىقى، «ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ھەركەتلەرنى توختاتمىغانلىقى» بولسا ھەقىقەتەن «ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇرۇش ئاپىتىنى ئۇزاققا سوزغانلىقى» ئىمىش. نەنجىڭدىكى جاناپلار، گەپنىڭ راستىنى ئېيتساق، سىلەر — ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى، سىلەر — سوراققا تارتىلىدىغان كىشىلەر. سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىكى «تېچلىق»، «خەلق ئىرادىسى» دىگەن ئىبارىلەرگە بىز ئىشەنمەيمىز. سىلەر ئامېرىكىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، خەلققە، دېموكراتىيىگە، ئىنقىلاپقا قارشى بۇ قېتىمقى مىسلىسىز دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىدىڭلار. ئۇ چاغدا سىلەر شۇنچە جىددى، قىزغىن، سەمىمى، قەتئى ئىدىڭلاركى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىڭلار. سىلەر قورچاق گومىنداخۇي چاقىرىشتا، ساختا شيەنفا تۈزۈشتە، قورچاق زۇڭتۇڭ سايلاشتا، «ئىسيانىي بېسىقتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش» توغرىلىق ساختا بۇيرۇق چىقىرىشتا يەنە شۇنچە جىددى، قىزغىن، سەمىمى، قەتئى ئىدىڭلاركى، بۇنىڭدىمۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىڭلار. ئۇ چاغدا شاڭخەي، نەنجىڭ ۋە

باشقا چوڭ شەھەرلەردىكى ھوكۇمەت قۇرغان ياكى ھوكۇمەتكە قولچو-
ماق بولغان سەنيىخۇيلار، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇش-
مىلىرى، دېخانلار جەمىيەتلىرى، ئاياللار تەشكىلاتلىرى، مەدىنىيەت
تەشكىلاتلىرى دىگەن نىملەر بىر بولۇپ، «ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش
سەپەرۋەرلىگىنى ھىمايە قىلىمىز»، «گۇڭچەنداڭ باسمىچىلىرىنى
يوقىتىمىز» دەپ چۇقان كوتىرىپ چىقىاندا، يەنە شۇنىچە جىددى،
قىزغىن، سەممى، قەتئى ئىدىڭلاركى، بۇنىڭدىمۇ ھېچقانداق ئادەم-
نىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىڭلار. ھازىر ئارىدىن 2 يېرىم يىل
ئوتتى، سىلەر قىرغان خەلقنىڭ سانى نەچچە مىليون بىلەن توختاپ
قالمىدى، سىلەر كويدۇرۇپ تاشلىغان يېزا-كەنتلەرنى، باسقۇنچىلىق
قىلغان ئاياللارنى، بۇلىغان-تالىغان مال-مۇلۇكلەرنى، سىلەرنىڭ
ھاۋا ئارمىيەڭلار بومباردىمان قىلىۋەتكەن ئادەملەرنى ۋە ماددى
ئايلىقلارنى ساناپ تۇگەتكىلى بولمايدۇ، سىلەر غايەت زور جىنايەت
ئوتكۇزدۇڭلار، بۇ ھېساپنى چوقۇم ئېلىش كېرەك. ئاڭلىساق، ھېساپ
ئېلىش كۇرىشىگە خېلى قارشى ئىكەنسىلەر. لېكىن بۇ قېتىمقى ھېساپ
ئېلىش كۇرىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا سەۋەپ بار، چوقۇم ھېساپ
ئېلىشقا، كۇرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر يېڭىلدىڭلار. سىلەر
خەلقنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ قويدۇڭلار. خەلق بىردەك قوزغىلىپ،
سىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. خەلق سىلەرنى ياخشى كورمەيدۇ،
خەلق سىلەرنى ئەيىپلەيدۇ، خەلق قوزغالدى، سىلەر يېتىم قالدىڭلار،
شۇڭا سىلەر يېڭىلدىڭلار. سىلەر 5 شەرتنى④ ئوتتۇرىغا قويدۇڭلار،
بىز 8 شەرتنى⑤ ئوتتۇرىغا قويدۇق، خەلق بىزنىڭ 8 شەرتى-
مىزنى دەرھال ھىمايە قىلدى، سىلەرنىڭ 5 شەرتىڭلارنى ھىمايە
قىلمىدى. سىلەر بىزنىڭ 8 شەرتىمىزگە رەددىيە بېرەلمىدىڭلار،

ئۇزەڭگىلارنىڭ 5 شەرتىدە چىڭ تۇرالمىدىڭلار. سىلەر بىزنىڭ 8 شەرتىمىزنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭلارنى ئوتتۇردۇڭلار. شۇنداق بولغىنى ياخشى ئەمەسمىدى؟ نىمە ئۇچۇن يەنە تېزرەك تەنپەن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن سىلەر ناھايىتى جىددى، ناھايىتى قىزغىن، ناھايىتى سەممى، ناھايىتى قەتئىلىك كورسىتىپ، «ئۇرۇشنى شەرتسىز توختىتىش»، «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغاندەك بولدۇڭلار. بىزچۇ؟ روشەنكى، جىددى، قىزغىن، سەممى، قەتئى بولمىغان، «ۋاقتنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇرۇش ئاپىتىنى ئۇزاققا سوزغان» بولۇپ چىقتۇق. لېكىن ئالدىرىماڭلار، نەنجىڭدىكى جاناپلار، بىز جىددىلىشىپ، قىزغىنلىشىپ، سەممىلىشىپ، قەتئىلىشىپ قالىمىز، ئۇرۇش ۋاقتى چوقۇم قىسقىرىدۇ، خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتى چوقۇم يېنىكلەيدۇ. سىلەر بىزنىڭ 8 شەرتىمىزنى ئىككى تەرەپ تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشقا رازى بولغان ئىكەنسىلەر، بىز بىلەن بىرلىكتە ئالدىراش بولسىلەر. مۇشۇ 8 شەرتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سىلەرنى، بىزنى، بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنى، خەلق تەشكىلاتلىرىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر ساھە خەلقنى بىرنەچچە ئاي، يېرىم يىل، بىر يىل، بىرنەچچە يىل ئالدىرىتىشقا يېتىدۇ، يېتىشەلمەي قالارمىزمىكىن، تېخى! نەنجىڭدىكى جاناپلار، قۇلاق سېلىڭلار: 8 شەرت ئابستراكت ماددا ئەمەس، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى بولۇشى كېرەك، ھازىر مۇشۇ قىسقا مەزگىل ئىچىدە كوپچىلىكنىڭ يەنە ئويلىنىپ بېقىشى زورۇر، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرەر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ خەلق كەچۈرىدۇ. راستىنى ئېيتساق، خەلقنىڭ پىكرى —

بۇ قېتىمقى تەنپەنگە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش. تەنپەن جەزمەن ئوتكۈزۈلىدۇ، كىمكى يېرىم يولدا يېنىۋېلىپ، تەنپەن ئوتكۈزۈشكە ئۇنىمايدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار چوقۇم كېلىشكە تەييارلىنىشى لازىم. لېكىن بىزنىڭ تەييارلىق كۆرۈشىمىز ئۈچۈن تېخى بىر ئاز ۋاقىت كېرەك، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ بىزگە تەنپەن ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرىشىگە يول قويمايمىز. بىز بېيپىڭ خەلقى بىلەن موھىم بىر ئىش قىلىۋاتىمىز، بېيپىڭ مەسىلىسىنى 8 شەرت بويىچە تېچ يول بىلەن ھەل قىلىۋاتىمىز. سىلەرنىڭ بېيپىڭدىكى ئادەملىرىڭلار، مەسىلەن، فۇ زويى جياڭجۇن قاتارلىقلارمۇ بۇ ئىشقا قاتناشتى، سىلەر بۇ ئىشنىڭ توغرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى تۇڭشۇنشېڭلار ئارقىلىق ئېلان قىلغان گۇڭگاۋىڭلاردا ئېتىراپ قىلدىڭلار⑥. بۇ تىچلىق تەنپەنى ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلاپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى نەنجىڭ، شاڭخەي، ۋۇخەن، شەن، تەيىيۈەن، گۈيسۈي، لەنجۇ، ئۈرۈمچى، چېڭدۇ، كۈنمىڭ، چاڭشا، نەنچاڭ، خاڭجۇ، فۇجۇ، گۇاڭجۇ، تەيۋەن، خەينەنداۋغا ئوخشاش جايلارنىڭ تىچلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۈلگە يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىزمەت مەدھىيىلىنىشى كېرەك، نەنجىڭدىكى جاناپلار بۇنىڭغا ئانچە جىددى بولمىغان پوزىتسىيە تۇتماسلىقى لازىم. بىز ئۆز رايونىمىزدىكى ۋە سىلەرنىڭ رايونىڭلاردىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسملىگى مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىپ، بىرىنچى شەرتنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى تەييارلاۋاتىمىز. بۇ ئىسملىك ئۇزاق ئۆتمەيلا رەسمى ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن. نەنجىڭدىكى جاناپلار، سىلەرگە

مەلۇم، بىز ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى تا ھازىرغىچە بۇنىداق بىر ئىسىملىكنى مەسلىھەتلىشىپ چىقىشقا ۋە رەسمىي ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق، بۇ ھەقتە جاناپلاردىن ئەپۇ سورايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ـــ سىلەرنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئۇتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەلىۋىڭلارنىڭ كېچىكىپرەك قالغانلىقى. بۇرۇنراق بولغان بولسا، ئېھتىمال، تەييارلاپ قويغان بولاتتۇق. لېكىن، سىلەر-نىڭمۇ قىلىدىغان ئىشىڭلار يوق ئەمەس. ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسى گاڭ سۈن نىڭنى قولغا ئېلىشتىن باشقا، دەرھال تۇتۇش قىلىپ، بىر تۈركۈم ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىشىڭلار، ئالدى بىلەن بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئوركانىدىن ئېلان قىلىنغان 43 ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ نەنجىڭ، شاڭخەي، فېڭخۇا، تەيۋەندىكىلىرىنى قولغا ئېلىشىڭلار شەرت. ئۇلاردىن ئەڭ ئاساسلىقلىرى: جياڭ جيېشى، سۇڭ زىۋېن، چېن چېڭ، خې يىڭچىن، گۇ جۇتوڭ، چېن لىفۇ، چېن گوفۇ، جۇ جيا-خۇا، ۋاڭ شىجيې، ۋۇ گوجېن، دەي چۇەنشيەن، تاڭ ئېنبو، جۇ جىرۇ، ۋاڭ شۇمىڭ، گۇي يۇڭچىڭلار⑦. بولۇپمۇ ئەڭ ئاساسلىقى جياڭ جيېشى، بۇ جىنايەتچى ھازىر فېڭخۇاغا قېچىپ بېرىۋالدى، ئۇنىڭ چەتئەلگە قېچىپ كېتىشى، ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قولتۇغىغا كىرىۋېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، شۇڭا، بۇ جىنا-يەتچىنى تېزدىن قولغا ئېلىڭلار، قېچىپ كەتمىسۇن. بۇ ئىشقا سىلەر پۈتۈنلەي جاۋاپكار، ئەگەر قاچۇرۇپ قويساڭلار، قاراقچىنى قويۇپ بەرگۈچىلەر قاتارىدا جازالىنىسىلەر، ھەرگىز كەچۈرۈلمەيدۇ، بۇنى ئالدىن ئېيتمىدى دېمەڭلار. بىز، پەقەت مۇشۇ ئۇرۇش جىنايەت-چىلىرى قولغا ئېلىنسىلا، ئاندىن ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش،

خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش يولىدا ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئىش قىلىنغان بولىدۇ، دەپ ھېساپلايمىز. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى تۇرىۋېرىدىكەن، ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلىۋېرىدۇ، خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتى ئېغىرلىشىۋېرىدۇ.

3. يۇقۇرىدىكى 2 نۇقتىغا نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

4. 8 شەرتنىڭ قالغانلىرى ئۈستىدە ئىككى تەرەپنىڭ تەييارلىق كورۇشكە تېگىشلىك ئىشلارنى نەنجىڭغا يەنە ئايرىم ئۇقتۇرىمىز.

## ئىزاھلار

① شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى تەيىنلىگەن تېچلىق تەنىپەنى ۋەكىللىرى: شاۋ لىزى، جاڭ جىجۇڭ، خۋاڭ شاۋخۇڭ، پېڭ جاۋشيەن، جۇڭ تيەنشىنلار ئىدى.

② 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو گوڭچەنداڭى باياناتـ چىسىنىڭ تېچلىق تەنپەنى ئوتكۇزۇش توغرىسىدىكى سوھبىتىدە مۇنۇلار كورسىتىلگەن: «نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىل تەيىنلەپ بىز بىلەن تەنپەن ئوتكۇزۇشكە رۇخسەت قىلغانلىقىمىز بۇ ھوكۇمەتنى يەنە جۇڭگو خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ھوكۇمەتنىڭ قولىدا يەنە بىر قىسىم ئەكسىيەتچى قالدۇق ھەربى كۈچلەر بولغانلىقىدىن. ئەگەر بۇ ھوكۇـ مەت خەلق ئالدىدا ئوز ئىشەنچىنى تامامەن يوقاتقانلىقىنى، ئوز قولىدىكى قالدۇق ئەكسىيەتچى ھەربى كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك خەلق جيېفاڭجۈنىگە قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى سېزىپ، جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ 8 ماددىلىق تېچلىق شەرتىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسا، ئۇ چاغدا، مەسىلە تەنپەن يولى بىلەن ھەل قىلىنىپ، خەلقنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبىتى ئازىيىدۇ،

بۇ، ئەلۋەتتە، ياخشىراق ۋە خەلق ئازاتلىق ئىشىغا پايدىلىق.» تەنپەن ئورنى توغرىسىدا بۇ سوھبەتتە: «بېيپىڭ تامامەن ئازات بولغاندىن كېيىن ئاندىن بەلگىلەش مۇمكىن، ئېھتىمال، بېيپىڭدا بولار» دېيىلگەن. تەنپەن ۋەكىللىرى توغرىسىدا بۇ سوھبەتتە: «پېڭ جاۋشيەن — گومىنداڭ CC گۇرۇھىنىڭ ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان ئاساسىي كادىرلىرىدىن بىرى، كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇش جىنايەتچىسى دەپ تونۇيدۇ، شۇڭا جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ بۇنداق ۋەكىلنى قوبۇل قىلالمايدۇ» دېيىلگەن.

③ گاڭسۇن نىڭسى — جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، جىنايىتى ئەڭ زور ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1925 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بېيياڭ جۇنفا سۇن چۇەنفاڭنىڭ ھەربى گۇۋېنى بولغان. 1928 - يىلى ياپونىيە ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەرلەر لىيەندۈينىڭ دۈيجاڭى بولۇپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبنى بېسىۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، جىنەن پاجىئەسىنىڭ جاللاتى. 1932 - يىلى ياپونىيىنىڭ شاڭخەيگە ئەۋەتكەن ئارمىيىسىنىڭ فۇسەنمۇجاڭى بولۇپ، شاڭخەينى بېسىۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1933 - يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ، گومىنداڭ ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمىتى بىلەن «تاڭگۇ كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان. 1937 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، ياپونىيە ئارمىيىسى 11 - جۈننىڭ سىلىڭگۇەنى، خۇابېي فاڭمىيەنجۈننىڭ سىلىڭگۇەنى، 6 - فاڭمىيەنجۈننىڭ سىلىڭگۇەنى ۋە جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ زوڭسىلىڭگۇەنى بولۇپ، جۇڭگودا كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن دەھشەتلىك «3 تۈگىتىش سىياسىتى»نى يۈرگۈزگەن. 1945 - يىل 8 - ئايدا يەنئەندىن ئېلان قىلىنغان ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكىدە باش ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە، جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي ھەربى گۇۋېنى بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشنى

پىلانلاپ بەرگەن. 1949 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئۇنى گۇناسىز دەپ ھۆكۈم قىلىپ ۋە بوشىتىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتۇرۇۋەتكەن. 1950 - يىلى ئۇ يەنە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن «ئىنقىلاپ ئەمسلىيىتى يەنجيۇيۈەنى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جياۋگۇەنلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. 1955 - يىلدىن بۇيان، ئۇ يەنە ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىلىرىدىكى كونا ھەربىلەرنى توپلاپ، «سەپداشلار ئىتتىپاقى» (كېيىن يۇرتداشلار ئىتتىپاقى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن)نى تەشكىل قىلىپ، ياپونىيە جۇڭگوجۇيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئەكسىيەتچىل ھەركەتلەرگە پائال قاتنىشىپ كەلمەكتە.

④ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان «5 شەرت» جياڭ جيېشى 1949 - يىل يېڭى يىل باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويغان تېچلىق تەنپەنى توغرىسىدىكى 5 شەرتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار: 1، «دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە پۈتۈنلۈكىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولسا»؛ 2، «خەلقنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بولسا»؛ 3، «مۇقەددەس شىيەنفاغا مېنىڭ سەۋەبىمدىن خىلاپلىق قىلىنمايدىغان، دېموكراتىك شىيەنجېڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇزۇۋېتىلمەيدىغان، جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت تىجرىسىغا ھەقىقىي كاپالەت بېرىلىدىغان، جۇڭخۇا مىنگونىڭ فاتۇڭى ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولسا»؛ 4، «ئارمىيە ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان بولسا»؛ 5، «خەلق ئۆزىنىڭ ئەركىن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋە ھازىرقى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولسا» دېگەنلەردىن ئىبارەت. يولداش ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بۇ 5 شەرتكە قاتتىق رەددىيە بەردى. مۇشۇ تومدىكى «ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ سۇلھى تەلەپ قىلىشىغا باھا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑤ جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ «8 شەرتى» 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېچلىق تەنپەنى ھەققىدىكى 8 شەرتنى كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو ۋە جۇڭگولۇق جۇشىسى ماۋزېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتى» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑥ گومىنداڭ جۇڭياڭ تۇڭشۇنشېسى 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېلان قىلغان نەنجىڭ ھوكۇمىتى دولەت مۇداپىە بۇسىنىڭ باياناممىسىدە مۇنىداق دىيىلگەن: «خۇابېي تەرەپتە ئۇرۇش ۋاقىتنى قىسقارتىش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى پايتەخت بېيپىڭنىڭ ھۇلىنى ۋە مەدىنى ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن، فۇزويى زۇڭسىلىڭ 22 ـ كۈنى باياناممە چىقىرىپ، 22 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دىن تارتىپ ئۇرۇش توختىتىپ تۇرۇشنى ئېلان قىلدى. بېيپىڭ شەھىرىدىكى دولەت ئارمىيىسىنىڭ كوپ قىسمى شۇ ھامان زۇڭبۇنىڭ كورسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر شەھەر رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كورستىلگەن يەرگە باردى.» باياناممىدە يەنە: «سۇيىيۇەن، داتۇڭ ئىككى جايدىمۇ ئۇرۇش توختىتىپ تۇرۇلماقچى» دىيىلگەن.

⑦ سۇڭ زىۋېن ــ گومىنداگىنىڭ مالىيە زومىگىرى؛ ئۇ گومىنداڭ ھوكۇمىتى مالىيە بۇسىنىڭ بۇجاڭى، شىڭجېڭيۇەنىنىڭ يۇەنجاڭى، ۋەيجياۋبۇسىنىڭ بۇجاڭى، ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. چېن چېڭ گومىنداگىنىڭ سەنمۇزۇڭجاڭى بولغان، شۇ چاغدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى تەيۋەن ئولكە ـ سىنىڭ جۇشىسى ئىدى. خې يىڭچىن گومىنداڭنىڭ سەنمۇزۇڭجاڭى ۋە دولەت مۇداپىە بۇسىنىڭ بۇجاڭى بولغان. گۇ جۇتۇڭ شۇ چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سەنمۇزۇڭجاڭى ئىدى. چېن لىفۇ، چېن گوفۇ، جۇ جيا ـ خۇالار ــ گومىنداڭ CC گۇرۇھىنىڭ ئاساسىي كاتتىۋاشلىرى. ۋاڭ شىجيې گومىنداڭ ھوكۇمىتى ۋەيجياۋبۇسىنىڭ بۇجاڭى بولغان. ۋۇ گوجېن شۇ چاغدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى شاڭخەي شەھىرىنىڭ شىجاڭى ئىدى. دەي جۇەنشيەن يەنى دەي جىتاۋ ئۇزاق ۋاقىتقىچە جياڭ جيېشىنىڭ ئەقىل كورسەتكۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، شۇ چاغدا گومىنداڭ جۇڭياگىنىڭ چاگۇۋ ۋېيۇەنى ئىدى. تاڭ ئېنبو شۇ چاغدا گومىنداگىنىڭ نەنجىڭ ـ

شاڭخەي ـ خاڭجۇ جىڭبېي زۇڭسىلىڭى ئىدى. جۇجىرۇ شۇ چاغدا
گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زۇڭسىلىڭى ئىدى. ۋاڭ شۇمىڭ شۇ چاغدا
گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ فۇزۇڭسىلىڭى ۋە سەنمۇجاڭى ئىدى. گۇي
يۇڭچىڭ شۇ چاغدا گومىنداڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ زۇڭسىلىڭى ئىدى.

# تىچلىق شەرتلىرى ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋە گومىنداڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىملىغى توغرىسىدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ باياناتى

(1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ تىچلىق تەنپەنى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆتكەن ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چىقارغان باياناتىغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىنىڭ باياناتچىسى ئۆتكەن ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جاۋاپ بەردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىنىڭ باياناتچىسى بۇ جاۋاۋىدا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ باياناتچىسى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇتەھەملىك بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ گومىنداڭ ئەكسە-

يەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىدىن ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدا باش جىنايەتچى بولغان گاڭسۇن نىڭسىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، خەلق جىيفاڭجۈنگە يالاپ ئېپكېلىپ بېرىشكە تەييار تۇرۇشنى ھەمدە ياپونىيىنىڭ باشقا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قاچۇرۇۋەتمەي نەزەربەنت قىلىپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا بۇ باياناتچى: «بۇ — ئەدلىيە مەسىلىسى. بۇ تىچلىق تەنپەنى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، بۇنى تىچلىق تەنپەنىنىڭ ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ» دىدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىدىن ئۇرۇش جىنايەتچىسى جياڭ جيېشى قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشقا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا بۇ باياناتچى: «ھەقىقى تىچلىقنىڭ ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى بولماسلىقى كېرەك» دىدى. شۇنىڭدەك جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسىنىڭ باياناتى «پوزىتسىيە جەھەتتە ئانچە تەمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ»، بەلكى ئۇنىڭدا «يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىلغان» دىدى. بۇ ھەقتە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسى مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ: بىز 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدەك ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىنى تېخى بىر ھوكۇمەت دەپ قويۇپتۇق، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز ھەقىقەتەن ئانچە تەمكىن بولمىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ «ھوكۇمەت» دىگەن بىرنىمە زادى مەۋجۇتمۇ، مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ ئۇ نەنجىڭدا مەۋجۇتمۇ؟ نەنجىڭدا مەمۇرى ئورگانلىرى يوق. ئۇ گۇاڭجۇدا مەۋجۇتمۇ؟ گۇاڭجۇدا مەمۇرى باشلىقلىرى يوق. ئۇ شاڭخەيدە مەۋجۇتمۇ؟ شاڭخەيدە مەمۇرى ئورگانلىرىمۇ يوق، مەمۇرى باشلىقلىرىمۇ يوق. ئۇ فېڭخۇادا مەۋجۇتمۇ؟ فېڭخۇادا پەقەت

«ئىستىپا» بەرگەنلىكىنى جاكالىغان بىرلا قورچاق زۇڭتۇڭى بار، باشقا ھېچنىمىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن تەمكىنلىك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنى بىر ھوكۇمەت دەپ قارىماسلىق لازىم ئىدى، ھەرقانچە بولغاندا، ئۇ قىياس قىلىنغان ياكى ئالامەتلا قالغان بىر ھوكۇمەت ئىدى. لېكىن بىز، شۇنداق ئالامىتى قالغان بىر «ھوكۇمەت» بار ھەمدە بۇ «ھوكۇمەت» دىگەن نىمىگە ۋەكىللىك قىلىپ سوزلەيدىغان بىر باياناتچى بار، دەپ قىياس قىلىپ تۇرايلى. بۇ ھالدا، بۇ باياناتچى شۇنى بىلىشى كېرەككى، بۇ قىياس قىلىنغان، ئالامىتى قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتى ھازىر تېچلىق تەنپەنى ئۈچۈن قىلچە خىزمەت كورسىتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەققەتەنمۇ ئۇزلۇكسىز سۇرەتتە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، سىلەر تەنپەن ئۇتكۇزۇشنى شۇنچە جىددى تەلەپ قىلىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئۇشتۇمتۇتلا گاڭسۇن نىگىسىنى گۇناسىز دەپ ھوكۇم قىلدىڭلار، بۇ يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق ئەمەسمۇ؟ جوڭگو كوڭچەنداڭى ئۇنى قايتىدىن قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ھەتتا ئۇنى ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويدۇڭلار ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا 260 ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىمۇ ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويدۇڭلار، بۇ يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق ئەمەسمۇ؟ ياپونىيىگە ھازىر كىم ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتىدۇ؟ جاھانگىر ئۇنسۇرلار ھوكۇمرانلىق قىلماي، ياپون خەلقى ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتامدۇ؟ ياپونىيە سىلەر شۇنچە ياخشى كورىدىغان جاي ئىكەنكى، ئۇ سىلەرنى ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئوزەڭلار ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردا ياشىغىنىدىن كورە، ياپونىيىدە ياشىغىنى بىخەتەررەك، راھەترەك بولىدۇ، ئۇلار بىرقەدەر توغرا مۇئامىلىگە ئىگە بولالايدۇ، دىگەن ئىشەنچكە كەلتۇردى. بۇ ئەدلىيە

مەسىلىسىمۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇ ئەدلىيە مەسىلىسى پەيدا بولۇپ قالدى؟ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىز بىلەن توپ-توغرا 8 يىل ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ بۇ تېچلىق تەنپەنى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىزمۇ؟ جۇڭگو كوڭچەنداڭى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى 8 شەرتنى ئۇتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا، گاڭسۇن نىڭسىنى قويۇپ بېرىش ئىشى يۈزبەرمىگەن ئىدى. 1-ئاينىڭ 26-كۈنى بۇ ئىش يۈزبەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلدى، دىمەك بۇ، تېچلىق تەنپەنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. سىلەر ماكارتۇرنىڭ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلىپ، 1-ئاينىڭ 31-كۈنى يەنە 260 ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى گاڭسۇن نىڭسى بىلەن قوشۇپ ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويدۇڭلار، شۇڭا بۇ، تېچلىق تەنپەنى بىلەن تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. سىلەر نىمە ئۈچۈن تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىڭلار؟ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىڭلار ئۈچۈن. سىلەر نىمە ئۈچۈن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇڭلار؟ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىڭلار ئۈچۈن. سىلەر بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى قايسى ۋاقىتتا قوزغىدىڭلار؟ ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن. سىلەر بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قوزغاپ كىمگە ھۇجۇم قىلدىڭلار؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلۇق خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق جىيفاڭجۈنىگە ۋە خەلق ئازات رايونلىرىغا. قانداق كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدىڭلار؟ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىدىن تاشقىرى، ئۆزەڭلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا خەلق ئىچىدىن تۇتۇۋالغان ۋە شىلىۋالغان كۈچلەر بىلەن. جۇڭگو خەلقى بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كولەملىك ھايات-مامات كۈرىشى ئەمدىلا تۈگىگەن، تاشقى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش ئەمدىلا

تۇگىگەن چاغدا، بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىدىڭلار. سىلەر يېڭىلىپ، تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىڭلار، ئۇرۇشىلا يەنە ياپونىيە باش ئۇرۇش جىنايەتچىسى گاڭسۇن نىگسىنى گۇناسىز دەپ جاكالىدىڭلار. بىز سىلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، گاڭسۇن نىگسىنى قايتىدىن قاماققا ئېلىشىڭلارنى ۋە ئۇنى خەلق جىيفاڭجۈنىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە تەييار تۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇشىمىزغىلا، سىلەر يەنە ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنى باشقا 260 ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسى بىلەن بىللە ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويدۇڭلار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىدىكى جاناپلار، سىلەر بۇ ئىشتا تولىمۇ يولسىزلىق قىلدىڭلار، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تولىمۇ خىلاپلىق قىلدىڭلار. بىز ئەمدى سىلەرنىڭ ئۇنۋانىڭلارغا ۋەتەن ساتقۇچ دىگەن سوزنى ئالاھىدە قوشۇپ قويدۇق، سىلەر بۇنى تەن ئېلىشىڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ھوكۇمىتىڭلار ئۇزاقتىن بۇيان ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمەت بولۇپ كەلدى، بىز پەقەت سوزنى ئىخچاملاش ئۇچۇنلا بەزىدە بۇ سوزنى تېجەپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمدى تېجەشكە بولماي قالدى. سىلەر ئوزەڭلارنىڭ ئىلگىرىدىن ئوتكۈزۈپ كەلگەن ۋەتەن سېتىش جىنايىتىڭلاردىن تاشقىرى، ۋەتەن سېتىش جىنايىتىنى ھازىر يەنە بىر قېتىم ئوتكۈزدۇڭلار، يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى جىنايىتىڭلار ناھايىتى ئېغىر بولدى، تېچلىق تەنپەنى يىغىندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوقۇم توختىلىمىز. سىلەر مەيلى يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق دەڭلار، مەيلى يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق دىمەڭلار، بۇ ئىش ئۈستىدە چوقۇم توختىلىمىز، چۈنكى بۇ ئىش 1-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن كېيىن يۈزبەردى، بۇ بىز ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان 8 شەرتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى، شۇڭا

1 ـ شەرتىكە ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش دېگەن بىر تارماقنى قوشۇش لازىم، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەرتتە 2 تارماق بولىدۇ، يەنى: a) ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش؛ b) ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش. بىزنىڭ بۇ تارماقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدا ئاساس بار، بۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر گاڭسۇن نىڭكى قاتارلىق ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى جياڭ جيېشى قاتارلىق ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشقا ئوخشاشلا ھەققانىي ئىش دەپ قارايدۇ. سىلەر بىزنى مەيلى ئىچىلىق سەمىمىيتى بار دەڭلار، مەيلى ئىچىلىق سەمىمىيتى يوق دەڭلار، بۇ 2 تۈرلۈك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە تەنپەن قىلىش كېرەك، بۇ 2 تۈرلۈك ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى جازالىنىشى كېرەك. سىلەرگە تەنپەن قىلىشتىن بۇرۇن بىر تۈركۈم ئىچكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىش ۋە بۇ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش تاپشۇرۇلغاندا، سىلەر «ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت بولماسلىقى كېرەك» دەپ قارىدىڭلار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمىتىدىكى جاناپلار، بۇ ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت ئەمەس، بۇ ـــ سىلەر ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، تەبىي تۇغۇلغان تەلەپ. سىلەرگە قولغا ئېلىش تاپشۇرۇلغانلىقى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قېچىپ كەتمىسۇن دېگەنلىك ئىدى. بىز تېخى تەنپەننىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولمىغان چاغدا، تەنپەن ئوتكۇزۇشكە خۇددى ئاتا ـ

ئاناڭلارنىڭ ئۆلۈمگە ئالدىرىغاندەك ئالدىراپ كەتتىڭلار، بىكارچە-لىقتىن تىت-تىت بولۇپ كەتتىڭلار، شۇڭا بىز سىلەرگە ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر ئىش قىلىپ قويۇشنى تاپشۇرغان ئىدۇق. بۇ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى بەربىر قولغا ئېلىنىدۇ، ئۇلار ئاسمانغا چىقسا تاپىمىز-دىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتىۋېلىنىدۇ. سىلەر «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنىي قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»نى خالايدىغان، جاپا-مۇشەققەت چەككەنلەرنى ۋە بالايى-ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزىدىغان ئالى مېھرى-شەپقەتلىك كىشىلەر ۋە كوپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىكەنسىلەر، سىلەر ئەشۇ بىرنەچچە مىليون قىرىندىشىمىزنى قىرغان جاۋاپكارلارنى ھېچقانداق ئايىماسلىقىڭلار كېرەك، سىلەرنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشنى خالىغانلىقىڭلاردىن قارىغاندا، بۇ نىملەرنى ئانچە ئايىمايدىغاندەك تۇرىسىلەر. لېكىن بۇ نىملەرنى دەرھال قولغا ئېلىشنى سىلەرگە تاپشۇرغانلىقىمىزغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانلىقىڭ-لارنى ئۇقتۇرغان ئىكەنسىلەر، خەير، بوپتۇ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭلار، بۇ نىملەرنى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار. جاناپلار، ئويلاپ كورۇڭلار، سىلەر جاپا-مۇشەققەت بىلەن ۋەكىللەر ئومىگى ئەۋەتىپ، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش مەسىلىسى ئۇستىدە بىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان چاغدا، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قېچىپ كەتسە، يەنە نىمە ئۇستىدە سوزلىشىمىز؟ سىلەرنىڭ ۋەكىللەر ئومىگىڭلاردىكى جاناپلار قايسى يۈزى بىلەن كورۇنىدۇ؟ سىلەرنىڭ شۇنچىۋالا «تېچلىق سەممىيىتىڭلار» نىمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟ جاناپىلارنىڭ «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاپ-

ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»نى ھەقىقى خالايدىغانلىغىنى ۋە بۇنىڭ بىر ئازمۇ يالغان ئەمەسلىگىنى قانداق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ باياناتچى يەنە بىرمۇنچە تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى قىلدى، بۇنداق تۇتۇرۇقسىز گەپلەر ھېچكىمنى ئالدىيالمايدۇ، بىز ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمىز. نەنجىڭدىكى ياكى گۇاڭ-جۇدىكى ياكى فېڭخۇادىكى ياكى بولمىسا شاڭخەيدىكى قىياس قىلىنغان، ئالامىتىلا قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچ «ھوكۇمىتى» (دىققەت، ھوكۇمەت دېگەن سوز قوش تىرناق ئىچىدە) دىكى جاناپلار، ئەگەر سىلەر بىزنىڭ بۇ باياناتىمىزنىڭ پوزىتسىيە-سىنى يەنە ئانچە تەمكىن ئەمەس، دەپ قارايدىغان بولساڭلار، ئۇ ھالدا، ئەپۇ قىلىڭلار، بىز سىلەرگە پەقەت ئەنە شۇنداق پوزىتسىيىنىلا تۇتالايمىز.

# ئارمىيىنى خىزمەت دۈيىگە ئايلاندۇرايلى*

**(1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)**

4 - كۈندىكى دىيەنباۋىڭلاردىن ۋاقىپ بولدۇق. سىلەرنىڭ تەر-
تىپكە سېلىش - تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، مۇددەتتىن بىر ئاي ئىلگىرى
ئاتلانماقچى بولغىنىڭلار[1] ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. بۇنى بوشاش-
تۇرۇپ قويماستىن، شۇ بويىچە ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن،
ئەمەلىيەتتە، 3 - ئايدىمۇ تەرتىپكە سېلىش - تەربىيىلەشكە ھەمد

---

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربىي
ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 2 - يېجەنجۈن ۋە 3 - يېجەنجۈنگە ئەۋەتكەن جاۋاپ
دىيەنباۋسى. بۇ دىيەنباۋ ئەينى زاماندا باشقا مۇناسىۋەتلىك يېجەنجۈن-
لەرگە ۋە مۇناسىۋەتلىك جۇڭياڭجۈيلەرگىمۇ ئەۋەتىلگەن. بۇ دىيەن-
باۋدا، لياۋشېن جەنيىسى، خۇەيخەي جەنيىسى ۋە پىڭجىن جەنيىسىدىن
ئىبارەت 3 چوڭ جەنيىدىن كېيىن جىددىي ئۇرۇش مەزگىلىنىڭ
ئۆتۈپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، خەلق جېفاڭجۈنى جەڭ
قىلغۇچى دۈيلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەت

سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىپ، چوڭ شەھەرلەرنى ئوتكۈزۈۋېلىش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆتكەن 20 يىلدىن بۇيان قولىنىپ كەلگەن ئاۋال يېزا، ئاندىن شەھەر دېگەن ئۇسۇل بۇنىڭدىن كېيىن ئاۋال شەھەر، ئاندىن يېزا دېگەن ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئارمىيە جەڭ قىلغۇچى دۆيلا ئەمەس، بەلكى ئاساسەن خىزمەت دۆيى. ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرلەرنى ئوتكۈزۈۋېلىش ۋە شەھەرلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، شەھەرلەردە جاھانگىرلارغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، بۇرژۇئازىيىگە تاقابىل تۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، يېڭى رايوندىكى كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشكە ماھىر بولۇشى، سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، مەكتەپ، گېزىت، ئوقۇشۇنچىلارنى ۋە رادىيو ئىستانسىلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر

دۆيى بولۇشى لازىملىقى بەلكى مەلۇم شارائىتتا، ئاساسەن، خىزمەت دۆيىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ئوز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ فاكتجىن شۇ ۋاقىتتا يېڭى ئازات رايونلاردا كادىر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىدا ۋە خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىنىڭ ئوكتۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىندى. خەلق جىيفاگجۈنىنىڭ جەڭ قىلغۇچى دۆيلۈك ھەم خىزمەت دۆيىلىك خاراكتېرى توغرىسىدا مۇشۇ توملىكى «جوڭگو گوڭچەندانىڭ 7-نۆۋەتلىك جوڭيالڭ ۋېيۈەنخۈيىسىنىڭ 2-ئومۇمىيغىندا قىلىنغان دوكلات»نىڭ 2-قىسمىغا قارالسۇن.

بولۇشنى، ۋەيجياۋ ئىشلىرىنى بىرياقلىق قىلىشقا ماھىر بولۇشنى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىرياقلىق قىلىشقا ماھىر بولۇشنى، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە، ئاشلىق، كومۇر ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشنى، پۇل مۇئامىلە ۋە مالىيە مەسىلىلىرىنى بىرياقلىق قىلىشقا ماھىر بولۇشنى بىلىۋېلىشى كېرەك. قىسقىسى، ئارمىيە كادىرلىرى ۋە جەڭچىلەر ئۆتكەندە تونۇش بولمىغان بارلىق شەھەر مەسىلىلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. سىلەر ئىلگىرىلەپ، 4 ـ 5 ئۆلكىنى ئىچىگە ئالغان رايونلارنى ئالسىلەر، شەھەرلەردىن باشقا، كەڭ يېزىلارنىڭ خىزمەتلىرىنىمۇ سىلەرنىڭ ئىشلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇپتىكى يېزىلار پۈتۈنلەي يېڭى رايون بولغانلىقتىن، ئۇ يەرلەردىكى خىزمەت شىمالدىكى كونا رايونلارنىڭ خىزمىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى يىلى ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ، ئومۇمەن، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى ئىلگىرىكىدەك تولەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا يېزا خىزمىتىنى ئېلىپ بارىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا خىزمىتىنىمۇ يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، يېزا خىزمىتىنى ئۆگىنىش شەھەر خىزمىتىنى ئۆگىنىشكە قارىغاندا ئاسان. شەھەر خىزمىتى بولسا قىيىنراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەرىپى. ئەگەر كادىرلىرىمىز شەھەرلەرنى باشقۇرۇشنى تېز ئۆگىنىۋالالمايدىكەن، بىزدە ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، سىلەر باشقا ھەممە مەسىلىلەرنى 2 ـ ئايدا بىرياقلىق قىلىۋېتىپ، 3 ـ ئايدا پۈتۈن بىر ئاي ھەممىڭلار

شەھەر خىزمىتى ۋە يېڭى رايونلار خىزمىتىنى ئۆگىنىشكىلار لازىم. گومىنداڭنىڭ ئاران 1 مىليون نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى قالدى، ئۇ كەڭ جايلارغا تارالغان. ئەلۋەتتە، يەنە نۇرغۇن جەڭلەر بولىدۇ، لېكىن خۇەيخەي جەنيىسىدەك كەڭ كولەملىك جەڭلەرنىڭ بولۇش ئېھتىمالى كوپ ئەمەس، ياكى پەقەت يوق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، جىددى ئۇرۇش مەزگىلى ئوتۇپ كەتتى. ئارمىيە ھېلىمۇ جەڭ قىلغۇچى دۈي، بۇ نۇقتىدا ھەرگىز بوشاشماسلىق كېرەك، ئەگەر بوشاڭلىق بولىدىكەن، خاتا بولىدۇ. لېكىن، ئارمىيىنى خىزمەت دۈيگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، ھازىر بىزنىڭ ۋەزىپىنى مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز تەلەپ قىلىنماقتا. ئەگەر بىز بۇنداق ۋەزىپىنى ھازىرمۇ ئوتتۇرىغا قويمساق ھەم شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىمساق، ئىنتايىن زور خاتالىق ئوتكۇزۇپ قويىمىز. ھازىر بىز ئارمىيە بىلەن بىللە جەنۇبقا بېرىشقا 53 مىڭ كادىر تەييارلاۋاتىمىز، ئەمما بۇ سان ناھايىتى ئاز. 8 ـ 9 ئولكىنى، بىرنەچچە ئون چوڭ شەھەرنى ئېلىش بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن كادىر لازىم بولىدۇ، بۇ، ئاساسەن؛ ئارمىيىنىڭ ئوزىگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ. ئارمىيىنىڭ ئوزى بىر مەكتەپ، 2 مىليون 100 مىڭ كىشىلىك يېجەنجۈنلەر بىرنەچچە مىڭ ئالى مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپكە باراۋەر، بارلىق كادىرلار، ئاساسەن، ئارمىيىنىڭ ئوزىگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشۇڭلار كېرەك. جىددى ئۇرۇشلار ئاساسەن ئوتۇپ كەتكەن ئىكەن، ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى ۋە قورال-ياراقلىرىنىڭ تولۇقلىنىشى مۇۋاپىق دەرىجىدە بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ، بەك كوپ، بەك ياخشى، بەك مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، مالىيە ۋېيجىسىنى پەيدا قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنىمۇ جىددى ئويلىشىپ كورۇڭلار.

يۇقۇرىدىكى فاڭجېن 4 ـ يېجەنجۇنگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەن يولداشلارنىڭمۇ ئوخشاشلا دىققەت قىلىشىنى سورايمىز. بىز يولداش كاڭ شېڭ بىلەن جىق سۆزلەشتۇق، ئۇ 12 ـ كۈنى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بېرىپ، سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. سىلەرنىڭ پىكرىڭلار قانداق ۋە قانداق قىلماقچىسىلەر، مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا، دېيەنباۋ ئارقىلىق مەلۇم قىلىشىڭلارنى سورايمىز. خۇادۇڭجۈي، خۇادۇڭ جۇنجۈي دەرھال شۈيجۇغا كوچۇپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ باش ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنخۇيى[2] ۋە 3 ـ يېجەنجۇن ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنخۇيى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى توپلاپ، جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بارلىق ئارقا سەپ خىزمىتى شەندۇڭ فېنجۈيىنىڭ مەسئۇللۇغىغا تاپشۇرۇلسۇن.

## ئىزاھلار

① بۇ 2 ـ يېجەنجۇن بىلەن 3 ـ يېجەنجۇننىڭ چاڭجياڭدىن ئۆتۈش جېڭى ھەركىتىنى 1949 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغا يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن تېچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈش سەۋەبىدىن، خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ چاڭجياڭدىن ئۆتۈش جېڭى ۋاقتى يەنە 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ ئون كۈنىگە سۈرۈلدى.

② خۇەيخەي جەڭنىسىدە جەڭ قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۈەنخۇيى 1948 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ليۇ بوچېڭ، چېن يى، دېڭ شياۋپىڭ، سۇ يۈي، تەن جېنلىن يولداشلاردىن پارتىيىنىڭ باش ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنخۇيى تەشكىل قىلىشنى، باش ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنخۇيىغا يولداش دېڭ

شياۋپىڭنىڭ شۇجى بولۇشىنى، ئۇنىڭ جۇڭيۇەن يېجەنجۇنى بىلەن خۇادۇڭ يېجەنجۇنىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، خۇەيخەي ئالدىنقى سېپىدىكى ھەربى ئىشلارغا ۋە جەڭ قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى.

# پارە-پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە «ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق» دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ؟

(1949-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى)

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىش سۈرئىتى كىشىلەرنىڭ پەرىزىدىكىدىن تېز بولماقتا. ھازىر، جېيفاڭجۈننىڭ جىنەننى ئالغىنىغا پەقەت 4 ئايدىن ئاشتى، شېنياڭنى ئالغىنىغا پەقەت 3 ئايدىن ئاشتى، لېكىن گومىنداڭنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى، سىياسىي جەھەتتىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى، مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات جەھەتتىكى بارلىق قالدۇق كۈچلىرى بولسا قۇتۇلغۇسىز دەرىجىدە پارە-پارە ۋە كۇكۇم-تالقان بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يىمىرىلىشى شىمالىي سەپتىكى لياۋشېن جېڭى، پىڭجىن جېڭى ۋە جەنۇبىي سەپتىكى خۇەيخەي جېڭى مەزگىلىدىن باشلاندى، بۇ 3 جەڭنىڭ نەتىجىسىدە

گومىنداڭ بۇلتۇر 10 ـ ئايـنىڭ بىشىدىن بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرد-
ىغىچە بولغان 4 ئايـغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 1 ملىيون
540 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلدى، بۇ مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ
144 تولۇق شىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك يىمىرىلىشى ـــ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو
خەلق ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ ئۇلۇق غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەر نەتى-
جىسى، لىكىن گومىنداڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامىرىكىنىڭ
«تىچلىق» دەپ ۋالاقلىشىمۇ گومىنداڭنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە خىلى رول ئوينىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ يىل
1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «تىچلىق ھۇجۇمى» دەپ ئاتالغان بىر
يارچە تاشنى كوتىرىۋىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى ئۇرماقچى بولغان ئىدى،
ھازىر بولسا ئۆز پۇتىغا ئۇردى، ياكى توغرىراق قىلىپ ئىيتقاندا،
گومىنداڭ ئۆزىنى بىشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە ئۇرۇپ يەنچىۋەتتى.
فۇزويى جياڭجۇن خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ بىيپىڭ مەسىلىسىنى تىچ
يول بىلەن ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى، بۇنىڭدىن باشقا، جايلاردا
تىچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىت قىلىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ناھايىتى
كوپ. ئامىرىكىلىقلار بىر تەرەپتە تۇرۇپ تىت ـ تىت بولۇپ، ئوغۇل-
ىرىنىڭ بوشاڭلىقىدىن قاتتىق ئاچچىقلانماقتا. ئەمىلىيەتتە، تىچلىق
خۇجۇمى دىگەن بۇ ئەنگۈشتەر ئامىرىكا زاۋۇدىدىن چىققان بولۇپ،
يىرىم يىل بۇرۇنلا ئامىرىكىلىقلار ئۇنى گومىنداڭغا سوڭلى قىلغان. بۇ
سىرنى ستۇئارت لىيتون ئۆزى پاش قىلىپ قويىدى. ئۇ، جياڭ جىيشى
ئىكى يىل بايانناسى دىگەن نىمىنى چىقارغاندىن كىيىن، جۇڭگىياڭشى
مۇخبىرىغا: «بۇ شەخسەن ئۆزۈم بۇرۇندىن تارتىپ تىرىشىپ ئىزلەپ
كەلگەن نەرسە ئىدى» دىگەن. ئامىرىكا تۇگىشۇنىشىنىڭ خەۋەر

قىلىشىچە، بۇ مۇخبىر «ئىپلان قىلىشقا بولمايدىغان» بۇ سوزنى ئىپلان قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن يەۋاتقان ئىشىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. جياڭ جيېشى گۇرۇھى ئۇزاقتىن بۇيان ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلىشقا جۇرئەت قىلالماي كەلگەن، بۇنىڭ سەۋەبى گومىنداڭ جۇڭگىياڭى تەشۋىقات بۇسىنىڭ بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى بىر يولىيورۇغىدا ئېنىق ئېيتىلغان: «بىز ئۇرۇش قىلالمايدىكەنمىز، سۇلھمۇ قىلالمايمىز. ئۇرۇش قىلالايدىكەنمىز، سۇلھى توغرىسىدا سوز ئېچىش پەقەت ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى چۈشۈرىدۇ ۋە كىشىلەر. نىڭ كوڭلىنى پاراكەندە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئۇرۇش قىلالايلى ياكى قىلالمايلى، سۇلھى توغرىسىدا سوز ئېچىشنىڭ زىيىنى كوپكى، قىلچە پايدىسى يوق.» گومينداڭنىڭ شۇ ۋاقىتتا بۇ يوليو. رۇقنى چىقىرىشى گومىنداڭ ئىچىدىكى باشقا گۇرۇھلارنىڭ سۇلھى قىلىشنى قوۋۋەتلىگەنلىكىدىن بولغان ئىدى. بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بەي چۇڭشى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خۇبېي ئولكە. لىك سەنىيخۇي جياڭ جيېشىغا «تېچ يول بىلەن ھەل قىلىش» مەسە. لىسىنى قويۇپ①، جياڭ جيېشىنى 5 شەرت ئاستىدا تېچلىق تەنپەنى ئوتكۈزۈش توغرىسىدا بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. جياڭ جيېشى بەي چۇڭشىنىڭ قولىدىن تېچلىق ھۇجۇمىنى كەشپ قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ۋە كونا ھوكۇمرانلىقىنى يېڭى ماركا ئاستىدا داۋاملاشتۇرۇشقا ئىنتىلدى. جياڭ جيېشى بەي چۇڭشىنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىپ، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جاڭ چۈنىنى خەنكۇغا ئەۋەتكەن ۋە شۇ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمەتلىرىدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى②. لېكىن بۇ

تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو كوكچەنداڭنىڭ جۇنسى ماۋ زېدۇڭنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى باياناتى جياڭ جېيشىنىڭ ساختا تىپچىلىق سۈئىقەستىنى قاخشاتقۇچ زەربە بىلەن تار ـ مار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، جياڭ جېيشى بىر ھەپتىدىن كېيىن «ئىستىپا» بېرىپ، پەردە ئارقىسىغا ئوتتۇشكە مەجبۇر بولدى. گەرچە جياڭ جېيشى، لى زۇڭرېن ۋە ئامېرىكىلىقلار بۇ نەيرەڭنى ھەر خىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، خېلى كورگۈچىلىكى بار بىر شۇئاڭخۇاڭ ئويۇننى بىرلىكتە ئويناپ چىقىشنى ئۈمىت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، توۋەندە ئويۇن كورگۈچىلەر بارغانسىرى شالاڭلىشىپلا قالماي، ھەتتا سەھنىدىكى ئارتىستلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن غايىپ بولدى. جياڭ جېيشى فېڭخۇادا ھېلىمۇ «ھاكىمىيەت سىرتىدىكى مەۋقە»دە تۇرۇپ، ئوزىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە داۋاملىق قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ قانۇنىي ئورنىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بارغانسىرى ئازىيىپ كەتتى. سۇن كېنىڭ «شىڭجېڭيۈەنى» ئوزلۈگىدىن «ھوكۈمەتنى گۇاڭجۇغا كوچۈرگەنلىكى»نى ئېلان قىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئوزىنىڭ «زۇڭتۇڭ»، «دەيلى زۇڭتۇڭ»لىرىدىن ئايرىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «لىفايۈەن»، «جيەنچايۈەن»لىرىدىنمۇ ئايرىلدى. سۇن كېنىڭ «شىڭجېڭيۈەنى» ئۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى[3]، لېكىن ئۇرۇش قىلىدىغان «دولەت مۇداپىيە بۇسى» گۇاڭجۇدىمۇ ئەمەس، نەنجىڭدىمۇ ئەمەس، كىشىلەر ئۇنىڭ باياناتىنىڭ شاڭخەيدە ئېكەنلىكىنىلا بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، لى زۇڭرېننىڭ شىنۇچېڭدا كورەلەيدىغىنى «ئۇپۇق تۇرار ۋۇ ـ جۇدىنمۇ توۋەن ياقتا، قىلچە نەرسە كورۈنمەيدۇ ئۇندىن باشقا»[4] بولۇپلا قالدى. لى

زۇڭرېننڭ ئۆتكەن ئاينڭ 21 ـ كۈنى تەختكە چىقىقاندىن تارتىپ هازىرغىچە چىقارغان بۇيرۇقلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. گەرچە گومىنداڭنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك» بىر «هوكۈمىتى» بولمىسىمۇ، گەرچە نۇرغۇن جايلاردا قىسمەن تېچلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ ئەشەددى جاهىللار گۇرۇهى قىسمەن تېچلىققا قارشى تۇرۇپ، «ئومۇمىيۈزلۈك تېچلىق» دىگەن نىمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىدى تېچلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قايتا ئۇرۇش قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت: ئۇلار قىسمەن تېچلىق پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىدىن ناهايىتى قورقىدۇ. پارە ـ پارە ۋە كۇكۇم ـ تالقان بولۇۋاتقان گومىنداڭنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك تېچلىق» دىگەن نىمىنى تەلەپ قىلغان كۈلكىلىك ئويۇنى شاڭخەيدىكى قورچاق دولەت مۇداپىە بۇسى سىياسى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى، ئۇرۇش جىنايەتچىسى دىڭ ۋېنيىنىڭ مۇشۇ ئاينڭ 9 ـ كۈندىكى باياناتىدا يۇقۇرى پەللىگە يەتتى. دىڭ ۋېنيىمۇ سۇن كېفا ئوخشاشلا لى زۇڭرېننىڭ جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ 8 ماددىلىق تېچلىق شەرتىنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىش توغرىسىدا ئۆتكەن ئاينڭ 22 ـ كۈنى چىقارغان باياناتىنى يوققا چىقىرىپ، «باراۋەرلىك ئاساسىدىكى تېچلىق، ئومۇمىيۈزلۈك تېچلىق» دىگەن بىرنىمىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنداق بولمىسا، «هەممىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، گوڭچەنداڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىدۇ» غانلىغىنى بىلدۈردى. لېكىن دىڭ ۋېنيىي بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنىڭ زادى قانداق ئادەم بىلەن «باراۋەرلىك ئاساسىدىكى»، «ئومۇمىيۈزلۈك» تېچلىق هەققىدە تەنپەن قىلىشى كېرەكلىگىنى ئېيتمىدى. دىڭ ۋېنيىي بىلەن كورۇشكەندىمۇ مەسىلە هەل بولمايدى-

قاندەك، دېڭ ۋېنىيى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا پالانى-پۇستانىلار بىلەن كورۇشمىگەندىمۇ، مەسىلە ھەل بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ كىشىنى تەگلىكتە قالدۇرماي قويمايدۇ. جۇگياكشىنىڭ 9-كۈنى شائخەيدىن بەرگەن خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇخبىرنىڭ دېڭ ۋېنىيغا سوئالى: سىز ئېلان قىلغان 4 پىكىرگە لى زۇڭرېن دەيلى زۇڭتۇڭ قوشۇلغانمىدى[5]؟ جاۋاپ: مەن دولەت مۇداپىيە بۇسى مەيدانىدا تۇرۇپ سوزلىدىم، بۇگۇن ئېلان قىلىنغان 4 پىكىر، ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، لى زۇڭرېن دەيلى زۇڭتۇڭنىڭ ئالدىدىن ئوتكۈزۈلمىگەن.» دېڭ ۋېنىيى بۇ يەردە قورچاق گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئوموميۈزلۈك مەيدانىدىن پەرق قىلىدىغان قورچاق دولەت مۇداپىيە بۇسىنىڭ قىسمەن مەيدانىنى ئىجات قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى، ئەملىيەتتە، قورچاق دولەت مۇداپىيە بۇسىنىڭ چوڭ قىسمەن مەيدانىدىن پەرق قىلىدىغان قورچاق دولەت مۇداپىيە بۇسى سىياسى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ كىچىك قىسمەن مەيدانىنىمۇ ئىجات قىلدى. چۈنكى دېڭ ۋېنىيى بېيپىڭنىڭ تىچ يول بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىغا ئاشكارا قارشى چىقتى ۋە بوھتان چاپلىدى، قورچاق دولەت مۇداپىيە بۇسى بولسا بېيپىڭنىڭ تىچ يول بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى 1-ئاينىڭ 27-كۈنى «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش، تىچلىقنى قولغا كەلتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى پايتەخت بېيپىڭنىڭ ھۇلىنى ۋە مەدىنى ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن» دەپ ماختىغان ئىدى، شۇنىڭدەك باشقا جايلار، مەسىلەن، داتۇڭ، سۈيۈەن قاتارلىق جايلاردىمۇ[6] شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن «ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدۇ» دىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى، «ئوموميۈزلۈك تېچلىق» دەپ جار سېلىشتا ھەممىدىن بەك

كۇچەۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر زادىلا ئومۇمىيۈزلۈك مەيدانى يوق ئەكسىيەتچىلەر ئىكەن. دولەت مۇداپىە بۇسىنىڭ بىر سىياسى ئىشلار ئىدارىسى دولەت مۇداپىە بۇسى بىلەن زىتلىشالايدىكەن، ئۇزىنىڭ دەيلى زۇڭتۇڭى بىلەنمۇ زىتلىشالايدىكەن. بۇ ئەكسىيەتچىلەر — بۇگۈنكى كۈندە جۇڭگودا تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى. ئۇلار «ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق» شوئارى ئاستىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشنى يەنى «ئۇرۇش بولىدىكەن، ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش بولسۇن، تىنچلىق بولىدىكەن، ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق بولسۇن» دىگەن نىمىنى تەرغىپ قىلىشنى خام خىيال قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئەمىلىيەتتە، ئۇلاردا ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇدەك ھېچقانداق كۈچ يوق، ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇدەكمۇ ھېچقانداق كۈچ يوق. ئومۇمىيۈزلۈك كۈچ پارە-پارە ۋە كۇكۇم-تالقان بولۇۋاتقان گومىنداڭ تەرەپتە ئەمەس، بەلكى جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى، جۇڭگو كوڭچەنداڭى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار تەرەپتە. بىر تەرەپ ئومۇمىيۈزلۈك كۈچكە ئىگە، يەنە بىر تەرەپ بولسا پارە-پارە ۋە كۇكۇم-تالقان بولۇش ھالاكىتىگە چۈشۈپ قالدى، بۇنداق ۋەزىيەت — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت ياۋۇزلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ھەرقانداق تەمكىن ئادەم جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى سىياسى ۋەزىيىتىدىكى بۇ ئاساسىي پاكىتقا ئېتىۋارسىز قارىيالمايدۇ.

## ئىزاھلار

① 1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ خۇاجۇڭ «باسمىچىلارنى يوقىتىش» زۇڭسىلىڭى بەي چۇڭشى شۇ چاغدا جياڭ جيېشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىغا «تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش» تەشەببۇسىنى قويدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى جياڭ جيېشىنى قىستاپ تەختتىن چۈشۈرۈپ، گۇاڭشى شىنتۇڭ ـ دىكىلەرنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئىدى. بەي چۇڭشى يېتەكچىلىكىدە، قورچاق خۇبېي ئۆلكىلىك سەنىيخۇي جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىلگەن دېيەنباۋنى ماقۇللاپ، جياڭ جيېشىنى «ئەگەر ئۇرۇش ئابىتى داۋاملىق كېڭىيۋېرىدىغان بولسا، دەرھال باشقىچە يول ئىزلىمىسە، دۆلەت دۆلەت بولماي، خەلق خەلق بولماي قالىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى بويىچە يول تېپىپ، تىنچلىق تەنپەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»نى تەلەپ قىلدى.

② گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرىدىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى، بۇ 4 دۆلەت ھۆكۈمىتى ئۇنى رەت قىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە جاۋاپ قايتۇرغان «بېيۋاڭلۇ»سىدا ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشى «ھەرقانداق بىر پايدىلىق نەتىجىگە ئېرىشىش»كە «ئىشىنىش ناھايىتى قىيىن» ئىكەنلىكىدىن بولغانلىقى ئىزھار قىلىنغان. دېمەك، ئامېرىكا شۇ چاغدا، ئۆزى يۆلەپ كەلگەن جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئەمدى قادىر ئەمەسلىكىنى سەزگەن.

③ گومىنداڭ قورچاق شىڭجىڭيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى سۇن كې

1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ۋە 7 ـ كۈنلىرى گۇاڭجۇدا ئىككى قېتىم سوھبەت ئېلان قىلىپ، لى زۇڭرېننىڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان 8 ماددىلىق تېچلىق شەرتىنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىش توغرىسىدىكى باياناتىغا قارشى چىقىپ، «ھازىر ھوكۇمەت گۇاڭجۇغا كوچۇپ كېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىز ئوتتۇرىمىزنى قايتىدىن تەكشۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى، ئۇ يەنە: «گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش دېگەن ماددىنى مۇتلەق قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى.

④ بۇ مىلادىنىڭ 14 ـ ئەسىردە ـــ يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن سادۇلا دېگەن ئادەمنىڭ نيەنئۇجياۋ شەكلىدە يېزىلغان «شىتۇچېڭغا چىققاندا» نامىلىق شېئىردىن ئېلىنغان. بۇنىڭ باش تەرىپى مۇنداق: «شىتۇچېڭدىن نەزەر سالسام ۋۇ ـ چۇ ياقىدا، ئۇيۇق تۇرار ۋۇ ـ چۇدىنمۇ توۋەن ياقتا، قىلچە نەرسە كورۈنمەيدۇ ئۇندىن باشقا. ساناپ باقسام مەشھۇر ليۇچاۋ ماكانىنى، ئوخشاپ قايتۇ يېشىل تاغلار سوقما تامغا. تۇغ ـ ئەلەملەر توسۇۋالغان زور قۇياشنى، يەلكەنلەرمۇ ئاق بۇلۇتقا چىڭ ئۇتاشقان، ئۇستىخانلار ئاپپاق قاردەك دوگىلانغان. جاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، قانچە باتۇر، مەرت يىگىتلەر بولدى خازان.» نەنجىڭ قەدىمكى زاماندا شىتۇچېڭ دەپ ئاتىلاتتى. ۋۇ ـ چۇ ـــ جاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە توۋەن ئېقىمىدىكى جايلار.

⑤ قورچاق دولەت مۇداپىئە بۇيى سىياسى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى دېڭ ۋېنيى 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شاڭخەيدە «تېچلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن يازما سوھبىتىنى يەنى «4 تۇرلۇك پىكىر» دېگەن نىمىسىنى ئېلان قىلدى: 1) «ھوكۇمەت تېچلىق دەيدۇ»، 2) «جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۇرۇش دەيدۇ»، 3) «بېيپىڭنىڭ قىسمەن تېچلىقى ئالدامچىلىق بولۇپ قالدى»، 4) «ھەممىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، گۇڭچەنداڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز».

⑥ تيەنجىن ۋە بېيپىڭلار ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، خۇابېيدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پەقەت بىرنەچچە تايانچىسىز قالدۇق جۇيدىيە.

لىرىلا جۈملىدىن تەيىۋەن، دائۈلۈ، شىنشىياڭ، ئەنىياڭ، گۈيىسۇي قاتارلىق جايلارلا قالغان ئىدى. تەيىۋەندىكى دۈشمەن 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز تەرەپتىن پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. دائۈلۈدىكى دۈشمەن 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى قوبۇل قىلدى. شىنشىياڭدىكى دۈشمەن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جىيفاڭجۈنگە تەسلىم بولدى. ئەنىياڭدىكى دۈشمەن 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بىز تەرەپتىن يوقىتىلدى، گۈيىسۇي 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىندى.

# گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تىنچلىقـقا چاقىرىش»تىن ئۇرۇشقا چاقىرىشقا ئـوزگـەردى

**(1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)**

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باسمىچى جياڭ جيېشى تىنچلىق ھۇجۇمنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئۇزلىرىنىڭ «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»نى خالايدىغانلىقىنى كەينى - كەينىدىن ئۇز- لۇكسىز بىلدۈرۈپ كەلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باتۇر خوخەنزىلىرى 2 - ئاينىڭ 1 - ئون كۈنىگە كېلىش بىلەنلا، تىنچلىق مۇقامىنى ئۇشتۇمتۇت پەسەيتىپ، «گۇڭچەنداڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز» دېگەن كونا مۇقامىنى يەنە توساتتىن ئەۋج ئالدۇردى. يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بۇيان تېخىمۇ شۇنداق قىلماقتا. 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گومىنداڭ جۇڭياڭى تەشۋىقات بۇسى «داگۇڭبۇلار ۋە پارتىيە گېزىتلىرى»گە تارقاتقان «ئالاھىدە تەشۋىقات يوليورۇغى»دا: «يې

جېەنىيىڭ بىزنىڭ ئارقا سېپىمىزدە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ تېچلىققا
سەممىيتى بار، دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، ھوكۇمەتنىڭ ھەربىي جە-
ھەتتىكى ئۇرۇنلاشتۇرۇشنى تېچلىق ئىزلەشكە سەممىيتىنىڭ يوقلۇ-
غى، دەپ ئەيىپلەۋاتىدۇ. ھەرقايسى گېزىتلەر تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا
ئاساسەن، بۇنىڭغا ئۇدۇلدىن ۋە يان تەرەپتىن كۈچلۈك رەددىيە
بېرىشى لازىم» دېگەن. بۇ «ئالاھىدە تەشۋىقات يوليورۇقى»دا،
«رەددىيە بېرىش»نىڭ بىرقانچە ئاساسلىرى قاتار كۆرسىتىلگەن،
يەنى «ھوكۇمەتنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغىنىدىن كۆرە، ئاخىرغىچە
ئۇرۇش قىلغىنى ياخشى.» «ماۋزېدۇڭ 1 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى
باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويغان 8 نۇقتا — ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىدىغان
شەرت، ھوكۇمەت بۇنى قوبۇل قىلالماسلىقى كېرەك ئىدى.» «جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى تېچلىقنى بۇزغانلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى
كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى
ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى دېگەن بىرنىمىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئۇنىڭغا ھوكۇمەتنىڭ مەسئۇل ئەرباپلىرىنى قالدۇرماي
كىرگۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوكۇمەتتىن ئۇلارنى ئاۋال قولغا ئېلىشنى
تەلەپ قىلدى، مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن يولسىز ئىكەن-
لىكىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇنداق
قىلىقىنى ئۆزگەرتمەيدىكەن، تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى
تېپىش تەس» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن 2 ھەپتە ئىلگىرىكىدەك، تەنپەن
ئۆتكۈزۈشكە خۇددى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئالدىرىغاندەك ئالدى-
راپ كېتىدىغان كەيپىيات ئەمدى كۆرۈنمەي قالدى. «ئۇرۇش ۋاقتىنى
قىسقارتىش»، «خەلقنىڭ ئازاپ - ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىش»، «خەلقنى
قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەر

ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەن مەشھۇر سوزلەرمۇ ئېغىزغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇبادا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۆزىنىڭ «قىلمىغى»نى ئۆزگەرتىشنى خالىمىسا، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جەزمەن جازالايمىز، دېسە، ئۇ چاغدا ئېچىلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. زادى خەلقنى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىۋاتامدۇ، ياكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىۋاتامدۇ؟ گومىنداڭنىڭ باتۇر خوخەنزىلىرىنىڭ «ئالاھىدە تەشۋىقات يولىيورۇغى»غا قارىغاندا، كېيىنكىسى تاللىۋېلىنغان. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ئۈستىدە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ دېموكراتىك پارتىيە- گۇرۇھلاردىن، خەلق تەشكىلاتلىرىدىن پىكىر ئېلىنىۋاتىدۇ، ھازىر بىرقانچە تەرەپنىڭ پىكرىنى تاپشۇرۇۋالدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان مۇشۇ پىكىرلەرگە قارىغاندا، بۇلتۇر 12- ئاينىڭ 25- كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسىملىككە ھېچقايسىسى قوشۇلمىغان. ئۇلار، بۇ ئىسىملىككە ئاران 43 ئۇرۇش جىنايەتچىسىلا كىرگۈزۈلۈپتۇ، بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ؛ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قوزغاپ، نەچچە مىليون خەلقنى قىرغانلىقىغا جاۋابكار بولىدىغانلار ھەرگىز 43لا ئەمەس، بەلكى 100دىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. ھازىرچە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى 100 دىن ئارتۇق دەپ پەرەز قىلىپ تۇرايلى. خوش، گومىنداڭنىڭ باتۇر خوخەنزىلىرى، سىلەر ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشقا نېمە ئۈچۈن قارشى تۇرىسىلەر؟ سىلەر «ئۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش»نى، «خەلقنىڭ ئازاپ- ئوقۇبەتىنى يېنىكلىتىش»نى خالايتتىڭلارغۇ؟ مۇبادا سىلەرنىڭ بۇ قارشى تۇرۇشۇڭلار سەۋەبىدىن ئۇرۇش داۋام قىلىۋەرسە، ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇرۇش ئاپىتىنى

ئۇزاققا سوزغانلىق بولامدۇ؟ «ۋاقىتنى كېچىكتۇرۇپ، ئۇرۇش ئاپىتىنى ئۇزاققا سوزدى» دېگەن بەدنامنى سىلەر 1949 ـ يىل 1 ـ ئاي ـ نىڭ 26 ـ كۈنى نەنجىڭ هوكۇمىتىنىڭ باياناتچىسى نامىدا بايانات ئېلان قىلىپ، گوڭچەنداڭنىڭ ئۈستىگە ئارتقان ئىدىڭلار، ئەمدى سىلەر ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاختىغا يېزىپ، بوينۇڭلارغا ئېسىۋېلىشنى شان ـ شەرەپ بىلەمسىلەر؟ سىلەر «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان» ناهايىتى مېهرى ـ شەپقەتلىك ئادەملەر ئىدىڭلارغۇ، نىمىشقا ئەمدى بىردىنلا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ هوكۇمىتىڭلارنىڭ ئىچكى ئىشلار بۇسىنىڭ تۈگجىسىغا قارىغاندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ سانى 450 مىليون ئەمەس، بەلكى 475 مىليون ئىكەن، 100 دىن ئارتۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زادى بۇنىڭ قايسىسى كوپ، قايسىسى ئاز؟ باتۇرلار، سىلەر هېساپ ئوقۇغان كىشىلەر، هېساپ دەرسلىكى بويىچە ئوبدان بىر هېساپلاپ بېقىپ، ئاندىن خۇلاسە چىقارساڭلار بولار. ئەگەر سىلەر ئېنىق هېساپلاپ كورمەي، ئوزەڭلارنىڭ هېلىقى ناهايىتى ياخشى بولغان، بىزمۇ قوشۇلغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ قوشۇلغان «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش» دېگەن سوزۇڭلارنى ئالدىراپ ـ تېنەپ «100دىن ئارتۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»قا ئوزگەرتىۋالساڭلار، ئۇ چاغدا، بايقاڭلاركى، جەزمەن ئاياق بېسىپ تۇرالمايسىلەر. «خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ ئادەملەر بىرقانچە هەپتە «تېپچلىققا چاقىرغان»دىن كېيىن، ئەمدى «تېپچلىققا چاقىرىش»نى تاشلاپ قويۇپ، ئۇرۇشقا چاقىرىشقا ئوتۇۋالدى. گومىنداڭنىڭ

ئەشەددى جاھىللار گۇرۇھىنى ئەنە شۇنداق دوملى باسقان، ئۇلار خەلققە قەتئىي قارشى تۇردى، خەلقنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرىنى مۇنارنىڭ ئۇچىدا يالغۇز قالدۇردى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇلگىچە توۋا قىلمايدۇ. چاڭچىياڭ ۋادىسىدىكى ۋە جەنۇبتىكى خەلق ئاممىسى يەنى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، مىللىي بۇرژۇئازىيە، كەيمىنىڭ شېنشىلار، ۋىجدانى بار گومىنداڭچىلار، قۇلاق سېلىڭلار: سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چىقىۋېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەشەددى جاھىللار گۇرۇھىنىڭ ھېچقانچە ئومرى قالمىدى، بىز سىلەر بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇۋاتىمىز، بىر ئوچۇم ئەشەددى جاھىللار گۇرۇھى بىرقانچە كۈنگە قالمايلا مۇنارنىڭ ئۇچىدىن يىقىلىپ چۈشىدۇ، خەلق جۇڭگوسى بارلىققا كېلىدۇ.

# گومنداڭنىڭ ئۇرۇش جاۋاپكارلغى مەسلسگە بەرگەن برقانچە خل جاۋاۋىغا باھا

**(1949 ـ يل 2 ـ ئاينڭ 18 ـ كۈنى)**

«ھوكۇمەت، ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندن كېين، تېچ يول بلەن دولەت قۇرۇش فاكجېنى بويىچە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى مەسلسنڭ تېچ يول بلەن ھەل قلنشى ئۈچۈن ترشپ كەلدى. بر يېرم يل جەريانىدا بارلق كېلشملەرنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇزدى، شۇنڭ ئۈچۈن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تېچلقنى بۇزغانلق جاۋاپكارلغنى ئۈستگە ئېلشى كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئۇرۇش جنايەتچلرنڭ ئسملگى دىگەن برنمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنڭغا ھوكۇمەتنڭ مەسئۇل ئەرباپلرنى قالدۇرماي كرگۈزدى، ئۇنڭ ئۈستگە، ھوكۇمەتتن ئۇلارنى ئاۋال قولغا ئېلشنى تەلەپ قلدى، مانا بۇنڭدن ئۇنڭ ئوتۇپ كەتكەن يولسز ئكەنلگنى

ئۇچۇق كورگىلى بولىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇنداق قىلىقنى ئوزگەرتمەيدىكەن، تىچلىق سوھبىتى ئۇتكۇزۇشنىڭ يولىنى تىپىش تەس.» يۇقۇرىدىكىلەر — 1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۇنى گومىنداڭ جۇڭگىياڭى تەشۋىقات بۇسى تارقاتقان «ئالاھىدە تەشۋىقات يولىيورۇغى»دىكى ئۇرۇش جاۋاپكارلىقى مەسىلىسىگە دائىر پۇتۇن كوزقاراش.

بۇ كوزقاراش باشقا ئادەمنىڭ ئەمەس، بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسى جياڭ جيېشىنىڭ كوزقارىشى. جياڭ جيېشى ئوزىنىڭ يىڭى يىل باياناتىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سەنمىنجۇيىنىڭ ئىتقاتچىسى، دولەت ئاتىمىز قالدۇرغان تەلىماتقا ئەمەل قىلىپ كەلدىم، مەن ئەسلىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندىن كىيىن، يەنە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا باسمىچىلارنى يوقىتىش يولىدىكى ھەربى ئىشلار ئارقىلىق خەلقنىڭ ئازاپ - ئوقۇبىتىنى ئىغىرلاشتۇرۇشنى خالىمايتتىم. شۇنىڭ ئۇچۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقان ھامان، ھوكۇمىتىمىز دەرھال تىچ يول بىلەن دولەت قۇرۇش فاڭجېننى مەيدانىغا قويدى، تىخمۇ ئىلگىرىلەپ، گۇڭچەنداڭ مەسىلىسىنى سياسى جەھەتتىن مەسلىھەتلىشىش، ھەربى جەھەتتىن كىلىشىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئاردىن بىر يېرىم يىل ئوتكەندىن كىيىن، گۇڭچەنداڭ بارلىق كىلىشىم ۋە فاكتەنلەرگە قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مولچەرلەنگەن قەدەم - باسقۇچلار بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەي كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۇزلۇك قوراللىق ئىسيان كوتىرىپ، دولەتنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۇزدى. ھوكۇمىتىمىز ئىلاجسىزلىقتىن دەرتىنى ئىچىگە يۇتۇپ،

ـەپەرۋەرلىككە كېلىپ ئىسيانى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى.»

جياڭ جېيشى بۇ باياناتىنى ئېلان قىلىشتىن 7 كۈنلا بۇرۇن يەنى 1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى 43 ئۇرۇش جىنايەتچىسىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدا ئېنىق قىلىپ بىرىنچى ئورۇنغا يېزىلغىنى مۇشۇ جياڭ جېيشى ئىدى. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ھەم سۈلھى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ھەم جاۋاپكارلىقتىن قېچىۋاتىدۇ، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ بىرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ جاۋاپكارلىقنى گوڭچەنداڭغا دۆڭگەش. بىراق بۇ ئىككىسى ئەپلەشمەيدۇ. گوڭچەنداڭ ئۇرۇش قوزغىغانلىقنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىكەن، ئۇ چاغدا گوڭچەنداڭنى جازالاش كېرەك. ئۇ «باسمىچى» ئىكەن، «باسمىچىلارنى يوقىتىش» كېرەك. «ئومۇميۈزلۈك قوراللىق ئىسيان كۆتەرگەن» ئىكەن، «ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش» كېرەك. «باسمىچىلارنى يوقىتىش»، «ئىسيانىنى بېسىق-تۇرۇش» يۈزدە-يۈز توغرا ئىكەن، نېمە ئۈچۈن يوقىتىلمايدۇ ۋە بېسىقتۇرۇلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، گومنداڭنىڭ بارلىق ئاشكارا ھۆججەتلىرىدە «گوڭچەنداڭ باسمىچىلىرى» دېگەن سۆز تامامەن «گوڭچەنداڭ» دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ؟

سۈن كې بۇنى بىر ئاز نامۇۋاپىق دەپ ھېس قىلىپ، جياڭ جېيشى يېڭى يىل باياناتى ئېلان قىلغان كۈنى ئاخشىمى رادىيودا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇرۇش جاۋاپكارلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا باشقىچە بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۈن كې مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن 3 يىل ئاۋالقى ئەھۋالنى ئەسلەپ كۆرەيلى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، دۆلەت قۇرۇلۇش

ئىشلىرىنى پاناال ئېلىپ بېرىشقا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، پارتىيە-گورۇھلاردا دولەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجى توغرىلىق ئورتاق تونۇش بولغاچقا، بىز ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرىنى ۋە جەمىيەت موتىۋەر-لىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئۆتكۈز-گەن ئىدۇق. 3 ھەپتە ئىرىشىش ئارقىسىدا بولۇپمۇ ترۇمېن زۇڭتۇڭ-نىڭ رەخمەتكە سازاۋەر پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى جانابى مارشاللنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كېلىشتۇرۇشى ئارقىسىدا بىز تېچ يول بىلەن دولەت قۇرۇش گاڭگلىگى ۋە تۈرلۈك تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرىت فاڭئەننى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەپ چىققان ئىدۇق. مۇبادا شۇ چاغدا تۈرلۈك فاڭئەنلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولساق، بۈگۈنكى جۇڭگو نەقەدەر گۈللەنگەن بولاتتى، بۈگۈنكى جۇڭگو خەلقى نەقەدەر بەختىيار بولغان بولاتتى! ئەپسۇسكى، شۇ چاغدا ھەرقايسى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىلىك مەنپەئەت-دىن تامامەن ۋازكېچەلمىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ بۇ تېچلىق ھەركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئالغا سۈرۈش يولىدا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كورسىتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش ئاپىتى قايتا يۈز بېرىپ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالدى.»

سۇن كې جياڭ جيېشىغا قارىغاندا بىر ئاز «گۇگداۋ»لىق قىلدى. قاراڭلار، ئۇ ئۇرۇش جاۋاپكارلىغىنى جياڭ جيېشىغا ئوخشاش قارا-قويۇقلا گۇڭچەنداڭغا دوڭگمەي، «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» چارد-سىنى قوللىنىپ، جاۋاپكارلىقنى «ھەرقايسى تەرەپ»كە تەكشى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە گومىنداڭمۇ بار، گۇڭچەنداڭمۇ بار، دېموك-راتىيە ئىتتىپاقىمۇ بار، جەمىيەت موتىۋەرلىرىمۇ بار. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى «پۈتۈن مەملىكەت خەلقى»مۇ بار، 475 ملىيون

كېرىنىدىشىمىزنىڭ بىرىمۇ جاۋاپكارلىقتىن خالى قالمىدى. جياڭ جيېشى گۇڭچەنداڭنىلا دۇمبالىغان بولسا، سۇن كې ھەرقايىسى پارتىيە-لەرنى، ھەرقايىسى گۇرۇھلارنى، پارتىيە-گۇرۇھسىزلارنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن دۇمبالاپ چىقتى، ھەتتا جياڭ جيېشىمۇ، ئېھتىمال، سۇن كېنىڭ ئۆزىمۇ بىردىن دۇمبا يىگەندۇ. قاراڭلار، بۇ يەردە ئىككى گومىنداڭچى — سۇن كې بىلەن جياڭ جيېشى مۇشتلىشىۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى بىر گومىنداڭچى ئوتتۇرىغا چىقىپ: ياق، مېنىڭ پىكرىمچە، جاۋاپكارلىق پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى كېرەك، دىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئېتى لى زوڭرېن. 1949-يىل 1-ئاي-نىڭ 22-كۈنى لى زوڭرېن «دەيلى زوڭتوڭ»لۇق سۈپىتى بىلەن بىر بايانات ئېلان قىلدى. ئۇرۇش جاۋاپكارلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دىدى: «8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش-تىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا 3 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، دولەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە قالغان ئازغىنا ئىمكانىيەتمۇ تامامەن يوقالدى، ئۇرۇش ئاپىتى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە كېڭەيدى، ئېتىز-ئېرىقلار، باغ-ۋارانلار ۋە ئۆي-ئىمارەتلەر خاراپ بولدى، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بىگۇنا خەلق ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلغان، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن زار قاخشاپ يۈرگەنلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. ئالەمدە ئەڭ دەھشەتلىك بۇ بالايى-ئاپەت، ھەقىقەتەنمۇ، مەملىكىتى-مىزنىڭ ئىچكى ئۇرۇش تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان.»

لى زوڭرېن بۇ يەردە نام قويۇلمىغان ئېلان چىقاردى، ئۇ جاۋاپ-

كارلىقنى گومىنداڭ ئۇستىگە ئىلىشى كېرەكمۇ دېمىدى، گۇڭچەنداڭ ياكى باشقا تەرەپ ئۇستىگە ئىلىشى كېرەكمۇ دېمىدى، لېكىن ئۇ بىر پاكىتنى ئېيتىپ قويدى، يەنى، «ئالەمدە ئەڭ دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت» باشقا يەردە ئەمەس، بەلكى «خۇاگخېنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى»دا يۈزبەردى، دېدى. خۇاگخېنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ چاگجياگغىچە، خۇاگخېنىڭ شىمالىدىن تارتىپ سۇگخۇاجياگغىچە بولغان جايلاردا «ئالەمدە ئەڭ دەھشەتلىك بالايى-ئاپەت»نى كىم تۇغدۇردى؟ بۇ يەردىكى خەلق ۋە قوشۇنلىرى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇرۇشۇپ تۇغدۇرغانمىدى؟ لى زۇڭرېن بېيپىڭ شىگياڭ مەھكىمىسىنىڭ جۇرېنى بولغان، گۇاگشى شىتۇگىدىكى قوشۇنلار جياڭجېشى شىتۇگىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشەن-مېڭشەن رايونىغىچە[1] بارغان، شۇڭلاشقا لى زۇڭرېن ئېنىق ئاخباراتقا ئىگە، بۇنداق «بالايى-ئاپەت»نىڭ يۈزبەرگەن ئورنىنى ۋە ئەھۋالىنى بىلىدۇ. ئەگەر لى زۇڭرېن باشقا ھەممە نىمىدە يامان دېيىلسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز راست گەپنى ئېيتقانلىقى، ھەر ھالدا، ياخشى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ئۇرۇشنى «ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش» ياكى «باسمىچىلارنى يوقىتىش» دەپ ئاتىماي، «ئىچكى ئۇرۇش» دەپ ئاتىدى، بۇنى گومىنداڭ تەرەپتىن ئېيتقاندا، خېلى غەيرى ئەھۋال دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

لى زۇڭرېن ئۆز مەنتىقىگە ئاساسەن، شۇ باياناتىدا: «جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان 8 شەرت ئۇستىدە ھوكۇمەت دەرھال سوھبەت باشلاشنى خالايدۇ» دەيدۇ. لى زۇڭرېن 8 شەرتنىڭ بىرىنچىسى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش ئىكەنلىكىنى بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىسمى شەرىپىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىدۇ.

ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ جازالىنىشى كېرەكلىكى — «بالايى - ئاپەت»تىن چىقىرىلغان مەنتىقىي خۇلاسە. بۇنىڭ ئۈچۈن گومنداڭنىڭ ئەشەددىي جاھىللار گۇرۇھى تا ھازىرغىچە: «ماۋزېدۇڭ 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويغان 8 نۇقتا — دولەتنى مۇنقەرز قىلىدىغان شەرت، ھوكۇمەت بۇنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دەپ لى زۇڭرېنغا دۇدۇقلاپ تاپا - تەنە قىلىشىۋاتىدۇ.

ئەشەددىي جاھىللار گۇرۇھىنىڭ تاپا-تەنىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق قىلالماي، دۇدۇقلاپ قىلىشىنىڭ سەۋىۋى بار. جياڭ جيېشى تېخى «ئىستېپا» بەرمىگەن چاغدا، ئەشەددىي جاھىللار گۇرۇھى 8 شەرتكە رەددىيە بەرمەكچى بولغان ئىدى، كېيىن جياڭ جيېشى بۇنىڭ ئوبدان بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، رەددىيە بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى، ئېهتىمال، رەددىيە بەرگەندە يول توسۇلۇپ قالىدۇ، دەپ بىلگەن بولسا كېرەك، بۇ — 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بولغان ئىش. 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندە جاڭ جۈنمەي نەنجىڭدىن شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، سوھبەت ئېلان قىلىپ، «جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان 8 شەرت توغرىسىدا ھوكۇمەت يېقىندا باشقا بىر باياننامە ئېلان قىلىپ، ئۆز جاۋاۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن» دىگەن گەپنى قىلغاندا، جۇڭياڭشې شۇ ئاخشىملا تۆۋەندىكىدەك مۇنداق دىدى: «جاڭ جۈنمەينىڭ سوھبىتى توغرىسىدا يېڭىراقتىلا شاڭخەيدىن تارقىتىلغان خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا تۆۋەندىكىچە تەھرىر سوزى قوشۇپ قويۇلسۇن: جاڭ جۈنمەينىڭ سوھبىتىدە ئېيتىلغان، ھوكۇمەت يېقىندا باشقا بىر باياننامە ئېلان قىلىدۇ، دىگەن نۇقتا توغرىسىدا جۇڭياڭشې مۇخبىرى ھېلىلا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن ئۇقۇشۇپ كوردى، ھوكۇمەت باشقا بىر باياننامە چىقىرىش پىكرىدە ئەمەس ئىكەن.»

1-ئاينىڭ 21-كۈنى جياڭ جيېشى «ئىستىپا» بېرىش باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا 8 شەرتنى تەنقىت قىلىدىغان بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ 5 ماددىسىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى «زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش، تارىخىي مەدىنىيەتنى ۋە جەمىيەت تەرتىپىنى ئاياق ئاستى قىلماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىنى ھەقىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىش — مۇشۇ پىرىنسىپلار ئاستىدا تىنچلىققا ئېرىشىش»كە ئۆزگەرتتى. شيەنفا، فاتۇڭ ۋە ئارمىيە دېگەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ قايتا تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، لى زۇڭرېن 1-ئاينىڭ 22-كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ 8 شەرتنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى، گومىنداڭنىڭ ئەشەددى جاھىللار گۇرۇھىمۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشى چىقىشقا پېتىنالماي، پەقەت دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «ھۆكۈمەت قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دېدى.

سۇن كې «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەي چىڭ تۇرىۋەردىمۇ؟ ياق، ئۇنىداقمۇ ئەمەس. سۇن كې، 1949-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى «ھۆكۈمەتنى گۇاڭجۇغا كۆچۈرگەن»دىن كېيىن، 2-ئاينىڭ 7-كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇرۇش جاۋاپكارلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «يېرىم يىلدىن بېرى، ئۇرۇش ئاپىتى كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقتىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتتە جىددى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خەلق چەكسىز ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوتتۇمۇشتىكى خاتالىقلار، مەغلۇبىيەتلەر ھەم نامۇۋاپىق ھادىسىلەر سەۋەپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى ۋەزىيەتتىكى ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بىز جۇڭگونىڭ سەنمىنجۇيىغا مۇھتاج ئىكەن-

لىگىنى چوڭقۇر بىلىمىز. سەنمىنجۇيى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىكەن، جۇڭگو مەسىلىسى ھېچقاچان ھەل بولمايدۇ. ئەسلەپ كورەيلى، پارتىيىمىزنىڭ زۇڭلىسى بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى پارتىيىمىزگە سەنمىنجۇيىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. ئەگەر ئەمەلگە ئاشۇ-رۇلغان بولسا، ۋەزىيەت بۈگۈنكىدەك يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەتكە يەتمىگەن بولاتتى.» قاراڭلار، گومىنداڭ ھوكۇمىتى شىڭجىڭ-يۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى بۇ يەردە جاۋاپكارلىقنى بارلىق پارتىيە-گۇرۇھلارغا ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداشلارغا تەكشى بولمەي، گومىنداڭنىڭ ئۆزىگىلا ئارتتى. سۈن كې ھەممە دۆمبانى گومىنداڭنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ، كىشىلەرنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدى. گۇڭچەنداڭنىچۇ؟ سۈن يۈەنجاڭ مۇنداق دېدى: «قاراپ باقايلى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ خەلقنى ئىزىقتۇرالىشى ۋە قايمۇق-تۇرالىشى پەقەت ئۇنىڭ سەنمىنجۇيىنىڭ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدىن ئىبارەت بىر قىسمىنى يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش قىسمىنىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى شوئار قىلىۋالغانلىقىدىن بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق خىجىل بولۇشىمىز ۋە سەزگۈرلۈكىمىزنى ئوس-تۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى قايتىدىن تەكشۈرۈشىمىز كېرەك.» رەخمەت، سۈيۈملۈك يۈەنجاڭ! گۇڭچەنداڭنىڭ گەرچە «خەلقنى ئىزىقتۇرۇش ۋە قايمۇقتۇرۇش» جىنايىتى بولسىمۇ، ھەر ھالدا، باشقا چېكىدىن ئاشقان زور جىنايىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇ دۆمبا يىمەي، باش ۋە ساغرىسىنى ساقلاپ قالدى.

سۈن يۈەنجاڭنىڭ سۈيۈملۈكلۈگى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ نۇتقىدا يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە

گۇڭچەنداڭنىڭ كۇچىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى بىزنىڭ ئۆزىمىز ئېتىقات قىلغان مەسىلىگىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىمىزدىن بولدى. پارتىيىمىزنىڭ ئوتموشتىكى ئەڭ زور خاتالىقى شۇكى، پارتىيە ئىچى-دىكى بىرقانچە ئەرباپ قورال كۇچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كەتتى، ئىچكى جەھەتتە بولسا، هوقۇق تالىشىپ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىپ، قاراپ تۇرۇۋېلا دۇشمەننىڭ بولگۇنچىلىك سېلىپ ئارىنى بۇزۇشىغا پۇرسەت بېرىپ قويدى. 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاياقلىشىشى ئەسلىدە مەملىكەتنى تېچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۇرۇش ئۇچۇن مىڭ يىلدىمۇ قولغا كەلمەيدىغان پۇرسەت ئىدى، هوكۇمەت تەرەپنىڭ ئىچكى ماجىرالارنى سىياسىي يول بىلەن هەل قىلىش پىلانىمۇ بار ئىدى، بەختكە قارشى، ئۇ ئىزچىل ئەمەلگە قويۇلمىدى. خەلق، ئۇدا بىرقانچە يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن كېيىن، ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۇتكەن ئىدى. قورال-ياراق يەنە ئىشقا سېلىنىپ، خەلق كۆن كەچۇرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئازاپ-ئوقۇبەت ناهايىتى ئېغىرلاشتى، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ روهىمۇ چۇشتى، نەتىجىدە هەربى جەھەتتە هەر قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بولۇپ تۇردى. جياڭ زۇڭتۇڭ خەلقنىڭ هالىغا يېتىپ، مەسىلىنى هەربى يول بىلەن هەل قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۇنى باياناتنامە ئېلان قىلىپ، تېچلىق چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.» ياخشى! سۇن كې دىگەن بۇ ئۇرۇش جىنايەتچىسى قولغىمۇ ئېلىنماي، دۇمبامۇ يىمەي تۇرۇۋېلا ئۆزلۇگىدىن ئىقرار قىلدى، بەلكى راستىنى ئېيتتى. كىم قورال كۇچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇرۇش قوزغاپ، مەسىلىنى هەربى يول بىلەن هەل قىلىش

مۇمكىن بولمىغانـدا ئاندىن تېچلىق تەلەپ قىلـدى؟ گومىنـداڭ، جياڭ جېيشى. سۇن يەنجاڭـنىڭ سوز تالـلىشى ۋە جۈملە تۈزۈشمۇ خېلى جايىدا، ئۇ قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەنلەر ئۆز پارتىيىمىزدىكى «بىرقانچە ئەرباپ» دىدى. بۇ نۇقتا جۇڭگو كۇڭچەندىڭ تېخىمۇ كوپ ياكى ھەممە گومىنداڭچىلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلماستىن، پەقەت بىرقانچە گومىنداڭچىنىلا جازالاشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇرۇش جىنايەتچىسى دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن بىر.

سۇن كې بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مۇشۇ سان ئۈستىدە تالاش-تارتىش يوق. پەرق پەقەت خۇلاسىدە. بىزچە، «قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىپ»، «قورال-ياراقلارنى يەنە ئىشقا سېلىپ، خەلقنى كۆن كەچۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويغان» گومىنداڭنىڭ بۇ «بىرقانچە ئەربابى»نى ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۈپىتىدە جازالاش لازىم. سۇن كې بولسا بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ئۇ مۇنداق دىدى: «ھازىر گۇڭچەنداڭ تەرەپنىڭ ۋەكىل تەيىنلەشنى كېچىكتۈرۈپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزىۋېرىشى — ئۇنىڭمۇ قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، ئۇلار ئۆزىچە، ھازىر قانات-قۇيرۇغىمىز يېتىلىپ قالدى، پۈتۈن مەملىكەتنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرالايمىز، دەپ ھېساپلاۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ غەرىزىمۇ ناھايىتى روشەن. مەن شۇنى جىددى ئوتتۇرىغا قويىمەنكى، مەڭگۇ تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ سوھبەت ئوتكۈزۈشى لازىم، شەرت ئادىل ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان بولسۇن.» بۇ يەرگە كەلگەندە، سۇن يەنجاڭ يەنە ئانچە سۈيۈملۈك بولماي قالدى. ئۇ

ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش دېگەن شەرتنى ئادىل ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ ھېساپلايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆز-لىرىمۇ، گومىنداڭ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 2-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى «ئالاھىدە تەشۋىقات يوليورۇقى»دا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا بىلدۈرۈلگەن پوزىتسىيىگە ئوخشاش، ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشى چىقىشقا پېتىنالماي دۇدۇقلاپ قىلىش بولۇپ، لى زوڭرېنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى تەنپەننىڭ ئاساسىي شەرتلىرى-دىن بىرى قىلىشنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقىدىن زور پەرقلىنىدۇ.

لېكىن سۈن يۈەنجاڭنىڭ ھېلىمۇ سۆيۈملۈك يېرى بار، يەنى ئۇ: گومىنداڭنىڭمۇ «قورال كۆتۈرگەن قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتقان-لىقى» ئۇنىڭ «ۋەكىل تەيىنلەشنى كېچىكتۈرگەنلىكى»دىن، «ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشنى رەت قىلغانلىقى»دىن ئىبارەت 2 نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ گومىنداڭنىڭ 1946-يىلى قورال كۆتۈرگەن قارغۇ-لارچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئالەمدە ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش قوزغىغان-لىقىغا ئوخشايدۇ، دېدى. «ۋەكىل تەيىنلەشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدى» دېگەنگە كەلسەك، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېنىق بەلگىلەش زور ئىش، «پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەر قوبۇل قىلالاي-دىغان بولسۇن» دېيىدىكەنمىز، ئاز بولۇپ قالسىمۇ، كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئۇنداق بولغاندا، «پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەر» (لېكىن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ) قوبۇل قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى بىر مەزگىل

«ئارقىغا سوزۇپ» ھەمدە ۋەكىللەرنى چاپسان تەيىنلىيەلمەي، سۇن كېيىنغا ئوخشاشلارنى خېلى خاپا قىلىپ قويدۇق. لېكىن بۇنىڭ بىلەنمۇ «قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئۇزۇپلا ھوكۇم قىلىشقا بولمايدۇ. ئېھتىمال، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنىشى، ۋەكىللەر تەيىنلىنىشى، تەنپەن باشلىنىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا سۇن يۈەنجاڭ بىزنى «قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ» دېيەلمەيدۇ.

«ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشنى رەت قىلدى» دېگەنگە كەلسەك، بۇ — جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ يېڭى يىل باياناتىغا بويسۇنۇپ قوللىنىلغان توغرا پوزىتسىيە. جياڭ زۇڭتۇڭ يېڭى يىل باياناتىدە مۇنداق دېدى: «گۇڭچەنداڭدا تېچلىق سەممىيىتى بولۇپ، ئېنىق ئىپادە كورسىتەلىسىلا، ھوكۇمەت چوقۇم سەممىيەت كورسىتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىشنىڭ ۋە تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشنى خالايدۇ.» سۇن كېينىڭ شىڭجېڭيۈەنى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ يۇقۇرقى باياناتىغا خىلاپ قارار چىقىرىپ، «دەرھال ئالدى بىلەن شەرتسىز ئۇرۇش توختىتىش ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىل تەيىنلەپ تېچلىق سوھبىتى ئوتكۇزۇش» كېرەك دېگەن گەپلەرنى قىلدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى باياناتچىسى بۇ تۇتۇرۇقسىز قارارنى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەسكىن تەنقىت قىلغان ئىدى②. لېكىن، بۇ يۈەنجاڭ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، يەنە 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ «ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىشنى رەت قىلىشى» ئۇنىڭمۇ «قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىۋاتقانلىقى»نى كورسىتىدۇ، دەپ ۋالاقلىدى. ھەتتا جياڭ جيېشىدەك ئۇرۇش جىنايەتچىسىمۇ

سۆھبەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۇرۇش توختىتىش ۋە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، سۇن كې بۇ نۇقتىدا جياڭ جيېشىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى.

كىشىلەرگە مەلۇم، سۇن كې شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش جىنايەتچىسى بولۇپ قالدىكى، ئۇ ئەزەلدىنلا جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنى قوللىغان ۋە ئۇرۇش قىلىش تەرىپىدە قاتتىق تۇرۇپ كەلگەن. 1947-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنىگە كەلگەندىمۇ ئۇ يەنە: «ھەربىي جەھەتتە پەقەت ئاخىرغىچە ئۇرۇشساقىلا، ئاقىۋەت ھەل بولىدۇ.» «ھازىر تىنچلىق تەنپەنى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشنىڭ ئورنى قالمىدى، ھۆكۈمەت كۇڭچەنداڭنى تار-مار قىلىشى لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، كۇڭچەنداڭ گومىنجىڭفۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ»[3] دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى — گومىنداڭ ئىچىدىكى قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەن «بىرقانچە ئەرباب»نىڭ بىرى. ھازىر ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ سوغاق گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ، گويا ئۆزى قورال كۈچىگە قارغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمىگەندەك، سەنمىنجۇيىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانلىقىدا مەسئۇلىيىتى يوقتەك. بۇ — سەممىيەتسىزلىك. مەيلى دۆلەت قانۇنى بويىچە بولسۇن ياكى گومىنداڭنىڭ پارتىيە نىزامى بويىچە بولسۇن، سۇن كې، بەربىر، دۇمبادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## ئىزاھلار

① يىشەن-مېڭشەن رايونى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشەن، مېڭشەن تاغلىرى بويىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا بۇ جايغا جياڭ جيېشى شىتۇڭگىدىكى قوشۇن بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان گۇاڭشى شىتۇڭگىدىكى

قوشۇن 46 ـ جۇن ئىدى. بۇ جۇن 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەينەنداۋدىن دېڭىز ئارقىلىق چىڭداۋغا يوتكىلىپ قۇرۇقلۇققا چىققان ئىدى، 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدا شەندۇڭ ئۇلكىسىنىڭ لەيۇۋ دىگەن جايىدا تامامەن يوقىتىلدى.

② مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو كوڭچەنداڭى باياناتـچىسىنىڭ نەنجىڭ شىڭجېڭيۇەنىنىڭ قارارىغا باھاسى» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

③ بۇ ــ سۇن كېنىڭ 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى نەنـجىڭدا مېيلىيەنشې، گومنداڭنىڭ نەنجىڭدا چىقىدىغان «جۇڭيالڭ رىباۋ» گېزىتى ۋە «شىنمىنباۋ» گېزىتى مۇخبىرلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا ئېلان قىلغان سوھبىتى، ئۇ چاغدا سۇن كې گومنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ فۇجۇشىسى ئىدى.

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 7 ـ نوۋەتلك جۇڭياڭ ۋېيۇەنخۇينڭ 2 ـ ئومۇمى ـ يغنندا قلنغان دوكلات*

**(1949 ـ يل 3 ـ ئاينڭ 5 ـ كۇنى)**

## 1

لياۋشېن جەنىسى، خۇەيخەي جەنىسى ۋە پىڭجىن جەنىسى ئارقلق گومنداڭ ئارميسنڭ ئاساسي كۇچى يوقتلدى. گومن-داڭنڭ ئۇرۇش قلغۇچى قسملرىدا ئاران 1 مليوندن كوپرەك

---

* جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 7 ـ نوۋەتلك جۇڭياڭ ۋېيۇەنخۇينڭ 2 ـ ئومۇميغنى 1949 ـ يل 3 ـ ئاينڭ 5 ـ كۇندن 13 ـ كۇنگچە خېبېي ئولكسى پىڭشەن ناهيسنڭ شبەيپو كەنتدە ئوتكۇزۇلدى. يغنغا جۇڭياڭ ۋېيۇەنلەردن 34 كشى، خوبۇ جۇڭياڭ ۋېيۇەنلەردن 19 كشى قاتناشتى. بۇ قېتمقى يغن جۇڭگو خەلق ئنقلاۋى مەملكەت بويچە غەلبە قازننش هارپسدا چاقرلغان ئنتاين موهم بر يغن بولدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ قېتمقى يغندا

ئادەم قالدى، ئۇلار شىنجياڭدىن تەيۋەنگىچە بولغان كەڭ رايونلارغا ۋە ئۇزۇن ئۇرۇش سېپىگە تارقالغان. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ 1 مىليوندىن كۆپرەك كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تيەنجىن، بېيپىڭ، سۇيىيۈەن① ئۇسۇلىدىن باشقىچە بولمايدۇ. دۈشمەننى جەڭ بىلەن بىرتەرەپ قىلىش، مەسىلەن، تيەنجىندىكى دۈشمەننى بىرتەرەپ قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ھېلىمۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاۋال ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە تەييارلىنىشىمىز زۆرۈر بولغان ئۇسۇل. خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ بارلىق جىڭخۇيىيۈەنلىرى، جەڭچىلىرى ئۆزلىرى-نىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسىنى سەل-پەلمۇ بوشاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، جەڭگىۋار ئىرادىنى بوشاشتۇرىدىغان ۋە دۈشمەننى سەل چاغلايدىغان ئىدىيىلەرنىڭ ھەرقانداقىغا ئوخشاشلا خاتا. مەسىلىنى بېيپىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى كۆپەيدى، بۇ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، تېچ ئۇسۇل بىلەن، تېز ۋە تەلتۆكۈس ھالدا خەلق جېيفاڭجۈنى بولۇپ تۈزۈلۈشكە مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت. ئەكسىلئىنقىلابنىڭ قالدۇقىنى تېز سۈپۈرۈپ تاشلاش ۋە ئەكسىلئىنقىلابنىڭ سىياسىي تەسىرىنى تېز يوقىتىش جەھەتتىن ئالغاندا، مەسىلىنى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەل

---

قىلغان دوكلاتىدا ئىنقىلابنىڭ تېزلىك بىلەن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋە بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك فاڭجېنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىنقىلاب مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغان ۋەزىيەتتە، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكەشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈردى؛ پارتىيىنىڭ ئىنقىلاب مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم ۋەيجياۋ جەھەتلەردە قوللىنىشقا تېگىشلىك

قىلىش ئۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا يەتمەيدۇ. لېكىن، بۇنداق
ئۇسۇل، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى يوقىتىلغاندىن كېيىن،
مۇقەررەر بارلىققا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئارمىيىمىزگە ۋە خەلققە پايدىلىق، يەنى
يارىدار بولۇش، ئۆلۈش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشتىن ساقلانغىلى
بولىدۇ. شۇڭا، پېچەنجۇنلەردىكى رەھبىرىي يولداشلار بۇنداق
كۈرەش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.
بۇ — بىر خىل كۈرەش ئۇسۇلى، قان تۆكۈلمەيدىغان بىر خىل
كۈرەش ئۇسۇلى، بۇنىڭدىن مەسىلىنى كۈرەشسىز ھەل قىلغىلى بولىدۇ،
دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. سۈييۈەن ئۇسۇلى گومىنداڭنىڭ بىر
قىسىم قوشۇنىنى ئاگلىق ھالدا ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا زادى تەگمەي
ياكى ئاسان تەگمەي تۇرۇش، يەنى بۇ بىر قىسىم قوشۇنغا ۋاق-

ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ۋە جۇڭگونى يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن
سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇش، يېڭى دېموكراتىك جەمئىيەتتىن
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى ۋە
ئاساسىي يولىنى بەلگىلەپ بەردى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ دوكلاتىدا،
شۇ چاغدىكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تۈرلۈك تەركىپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى
ۋە پارتىيىنىڭ قوللىنىشى لازىم بولغان توغرا سىياسەتلەرنى ئالاھىدە
ئېنىق بىلەن تەھلىل قىلدى، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولىنى كۆرسەتتى، بۇ مەسىلىدىكى
تۈرلۈك «سول»چىل ۋە ئوڭچىل ئېغىشلارنى پىپەن قىلدى، شۇنىڭدەك،
جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يۇقۇرىراق سۈرئەت بىلەن بارىدۇ،
دەپ ھۆكۈم قىلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو خەلق دېموكراتىك
ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ئىچكى - تاشقى سىنىپىي
كۈرەشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلەپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ «شېكەر

تىنچە يول قويۇپ، ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتە بىز تەرەپتە تۇرۇشىنى ياكى بىتەرەپ تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن كۈچىمىزنى توپلاپ، ئالدى بىلەن گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بىرتەرەپ قىلىش، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن (مەسىلەن، بىرنەچچە ئاي، يېرىم يىل ياكى بىر يىلدىن كېيىن)، ئاندىن ھېلىقى بىر قىسىم قوشۇننى خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ تۈزۈمى بويىچە خەلق جېيفاڭجۈنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ ــ يەنە بىر خىل كۈرەش ئۇسۇلى. بۇنداق كۈرەش ئۇسۇلى ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ قالدۇغىنى ۋە ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ سىياسى تەسىرىنى بېيىپىڭ ئۇسۇلىغا قارىغاندا كۆپرەك ساقلاپ قالىدۇ، ساقلاپ قېلىش ۋاقتىمۇ ئۇزاقراق بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ قالدۇغى ۋە ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ سىياسى تەسىرى ئاخىر يوقىتىلىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە شەك ـ

يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» پرولېتارىيات ئۈچۈن ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئوز ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھوججەتنى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋر ئىچىدە ئۇلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ تۇرىدىغان قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ دوكلادى ۋە ئۇنىڭ شۇ يىل 6 ـ ئايدا يازغان «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق شىيەنفا رولىنى ئوينىغان «ئومۇمىي گاڭلىڭ»نىڭ سىياسەت ئاساسى بولدى. پارتىيىنىڭ 7 ـ نوۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنـ خۇيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ دوكلادىغا بىنائەن، مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن جۇڭگو جۇڭياڭ خېبىي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدىن بېيىپىڭغا كۆچتى.

شۇبهە يوق. ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچ بىزگە ئىتائەت قىلىشنى بىلەنلا، ئۇلارنى ئىنقىلاپچى بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىدىيىسى ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي قەستى قالمىدى، دەپ ھېساپلاشقا زادى بولمايدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزگەرتىلىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بەزى جاھىل ئەكسىلئىنقىلاپچىلار بېسىقتۇرۇلىدۇ.

2

خەلق جىيفاڭجۈنى ــ مەڭگۈ جەڭ قىلغۇچى دۈي. ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىنمۇ، مەملىكەت ئىچىدە سىنىپلار يوقىتىلمىغان ۋە دۇنيادا جاھانگىرلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخىي دەۋردە، بىزنىڭ ئارمىيىمىز يەنىلا جەڭ قىلغۇچى دۈي بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ توغرىلىق ھېچقانداق خاتا چۈشەنچە ۋە تەۋرىنىش بولماسلىقى كېرەك. خەلق جىيفاڭجۈنى شۇنداقلا يەنە خىزمەت دۈيى، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى جايلاردا مەسىلە بېيپىڭ ئۇسۇلى ياكى سۈييۈەن ئۇسۇلى بىلەن بىرتەرەپ قىلىنىغان چاغدا شۇنداق بولىدۇ. جەڭلەرنىڭ پەيدىن-پەي ئازىيىشى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت دۈيىلىك رولى كۆپىيىدۇ. شۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇزاقتا قالماي خەلق جىيفاڭجۈنى پۈتۈنلەي خىزمەت دۈيىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى مولچەرلىشىمىز لازىم. ھازىر ئارمىيىمىز بىلەن بىللە جەنۇبقا بارماقچى بولۇۋاتقان 53 مىڭ كادىر، بىز تەرەپتىن ئۇزاقتا قالماي ئىشغال قىلىنىدىغان ناھايىتى كەڭ يېڭى رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەك ئازلىق قىلىدۇ، بىز 2 مىليون 100 مىڭ كىشىلىك يېجەنجۈنلىرىمىزنى پۈتۈن-

لەي خىزمەت دۇيىگە ئايلاندۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كادىرلار يېتەرلىك بولىدۇ، كەڭ رايونلارنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ. بىز 2 مىليون 100 مىڭ كىشىلىك يېڭى جۇنلىرىمىزنى غايەت زور كادىرلار مەكتىۋى دەپ قارىشىمىز لازىم.

3

1927 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر، خىزمىتىمىزنىڭ موھىم نۇقتىسى يېزىدا بولۇپ كەلدى، يېزىلاردا كۈچ توپلاپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشىدۇق، ئاندىن شەھەرلەرنى ئالدۇق. بۇنداق خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش دەۋرى ئەمدى تاماملاندى. ھازىردىن تارتىپ شەھەردىن يېزىغا بېرىش ۋە شەھەر ئارقىلىق يېزىغا رەھبەرلىك قىلىش دەۋرى باشلاندى. پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى يېزىدىن شەھەرگە يوتكەلدى. جەنۇپتىكى ھەرقايسى جايلاردا خەلق جېيفاڭجۇنى ئاۋال شەھەرلەرنى، كېيىن يېزىلارنى ئالىدۇ. شەھەرگىمۇ، يېزىغىمۇ ئېتىۋار بېرىش لازىم، شەھەر خىزمىتى بىلەن يېزا خىزمىتىنى، ئىشچىلار بىلەن دىخانلارنى، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. يېزىنى تاشلاپ قويۇپ، شەھەرگىلا ئېتىۋار بېرىشكە مۇتلەق بولمايدۇ، بۇنداق ئويي بولىدىكەن، ئۇ تامامەن خاتا. لېكىن پارتىيە ۋە ئارمىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى شەھەرگە قارىتىش لازىم، شەھەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە شەھەرلەرنى گۈللەندۇرۇشنى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىۋېلىش لازىم. شەھەرلەردە جاھانگىرلارغا، گومىنداڭغا ۋە بۇرژۇئازىيىگە قارشى سىياسى كۈرەش، ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە مەدەنىيەت كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنى ھەمدە جاھانگىرلارغا قارشى ۋەيجياۋ كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنى

ئۈگىنىۋېلىش لازىم. ئۇلارغا قارشى ئاشكارا كۈرەش قىلىشنىمۇ ئۈگىنىۋېلىش كېرەك، يوشۇرۇن كۈرەش قىلىشنىمۇ ئۈگىنىۋېلىش كېرەك. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بەرمىسەك، بۇنداق ئادەملەرگە قارشى ئەنە شۇنداق كۈرەشلەرنى قىلىشنى ئۈگىنىۋالمىساق ھەم بۇ كۈرەشلەردە غەلىبە قازانمىساق، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالمايمىز، ئاياق بېسىپ تۇرالمايمىز، مەغلۇپ بولىمىز. قوراللىق دۈشمەن يوقىتىلغاندىن كېيىن، قورالسىز دۈشمەن يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىز بىلەن مۇقەررەر سۈرەتتە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ، بىز بۇنداق دۈشمەنگە سەل قارىساق، زادى بولمايدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە مەسىلىنى مۇشۇنداق قويمىساق ۋە مۇشۇنداق تونۇمىساق، ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز.

## 4

شەھەرلەردىكى كۈرەشلەردە كىمگە تايىنىمىز؟ بەزى گاللۋاڭ يولداشلار ئىشچىلار سىنىپىغا ئەمەس، كەمبەغەللەر ئاممىسىغا تايىنىمىز، دەپ قارايدۇ. بەزى تېخىمۇ گاللۋاڭ يولداشلار بۇرژۇئازىيىگە تايىنىمىز، دەپ قارايدۇ. سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش يونۇلۇشى جەھەتتە، بەزى گاللۋاڭ يولداشلار، ئاساسەن، دولەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەمەس، بەلكى خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ياردەم بېرىمىز، دەپ قارايدۇ، ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، پەقەت دولەت كارخانىلىرىغا ئەھمىيەت بەرسەك بولىدى، خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ موھىملىغى چاغلىق، دەپ قارايدۇ. بىز بۇنداق مۇجمەل قاراشلارنى پىپەن قىلىشىمىز لازىم. بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشىمىز، باشقا ئەمگەكچىلەر ئاممىسى

بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز، زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، بىز بىلەن ھەمكارلىشىشى مۇمكىن بولغان مىللىي بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن مۇمكىن قەدەر كۆپرەك كىشىلەرنىڭ بىز تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ياكى ئۇلارنى بىتەرەپ تۇرىدىغان قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلارغا، گومىنداڭغا ۋە گۇەنلياۋ بۇرژۇئازىيىسىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، بۇ دۈشمەنلەرنى قەدەممۇ-قەدەم يېڭىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەرھال قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كىرىشىشىمىز، شەھەرلەرنى باشقۇرۇشنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆگىنىۋېلىشىمىز، شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا: بىرىنچى ئورۇندا دۆلەت سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى، ئىككىنچى ئورۇندا خۇسۇسىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، ئۈچىنچى ئورۇندا قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۇرىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەش لازىم. شەھەرلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىز ئەنە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىلىشى كېرەك. قارغۇلارچە كەلسە-كەلمەس تۇتۇپ، كەلسە-كەلمەس دوقۇرۇپ، مەركىزىي ۋەزىپىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، نەتىجىدە بىرەر شەھەرنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىغا بىرقانچە ئاي بولۇپ قالغاندىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يولغا سېلىنماي قېلىشىدىن ھەتتا نۇرغۇن سانائەتلەر توختاپ قالغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشىغا ۋە تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، ئۇلارنىڭ كۇڭچەنداڭدىن نارازى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشىغا ئەسلا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ يولداشلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىشى لازىم، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغان سودا خىزمىتى، بانكا خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئۆگىنىشى لازىم. پەقەت شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە راۋاجلاندۇرۇلغاندىلا، ئىستېمال شەھەرلىرى ئىشلەپچىقىرىش شەھەرلىرىگە ئايلاندۇرۇلغاندىلا، خەلق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنەلەيدۇ. شەھەرلەردىكى باشقا خىزمەتلەر، مەسىلەن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى، باشقا تۈرلۈك خەلق تەشكىلاتلىرى خىزمىتى، مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش خىزمىتى، تۈگ-شۈنشي، گېزىت ۋە رادىيو ئىستانسىسى خىزمىتىگە ئوخشاش خىزمەت-لەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركىزىي خىزمەت ئەتراپىدا بارىدۇ ۋە مۇشۇ مەركىزىي خىزمەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئەگەر بىز ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدە ساۋاتلىق بولماي، ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تېز ئۆگىنىۋالالماي، ئىشلەپچى-قىرىش ئىشلىرىنى مۇمكىن قەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي ۋە راۋاجلاندۇرالماي، ھەقىقىي ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلمەي قالساق، ئالدى بىلەن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى بىرقەدەر ياخشىلىيالمىساق ھەم ئادەتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىرقەدەر ياخشىلىيالمىساق، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالمايمىز، ئاياق بېسىپ تۇرالمايمىز، مەغلۇپ بولىمىز.

## 5

جەنۇپنىڭ ئەھۋالى شىمالنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشمايدۇ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىمۇ بەزىبىر پەرقلەر بولۇشى لازىم. جەنۇپ ـــ ھېلىمۇ گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايون. ئۇ يەردە پارتىيىنىڭ ۋە خەلق جىيفاگجۇنىنىڭ ۋەزىپىسى شەھەر ۋە يېزىلاردا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلىرىنى يوقىتىش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دىخانلار جەمىيىتى ۋە باشقا خەلق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، گومىنداڭ-نىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. يېزىلاردا بولسا، ئالدى بىلەن باسمىچىلارنى يوقىتىش ۋە زومىگەرلەرگە يەنى پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ھوقۇقدارلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرەشىنى قەدەم ـ باس-قۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇرۇش، ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاش لازىم، شۇنداق قىلغاندا، خەلق جىيفاگجۇنى شۇ جايغا يېتىپ بېرىپ تەخمىنەن بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يەر تەقسىم قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىر-لىغىلى بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقى-رىشنى مۇمكىن قەدەر ھازىرقى سەۋىيىسىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شىمالنىڭ ئەھۋالى، ئاز سانلىق يېڭى ئازات رايونلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، تامامەن باشقىچە. بۇ يەردە گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان، خەلق ھوكۇمرانلىغى

ئورنىتىلغان ھەمدە يەر مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنغان. پارتىيىنىڭ بۇ يەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ موھىم نۇقتىسى — ئەنە شۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، قالدۇق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش، پۈتۈن شىمالنى مۇستەھكەملەش، خەلق جىيفاڭجۈنىگە ياردەم بېرىش لازىم.

## 6

بىز كەڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردۇق، پارتىيەنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن، نېمە ئۈچۈن باشقىچە ئىقتىسادىي سىياسەت قوللانماي، مۇشۇنداق ئىقتىسادىي سىياسەت قوللىنىش لازىم، دېگەن مەسىلىدە يەنى مۇشۇنداق نەزەرىيىۋى ۋە پرىنسىپلىق مەسىلىدە پارتىيە ئىچىدە نۇرغۇن مۇجمەل قاراشلار ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىش كېرەك؟ بىزچە، مۇنداق جاۋاپ بېرىش كېرەك: جۇڭگونىڭ سانائىتى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان سالمىقىدا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇن زامانىۋى سانائەت تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول سانائەت تەخمىنەن 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ — جاھانگىرلىك تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جۇڭگونى ئەزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇ — كونا جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىڭ ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى ئىپادىسى، بۇ شۇنداقلا جۇڭگو ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ۋە ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى. مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلغاندا، پارتىيىمىزنىڭ جەنلۇپىسى، سىلۇپىسى ۋە سىياستى جەھەتلىرىدىكى بىرقاتار مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. پارتىيىمىزنىڭ نوۋەتتىكى موھىم ۋەزىپىسى — بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇش ۋە ھەل قىلىش. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا:

بىرىنچى، جۇڭگودا تەخمىنەن 10 پىرسەنتچە زامانىۋى سانائەت ئىگىلىكى بار، بۇ — ئىلغار ئىگىلىك، بۇ قەدىمكى زاماندىكىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇنىڭ ئارقىسىدا جۇڭگودا يېڭى سىنىپلار ۋە يېڭى پارتىيىلەر — پرولېتارىيات ۋە بۇرژۇئازىيە، پرولېتارىيات پارتىيىسى ۋە بۇرژۇئازىيە پارتىيىسى بارلىققا كەلدى. پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى دۈشمەننىڭ قاتمۇ - قات زۇلمىغا ئۇچراش ئارقىسىدا تاۋلاندى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش لاياقىتىگە ئىگە بولدى. كىمكى بۇ نۇقتىغا ئېتىۋارسىز قارايدىغان ياكى سەل قارايدىغان بولسا، ئۇ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

ئىككىنچى، جۇڭگودا يەنە تەخمىنەن 90 پىرسەنتچە تارقاق، يەككە يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت ئىگىلىكى بار، بۇ — قالاق ئىگىلىك، بۇ قەدىمكى زاماندىكىدىن ئانچە كوپ پەرقلەنمەيدۇ، بىزنىڭ يەنە 90 پىرسەنتچە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىز قەدىمكى زامان ھالىتىدە تۇرماقتا. قەدىمكى زاماندا فېوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكى بار ئىدى، ھازىر ئۇ بىز تەرەپتىن بىكار قىلىندى، ياكى بىكار قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ نۇقتىدا بىز قەدىمكى زاماندىكىدىن پەرقلەندۇق، ياكى

پەرقلىنىش ئالدىدا تۇرىمىز، يېزا ئىگىلىكىمىزنى ۋە قول سانائىتى-
مىزنى پەيدىن-پەي زامانىۋىلىشىشقا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانى-
يىتىگە ئېرىشتۇق، ياكى ئېرىشىش ئالدىدا تۇرىمىز. لېكىن، بۈگۈنكى
كۈندە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە،
بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىمىز ۋە قول سانائىتىمىز، ئاساسىي شەكلەيدىن
ئېيتقاندا، يەنىلا تارقاق، يەككە تۇرماقتا ۋە تۇرىدۇ، يەنى قەدىمكى
زاماندىكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. كىمكى بۇ نۇقتىغا ئېتىۋارسىز قاراي-
دىغان ياكى سەل قارايدىغان بولسا، ئۇ «سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق
خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى
خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 10 پىرسەنتى-
چىسىنى تەشكىل قىلىسمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ
ئەڭ كوپ ۋە ئەڭ ئاساسىي كاپىتالى جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ
غالچىسى جۇڭگو گومىنداڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن.
بۇ كاپىتالنى مۇسادىرە قىلىپ، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزگەندە، خەلق جۇمھۇ-
رىيىتى مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگەللەيدۇ، دولەت
ئىگىلىكى پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ رەھبەرلىك تەركىۋىگە ئايلىنىدۇ.
بۇ بىر قىسىم ئىگىلىك كاپىتالىستىك خاراكتېردىكى ئىگىلىك ئەمەس،
سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئىگىلىك. كىمكى بۇ نۇقتىغا ئېتى-
ۋارسىز قارايدىغان ياكى سەل قارايدىغان بولسا، ئۇ ئوڭچىل
جىخۇيجۇيىلىق خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

تۆتىنچى، جۇڭگونىڭ خۇسۇسىي كاپىتالىستىك سانائىتى زامانىۋى
سانائەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ — ئېتىۋارسىز قاراشقا

بولمايدىغان كۈچ. جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل-لىرى جاھانگىرلىكنىڭ، فېئودالىزىمنىڭ ۋە گوۋەنلياۋ كاپىتالىزىمىنىڭ زۇلۇمىغا ياكى چەكلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، خەلق دېموكراتىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى داۋامىدا، كۆپىنچە، ئۇنىڭغا قاتنىشىش ياكى بىتەرەپ تۇرۇش مەيدانىدا تۇرۇپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ھەمدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھېلىمۇ قالاق ھالەتتە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولىدىغان ئۇچۇن يەنە شەھەر ۋە يېزا خۇسۇسىي كاپىتالىزىمىنىڭ ئىجابى تەرىپىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىكى ئۇچۇن زىيانلىق بولماي، پايدىلىق بولغان بارلىق شەھەر ۋە يېزا كاپىتالىزىم تەركىپلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش كېرەك. بۇ مۇقەررەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زورۇر. لېكىن جۇڭگو كاپىتالىزىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاج-لىنىشىدا، ئۇنىڭ كاپىتالىستىك ئەللەردىكىگە ئوخشاش چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئۆز مەيلىچە يامراپ كېتىۋېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئۇ بىرقانچە جەھەتتىن — پائالىيەت دائىرىسى جەھەتتىن، باج سىياسىتى جەھەتتىن، بازار باھاسى جەھەتتىن ۋە ئەمگەك شارائىتى جەھەتتىن چەكلىنىدۇ. بىز كاپىتالىزىمغا نىسبەتەن ھەر جەھەتتىن، جايلارنىڭ، كەسىپلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى مەزگىللىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، دەل لايىق كېلىدىغان، جانلىق بولغان چەكلەش سىياسىتىنى قول-لىنىمىز. سۇن جۇڭشەننىڭ كاپىتالنى چەكلەش شوئارىدىن ھېلىمۇ پايدىلىنىش لازىم ۋە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. لېكىن پۈتۈن خەلق

ئىگىلىگىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنپى ۋە ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن خۇسۇسى كا-
پىتالىزىم ئىگىلىگىنى ھەرگىز بەك قاتتىق ۋە بەك ئۇلۇك چەكلىۋېتىشكە
بولمايدۇ، ئۇنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي سىياستى ۋە
ئىقتىسادىي پىلانى دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاج-
لىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويۇش لازىم. خۇسۇسى
كاپىتالىزىمنى چەكلەش سىياستىنى قوللىنىش بۇرژۇئازىيىنىڭ
بولۇپمۇ خۇسۇسى كارخانىلاردىكى چوڭ كارخانا ئىگىلىرىنىڭ يەنى
چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى ۋە ھەر خىل شەكىل-
دىكى قارشىلىقىغا مۇقەررەر ئۇچرايدۇ. چەكلەش ۋە چەكلەشكە
قارشى تۇرۇش يېڭى دېموكراتىك دولەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى
سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كاپىتا-
لىزىمنى ھازىر چەكلىمەسلىگىمىز كېرەك، «كاپىتالنى چەكلەش»
شوئارىدىن ۋازكېچىش مۇمكىن، دەپ قارىلىدىكەن، بۇ تامامەن خاتا،
بۇ — ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق نۇقتىنەزەر. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە،
ئەگەر خۇسۇسى كاپىتالىنى بەك قاتتىق ۋە بەك ئۇلۇك چەكلەش
كېرەك، دەپ قارىلىدىكەن، ياكى خۇسۇسى كاپىتالنى ناھايىتى تېزلا
يوقىتىۋېتىش مۇمكىن، دەپ قارىلىدىكەن، بۇمۇ تامامەن خاتا، بۇ —
«سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق ياكى تەۋەككۈلچىلىك نۇقتىنەزەر.

بەشىنچى، خەلق ئىگىلىگى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ
90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان تارقاق، يەككە يېزا ئىگىلىگىنى
ۋە قول سانائەت ئىگىلىگىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، پەيدىن-پەي
ئەمما ئاكتىپ ھالدا زامانىۋىلىشىش ۋە كوللېكتىپلىشىش يونۇلۇشىگە
قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلاش مۇمكىن ۋە زورۇر، ئۇنى ئۆز ئېقىشىغا

قويۇپ بېرىش نۇقتىئىنەزىرى خاتا. ئىشلەپچىقىرىش، ئىستىمال ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەشكىل قىلىش ھەم مەركەزدە، ئۆلكىدە، شەھەردە، ناھىيىدە ۋە رايوندا كوپېراتىپلارنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىنى تەشكىل قىلىش لازىم. بۇنداق كوپېراتىپلار — خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان، پۇرولېتارىيات رەھبەرلىگىدىكى دولەت ھاكىمىيىتى باشقۇرىدىغان، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغانلىقى ۋە كوپېراتىپ ئەنئەنىسىنىڭ بولمىغانلىقى بىزنى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇنى تەشكىل قىلىشقا بولىدۇ، تەشكىل قىلىش لازىم، كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. يالغۇز دولەت ئىگىلىگىلا بولۇپ، كوپېراتىپ ئىگىلىگى بولمايدىكەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ يەككە ئىگىلىگىنى پەيدىن-پەي كوللېكتىپلىشىشقا باشلاپ مېڭىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، يېڭى دېموكراتىك جەمئىيەتتىن راۋاجلىنىپ، كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە يېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، پۇرولېتارىياتنىڭ دولەت ھاكىمىيىتىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. كىمكى بۇ نۇقتىغا ئېتىۋارسىز قارايدىغان ياكى سەل قارايدىغان بولسا، ئۇمۇ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. دولەت ئىگىلىگى — سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئىگىلىك، كوپېراتىپ ئىگىلىگى — يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئىگىلىك، بۇلارغا خۇسۇسى كاپىتالىستىك ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك، دولەت بىلەن خۇسۇسىلار ھەمكارلىقىدىكى دولەت كاپىتالىزمى ئىگىلىگى قوشۇلۇپ، خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرقانچە خىل ئاساسىي ئىقتىسادىي تەركىۋى بولىدۇ، بۇلار يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادىي شىڭتەينى تەشكىل قىلىدۇ.

ئالتىنچى، خەلق جۇمھۇرىيىتىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى تاشقى سودىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش سىياسىتىسىز مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو زېمىنىدىن جاھانگىرلىك، فېودالىزم، گۇەنلياۋ كاپىتالىزم ۋە گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقى (بۇ — جاھانگىرلىك، فېودالىزم ۋە گۇەنلياۋ كاپىتالىزمىنىڭ مەركەزلەش-كەن ئىپادىسى) يوقىتىلغان بىلەنمۇ، مۇستەقىل، مۇكەممەل سانائەت تىشىنى قۇرۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇ مەسىلە پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتە كەڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، قالاق يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىنى ئىلغار سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرغاندىلا، ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولغان بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تاشقى سودىنى بىرتۇتاش باشقۇرماي مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلاۋى مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغان ھەم يەر مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىنمۇ، جۇڭگودا ئىككى خىل نېگىزلىك زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرىنچى خىلى — ئىچكى زىددىيەت، يەنى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئىككىنچى خىلى — تاشقى زىددىيەت، يەنى جۇڭگو بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى غەلىبە قازان-غاندىن كېيىنمۇ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، بەلكى كۈچەيتىش زۆرۈر. ئىچكى جەھەتتە كاپىتالنى چەكلەش ۋە تاشقى جەھەتتە سودىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش — مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈرەشتىكى ئىككى ئاساسىي سىياسىتى. كىمكى بۇ نۇقتىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان ياكى سەل قارايدىغان بولسا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق

ئوتكۈزۈپ قويىدۇ.

يەتتىنچى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مىراسى قالاق، لېكىن جۇڭگو خەلقى قەھرىمان ھەم ئەمگەكچان خەلق، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىدىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە موھىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولمايدۇ، بەلكى خېلى تېز بولۇشى مۇمكىن، جۇڭگونىڭ گۈللىنىشى ئۇزاق ئوتمەي ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدىكى ئۇمىتسىز مۇلاھىزىلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

## 7

كونا جۇڭگو ــ جاھانگىرلىك چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت. جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى جاھانگىرلىككە ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش خاراكتىرىدا بولغاچقا، جاھانگىرلار بۇ ئىنقىلاپقا ئىنتايىن ئوچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلدى ۋە گومىنداڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىپ كەلدى. بۇ ھال جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلارغا قارىتا چوڭقۇر غەزەپ ـ نەپرىتىنى تېخىمۇ قوزغىدى ھەم جاھانگىرلارنى جۇڭگو خەلقى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئىناۋىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن جاھانگىرلىك تۈزۈمى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى، جاھانگىرلىككە قارشى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى دۇنياۋى سېپىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى مىسلى كورۇلمىگەن

دەرىجىدە ئاشتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى تىزگىنلىۋېلىش ھوقۇقىنى باسقۇچلۇق ھالدا ۋە تەلتوكۇس پاچاقلاپ تاشلاش فاكتېنىنى قوللىنىشىمىز مۇمكىن ۋە لازىم بولىدى. جاھانگىرلارنىڭ بۇنداق تىزگىنلىۋېلىش ھوقۇقى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى يوقىتىلغان ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ھەر بىر شەھەر ۋە ھەر بىر جايدا جاھانگىرلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى تىزگىنلىۋېلىش ھوقۇقى بىللە يوقىتىلدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تىزگىنلىۋېلىش ھوقۇقىمۇ يوقىتىلدى. لېكىن جاھانگىرلار بىۋاستە باشقۇرغان ئىگىلىك ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ، گومىنداڭ ئېتىراپ قىلغان ۋەيجياۋ خادىملىرى ۋە مۇخبىرلار ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. بۇلارنى ئىلگىرى-كېيىنلىكى، جىددى ياكى جىددى ئەمەسلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز لازىم. گومىنداڭ دەۋرىدىكى ھەرقانداق چەتئەل ۋەيجياۋ ئورگىنى ھەم ۋەيجياۋ خادىمىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، گومىنداڭ دەۋرىدىكى بارلىق ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان بارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرىنى بىكار قىلىش، دەرھال تاشقى سودىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش ۋە خەيگۇەن تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش — مانا بۇلار چوڭ شەھەرلەرگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا ئالدى بىلەن قوللىنىشىمىز لازىم بولغان تەدبىرلەر. مۇشۇ ئىشلار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلار ئالدىدا قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ قالغان ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتىنچە

ساقلىنىپ تۇرۇشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنى نازارەت ۋە تەپتىش قىلىپ تۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغىنىمىزدىن كېيىن، ئاندىن بىرتەرەپ قىلساق بولىدۇ. ئاددى چەتئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ. جاھانگىرلارنىڭ دولىتىمىزنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ھازىرغۇ ئالدىرىماسلىق كېرەك، بەلكى ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدىمۇ ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز باراۋەرلىك پىرىنسىپى بويىچە بارلىق دولەتلەر بىلەن ۋەيجىياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايمىز، لېكىن جۇڭگو خەلقىگە ئەزەلدىن دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەن جاھانگىرلارنىڭ بىزگە ناھايىتى تېزلا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بىزنى دۈشمەن كورىدىغان پوزىتسىيىسىنى قايسى كۈنىگىچە ئۆزگەرتمەيدىكەن، بىزمۇ شۇ كۈنىگىچە جاھانگىر دولەتلەرگە جۇڭگودا قانۇنىي ئورۇن بەرمەيمىز. چەتئەللىكلەر بىلەن تىجارەت قىلىشقا كەلسەك، بۇنىڭدا گەپ يوق، تىجارەت بولسىلا قىلىشىمىز كېرەك، بەلكى ھازىر قىلىشقا باشلىدۇق، بۇ جەھەتتە بىرقانچە كاپىتالىستىك ئەل ـ نىڭ سودىگەرلىرى ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. بىز مۇمكىن قەدەر ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەللەر ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى بىلەن تىجارەت قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەنمۇ تىجارەت قىلىمىز.

## 8

سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىش ۋە دېموكراتىك

بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشنىڭ بارلىق شەرتلىرى پىشىپ يېتىلدى. بارلىق دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارنىڭ ھەممىسى بىز تەرەپتە تۇرماقتا. شاڭخەيدىكى ۋە چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى بۇرژۇئازلار بىز بىلەن مۇناسىۋەت باغلىماقتا. جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا سۇ قاتنىشى ۋە پوچتا ئالاقىلىرى باشلاندى. پارە ـ پارە بولۇۋاتقان گومىنداڭ بارلىق ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىز نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى بىلەن تەنپەن ئوتكۇزمەكچى بولۇۋاتىمىز②. نەنجىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى تەرەپتە بۇ تەنپەنگە تۇرتكە بولۇۋاتقان كۇچ ــ گۇاڭشى شىتۇڭدىكى جۇنفالار، گومىنداڭنىڭ سۇلھى تەرەپدارلىرى ۋە شاڭخەي بۇرژۇئازلىرى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى ــ ئوزلىرىنى بىرلەشمە ھوكۇمەتتە بىر ئۇلۇشكە ئىگە قىلىش، مۇمكىن قەدەر كوپرەك قوشۇن ساقلاپ قېلىش، شاڭخەي ۋە جەنۇپ بۇرژۇئازلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇمكىن قەدەر ساقلاپ قېلىش، بىر ئىلاج قىلىپ ئىنقىلاپنى موتىدىل تۇس ئالدۇرۇش. بۇ گۇرۇھتىكىلەر بىزنىڭ 8 شەرتىمىزنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن زىيىنىنىڭ كوپ بولۇپ كەتمەسلىكىنى كوزلەپ، سودىلاشماقچى بولىدۇ. بۇ تەنپەننى بۇزۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار ــ جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ جاھىل مۇرتلىرى. جياڭ جيېشىنىڭ يەنە 60 شىسى چاڭجياڭنىڭ جەنۇپ تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلار ھېلىمۇ ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز ــ تەنپەندىن باش تارتماسلىق، قارشى تەرەپنىڭ 8 شەرتنى تامامەن ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش، سودىلىشىشقا يول قويماسلىق. بۇنىڭ بەدىلىگە بىزنىڭ ۋەدىمىز ــ گۇاڭشى شىتۇڭدىكىلەرگە ۋە گومىنداڭنىڭ باشقا

سولغى تەرەپدارلىرىغا هۇجۇم قىلماسلىق؛ ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىنى بىرەر يىلغىچە ئۆزگەرتىپ تۈزمەسلىك؛ نەنجىڭ هۆكۈمىتىدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ۋە بىرلەشمە هۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا يول قويۇش؛ شاڭخەي ۋە جەنۇپ بۇرژۇئاز-لىرىنىڭ بەزى مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ماقۇل بولۇش. بۇ تەنپەن ئومۇمىيۈزلۈك تەنپەن بولىدۇ، ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا، بىزنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىمىز ۋە جەنۇپتىكى چوڭ شەھەرلەرنى ئېلىشىمىزدىكى نۇرغۇن توسالغۇلار ئازىيىدۇ، بۇ ناھايىتى پايدىلىق. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىسا، ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئايرىم هالدا يەرلىك خاراكتېردىكى تەنپەنلەرنى ئوتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەنپەن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ ئون كۈنى ئىچىدە بولماقچى. بىز 4 ـ ئاي ياكى 5 ـ ئايدا نەنجىڭنى ئېلىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، بېيپىڭدا سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىپ، بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇشنى ھەمدە بېيپىڭنى پايتەخت قىلىشنى ئۈمىت قىلىمىز. بىز تەنپەن ئوتكۈزۈشكە ماقۇل بولغان ئىكەنمىز، تەنپەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققاندىن كېيىن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقنىڭ بولىدىغانلىقىغا تەييار تۇرۇشىمىز، قارشى تەرەپنىڭ خۇددى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزنىڭ قوسىقىغا كىرىۋېلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەتلەرنى كورسەتكىنىدەك③ سىياسەت قوللىنىشىغا سەگەك مېڭە بىلەن جاۋاپ بېرىشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت روھىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىدىغانلا بولساق، ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەتلەرنى كورسىتىدىغان ھەرقانداق سۇن ۋۇكۇڭنى يېڭەلەيمىز. مەيلى ئومۇمىيۈزلۈك تېچلىق تەنپەنى بولسۇن ياكى قىسمەن تېچلىق تەنپەنى بولسۇن، بىز

ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ، خاتىرجەملىكنى ئىزلەپ، بۇ تەنپەنلەرنى قوبۇل قىلماي قويماسلىقىمىز شۇنىڭدەك بۇ تەنپەنلەرنى كەلسە ـ كەلمەس قوبۇل قىلىۋەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىزنىڭ پرىنسىپچانلىقىمىز قەتئىي بولۇشى شەرت، بىزدە يەنە پرىنسىپچانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يول قويۇلىدىغان ۋە زۆرۈر بولغان ھەممە جانلىقلىقمۇ بولۇشى لازىم.

9

پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى پارتىيىمىزدىن پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپى، پۈتۈن دېھقانلار سىنىپى ۋە كەڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىلار بىلەن ئەستايىدىل ئىتتىپاقلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇلار — مۇشۇ دىكتاتۇرىنىڭ رەھبىرىي كۈچى ۋە ئاساسىي كۈچى. بۇنداق ئىتتىپاقلىق بولمىسا، بۇ دىكتاتۇرىنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ دىكتاتۇرا يەنە پارتىيىمىزدىن شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدىغان مۇمكىن قەدەر كۆپرەك ۋەكىللىرى، زىيالىلىرى ۋە سىياسىي گۇرۇھلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت — ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى يەتىم قالدۇرۇش، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ۋە جاھانگىرلىك كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش؛ ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز سۈرئەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى جاھانگىرلىككە تاقابىل تۇرۇش، جۇڭگونى پۈختا قەدەم بىلەن يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن

سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇش، جۇڭگونى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. شۇنداق بولغانلىقتىن، پارتىيىمىز ـ نىڭ پارتىيە سىرتىدىكى دېموكراتىك زاتلار بىلەن ئۇزاققىچە ھەمـ كارلىشىش سىياسىتىنى پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە ۋە خىز ـ مىتىدە قارارلاشتۇرۇش لازىم. بىز پارتىيە سىرتىدىكى كۆپچىلىك دېموكراتىك زاتلارنى ئۆز كادىرلىرىمىزغا ئوخشاش كۆرۈشىمىز، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى سەمىمىيەتلىك، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مەسلىھەتلىشىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز، ئۇلارغا خىزمەت بېرىشىمىز، ئۇلارنى خىزمەت ئورنىدا ۋەزىپىگە ھوقۇقىمۇ ئىگە قىلىشىمىز، ئۇلارنى خىزمەتتە ئۇتۇق قازىنالايدىغان قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىگە قارىتا ئەستايىدىل ۋە مۇۋاپىق تەنقىت بېرىپ، ياكى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش مەقسىدىگە يېتىش لازىم. ئۇلارنىڭ خاتالىق ياكى كەمچىلىكلىرىگە قارىتا مادارачىلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش توغرا ئەمەس. ئۇلارغا گۇمانچىلىق پوزىتسىيە ياكى شەكلەن مۇناسىـ ۋەتتە بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشمۇ توغرا ئەمەس. ھەر بىر چوڭ شەھەر ۋە ھەر بىر ئوتتۇرا شەھەر، ھەر بىر جەنۇبىلىك رايون ۋە ھەر بىر ئۆلكە بىز بىلەن ھەمكارلىشىشى مۇمكىن بولغان، ئىناۋەتلىك بىر تۈركۈم پارتىيە سىرتىدىكى دېموكراتىك زاتلارنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيىمىز ئىچىدە، پارتىيە سىرتىدىكى دېموكراتىك زاتلارغا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدىكى گۇمانـ خورلۇق ئىستىل ئارقىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ناتوغرا پوزىتـ سىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە تولۇق تۈگەپ

كەتمىسدى، 1947 ـ يىلى كېنجۈيدىسلەردە يەر ئىسلاھاتى دولقۇنى كۆتىرىلگەن مەزگىلدە يەنە كۆرۈلدى. بۇنداق پوزىتسىيە پارتىيە ـ مىزنى يالغۇز قالدۇرىدۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ، دۈشمەننى ئىتتىپاقچىغا ئىگە قىلىپ قويىدۇ، خالاس. ھازىر جۇڭگودا بىرىنچى قېتىم پارتىيىمىز رەھبەرلىگىدىكى سىياسى مەسىلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش لازىم، ئوڭچىل مادارا چىلىق ۋە «سول»چىل گۇەنمېنجۇيىلىق ياكى شەكلەن مۇناسە ـ ۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاھىشقا قارشى تۇرۇپ، تامامەن توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم.

## 10

بىز پات ئارىدا مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىمىز. بۇ غەلىبە جاھانگىرلىكنىڭ شەرق سېپىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ، بۇ غەلىبە ئۇلۇغ خەلقارا ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ بۇ غەلىبىنى مۇستەھكەملەش بولسا ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. بۇرژۇئازىيە بىزنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىمىزگە شەك كەلتۈرىدۇ. جاھانگىرلار بىزنى ئاخىر ئالدىمىزغا كېلىپ تىلەـ چىلىك قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ياشىيالايدۇ، دەپ مۆلچەرلەيدۇ. غەلىبە قازانغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، پارتىيە ئىچىدە مەغرۇرلىنىش

كەيپىياتى، خىزمەت كورسەتتىم دەپ ئوزىگە تەمەننا قويۇش كەيپى-ياتى، توختاپ قېلىپ، ئالغا بېسىشنى ئىزلىمەسلىك كەيپىياتى، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، يەنە جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماسلىق كەيپىياتى ئوسۇپ قېلىشى مۇمكىن. غەلىبە قازانغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، خەلق بىزگە رەخمەت ئېيتىدۇ، بۇرژۇئا-زىيمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خوشامەت قىلىشى مۇمكىن. دۈشمەننىڭ قورال كۈچى بىزنى بويسۇندۇرالمايدۇ، بۇ نۇقتا ئىسپاتلانغان. بۇرژۇئازىينىڭ خوشامىتى بولسا قوشۇنىمىزدىكى ئىرادىسى ئاجىز-لارنى بويسۇندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇنداقىمۇ كوممۇنىستلار بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇلار قوراللىق دۈشمەنگە بويسۇنمىغان، بۇ دۈشمەن ئالدىدا ئوزىنىڭ قەھرىمانلىق نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلغان؛ لېكىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا ئېلىش پەقەت 10 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا باسقانلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ قەدەممۇ مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان بولسا، نىسبەتەن ئازلىق قىلىدۇ، تېخىمۇ مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى تېخى ئالدى-مىزدا. جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگە بىرقانچە 10 يىلدىن كېيىن نەزەر سالساق، كىشىلەر ئۇنى گويا ئۇزۇن بىر سەھنە ئويۇنىنىڭ قىسقىغىنا مۇقەددىمىسىدەك ھېس قىلىشى مۇمكىن. سەھنە ئويۇنى جەزمەن مۇقەددىمىدىن باشلىنىدۇ، لېكىن مۇقەددىمە يۇقۇرى دولقۇن ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇلۇغ، لېكىن ئىنقىلاپتىن كېيىنكى يول تېخىمۇ ئۇزۇن، خىزمەت تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ جاپا-

مۇشەققەتلىك. بۇ نۇقتىنى ھازىرلا پارتىيە ئىچىدە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەككى، يولداشلار كەمتەر بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇر-لانماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلاي-دىغان بولسۇن؛ يولداشلار جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلايدىغان بولسۇن. بىز تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتتىن ئىبارەت ماركسىزم-لېنىنىزم قورالىغا ئىگە. بىز ناچار ئىستىلنى تاشلاپ، ياخشى ئىستىلنى ساقلاپ قالالايمىز. بىز بۇرۇن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايمىز. بىز كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، يېڭى دۇنيا قۇرۇشقىمۇ ماھىر بولىمىز. جۇڭگو خەلقى چاھانگىرلاردىن تىلەم تىلىمەيمۇ ياشىيالايدۇ، بەلكى چاھانگىر دۆلەتلەردىن ياخشىراق ياشىيالايدۇ.

## ئىزاھلار

① 1949-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈنى گومىنداڭ سۇييۈەن ئۆلكىلىك ھوكۈمىتىنىڭ جۇشىي دۇڭ چىزۇ، بىڭتۇەن سىلىڭگۈەنى سۈن لەنفېڭلار قول ئاستىدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتتى. قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قىسىملار 1950-يىل 2-ئاي-نىڭ 21-كۈنىدىن ئېتىۋارەن خەلق جىېفاڭجۈنى سۇييۈەن جۈنچۈيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، 4-ئاينىڭ 10-كۈنى خەلق جىېفاڭجۈنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى.

② نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۈمىتى بىلەن تىنچلىق تەن-پەنى ئۆتكۈزۈش ئىشى توغرىسىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1949-يىل 3-ئاي-نىڭ 26-كۈنى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: «1) تەنپەن باشلاش ۋاقتى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى بولسۇن. 2) تەنپەن ئورنى بېيپىڭ بولسۇن.

3) جۇ ئېنلەي، لىن بوچۈي، لىن بياۋ، يې جيەنيىڭ، لى ۋېيخەنلەر ۋەكىللىككە تەيىنلەنسۇن (4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ نيې رۇڭجېننىمۇ ۋەكىللىككە قوشۇشنى قارار قىلدى)، جۇ ئېنلەي باش ۋەكىل بولسۇن، ئۇلار نەنجىڭ تەرەپنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزسۇن، ماۋزېدۇڭ جۇشىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتى ۋە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 8 شەرت ئىككى تەرەپ تەنپەنىنىڭ ئاساسى قىلىنسۇن. 4) يۇقۇرىدىكى ماددىلار رادىيو ئىستانسىسى ئارقىلىق بۈگۈنلا نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇلسۇن، ئۇلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ۋاقىت ۋە ئورۇن بويىچە ئۆزىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتسۇن، تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ۋەكىللەر 8 شەرت تەلەپ قىلغان زورۇر ماتېرىياللارنى ئالغاچ كەلسۇن.»

③ سۇن ۋۇكۇڭ كىچىك قۇرۇتقا ئايلىنىپ، تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزنىڭ قوسىقىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى يەڭگەنلىكى توغرىسىدىكى چۆچەك ھەققىدە جۇڭگونىڭ ئەپسانىۋى رومانى «شىيۇجى»نىڭ 59 ـ بابىغا قارالسۇن.

# داڭۋېيخۇينڭ خزمەت ئۇسۇلى*

## (1949 ـ يل 3 ـ ئاينڭ 13 ـ كۇنى)

1. داڭۋېي شۇجسى «بەنجاڭ» بولۇشقا ماهر بولۇشى لازم. پارتيينڭ ۋېييۇەنخۇيدا 10 ـ 20 ۋېييۇەن بولىدۇ، ئۇ قوشۇننڭ بر بەنگە ئوخشاش، شۇجى بولسا گويا «بەنجاڭ». بۇ بەنگە ياخشى يېتەكچلك قلش، هەقىقەتەن، ئاسان ئەمەس. هازر جۇڭگياڭجۇيلەر، فېنجۇيلەر ناهايتى چوڭ رايونلارغا رەهبەرلك قلۋاتىدۇ، ناهايتى ئېغر ۋەزپىلەرنى ئوتەۋاتىدۇ. رەهبەرلك خزمتىدە فاڭجېن، سياسەتلەرنىلا بەلگلەش بلەن قالماي، توغرا خزمەت ئۇسۇلنىمۇ تۇزۇپ چقش كېرەك. توغرا فاڭجېن، سياسەتلەر بولغنى بلەن، ئەگەر خزمەت ئۇسۇلغا دقەت قلنمايدىكەن، بەربر، مەسلە تۇغۇلىدۇ. داڭۋېي ئوزننڭ رەهبەرلك ۋەزپىسنى ئورۇنلاش ئۇچۇن، داڭۋېيدكى مۇشۇ «بر بەن ئادەم»گە تاينشى، ئۇلارنڭ رولنى تولۇق جارى قلدۇرۇشى لازم. شۇجى

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ پارتيينڭ 7 ـ نوۋەتلك جۇڭگياڭ ۋېييۇەنخۇينڭ 2 ـ ئومۇميغنندا چقارغان خۇلاسنڭ بر قسمى.

«بەنجاڭ»لىقنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن، ياخشى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى كېرەك. شۇجى، فۇشۇجىلار، ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ «بىر بەن ئادىمى»گە تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەشكىللەش خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۆزى بىلەن ۋېيىۋەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولمىسا، قانداق قىلغاندا مەجلىسلەرنى ياخشى ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلمىسا، بۇ «بىر بەن ئادەم»گە ئوبدان قوماندانلىق قىلىشى ناھايىتى تەس. ئەگەر بۇ «بىر بەن ئادەم»نىڭ ھەركىتى تەكشى بولمايدىكەن، مىليونلىغان ئادەمگە يېتەكچىلىك قىلىپ، جەڭ قىلىشنى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، شۇجىلار بىلەن ۋېيىۋەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت بەنجاڭ بىلەن جەڭچىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىمايدۇ. بۇ پەقەت بىر تەمسىل.

2. مەسىلىنى ئوتتۇرىغا ئوچۇق قويۇش لازىم. «بەنجاڭ»لا شۇنداق قىلىپ قالماستىن، ۋېيىۋەنلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئارقىدا غەيۋەت - شىكايەت قىلماسلىق كېرەك. مەسىلە بولىدىكەن، مەجلىس ئېچىپ، ئوتتۇرىغا ئوچۇق قويۇپ مۇزاكىرە قىلىنسا، ئۇ ۋەقتە بىرنەچچە ماددا بەلگىلەنسە، مەسىلە ھەل بولىدۇ. مەسىلە بار تۇرۇقلۇق ئوتتۇرىغا ئوچۇق قويۇلمىسا، ئۇزاققىچە ھەل بولمايدۇ، ھەتتا بىرنەچچە يىلغا سوزۇلىدۇ. «بەنجاڭ» بىلەن ۋېيىۋەنلەر بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان بولۇشى لازىم. شۇجى بىلەن ۋېيىۋەنلەر، جۇڭياڭ بىلەن جۇڭياڭجۈيلەر، جۇڭياڭجۈيلەر بىلەن چۈيداڭۋېيلار ئارىسىدىكى چۈشىنىش، ياردەم ۋە دوستلۇق ھەممىدىن مۇھىم. بۇ نۇقتىغا كۆپچىلىك ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان ئىدى، 7 - قۇرۇلتايدىن

بېرى بۇ جەھەتتە چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز دىققەت قىلىش كېرەك.

3. «ئۇز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇش» لازىم. بۇ، داڭۋېي ۋېيىۈەن-لىرى بىلىدىغان ئەھۋالنى بىر-بىرىگە ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم، دىگەنلىك. بۇ ئورتاق تىل ھاسىل قىلىشتا ناھايىتى موھىم. بەزى كىشىلەر بۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى لاۋزى ئېيتقاندەك، «توخۇلىرىنىڭ چىللىشى، ئىتلىرىنىڭ ھاۋشۇشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇيۇ، ئۆمۈرۋايەت باردى-كەلدى قىلىشمايدۇ»①، نەتىجىدە ئۆز ئارا ئورتاق تىل كەمچىل بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزدا ماركسىزىم-لېنىنزىمنىڭ ئاساسىي نەزىرىيىۋى مەسىلىلىرىدىمۇ باشقىچە تىل بار، بۇنىڭ سەۋەبى — ئۆگىنىشنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقى. ھازىر پارتىيە ئىچىدىكى تىل بىرقەدەر بىرلىككە كەلدى، لېكىن، مەسىلەر تېخى تولۇق ھەل بولۇپ كەتمىدى. مەسىلەن، يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا قانداق بولسا «ئوتتۇرا دىخان» بولىدۇ ۋە قانداق بولسا «باي دىخان» بولىدۇ دىگەن مەسىلىدە ھېلىمۇ باشقىچە چۈشەنچىلەر بار.

4. بىلمەيدىغان ياكى چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى تۆۋەندىكىلەر-دىن سوراش، يېنىكلىك بىلەن قوشۇلماسلىق ياكى قارشى چىقماسلىق لازىم. بەزى ھۆججەتلەرنىڭ تەييارلانغاندىن كېيىن ۋاقتىنچە تارقى-تىلماي بېسىپ قويۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە بەزى مەسىلىلەر تېخى ئېنىقلانماي، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا توغرا كەلگەنلىگىدىن. بىلمەيدىغان نەرسىنى ھەرگىز بىلمەن دەپ تۇرۇۋالماسلىق، «ئۆزىدىن تۆۋەنلەردىن سوراشنى ئار كورمەسلىك»②

كېرەك، توۋەنىدىكى كادىرلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئاۋۋال ئۇقۇغۇچى بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇقۇتقۇچى بولۇش؛ ئاۋۋال توۋەندىكى كادىرلاردىن مەسلىھەت سوراش، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈش لازىم. جۇڭگىياڭجۈيلەر، ئالدىنقى سەپ ۋېيىۋەنخۇيلىرى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان چاغدا، ھەربى ئەھۋال جىددى بولغان ۋە ئىش ئېنىقلىنىپ بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئىناۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بىزنىڭ چىقارغان قارارىمىز توۋەندىكى كادىرلار ئوتتۇرىغا قويغان توغرا پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، ئۇلار ئەلۋەتتە ھىمايە قىلىدۇ. توۋەندىكى كادىرلارنىڭ سوزىنىڭ توغرىسىمۇ بولىدۇ، ناتوغرىسىمۇ بولىدۇ، ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەھلىل قىلىش كېرەك. توغرا پىكىرلەرنى ئاڭلاش لازىم ھەمدە شۇ بويىچە ئىشلەش كېرەك. جۇڭگىياڭ رەھبەرلىكىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى — جايلار تەمىنلەپ تۇرغان ماتېرىيال، دوكلات ۋە توغرا پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۇرغانلىقى. ئەگەر جايلار ماتېرىيال ئەۋەتمىسە، پىكىر بەرمىسە، جۇڭگىياڭنىڭ توغرا كورسەتمە-بۇيرۇقلارنى چىقىرىشى ناھايىتى تەس. توۋەندىن كەلگەن خاتا پىكىرلەرنىمۇ ئاڭلاش لازىم، زادى ئاڭلىماسلىق توغرا ئەمەس؛ لېكىن ئاڭلىغاندا، شۇ بويىچە ئىشلىمەسلىك، بەلكى ئۇنى تەنقىت قىلىش كېرەك.

5. «گاڭچىن چېلىش»نى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. گاڭچىن چېلىشتا 10 بارماقنىڭ ھەممىسىنى ھەركەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بەزىسىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، بەزىسىنى ھەركەتلەندۈرمىسە بولمايدۇ. لېكىن، 10 بارماقنىڭ ھەممىسىنى تەڭ باسسا، بۇمۇ پەدىگە چۈشمەي

قالىدۇ. ياخشى نەغمە قىلىش ئۈچۈن، 10 بارماقنىڭ ھەركىتى تەڭكەش بولۇشى، ئۆزئارا ماسلىشىشى لازىم. داڭۋېيلار مەركىزىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇشى لازىم ھەم مەركىزىي خىزمەتكە ياندىغان ھالدا باشقا ساھەدىكى خىزمەتلەرنىمۇ بىللە قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ھازىر بىز باشقۇرىدىغان ساھەلەر ناھايىتى كۆپ، جايلار، قوشۇنلار ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك، بىر قىسىم مەسىلىلەرگىلا دىققەت قىلىپ، باشقىلىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلە بار جايلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، بۇ ئۇسۇلنى جەزمەن ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. گاڭچىننى بەزىلەر ئوبدان چالىدۇ، بەزىلەر ئوبدان چالالمايدۇ، بۇ ئىككى خىل كىشى-نىڭ چالغان پەدىسىدە پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. داڭۋېيدىكى يولداشلار «گاڭچىن چېلىش»نى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

6. «چىڭ تۇتۇش» لازىم. بۇ، داڭۋېيلار ئاساسىي خىزمەتنى جەزمەن «تۇتۇش» بىلەنلا قالماي، بەلكى جەزمەن «چىڭ تۇتۇش» كېرەك، دېگەنلىك. ھەرقانداق نەرسىنى چىڭ تۇتقاندىلا، قىلچە بوشاشتۇرمىغاندىلا، تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. تۇتقان بىلەنمۇ چىڭ تۇتماسلىق تۇتمىغانغا ئوخشاش. ئالقاننى ئېچىپ تۇرۇپ، ئەلۋەتتە، ھېچنىمىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. قولنى يۇمغاندىمۇ، چىڭ يۇممىسا، كورۇنۇشتە تۇتقاندەك تۇرسىمۇ، بەرىبىر، ھېچنىمىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئاساسىي خىزمەتنى تۇتۇش-نىغۇ تۇتىدۇ، لېكىن چىڭ تۇتمايدۇ، شۇڭا خىزمەتنى، بەرىبىر، ئوبدان ئىشلىيەلمەيدۇ. تۇتمىسا بولمايدۇ، تۇتقان بىلەنمۇ چىڭ تۇتمىسا، يەنە بولمايدۇ.

7. كوڭۇلدە «سان» بولۇشى لازىم. بۇ، ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنىڭ

جەزمەن سان جەھەتىگە دىقىقەت قىلىش كېرەك، ئاساسىي سان ئۈستىدە تەھلىل بولۇشى كېرەك، دىگەنلىك. ھەرقانداق سۈپەت مۇئەيەن سان بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، سان بولمىسا، سۈپەتمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز بۈگۈنگىچە شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتىگە دىقىقەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئاساسىي تۈگۈنگە، موھىم پىرسەنتكە دىققەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان سانىنىڭ چېكىگە دىقىقەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، ھەممە ئىشتا كۆڭلىدە «سان» يوق، نەتىجىدە خاتالاشماي قالمايدۇ. مەسىلەن، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتا پومىشچىكلار، باي دىخانلار، ئوتتۇرا دىخانلار ۋە كەمبەغەل دىخانلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىگىلىگەن نوپۇسى قانچە، ھەرقايسىسىنىڭ قانچىلىكتىن يېرى بار، بۇ سانلارنى بىلىش لازىم، ئاندىن بۇنىڭغا ئاساسەن، توغرا سىياسەت بەلگىلەپ چىققىلى بولىدۇ. باي دىخان دىگەن نىمە، ھاللىق ئوتتۇرا دىخان دىگەن نىمە، ئېكسپىلاتاتسىيە كىرىمى قانچىلىك بولسا باي دىخان ھېساپلىنىدۇ، قانچىلىك بولسا ھاللىق ئوتتۇرا دىخان ھېساپلىنىدۇ، بۇنىڭدىمۇ سان جەھەتتىكى چەكنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ھەرقانداق ئاممىۋى ھەركەتتە، ئاممە ئىچىدە پائال ھىمايە قىلىدىغانلار قانچە، قارشى تۇرىدىغانلار قانچە، ئارىلىقتىكى ھالەتتە تۇرىدىغانلار قانچە، بۇلار ئۈستىدە ئاساسىي تەكشۈرۈش، ئاساسىي تەھلىل بولۇشى لازىم، مەسىلىلەرنى ئاساسسىز ۋە جۈگۈمەن ھالدا بەلگىلەشكە بولمايدۇ.

8. «خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىش» لازىم. مەجلىس ئۆتكۈزۈشتە، خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقارغاندەك، ئالدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىش لازىمكى، كۆپچىلىك قانداق مەسىلىنىڭ

مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى، قانداق مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى بىلسۇن ھەمدە بالدۇرراق تەييارلىق قىلىپ قويسۇن. بەزى جايلار كادىرلار يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، خۇددى «ئەسكەرلەر كېلىپ بولغان، ئوزۇق-تۈلۈك راسلانمىغان» دىگەندەك، دوكلات ۋە قارار لايىھەلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ قويماي، مەجلىس قاتناشچىلىرى كەلگەندە، ئاندىن قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. ئەگەر تەييارلىق بولمايدىكەن، مەجلىس ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك.

9. «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش» لازىم. سوز، نۇتۇق، ماقالا ۋە قارار قىسقا، مەزمۇنلۇق بولۇشى كېرەك. مەجلىسنىمۇ بەك ئۇزاققا سوزۇۋەتمەسلىك كېرەك.

10. ئوزىمىز بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، بىللە ئىشلەشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مەيلى جايلاردا ياكى قوشۇنلاردا بولسۇن، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەرگىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. بىز ھەممىمىز ھەر يەر-ھەر يەردىن كېلىپ توپلانغانىمىز، بىز ئوزىمىز بىلەن بىر پىكىردە بولغان يولداشلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئوزىمىز بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان يولداشلار بىلەنمۇ ئىتتىپاق بولۇپ، بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئارىمىزدا چوڭ خاتالىق ئوتكۈزگەن كىشىلەرمۇ بار، بۇ كىشىلەرنى يامان كورمەستىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

11. مەغرۇرلىنىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. بۇ — رەھبەرلەر ئۈچۈن پىرىنسىپلىق بىر مەسىلە، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقلىقنى ساقلاشنىڭمۇ موھىم بىر شەرتى. چوڭ خاتالىق ئوتكۈزمىگەن بەلكى خىزمەتتە خېلى زور ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرمۇ مەغرۇرلانماسلىقى لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەشنى مەنئى قىلىش، يەرلەر، كوچىلار ۋە كارخانىلارنى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشنى مەنئى قىلىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ساقلاش لازىم، مەدھىيىچىلىك ھادىسىلىرىنى توسۇش كېرەك.

12. ئىككى خىل چەكىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. ئەڭ ئاۋال، ئىنقىلاپمۇ ياكى ئەكسىلئىنقىلاپمۇ؟ يەنئەنمۇ ياكى شەنمۇ③؟ بۇنى ئايرىش كېرەك. بەزى كىشىلەر بۇنداق چەكىنى ئېنىق ئايرىش لازىملىقىنى بىلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلار گوەنلياۋجۇيىغا قارشى تۇرۇشتا، يەنئەننى «بىرمۇ توغرا يېرى يوق»تەك كورسىتىدۇ، ۋاھالەنكى، يەنئەننىڭ گوەنلياۋجۇيىسى بىلەن شەننىڭ گوەنلياۋجۇيىسىنى سېلىشتۇرۇپ كورمەيدۇ، پەرقىنى ئايرىمايدۇ. بۇ-تۇپتىن خاتالاشقانلىق. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئىچىدە توغرا بىلەن خاتانىڭ، ئۇتۇق بىلەن كەمچىلىكنىڭ چېكىنى ئېنىق ئايرىش، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئاساسىي ئورۇندا، قايسىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىقلاش كېرەك. مەسىلەن، ئۇتۇق زادى 3 ئۇلۇشمۇ، ياكى 7 ئۇلۇشمۇ؟ ئاز دەپ قويغان بىلەنمۇ بولمايدۇ، كوپ دەپ قويغان بىلەنمۇ بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىدە، زادى ئۇتۇق 3 ئۇلۇش، خاتالىق 7 ئۇلۇشمۇ ياكى ئۇتۇق 7 ئۇلۇش، خاتالىق 3 ئۇلۇشمۇ؟ بۇنىڭدا بىر توپ مولچەر بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇتۇق 7 ئۇلۇش بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەك. ئۇتۇق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇقلۇق، خاتالىق ئاساسىي ئورۇندا دېيىلسە، ئۇ پۈتۈنلەي خاتا بولىدۇ. بىز مەسىلىگە قاراشتا،

بۇ ئىككى خىل چەكنى — ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ چېكىنى، ئۇتۇق بىلەن كەمچىلىكنىڭ چېكىنى ئېنىق ئايرىشنى زادى ئۇنتۇمالىقىمىز لازىم. مۇشۇ ئىككى خىل چەكنى ئەستە تۇتقاندا، ئىش ئاسان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. تەبىي، چەكنى ئوبدان ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىنچىكىلەپ تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش لازىم. بىز ھەر بىر ئادەم ۋە ھەر بىر ئىشقا قارىتا تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشىمىز كېرەك.

مېنىڭچە ۋە جېڭجىجۇيدىكى يولداشلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، يۇقۇرىدىكى ئۇسۇللار بولغاندىلا، ئاندىن داگۇيېنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلغىلى بولىدۇ. قۇرۇلتاينى ئوبدان ئۆتكۈزگەندىن تاشقىرى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ۋېيۈەنخۇيلىرى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى ناھايىتى مۇھىم. بىز خىزمەت ئۇسۇلىغا جەزمەن ئەھمىيەت بېرىپ، داگۇيېنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① «لاۋزى»نىڭ 80-بابىغا قارالسۇن. ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «خوشنا ئەللەر بىر-بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، توخۇلىرىنىڭ چىللىشى، ئىتلىرىنىڭ ھاۋشۇشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇيۇ، خەلقى ئۆمۈرۋايەت باردى-كەلدى قىلىشمايدۇ.»

② «لۇنيۈي»نىڭ «گۇڭيې چاڭ — 5-بابى»غا قارالسۇن. ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «ئۇ زېرەك ۋە ئىلىمگە خۇشتار ئىدى، ئۆزىدىن تۆۋەنلەردىن سوراشنى ئار كۆرمەيتتى.»

③ يەنئەن — 1937 - يىل 1 - ئايدىن 1947 - يىل 3 - ئايغىچە جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ تۇرغان جاي، شەن — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىبېيدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى، يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇلارنى ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپقا تەمسىل قىلدۇ.

# نەنجڭ هوكۇمتى نەگە باردۇ؟

**(1949 - يل 4 - ئاينڭ 4 - كۈنى)**

نەنجڭ گومنداڭ هوكۇمتى ۋە ئۇنڭ هەربى - مەمۇرى خادم-لرى ئالددا ئككى يول تۇرۇپتۇ: بىرى — جياڭ جيېشى ئۇرۇش جنايەتچلرى گورۇهى ۋە ئۇنڭ خوجاينى ئامېركا جاهانگرلگى تەرەپكە ئوتۇش، يەنى خەلق بلەن داۋاملق دۈشمەنلشپ، خەلق ئازاتلق ئۇرۇشدا جياڭ جيېشى ئۇرۇش جنايەتچلرى گورۇهى بلەن برلكتە گۇم بولۇش؛ يەنە بىرى — خەلق تەرەپكە ئوتۇش، يەنى جياڭ جيېشى ئۇرۇش جنايەتچلرى گورۇهى ۋە ئامېركا جاهانگرلگدن ئالاقسنى ئۈزۈل - كېسل ئۈزۈپ، خەلق ئازاتلق ئۇرۇشدا خزمەت كورستپ جنايتنى يۇيۇپ، خەلقنڭ كەچۈرۈ-لمك قلشى ۋە ئەپۇ قلشغا ئېرشش. ئۈچنچى يول يوق.

نەنجڭدكى لى زۇڭرېن - خې يڭچن هوكۇمتدە① ئۈچ قسم ئادەم بار. بر قسم ئادەملەر برنچى يولدا قەتئى ماڭدۇ. ئۇلار، ئاغزدا هەرقانچە چرايلق سوزلەرنى قلسمۇ، هەركتدە، داۋاملق ئۇرۇش تەييارلايدۇ، داۋاملق ۋەتەن ساتدۇ، هەققى تېچلقنى

تەلەپ قىلغۇچى خەلقنى داۋاملىق ئېزىدۇ ۋە قىرىدۇ. ئۇلار — جياڭ جيېشىنىڭ جاھىل مۇرتلىرى. بىر قىسىم ئادەملەر ئىككىنچى يولدا مېڭىشنى خالايدۇ، لېكىن ئۇلار تېخى ھەل قىلغۇچ ھەركەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى — ئاچا يولدا ئارىسالدا بولۇپ تۇرغان، ھەركەت يۆنىلىشى ئېنىق بولمىغان ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ھەم جياڭ جيېشى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى رەنجىتكۈسى كەلمەيدۇ، ھەم خەلق دېموكراتىك لاگېرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ۋە ئۇلار ئىچىگە ئېلىشىغا ئېرىشىش بولغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بۇ — خام خىيال، مۇمكىن ئەمەس.

نەنجىڭدىكى لى زۇڭرېن - خې يىڭچىن ھۆكۈمىتى، ئاساسىي جەھەتتىن، بىرىنچى قىسىم ئادەملەر بىلەن ئۈچىنچى قىسىم ئادەملەرنىڭ بىرىكمىسى، ئۇنىڭدا ئىككىنچى قىسىم ئادەملەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. بۇ ھۆكۈمەت تا بۈگۈنگىچە جياڭ جيېشى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قورالى بولۇپ كەلمەكتە.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭدا تۇغۇلغان پاجىئە② ھېچقانداق تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. بۇ — لى زۇڭرېن - خې يىڭچىن ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىنى، جياڭ جيېشىنىڭ جاھىل مۇرتلىرىنى ۋە ئامېرىكا تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ — لى زۇڭرېن - خې يىڭچىن ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ جاھىل مۇرتلىرى بىلەن بىرلىكتە «باراۋەرلىك ئاساسىدىكى شەرەپلىك تېچلىق» دېگەن نىمنى بىمەنىلىك بىلەن تەرغىپ قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو كۆكچەندا ئىچىلىق تېچلىق شەرتىگە بولۇپمۇ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشقا قارشى چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى. لى زۇڭرېن - خې يىڭچىن ھۆكۈمىتى جۇڭگو كۆكچەندا ئىكى بىلەن تېچلىق توغرىسىدا تەنپەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بېيپىڭغا تېچلىق

تەنپەنى ۋەكىللەر ئۇمگى ئەۋەتكەن ھەمدە جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ 8 ماددىلىق شەرتىنى تەنپەننىڭ ئاساسى قىلىشقا رازى بولغان ئىكەن، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەگەر بۇ ھوكۇمەتتە ئەڭ تۇۋەن سەممىيەت بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇ نەنجىڭ پاجەسىنى بىرتەرەپ قىلىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، باش قاتىل جياڭ جيېشى، تاڭ ئېنبو، جاڭ ياۋمىڭلارنى قولغا ئېلىشى ۋە قاتتىق جازالىشى، نەنجىڭ، شاڭخەيلەردىكى ئىشپىيون، لۇكچەكلەرنى قولغا ئېلىشى ۋە قاتتىق جازالىشى، تىچلىققا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغان، تىچلىق تەنپە-نىگە پاتال بۇزغۇنچىلىق قىلغان، خەلق جىيفاڭجۇنىنىڭ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە قارشىلىق كورستىشكە پاتال تەييار-لانغان ئىنقىلاپقا قارشى باش جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىشى ۋە قاتتىق جازالىشى كېرەك. چىڭ فۇ ئۇلمىسە، لۇ بەگلىگىدە ئاپەت تۇگمەي-دۇ③. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى يوقىتىلمىسا، ئەلدە ئامانلىق بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەت تېخى چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

بىز نەنجىڭ ھوكۇمىتىگە شۇنى جىددى ئۇقتۇرىمىزكى، ئەگەر بۇ ئىشنى قىلىشقا چاماڭلار يەتمىسە، ئۇ ھالدا، چاڭجياڭدىن ئوتۇپ جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەش ئالدىدا تۇرغان خەلق جىيفاڭجۇنىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىغا ياردەملىشىڭلار. ۋاقىت بۇگۇنكى كۇنگە يەتتى، قۇرۇق گېپىڭلارنى قويۇڭلار، ئەمدى بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ، خىزمەت كورستىپ جىنايىتىڭلارنى يۇغىنىڭلار ياخشى. شۇ چاغ-دىلا، سەرگەردان بولۇپ قېچىپ يۇرۇشتىن، جياڭ جيېشىنىڭ جاھىل مۇرىتلىرىنىڭ دەردىنى تارتىۋېرىشتىن، خەلق تەرىپىدىن مەڭگۇ-لۇككە ئىرغىتىپ تاشلىنىشتىن ساقلىنالايسىلەر. بۇ — سىلەر ئۇچۇن ئاخىرقى پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار. خەلق

جىېفاڭجۇنى مانا ئەمدى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ سىلەرنى قۇرۇق سۆز بىلەن قورقۇتقانلىق ئەمەس، 8 ماددىلىق شەرتنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدىكى كېلىشىمگە مەيلى ئىمزا قويۇڭلار، مەيلى ئىمزا قويماڭلار، خەلق جىېفاڭجۇنى، بەرىبىر، ئىلگىرىلە-ۋېرىدۇ. بىر كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىلگىرىلەش بىرقانچە تەرەپكە پايدىلىق — خەلققە پايدىلىق، خەلق جىېفاڭجۇنىگە پايدى-لىق، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىتۇڭدىكى خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆز جىنايىتىنى يۇيۇشنى خالايدىغان ھەممە كىشىگە پايدىلىق، گومىن-داڭ ئارمىيىسىدىكى كەڭ جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلەرگە پايدىلىق، پەقەتلا جياڭ جېيشىغا، جياڭ جېيشىنىڭ جاھىل مۇرتىلىرىغا، جاھان-گىرلارغا پايدىسىز. بۇنداق كېلىشىم ئىمزالانمىسىمۇ، ئەھۋال ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، قىسمەن دائىرىلىك تەنىپەن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن. يەنە جەڭلەر بولار، لېكىن ئانچە كۆپ بولماس. شىنجياڭدىن تەيۈەنگىچە بولغان بۇنداق كەڭ رايون ۋە ئۇزۇن ئۇرۇش سېپىدە گومىنداڭنىڭ ئاران 1 مىليون 100 مىڭ كىشىلىكچە ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمى قالدى، قىلغۇدەك ئانچە كۆپ جەڭ قالمىدى. مەيلى ئومۇمىي خاراكتىرلىق بىر كېلىشىم ئىمزالانسۇن، مەيلى بۇنداق كېلىشىم ئىمزالانماي، نۇرغۇن قىسمەن خاراكتىرلىق كېلىشىم ئىمزالانسۇن، جياڭ جېيشىغا، جياڭ جېيشىنىڭ جاھىل مۇرتىلىرىغا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە نىسبەتەن ئەھۋال ئوخشاش، ئۇلار چوقۇم ھالاك بولىدۇ. ئومۇمىي خاراكتىرلىق بىر كېلىشىم ئىمزالانسا، نەنجىڭ تەرەپ ئۈچۈنمۇ، بىز تەرەپ ئۈچۈنمۇ، ئىمزالانمىغانغا قارىغاندا، سەل پايدىلىقراق بولۇشى

مۇمكىن، شۇڭا بىز ھېلىمۇ بۇنداق كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ئۈچۈن تىرىشىمىز. لېكىن بۇنداق ئومۇمىي خاراكتېرلىق كېلىشىم ئىمزالانغاندا، كاشىلىسى كۆپ نۇرغۇن ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كېلىشىم ئىمزالانماي، نۇرغۇن قىسمەن دائىرىلىك كېلىشىم ئىمزالانسا، بىزگە كۆپ يېنىكلىك بېرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئەشۇنداق كېلىشىم ئىمزالاشقا تەييارمىز. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ شۇنداق قىلىشنى خالايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بارلىق خام خىيال ۋە بارلىق قۇرۇق سۆزلەرنى تاشلىشى كېرەك. بىز سىلەرنى بۇنداق قەتئىي نىيەتكە كېلىشكە مەجبۇرلىمايمىز. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، سىلەر بۇنداق قەتئىي نىيەتكە كېلەمسىلەر، كەلمەمسىلەر، ئىختىيار ئۆزەڭلاردا، يەنى سىلەر ياكى جياڭ جيېشى بىلەن ستۇئارت لېيتوننىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرامسىلەر، ياكى بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرىپ، بىز بىلەن بىللە تۇرامسىلەر، بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارى ئۆزەڭلاردا. لېكىن تاللىۋېلىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت قالمىدى، خەلق جيېفاڭجۈنى ئەمدى يۈرۈش قىلىدۇ، دىلىغول بولۇپ تۇرۇشقا پەقەت ئورۇن قالمىدى.

## ئىزاھلار

① سۈن كې ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، لى زۇڭرېن ئۇنىڭ ئورنىغا 1949 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خې يىڭچىننى قورچاق شىڭجېڭيۈەننىڭ يۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى.

② 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەنجىڭدىكى جۇەنكېيدىن
يۇقۇرى 11 مەكتەپنىڭ 6 مىڭدىن كوپرەك ئوقۇغۇچىسى نامايىش
ئۆتكۈزۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىدىن جۇڭگو گوڭچەنداڭ-
نىڭ 8 ماددىلىق تىنچلىق شەرتىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ۋېيشۇ زۇڭسىلىڭى جاڭ ياۋمىڭ جياڭ جيېشىنىڭ
تاپشۇرۇغى بويىچە، ھەربىلەر، ساقچىلار ۋە ئىشپىيونلارنى ئىشقا سېلىپ،
نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق ئۇردى، ئوقۇغۇچىلاردىن 2 سى
ئولدى، 100 دىن كوپرەكى يارىدار بولدى.

③ بۇ ھەقتە «زوجۇەن» دېگەن كىتاپقا قارالسۇن. چىڭ فۇ ــ جۇنچيۇ
دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى، ئۇ لۇ بەگلىكىدە كوپ قېتىم
ئىچكى توپىلاڭ تۇغدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر 2 بەگنى ئولتۇرگەن. شۇ
زاماندىكى كىشىلەر ئارىسىدا: «چىڭ فۇ يوقالمىسا، لۇ بەگلىكىدە ئاپەت
تۈگىمەيدۇ» دېگەن سوز تارقالغان ئىكەن. كېيىنكىلەر ئىچكى توپىلاڭ
تۇغدۇرغانلارنى ھەمىشە چىڭ فۇغا ئوخشىتىدىغان بولدى.

# پۈتۈن مەملكەتكە يۈرۈش قلش توغرسدا بۇيرۇق*

**(1949 - يل 4 - ئاينڭ 21 - كۈنى)**

ھەرقايسى يېجەنجۈنلەردىكى بارلق جۈنخۇيىۋەن ۋە جەڭچى يولداشلار، جەنۇبتىكى پارتزان رايونلرىدا تۇرۇشلۇق خەلق جېفاڭجۈندىكى يولداشلار:

---

* بۇ بۇيرۇقنى يولداش ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان. گومىنداڭ ئەكسيەتچى ھوكۈمىتى ئىچكى تېچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، خەلق جېفاڭجۈنى ماۋ زېدۇڭ جۇشىنىڭ ۋە جۇ دې زۇڭسىلىڭىنىڭ مۇشۇ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تېخى ئازات قىلىنمىغان كەڭ رايونلارغا مىسلىسىز كەڭ كولەمدە ئومۇمىيۈزلۈك يۈرۈش قىلدى. ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان 2 - يېجەنجۈن بىلەن چېن يى، سۇ يۈي، تەن جېنلىن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان 3 - يېجەنجۈن 1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتىگەندە، غەربتە جيۇجياڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خۇكۇدىن باشلىنىپ شەرقتە جياڭيىنغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان سەپ

جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن نەنجىڭ
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇزاق ۋاقىت تەنپەن
قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى نەنجىڭ
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى①. نەنجىڭ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىچكى تىنچلىق
كېلىشىمىنى رەت قىلدىكى، ئۇلار ھېلىمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ
ۋە گومىنداڭ باسمىچىلىرى باشلىقى جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا
ئىتائەت قىلماقتا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىشىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىنى
توسۇشقا، ئىچكى مەسىلىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى
توسۇشقا ئۇرۇنماقتا. ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ تەنپەنى
ئارقىلىق تۈزۈلگەن 8 ماددا 24 تارماقلىق ئىچكى تىنچلىق كېلىشى-
مىدە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى مەسىلىسىنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر-
تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى جۈنگۈەنلەر ۋە
ئەسكەرلەرنىڭ ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خادىملىرىنىڭ كەڭچىلىك

بويىچە چاڭجياڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ مىڭبىر جاپا بىلەن
3 يېرىم ئايدا قۇرۇپ چىققان چاڭجياڭ مۇداپىئە سېپىنى ئۈزۈل-كېسىل
يىمىرىپ تاشلىدى. 4-ئاينىڭ 23-كۈنى گومىنداڭنىڭ 22 يىلدىن
بۇيان ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن
نەنجىڭنى ئازات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىرقانچە
يۆنۈلۈش بويىچە جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، 5-ئاينىڭ 3-كۈنى
خاڭجۇنى ئازات قىلدى، 5-ئاينىڭ 22-كۈنى نەنچاڭنى ئازات
قىلدى، 5-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى شاڭخەينى
ئالدى. 6-ئايدا فۇجيەنگە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. 8-ئاينىڭ

بىلەن بىرتەرەپ قىلىنىدىغانلىقى، باشقا مەسىلىلەرنىڭمۇ مىللى مەنپەئەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ رەت قىلىنغانلىقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى قوزغىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ رەت قىلىنغانلىقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەكلىپ قىلغان تېچلىق تەنپەننىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئارام ئېلىۋېلىش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن قايتا باش كۆتىرىپ چىقىپ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش مەقسىتىدە

---

17 ـ كۈنى فۇجۇنى ئازات قىلدى، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شيامېننى ئازات قىلدى. لىن بياۋ، لو روڭخۇەن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلغان 4 ـ بېجەنجۈن 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋۇخەننىڭ شەرقىدىكى تۇەنفېڭدىن ۋۇشۇېگىچە بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئوشۇق كېلىدىغان جايدا چاڭجياڭدىن بوسۇپ ئۆتتى. 5 ـ ئاينىڭ 16، 17 ـ كۈنلىرى خۇاجۇڭدىكى موھىم شەھەرلەردىن ۋۇچاڭ، خەنياڭ ۋە خەنكۈنى ئازات قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە جەنۇپقا قاراپ خۇنەنگە يۈرۈش قىلدى. گومىنداڭنىڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جۇشى چېڭ چيەن، 1 ـ بىڭتۇەننىڭ سىلىڭى چېن مىڭرېن 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، شۇنداق قىلىپ، خۇنەن ئۆلكىسى تېچ يول بىلەن ئازات بولدى. 4 ـ بېجەنجۈن 9 ۋە 10 ـ ئايلاردا خېڭياڭ ـ باۋچىڭ جەنىيسىنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ بەي چۇڭشى قوشۇنىنىڭ ئاساسى كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەنە گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشىلارغا يۈرۈش قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گۇاڭجۇنى ئازات قىلدى، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گۇيلىننى ئازات قىلدى، 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى نەننىڭنى ئازات قىلدى. 2 ۋە

خەلق جىيفاڭجۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ رەت قىلىنغانلىقى نەنجىڭ لى زۇڭرېن هوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ تېچلىق توغرىسىدىكى 8 شەرتىنى تەنپەنىنىڭ ئاساسى قىلىشنى ئېتىراپ قىلىمىز، دىگىنىنىڭ تامامەن ساختا ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. چۇنكى، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاشنى، گومىنداڭنىڭ بارلىق ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنى دېموكراتىك پرىنسىپ بويىچە ئوزگەرتىپ تۇزۇشنى، نەنجىڭ هوكۇمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق هەر دەرىجىلىك هوكۇمەتلەرنىڭ هەممە هوقۇقىنى ئوتكۇزۇۋېلىشنى هەم باشقا

---

3 - يېجەنجۇنلەر چاڭجياڭدىن ئوتۇش جېڭىنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، نىې رۇڭجېن، شۇي شياڭچيەن قاتارلىق يولداشلار رەهبەرلىك قىلغان خۇابېيدىكى بىڭتۇەنلەر 4 - ئاينىڭ 24 - كۇنى تەييۇەننى ئالدى. پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ قاتارلىق يولداشلار رەهبەرلىك قىلغان 1 - يېجەنجۇن 5 - ئاينىڭ 20 - كۇنى شەننى ئازات قىلغاندىن كېيىن، خۇابېينىڭ 2 بىڭتۇەنى بىلەن بىرلىكتە شىبېيدىكى گومىنداڭ هوكۇمەرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلارغا داۋاملىق يۇرۇش قىلدى، 8-ئاينىڭ 26 - كۇنى لەنجۇنى ئالدى، 9 - ئاينىڭ 5 - كۇنى شىنىڭنى ئازات قىلدى، 9 - ئاينىڭ 23 - كۇنى يىنچۇەننى ئازات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۇي قوشۇنلىرىنى پۇتۇنلەي يوقاتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - ئون كۇنى ئىچىدە گومىنداڭنىڭ شىنجياڭ ئولكىسىنىڭ جىڭبېي زۇڭسىلىڭى تاۋ جىيۇې، ئولكە جۇشىسى بۇرهان قوزغىلاڭ كوتىرىپ بىز تەرەپكە ئوتكەنلىگىنى ئېلان قىلدى، شۇنداق قىلىپ، شىنجياڭ ئولكىسى تېچ يول بىلەن ئازات بولدى. لىۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار رەهبەرلىك قىلغان 2 - يېجەنجۇن خې لۇڭ، لى جىڭچۇەن قاتارلىق يولداشلار رەهبەرلىك قىلغان

ئاساسىي شەرتلەرنى ئېتىراپ قىلىغان ئىكەن، ئەنە شۇ ئاساسىي شەرتلەرگە بىنائەن تۈزۈلگەن بەلكى ئىنتايىن كەڭچىلىك قىلىنغان كونكرېت چارىلەرنى رەت قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز سىلەرگە مۇنۇلارنى بۇيرۇيمىز:

1. باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىڭلار، جۇڭگو زېمىنىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان بارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازات قىلىڭلار، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداڭلار.

خۇابېي يېجەنجۇنىنىڭ 18 - بىڭتۇەنى ۋە 1 - يېجەنجۇنىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرلىكتە 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىنەنگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گۈيياڭنى ئازات قىلدى، 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۇڭچىڭنى ئازات قىلدى. 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى گومىنداڭنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى لۇ خەن، شىكاڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى ليۇ ۋېنخۇي، شىنەن ھەربى - مەمۇرى جاڭگۇەن مەھكىمىسىنىڭ فۇجاڭگۇەنلىرى دېڭ شىخۇ، پەن ۋېنخۇا قاتارلىقلار قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، شۇنداق قىلىپ، يۈننەن، شىكاڭ ئۆلكىلىرى تېچ يول بىلەن ئازات بولدى. 12 - ئاينىڭ 3 - ئون كۈنى ئىچىدە، شىنەن رايونىغا كىرگەن خەلق جېيفاڭجۈنى چېڭدۇ جەنۇبىسىنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ خۇ زۇڭـ نەن قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، 27 - كۈنى چېڭدۇنى ئازات قىلدى. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خەلق جېيفاڭـ جۈنى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ شىزاڭدىن باشقا ھەممە يېرىنى ئازات قىلدى.

2. باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىڭلار، جىنايەتتىن قول ئۈزمىگەن بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىڭلار. ئۇلار مەيلى نەگە قېچىپ كەتكەن بولسۇن، ھەممىسنى تۇتۇپ كېلىپ قانۇن بويىچە جازالاڭلار، بولۇپمۇ باسمىچىلار باشلىغى جياڭ جيېشىنى تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار.

3. گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق يەرلىك ھوكۇمەتى ۋە يەرلىك ھەربى گۇرۇھىغا ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى ئېلان قىلىڭلار. ئۇرۇشنى توختىتىشنى، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالىغۇچىلار بىلەن مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھىنىڭ روھى بويىچە يەرلىك كېلىشىم تۈزسەڭلار بولىدۇ.

4. خەلق جيېفاڭجۈنى نەنجىڭنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئەگەر نەنجىڭ لى زۇڭرېن ھوكۇمەتى تېخى قېچىپ تارقىلىپ كەتمىگەن بولسا ھەمدە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى خالايدىغان بولسا، بىز ئەشۇ ھوكۇمەتنىڭ ئىمزا قويۇشىغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىشنى خالايمىز.

جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيىۈەنخۇيىنىڭ
جۇشىسى: ماۋ زېدۇڭ
جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ
زۇڭسىلىڭى: جۇ دې

ئىزاھ

① 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى تىنچلىق تەنپەنى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيپىڭغا كېلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزدى.

يېرىم ئاي ئەنپەن ئۇتكۇزۇش ئارقىسىدا ئىچكى تېچلىق كېلىشىمى تۇزۇپ چىقىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ۋەكىللەر ئومىكى ئىچكى تېچلىق كېلىشىمى (ئەڭ ئاخىرقى تۇزىتىلگەن لايىھىسى)نى نەنجىڭ هوكۇمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئومىكىگە تاپشۇرغان ئىدى، 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى نەنجىڭ هوكۇمىتى ئۇنى رەت قىلدى. ئىچكى تېچلىق كېلىشىمى (ئەڭ ئاخىرقى تۇزىتىلگەن لايىھىسى)نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسى ئامېرىكا هوكۇمىتىنىڭ .ياردىمى ئاستىدا، خەلق ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى بۇزۇپ، جۇڭگو گوڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇش نامى ئاستىدا جۇڭگو خەلقىگە ۋە جۇڭگو خەلق جىيەفاڭجۇنىگە قارشى مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ ئۇرۇشقا هازىر 2 يىل 9 يېرىم ئاي بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىدىن، پۇتۇن مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن زور بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچرىدى، دولەتنىڭ مالىيە كۇچى ۋە ماددى كۇچى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچرىدى، دولەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىمۇ يېڭى زىيانلارغا ئۇچرىدى. پۇتۇن مەملىكەت خەلقى نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىنىڭ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىلىق مەيدانىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىش، گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دىخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يولەك بولۇشتىن ئىبارەت توغرا سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا شۇنىڭدەك سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ئىنقىلاۋىي ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا ئەزەلدىن نارازىلىق بىلدۇرۇپ كەلدى. پۇتۇن مەملىكەت خەلقى نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىنىڭ بۇ قېتىم قوزغىغان مىسلى كورۇلمىگەن كەڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشقا ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىياسى، هەربى، مالىيە، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت هەم ۋەيجياۋ جەھەتلەردە قوللانغان خاتا سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىگە بولۇپمۇ قارشى

تۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ ئىشەنچىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى. بۇ قېتىمقى ئىچكى
ئۇرۇشتا بولسا نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسىنىڭ ئارمىيىسى جۇڭگو كۇڭچەن-
داڭى رەھبەرلىك قىلغان، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى
قوماندانلىق قىلغان خەلق جېيفاڭجۈنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.
يۇقۇرقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى جۇڭخۋا مىنگونىڭ
38-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو كۇڭچەنداڭغا ئىچكى ئۇرۇشنى
توختىتىپ تىنچ ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەنپەن ئۆتكۈ-
زۈشنى تەكلىپ قىلدى. جۇڭگو كۇڭچەنداڭى شۇ يىل 1-ئاينىڭ
14-كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسىنىڭ يۇقۇرىدىكى
تەكلىۋىنى ماقۇل كوردى ھەمدە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش،
ساختا شيەنفانى بىكار قىلىش، ساختا فاتۇڭنى بىكار قىلىش، بارلىق
ئەكسىيەتچى ئارمىيىنى دېموكراتىك پىرىنسىپ بويىچە ئۆزگەرتىپ
تۈزۈش، گۇەنلياۋ كاپىتالنى مۇسادىرە قىلىش، يەر ئىسلاھاتى يۈر-
گۈزۈش، ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش، ئەكسىيەتچى
ئۇنسۇرلار قاتناشتۇرۇلمىغان يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنى
چاقىرىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇپ، نەنجىڭ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك
ھوكۇمەتلەرنىڭ ھەممە ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت 8 شەرتنى
ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق تەنپەنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسى قىلىشنى تەك-
لىپ قىلدى، بۇ 8 ماددىلىق ئاساسي شەرتنى نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى
ماقۇل كوردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى تەرەپ ۋە نەنجىڭ
گومىنجاڭفۇسى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئومىگىنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا
تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە ۋە كېلىشىم ئىمزالاشقا تولۇق ھوقۇق بەردى. ئىككى
تەرەپ ۋەكىللىرى بېيپىڭدا مەجلىس ئۆتكۈزۈپ، نەنجىڭ گومىنجاڭ-
فۇسىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشقا ۋە ئۆزىنىڭ خاتا سىياسەتلىرىگە
تولۇق جاۋاپكار بولۇشى كېرەكلىكىنى ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى

ھەمدە مۇشۇ كېلىشىمنى تۈزۈشنى ماقۇل كوردى.

1 ـ ماددا

1 ـ تارماق. ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ۋە جاۋاپكارلىقنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيەنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ (توۋەندە قىسقارتىپ ئىككى تەرەپ دېيىلىدۇ) قەيت قىلىدۇكى، بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغاش ۋە ئېلىپ بېرىش جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى، پرىنسىپ جەھەتتە، جازالىنىشى كېرەك، لېكىن توۋەندىكى ئەھۋاللارغا قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

1. بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن، كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق تونۇپ، چىن دىلىدىن ئۆزۈل ـ كېسىل توۋا قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئىپادە كورسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىشىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە، ئىچكى مەسىلەرنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىغا پايدا يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسى دېگەن نامى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

2. بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن، كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، جىنايەتتىن قول ئۈزمەي، خەلق ئازاتلىق ئىشىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغان، ئىچكى مەسىلەرنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىغا زىيان يەتكۈزگەن ياكى توپىلاڭ كوتىرىشكە قۇترىتقانلىرى قاتتىق جازالىنىدۇ. ئۇلاردىن قوشۇن باشلاپ توپىلاڭ كوتەرگەنلىرىنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى مەسئۇل بولۇپ بېسىقتۇرىدۇ.

2 ـ تارماق. ئىككى تەرەپ قەيت قىلىدۇكى، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئۇرۇش جىنايەتچىسى گاڭسۇن نىڭسىي داجياڭنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ

26 ـ كۈنى گۇناسىز دەپ جاكالاپ قويۇپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى باشقا 260 ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى ياپونىيىگە يولغا سېلىپ قويۇشتەك تەدبىرلىرى خاتا. بۇ ياپونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىگە جۇڭگونىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمىتى يەنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى مەركىزىي ھوكۇمەت قۇرۇلغان ھامان يېڭىۋاشتىن چارە كورۇلىدۇ.

2 ـ ماددا

3 ـ تارماق. ئىككى تەرەپ قەيت قىلىدۇكى، نەنجىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چاقىرغان «گومىن دەيبياۋداخۇي» ماقۇللىغان «جۇڭخۇا مىنگو شيەنفاسى» بىكار قىلىنىدۇ.

4 ـ تارماق. «جۇڭخۇا مىنگو شيەنفاسى» بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو دولىتى ۋە خەلقى ئەمەل قىلىدىغان تۈپ قانۇن يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ۋە دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەتنىڭ قارارى بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.

3 ـ ماددا

5 ـ تارماق. ئىككى تەرەپ قەيت قىلىدۇكى، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇ ـ سىنىڭ بارلىق فاتۇڭلىرى بىكار قىلىنىدۇ.

6 ـ تارماق. خەلق جيېفاڭجۈنى يېتىپ بارغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالغان جايلاردا، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال خەلقنىڭ دېموكراتىك فاتۇڭى ئورنىتىلىدۇ ھەمدە بارلىق ئەكسىيەتچىل ئەمىر ـ پەرمانلار بىكار قىلىنىدۇ.

4 ـ ماددا

7 ـ تارماق. ئىككى تەرەپ قەيت قىلىدۇكى، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇ ـ سىغا قاراشلىق بارلىق قوراللىق كۈچلەر (بارلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى، شيەنبىڭ قىسىملىرى، قاتناش ساقچى قىسىملىرى، يەرلىك قىسىملار، بارلىق ھەربى ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇتلار ۋە ئارقا سەپ تەمىنات ئاپاراتلىرى) دېموكراتىك پرىنسىپ

بويىچە خەلق جېيفاڭجۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدۇ. ئىچكى ئىچلىق كېلىشمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، دەرھال مەملىكەتلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيىۋەنخۇيى قۇرۇلۇپ، مۇشۇ ئۆزگەرتىپ تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ۋېيىۋەنلىرى 7 دىن 9 غىچە كىشى بولىدۇ، ئۇنىڭغا خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيىۋەنخۇيى 4 تىن 5 كىچە، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى 3 تىن 4 كىچە كىشى تەيىنلەيدۇ، خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيىۋەنخۇيى تەيىنلىگەن ۋېيىۋەنلەردىن بىر كىشى جۇرېن، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى تەيىنلىگەن ۋېيىۋەنلەردىن بىر كىشى فۇجۇرېن بولىدۇ. خەلق جېيفاڭ-جۇنى يېتىپ بارغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالغان جايلاردا، ئېھتىياجغا قاراپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ رايونلۇق شۆبىلىرى قۇرۇ-لىدۇ. بۇ شۆبىلەرگە ھەر ئىككى تەرەپتىن قاتنىشىدىغان كىشىلەر سانىنىڭ نىسبىتى ۋە جۇرېن، فۇجۇرېنلارنىڭ تەيىنلىنىشى مەملىكەتلىك ئۆزگەر-تىپ تەشكىل قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشتە، ئۇلاردا بىردىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيىۋەنخۇيى قۇرۇلىدۇ. خەلق جېيفاڭجۇنى-نىڭ نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق بولۇپ تۇرغان جايلارغا كىرىشىگە ۋە ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا دائىر بارلىق ئىشلار جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيىۋەنخۇيى تەرىپىدىن بۇيرۇق بىلەن بەلگىلىنىدۇ. خەلق جېيفاڭجۇنى كىرگەندە نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق قوراللىق قىسىملار قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى كېرەك.

8 - تارماق. ئىككى تەرەپ ھەر بىر رايوننىڭ ئۆزگەرتىپ تۈزۈش پىلانىنى تۆۋەندىكى 2 باسقۇچقا بۆلۈپ ئىجرا قىلىشنى ماقۇل كۆردى:

1. بىرىنچى باسقۇچ — توپلاپ تەرتىپكە سېلىش باسقۇچى.

1) نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق قوراللىق قىسىملار (قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى، شيەنبىڭ قىسىملىرى، قاتناش ساقچى زۇڭدۈيى ۋە يەرلىك قىسىملار) نىڭ ھەممىسى

توپلاپ تەرتىپكە سېلىنىدۇ. تەرتىپكە سېلىش پىرىنسىپى مۇنداق: ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، خەلق جېيفاڭجۈنى يېتىپ بارغان ۋە ئوتكۈزۈۋالغان جايلاردا، شۇ قوشۇنلارنى ئەسلى فەنخاۋسى، ئەسلى تۈزۈلۈشى ۋە ئەسلى ئادەم سانى بويىچە، بۇيرۇق بىلەن رايونغا، مۇددەتكە بولۇپ، كورسىتىلگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ، توپلاپ تەرتىپكە سالىدۇ.

2) نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق قوراللىق قىسىملار ئوزلىرى تۇرغان چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە، موھىم قاتناش يوللىرىدا، دەريالاردا، دېڭىز گاڭكوۋلىرىدا ۋە يېزىلاردا، خەلق جېيفاڭجۈنى يېتىپ بارغىچە ۋە ئوتكۈزۈۋالغىچە، شۇ جايلارنىڭ تەرتىۋىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ، ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇشى لازىم.

3) خەلق جېيفاڭجۈنى يۇقۇرىدىكى جايلارغا يېتىپ بارغان ۋە ئۇ جايلارنى ئوتكۈزۈۋالىدىغان چاغدا، نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىغا قاراشلىق قوراللىق قىسىملار، ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، ئۇ جايلارنى تىنچ يول بىلەن ئوتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە كورسىتىلگەن يەرگە بارىدۇ. نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىغا قاراشلىق قوراللىق قىسىملار كورسىتىلگەن يەرگە كېتىۋاتقاندا ۋە يېتىپ بارغاندا، تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا قاتتىق بويسۇنۇشى لازىم، جايلارنىڭ تەرتىۋىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

4) نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىغا قاراشلىق قوراللىق قىسىملار، ئوزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئەسلى تۇرغان جايىدىن يوتكەلگەندە، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق يەرلىك ساقچى قىسىملىرى ياكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى چىقىپ كەتمەستىن، شۇ جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ، خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ قوماندىسى ۋە بۇيرۇغىنى قوبۇل قىلىدۇ.

5) نەنجىڭ گومىنجىڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق قوراللىق قىسىملار

يۆتكىلىدىغان ۋە توپلىنىدىغان مەزگىللەردە، ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ھەربىي تەمىناتلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى ھەم يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىدۇ.

6) ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق ھەربىي ئورگانلارنى (دۆلەت مۇداپىيە بۇسىدىن تارتىپ ئارقا سەپ بىرلەشمە تەمىنات زۇڭسىلىڭبۇسىغا قاراشلىق ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇت ۋە ئامبارلارغىچە)، بارلىق ھەربىي ئىنشائاتلار (ھەربىي گاڭكۇ، قورۇل، ھاۋا ئارمىيە جىددىسى ۋە باشقىلار)نى ۋە بارلىق ھەربىي ئەشيالارنى رايونغا، مۇددەتكە بولۇپ، خەلق جىېفاڭجۈنىگە ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى ھەربىي نازارەت ۋېيۈەنخۇيلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ.

2. ئىككىنچى باسقۇچ — رايونغا بولۇپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈش باسقۇچى.

1) نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق قوراللىق ئارمىيە قىسىملىرى (پىيادە ئەسكەرلەر قىسىملىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرى، ئالاھىدە ئەسكەرلەر قىسىملىرى، شىيەنبىڭ قىسىملىرى، قاتناش ساقچى قىسىملىرى ۋە يەرلىك قىسىملار) رايونغا، مۇددەتكە بولۇپ كۆرسىتىلگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ، توپلاپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋېيۈەنخۇيى جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن رايونغا بولۇپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە ئەمەلگە قويىدۇ. ئۆزگەرتىپ تۈزۈش پىرىنسىپى خەلق جىېفاڭجۈنىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى ۋە مۇنتىزىم تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، توپلاپ تەرتىپكە سېلىنغان يۇقۇرىدىكى بارلىق قوراللىق ئارمىيە قىسىم-لىرىنى خەلق جىېفاڭجۈنىنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرى قىلىپ تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قېرى-ئاجىز ۋە

مىيپلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ھەقىقەتەن ھەربىي خىزمەتتىن بوشىتىشقا تېگىشلىك بولغان ھەمدە ھەربىي خىزمەتتىن بوشىنىشنى خالىغانلىرىنى، جۇنگۇەنلىردىن خىزمەتتىن بوشىنىشنى ياكى كەسپ ئالماشتۇرۇشنى خالىغانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋىيۈەنخۇيى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى مەسئۇل بولۇپ بىرتەرەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىتا تايانچىسىز قېلىپ يامان ھەركەتلەردە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆيىگە قايتىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ ۋە تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

2) نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى رايونىغا، مۇددەتكە بولۇپ كورسىتىلگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ، توپلاپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋىيۈەنخۇيلىرى ئۇلارنى ئەسلى فەنخاۋسى، ئەسلى تۈزۈلۈشى ۋە ئەسلى ئادەم سانى بويىچە خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزىدۇ.

3) نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق قورالىلىق قىسىملار خەلق جېيفاڭجۈنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتكە قاتتىق رىئايە قىلىشى، خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ ھەربىي، سىياسىي تۈزۈملىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى لازىم، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

4) ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەربىي خىزمەتتىن بوشانغان جۇنگۇەنلەر ۋە ئەسكەرلەر يەرلىك خەلق ھوكۇمەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، خەلق ھوكۇمەتلىرىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشى لازىم. يەرلىك خەلق ھوكۇمەتلىرى ۋە شۇ يەردىكى خەلقمۇ ھەربىي خىزمەتتىن بوشانغان جۇنگۇەنلەر ۋە ئەسكەرلەرگە ئېتىۋار بېرىشى كېرەك، كەمسىتىشكە بولمايدۇ.

9-ماددا. ئىچكى تېچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق بارلىق قوراللىق كۈچلەرنىڭ قايتا

ئەسكەر ئېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە بارلىق جابدۇقلىرى، ھەربىي ئورگانلىرىنىڭ بارلىق ئىنشائاتلىرى ھەم بارلىق ھەربىي ئەشيالىرىنى جاۋاپكارلىق بىلەن ساقلىشى كېرەك، ھەرقانداق بۇزۇۋېتىش، يوشۇرۇپ قويۇش، يۆتكەپ كېتىش ياكى سېتىۋېتىش ھەركەتلىرىنى قىلىشقا بولمايدۇ.

10 - تارماق. ئىچكى تېچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسىغا قاراشلىق ھەرقانداق قورالىق كۈچتىن ئورگەرتىپ تۈزۈش پىلانىنى ئىجرا قىلماي، قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلىرى بولۇپ قالسا، نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى خەلق جېيفاڭجۈنىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى مەجبۇرى ئىجرا قىلدۇرۇپ، ئورگەرتىپ تۈزۈش پىلانىنىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەت بېرىدۇ.

5 - ماددا

11 - تارماق. ئىككى تەرەپ ماقۇل كەلدىكى، گومىنلياڭ كاپىتالىنىڭ نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە سىياسى ئىمتىيازغا ۋە بايلىق كۈچىگە تايىنىپ ئىگەللىۋالغان ياكى بېسىۋالغان كارخانىلىرى (جۈملىدىن بانكا، زاۋۇت - فابرىكا، كان، كېمە، گۇڭسى ۋە دۇكانلار) ۋە مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ دولەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

12 - تارماق. خەلق جېيفاڭجۈنى تېخى يېتىپ بارمىغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالمىغان جايلاردا، نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى 11 - تارماقتا ئېيتىلغان گومىنلياڭ كاپىتالىنىڭ كارخانىلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىگە مەسئۇللۇق بىلەن نازارەت قىلىدۇ، ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويۇش ياكى بۇزۇۋېتىش ياكى بولمىسا باشقا كىشىنىڭ نامىغا يۆتكەشكە، يوشۇرۇن سېتىۋېتىشكە يول قويمايدۇ. بۇلاردىن يۆتكەپ كېتىلگەنلىرى بولسا، ئۆز جايىدىلا مۇزلىتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، داۋاملىق يۆتكەپ كېتىش ياكى چەتئەلگە قاچۇرۇپ كېتىش ياكى بۇزۇۋېتىشكە يول قويمايدۇ. گومىنلياڭ كاپىتالىنىڭ كارخانىلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىدىن چەتئەلدىكىلىرى دولەت مۈلكى دەپ جاكالىنىدۇ.

13 ـ تارماق. خەلق جيېفاڭجۇنى يېتىپ بارغان ۋە ئۇتكۇزۇۋالغان جايلاردا، 11 ـ تارماقتا كورسىتىلگەن گۇەنلياۋ كاپىتالىنىڭ كارخانىلىرىنى ۋە مال ـ مۇلۇكلىرىنى شۇ يەردىكى ھەربى نازارەت ۋېيۇەنخۇيى ياكى دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت تەيىنلىگەن ئاپارات مۇسادىرە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەگەر خۇسۇسىلارنىڭ پېيى بولسا، ئېنىقلىنىدۇ، بۇ پاينىڭ گۇەنلياۋ كاپىتالىدىن يوشۇرۇن ھالدا يوتكۇۋېلىنغان بولماي، ھەقىقەتەن خۇسۇسىلارنىڭ پېيى ئىكەنلىگى ئىسپاتلانغانلىرى ئېتىراپ قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلاردا ئۇنى قالدۇرۇش ياكى قايتۇرۇۋېلىش ئەركىنلىگى بولىدۇ.

14 ـ تارماق. گۇەنلياۋ كاپىتال كارخانىلىرىدىن نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردىن بۇرۇن قۇرۇلغانلىرى ياكى نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە قۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما ئانچە زور بولمىغان ھەمدە دولەت ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا زىيانسىز بولغانلىرى مۇسادىرە قىلىنمايدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم كىشىلەر جىنايەت ئۇتكۇزگەن بولسا، مەسىلەن، ئۇلار جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن پاش قىلىنغان ۋە تەكشۇرۇپ ئېنىقلانغان بولسا، ئۇلارنىڭ كارخانىلىرى ۋە مال ـ مۇلۇكلىرى مۇسادىرە قىلىنىۋېرىدۇ.

15 ـ تارماق. خەلق جيېفاڭجۇنى تېخى يېتىپ بارمىغان ۋە ئۇتكۇزۇۋالمىغان شەھەرلەردە نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىغا قاراشلىق ئۇلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر شۇ جايلاردىكى خەلق دېموكراتىك كۇچلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنى بوغۇشقا ياكى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

6 ـ ماددا

16 ـ تارماق. ئىككى تەرەپ قەيت قىلىدۇكى، پۇتۇن جوڭگو يېزىلىرىدىكى فېودال‌لىق يەر مۇلۇكچىلىگى باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىنىدۇ. خەلق جيېفاڭجۇنى يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئومۇمەن، ئالدى

بىلەن ئىجارە ۋە ئۆسۈم كېمەيتىلىدۇ، ئاندىن يەر تەقسىم قىلىنىدۇ.

17 - تارماق. خەلق جىيفاڭجۈنى تېخى يېتىپ بارمىغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالمىغان جايلاردا نەنجىڭ گومىنجۇڭفۇسىغا قاراشلىق يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دىخانلار ئاممىسىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنى بوغۇشقا ياكى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

7 - ماددا

18 - تارماق. ئىككى تەرەپ ماقۇل كەلدىكى، نەنجىڭ گومىنجۇڭفۇسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تۈزۈلگەن بارلىق ۋەيجىياۋ شەرتنامىلىرى، كېلىشىملىرى ۋە باشقا ئاشكارا ياكى مەخپىي ۋەيجىياۋ ھۆججەتلىرى ھەم داڭگەنلىرىنىڭ ھەممىسى نەنجىڭ گومىنجۇڭفۇسى تەرىپىدىن دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ ھەمدە دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدۇ. بۇلاردىن جۇڭگو خەلقىگە ۋە دۆلەتكە زىيانلىق بولغانلىرى بولۇپمۇ دۆلەت ھوقۇقىنى سېتىش خاراكتېرىدىكىلىرى ئەھۋالغا قاراپ بىكار قىلىنىدۇ، ياكى تۈزىتىلىدۇ، ياكى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

8 - ماددا

19 - تارماق. ئىككى تەرەپ ماقۇل كەلدىكى، ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغىچە، نەنجىڭ گومىنجۇڭفۇسى ۋە ئۇنىڭ يۈەن، بۇ، ۋېيىۋەنخۇي قاتارلىق ئاپاراتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاقتىنچە يۈرگۈزۈپ تۇرىدۇ، لېكىن جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرۈشى ھەمدە خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ جايلارنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرىشىگە ياردەم بېرىشى لازىم. دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، نەنجىڭ گومىنجۇڭفۇسى دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئىش ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەم ئۆز ئىشىنى ئاياقلاشتۇرغانلىقىنى جاكالايدۇ.

20 ـ تارماق. نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھوكۇمەتلىرى ھەم ئۇلارغا قاراشلىق بارلىق ئاپاراتلار ئىش ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، خەلق جىيفاڭجۈنى، جايلاردىكى خەلق ھوكۇمەتلىرى ۋە جۇڭگو دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمىتى ئۇلارنىڭ خادىملىرى ئىچىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ۋە كېرەكلىك كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا دېموكراتىك تەربىيە بېرىشكە دىققەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى سەرسانلىققا چۈشۈرۈپ قويماي، مۇۋاپىق خىزمەتكە قويىدۇ.

21 ـ تارماق. نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۆلكە، شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك ھوكۇمەتلەر، خەلق جىيفاڭجۈنى يېتىپ بارغىچە ۋە ئۆتكۈزۈۋالغىچە، شۇ جاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا، بارلىق ھوكۇمەت ئورگانلىرى، دولەت كارخانىلىرى (جۈملىدىن بانكا، زاۋۇت ـ فابرىكا، كان، تومۇريول، پوچتا ـ تېلېگراف، ئايرۇپىلان، كېمە، كۆكسى، ئامبار ۋە بارلىق قاتناش ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنىلىرى)نى، دولەتكە قاراشلىق ھەر خىل كوچمە مۈلۈك ۋە كوچمەس مۈلۈكلەرنى ساقلاش ۋە قوغداشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم، ئۇلارنى بۇزۇۋېتىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، يوتكەپ كېتىش، يوشۇرۇپ قويۇش ياكى سېتىۋېتىشنىڭ ھېچقايسىسىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇلاردىن يوتكەپ كېتىلگەن ياكى تىقىپ قويۇلغان كىتاپ ـ ماتېرىيال ۋە داڭئەنلەرنى، ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە ئېسىل تاشلارنى، ئالتۇن، كۈمۈچ ۋە چەتئەل پۇللىرىنى ھەم بارلىق مال ـ مۈلۈك بايلىقلارنى دەرھال مۇزلىتىپ، ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن چەتئەلگە ئاپىرىپ قويۇلغان ياكى بۇرۇندىن چەتئەلدە بولغانلىرىنى نەنجىڭ گومىنجاڭفۇسى مەسئۇل بولۇپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ ياكى ساقلايدۇ ھەمدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق كورىدۇ.

22 ـ تارماق. خەلق جىيفاڭجۈنى يېتىپ بارغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالغان جايلاردا، جايلارنىڭ بارلىق ھاكىمىيىتى ۋە دولەتنىڭ مال ـ مۈلۈك بايلىقلىرى شۇ يەردىكى ھەربى نازارەت ۋېيىۋەنخۇيى، يەرلىك خەلق ھوكۇمىتى تەرىپىدىن ياكى بىرلەشمە ھوكۇمەت تەيىنلىگەن ئاپاراتلار

تەرىپىدىن ئوتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

23 ـ تارماق. نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىنىڭ ۋەكىللەر ئومىگى ئىچكى تېچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان ۋە بۇ كېلىشىمنى نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەندىن كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ۋەكىللەر ئومىگى مەسئۇل بولۇپ، يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا تەييارلىق كورۇش ۋېيىۈەنخۇيىغا: نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى تەرەپ ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بىرقانچە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرسا بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بېرىشنى خالايدۇ؛ يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا تەييارلىق كورۇش ۋېيىۈەنخۇيى تەستىقلىغاندىن كېيىن، نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسىنىڭ ۋەكىللىرى يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشالايدۇ.

24 ـ تارماق. نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى ۋەكىل تەيىنلەپ، يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ مەسئۇل بولۇپ، يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا: ھەمكارلىششقا پايدىلىق بولسۇن ئۇچۇن دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت تەركىۋىگە نەنجىڭ گومىنجېڭفۇسى تەرەپتىن بىرقانچە ۋەتەنپەرۋەرلەر قاتناشتۇرۇلۇشى لازىم، دەپ تەكلىپ بېرىشنى خالايدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللەر ئومەكلىرى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىگى ئۇچۇن، ئۇرۇشنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، تېچلىقنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇق خىزمەتنى باشلاپ، مەملىكىتىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى پۇختا قەدەملەر بىلەن باي، قۇدرەتلىك، بەختلىك موھىتقا كىرگۈزۈش ئۇچۇن بىز مۇشۇ كېلىشىمنى مەسئۇللۇق بىلەن تۈزۈپ چىقتۇق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر ئىتتىپاق بولۇپ، مۇشۇ كېلىشىمنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن كۇرەش قىلىشىنى ئۇمىت قىلىمىز. بۇ كېلىشىم، ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، دەرھال كۇچكە ئىگە.

# جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ئېلانى

**(1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)**

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تېچلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتكە، خەلققە قارشى جىنايى ئۇرۇش مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى تېزدىن يوقىتىشىنى ئۈمىت قىلماقتا. بىز خەلق جيېفاڭجۈنىگە باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەش، قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان بارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنى يوقىتىش، جىنايەتتىن قول ئۈزمىگەن بارلىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئېلىش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازات قىلىش، جۇڭگو زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەشنا بولۇپ كۈتكەن ھەقىقى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۇيرۇدۇق. خەلق جيېفاڭجۈنى يېتىپ بارغان جايلاردا، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ياردەمدە بولۇشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز. بۇ ھەقتە 8 ماددىلىق يوپۇغا ئېلان قىلدۇق، بۇنىڭغا پۈتۈن خەلقىمىز بىلەن بىللە ئەمەل قىلىمىز.

1. پۈتۈن خەلقنىڭ هاياتى ۋە مال ـ مۈلكى مۇهاپىزەت قىلىنىدۇ. هەر ساهە خەلقىنىڭ، سىنىپى، ئېتىقادى ۋە كەسپىدىن قەتئىي نەزەر، تەرتىپ ساقلىشىنى، خەلق جىيفاڭجۈنى بىلەن هەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز. خەلق جىيفاڭجۈنى بولسا هەر ساهە خەلقى بىلەن هەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ياكى باشقا بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدىغان، بۇلاڭچىلىق ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بولسا، جەزمەن قاتتىق جازالىنىدۇ.

2. مىللى بۇرژۇئازىيە ئىگىلىگىدىكى سانائەت، سودا، دېخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مۇهاپىزەت قىلىنىدۇ. خۇسۇسىلار ئىگىلىگىدىكى بارلىق زاۋۇت ـ فابرىكىلار، دۇكانلار، بانكىلار، ئامبارلار، كېمىلەر، ماتۇلار، نۇكچاك، مۇچاك ۋە باشقىلار بىردەك مۇهاپىزەت قىلىنىدۇ، ئۇلارغا تېگىلمەيدۇ. هەر كەسىپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئادەتتىكىدەك ئېلىپ بېرىۋېرىشىنى، هەممە دۇكانلارنىڭ ئادەتتىكىدەك تىجارەت قىلىۋېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

3. گوەنلىياۋ كاپىتال مۇسادىرە قىلىنىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هوكۇمىتى ۋە چوڭ گوەنلىياۋ ئۇنسۇرلار ئىگىلىگىدىكى بارلىق زاۋۇت ـ فابرىكىلار، دۇكانلار، بانكىلار، ئامبارلار، كېمىلەر، ماتۇلار، تومۇر يوللار، پوچتا، دىيەنباۋ، ئېلېكتىر، دىيەنخۇا، زىلەيشۇي ئورۇنلىرى، نۇڭچاڭ، مۇچاڭ ۋە باشقىلارنى خەلق هوكۇمىتى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەگەر سانائەت، سودا، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللى بۇرژۇئازلارنىڭ خۇسۇسى پايلىرى بارلىقى تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانسا، ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. گوەنلىياۋ كاپىتال كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق

خادىملار خەلق ھوكۇمىتى ئۆتكۈزۈۋالغىچە، بۇرۇنقىدەك ئىشلەپ تۇرۇشى ھەم كاپىتال ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى، ماشىنا، تۆبىاۋ، ھېساۋات دەپتەرلىرى ۋە داڭسەنلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى ئىنىقلاش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك. مۇھاپىزەت قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ، ئىشنى ئاقسىتىپ قويغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ. داۋاملىق خىزمەت قىلىشنى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى، خەلق ھوكۇمىتى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا قويۇلىدۇ، سەرسانلىققا چۈشۈرۈپ قويۇلمايدۇ.

4. ھوكۇمەت ۋە خۇسۇسىلار باشقۇرغان بارلىق مەكتەپلەر، دوختۇرخانىلار، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورگانلىرى، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ۋە باشقا بارلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ھەممە خادىملارنىڭ بۇرۇن-قىدەك ئىشلەۋېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز، خەلق جىيفاڭجۈنى ئۇلارنى بىردەك مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەگمەيدۇ.

5. جىنايەتتىن قول ئۈزمىگەن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلاپچىلاردىن باشقا، گومىنداڭنىڭ مەركەز، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ھوكۇمەتلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرى، «گومىنداخۇي» ۋەكىللىرى، لىفا ۋېيىۋەنلەر، جيەنچا ۋېيىۋەنلەر، سەنيىۋەنلەر، ساقچى خادىملار، رايون، جېن، يېزا، باۋ، جيا خادىملىرىدىن قورالىق قارشى چىقمىغان، بۇزغۇنچى-لىق سۇئىقەستىدە بولمىغانلىرىنىڭ ھېچبىرىنى خەلق جىيفاڭجۈنى ۋە خەلق ھوكۇمىتى ئەسىر ئالمايدۇ، قولغا ئالمايدۇ، خارلىمايدۇ. يۇقۇرىدىكى خادىملارغا ئۆز خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلەش، خەلق

جېيفاڭجۈنى ۋە خەلق هوكۇمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنۇش، ئىدارىنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ۋە داڭگەنلىرىنى مۇهاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئوتكۇزۇۋېلىپ بىرتەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇش تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ خادىملاردىن بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولغان هەم ئىغىر ئەكسىيەتچى هەركىتى ياكى ئىغىر بەتقىلىقى بولمىغانلارنى خەلق هوكۇمىتى ئەهۋالغا قاراپ ئىشقا قويىدۇ. ئەگەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان، خىيانەت قىلغان، دولەت پۇلىنى، دولەت مۈلكىنى، داڭگەنلەرنى ئېلىپ قاچقان ياكى تاپشۇرۇشتىن باش تارتقانلار بولسا، ئۇلارغا جازا بېرىلىدۇ.

6. شەهەر ۋە يېزىلارنىڭ ئامانلىقىنى هەقىقى ساقلاش، جەمىيەت تەرتىۋىنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، بارلىق پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەر شۇ جايدىكى خەلق جېيفاڭجۈنىگە ياكى خەلق هوكۇمىتىگە تەسلىم بولۇپ، ئوزىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك. ئوزلۈگىدىن تەسلىم بولۇپ، ئوزىنى مەلۇم قىلغان هەم بارلىق قورالىرىنى تاپشۇرغانلارنىڭ ئوتمۇشى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، ئۇلاردىن قارشىلىق قىلىپ، ئوزىنى مەلۇم قىلمىغان ياكى قورال يوشۇرغانلىرى قولغا ئېلىنىپ سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇلارنى مەلۇم قىلماي يوشۇرۇپ قويغانلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ.

7. يېزىلاردىكى فېودالىلىق يەر مۈلۈكچىلىگى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن بۇنداق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ تەييارلىقى ۋە باسقۇچى بولۇشى لازىم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاۋال ئىجارە ۋە ئوسۇمنى كېمەيتىش، كېيىن يەر تەقسىم قىلىش كېرەك، شۇنىڭدەك خەلق جېيفاڭجۈنى يېتىپ بارغان ۋە خېلى ئۇزۇن مەزگىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن

يەر مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش ئۈستىدە سوز ئاچىقلى بولىدۇ. دىخانلار ئاممىسى تەشكىللىنىپ، خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ تۈرلۈك دەسلەپكى ئىسلاھات خىزمىتىنى ئىلىپ بىرىشىغا ياردەملەشىشى كىرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىرىلغۇ ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئىلىپ بىرىپ، يىزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ھازىرقى سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىكى، ئاندىن كىيىن ئۇنى پەيدىن-پەي يۇقۇرى كوتىرىشى، شۇنىڭ بىلەن ئوزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى ۋە شەھەر خەلقىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشى لازىم. شەھەرلەردىكى يەر، ئوي-ئىمارەتلەرنى يىزىلاردىكى يەر مەسىلىسىگە ئوخشاش بىرياقلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

8. چەتئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۇلكىنىڭ ئامانلىقى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. بارلىق چەتئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنى، تەرتىپ ساقلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. بارلىق چەتئەل مۇھاجىرلىرى خەلق جىيفاڭجۈنى ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشى، جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى قىلمالىقى، جۇڭگونىڭ مىللى مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا ۋە خەلق ئازاتلىق ئىشلىرىغا قارشى ھەركەتتە بولماسلىقى، جۇڭگو ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىگە، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا ۋە باشقا جىنايەتچىلەرگە پانا بولماسلىقى شەرت. ئۇنداق قىلىدىكەن، خەلق جىيفاڭجۈنى ۋە خەلق ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ.

خەلق جىيفاڭجۈنى ئىنتىزامدا قاتتىق، ئالدى-ساتتىدا ئادىل، خەلقنىڭ بىر تال يىپ-يىڭنىسىنىمۇ ئىلىشقا يول قويمايدۇ. پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەم بولۇپ، خوشال-خورام تىرىكچىلىك قىلىشىنى، ھەرگىز پىتنە-ئىغۋالارغا ئىشىنىپ، ئوز-ئوزىدىن بىئارام

بولۇپ كەتمەسلىكنى ئۈمىت قىلىمىز.

دەپ ئۈشبۇ ئىبلان چىقىرىلدى.

جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ

جۇشىسى: ماۋزېدۇڭ

جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ

زۇڭسىلىڭى: جۇدې

# جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنى زۇڭبۇسى باياناتچسنڭ ئەنگلىيە جۇنجيەنلرد- نڭ زوراۋانلقى① توغرسدا ئېلان قلغان باياناتى*

(1949 ـ يل 4 ـ ئاينڭ 30 ـ كۈنى)

بز، ئۇرۇشپەرەس چېرچللنڭ ئاخمقانە باياناتنى② ئەيپ- لەيمز. چېرچلل 4 ـ ئاينڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە تۆۋەن يۈەنىدە ئەنگلىيە هوكۇمتدن يراق شەرققە 2 خاڭكوڭ مۇجيەن ئەۋەتپ، «قورالق كۈچ ئېلش»نى تەلەپ قلدى. جانابى چېرچلل، سز نمە دەپ «كۈچ ئالماقچى»سز؟ ئەنگلىينڭ جۇنجيەنى گومنداڭنڭ

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ تەييارلغان جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنى زۇڭبۇسى باياناتچسنڭ باياناتى. بۇ باياناتتا جۇڭگو خەلقنڭ هەرقانداق تەهدتتن قورقمايدىغان، جاهانگرلكنڭ تاجاۋۇزغا قەتئى قارشى تۇردىغان كەسكن مەيدانى ۋە قۇرۇلغۇسى يېڭى جۇڭگونڭ تاشقى سياستى ئېنق كۆرستلگەن.

جۇنجيەنى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنىنىڭ مۇداپىئە رايونىغا ئۇسۇپ كىردى ھەمدە خەلق جيېفاڭجۇنىگە زەمبىرەك ئاتتى، نەتىجىدە خەلق جيېفاڭجۇنىنىڭ سادىق ۋە قەھرىمان جەڭچىلىرىدىن 252 كىشى يارىدار بولدى ۋە ئۆلدى. ئەنگلىيىلىكلەر جۇڭگو زىمىنىغا كىرىپ شۇنچە زور جىنايى ھەركەتلەرنى قىلغان ئىكەن، جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنى ئەنگلىيە ھوكۇمىتىدىن خاتالىقىنى ئىقرار قىلىشنى ھەمدە ناماقۇل بولۇش ۋە زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق. سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭلار مۇشۇلار بولماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە، قوشۇنۇڭلارنى جۇڭگوغا ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۇنىدىن «ئۆچ ئېلىش»مىدى؟ ئېتلى شۇشياڭنىڭ سۆزىمۇ خاتا③. ئۇ، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ جۇنجيەنىنى جۇڭگونىڭ چاڭجياڭ دەرياسىغا كىرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق، دەيدۇ. چاڭجياڭ — جۇڭگونىڭ ئىچكى دەرياسى، سىلەر ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ جۇنجيەڭلارنى چاڭجياڭغا كىرگۈزۈشكە نىمە ھوقۇقۇڭلار بار؟ بۇنداق قىلىشقا ھوقۇقۇڭلار يوق. جۇڭگو خەلقى جۇڭگونىڭ زىمنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى جەزمەن قوغدايدۇ، چەتئەل ھوكۇمىتىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا مۇتلەق يول قويمايدۇ. ئېتلى: خەلق جيېفاڭجۇنى «ئەنگلىيىنىڭ «ئامېتىست» ناملىق جۇنجيەنىنىڭ نەنجىڭغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلماقچى بولدى، لېكىن بۇ جۇنجيەنىڭ خەلق جيېفاڭجۇنىنىڭ چاڭجياڭدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىشىنى شەرت قىلدى» دەيدۇ. ئېتلى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، خەلق جيېفاڭجۇنى «ئامېتىست» ناملىق جۇنجيەنىڭ نەنجىڭغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلغىنى يوق. خەلق جيېفاڭجۇنى چاڭجياڭدىن ئۆتۈشتە ھەرقانداق چەتئەل قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ياكى باشقا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى

ئۈمىت قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، خەلق جىيفاڭجۈنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيەلەرنىڭ چاڭجياڭ، خۇاڭپۇجياڭلاردىكى ۋە جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىكى جۇنجيەن، ھەربى ئايروپىلان، لۇجەنتۇيگە ئوخشاش قوراللىق كۈچلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى سۇ تەۋەسى، دېڭىز تەۋەسى، زېمىنى ۋە ھاۋا تەۋەسىدىن تېز ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۋەنخۇيى ۋە خەلق ھوكۇمىتى ھازىرغىچە ھېچقانداق چەتئەل ھوكۇمىتى بىلەن ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتى ئورناتقىنى يوق. جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۋەنخۇيى ۋە خەلق ھوكۇمىتى جۇڭگودا توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چەتئەل مۇھاجىرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۋەنخۇيى ۋە خەلق ھوكۇمىتى چەتئەللەر بىلەن ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئويلىنىپ كورۇشنى خالايدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ئۆزئارا ھورمەت قىلىش ئاساسىغا، ھەممىدىن ئاۋال، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ياردەم بەرمەسلىك ئاساسىغا ئورنىتىلىشى شەرت. جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۋەنخۇيى ۋە خەلق ھوكۇمىتى ھەرقانداق چەتئەل ھوكۇمىتىنىڭ ھەرقانداق تەھدىت سېلىش ھەركىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چەتئەل ھوكۇمەتلىرى ئەگەر بىز بىلەن ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈستىدە ئويلىنىشنى خالايدىكەن، گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى ھەمدە ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى قوراللىق كۈچلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشى شەرت. ئېنىقكى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ چەتئەللەر بىلەن ۋەيجياۋ

مۇناسىۋىتى ئورناتمىغانلىقى سەۋەبلىك چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كونا ۋەيجياۋ خادىملىرى (گومىنداڭ ئېتىراپ قىلغان لىگەنشىلار) بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمىغانلىقىدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ، بۇنداق ئاغرىنىشنىڭ ئاساسى يوق. ئۆتكەن بىرقانچە يىل ئىچىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا ۋە باشقا دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ بىزگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكىنى جانابى ئېتلى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن؟ يېقىندىلا غەرق قىلىنغان «چۇڭچىڭ» ناملىق ئېغىر شۇنياڭجيەنىنىڭ④ قايسى دۆلەت تەرىپىدىن گومىنداڭغا ھەدىيە قىلىنغانلىقىنىمۇ جانابى ئېتلى بىلمەمدىكىن؟

## ئىزاھلار

① 1949-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە، خەلق جىيەفاڭجۈنى چاڭجياڭدىن ئۆتۈش جېڭى قىلىۋاتقان چاغدا، ئەنگلىيەنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى دەرياسى چاڭجياڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن «ئامېتىست» قاتارلىق 4 جۈنجيەنى گومىنداڭنىڭ جۈنجيەنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئارمىيىمىزگە زەمبىرەك ئېتىپ، ئارمىيىمىزدىن 252 كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. ئارمىيىمىزنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشى بىلەن، «ئامېتىست» زەخىملىنىپ، چاڭجياڭنىڭ جېنجياڭ شەھىرىگە يېقىن يېرىدە توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى، قالغان 3 جۈنجيەنى قېچىپ كەتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىراق شەرق جيەندۇي سىلىڭى برىند نامىدىن «ئامېتىست»نىڭ جيەنجاڭى ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم تەنپەن ئۆتكۈزۈپ، «ئامېتىست»نىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. تەنپەن داۋامىدا ئەنگلىيە تەرەپ باشتىن-ئاياق مۇتەھەملىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلمىدى. تەنپەن تېخى داۋام قىلىۋاتقان پەيتتە، «ئامېتىست» ناملىق

جۇنجيەن 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېچىسى «جياڭىلىڭ جيېفاڭ» ناملىق بولۇچى توشۇيدىغان پاراخوت جېنجياڭ شەھرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا زورلۇق بىلەن ياندىشىپ بىللە مېڭىپ، ئۇنىڭ دالدىسىدا قېچىپ كەتمەكچى بولىدى. ئارمىيىمىز ئۇنىڭغا توختاشنى ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۇ زەمبىرەك ئاتتى ۋە كوپلىگەن قېيىقلارنى سوقۇپ چوكتۇرۇۋېتىپ، چاڭجياڭدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

② 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە باۋشۇداڭىنىڭ باشلىقى چېرچىلل توۋەن يۇەندە سوزگە چىقىپ، ئارمىيىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان ئەنگلىيە جۇنجيەنلىرىگە جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكىنى «زورۋانلىق» دەپ قارىلىدى ھەمدە ئەنگلىيە ھوكۇمىتىنىڭ «جۇڭگو دېڭىزىغا بىر ـ ئىككى خاڭكۇڭ مۇجيەن ئەۋەتىپ، ...... قوراللىق ئوچ ئېلىش»نى تەلەپ قىلدى.

③ 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە شۇشياڭى ئېتلى يىغىندا: «ئەنگلىيە جۇنجيەنلىرىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدا قاتناپ يۈرۈپ، تېچلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا قانۇنىي ھوقۇقى بار، چۈنكى ئۇلار گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان» دىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئەنگلىيە تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنى ۋەكىللىرىنىڭ سوزلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ: جۇڭگو خەلق جيېفاڭجۈنى «ئەنگلىيىنىڭ "ئامېتىست" ناملىق جۇنجيەنىنىڭ نەنجىڭغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلماقچى بولدى، لېكىن بۇ جۇنجيەنىنىڭ خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ چاڭجياڭدىن ئوتۇشىگە ياردەم بېرىشىنى شەرت قىلدى» دەپ ئىغۋا تارقاتتى.

④ «چۇڭچىڭ» ناملىق ئېغىر ئۇنياڭجيەن ئەنگلىيە ھوكۇمىتى تەرىپىدىن 1948 ـ يىل 2 ـ ئايدا گومىنداڭغا ھەدىيە قىلىنغان بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەڭ چوڭ شۇنياڭجيەنى ئىدى. بۇ جۇنجيەندىكى جۇنگۇەنلەر ۋە ئەسكەرلەر 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كوتىرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، جۇڭگو خەلق

دېڭىز ئارمىيىسىگە قوشۇلغان ئىدى. شۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ باسمىچىلىرى نۇرغۇن ئېغىر بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئەۋەتىپ، بۇ جۇنجيەننى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى لياۋدۇڭ قولتۇقىنىڭ خۇلۇداۋ ئەتراپىدا بومباردىمان قىلىپ غەرق قىلىۋەتتى.

# يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشگە تەييارلىق كورۇش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ يىغىندا سوزلەنگەن نۇتۇق

**(1949 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۇنى)**

ۋەكىل ئەپەندىلەر:

يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشگە تەييارلىق كورۇش ۋېيىۋەنخۇيە-
مىزنىڭ يىغىنى[1] بۇگۇن ئېچىلدى. بۇ تەييارلىق كورۇش ۋېيىۋەن-
خۇيىنىڭ ۋەزىپىسى: تۇرلۇك زورۇر تەييارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ،
يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنى تېز چاقىرىپ، دېموكراتىك
بىرلەشمە هوكۇمەت قۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن، پۇتۇن مەملىكەت خەلقىگە
رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قالدۇق كۇچلىرىنى
ئەڭ تېز سۇرئەت بىلەن يوقىتىپ، پۇتۇن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۇ-
رۇپ، پۇتۇن مەملىكەت مىقياسىدا سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت
ۋە دولەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى شتۇكلۇق ۋە باسقۇچلۇق
تۇردە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. پۇتۇن مەملىكەت خەلقى بىزنىڭ

شۇنداق قىلىشىمىزنى ئۈمىت قىلىدۇ، بىز شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىشنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1948 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تەكلىپ قىلغان ئىدى②. بۇ تەكلىپ تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت-تىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار، مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار، مەملىكەت-تىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلار: جاھان-گىرلىك، فېئودالىزىم، گومىنداڭ ئەكسىيەت-چىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىم، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھەدىكى دېموكرا-تىك زاتلار، مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالاش ھەم بۇ جۇمھۇرىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەتنى سايلاش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال-لىق تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، تىنچلىق، بىر-لىككە كېلىش ۋە كۈچىيىش يولىغا سالغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ ــ ئورتاق سىياسىي ئاساس. بۇ ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، دېموكرا-تىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار، مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەل-

لەردىكى خۇاچياۋلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۇرەش قىلىشىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى، بۇ — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۇرەش قىلىشىنىڭمۇ ئورتاق سىياسىي ئاساسى. بۇ سىياسىي ئاساس شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى، ئەستايىدىل بولغان دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە دېموكراتىك زاتلاردىن بىرەرىمۇ ھېچقانداق باشقىچە پىكىر قويغىنى يوق، ھەممىسى، پەقەت مۇشۇ يوللا جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يونۇلۇشى، دەپ ھېسابلىدى.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆزىنىڭ خەلق جيېفاڭجۈنىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1946-يىل 7-ئايدىن باشلانغان بۇ قېتىمقى ئۇلۇق خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا ھازىر 3 يىل بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا قوزغىغان ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، 1946-يىل 1-ئايدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، بۇ قېتىمقى خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىغان ئىدى. بىراق، پەقەت 3 يىل ئىچىدىلا قەھرىمان خەلق جيېفاڭجۈنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. يېقىندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تېپىلىق سۇيىقەستى ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىن، خەلق جيېفاڭجۈنى قەھرىمانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، چاڭجياڭنى كېسىپ ئۆتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پايتەختى نەنجىڭ تارتىۋېلىندى. شاڭخەي، خاڭجۇ، نەنچاڭ، ۋۇخەن، شەنلەر ئازات قىلىندى. ھازىر خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ ھەرقايسى يونۇلۇشتىكى يېجەنجۈنلىرى جەنۇپتىكى ۋە غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرگە قاراپ، جۇڭگو تارىخىدا

كورۇلۇپ باقمىغان زور يۇرۇشلەرنى قىلماقتا. 3 يىل ئىچىدە خەلق جېيفاڭجۈنى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەمى 5 مىليون 590 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا كەلگەندە، قالدۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدە، ئۇنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرى، غەيرى مۇنتىزىم قىسىملىرى ۋە ئارقا سەپ ھەربى ئورگانلىرى، ھەربى مەكتەپلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئاران 1 مىليون 500 مىڭ چامىسىدىلا ئادەم قالدى. بۇ بىر قىسىم قالدۇق دۇشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىش يەنە بىر ئاز ۋاقىت تەلەپ قىلىسۇ، لېكىن ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ.

بۇ — پۇتۇن جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا پۇتۇن دۇنيا خەلقىنىڭ غەلىبىسى. پۇتۇن دۇنيادا، جاھانگىرلارنى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇق غەلىبىسىدىن خوشاللىق تەنتەنىلىرى قىلمايدىغانلار يوق. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوز دۇشمەنلىرىگە قارشى كۇرەشلىرى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ ئوز دۇشمەنلىرىگە قارشى كۇرەشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى بىر. پۇتۇن جۇڭگو خەلقى بىلەن پۇتۇن دۇنيا خەلقى شۇنداق بىر پاكىتنى تەڭ كوردىكى، جاھانگىرلار قوماندانلىق قىلغان جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو خەلقىگە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن دەھشەتلىك سۇرەتتە قارشى تۇرغان ئىدى، جۇڭگو خەلقى ئەكسىيەتچىلەرنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن غەلىبىلىك سۇرەتتە يوقاتتى.

بۇ يەردە، مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى شۇنىڭغا قوزغاش زورۇركى، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى ئوزلىرىنىڭ جۇڭگو زىمىنىدىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. ئۇلار يەنە ئوزئارا تىل بىرىكتۇرۇپ، مۇمكىن بولغان

تۆرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جۇڭگو خەلقىگە قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غالچىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرگۈ-زۈپ، بولغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. بۇ مۇقەررەر، ئۇلار بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆز كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، جۇڭگونىڭ دېڭىز گاڭكۇلىرىنى قامال قىلىدۇ. ئىمكا-نىيەت بولسىلا، ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ. يەنە، مۇبادا ئۇلار تەۋەك-كۈلچىلىك قىلماقچى بولسا، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى ئەۋەتىپ، جۇڭگو چېگرىسىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ھېساپقا ئېلىشىمىز لازىم. غەلىبە قازاندۇق، دەپ، جاھانگىر ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ غالجىرلىق بىلەن ئۆچ ئېلىش سۇيىقەستلىرىگە بولغان ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ئەسلا بولمايدۇ، كىمكى بۇ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىكەن، ئۇ سىياسى جەھەتتە قورال-سىزلىنىپ، ئۆزىنى بېيدۇك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە قارشى ھەرقانداق سۇيىقەستلىك پىلانىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق تار-مار قىلىشى لازىم. جۇڭگو مۇستەقىل بولۇشى لازىم، جۇڭگو ئازات بولۇشى لازىم، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى جۇڭگو خەلقى ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئۆزى بىرتەرەپ قىلىشى لازىم، ھەرقانداق جاھانگىر دۆلەتنىڭ ئەمدى قىلچىلىكمۇ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋى — پۈتۈن مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ

ئىنقىلاۋى، جاھانگىرلار، فېئوداللار، گوھنلىياۋ بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دوستىمىز، بىزدە كەڭ ۋە مۇستەھكەم ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ بار. بۇ بىرلىكسەپ شۇنچە كەڭكى، ئۇ ئىشچىلار سىنىپى، دىخانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىرلىكسەپ شۇنچە مۇستەھكەمكى، ئۇ ھەرقانداق دۈشمەندىن غالىپ كېلىدىغان ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان مۇستەھكەم ئىرادىگە، پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە. ھازىر بىز تۇرغان دەۋر — جاھانگىرلىك تۈزۈمى پۈتۈنلەي ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقان دەۋر، جاھانگىرلار قۇتۇلغۇسىز ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالدى، ئۇلار جۇڭگو خەلقىگە مەيلى قانداق يول بىلەن داۋاملىق قارشى تۇرسۇن، جۇڭگو خەلقى، بەرىبىر، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز پۈتۈن دۇنياغا ئۇقتۇرىمىزكى، بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز — پەقەت جاھانگىرلىك تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقىگە قارشى سۇيىقەستلىك پىلانى. ھەرقانداق چەتئەل ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئۇلار بىلەن يەنە تىل بىرىكتۈرمەسلىك ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرمەسلىكنى ھەم خەلق جۇڭگوسىغا قارىتا ساختا ئەمەس، ھەقىقىي دوستلۇق پوزىتسىيىسى تۇتۇشنى خالىسىلا، بىز ئۇنىڭ بىلەن بارا-ۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەم زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى خالايمىز. جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر

خەلقلىرى بىلەن دوستانە ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، خەلقارا سودا مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

ۋەكىل ئەپەندىلەر: يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى چاقىرىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشىمىزنىڭ ھەممە شەرت-شارائىتلىرى پىشىپ يېتىشتى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىزنىڭ يىغىن ئېچىش ۋە ھوكۇمەت قۇرۇشىمىزنى ئەنە شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئۈمىد قىلماقتا. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ھازىر باشلىغان ئىشىمىز بۇ ئۈمىدنى قاندۇرالايدۇ، بەلكى ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قاندۇرالايدۇ.

جۇڭگو دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمىتى قۇرۇلۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ موھىم نۇقتىسى مۇنداق بولىدۇ: 1) ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى بېسىقتۇرۇش؛ 2) خەلقنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا بارلىق ئىمكانىيەت ۋە ناھايىتى زور كۈچ بىلەن كىرىشىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

جۇڭگو خەلقى شۇنى كورىدۇكى، جۇڭگونىڭ تەقدىرى خەلقنىڭ ئوز قولىغا ئوتۇشى بىلەنلا، جۇڭگو شەرقتىن كوتىرىلگەن قۇياشتەك ئوزىنىڭ شانلىق نۇرى بىلەن پۈتۈن زېمىننى يورۇتىدۇ، تېزلىكتە، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت قالدۇرغان پاسكىنا-ئىپلاس نەرسىلەرنى يۇيۇپ تازىلايدۇ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىدۇ، يېپ-يېڭى،

قۇدرەتلىك، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!

ياشىسۇن دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت!

ياشىسۇن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىغى!

## ئىزاھلار

① يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ۋېيىۈەنـ-خۈيىنىڭ يىغىنى 1949 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار، مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلار بولۇپ 23 ئورۇندىن 134 كىشى قاتناشتى. يىغىن «يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ۋېيىۈەنخۈيىنىڭ تەشكىلىي تىياۋلىسى»نى، «يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئورۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سانى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى ماقۇللىدى، ماۋ زېدۇڭ جۇشى باشچىلىغىدىكى چاڭۋۇ ۋېيىۈەنخۈينى سايلىدى. شۇ چاغدا ئۇنى يېڭى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى دەپ ئاتاش 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدىن پەرق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. كېيىن بۇ سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

② مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ سىنتەبىر يىغىنى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ ④ ئىزاھىغا قارالسۇن.

# خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە

**جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ 28 يىللىغىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن**

**(1949 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)**

1949 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى — بۇ كۈن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ 28 يىلنى بېسىپ ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش، پارتىيىنىڭمۇ باللىق، ياشلىق، قىرانلىق ۋە قېرىلىق دەۋرى بولىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، ئۇ نەچچە ياشلىق يىگىتمۇ ئەمەس، بەلكى چوڭ ئادەم بولۇپ قالدى. ئادەم قېرىغاندا ئۆلىدۇ، پارتىيىمۇ شۇنداق بولىدۇ. سىنىپلار يوقالغاندىن كېيىن، سىنىپى كۈرەشنىڭ قورالى بولغان ھەممە نەرسە — پارتىيە ۋە دۆلەت ماشىنىسى ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقانلىغى، ئېھتىياج قالمىغانلىغى ئۈچۈن، پەيدىن - پەي يوقىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمىيىتى

تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىپ بارىدۇ. بىز بۇرژۇئا پارتىيىلىرىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىمىز. ئۇلار سىنىپلارنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى ۋە پارتىيىلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتىن قورقىدۇ. بىز ئاشكارا جاكالايمىزكى، دەل شۇ نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شەرت-شارائىت يارىتىمىز، تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز. گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكى بىلەن خەلق دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى — ئەنە شۇنداق شەرت-شارائىت. بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىغانلار كوممۇنىزىمچى ئەمەس. ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ئۆگەنمىگەن، پارتىيىگە ئەمدىلا كىرگەن ياش يولداشلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشى لازىم، شۇ چاغدىلا توغرا دۇنياقاراشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار بىلىۋېلىشى لازىمكى، سىنىپلارنى يوقىتىش، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش، پارتىيىلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر يولنى پۈتۈن ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتىدۇ، گەپ پەقەت ۋاقىت ۋە شەرت-شارائىتتا. پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزىمچىلىرى بۇرژۇئازىيىدىن دانا، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىدۇ، ئۇلار بىيەنجېڭفانى بىلىدۇ، ئۇلار يىراقنى كۆرىدۇ. بۇرژۇئازىيە بۇ ھەقىقەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياقتۇرمايدۇكى، ئۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشنى خالىمايدۇ. ئاغدۇرۇلۇش، مەسىلەن، ھازىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىز تەرەپتىن ئاغدۇرۇلغانلىقى، ئۆتمۈشتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىز تەرەپتىن ۋە ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغانلىقى، ئاغدۇرۇلغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئازاپ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش. ئىشچىلار سىنىپى، ئەمگەكچى

خەلق ۋە گۆكچەنداڭ ئۈچۈن بولسا ھېچقانداق ئاغدۇرۇلۇش مەسە-
لىسى ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەپ، شەرت-شارائىت يارىتىپ،
سىنىپلارنى، دولەت ھاكىمىيىتىنى ۋە پارتىيىلەرنى تەبىئى سۈرەتتە
يوقىلىشقا ئېلىپ بېرىش، ئىنسانىيەتنى بۈيۈك بىرلىك دەۋرىگە ئېلىپ
بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت. تۈۋەندە توختىلىدىغان مەسىلىلەرنى
ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز بۇ يەردە ئىنسانىيەت تەرەققىياتى-
نىڭ يىراق كەلگۈسى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاچ ئۆتتۇق.

بىزنىڭ پارتىيىمىز 28 يىلنى بېسىپ ئۆتتى، ھەممىگە مەلۇم، بۇ
يىللارنى تېچ ھالدا ئەمەس، بەلكى قىيىن شارائىتتا بېسىپ ئۆتتى،
بىزگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى
دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. ماركس، ئېنگېلس،
لېنىن ۋە ستالىنلارغا رەھمەت، ئۇلار بىزگە قورال بەردى. بۇ
قورال جىگۇەنچىياڭ ئەمەس، ماركسىزىم-لېنىنىزىم.

لېنىن 1920-يىلى «كوممۇنىزم ھەركىتىدە باللارچە "سوللۇق"
كېسىلى» دېگەن كىتاۋىدا روسىيىلىكلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنى
ئىزلىشىنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ئىدى①. روسىيىلىكلەر
بىرنەچچە ئون يىل داۋامىدا، جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈ-
رۈپ، ئاندىن ماركسىزىمنى تاپتى. جۇڭگو نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆكتەبىر
ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى روسىيىگە ئوخشايدۇ، ياكى ئوخشاپ كېتىدۇ.
فېوداللىق زۇلۇم جەھەتتە ئوخشايدۇ. ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتتىكى
قالاقلىق جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى مەملىكەت قالاق ئىدى،
بولۇپمۇ جۇڭگو بەك قالاق ئىدى. ئىلغار كىشىلەرنىڭ مەملىكەتنى
گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەتلىك كۆرەشلەرنى قىلىشتىن باش
تارتماي، ئىنقىلاۋىي ھەقىقەتنى ئىزلىشى جەھەتتە ئوخشاش ئىدى.

1840-يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن باشلاپ، ئىلغار جۇڭگولۇقلار مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، غەرپ ئەللىرىدىن ھەقىقەت ئىزلىدى. خۇڭ شيۇچۇەن، كاڭ يۇۋېي[2]، يەن فۇ[3] ۋە سۇن جۇڭشەنلەر، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دۇنياغا كەلگىچە، غەربتىن ھەقىقەت ئىزلىگەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلدى. ئۇ چاغدا تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىنتىلگۈچى جۇڭگولۇقلار، غەربنىڭ يېڭى داۋلىرى بولسىلا، ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇيتتى. ياپونىيىگە، ئەنگلىيىگە، ئامېرىكىغا، فرانسىيىگە، گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. مەملىكەتتە كېجۈي تۈزۈمى بىكار قىلىندى، مەكتەپ قۇرۇش[4] خۇددى باھار يامغۇرىدىن كېيىن ئۈسكەن بامبۇك نوتىلىرىدەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى، غەربتىن ئۆگىنىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. مېنىڭ ياش چېغىمدا ئۆگەنگەنلىرىممۇ مۇشۇ نەرسىلەر ئىدى. بۇلار غەربنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك مەدەنىيىتى يەنى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تەلىمات ۋە تەبىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى ئىلىم بولۇپ، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى يەنى كونا ئىلمى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىدى. بۇ يېڭى ئىلىمنى ئۆگەنگەن كىشىلەردە، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، بۇ ئىلىم بىلەن جۇڭگونى قۇتقۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن بىر خىل ئىشەنچ بولۇپ كەلدى، كونا ئىلىم تەرەپدارلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرىدىن بۇنىڭغا شەك كەلتۈرىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويىچە، ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەقەت يېڭىلىققا كۆچۈش كېرەك ئىدى، يېڭىلىققا كۆچۈش ئۈچۈن پەقەت چەتئەللەردىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدىكى چەتئەللەر ئىچىدە غەربنىڭ كاپىتالىستىك ئەل-

لىرىلا ئالغا كەتكەن ئىدى، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ زامانىۋى دولەت-لىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىققان ئىدى. ياپونلار غەرپتىن ئۆگىنىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونلاردىنمۇ ئۆگەنگۈسى كەلدى. ئۇ چاغدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، روسىيە قالاق ئىدى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى خالايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ چەتئەللەردىن ئۆگىنىش ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولدى.

جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگولۇقلارنىڭ غەرپتىن ئۆگىنىش خام خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەجەبا، نىمە ئۈچۈن ئۇستازلار ھەمىشە شاگىرتلىرىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ؟ جۇڭگولۇقلارنىڭ غەرپتىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرى ئاز بولمىدى، لېكىن كارغا كەلمىدى، غايىسى ھامان ئەمەلگە ئاشماي قېلىۋەردى. نۇرغۇن قېتىم كۈرەشلەر جۈملىدىن شىنخەي ئىنقىلاۋىدەك پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك ھەركەتمۇ مەغلۇپ بولدى. مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشتى، شارائىت كىشىلەرنى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. گۇمان پەيدا بولدى، كۆپەيدى ۋە ئەۋج ئالدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پۈتۈن دۇنيانى تەۋرىتىۋەتتى. روسىيىلىكلەر ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دولەتنى بەرپا قىلدى. ئۇلۇق روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوتمۇشتە كۆمۈلۈپ قېلىپ، چەتئەللىكلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماي كەلگەن ئىنقىلاۋىي كۈچ-قۇۋۋىتى لېنىن، ستالىنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە يانارتاغقا ئوخشاش تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ چىقتى، جۇڭگولۇقلار ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت روسىيىلىكلەرگە باشقىچە قارايدىغان بولدى. شۇ كەمدە، پەقەت شۇ

كەمدىلا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىيىسىدىن تۇرمۇشىغىچە يېپ-يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. جۇڭگولۇقلار ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ئىبارەت دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە باپ كېلىدىغان بۇ ئومۇمىي ھەقىقەتنى تاپتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى.

جۇڭگولۇقلار ماركسىزمنى روسىيىلىكلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تاپتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىغىچە، جۇڭگولۇقلار لېنىن، ستالىن تۇگۇل، ماركس، ئېنگېلسنىمۇ بىلمەيتتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى. ئوكتەبىر ئىنقىلابى پۈتۈن دۇنيانىڭ شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ ئىلغارلىرىنىڭ پرولېتارىيات دۇنياقارىشىنى مەملىكەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىدىغان قورال قىلىپ، ئۆز مەسىلىلىرىنى يېڭىۋاشتىن مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشىغا ياردەم قىلدى. روسىيىلىكلەرنىڭ يولى بىلەن مېڭىش — خۇلاسە ئەنە شۇ بولدى. 1919 - يىلى جۇڭگودا 4 - ماي ھەركىتى بولۇپ ئۆتتى. 1921 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلدى. سۇن جۇڭشەن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن چاغدا، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئۇچراتتى. سۇن جۇڭشەن ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى ئالقىشلىدى، روسىيىلىكلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارغا قاراتقان ياردىمىنى ئالقىشلىدى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىشىنى ئالقىشلىدى. سۇن جۇڭشەن ۋاپات بولۇۋىدى، جياڭ جيېشى باش كۆتىرىپ چىقتى. 22 يىلدەك ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە جياڭ جيېشى جۇڭگونى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي كۈچ قىلىنغان فاشىزمغا قارشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 3 چوڭ جاھانگىر دۆلەت يوقىتىلدى، 2 چوڭ جاھانگىر دۆلەت ئاجىزلىدى، دۇنيادا زىيانغا ئۇچرىمىغان

پەقەت بىرلا چوڭ جاھانگىر دولەت يەنى ئامېرىكىلا قالدى. لېكىن ئامېرىكىدا ئىچكى ۋېيجى ناھايىتى ئېغىر. ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيانى قۇللۇققا چۈشۈرمەكچى، ئۇ جياڭ جيېشىغا قورال-ياراق بىلەن ياردەم بېرىپ، بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىردۇردى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، 3 يىل خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي غەلىبىگە ئېرىشتى.

شۇنداق قىلىپ، غەرپ بۇرژۇئا مەدەنىيىتى، بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى فاكىتەنى جۇڭگو خەلقىنىڭ نەزىرىدە بىردەك بىت-چىت بولدى. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيىسىگە، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا ۋە كوممۇنىزمغا يېتىشنىڭ، سىنىپلارنى يوقىتىش ۋە دۇنياۋى بۈيۈك بىرلىككە يېتىشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. كاڭ يۇۋېي «بۈيۈك بىرلىك كىتاۋى»نى يازدى، لېكىن ئۇ بۈيۈك بىرلىككە بارىدىغان يولنى تاپالمىدى ۋە تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى چەتئەللەردە بولغان، جۇڭگودا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى جۇڭگو — جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ئەل. بىردىن-بىر يول — ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق جۇمھۇرىيىتى يولىنى بېسىپ ئۆتۈش.

باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىناپ كۆرۈلدى، ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. باشقا نەرسىلەرگە كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى گۇم بولدى، بەزىلىرى ئويغاندى، بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتمەكتە. ۋەقەلەر شۇنداق تېز تەرەققىي قىلدىكى، نۇرغۇن كىشىلەر

ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلدى، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. كىشىلەرنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى چۈشىنىشلىك، بىز بۇنداق ياخشى نىيەتلىك، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان پوزىتسىيىنى ئالقىشلايمىز.

جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ شىيەنفېڭدۈيى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزىمنى ئۆگەندى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، سىياسى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، ئەگرى ـ توقاي يوللاردا 28 يىل يۈرۈپ، ئەمدىلا ئاساسىي غەلىبىگە ئېرىشتى. بىز 28 يىللىق تەجرىبىمىزدە سۇن جۇڭشەننىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىدە ئېيتقان «40 يىللىق تەجرىبە»سىدىكى خۇلاسىگە ئوخشاش خۇلاسىگە كەلدۇق، يەنى غەلىبىگە يېتىش ئۈچۈن، «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ ۋە دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش لازىم» لىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق. سۇن جۇڭشەن بىزنىڭكىدىن باشقىچە دۇنياقاراشتا ئىدى، مەسىلىلەرنى باشقىچە سىنىپىي مەيداندا تۇرۇپ كۆزىتەتتى ۋە ھەل قىلاتتى، لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا جاھانگىرلىككە قارشى قانداق كۈرەش قىلىش مەسىلىسىدە بولسا بىز بىلەن ئەنە شۇنداق ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك خۇلاسىگە كەلدى.

سۇن جۇڭشەننىڭ ۋاپات بولغىنىغا 24 يىل بولدى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالغا قاراپ ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، جۇڭگونىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ھازىرغىچە ھاسىل قىلغان موھىم ۋە ئاساسىي تەجرىبىسى مۇنۇ ئىككى تۈرلۈكتىن ئىبارەت: 1) مەملىكەت ئىچىدە خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش. باشقىچە

ئىيتقاندا، ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللى بۇرژۇئازىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىچكى بىرلىكسەپ تۈزۈش ھەمدە بۇنىڭ-دىن راۋاجلىنىپ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتا-تۇرلىقىدىكى دولەت قۇرۇش؛ 2) مەملىكەت سىرتىدا دۇنيادا بىزنى ئوزى بىلەن باراۋەر كورىدىغان مىللەتلەر بىلەن ۋە ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش. باش-قىچە ئىيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، خەلق دېموكرا-تىيىسى ئەللىرى بىلەن بىرلىشىپ، باشقا ئەللەر پرولېتارىياتى ۋە كەڭ خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، خەلقارا بىرلىكسەپ تۈزۈش.

«سىلەر بىر تەرەپكە ئوتتۇۋېلىۋاتىسىلەر.» دەل شۇنداق. بىر تەرەپكە ئوتتۇشنى بىزگە سۇن جۇڭشەننىڭ 40 يىللىق تەجرىبىسى بىلەن كوڭچەنداڭنىڭ 28 يىللىق تەجرىبىسى ئوگەتتى، غەلىبىگە يېتىش ۋە غەلىبىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن بىر تەرەپكە ئوتتۇشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق. 40 يىللىق تەجرىبە بىلەن 28 يىللىق تەجرىبە بويىچە، جۇڭگولۇقلار يا جاھانگىرلىك تەرەپكە، يا سوت-سىيالىزىم تەرەپكە ئوتىدۇ، ھەرگىز بۇلارنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ. تامغا مىنىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇچىنچى يول يوق. بىز جاھانگىرلىك تەرەپكە ئوتتۇۋالغان جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشىمىز، ئۇچىنچى يول خام خىياللىرىغىمۇ قارشىمىز.

«سىلەر بەك قاتتىق تېگىۋاتىسىلەر.» بىزنىڭ ئىيتقانلىرىمىز ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە يەنى جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارىتىلغان، باشقا ھېچقانداق كىشىگە قارىتىلمىغان.

ئۇلارغا قارىتا قاتتىق تېگىش-تەگمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقمايدۇ، قاتتىق تەگسەكمۇ شۇ، قاتتىق تەگمىسەكمۇ شۇ، چۈنكى ئۇلار ئەكسىيەتچى. ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئىنقىلابچىلارنىڭ چېگرىسىنى ئوچۇق ئاجرىتىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستى ۋە ھىلە-مىكىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوشيارلىق ۋە دىققەت-ئېتىۋارنى قوزغاپ، ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىمىزنى ئۇستۇرگەن، دۈشمەننىڭ ھەيۋىتىنى يوقاتقاندىلا، ئەكسىيەتچىلەرنى يىتىم قالدۇرغىلى، يەڭگىلى ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ۋەھشىي ھايۋان ئالدىدا قىلچىمۇ قورقۇنچاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. جىڭياڭگاڭدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇسۇڭدىن[5] ئۆلگە ئېلىشىمىز كېرەك. ۋۇسۇڭنىڭ نەزىرىدە، جىڭياڭگاڭدىكى يولۋاسقا قاتتىق تەگسىمۇ شۇ، قاتتىق تەگمىسىمۇ شۇ ئىدى، ئۇ بەرىبىر ئادەم يەيتتى. يا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈش، يا يولۋاسقا يەم بولۇش — ئىككىنىڭ بىرى.

«بىز تىجارەت قىلىشىمىز كېرەك.» تامامەن توغرا، تىجارەتنى بەرىبىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز پەقەت تىجارەت قىلىشىمىزغا دەخلى قىلىۋاتقان ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگىلا قارشى تۇرىمىز، ئۇلاردىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە قارشى تۇرمايمىز. كوپچىلىك بىلىشى لازىمكى، بىزنىڭ چەتئەللەر بىلەن تىجارەت قىلىشىمىزغا شۇنىڭدەك بىزنىڭ چەتئەللەر بىلەن ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىمىزغا دەخلى قىلىۋاتقانلار باشقىلار ئەمەس، دەل ئەنە شۇ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقارادىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنى تار-مار قىلغاندىلا، بىزگە قىلىشقا تىجارەت تېپىلىدۇ، باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش،

زىمىن پۈتۈنلۈگىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئۆزئارا ھورمەت قىلىش ئاساسىدا بارلىق دولەتلەر بىلەن ۋەيجىياۋ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدۇ.

«خەلقارا ياردەم ئالمايمۇ، غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ.» بۇ — خاتا ئوي. جاھانگىرلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋردە ھەرقانداق مەملىكەتتىكى ھەقىقى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ خەلقارا ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ياردىمىسىز ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. غەلىبە قازانغاندىمۇ، ئۇنى مۇستەھكەملىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇق ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئەنە شۇنداق بولدى، بۇنى بىزگە لېنىن ۋە ستالىن ئالللىقاچان ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 3 جاھانگىر دولەتنىڭ يوقىتىلىشى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ شۇنداق بولدى. خەلق جۇڭگوسىدىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ۋە شۇنداق بولىدۇ. ئويلاپ كورۈڭلار، مۇبادا سوۋېت ئىتتىپاقى بولمىغان بولسا، مۇبادا فاشىزىمغا قارشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولسا، مۇبادا ياپون جاھانگىرلىگى يوقىتىلمىغان بولسا، مۇبادا خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى ۋۇجۇتقا كەلمىگەن بولسا، مۇبادا شەرقتىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر كۆرەش قىلىۋاتمىغان بولسا، مۇبادا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ۋە باشقا كاپىتالىستىك ئەللەردىكى خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇلارغا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر بولمىغان بولسا، مۇبادا مۇشۇلارنىڭ يىغىندىسى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىشىمىزغا تىكىلگەن خەلقارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چوقۇم ھازىرقىدىن قانچە ھەسسە كوپ بولۇشىنى بىلىپ

بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز غەلىبە قازىنالايتتۇقمۇ؟ روشەنكى، قازىنالمايتتۇق. غەلىبە قازانغاندىمۇ، ئۇنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگو خەلقىنىڭ تەجرىبىسى ناھايىتى كوپ. سۇن جۇڭشەننىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، خەلقارا ئىنقىلاۋىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىش لازىم، دەپ ئېيتقان سوزى بۇنداق تەجرىبىنى ئاللىقاچان ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى.

«بىز ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ھوكۇمەتلىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاجمىز.» ھازىرقى ۋاقىتتا بۇمۇ باللارچە ئوي. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھوكۇمرانلىرى يەنىلا جاھانگىرلار، ئۇلار خەلق دولىتىگە ياردەم بېرەمدۇ؟ بىز بۇ ئەللەر بىلەن تىجارەت قىلايلى، شۇنىڭدەك بۇ ئەللەر كەلگۈسىدە ئوز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى بىلەن بىزگە پۇل قەرز بېرىشكە رازى بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلايلى، ئۇلار نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى؟ جۇڭگو خەلقىگە ئاللىقانداق ياردەم-لەرنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوز مەملىكىتىدىكى كاپىتالىست-لارنى پايدىغا، بانكا ئىگىلىرىنى ئوسۇمگە ئىگە قىلىپ، شۇ يول بىلەن ئۇلارنى ۋەيجىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بولاتتى. بۇ ئەللەردىكى گۇڭچەنداڭلار ۋە تەرەققىپەرۋەر پارتىيە - گۇرۇھلار ئوز ھوكۇمەتلىرىنى بىز بىلەن تىجارەت قىلىشقا، ھەتتا ۋەيجياۋ مۇنا-سىۋەتى ئورنىتىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ — ياخشى نىيەت، ياردەم دىگەن شۇ، بۇنى شۇ ئەللەردىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەركەتلىرى بىلەن بىرقاتارغا قويغىلى بولمايدۇ. سۇن جۇڭشەن ئوز ئومرىدە كاپىتالىستىك ئەللەردىن نۇرغۇن قېتىم ياردەم تىلىگەن ئىدى، نەتىجىدە ھەممە تىلىگى يوققا چىقتى، ئەكسىچە، رەھىمسىز زەربىلەرگە ئۇچرىدى. سۇن جۇڭشەن ئوز ئومرىدە پەقەت بىرلا قېتىم خەلقارا

ياردەمگە ئىگە بولدى، ئۇ بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى. كىتابخانىلارنىڭ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىنى كۆرۈپ چىقىشىنى سورايمەن، ئۇ ئۆز ۋەسىيىتىدە كىشىلەرگە جاھانگىر ئەللەرنىڭ ياردىمىگە تەلمۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى «دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش»نى سەممىي ھالدا تاپىلىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان، زىيان تارتقان، ئالدانغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ سۆزىنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز، بىزمۇ ئالدىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز خەلقارا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى باش بولغان جاھانگىرلىككە قارشى سەپ تەرەپتىمىز، ھەقىقىي دوستانە ياردەمنى پەقەت مۇشۇ تەرەپتىنلا تېپىش مۇمكىنكى، جاھانگىرلىك سېپى تەرەپتىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

«سىلەر ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىۋاتىسىلەر.» سۆيۈملۈك جاناپلار، توغرا ئېيتىسىلەر، بىز دەل شۇنداق قىلىۋاتىمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ نەچچە ئون يىل داۋامىدا توپلىغان بارلىق تەجرىبىلىرى بىزگە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، خەلق دېموكراتىيىسى ھاكىم مۇتلەقلىقىنى يۈرگۈزۈشنى ئۆگەتتى، بۇلار بەرىبىر ئوخشاش، دېمەك، بىز ئەكسىيەتچىلەرنى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىمىز، پەقەت خەلققىلا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بېرىمىز.

خەلق دېگەن نېمە؟ جۇڭگودا ھازىرقى باسقۇچتا خەلق ــ ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە. بۇ سىنىپلار ئىشچىلار سىنىپى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز دۆلىتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۆز

هوكۇمىتىنى سايلايدۇ، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى يەنى پومىشچىكلار سىنىپى ۋە گوەنلياۋ بۇرژۇئازىيە ئۇستىدىن شۇنىڭدەك مۇشۇ سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى ئۇستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ، ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزىدۇ، ئۇلارنى ئېزىدۇ، ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغىلا يول قويىدۇ، قالايمىقان سوزلىشىگە ۋە قالايمىقان ھەركەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەگەر قالايمىقان سوزلىسە ۋە قالايمىقان ھەركەت قىلسا، دەرھال چەكلەيدۇ ۋە جازاغا تارتىدۇ. خەلق ئىچىدە بولسا دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەلگە قويۇلىدۇ، خەلقتە سوز، يىغىن ئوتكۈزۈش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قاتارلىق ئەركىنلىك ھوقۇقلىرى بولىدۇ. سايلام ھوقۇقى پەقەت خەلققىلا بېرىلىدۇ، ئەكسىيەتچىلەرگە بېرىلمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ، خەلق ئىچىگە قارىتىلغان دېموكراتىيە تەرەپ بىلەن ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتىلغان دىكتاتۇرا تەرەپنىڭ بىرلىشىشى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى بولىدۇ.

نىمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق قىلىنىدۇ؟ بۇ ھەممىگە ئايان. بۇنداق قىلمىغاندا، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىدۇ، خەلق بالا-قازاغا ئۇچرايدۇ، دولەت مۇنقەرز بولىدۇ.

«سىلەر دولەت ھاكىمىيىتىنى يوقاتماقچى ئەمەسمىدىڭلار؟» يوقىتىمىز، لېكىن ھازىر تېخى يوقاتمايمىز، ھازىر تېخى يوقىتالمايمىز. نىمە ئۇچۇن؟ جاھانگىرلىك تېخى مەۋجۇت، مەملىكىتىمىزدە ئەكسىيەتچىلەر تېخى مەۋجۇت، مەملىكىتىمىزدە سىنىپلار تېخى مەۋجۇت. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز خەلقنىڭ دولەت ماشىنىسىنى، ئاساسەن، خەلق ئارمىيىسى، خەلق ساقچىسى ۋە خەلق قاتىلىنى كۈچەيتىپ، دولەت مۇداپىەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشتىن

ئىبارەت. مۇشۇلار شەرت قىلىنغاندا، جۇڭگونى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە پۇختا قەدەم بىلەن يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن سانائەت مەملىكىتىگە ئايلىنىش، يېڭى دېموكراتىك جەمىيەتتىن سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەتكە ئۆتۈش، سىنىپلارنى يوقىتىش ۋە بۈيۈك بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئارمىيە، ساقچى ۋە فاتىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دۆلەت ماشىنىسى — سىنىپنىڭ سىنىپنى ئېزىش قورالى. ئۇ دۈشمەن سىنىپلار ئۈچۈن ئاللىقانداق «رەھىم - شەپقەتلىك» نەرسە ئەمەس، ئېزىش قورالى ۋە زوراۋان كۈچ. «سىلەر رەھىمسىز.» دەل شۇنداق. بىز ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەركەتلىرىگە ھەرگىز رەھىملىك سىياسەت قوللانمايمىز. بىز رەھىملىك سىياسەتنى پەقەت خەلق ئىچىدىلا قوللىنىمىز، خەلق سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەركەتلىرىگە قوللانمايمىز.

خەلق دۆلىتى خەلقنى قوغدايدۇ. خەلق دۆلىتى بولغاندىلا، خەلق پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ۋە ئومۇمىي كۆلەمدە دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش (بۇ تەسىر ھازىر تېخى ناھايىتى چوڭ، بەلكى ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى چاپسانلا يوقاتقىلى بولمايدۇ)، ئۆزىنىڭ كونا جەمىيەتتىن ئېلىپ كەلگەن يامان ئادەت ۋە يامان ئىدىيىلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزىنى ئەكسىيەتچىلەر باشلىغان خاتا يولغا كىرگۈزۈپ قويماسلىق ۋە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش، سوتسىيالىستىك جەمىيەت ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ جەھەتتە قوللىنىدىغان ئۇسۇلىمىز زورلاش ئۇسۇلى ئەمەس، دېموكراتىك ئۇسۇل، يەنى سوز بىلەن قايىل قىلىش ئۇسۇلى. خەلق ئىچىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار بولسا، ئۇلارمۇ جازالىنىدۇ، بەنغاگزىدىمۇ ياتىدۇ، ئولۇم جازاسىغا تارتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇ بەزى ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، بىر سىنىپ سۈپىتىدە قارىلىدىغان ئەكسىيەتچى سىنىپ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان دىكتاتۇرىدىن پىرىنسىپلىق پەرقلىنىدۇ.

ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىيەتچى گۇرۇھتىكىلەر ئوزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسيان كوتەرمىسە، بۇزغۇنچىلىق قىلمىسا ۋە پاراكەندىچىلىك توغدۇرمىسىلا، ئۇلارغىمۇ يەر ۋە ئىش بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈن كورۇشىگە، ئەمگەكتە ئوزلىرىنى ئوزگەرتىپ، يېڭى ئادەم بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەمگەك قىلىشنى خالىمىسا، خەلق دولىتى ئۇلارنى زورلاپ ئەمگەك قىلدۇرىدۇ. ئۇلارغا تەشۋىق-تەربىيە ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئېلىپ بېرىلغاندىمۇ، خۇددى ئەسىر ئېلىنغان جۇنگۈەنلەرگە ئېلىپ بارغىنىمىزدەك، تازا كوڭۇل قويۇپ، تولۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىمۇ «رەھىملىك سىياسەت قوللىنىش» دېگىلى بولار، لېكىن بۇ — بىزنىڭ ئىلگىرى دۈشمەن سىنىپتا بولغانلارغا قوللىنىدىغان زورلاش چارىمىز، بۇنى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي خەلق ئىچىگە قاراتقان ئوز-ئوزىنى تەربىيىلەش ئىشىمىز بىلەن بىرقاتارغا قويغىلى بولمايدۇ.

ئەكسىيەتچى سىنىپتىكىلەرنى ئوزگەرتىدىغان بۇنداق ئىشنى پەقەت گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىق دولەتلا قىلالايدۇ. بۇ ئىش ياخشى ئىشلەنسە، جۇڭگودىكى ئاساسىي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار — پومېش-

شەكىللار سىنىپى ۋە گومىنلياۋ بۇرژۇئازىيە يەنى لۇكدۇەن بۇرژۇئازىيە ئۈزۈل - كېسىل يوقىلىدۇ. بىرلا مىللىي بۇرژۇئازىيە قالىدۇ، ھازىرقى باسقۇچتىلا ئۇلار ئارىسىدىكى كۆپ كىشىلەرگە نۇرغۇن مۇۋاپىق تەربىيە خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. كېلەچەكتە سوتسىيالىزىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان يەنى خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. خەلق قۇدرەتلىك دۆلەت ماشىنىسىغا ئىگە، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقمايدۇ.

جىددىي مەسىلە — دېھقانلارنى تەربىيىلەش. دېھقانلار ئىگىلىكى — تارقاق ئىگىلىك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلغان ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندىلا، يېزا ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بولمايدىكەن، تولۇق ۋە مۇستەھكەم سوتسىيالىزىم بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى دۆلەت كارخانىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قۇدرەتلىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇلۇشى لازىم[8]. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىغىدىكى دۆلەت مەملىكەتنى سانائەتلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى باسقۇچلۇق رەۋىشتە ھەل قىلىشى لازىم. بۇ ماقالىدا ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ توختالماقچى ئەمەسمەن، شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي سۆزلىمەيمەن.

1924 - يىلى گومىنداڭنىڭ سۇن جۇڭشەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ۋە كوممۇنىستلار قاتناشقان 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بىر مەشھۇر خىتابنامە قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ خىتابنامىدە:

«يېقىنقى زامان دولەتلىرىدە خەلق هوقۇقى تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، كوپىنچە، بۇرژۇئازىيىگە خاس بولۇپ، ئاددى خەلقنى ئېزىش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ خەلق هوقۇقى مەسىلىگى بولسا ئومۇمىي ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگىلەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس» دېيىلگەن ئىدى. كىم كىمگە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىنى هېساپقا ئالماي، ئادەتتىكى سىياسى گائىلىك سۈپىتىدە ئېيتىلاندا، بۇ يەردە ئېيتىلغان خەلق هوقۇقى مەسىلىگى بىز ئېيتىپ يۈرگەن خەلق دېموكراتىزىمىغا ياكى يېڭى دېموكراتىزىمىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئومۇمىي ئاددى خەلققە ئورتاق بولغان، بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇسۇسى قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدىغان دولەت تۈزۈمى، ئەگەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىگى قوشۇلسا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت دولەت تۈزۈمى بولىدۇ.

جياڭ جېيشى سۇن جۇڭشەندىن يۈز ئۆرۈپ، گوەنلياۋ بۇرژۇئازىيە بىلەن پومېشچىكلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنى جۇڭگونىڭ ئاددى خەلقنى ئېزىدىغان قورال قىلدى. بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرا 22 يىل يۈرگۈزۈلۈپ، مانا ئەمدى بىز رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو ئاددى خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

بىزنى «هاكىم مۇتلەق»لىق ياكى «جىچۇەنجۇيى»لىق قىلىۋاتىسىلەر، دەپ تىللاۋاتقان چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى — ئۆزلىرى هاكىم مۇتلەقلىق ياكى جىچۇەنجۇيىلىق قىلىۋاتقان كىشىلەر. ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارىيات ۋە باشقا خەلققە قاراتقان بىر سىنىپ هاكىم مۇتلەقلىقى تۈزۈمىنى، بىر سىنىپ جىچۇەنجۇيىسىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. سۇن جۇڭشەن يېقىنقى زامان ئەللىرىنىڭ ئاددى خەلقنى ئەزگۈچى بۇرژۇئازىيىسى

دىگەندە، نەق مۇشۇ كىشلەرنى كوزدە تۇتىدۇ. جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھاكىم مۇتلەقلىقنى ئەنە شۇ ئەكسىيەتچى ئەبلەخلەردىن ئۇگەنگەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتكەن پەيلاسوپ جۇ شى نۇرغۇن كىتاپلارنى يازغان، كوپ سوزلەرنى قىلغان ئىدى، كوپچىلىك ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ مۇنۇ بىر جۇملە سوزى ئۇنتۇلغىنى يوق: «ئوزىنىڭ يولى بىلەن ئوزىنى باپلا.»⑦ بىز شۇنداق قىلىۋاتىمىز، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرنىڭ يولى بىلەن جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرنىڭ ئوزىنى باپلاۋاتىمىز. قىلغىنىمىز شۇلا، يەنە نىمە قىلىپتۇق!

ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرا بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرا خاراكتىر جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى، ھالبۇكى، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن ئۇگىنىشتىن كەلگەن. بۇ ئۇگىنىش ناھايىتى زورۇر. ئىنقىلاۋىي خەلق ئەگەر ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىنىپلارغا ھوكۇمرانلىق قىلىشنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئۇگىنىۋالمىسا، ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، خەلق ھاكىمىيىتى ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ، ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەر جۇڭگودا تىرىلىدۇ، ئىنقىلاۋىي خەلق بالا-قازاغا ئۇچرايدۇ.

خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى — ئىشچىلار سىنىپى، دىخانلار سىنىپى ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىتتىپاقى، ئاساسەن، ئىشچىلار بىلەن دىخانلارنىڭ ئىتتىپاقى، چۈنكى بۇ ئىككى سىنىپ جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80-90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرغان

كۆچ، ئاساسەن، مۇشۇ ئىككى سىنىپنىڭ كۈچى. يېڭى دېموكراتىزىمـ
دىن سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈشتە، ئاساسەن، مۇشۇ ئىككى سىنىپنىڭ
ئىتتىپاقىغا تايىنىمىز.

خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرـ
لىكىگە مۇھتاج. چۈنكى پەقەت ئىشچىلار سىنىپىلا ئەڭ يىراقنى
كورىدۇ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنىلا كوزلەيدۇ، ئىنقىلاۋىي ئۈزۈلـ
كېسىللىككە ئەڭ باي كېلىدۇ. پۈتۈن ئىنقىلاپ تارىخى ئىسپاتلىدىكى،
ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغاندا، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولىـ
دۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندا، ئىنقىلاپ غەلىبە
قازىنىدۇ. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، ھەرقانداق ئەلدىكى باشقا
ھەرقانداق سىنىپ ھەرقانداق ھەقىقى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىپ،
ئۇنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ. جۇڭگو ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى
ۋە مىللى بۇرژۇئازىيىسى ئىنقىلاپقا نۇرغۇن قېتىم رەھبەرلىك قىلغان
ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولدى، بۇ ھال ئۇنىڭ روشەن
دەلىلى.

مىللى بۇرژۇئازىيە ھازىرقى باسقۇچتا ناھايىتى موھىم. بىزنىڭ
يېنىمىزدا تېخى جاھانگىرلىك تۇرۇپتۇ، بۇ دۈشمەن ناھايىتى ياۋۇز.
جۇڭگونىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان
سالمىقى تېخى ناھايىتى كىچىك. بۇ ھەقتە ھازىر ئىشەنچلىك سان
يوق، بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسەن مولچەرلىگەندە، ياپون باسقۇنچىـ
لىرىغا قارشى ئۇرۇشقىچە زامانىۋى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى
پۈتۈن مەملىكەت خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ
ئارانلا 10 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلاتتى. جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا
جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ ئارقىدا قالغان ئىقتىسادي

ئورنىنى بىر بالداق كوتىرىش ئۈچۈن، جۇڭگودا دولەت ئىقتىسادى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق بولغان بارلىق شەھەر ۋە يېزا كاپىتالىزمى ئامىللىرىدىن پايدىلىنىش، مىللى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش لازىم. بىزنىڭ ھازىرقى فاڭجېنىمىز كاپىتالىزمنى يوقىتىش ئەمەس، كاپىتالىزمنى چەكلەش. لېكىن مىللى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپىنىڭ رەھبىرى بولالمايدۇ، شۇنداقلا دولەت ھاكىمىيىتىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتماسلىقى كېرەك. مىللى بۇرژۇئازىيە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلاپىنىڭ رەھبەرى بولالمايدۇكى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن دولەت ھاكىمىيىتىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتماسلىقى كېرەككى، مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىجتىمائى-ئىقتىسادى ئورنى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بەلگىلىگەن، ئۇلار يىراقنى كورەلمەيدۇ، ئۇلاردا يېتەرلىك غەيرەت يوق ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە كىشىلەر خەلق ئاممىسىدىن قورقىدۇ.

سۇن جۇڭشەن «خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش»نى ياكى «دېخانلار ۋە ئىشچىلارغا يار-يولەك بولۇش»نى تەشەببۇس قىلدى. كىم «ئويغىتىدۇ» ۋە «يار-يولەك» بولىدۇ؟ سۇن جۇڭشەننىڭ پىكرىچە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللى بۇرژۇئازىيە. لېكىن بۇ، ئەمىلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. سۇن جۇڭشەننىڭ 40 يىللىق ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ جاھانگىرلىك دەۋرىدە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللى بۇرژۇئازىيە ھەرقانداق ھەقىقى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ، سەۋەبى ئەنە شۇ.

بىزنىڭ 28 يىلىمىز كوپ پەرقلىق بولدى. بىز نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق. ئىنتىزاملىق بولغان، ماركسىزم-لېنىنىزم

نەزىرىيىسى بىلەن قوراللانغان، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان پارتىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي سىنىپلار ۋە ئىنقىلاۋىي گۇرۇھلار بىرلىكسەپى — بۇ ئۈچى بىزنىڭ دۈشمەننى يېڭىشتىكى ئاساسىي قورالىمىز. بۇلار بىزنى ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن پەرقلەندۈردۇ. بىز بۇ ئۈچىگە تايىنىپ، ئاساسىي غەلىبىگە ئېرىشتۇق. بىز ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىز پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل ۋە «سول»چىل جىخۇيىجۇيىلىق خاھىشلار بىلەن كۈرەش قىلدۇق. بۇ ئۈچ ئىشتا جىددىي خاتالىق سادىر بولغان ۋاقىتلاردا ئىنقىلاپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. خاتالىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار بىزگە ساۋاق بەردى، بىزنى نىسبەتەن پاراسەتلىك قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئىشنى ئوبدانىراق ئىشلەيدىغان بولدۇق. ھەرقانداق پارتىيە، ھەرقانداق شەخس خاتالىقتىن ھامان خالى بولالمايدۇ، بىز خاتالىقنىڭ ئازراق بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. خاتالىق سادىر بولغان بولسا، تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىمىز، قانچە تېز، قانچە تەلتۆكۈس تۈزىتىلسە، شۇنچە ياخشى.

تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەپ، بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ئۇ ئىشچىلار سىنىپى (كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت. بۇ دىكتاتۇرا خەلقارا ئىنقىلاۋىي كۈچلەر بىلەن بىر ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك. بۇ — بىزنىڭ كۆرسەتمىز، بۇ — بىزنىڭ ئاساسىي تەجرىبىمىز، بۇ — بىزنىڭ ئاساسىي گاڭلىنگىمىز.

پارتىيىمىزنىڭ 28 يىلى — ئۇزاق بىر دەۋر، بىز بۇ دەۋردە بىرلا

ئىش قىلدۇق، يەنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى بۇ غەلىبە — خەلقنىڭ غەلىبىسى، چۈنكى بۇ غەلىبە — جۇڭگودەك چوڭ بىر ئەلنىڭ غەلىبىسى. لېكىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز تېخى ناھايىتى كوپ، يول يۈرۈشكە تەمسىل قىلساق، ئۆتكەندە قىلغانلىرىمىز پەقەت 10 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا باسقانلىق، خالاس. يەنە قالدۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. جىددى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىزگە تونۇش بولغان نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى پات يېقىندا بىر چەتتە قالىدۇ، بىزگە تونۇش بولمىغان نەرسىلەر بىزنى ئىشلەشكە مەجبۇر قىلماقتا. قىيىنچىلىق ئەنە شۇ. جاھانگىرلار بىزنى ئىقتىسادىي ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ بارالمايدۇ، دەپ چاغلايدۇ، ئۇلار بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، بىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمىزنى كۈتىدۇ.

بىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز لازىم، ئۆزىمىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. بىز ئىگىلىك ئىشلىرىنى شۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولغان بارلىق كىشىلەردىن (قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. ئۇلارنى ئۇستاز قىلىشىمىز، ئۇلاردىن ھورمەت بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش، بىلمەي تۇرۇپ بىلىمەن دېمەسلىك لازىم. ئەمەلدارلىق كىبرى بولماسلىق لازىم. قاتتىق بېرىلسەك، بىرنەچچە ئاي، بىر-ئىككى يىل ياكى تۇت-بەش يىلدا ئۆگىنىۋالالايمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرى ئەچىدىمۇ بەزى كىشىلەر دەسلەپتە ئىگىلىك ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى ئانچە بىلمەيتتى، شۇ چاغدىمۇ جاھانگىرلار ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇ-

شىنى كۆتكەن ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى كۆكچەنداكى غەلىبە قىلدى، ئۇلار لېنىن ۋە ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىنقىلاپ قىلىشنىلا ئەمەس، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قىلىشنىمۇ بىلىۋالدى. ئۇلار ئۇلۇق، شانلىق بىر سوتسىيالىستىك دولەت قۇرۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كۆكچەنداكى — بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىمىز، بىز ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بۇ قورالغا تايىنىپ، ئەكسىيەتچىلەردىن باشقا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كوزلىگەن يەرگە پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتىپ بېرىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

## ئىزاھلار

① «كوممۇنىزىم ھەركىتىدە باللارچە «سوللۇق» كېسىلى»نىڭ 2 - بابىغا قاراڭ. لېنىن ئۇنىڭدا مۇنداق دېگەن: «ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 90 - يىللىرىغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ۋاقىت داۋامىدا، روسىيىدىكى ئىلغار پىكىردىكىلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن ياۋايى ۋە ئەكسىيەتچى چارىزىم زۇلمى ئاستىدا، توغرا ئىنقىلاۋي نەزەرىيىنى تەشنالىق بىلەن ئىزلىدى ھەمدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇ ساھەدىكى ھەر بىر «يېڭى كەشپىياتى»نى ناھايىتى تىرىشچانلىق ۋە دىققەت بىلەن كۆزىتىپ باردى. روسىيە يېرىم ئەسىر داۋامىدا، ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قىينىلىپ ۋە سانسىز قۇربانلار بېرىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاۋي قەھرىمانلىق، ئاجايىپ زور غەيرەت ۋە پىداكارلىق بىلەن يول ئىزلەپ، ئۆگىنىپ، تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ، ئۈمىتسىزلىككە چۈشۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراشنىڭ سەۋەبلىرىنى

تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ياۋروپا تەجرىبىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ماركسىزمدىن ئىبارەت بىردىن-بىر توغرا ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىسىنى ئاخىر قولغا كىرگۈزدى.»

② كاڭ يۇۋېي (1858 — 1927) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي ناھىيىسىدىن. جۇڭگو 1894-يىلى ياپون جاھانگىرلىكىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ 1895-يىلى بېيجىڭدا كېچۇي ئىمتىھانىغا قاتنىشىۋاتقان 1300 جۈيرېنغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گۇاڭشۈي خانغا «تۈمەن سۆزلۈك ئەرزنامە» سۇنۇپ، «قانۇننى ئۆزگەرتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈش»نى، خانلىق-مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىن خانلىق-شيەنفا-لىق تۈزۈمگە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. 1898-يىلى گۇاڭشۈي خان ئۇنى ھەم تەن سىتۇڭ، لياڭ چىچاۋلارنى ھۆكۈمەت ئىشىغا قويۇپ، قانۇننى ئۆزگەرتىشكە كىرىشىپ باقتى. كېيىن جاھىللار گۇرۇھىنىڭ ۋەكىلى سىشى تەيخۇ ھاكىمىيەتنى قايتىدىن قولغا ئېلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىققا كۆچۈش ھەركىتى مەغلۇپ بولدى. كاڭ يۇۋېي بىلەن لياڭ چىچاۋ چەتئەلگە قېچىپ بېرىپ، باۋخۇاڭداڭ تەشكىل قىلىپ، سۇن جۇڭشەن ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي گۇرۇھى بىلەن قارشىلىشىپ، ئەكسىيەتچى سىياسى گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. كاڭ يۇۋېي «يېڭى ئىلىمدىكى ساختا ئەقىدىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، «كۇڭزىنىڭ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش»، «بۈيۈك بىرلىك كىتاۋى» دېگەن كىتابلارنى يازغان.

③ يەن فۇ (1853 — 1921) فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنخۇ ناھە-يىسىدىن. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1894-يىلدىكى جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، خانلىق-شيەنفالىق تۈزۈمگە ئۆتۈش ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ھېكسلىنىڭ «تەدرىجى تەرەققىيات ۋە ئەخلاق»، ئادام سمىتنىڭ «ئەل بايلىقى»، مىللنىڭ «لوگىكا» ۋە مونتېسكىنىڭ «قانۇنلار روھى» دېگەن كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ

ئىدىيىسىنى تارقاتقان.

④ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 ـ تومىدىكى «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە»نىڭ ⑰ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ ۋۇ سۇڭ ــ جۇڭگونىڭ مەشھۇر رومانى «شۇيخۇجۇەن»دىكى بىر قەھرىمان، ئۇنىڭ جىڭياڭگاڭدا يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىگى ھەققىدىكى ھېكايە خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

⑥ يېزا ئىگىلىگىنى ئىجتىمائىلاشتۇرۇش بىلەن مەملىكەتنى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى توغرىسىدا 1955 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو كۇڭچەنداڭى شېڭ، شى ۋە جۈيداڭۋېي شۇجىلىرى يىغىنىدا قىلغان «يېزا ئىگىلىگىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا» دىگەن دوكلادىنىڭ 7 ۋە 8 ـ قىسمىغا قارالسۇن. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ دوكلادىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، يېزا ئىگىلىگىنى ئىجتىمائىلاشتۇرۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىملىغى مەسىلىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى.

⑦ بۇ ــ پەيلاسوپ جۇ شىنىڭ «جۇڭيۇڭ»نىڭ 13 ـ بابىغا بەرگەن شەرھىدە ئېيتقان سۆزى.

# خام خىياللارنى تاشلاپ، كۈرەشكە تەييارلىنايلى*

**(1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)**

ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاق تاشلىق كىتاۋى ۋە ئاچېسون گوۋۇچىڭنىڭ ترۇمېن زۇڭتۇڭغا يازغان خېتىنىڭ① دەل مۇشۇ چاغدا ئېلان قىلىنىشى تاسادىپى

---

* بۇ ئەسەر ۋە تۆۋەندىكى «خەير ئەمىسە، ستۇئارت لېيتون»، «ئاق تاشلىق كىتاپ نىمە ئۈچۈن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ»، «"دوستلۇق"مۇ، ياكى تاجاۋۇزچىلىقمۇ؟»، «ۋېيشىنجۇيىلىق تارىخىي قاراشنىڭ بەربات بولۇشى» دىگەن 4 ئەسەر ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋى ۋە ئاچېسونىڭ خېتى توغرىسىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پىكىرلەر. بۇ پىكىرلەردە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ جاھانگىرلىك ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان، مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قىسىم بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە بولغان خام خىياللىرى تەنقىت قىلىنغان ھەمدە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە غەلبە قازىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەمەس. بۇ ھوججەتلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، پۈتۈن جاھانگىرلىك دۇنياسى تۈزۈمىنىڭ زاۋاللىققا يۈز-تۇتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. جاھانگىرلىك تۈزۈمىنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان قاتمۇ-قات ئىچكى زىددىيەتلىرى جاھانگىرلارنى غايەت چوڭ غەم-قايغۇغا سېلىپ قويىدى.

جاھانگىرلىك ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىدى. مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەم جاھانگىرلارنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى ئەنە شۇنداق شەرت. جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيادىكى خەلق ئاممىسىنى جاھانگىرلىكنى يوقىتىش يولىدىكى ئۇلۇق كۆرەشنىڭ تارىخي دەۋرىگە كىرگۈزدى.

جاھانگىرلىك ئەنە شۇ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ماددى شەرت ھازىرلاپ بەردى، مەنىۋى شەرتمۇ ھازىرلاپ بەردى.

زاۋۇت-فابرىكا، تۆمۈريول، مىلتىق، زەمبىرەك ۋاھاكازالار — ماددى شەرت. جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنىنىڭ قۇدرەتلىك ماددى قورال-ياراقلىرىنىڭ كوپ قىسمى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن ئېلىنغان، بىر قىسمى ياپون جاھانگىرلىكىدىن ئېلىنغان، بىر قىسمى ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن.

1840-يىلى ئەنگلىيىلىكلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندىن بۇيان، ئارقا-ئارقىدىن، ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش، فرانسىيە جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش، ياپونىيە جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، چار روسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيەدىن

ئىبارەت 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش، ياپونىيە بىلەن چار روسىيە جۇڭگو زېمىنىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش②، 1931 ـ يىلى باشلانغان ياپونىيە جۇڭگونىڭ دۇڭبېيىغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش، 1937 ـ يىلى باشلىنىپ 8 يىل داۋام قىلغان، ياپونىيە جۇڭگونىڭ پۈتۈن زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش بولۇپ ئوتتى، ئەڭ ئاخىردا، يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان كۆرۈنۈشتە جىياڭ جيېشى، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا جۇڭگو خەلقىگە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش بولدى. مۇشۇ ئاخىرقى قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئاچىسونىنىڭ خېتىدە ئېيتىلغاندەك، ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە بەرگەن ماددىي ياردىمى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ «پۇل چىقىمىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن جىقراغى»نى تەشكىل قىلدى، «ئامېرىكا جۇڭگو ئارمىيىسىنى (گومىن-داڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى) ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى». دېمەك، بۇ ئۇرۇش — ئامېرىكا پۇل ۋە مىلتىق چىقارغان، جىياڭ جيېشى ئادەم چىقىرىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنى قىرغان ئۇرۇش. مۇشۇ بارلىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇز ۋە زۇلۇملار جۇڭگولۇقلاردا جاھانگىرلىككە قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى، جۇڭگولۇقلارغا بۇنىڭ زادى قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاتقۇزدى، جۇڭگولۇقلارنى ئىنقىلاۋىي روھنى جارى قىلدۇرۇشقا، كۈرەش جەريانىدا ئىتتىپاقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. جۇڭگو خەلقى كۈرەش قىلىش، مەغلۇپ بولۇش، يەنە كۈرەش قىلىش، يەنە مەغلۇپ بولۇش، يەنە كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا، 109 يىللىق تەجرىبىلەرنى، بىرنەچچە يۈز قېتىملىق چوڭ ـ كىچىك كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرىنى، ھەربىي ۋە سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي، قان توكۈلگەن ۋە قان

توكۇلـمىگەن كۆرەشـلەرنىڭ تەجـرىبىلىرىنى توپـلاش ئارقىسىدا، بۈگۈنكىدەك ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردى. مانا بۇلار — مەنىۋى شەرت. بۇنـداق مەنىـۋى شەرت بولمىغان بولـسا، ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنالمىغان بولاتتى.

تاجاۋۇزچىلىق زورۇرىيىتى ئۈچۈن جاھانگىرلار جۇڭگودا مەيبەن تۈزۈمنى ۋە گۈەنلياۋ كاپىتالىنى پەيدا قىلدى. جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش تۇغدۇردى، جاھانگىرلىككە قارىمۇ ـ قارشى نەرسىنى — جۇڭگو مىللى سانائىتىنى، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىنى پەيدا قىلدى، بولۇپمۇ جاھانگىرلار بىۋاستە باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلاردا، گۈەنلياۋ كاپىتال كارخانىلىرىدا، مىللى بۇرژۇئازىيە كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان جۇڭگو پرولېتارىياتىنى پەيدا قىلدى. تاجاۋۇزچىلىق زورۇرىيىتى ئۈچۈن، جاھانگىرلار تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن جۇڭگو دېھقانلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، خانىۋەيران قىلدى، جۇڭگودا نەچچە يۈز مىليون كەڭ كەمبەغەل دېھقانلار ئاممىسىنى پەيدا قىلدى، كەمبەغەل دېھقانلار يېزا ئاھالىسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى. تاجاۋۇزچىلىق زورۇرىيىتى ئۈچۈن، جاھانگىرلار جۇڭگودا كونىچە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ياكى شىدافۇلاردىن پەرق قىلىدىغان بىرنەچچە مىليون يېڭىچە ئوقۇرى ۋە ئادەتتىكى زىيالىلارنى پەيدا قىلدى. جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جۇڭگو ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى بۇ كىشىلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا تىزگىنلەپ تۇرالىدى، كېيىنكى چاغلاردا ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىنى، مەسىلەن، خۇ شى، فۇ سىنيەن، چيەن مۇغا ئوخشاشلارنىلا تىزگىنلەپ تۇرالىدى، قالغانلىرىنى تىزگىنلەپ

تۇرالمىدى، بۇلار ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جىياۋشۇلار، تېخنىكلار، كۆكچېكىشىلار، دوختۇرلار، ئالىملار، ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار ۋە ھوكۇمەت خادىملىرى ئىسيان كۆتەردى، ياكى گومىنداڭنىڭ كەينىدىن مېڭىۋېرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. گومىنداڭ بىر كەمبەغەل پارتىيە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئوت قويىدۇ، ئايالىلار-نىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ، تارىخ دېمەيدۇ، مەدەنىيەت دېمەيدۇ، ۋەتەن دېمەيدۇ، ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، ئۇستاز ۋە چوڭلارنى ئىززەتلىمەيدۇ، يولسىزلىق قىلىدۇ، مۇلۇكلەرنى ۋە خوتۇنلارنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىدۇ، ئادەم دېگىنى جەنشۇسنى قوللىنىدۇ، قىسقىسى، بىر توپ بەتبەشىرىلەر، كەچۈر-گۈسىز جىنايەتكارلار، دەپ كەڭ تۇردە، ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تەشۋىق قىلدى. بىراق، ئىش شۇنداق قىزىقكى، مانا شۇنداق بىر توپ كىشىلەر نەچچە يۈز مىليون خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى، جۈملىدىن زىيالىلارنىڭ زور كوپچىلىگىنىڭ، خۇسۇسەن ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى.

بىر قىسىم زىيالىلار يەنە قاراپ باقماقچى. ئۇلار گومىنداڭغۇ ياخشى ئەمەس، كوكچەنداڭنىڭ ياخشى بولۇشىمۇ ناتايىن، قاراپ بېقىپ بىرنىمە دەرمىز، دەپ ئويلاشماقتا. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغزىدا ھىمايە قىلىمەن دېسىمۇ، كوڭلىدە قاراپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ. دەل مۇشۇ كىشىلەر ئامېرىكىغا نىسبەتەن خام خىيالدا بولماقتا. ئۇلار ھوقۇقدار ئامېرىكا جاھانگىر ئۇنسۇرلىرى بىلەن ھوقۇقدارلاردىن بولمىغان ئامېرىكا خەلقىنى پەرق ئېتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار، گويا جىددى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشسىزمۇ ئامېرىكا جاھانگىر

ئۇنسۇرلىرى خەلق جۇڭگوسىغا باراۋەرلىك، ئوز ئارا مەنپەئەت يەتكۈ-
زۈش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغاندەك، بۇ جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ
بەزى تاتلىق-شېرىن سوزلىرىگە ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ
مېڭىسىدە بىرمۇنچە ئەكسىيەتچىل يەنى خەلققە قارشى ئىدىيىلەر
تېخى ساقلىنىپ كەلمەكتە، لېكىن ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
ئەمەس، ئۇلار خەلق جۇڭگوسىدىكى ئارىلىقتىكىلەر ياكى ئوڭچىلار.
ئۇلار ئاچېسون ئېيتقان «دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك»نىڭ هاما-
لىرى. ئاچېسونلارنىڭ ئالدامچىلىق نەيرەڭلىرىنىڭ جۇڭگودا ھېلىمۇ
بىر قەۋەت يۇققا ئىجتىمائى ئاساسى بار.

ئاچېسوننىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋى ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ جۇڭ-
گونىڭ ھازىرقى مۇشۇ ۋەزىيىتىگە قارىتا پۈتۈنلەي چارىسىز قالغان-
لىغىنى كورسىتىدۇ. گومىنداڭ شۇنداق كارغا كەلمەي قالدىكى، قانچە
ياردەم قىلغان بىلەنمۇ، بەرىبىر، هالاكەتكە مەھكۇم، ئامېرىكا جاھان-
گىرلىرى ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەي قالدى، نائىلاج قالدى. ئاچېسون
ئوز خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگودىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كوڭۇل-
سىز ئاقىۋىتى ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ
چۈشتى، بۇ بەختسىزلىك بولدى، ئەمما مۇقەررەر ئىدى. دولەت-
مىزنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن مۇۋاپىق دائىرىدە بىز قىلغان ۋە قىلالاي-
دىغان ھەممە ئىش بۇنداق ئاقىۋەتنى ئوزگەرتەلمەيتتى؛ بۇنداق
ئاقىۋەتنىڭ ئاخىر يۈز بەرگەنلىكى بىزنىڭ بەزى ئىشلىرىمىزنىڭ كەم
ئىشلىنىپ قالغانلىقىدىنمۇ ئەمەس. بۇ — جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ھەر خىل كۈچلەرنىڭ مەھسۇلى، دولىتىمىز بۇ كۈچلەرگە بىر ئىلاج
قىلىپ تەسىر كورسەتمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنۇم چىقمىدى.»

مەنتىق بويىچە، ئاچېسوننىڭ خۇلاسىسى، جۇڭگودىكى بەزى

پکری تۇتۇق زیاللارنڭ ئویلغنی یاکی ئپیتقندەك، «جاللات قانلق قلچنی تاشلسا، دەرھال ئەۋلیا بولدۇ»، «قاراقچی پەیلدن یانسا، یاخشی ئادەم بولدۇ»، ئامېرکا ھوکۇمتی خەلق جۇڭگوسغا باراۋەرلك، ئوزئارا مەنپەئەت یەتکۈزۈش ئاساسدا مۇئامله قلدۇ، پاراکەندچلك سېلش ئشلرنی ئککنچی قلمایدۇ، دېگەندن ئبارەت بولۇشی کېرەك ئدی. لېکن ئۇنداق بولمدی، ئاچېسون، یەنە پاراکەندچلك سېلش لازم، بەلکی جەزمەن پاراکەندچلك سېلش کېرەك، دەیدۇ. ئۇنۇمچۇ؟ ئۇنۇمی بولار ئمش. قانداق کشلەرگە یولندکن؟ «دېموکراتك شەخسیەتچلك»نڭ ھاملرغا یولنەر ئمش. ئاچېسون مۇنداق دەیدۇ: «...... جۇڭگونڭ ئۇزۇن یللق مەدنیتی ۋە دېموکراتك شەخسیەتچلکی ئاخر ئوز کارامتنی کورستدۇ، جۇڭگو ئاخر چەتئەلنڭ بویۇنتۇرۇغدن قۇتۇلدۇ. جۇڭگودا مۇشۇ نشانغا یۈزـ تۇتقان ھازرقی ۋە کەلگۇسدکی بارلق تەرەققیاتلار، مېنڭچە، بزنڭ رغبەتلەندۇرۇشمزگە ئېرشیشی کېرەك.»

جاھانگرلارنڭ مەنتقی خەلقنڭ مەنتقدن مانا شۇنداق کەسـ کن پەرق قلدۇ. پاراکەندچلك سېلش، مەغلۇپ بولۇش، یەنە پاراکەندچلك سېلش، یەنە مەغلۇپ بولۇش، ئاخر بېرپ ھالاك بولۇش ــ بۇ جاھانگرلارنڭ ۋە دۇنیادکی بارلق ئەکسیەتچلەرـ نڭ خەلق ئشلرغا قوللنددغان مەنتقی، ئۇلار بۇ مەنتققە ھەرگز خلاپلق قلمایدۇ. بۇ ــ مارکسزمنڭ بر قانۇنی. بز «جاھانگرـ لك ناھایتی یاۋۇز» دېگەندە، ئۇنڭ تەبتنڭ ئوزگەرمەیدغانـ لغنی کوزدە تۇتمز، جاھانگر ئۇنسۇرلار تاکی ھالاك بولغچە قانلق قلچنی ھەرگز تاشلمایدۇ، ھەرگز ئەۋلیامۇ بولالمایدۇ.

كۇرەش قىلىش، مەغلۇپ بولۇش، يەنە كۇرەش قىلىش، يەنە مەغلۇپ بولۇش، يەنە كۇرەش قىلىش، ئاخىر بېرىپ غەلىبە قازى-نىش — بۇ خەلقنىڭ مەنتىقى، بۇلارمۇ بۇ مەنتىققە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇ — ماركسىزىمنىڭ يەنە بىر قانۇنى. روسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى مۇشۇ قانۇن بويىچە بولدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىمۇ مۇشۇ قانۇن بويىچە بولۇۋاتىدۇ.

سىنىپىي كۇرەش بولۇپ تۇرىدۇ، بەزى سىنىپلار غەلىبە قازىنىدۇ، بەزى سىنىپلار يوقىلىدۇ. مانا بۇ — تارىخ، مانا بۇ — نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى. تارىخنى مۇشۇ نۇقتىنەزەر بىلەن چۈشەن-دۈرۈش تارىخىي ۋېيۇۇجۇيى دەپ ئاتىلىدۇ، مۇشۇ نۇقتىنەزەرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇش تارىخىي ۋېيشىنجۇيى بولىدۇ.

ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلىنى پەقەت خەلق ئىچىدىلا قوللىنىشقا بولىدۇ، جاھانگىرلار ۋە جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى نەسىھەت بىلەن ياخشى نىيەتكە كەلتۈرۈشنى، يامان يولدىن قايتۇرۇشنى ئۈمىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىردىن-بىر چارە — كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا قارشى كۇرەش قىلىش، خۇددى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە يەر ئىنقى-لاۋىنى ئېلىپ بېرىش، جاھانگىرلىكنى پاش قىلىش، جاھانگىرلارغا ۋە جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىگە «قاتتىق تېگىش»، ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاش-لاش، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەركەتلىرىنى چەكلەش، «ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغىلا يول قويۇش، قالايمىقان سۆزلىشىگە ۋە قالاي-مىقان ھەركەت قىلىشىغا يول قويماسلىق»قا ئوخشاش. شۇنداق قىلغان-دىلا، جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن باراۋەرلىك ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى ئاستىدا ئالاقە قىلىشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، قورال تاپشۇرغان ۋە تەسلىم بولغان پومشىشك

ئۇنسۇرلارغا، گۇەنلياۋ بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارغا ۋە گومىنداڭ ئەكسى-يەتچى گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ھەم قولچوماقلىرىغا يامان ئادەمدىن ياخشى ئادەمگە ئۆزگىرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشتىن شۇنىڭدەك مۇمكىن قەدەر ئۇلارنى ياخشى ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى نۇرغۇن زىيۇجۇيىچى ئۇنسۇرلارنىڭ يەنى كونا دېموكراتىيىچى ئۇنسۇرلارنىڭ يەنى ترۇمېن، مارشالل، ئاچېسون، ستۇئارت لېيتونلار ئىنتىزار بولغان ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەمىشە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان «دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك» دىگەن نىمىنىڭ ھامىلىرىنىڭ كوپىنچە بېيدۇك ئورۇنغا چۇشۇپ قېلىشىنىڭ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشنىڭ كوپىنچە ناتوغرا بولۇپ چىقىشىنىڭ — ئامېرىكا ھوكۇمرانلىرىنى كۆزىتىشنىڭ كوپىنچە ناتوغرا بولۇپ چىقىشى، گومىنداڭنى كۆزىتىشنىڭ كوپىنچە ناتوغرا بولۇپ چىقىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزىتىشنىڭ كوپىنچە ناتوغرا بولۇپ چىقىشىنىڭ ۋە جۇڭگو گوڭچەنداڭىنى كۆزىتىشنىڭمۇ كوپىنچە ناتوغرا بولۇپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار مەسىلىلەرگە تارىخي ۋېيۇۋۇجۇيىلىق نۇقتىنەزەر بىلەن قارىمىدى ياكى ئۇنداق قاراشنى ياقتۇرمىدى.

ئىلغار كىشىلەر — كوممۇنىستلار، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھ-تىكىلەر، ئويغانغان ئىشچىلار، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە تەرەققىپەرۋەر زىيالىيلاردا خەلق جۇڭگوسىدىكى ئوتتۇرا قاتلاملار بىلەن، ئارىلىق-تىكىلەر بىلەن، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى قالاق ئۇنسۇرلار بىلەن، تېخىچە ئىككىلىنىپ ئارىسالدا بولۇپ تۇرغان بارلىق كىشىلەر بىلەن (بۇ كىشىلەر يەنە ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىككىلىنىدۇ، تۇراقلىق بولغان-دىن كېيىن يەنە ئىككىلىنىدۇ، قىيىنچىلىققا دۇچكەلسىلا ئىككىلىنىدۇ)

ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ تۇراقسىزلىقىنى تەنقىت قىلىش، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، ئۇلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى جاھانگىرلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق، ئۇلارنى خام خىياللارنى تاشلاپ، كۆرەشكە تەييارلىنىشقا ئۈندەش مەسئۇلىيىتى بار. غەلىبە قازاندۇق، ئەمدى ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. يەنە خىزمەت ئىشلەش كېرەك، سەۋرچانلىق بىلەن يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ كىشىلەرنى ھەقىقى رەۋىشتە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنى قولغا كەلتۈرسەك، جاھانگىرلار تامامەن يىتىم قالىدۇ، ئاچېسوننىڭ نەيرەڭلىرى كارغا كەلمەي قالىدۇ.

«كۆرەشكە تەييارلىنايلى» دىگەن شوئار جۇڭگو بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە تېخىچە بەزى خام خىياللاردا بولۇۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىلغان. ئۇلار بۇ مەسىلىدە تېخى بېيدۇڭ-لۇقتا تۇرماقتا، تېخى بەل باغلىغىنى يوق، ئامېرىكا جاھانگىرلىگى بىلەن (شۇنىڭدەك ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى بىلەن) ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىشقا تېخى بەل باغلىغىنى يوق، چۈنكى ئۇلار ئامېرىكىغا نىسبەتەن تېخى خام خىيالدا بولماقتا. بۇ مەسىلىدە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېلىمۇ ناھايىتى چوڭ ياكى خېلىلا چوڭ ئارىلىق بار.

ئامېرىكا ئاق تاشلىق كىتاۋىنىڭ ۋە ئاچېسوننىڭ خېتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى بۇ، جۇڭگودىكى كونا دېموكراتىزم ئىدېيىسىدە يەنى دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك

ئىدېيىسىدە بولغان، خەلق دېموكراتىزىمىنى ياكى دېموكراتىك كوللېكتىپچىلىقنى ياكى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈشنى ياكى كوللېكتىپ قەھرىمانلىقنى ياكى ئىنتېرناتسىونالىزىملىق ۋەتەنپەرۋەر- لىكنى بولسا ياقلىمايدىغان ياكى ئانچە ياقلىمايدىغان، بۇلاردىن نارازى بولۇپ يۈرگەن ياكى ئانچە ـ مۇنچە نارازى بولۇپ يۈرگەن ھەتتا بۇلارنى يامان كورىدىغان، شۇنداقتىمۇ ۋەتەننى سۆيۈش نىيىتى بولغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتارىغا كىرمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنى شەرمەندە قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ھەممە نىمىسى ياخشى دەپ ئىشىنىپ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدىن ئۆگىنىشنى ئۈمىت قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر- نىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيدى.

ئاچېسون ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق، جۇڭگودىكى دېموكراتىك شەخسى- يەتچىلەرنى «چەتئەلنىڭ بويۇنتۇرۇغى»دىن قۇتۇلۇشقا «رىغبەتلەن- دۈرۈش» كېرەك، دەيدۇ. بۇ، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك، جۇڭگو كوڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك، دىگەنلىك. چۈنكى، بۇ مەسلەك ۋە بۇ تۈزۈم «چەتئەلنىڭ» بولۇپ، جۇڭگودا يىلتىزى يوق ئىمىش، ئۇلارنى گېرمانىيىلىك ماركس (بۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 66 يىل بولدى)، روسىيىلىك لېنىن (بۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 25 يىل بولدى) ۋە ستالىن (بۇ كىشى تېخى ھايات)لار جۇڭگولۇقلارغا تاڭغان ئىمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسلەك ۋە بۇ تۈزۈم تولىمۇ ئەسكى بولۇپ، قانداقتۇ سىنىپى كۆرەش ئېلىپ بېرىشنى، جاھانگىرلىكنى يوقىتىشنى ۋە باشقىلارنى تەشەببۇس قىلار ئىمىش، شۇ سەۋەپتىن بۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش

لازىم ئىمىش. بۇ ئىشنى زۇڭتۇڭ ترۇمېن، پەردە ئارقىسىدىكى زۇڭسىلىڭ مارشالل، گوۋۇچىڭ ئاچېسون (يەنى ئاق تاشلىق كىتاپنى ئۆز قولى بىلەن ئىپلان قىلغان سۇيۇملۇك ئەجنەبى دارېن) ۋە قوغ- لاندى باش ئەلچى ستۇئارت لېيتونلار بىرلا «رىغبەتلەندۇرىدىغان» بولسا، جۇڭگودىكى «دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك ئاخىر بىر كۈنى ئۆز كارامىتىنى كورسىتەر» ئىمىش. بۇنى ئاچېسونلار «رىغبەتلەن- دۇرۇش» خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلىغىمىز، دەپ ھېساپلايدۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا ئىشەنسىمۇ ئەمما ۋەتەننى سۇيۇش نىيىتى بولغان دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىرى بىر قاپاق سوغاق سۇ دەپ ھېساپلاپ، شەرمەندىچىلىك ھېس قىلىشى مۇمكىن: جۇڭگونىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى دائىرىلىرى بىلەن ئۇبدان ئالاقە قىلماي، ئەكسىچە ئەشۇنداق ئىپلاس ئىشلارنى قىلىش، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلارنى ئاشكارا ئىپلان قىلىش — شەرمەندىچىلىك، شەرمەن- دىچىلىك! ۋەتەننى سۇيۇش نىيىتى بولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاچېسوننىڭ سوزلىرى «رىغبەتلەندۇرۇش» ئەمەس، بەلكى بىر تۇرلۇك ھاقارەت.

جۇڭگو ئۇلۇق ئىنقىلاپ ئىچىدە تۇرماقتا، پۇتۇن جۇڭگو قايناپ تاشماقتا، خەلق ئىنقىلاۋى ئىشلىرىغا بەك ئوچ بولمىغان لېكىن خاتا ئىدېيىسى بولغان ھەممە كىشىنى قولغا كەلتۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ياخشى شەرتلىرى بار. ئىلغار كىشىلەر ئاق تاشلىق كىتاپتىن پايدىلىنىپ، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى قايىل قىلىش خىزمە- تىنى ئىشلىشى لازىم.

# ئىزاھلار

① بۇ يەردە ئېيتىلغان ئامېرىكا ئاق تاشلىق كىتاۋى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى 1949-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېلان قىلغان «ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ئاچېسوننىڭ ترۇمېنغا يازغان خېتى ئاچېسوننىڭ ئامېرىكا گوۋۇيۈەندە ئاق تاشلىق كىتابنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، 1949-يىل 7-ئاينىڭ 30-كۈنى ترۇمېنغا يازغان خېتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمى 8 باپ بولۇپ، ئۇنىڭدا 1844-يىلى ئامېرىكا جۇڭگوغا «ۋاڭشيا شەرتنامىسى»نى مەجبۇرى ئىمزالاتقاندىن تارتىپ تاكى 1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئاساسىي غەلىبىگە ئېرىشكەنگە قەدەر بولغان جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. ئاق تاشلىق كىتابتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن 1949-يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ جياڭ جيېشىنى يۆلەش، گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىڭبىر ھىيلە-مىكىر بىلەن جۇڭگو خەلقىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ، نەتىجىدە مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئاق تاشلىق كىتاب ۋە ئاچېسوننىڭ ترۇمېنغا يازغان خېتى ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىش، پاكىتلارنى يوشۇرۇش ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن شۇنىڭدەك جۇڭگو خەلقىگە بولغان زەھەرلىك بوھتان ۋە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ ئەكسىيەتچى لاگېرى ئىچىدە جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسەت توغرىلىق تالاش-تارتىش بولغانلىقتىن، ترۇمېن، ئاچېسون قاتارلىق جاھانگىر ئۇنسۇرلار ئۆز رەقىبلىرىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، بەزىبىر ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىرلىرىنى ئاق تاشلىق كىتاب شەكلى بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئاشكارا قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاق

تاشلىق كىتاب كېڭگۈەن جەھەتتە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىنىڭ ئىقرارنامىسى بولۇپ قالدى.

② بۇ 1904، 1905 ـ يىللىرى ياپونىيە بىلەن چار روسىيە ئوتتۇرىسىدا جۇڭگونىڭ دۆڭبېيىنى ۋە چاۋشيەننى تالىشىش سەۋەبىدىن تۇغۇلغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇش، ئاساسەن، جۇڭگونىڭ دۆڭبېي زېمىنىدىكى فېڭتيەن (ھازىرقى شېنياڭ)، لياۋياڭ رايونى ۋە لۈيشۈنكۇ تەرەپلىرىدە بولغان، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى غايەت زور زىيانلارغا ئۇچرىغان ئىدى. ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشىنىڭ نەتىجە-سىدە چار روسىيە مەغلۇپ بولدى، ياپون جاھانگىرلىكى چار روسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ دۆڭبېيىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگەللىدى. ياپونىيىنىڭ چاۋشيەننى يالغۇز ئىشغال قىلىش ئورنىمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ سۈلھى كېلىشى-مىدە (پورتسموت سۈلھى كېلىشىمىدە) چار روسىيە تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

# خەيـر ئەمسە، ستۇئارت لېيتون

**(1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)**

ئامېرىكا ئاق تاشلىق كىتاۋىنىڭ ستۇئارت لېيتون[1] نەنجىڭدىن كېتىپ، ۋاشىنگتونغا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغان لېكىن تېخى يېتىپ بارمىغان كۈنگە ــ 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە توغرىلاپ ئېلان قىلىنىشى چۈشىنىشلىك، چۈنكى ستۇئارت لېيتون ــ ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. ستۇئارت لېيتون جۇڭگودا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگودا خېلى كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بار ئىدى، ئۇ جۇڭگودا نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان جياۋخۇي مەكتەپلىرى ئاچقان ئىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ياپونلارنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئىدى، ئادەتتە ئۆزىنى ئامېرىكىنى سۆيىدىغان، جۇڭگونىمۇ سۆيىدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، بىر قىسىم جۇڭگولۇقلارنى خېلى قايمۇقتۇرالايتتى، شۇ سەۋەپتىن مارشاللغا ياراپ قېلىپ، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن مارشالل شتۇڭدىكى داڭدار كىشىلەردىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. مارشالل

شىتۇگىدىكىلەرنىڭ قارشىچە، ئۇنىڭ بىرلا كەمچىلىكى بار ئىدى، يەنى ئۇ مارشاللى شىتۇگىنىڭ سىياسىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ جۇڭگودا باش ئەلچى بولۇپ تۇرغان پۈتۈن مەزگىل دەل مۇشۇ سىياسەت جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىنغان مەزگىل بولدى، بۇ جاۋاپكارلىق، ھەقىقەتەن، كىچىك ئەمەس. جاۋاپكارلىقتىن قېچىش مەقسەت قىلىنغان ئاق تاشلىق كىتاپنىڭ ستۇئارت لېيتون يېتىپ باراي دەپ قالغان لېكىن يېتىپ بارمىغان چاغدا ئېلان قىلىنىشى مۇۋاپىق ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئامېرىكا پۇل ۋە مىلتىق چىقارغان، جياڭ جيېشى ئادەم چىقىرىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنى قىرغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان ئۇرۇش ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياۋى تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ موھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ دۇيشياگى بىرنەچچە قىسىمدىن ئىبارەت. ياۋروپا قىسمى، ئاسىيا قىسمى، ئامېرىكا قىسمى — بۇ ئۈچى ئۇنىڭ ئاساسى قىسمى. جۇڭگو — ئاسىيانىڭ مەركىزى، 475 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ مەملىكەت، ئامېرىكا جۇڭگونى قولغا چۈشۈرۈۋالسا، پۈتۈن ئاسىيا ئۇنىڭ بولۇپ كېتەتتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئاسىيا سېپى مۇستەھكەملەنسە، ئۇ كۈچ توپلاپ ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلالايتتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى سېپىنى نىسبەتەن مۇستەھكەم دەپ ھېساپلايتتى. ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پۈتۈن شىرىن خىيالى مانا شۇلار ئىدى.

بىراق، بىرىنچىدىن، ئامېرىكا خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۇرۇشنى خالىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ياۋروپا خەلقىنىڭ ئويغىنىشى،

شەرقىي ياۋروپا خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بولۇپمۇ مىسلىسىز قۇدرەتلىك تېچلىق قورغىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتىرىپ، ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە تارتتى؛ ئۈچىنچىدىن، موھىمى، جۇڭگو خەلقى ئويغاندى، جۇڭگو كۆكچەنداكى رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق كۈچ ۋە خەلقنىڭ تەشكىللەنگەن كۈچى مىسلىسىز كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ھوقۇقدارلار گۇرۇھى جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك، توغرىدىن-توغرا قوراللىق ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى قوللىنالماي، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئامېرىكىنىڭ دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرى جۇڭگودا ئۇرۇشقا قاتناشتى. چىڭداۋ، شاڭخەي ۋە تەيۋەنلەردە ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى جىددىلىرى بار. بېيپىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن، چىنخۇاڭداۋ، چىڭداۋ، شاڭخەي، نەنجىڭلاردا ئامېرىكا قوشۇنلىرى تۇرغان. ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى چاڭگىللىغا ئېلىۋالدى ھەمدە پۈتۈن جۇڭگونىڭ جەنلۇبلىك موھىم جايلىرىنى ھاۋا بوشلۇغىدىن ھەربىي خەرىتىگە چۈشۈرۈۋالدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى ياكى ھەربىي خادىملىرى بېيپىڭنىڭ يېنىدىكى ئەنپىڭجېندا، چاڭچۈننىڭ يېنىدىكى جيۇتەيدە، تاڭشەندە، جياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا خەلق جېڭفاڭجۈنى بىلەن توقۇنۇشقان، خەلق جېڭفاڭجۈنىگە كۆپ قېتىم ئەسىر چۈشكەن ئىدى②. چېننولت③ خاڭكۇڭدۈيى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇشقا قاتناشتي. ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى جياڭ جيېشىغا

ئەسكەر تۇشۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن «چۇڭچىڭ» ناملىق شۇنياڭچيەننى[4] بومباردىمان قىلىپ غەرق قىلىۋەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقانلىق، پەقەت ئاشكارا ئۇرۇشلا ئېلان قىلىنمىدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆلىمى ئانچە كەڭ بولمىدى، بەلكى كۆپلەپ پۇل، مىلتىق چىقىرىپ ۋە گوۋېنلارنى ئەۋەتىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئاساسىي تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇلى قىلىندى.

ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ئۇسۇل قوللىنىشى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ھوقۇقدارلىرى — ترۇمېن، مارشالل شتۇگدىكلەرنىڭ جۇڭگوغا بىۋاستە تاجاۋۇز قىلىشنى خالىمىغانلىغىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ كېگۇەن ۋەزىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنـ گەن. ئامېرىكا جياڭ جيېشىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىشنىڭ دەسلىۋىدە، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۇرۇش دىگەن يېڭىچە ئويۇننى يەنە ئويناپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى يۇمشىتىپ ۋە جۇڭگو خەلقىنى ئالداپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئۇرۇش قىلماستىنلا چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. تېچلىق تەنپەنى مەغلۇپ بولدى، ئالدامچىلىق ئاقماي قالدى، ئۇرۇش پەردىسى ئېچىلدى.

ئامېرىكىغا نىسبەتەن خام خىيالدا بولۇۋاتقان ئۇنۇتقاق زىيۇ-جۇيىچىلار ياكى «دېموكراتىك شەخسىيەتچى» دەپ ئاتالغانلار ئاچېسوننىڭ سوزىگە قاراپ بېقىڭلار: «تېچلىق يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئامېرىكا جۇڭگودا 3 خىل ئىمكانىيەتتىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا دۇچكەلگەن ئىدى: 1) ئۇ پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛

2) ئۇ كەڭ كولەمدە ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، گومىنداڭغا ياردەم بېرىپ، گۇڭچەنداڭنى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ 3) ئۇ گومىنداڭنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى جۇڭگودا مۇمكىن قەدەر كەڭ رايون-لاردا قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىرىشىپ ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئىدى.»

نېمە ئۈچۈن بىرىنچى سىياسەت قوللىنىلمىدى؟ ئاچېسون مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىنىمەنكى، شۇ چاغدىكى ئامېرىكىنىڭ خەلق ئىرادىسى بىرىنچىسىنى تاللاشنى، قەتئىي تىرىشچانلىقلار بىلەن ئاۋال بىر قۇر قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىمەي، خەلقارا مەسئۇلىيىتىمىزدىن، جۇڭگوغا قاراتقان دوستانە ئەنئەنىۋى سىياستىمىزدىن پۈتۈنلەي ۋازكەچكەنلىك بىلەن باراۋەر، دەپ ھېساپلايتتى.» ئامېرىكىنىڭ «خەلقارا مەسئۇلىيەت» ۋە «جۇڭگوغا قاراتقان دوستانە ئەنئەنىۋى سىياسەت» دىگىنى جۇڭگوغا ئارىلىشىش ئىكەن. ئارىلىشىش خەلقارا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىق دەپ ئاتىلىدىكەن، ئارىلىشىش جۇڭگوغا قارىتىلغان دوستانىلىق دەپ ئاتىلىدىكەن، ئارىلاشمىسا بولمايدىكەن. ئاچېسون بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ خەلق ئىرادىسىنى ئاياق ئاستى قىلدى، بۇ ئامېرىكىنىڭ خەلق ئىرادىسى ئەمەس، ئۇئولل - ستىرىتنىڭ «خەلق ئىرادىسى».

نېمە ئۈچۈن ئىككىنچى سىياسەت قوللىنىلمىدى؟ ئاچېسون مۇنداق دەيدۇ: «تاللاشقا قويۇلغان ئىككىنچى خىل سىياسەت، نەزىرىيە جەھەتتىن قارىغاندا شۇنىڭدەك ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە، گويا كىشى-نىڭ زوقىنى كەلتۈرىسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي ئاقمايتتى. گومىنداڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى 10 يىل ئىچىدە گۇڭچەنداڭنى يوقىتالمىدى.

ھازىر — ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىل، گومىنداڭ ئاجىزلاشتى، ئىرادىسى بوشاشتى، خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالدى، بۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىدى. ياپونىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان جايلاردا، گومىنداڭنىڭ مەمۇرى-ھەربى ئەمەلدارلىرىنىڭ قىلمىقلىرى سەۋەبىدىن، گومىنداڭ، بىردىنلا، خەلقنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالدى، ئىناۋىتىنى يوقىتىپ قويدى. بىراق گۇڭچەنداڭ بولسا ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ئۇلار پۈتۈن خۇابېينى دېگۈدەك قولىغا ئېلىۋالدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كېيىنچە كارغا كەلمەي قالغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال، پەقەت ئامېرىكىنىڭ قوراللىق كۈچىگە تايانغاندىلا، گۇڭچەنداڭنى قوغلىۋەتكىلى بولاتتى. بۇنداق ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەتنى بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا مەيلى 1945-يىلى يۈكلەشنى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن يۈكلەشنى بولسۇن، ئامېرىكا خەلقى، ئەلۋەتتە، تەستىقلىمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاللاشقا قويۇلغان ئۈچىنچى سىياسەتنى قوللاندۇق......»

ئامېرىكا پۇل ۋە ملتىق چىقىرىش، جياڭ جيېشى ئادەم چىقىرىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنى قىرىش، «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىۋېتىش»، شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ «خەلقارا مەسئۇلىيىتى»نى ئورۇنلاش، «جۇڭگوغا قاراتقان دوستانە ئەنئەنىۋى سىياسىتى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — قالتىس چارە ئىكەنغۇ!

گومىنداڭ چىرىپ كارغا كەلمەي قالدى، «ئىرادىسى بوشاشتى، خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالدى»، شۇنداق بولسىمۇ يەنە پۇل ۋە ملتىق چىقىرىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا سېلىش كېرەك. بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلىشىش «نەزىرىيە جەھەتتىن» مۇۋاپىق. يالغۇز ئامېرىكا

هوكۇمرانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئوتتۇمۇشنى ئەسلىگەن»دىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن قىزىقارلىق، «گويا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ». لېكىن ئەمىليەتتە ئاقمايدۇ، «ئامېرىكا خەلقى، ئەلۋەتتە، تەستىقلىمەيدۇ». بىزنىڭ — ترۇمېن، مارشالل، ئاچېسونلارنىڭ جاھانگىرلىك شتۇكىنىڭ — قىلغۇمىز يوق ئەمەس، تازا بار ئىدى، پەقەت جۇڭگو ۋەزىيىتى، ئامېرىكا ۋەزىيىتى ھەم پۈتۈن خەلقارا ۋەزىيەت (بۇنى ئاچېسون تىلغا ئالمىدى) يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، نائىلاج كېيىنكىسىنى لايىق كورۇپ، ئۈچىنچى يولنى قوللاندۇق.

«خەلقارا ياردەم ئالمايمۇ، غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ» دەپ ھېساپلايدىغان جۇڭگولۇقلار، قۇلاق سېلىڭلار، ئاچېسون سىلەرگە دەرس ئوتتۇۋاتىدۇ. ئاچېسون مائاشسىز، خالىس دەرس بېرىدىغان ياخشى ئوقۇتقۇچى ئىكەنكى، ئۇ پۈتۈن ھەقىقەتنى ئەنە شۇنداق ئېرىنمەستىن، قىلچە يوشۇرماستىن سوزلەپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ كوپلەپ ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلمىغانلىقى ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ھوكۇمىتىدە ئەندىشە بولغانلىقىدىن بولدى. بىرىنچى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەندىشە قىلدى، ئۇزىنىڭ پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ، چىقالماي قېلىشىدىن قورقتى. ئىككىنچى، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئۇزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەندىشە قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك بۇيرۇغى چۈشۈرۈشكە پېتىنالمىدى. ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ھەم ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۇزىگە قارشى چىقىشىدىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلدى. ئاچېسوننىڭ سۆيۈملۈك راستچىللىقى چەكلىك بولغىنى

ئۈچۈن، بۇ ئۈچىنچى ئەندىشىنى ئېيتىشنى خالىمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقتى، ئۇ مەغلۇپ بولغان ئەمما مەغلۇپ بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ياۋروپا مارشالل پىلانىنىڭ⑤ پۈتۈنلەي تار - مار بولۇشتەك پاجىەلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقتى.

يېقىندىلا كۆرىدىغان، پىكرى تۇتۇق، زىيۇجۇيىچى ياكى دېموكراتىك شەخسىيەتچى جۇڭگولۇقلار، قۇلاق سېلىڭلار، ئاچېسون سىلەرگە دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ، ئاچېسون سىلەرنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىڭلار. سىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن ئامېرىكىنىڭ ۋاپادارلىق، ئادالەتپەرۋەرلىك ئەخلاقىنى ئاچېسون پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئاق تاشلىق كىتاپتىن ۋە ئاچېسوننىڭ خېتىدىن قىلچىلىك ۋاپادارلىق، ئادالەتپەرۋەرلىك ئەخلاقىنى تاپالامسىلەر؟

ئامېرىكىدا، ھەقىقەتەن، پەن بار، تېخنىكا بار، ئەپسۇسكى، ئۇلار خەلقنىڭ قولىدا ئەمەس، كاپىتالىستلارنىڭ قولىدا، ئۇلار، ئىچكى جەھەتتە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە زۇلۇم سېلىشقا، تاشقى جەھەتتە، تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكىدا «دېموكراتىك سىياسىي»مۇ بار، ئەپسۇسكى، بۇ بىرلا سىنىپنىڭ — بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، خالاس. ئامېرىكىنىڭ پۇلى كۆپ، ئەپسۇسكى، ئۇنى پەقەت ئۇچىغا چىققان چىرىك جىياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىگىلا بېرىشنى خالايدۇ. ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى 5 - زۇڭدۇيىغا ئاز - ماز بېرىشنى ناھايىتى خالار ئىمىش، لېكىن تالىپلىق مىجەزى ھەددىدىن ئاشقان، ئىززەت قىلغاننى بىلمەيدىغان زىيۇجۇيىچىلارغا ياكى

دېموكراتىك شەخسىيەتچىلەرگە بېرىشنى خالىمايدۇ؛ ئەلۋەتتە، گۇڭ-چەنداڭغا بېرىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. بېرىشى مۇمكىن، لېكىن شەرتى بار. قانداق شەرت؟ ماڭا ئەگىشىپ ماڭ، دىگەن شەرت. ئامېرىكىلىقلار بېيپىڭدا، تيەنجىندە ۋە شاڭخەيدە ئاز-ماز خەيرىيەت ئۇنى چاچتى ۋە ئۇنى قانداق ئادەملەرنىڭ ئىگىشىپ يىغۋېلىشنى خالايدىغانلىغىنى كورۇپ باقماقچى بولدى. تەيگۇڭ قارماق تاشلايدۇ، خالىغان بىلىق ئىلىندۇ. دوق قىلىپ بەرگەن تاماق قوساق ئاغرىتىدۇ⑥.

بىز جۇڭگولۇقلار ۋىجدانلىق كىشىمىز. زىيۇجۇيىچى ياكى دېموك-راتىك شەخسىيەتچى بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەمدى قەددىنى رۇسلىدى. ۋېن يىدو جوزىنى مۇشتلاپ ئور-نىدىن تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ تاپانچىلىرىغا غەزەپ بىلەن هومايدى، ئولۇشكە رازى بولىدىكى، تىز پۇكۇشنى خالىمىدى⑦. جۇ زىچىڭ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، ئاچلىقتىن ئولۇپ كېتىشكە رازى بولىدىكى، ئامېرىكىنىڭ «خەيرىيەت ئاشلىغى»نى ئالمىدى⑧. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتكەن خەن يۈي «بويىغا مەدھىيە»⑨نى يازغان ئىدى، ئۇ مەدھىيىلىگەن بويى ئوز مەملىكىتىنىڭ خەلقى ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ ۋاقىتتا ۋۇ ۋاڭ رەهبەرلىك قىلغان خەلق ئازاتلىق ئورۇشىغا قارشى چىققان، «دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك» ئىدېيىسىگە بېرىلگەن ئادەم ئىدى، ئۇنى مەدھىيىلەش خاتا ئىدى. بىز ۋېن يىدوغا مەدھىيە يېزىشىمىز، جۇ زىچىڭغا مەدھىيە يېزىشىمىز كېرەك، ئۇلار مىللىتىمىز-نىڭ قەهرىمانلىق روهىنى كورسەتتى.

ئاز-تولا قىيىنچىلىقتىن نىمە قورقۇش. قامال قىلسا قىلمامدۇ،

8 يىل، 10 يىل قامال قىلار، ئۇنىڭغىچە جۇڭگونىڭ ھەممە مەسىلىسى ھەل بولۇپ بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇيۇ، قىيىنچىلىقتىن قورقامدۇ؟ لاۋزى: «ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان خەلقنى قانداقمۇ ئۆلۈم بىلەن قورقۇتقىلى بولسۇن» دېگەن ئىدى⑩. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى بىزنى «ئۆلۈم بىلەن قورقىتىش» بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆلتۈرمەكچىمۇ بولغان ئىدى. ئۇلار ۋېيىن يىدوغا ئوخشاش كىشىلەردىن باشقا، يەنە ئۆتكەن 3 يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ كارابىن مىلتىغى، جىڭگۇەنچياڭلىرى، پەيجىپاۋلىرى، خوجيەنپاۋلىرى، ليۇدەنپاۋلىرى، تانكىلىرى، ئايروپىلانلىرى ۋە بومبىلىرى بىلەن نەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىرغان ئىدى. ھازىر بۇنداق ئەھۋال بېسىقاي دەپ قالدى، ئۇلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، ھۇجۇمغا ئەمدى ئۇلار ئەمەس، بەلكى بىز ئۆتتۇق، ئۇلار پات ئارىدا گۇم بولىدۇ. ئۇلار بىزگە ئاز-تولا قىيىنچىلىق قالدۇرۇپ قويۇشتى، قامال قىلىش، ئىشسىزلىق، قەھەتچىلىك، قەغەز پۇلنىڭ پاخاللىشىشى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئوخشاشلار، ھەقىقەتەن، قىيىنچىلىق، لېكىن ئۆتكەن 3 يىلدىكىگە قارىغاندا، ئارام ئېلىپ قالدۇق. ئۆتكەن 3 يىلنىڭ ئۆتكىلىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتۇقيۇ، ئەمدى مۇشۇنچىلىك قىيىنچىلىقنىمۇ يېڭەلمەمدۇق؟ ئامېرىكىسىز جان باقالمامدۇق؟

خەلق جيېفاڭجۈنى چاڭجياڭدىن كېسىپ ئۆتۈۋىدى، ئامېرىكىنىڭ نەنجىڭ مۇستەملىكە ھوكۇمىتى خۇددى قۇچقاچتەك توزۇپ كەتتى. باش ئەلچى ستۇئارت لېيتون لويى مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى، يېڭى دۇكان ئېچىپ، بىرەر نىمە يۇلۇۋېلىش كويىغا چۈشتى. ستۇئارت لېيتون نىمىنى كوردى؟ خەلق جيېفاڭجۈنىنىڭ

سەپ ـ سەپ بولۇپ ئوتكەنلىكىنى، ئىشچىلار، دېخانلار ۋە ئوقۇغۇ ـ چىلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كوتىرىلگەنلىكىنى كورگەندىن تاشقىرى، يەنە بىر ھادىسىنى يەنى جۇڭگودىكى زىيۇجۇيىچىلار ياكى دېموكرا ـ تىك شەخسىيەتچىلەرنىڭمۇ توپ ـ توپى بىلەن ئىشچىلار، دېخانلار، ئەسكەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە شوئار توۋلىغانلىقىنى، ئىنقىلاپ قىلىمىز، دېگەنلىكىنى كوردى. قىسقىسى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، نەتىجىدە ئۇ «يەككە ـ يىگانە قېلىپ، گەۋدىسى بىلەن سايىسى بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىش»[11] ھالىغا چۇشۇپ قالدى، قىلىدىغان ئىشى يوق، پوپكىسىنى قولتۇقلاپ يولغا راۋان بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

جۇڭگودا يەنە بىر قىسىم زىيالىلار ۋە باشقا كىشىلەردە مۇجمەل ئىدىيىلەر بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىغا نىسبەتەن خام خىيالدا بولۇۋا ـ تىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن چۇشەنچە بېرىش، قولغا كەلتۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە ئىتتىپاقلىشىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ئۇلارنى خەلق تەرەپتە تۇرىدىغان، جاھانگىرلارنىڭ دامىغا چۇشمەيدىغان قىلىش لازىم. لېكىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو خەلقى ئارىسىدىكى پۇتكۇل ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولدى، ئامېرىكىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋى ئەنە شۇ يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقنىڭ خاتىرىسى. ئىلغار كىشىلەر ئاق تاشلىق كىتاپتىن ئوبدان پايدىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىگە تەربىيە بېرىشى كېرەك.

ستوئارت لېيتون كەتتى، ئاق تاشلىق كىتاپ كەلدى، ناھايىتى ياخشى بولدى، ناھايىتى ئوبدان بولدى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

# ئىزاھلار

① ستۇئارت لېيتون 1876 ـ يىلى جۇڭگودا تۇغۇلغان. ئۇ ئەزەلدىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان مەدەنىيەت تاجاۋۇزىنىڭ سادىق ئىجراچىسى ئىدى. ئۇ 1905 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگودا دىن تارقاتتى، 1919 ـ يىلدىن تارتىپ ئامېرىكا جۇڭگودا قۇرغان بېيجىڭ يەنجىڭ داشۆبگە شياۋجاڭ بولدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ستۇئارت لېيتون ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنى پائال قوللىدى ھەم جۇڭگو خەلقىگە قارشى ھەر خىل سۇئىقەستلىك سىياسى ھەركەت ئېلىپ باردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقى تەلتوكۇس مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئۇ 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگودىن غىپپىدىلا كېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

② 1945 ـ يىلى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەم جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى مەقسەت قىلغان ئامېرىكا قوشۇنى جۇڭگو قۇرۇق-لۇقىغا چىقىپ، بېيپىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن، كەيپىڭ، چىنخۇاڭداۋ، جىڭخەي، چىڭداۋ قاتارلىق جايلارغا كىرىۋالدى ھەم ئازات رايونلارغا ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىردى. بۇ ئەسەردە ئېيتىلغان ئەنپىڭجېن ۋەقەسى — 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تيەنجىندىكى ئامېرىكا قوشۇنى جياڭ جيېشى باسمىچى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭخې ناھىيىسىدىكى ئەنپىڭجېنغا ھۇجۇم قىلغان ۋەقە. جيۇتەي ۋەقەسى — 1947 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامېرىكا قوشۇنى چاڭچۈن بىلەن جيۇتەي ئارىلىقىدىكى خېشىباۋدا تۇرۇشلۇق جيېفاڭجۈن چېندىلىرى ئۈستىدە ھەربى چارلاش ئېلىپ بارغان ۋەقە. تاڭشەن

ۋەقەسى 1946-يىل 6-ئاينىڭ 16-كۈنى تاڭشەندىكى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ سۆگجيايىڭ قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە شۇ يىل 7-ئاي ئىچىدە تاڭشەن ئەتراپىدىكى لۈەنشيەن ناھىيىسىنىڭ سەنخېجۋاڭزى كەنتىگە ۋە چاڭلى ناھىيىسىنىڭ شىخېنىنۇن كەنتىگە بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ جياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ئىلگىرى-ئاخىر كۆپ قېتىم يۈزبەردى، بۇنىڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، 1947-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى ۋە جۇنجيەنلىرىنىڭ مۇپىڭ ناھىيىسىنىڭ لاڭنۇەنكۇ، شياۋلىداۋ دېگەن جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن؛ يەنە بىرى، شۇ يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ جياڭجيېشى باسمىچى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، جىمۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ۋاڭلىنتاۋغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ ئازات رايونلارغا قىلغان يۇقۇرقىدەك تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە نىسبەتەن جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى ياكى يەرلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى قوغدىنىش يولىدا جىددى ھەركەت قوللاندى.

③ چېنولت — ئامېرىكىلىق، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى گۇۋېنى بولغان. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئامېرىكىنىڭ 14-خاڭكۇڭدۇينىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىنى باشلاپ، ھاۋا نەقلىيات دۈيى تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم قىلغان ھەم ئازات رايونلارنى چارلاش ۋە بومباردىمان قىلىش جىنايى ھەركەتلىرىگە بىۋاستە قاتناشقان.

④ مۇشۇ تومدىكى «جۇڭگو خەلق جېيفاڭجۈنى زۇڭبۇسى باياناتچىسىنىڭ ئەنگلىيە جۇنجيەنلىرىنىڭ زوراۋانلىقى توغرىسىدا ئېلان قىلغان باياناتى»نىڭ ④ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑤ 1947-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئامېرىكا گوۋۇچىڭى مارشالل خارۋارد داشۆبېدە ياۋروپانىڭ گۈللىنىشىگە ئامېرىكىنىڭ «ياردەم

بېرىشى» دېگەن بىرنەمە توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئاساسەن «ياۋروپانى گۈللەندۈرۈش فاڭئەنى»نى تۈزۈپ چىقتى، بۇ «مارشالل پىلانى» دەپ ئاتالدى.

⑥ «تەيگۇڭ قارماق تاشلايدۇ، خالىغان بېلىق ئىلىنىدۇ»، بۇ — خەلق ئارىسىدا تارالغان بىر رىۋايەت. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جياڭ تەيگۇڭ ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇق، تۈز قارماقنى سۇدىن 3 چىچە ئېگىز كۆتىرىۋېلىپ «جاندىن تويغىنىڭ ئىلىن!» دەپ ئولتۇرىدىكەن. «ۋۇ ۋاڭنىڭ جۇ ۋاڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى ھەققىدە قىسسە»نىڭ 2-تومىغا قارالسۇن. «دوق قىلىپ بەرگەن تاماق» بىر خىل ھاقارەت مەنىسىدىكى سەدىقىنى كۆرسىتىدۇ. چى بەگلىكى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاچ قالغان بىر ئادەمنىڭ دوق قىلىپ بەرگەن تاماقنى يېمەي، ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىدىن ئېلىنغان، «لىجى» دېگەن كىتابنىڭ «تەنگۇڭ 2-قىسمى»غا قارالسۇن.

⑦ ۋېن يىدو (1899 — 1946) — جۇڭگونىڭ مەشھۇر شائىرى، ئالىم ۋە جياۋشۇ. ئۇ 1943-يىلدىن كېيىن، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە چىرىكلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشكە پائال قاتناشتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىغا پائال قارشى تۇردى. ئۇ 1946-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى كۈنمىڭدا گومىنداڭ باسمىچىلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

⑧ جۇ زىچىڭ (1898 — 1948) — جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدىبى، جياۋشۇ. ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى پائال قوللىدى. 1948-يىل 6-ئايدا ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە جۇڭگوجۇيىسىنى يۆلىشىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە «ئامېرىكا ياردەم قىلغان» ئۇننى ئېلىشنى رەت قىلىش توغرىسىدىكى خەتنامىگە ئىمزا قويدى. شۇ ۋاقىتتا

ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، نامراتچىلىقتىن كېسەل بولۇپ، 8-ئاينىڭ 12-كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بالا-چاقىلىرىغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سېتىپ بەرگەن ئامېرىكا ئۇننى ئالماسلىقنى ۋەسىيەت قىلغان.

⑨ خەن يۈي (768—824) — تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچى. «بويىغا مەدھىيە» — خەن يۈي يازغان نەسرى ئەسەر. بويى بولسا يىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم، ئۇ جۇ سۇلالىسى ۋۇ ۋاڭ-نىڭ يىن سۇلالىسىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرگەن؛ ۋۇ ۋاڭ يىن سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، بويى شۇياڭشەن تېغىغا قېچىپ بېرىپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاشلىقىنى يېمەي ئۆلگەن.

⑩ «لاۋزى» دېگەن كىتابنىڭ 74-بابىغا قارالسۇن.

⑪ لى مىننىڭ «ھالنامە»سىگە قارالسۇن.

# ئاق تاشلىق كىتاپ نىمە ئۈچۈن مـۇھاكىمە قىلىندۇ

**(1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)**

بىز ئامېرىكىنىڭ ئاق تاشـلىق كىتاۋىغا ۋە ئاچېسوننىڭ خېتىگە 3 پارچە ماقالىمىز («ئامالسىزلىقنىڭ ئىقرارنامىسى»①، «خام خىيال-لارنى تاشلاپ، كۈرەشكە تەييارلىنايـلى»، «خەير ئەمىسە، ستۇئارت لېيتون»)دا تەنقىت بەرگەن ئىدۇق. بۇ تەنقىتـلەر پۈتۈن مەملىكەت-مىزدىـكى دېموكـراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشـكىلاتلىرى، گېزىتخانىلار، مەكتەپلەرنىڭ ۋە ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار-نىڭ كەڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى ۋە مۇھـاكىمىسىنى قوزغىدى، ئۇلار كوپلىگەن توغـرا ۋە پايدىلىق بايانات، سوھبەت ياكى پىكىـرلەرنى ئېلان قىلدى. ئاق تاشـلىق كىتاپ مۇھاكـىمە قىلىنىدىغان ھەر خىل سوھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلمەكتە، پۈتۈن مۇھاكىمە ئەۋج ئالماقتا. مۇھاكىمىنىڭ دائىرىسى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىـتىگە، جۇڭگو بىلەن چەتئەلـلەرنىڭ 100 يىلـدىن بۇيانـقى مۇناسىۋىـتىگە، جۇڭگو ئىنقىلاۋى بىلەن دۇنيا ئىنقىلاۋىي

كۈچلىرىنىڭ ئۇزئارا مۇناسىۋىتىگە، كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشتە تۇتقۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىسىگە، زىيۇجۇيىچىلارنىڭ ياكى دېموكراتىك شەخسىيەتچى دەپ ئاتالغانلارنىڭ پۈتۈن ئىچكى-تاشقى مۇناسىۋەتلەردە تۇتقۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىسىگە، جاھانگىرلارنىڭ يېڭى سۇيىقەستلىرىگە قانداق جاۋاپ بېرىشكە ۋاھاكازالارغا بېرىپ يەتمەكتە. بۇ ھال ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولى زور.

ھازىر پۈتۈن دۇنيادا جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئىش تاسادىپىي ئەمەس، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىكى ئۇلۇق ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز ئاساسەن غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئىنقىلاپ بىلەن ئىچكى-تاشقى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ بىرەر مورىتى كەلمىگەن ئىدى. بۇنداق مۇھاكىمە زۆرۈر ئىدى، ئەمدى مورىتى كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋىنى مۇھاكىمە قىلىش. ئۆتمۈشتە بۇنداق مۇھاكىمىنىڭ مورىتى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلمىگەن ئىدىكى، ئىنقىلاپ تېخى ئاساسىي غەلىبىگە ئېرىشمىگەن ئىدى، جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى چوڭ شەھەرلەرنى خەلقنىڭ ئازات رايونلىرىدىن ئاجرىتىپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتى بىرقانچە زىددىيەت تەرەپلىرىنى تېخى تولۇق ئېچىپ تاشلىمىغان ئىدى. ھازىر ئەھۋال باشقىچە، جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمى

ئازات قىلىندى، ھەر بىر ئىچكى-تاشقى زىددىيەت تەرەپلىرى تولۇق ئېچىلدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ئاق تاشلىق كىتاپ ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇھاكىمىنىڭ مورىتى كەلدى.

ئاق تاشلىق كىتاپ — ئەكسىلئىنقىلاۋىي كىتاپ، ئۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان مۇداخىلىسىنى ئاشكارا كورسەتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئادەتتىكى ئىزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كورسەتتى. ئۇلۇق، غالىپ جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئامېرىكا جاھانگىرلىك گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر تەرەپنى، بىر بولۇكنى ئوزلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە قارشى بىرنەچچە ھەقىقى ماتېرىيالىنى ئاشكارا ئېلان قىلىش ۋە ئەكسىيەتچىل خۇلاسە چىقىرىش يولى بىلەن ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ، ئىككىنچى بىر بولۇكنىڭ ھۇجۇمىغا جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلار جان باقالماي قالاتتى. يوشۇرۇش-يېپىشنىڭ ئورنىنى ئاشكارا ئېچىپ تاشلاش ئىگەللىدى، بۇ — جاھانگىرلىكنىڭ ئادەتتىكى ئىزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى، ئاق تاشلىق كىتاپ ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، جاھانگىر ھوكۇمەتلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىشلىرى ھەر كۇنى ئىشلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزدا، ھوكۇمەت ھوججەتلىرىدە ۋاپادارلىق، ئادالەتپەرۋەرلىك ئەخلاقى جىق سوزلىنەتتى ياكى ئازدۇر-كوپتۇر سوزلىنەتتى، ھېچقاچان راست سوز قىلىنمايتتى. ئۇچىغا چىققان مەككار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە باشقا بىرنەچچە ئۇششاق جاھانگىر دولەتلەر ھازىرغىچە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. كېيىن باش كوتەرگەن، يېڭىدىنلا نام چىقارغان، ئەسەبىلەشكەن، بىر تەرەپتىن، خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن،

ئۆز شېرىكلىرى ئىچىدىكى بىر گۇرۇھنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقان ئامېرىكىلىق ترۇمېن، مارشالل، ئاچېسون، ستۇئارت لېيتونلارنىڭ جاھانگىرلىك شتۇگى ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىرىدىن بىرقانچىسىنى (ھەممىسىنى ئەمەس) ئاشكارىلاش يولى بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇسۇللارنىڭ زادى قايسى بىرقەدەر ئاقىلانە دىگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۆز شېرىكلىرى ئىچىدىكى رەقىپلىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى زۆرۈر ۋە مۇمكىن دەپ قارىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە بىرقەدەر ئاقىلانە دەپ قارىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يول بىلەن ئۆز رەقىپلىرىنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. ئىككى بولۇك ئەكسىلئىنقىلاپچىلار مۇسابىقىلەشتى، بىرى، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز ئەڭ ياخشى، دىسە، يەنە بىرى، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز ئەڭ ياخشى، دىدى. تالاش راسا قىزىغاندا، بىرى تۇيۇقسىز ھەممىگە دەتتىكام دەپ، ئۆزلىرى ئىشلىتىپ كورگەن نۇرغۇن ئەنگۈشتەرلىرىنى كۆتىرىپ چىقتى ـ دە، بۇنىڭغا ئاق تاشلىق كىتاپ دەپ ئات قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاق تاشلىق كىتاپ جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن دەرسلىك بولۇپ قالدى. كوپ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن مەسىلىدە، ئاساسەن، جاھانگىرلىكنىڭ تەبىتى مەسىلىسى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ تەبىتى مەسىلىسىدە، بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئېيتقانلىرىمىزغا بەزى (بىر مەزگىل ناھايىتى كوپ) جۇڭگولۇقلار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، «ئانداق ئەمەستۇ» دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن كېيىن ئۆزگەردى. ئاچېسون دەرس ئوتتى، ئاچېسون ئامېرىكا گوۋۇچىگى سۈپىتىدە سوز قىلدى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىز كوممۇنىستلار ياكى باشقا ئىلغار كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن، مەلۇم ماتېرىيال ۋە مەلۇم خۇلاسىدىن ئېيتقاندا،

بىر يەردىن چىقىپ قالدى. مانا ئەمدى ئىشەنمەي بولمىدى، كوپىلىگەن كىشىلەرنىڭ كوزى ئېچىلىپ، ئۇلار، ئەسلىدە ئىش بۇنداق ئىكەن ـ دە، دەپ قالدى.

ئاچېسون تروُمېنغا يازغان خېتىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ ئاق تاشلىق كىتاپنى تۈزۈپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ئۈستىدە توختالدى. ئۇ بۇ ئاق تاشلىق كىتاپنى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق، ناھايىتى كېڭۈەن، ناھايىتى راستچىللىق بىلەن تۈزۈپ چىققانلىقىنى ئېيتتى: «بۇ ـــ بىر ئۇلۇق دولەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان دەۋر توغرىسىدا يېزىلغان راستچىللىق خاتىرىسى، بۇ دولەت بۇرۇندىنلا ئامېرىكا بىلەن ئەڭ يېقىن دوستانە ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن. تېپىلغانلىكى ماتېرىيالنىڭ ھېچقايسىسى ئېلىپ تاشلانمىدى، گەرچە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى سوزلەر بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى تەنقىت قىلغان، بەزى ماتېرىياللار كەلگۈسىدە تەنقىت قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدىغان بولسىمۇ. ھوكۇمىتىمىز ئاقىلانە ۋە تەنقىدىي بولغان جامائەتچىلىك پىكرىدىن تەسىرلىنىدۇ، بۇ ـــ تۈزۈمىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس كۈچى. بۇنداق ئاقىلانە ۋە تەنقىدىي بولغان جامائەتچىلىك پىكرىگە دەل ئۇكىچىلارنىڭ ۋە كۈكچەنداگىنىڭ جىچۇەن ھوكۇمەتلىرى چىداپ تۇرالمايدۇ، كەڭچىلىك قىلمايدۇ.»

جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرى خەلقلىرى ئارىسىدا بەزى ئالاقە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇ ئالاقە تەرەققى قىلىپ، كەلگۈسىدە «ئەڭ يېقىن، دوستانە» دەرىجىگە يېتىشى مۇمكىن. لېكىن، جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ ئالاقە ناھايىتى زور توسالغۇلارغا ئۇچرىدى ۋە ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى

مەملىكەت ئەكسىيەتچىلىرى ئىككى مەملىكەت خەلقىگە نۇرغۇن يالغان-ياۋداق سوزلەرنى تارقاتقان، نۇرغۇن پەسكەشلىكلەرنى قىلغان يەنى نۇرغۇن يامان تەشۋىقاتلار ۋە ئەسكى ئىشلارنى قىلغانلىقتىن، ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالاقىسى زادىلا يېقىن بولماي كەلدى. ئاچېسون ئېيتقان «ئەڭ يېقىن، دوستانە ئالاقە» ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالاقىسىنى ئەمەس، بەلكى ئىككى مەملىكەت ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كورسىتىدۇ. بۇ يەردە ئاچېسون كېگۇەنمۇ بولمىدى، راستچىلمۇ بولمىدى، ئۇ ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى مەملىكەت ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى — ئىككى مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن ئومرىدە كورۇلۇپ باقمىغان خوشاللىق ئىش، هازىرقى بۇ دەۋرمۇ ئومرىدە كورۇلۇپ باقمىغان خوشاللىق دەۋر. بۇنىڭ ئەكسىچە، پەقەت ترۇمېن، مارشالل، ئاچېسون، ستۇئارت لېيتون ۋە باشقا ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن، جياڭ جيېشى، كۇڭ شياڭشى، سۇڭ زىۋېن، چېن لىفۇ، لى زۇڭرېن، بەي چۇڭشى ۋە باشقا جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن، هەقىقەتەن، «هاياتىدا ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان دەۋر».

ئاچېسونلار جامائەتچىلىك پىكرىگە قاراشتا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پىكرى بىلەن خەلقىنىڭ پىكرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. خەلقىنىڭ پىكرىگە نىسبەتەن ئاچېسونلاردا هېچقانداق «تەسىرلىنىش» بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ هەممىسى قارغۇ هەم گاس. نەچچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكا، جۇڭگو ۋە پۇتۇن دۇنيا خەلقى ئامېرىكا هوكۇمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل تاشقى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ،

ئۇلار قولىغىنى يوپۇرۇپ كەلدى. ئاچېسون ئېيتقان «ئاقىلانە ۋە تەنقىدىي بولغان جامائەتچىلىك پىكرى» نېمە؟ بۇ — ئامېرىكىنىڭ گوڭخېداڭ ۋە مىنجۇداڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىيەتچى پارتىيە چاڭگىللىدىكى گېزىت، تۇڭشۇنشې، ژورنال، رادىيو ئىستانسىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەخسۇسلا يالغان سوزلەيدىغان ۋە مەخسۇسلا خەلققە تەھدىت سالىدىغان نۇرغۇن تەشۋىقات ئورگانلىرى. بۇ نەرسىلەر توغرىسىدا ئاچېسون توغرا ئېيتتى، گوڭچەنداڭ (ياق، خەلقمۇ بار)، ھەقىقەتەن، «چىداپ تۇرالمايدۇ، كەڭچىلىك قىلمايدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن جاھانگىرلارنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىنى تاقىۋەتتۇق، جاھانگىرلارنىڭ تۇڭشۇنشېلىرىنىڭ جۇڭگو گېزىتلىرىگە ماقالا بېرىشىنى مەنئى قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئەمدى جۇڭگو زېمىنىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىنى ئۆزى خالىغىنىچە زەھەرلىشىگە يول قويمايمىز.

گوڭچەنداڭ رەھبەرلىك قىلغان ھوكۇمەت «جىنچۇەن ھوكۇمەت» دىگەن سوزنىڭمۇ يېرىمى توغرا ئېيتىلغان. بۇ ھوكۇمەت ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە دىكتاتورا ياكى ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزىدىغان ھوكۇمەت، ئۇ ھەرقانداق ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىگە ھەرقانداق ئەكسىلئىنقىلاۋىي مەقسەت بىلەن ئەركىن ھەركەت قىلىش ھوقۇقى بەرمەيدۇ. ئەكسىيەتچىلەر خاپا بولۇپ «جىنچۇەن ھوكۇمەت» دەپ تىللايدۇ. دەرۋەقە، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنى بېسىقتۇرۇش ھوقۇقىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. بۇ ھوقۇق ھازىر بىزنىڭ كاڭلىگىمىزغا يېزىلغان، كەلگۈسىدە شيەنفايىمىزغىمۇ يېزىلىدۇ. غەلىبە قازانغان خەلق ئۈچۈن، بۇ — خۇددى كىيىم-كېچەك، ئاش-نانغا ئوخشاش بىردەممۇ ئايرىلغىلى بولمايدىغان نەرسە. بۇ — ناھايىتى ئوبدان نەرسە، جاننى قوغدايدىغان ئەنگۈشتەر،

ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قالدىغان ئەنگۈشتەر، تاكى مەملىكەت سىرتىدىكى
جاھانگىرلار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار تەلتوكۆس، پاك-پاكىز
يوقىتىلغان كۈنگە قەدەر، بۇ ئەنگۈشتەرنى تاشلاپ قويۇشقا ئەسلا
بولمايدۇ. ئەكسىيەتچىلەر «جىچۈەن ھوكۇمەت» دەپ قانچە تىللىسا،
بۇ ئەنگۈشتەر شۇنچە ئېسىل بولۇپ كورۇنىدۇ. لېكىن ئاچېسوننىڭ
سوزىنىڭ يېرىمى خاتا ئېيتىلغان. گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىك قىلغان
خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىغىدىكى ھوكۇمەت، خەلقىنىڭ ئىچكى
قىسمىغا قارىتا ئېيتقاندا، دىكتاتۇرلىق ياكى ھاكىم مۇتلەقلىق يۇر-
گۈزىدىغان ھوكۇمەت ئەمەس، بەلكى دېموكراتىيە يۇرگۈزىدىغان
ھوكۇمەت. بۇ ھوكۇمەت خەلقىنىڭ ئوز ھوكۇمىتى. بۇ ھوكۇمەتنىڭ
خادىملىرى خەلقنىڭ گېپىگە چوقۇم ئىززەت-ھورمەت بىلەن قۇلاق
سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە خەلقنىڭ ئۇستازى، ئوز-
ئوزىنى تەربىيىلەش ياكى ئوز-ئوزىنى تەنقىت قىلىش ئۇسۇلى
بىلەن خەلقنى تەربىيىلەيدۇ.

ئاچېسون ئېيتقان «ئوكچىلارنىڭ جىچۈەن ھوكۇمىتى»گە كەلسەك،
گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىست ھوكۇمەتلىرى ئاغدۇرۇلغاندىن
كېيىن، بۇگۈنكى دۇنيادا ئامېرىكا ھوكۇمىتىلا بىرىنچى ئەشۇنداق
ھوكۇمەت بولۇپ قالدى. بارلىق بۇرژۇئازىيە ھوكۇمەتلىرى جۇمە-
لىدىن جاھانگىرلارنىڭ قانىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە،
ئىتالىيە، ياپونىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق
ھوكۇمەت. يۇگوسلاۋىيىنىڭ تىتو ھوكۇمىتىمۇ ھازىر ئەشۇنداقلارنىڭ
قولچوماقى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭكىدەك ھوكۇمەت-
لەر — بىرلا بۇرژۇئازىيە سىنىپى خەلققە دىكتاتۇرا يۇرگۈزىدىغان
ھوكۇمەت. ئۇنىڭ ھەممە ئىشى خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىچە،

ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىغا دىمۇكراتىيە دىگەن نىمىنى
قوللىنىدۇ، خەلققە بولسا ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزىدۇ. گىتلېر،
مۇسسۇلىنى، دۇڭتياۋ، فرانكو، جياڭ جېيشىلارنىڭ ھوكۇمەتلىرى
بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىموكراتىيە پەردىسىنى ئېلىپ
تاشلىۋەتتى ياكى ئىشلەتمەيلا قويدى، چۈنكى ئىچكى سىنىپي كۈرەش
جىددىلىشىپ چېكىگە يەتكەنلىكتىن، خەلقنىڭمۇ ئەشۇ پەردىدىن پايدى-
لىنىپ ئەركىن-ئازادە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا
ئەشۇ پەردىنى ئېلىپ تاشلاش ياكى ئىشلەتمەيلا قويۇش پايدىلىقراق
ئىدى. ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ ھازىرمۇ بىر پارچە دېموكراتىيە
پەردىسى بار، لېكىن ئۇ ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن
قىرقىلىپ كىچىككىنە قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىق ئوڭۇپ كەتتى،
ۋاشىنگتون، جېففېرسون، لىنكولن[2] زامانىغا قارىغاندا بەك ناچار-
لىشىپ كەتتى، بۇ سىنىپي كۈرەشنىڭ بىرنەچچە قەدەم قىستاپ
كەلگەنلىكىدىن بولدى. يەنە بىرنەچچە قەدەم قىستاپ كېلىدىغان
بولسا، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە پەردىسى چوقۇم يەتتە قەۋەت
ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

كوپچىلىك كورۇۋالايدۇكى، ئاچېسون ئاغزىنى ئېچىش بىلەنلا
شۇنچە كوپ خاتالاشتى. بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى، چۈنكى
ئۇ ئەكسىيەتچى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاق تاشلىق كىتاۋىنىڭ قانداق بىر
«راستچىللىق خاتىرىسى» ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بىز، ئۇنىڭدا راستچىل-
لىق ھەم بار، ھەم يوق، دەپ قارايمىز. ئاچېسونلار جۇگۇەن جەھەتتە
ئۆزلىرىنىڭ بىر پارتىيە، بىر گۇرۇھقا پايدىلىق، دەپ قارىغان نەر-
سىسى ئۈستىدە ئۇلاردا راستچىللىق بار. ئەكسىچە بولغانلىرىدا بولسا
يوق. راستچىل بولۇۋېلىشى — كۈرەش قىلىش مەقسىدى ئۈچۈن.

# ئىزاھلار

① بۇ ــ شىنخۇاشې تەھرىر بۆلۈمى يازغان پىكىلۇن، 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان.

② ۋاشىنگتون (1732 ــ 1799)، جېففېرسون (1743 ــ 1826)، لىنكولن (1809 ــ 1865)لار ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر بۇرژۇئا سىياسىيونلىرى. ۋاشىنگتون ــ ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى (1775 ــ 1783) مۇستەملىكە قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ زۇڭسىلىڭى، ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى. جېففېرسون ــ ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى»نىڭ تەييارلىغۇچىسى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان. لىنكولن ئامېرىكىنىڭ نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان چېغىدا، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي شتاتلىرىدىكى قۇلدارلارغا قارشى ئۇرۇشقا (1861 ــ 1865) رەھبەرلىك قىلغان ۋە 1862 ـ يىلى «نېگىر قۇللارنى ئازات قىلىش خىتاپنامىسى»نى ئېلان قىلغان ئىدى.

# «دوستلۇق»مۇ، ياكى تاجاۋۇزچىلىقمۇ؟

**(1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)**

تاجاۋۇزچىلىققا ئاساس تېپىش ئۈچۈن، ئاچېسون «دوستلۇق»نى تەكرارلاپ بىر تاغار گەپ ساتتى، ئۇنىڭغا بىر تاغار «پىرىنسىپ»نى قوشۇپ قويدى.

ئاچېسون مۇنداق دېدى: «تارىخىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنقى دەۋرىدىن باشلاپ، ئامېرىكا خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. گەرچە ئارىلىقنىڭ يىراق بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ كۆپ پەرقلىق بولۇشى جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرىنى ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق دىن، خەيرىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرى خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان رىشتىلەر ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان دوستلۇغىنى قويۇقلاشتۇرۇپ كەلمەكتە، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيانقى خىلمۇ-خىل ئاق نىيەتلىك تەدبىرلەر، مەسىلەن، جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنى گېڭزى ئۇرۇش چىقىمى بىلەن تەربىيىلەپ بەرگەنلىكىمىز، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا جىۋەي فاچۇەننى بىكار قىلغانلىقىمىز شۇنىڭ-

دەك ئۇرۇش ۋاقتدا ۋە ئۇرۇشتن كېين جۇڭگوغا كەڭ كولەمدە ياردەم بەرگەنلگمز بۇنىڭ دەلىلى. ئامېركا ئۇزننڭ جۇڭگوغا قاراتقان ۋەيجياۋ سياستننڭ ئاساسي پرنسپلرنى جۇملدن دەرۋازىسنى ئېچۋېتش سياستنى، جۇڭگونڭ مەمۇرىيتگە ۋە زىمن پۇتۇنلۇگگە هورمەت قلش هەمدە هەرقانداق چەتئەللننڭ جۇڭگونى چاڭگلغا ئېلۋېلشغا قارشى تۇرۇشنى باشتن ـ ئاخر داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، بەلكى هېلمۇ داۋاملاشتۇرماقتا، بۇنى ئاساسلايدىغان هوججەتلەر بار.»

ئاچېسون قاراپ تۇرۇپ يالغان سوز قلىپ، تاجاۋۇزچلقنى «دوستلۇق» دەپ يازدى.

ئامېركا جاهانگرلگننڭ 1840 ـ يىلى ئەنگلىيلكلەرنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشى قلىشغا ياردەم بەرگنىدن تارتىپ تا جۇڭگو خەلقى تەرىپىدن قوغلاپ چقرىلغانغا قەدەر بولغان جۇڭگوغا تاجاۋۇز قلش تارىخنى قسقچە دەرسلك قلىپ يېزىپ چقىپ، جۇڭگو ياشلرنى تەربىيلەش كېرەك. ئامېركا جۇڭگونى جۇۋەي فاچۇەن① بېرىشكە هەممىدىن بۇرۇن مەجبۇر قلغان دولەتلەرنىڭ بىرى، ئاق تاشلق كىتاپتا كورستلگەن جۇڭگو، ئامېركا دولەتلرنىڭ تارىخدا بىرىنچى قېتىم ئىمزالانغان 1844 ـ يىلدىكى ۋاڭشيا شەرت ـ نامىسى② ئەنە شۇنى كورستدۇ. بۇ شەرتنامىدە: ئامېركا جۇڭگوغا ئوزننڭ 5 گاڭكۇ ئارقىلق سودا قلشغا ئوخشاش ئىشلارنى مەجبۇرى قوبۇل قلدۇرغاندىن باشقا، ئامېركىلقلارنىڭ دىن تارقىتشىنمۇ بىر ماددا قلىپ مەجبۇرى قوبۇل قلدۇرغان ئىدى. ئامېركا جاهان ـ گىرلگى باشقا جاهانگىر دولەتلەرگە قارىغاندا، ناهايتى ئۇزاق ۋاقتقچە، مەنىۋى تاجاۋۇزچلق جەهەتتكى پائالىيەتلەرگە تېخمۇ

ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى دىنىي ئىشلاردىن «خەيرىيەت» ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغىچە كېڭەيتتى. بەزىلەرنىڭ تۇگىجىسىغا قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ جىياۋخۇيلىرى ۋە «خەيرىيەت» ئورگانلىرىنىڭ جۇڭگودا سالغان مەبلىغى جەمئىي 41 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن؛ جىياۋخۇيلارنىڭ مال-مۈلكى ئىچىدە تىببىي خىراجەت 14.7 پىرسەنتىنى، مائارىپ خىراجىتى 38.2 پىرسەنتىنى، دىنىي پائالىيەتلەر خىراجىتى 47.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان③. مەملىكىتىمىزدىكى يەنجىڭ، شېيخې، خۇيۋېن، شېڭيۇېخەن، جىنلىڭ، دۇڭۋۇ، جېجياڭ، شياگيا، خۇاشى، لىڭنەنلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئاتاقلىق مەكتەپلەرنى ئامېرىكىلىقلار قۇرغان ئىدى④. ستۇئارت لېيتون مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ نام چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان ئىدى. ئاچېسونلارنىڭ كوڭلىدە پۇككەن سان بار، «دىن، خەيرىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە جۇڭگو، ئامېرىكا مەملىكەتلىرى خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان رىشتىلەر ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان دوستلۇغىنى قويۇقلاشتۇرۇپ كەلمەكتە» دىگەن ئىمىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بار. 1844-يىلى شەرتنامە تۈزۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ ھېساپلىغاندا، ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا پۈتۈن ئېسى-يادى بىلەن 105 يىل بېرىلىشى «دوستلۇقنى قويۇقلاشتۇرۇش» ئۈچۈن ئىمىش.

8 دولەت بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىپ، كېگىزى ئۆرۈش چىقىمىنى تولىتىۋېلىش، ئۇنى يەنە «جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش»كە ئىشلىتىپ، مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ «دوستلۇق»نىڭ بىر ئىپادىسى بولىدىكەن. جېۋەي قاچۇەن «بىكار قىلىنغان» تۇرۇۋقلۇق، شېن چۇگغا باسقۇن-

چىلىق قىلغان جىنايەتچىنىڭ ئامېرىكىغا قايتۇرۇلۇپ، ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بۇسى تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەنلىگىمۇ⑤ «دوستلۇق»نىڭ بىر ئىپادىسى بولىدىكەن.

«ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگوغا بېرىلگەن ياردەم»، ئاق تاشلىق كىتاپتا ئېيتىلىشىچە، 4 مىليارت 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق، بىزنىڭ تۇڭجى قىلىشىمىزچە، 5 مىليارت 914 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق، جياڭ جيېشىنىڭ بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىرىشىغا ياردەم بېرىشىمۇ «دوستلۇق»نىڭ بىر ئىپادىسى بولىدىكەن.

109 يىل ئىچىدە (1840 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلىشىپ قىلغان ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ھېساپلىغاندا) ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ھەممە «دوستلۇغى» بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە جياڭ جيېشىنىڭ بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىرىشىغا ياردەم بەرگەن بۇ ئۇلۇق «دوستلۇغى» — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەقسەت ئۈچۈن بولدى، يەنى «جۇڭگوغا قاراتقان ۋەيجياۋ سىياسىتىنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىنى جۈملىدىن دەرۋازىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى، جۇڭگونىڭ مەمۇرىيىتىگە ۋە زېمىن پۈتۈنلۈگىگە ھورمەت قىلىش ھەمدە ھەرقانداق چەتئەلنىڭ جۇڭگونى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، بەلكى ھېلىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا».

بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىرىش باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، بىرىنچىدىن، دەرۋازىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ مەمۇرىيىتىگە ۋە زېمىن پۈتۈنلۈگىگە ھورمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۈچىنچىدىن، ھەرقانداق چەتئەلنىڭ جۇڭگونى چاڭگىلىغا

ئېلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن.

هازىر پەقەت گۇاڭجۇ، تەيۋەندەك كىچىك بىر پارچە يەرنىڭ دەرۋازىسى تېخىچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوچۇق تۇرماقتا، بىرىنچى مۇقەددەس پرىنسىپ ئۇ يەرلەردە «ھېلىمۇ داۋاملاشتۇرۇلماقتا». قالغان جايلارنىڭ، ئېيتايلى، شاڭخەينىڭ دەرۋازىسى ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ ئوچۇق ئىدى، لېكىن هازىر بولسا بىراۋ تەرىپىدىن ئامېرىكىنىڭ جۇنجيەنلىرى ۋە جۇنجيەنلەرگە ئورنىتىلغان زەمبىرەكلىرى ئارقىلىق مۇقەددەس بولمىغان بىر پرىنسىپ ئەمەلگە قويۇلدى: دەرۋازا تاقاپ قويۇلدى.

هازىر پەقەت گۇاڭجۇ، تەيۋەندەك كىچىك بىر پارچە يەرنىڭ مەمۇرىيىتى ۋە زېمىنى تېخىچە ئاچېسوننىڭ ئىككىنچى مۇقەددەس پرىنسىپىنىڭ شاراپىتىدىن ئۆزىنىڭ «پۈتۈنلۈكى»نى «ھېلىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا». قالغان جايلارنىڭ بولسا تەلىيى تەتۈر كېلىپ، مەمۇرىيىتى ۋە زېمىنىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ تۈگىشىپ كېتىپتۇ.

هازىر پەقەت گۇاڭجۇ، تەيۋەندىن ئىبارەت جايلار، ئۈچىنچى مۇقەددەس پرىنسىپنىڭ شاراپىتىدىن، «ھەرقانداق چەتئەللىكنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى»غا ھەتتا ئامېرىكىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىمۇ ئاچېسونلار «قارشى تۇرغان» ئىكەن، شۇڭا تېخىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. مەملىكەتنىڭ باشقا زېمىنى تىلغا ئېلىنغاندا، ياش توكۇلىدىكەن، ھەممىسى تۈگىشىپتۇ، ھەممىسى چەتئەللىكلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى قۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئاچېسون لويى خېتىنى يېزىپ كېلىۋېتىپ، ئەمدى ئۇ قانداق چەتئەل دىگەن يەرگە كەلگەندە، كورسىتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، لېكىن دىمەكچى بولغىنى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، كۆپ سۈرۈشتۈرۈش-

نىڭ ھاجىتى يوق.

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق بىر پرىنسىپ ھېساپلىنامدۇ، ھېساپلانمامدۇ، ئاچېسون بىر نىمە دىمىدى، ھېساپلانمايدىغان ئوخشايدۇ. ئامېرىكىلىق لويىلارنىڭ مەنتىقى ئەنە شۇنداق. ئاچېسوننىڭ خېتىنى تولۇق كورۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ دانا مەنتىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① بۇ يەردە ئېيتىلغان «جىڭۋەي قاچۇەن» لىكشىلارنىڭ ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقىنى كورسىتىدۇ. بۇ — جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۇچلەرنىڭ جۇڭگودا قولىغا كىرگۇزۇۋالغان تاجاۋۇزچىلىق ئىمتىيازلىرىنىڭ بىرى. لىكشىلارنىڭ ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقى دىگەن مۇنداق: جاھانگىر دولەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى مۇھاجىرلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنىغا ئىتائەت قىلماسلىق ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇلار جۇڭگودا جىنايەت ئوتكۇزسە، ياكى ھەق تەلەپ دەۋاسىدا جاۋاپكار بولۇپ قالسا، پەقەت ئوز دولىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق لىكشى قاتىڭى تەرىپىدىنلا سوراق قىلىنىدۇ، جۇڭگو ھوكۇمىتى ئارىلىشالمايدۇ.

② «ۋاڭشيا شەرتنامىسى» — ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى نەتىجىسىدە تۇزۇلگەن بىرىنچى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. ئامېرىكا 1844 - يىل 7 - ئايدا، جۇڭگونىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنى ئاۋمېنىڭ قېشىدىكى ۋاڭشيا كەنتىدە «جۇڭگو - ئامېرىكا 5 گاڭكۇ ئارقىلىق سودا قىلىش نىزامنامىسى» يەنى «ۋاڭشيا شەرتنامىسى»گە مەجبۇرى ئىمزا قويدۇردى. بۇ شەرتنامە جەمى 34 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئەنگلىيىنىڭ نەنجىڭ شەرتنامىسى ھەم ئۇنىڭ قوشۇمچە ھوججىتىدە

قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىمتىيازلىرىدىن ئامېرىكىمۇ بەھرىمەن بولىدۇ، جۈملىدىن ئامېرىكا جۇڭگودا لىڭشىلارنىڭ ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

③ بۇ ماتېرىيال ئامېرىكىلىق رېمېر يازغان «چەتئەللىكلەرنىڭ جۇڭگودا سالغان مەبلىغى» دىگەن كىتاپنىڭ 15-بابىدىن ئېلىنغان.

④ بۇ بېيپىڭدىكى يەنجىڭ داشۆي، شيېخې يىشۆيۈەن، بېيپىڭ ۋە نەنجىڭلاردىكى خۇيۋېن ئوتتۇرا مەكتەپلىرى، شاڭخەيدىكى شېڭيۇەخەن داشۆي، نەنجىڭدىكى جىنلىڭ داشۆي، خاڭجۇدىكى جېجياڭ داشۆي، سۇجۇدىكى دۇڭۋۇ داشۆي، چاڭشادىكى شياڭيا يىشۆيۈەن، چېڭدۇدىكى خۇاشى شيېخې داشۆي ۋە گۇاڭجۇدىكى لىڭنەن داشۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ 1946-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى لۇجەندۈيىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن فېرسون قاتارلىقلار بېيپىڭدا بېيجىڭ داشۆينىڭ قىز ئوقۇغۇچىسى شېن چۇڭغا باسقۇنچىلىق قىلدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىلىكىگە قارشى قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 1947-يىل 1-ئايدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى خەلقىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرگىنىگە قارىماستىن، باش جىنايەتچى فېرسوننى ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا چارە كۆرۈشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇ يىل 8-ئايدا ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە بۆسى فېرسوننى گۇناسىز دەپ قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

# ۋېيشىنجۇيلىق تارىخى قاراشنىڭ بەربات بولۇشى

**(1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)**

جۇڭگولۇقلار ئامېرىكا بۇرژۇئا باياناتچىسى ئاچېسونغا شۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشى كېرەككى، ئاچېسون ئامېرىكىنىڭ پۇل ۋە مىلتىق چىقارغانلىقى، جياڭ جيېشىنىڭ ئادەم چىقىرىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنى قىرغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئېنىق ئىقرار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىلغارلىرى قالاقلارنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن قايىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنداق بولمىدىمۇ، قاراڭلار، ئاچېسون يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى ھاياتىدىن ئايرىغان بۇنداق چوڭ قانلىق ئۇرۇشنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇپ ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلدى. جۇڭگولۇقلار ئاچېسونغا يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشى كېرەككى، ئاچېسون ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى «دېموكراتىك شەخسىيەتچى» دەپ ئاتالغانلارنى يىغىپ، ئامېرىكىنىڭ 5 - زۇڭدۈينى

تەشكىل قىلىپ، جۇڭگو ئۆكچەنداكى رەھبەرلىك قىلىغان خەلق ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارا جاكالىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ بولۇپمۇ زىيۇجۇيى تۇسىنى ئالغان جۇڭگولۇقلارنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى، ھەممەيلەن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالمايلى، دەپ كېلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىۋاتقان سۇئىقەستلىك ھەركەتلىرىگە ھەممىلا يەردە پەخەس بولماقتا. جۇڭگولۇقلار ئاچېسونغا يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رەخمەت ئېيتىشى كېرەككى، ئاچېسون جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى ئۈستىدە بىر تاغار بىلجىرلىدى، ھالبۇكى، ئاچېسوننىڭ تارىخىي نۇقتىنەزىرى — جۇڭگو زىيالىلىرىنىڭ بىر قىسمىدىمۇ بولغان نۇقتىنەزەرنىڭ دەل ئۆزى، يەنى بۇرژۇئاچە ۋېيشىنجۇيىلىق تارىخىي قاراش. ئاچېسونغا رەددىيە بەرگەندە، كەڭ جۇڭگولۇقلارنى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتەك مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىن. بۇ ئاچېسوننىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئوخشاش ياكى بەزى جەھەتلەردىن ئوخشاش نۇقتىنەزەردە بولۇپ كەلگەن كىشىلەرگە بولسا تېخىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئاچېسون بىلجىرلىغان جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ ئاچېسون، ئالدى بىلەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋالىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇ بۇ يەردە كوپلىگەن ئەپسانىلەرنى ئېيتىپ ئوتتى.

ئاچېسون مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ ئاھالىسى 18 ۋە 19 - ئەسىرلەردە بىر ھەسسە كوپەيدى، شۇڭا يەر كوتەرگۈسىز بېسىمغا ئۇچرىدى. خەلقنىڭ تاماق مەسىلىسى — ھەر بىر جۇڭگو ھوكۇمىتى

مۇقەررەر دۇچكېلىدىغان بىرىنچى مەسىلە. بۇ مەسىلىنى تا ھازىرغىچە بىرمۇ ھوكۇمەت ھەل قىلالمىدى. گومىنداڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىدىدە ئۆزىنىڭ قانۇن تۈپلىمىغا يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەمىر-پەرمانلارنى كىرگۈزدى. بۇ ئەمىر-پەرمانلارنىڭ بەزىلىرى مەغلۇپ بولدى، بەزىلىرى ئىجتىۋارسىز قالدى. گومىن-جېڭفۇنىڭ بۇگۈنكىدەك ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ چوڭ بىر سەۋەبى — ئۇنىڭ جۇڭگوغا يېتەرلىك تاماق تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى. جۇڭگو گۆكچەنداگىنىڭ تەشۋىقات مەزمۇنىنىڭ كوپ قىسمى ئۇلار-نىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەل باغلاپ بەرگەن ۋەدىسىدىن ئىبارەت.»

ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان جۇڭگولۇقلارغا بۇ خېلى تۇزۇكتەك كورۇنىدۇ: ئاھالە بەك كوپ بولسا، تاماق ئازلىق قىلىدۇ، ئىنقىلاپ بولىدۇ. گومىنداڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى، گۆكچەنداگىنىمۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالىشى تايىندىق، «بۇ مەسىلىنى تا ھازىرغىچە بىرمۇ ھوكۇمەت ھەل قىلالمىدى».

ئىنقىلاپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاھالىنىڭ بەك كوپلۇگىدىن بولغانمۇ؟ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا، جۇڭگودا ۋە چەتئەللەردە نۇرغۇن ئىنقىلاپلار بولۇپ ئوتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاھالىنىڭ بەك كوپلۇگىدىن بولغانمۇ؟ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى جۇڭگودا بولۇپ ئوتكەن نۇرغۇن ئىنقىلاپلارمۇ ئاھالىنىڭ بەك كوپلۇگىدىن بولغانمۇ؟ ئامېرىكىدا بۇنىڭدىن 174 يىل ئىلگىرى بولۇپ ئوتكەن ئەنگلىيىگە قارشى ئىنقىلاپمۇ① ئاھالىنىڭ بەك كوپلۇگىدىن بولغانمۇ؟ ئاچېسون-نىڭ تارىخ بىلىمى نولگە تەڭ، ئۇ، ئەقەللىسى، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق خىتاپنامىسىنىمۇ ئوقۇپ باقمىغان. ۋاشىنگتون ۋە جېففېر-

سونلارنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلىشى قانداقتۇ ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ ئۇشۇۇقچىلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىلىكلەر-نىڭ ئامېرىكىلىقلارنى ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىدىن بولغان. جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىختا ئۆزىنىڭ فېودال خاندانلىقلىرىنى ئاغدۇرۇپ كەلگەنلىكى قانداقتۇ ئاھالىنىڭ ئۇشۇۇقچىلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى بۇ فېودال خاندانلىقلارنىڭ خەلقنى ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىدىن بولغان. روسىيىلىكلەرنىڭ فېۋرال ئىنقىلاۋى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى قىلىشى قانداقتۇ ئاھالىنىڭ ئۇشۇۇقچىلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى روسىيە پادىشاسىنىڭ ۋە روسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن بولغان، روسىيىدە بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەر ئاھالىدىن جىق كوپ. موڭغۇلىيىدە يەر شۇنچە كەڭ، ئاھالە شۇنچە شالاڭكى، ئاچېسوننىڭ داۋلىسى بويىچە بولغاندا، ئۇ يەردە ئىنقىلاپنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ئەمما ئىنقىلاپ ئاللىقاچان بولدى②.

ئاچېسوننىڭ سوزى بويىچە بولغاندا، جۇڭگونىڭ ھېچقانداق نىجات يولى يوق ئىكەن، ئاھالىنىڭ 475 مىليون بولۇشى بىر تۈرلۈك «كوتەرگۈسىز بېسىم» ئىكەن، ئىنقىلاپ قىلسىمۇ، ئىنقىلاپ قىلمىسىمۇ، بەرىبىر، ئىش چاتاق ئىكەن. ئاچېسون بۇ يەردە ناھايىتى زور ئۈمىت كۈتكەنۇ، بۇ ئۈمىدىنى ئېيتمىغان، لېكىن بۇنى ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن مۇخبىرلىرى دائىم ئاشكارىلاپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگو گۈگچەنداكى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، جۇڭگودا ئالا-توپىلاڭ ئەبەدىي بولۇپ تۇرىدۇ، پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئۇنىغا يولەنگەندىلا، يەنى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىلا، نىجات يولىنى تاپالايدۇ، دىگەن نىملەردىن ئىبارەت.

شىنخەي ئىنقىلاۋى نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ۋە تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، شىنخەي ئىنقىلاۋى بىرلا چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئەمما جاھانگىرلىك بىلەن فېودالىزىمنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىدى.

بېيفا ئۇرۇشى نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ۋە تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جياڭ جيېشى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىپ، جاھانگىرلىككە تەسلىم بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي باشلىق بولۇپ قالدى.

«بۇ مەسىلىنى تا ھازىرغىچە بىرمۇ ھوكۇمەت ھەل قىلالمىدى»مۇ؟ شىبېي، خۇابېي، دۇڭبېي، خۇادۇڭلاردىكى يەر مەسىلىسى ھەل قىلىنغان كونا ئازات رايونلاردا ئاچىرون ئېيتقاندەك «تاماق مەسىلىسى» تېخى مەۋجۇتمۇ؟ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا پايلاقچىلىرى ياكى كۆزەتكۇچى دىگەن نىمىلىرى ئاز ئەمەس، ئۇلار نىمە ئۈچۈن شۇنىمۇ بايقىۋالالمىدى؟ شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنى تاماق مەسىلىسى — پۈتۈنلەي جاھانگىرلىكنىڭ، فېودالىزىمنىڭ، گوەنلياۋ كاپىتالىزىمنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ نەتىجىسى. خەلق ھوكۇمىتى شارائىتىدا، ئىشسىزلىقنى يەنى تاماق مەسىلىسىنى، بىرنەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش بىلەنلا، خۇابېي، دۇڭبېي قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش، تولۇق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ كوپلۇگى — ئىنتايىن ياخشى ئىش. ئاھالە يەنە نەچچە ھەسسە كوپەيگەندىمۇ، ئۇنىڭغا تولۇق ئامال بار، بۇ

ئامال — ئىشلەپچىقىرىش. غەرپ بۇرژۇئازىيىسى ئىقتىساتشۇناسلىرىنىڭ، مەسىلەن، مالتۇسقا③ ئوخشاشلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ كۆپىيىشى ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە يېتىشەلمەيدۇ، دىگەن سەپسەتىلىرى ماركسىزىمچىلار تەرىپىدىن نەزىرىيە جەھەتتىن ئاللىقاچان تولۇق رەت قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاپتىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيەتلىرى بىلەنمۇ تامامەن رەت قىلىپ تاشلاندى. ئىنقىلاپقا ئىشلەپچىقىرىشنى قوشقاندا تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دىگەن ھەقىقەتكە ئاساسەن، جۇڭگودىكى جۇڭگىياڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گومىنداڭ تەشكىلاتلىرىغا ۋە خەلق جىيفاڭجۈنىگە مۇنۇلارنى بۇيرۇدى: گومىنداڭدىن قالغان كونا خادىملاردىن ئەكسىيەتچىلىكى ئىسپاتلانغان ياكى ئەسكىلىكى ئايان بولغان ئۇنسۇرلاردىن بولمىغانلىرىنى، بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولسىلا، قىسقارتىۋەتمەي، پۈتۈنلەي ساقلاپ قېلىش كېرەك. تازا قىيىنچىلىق بولغاندا، تاماقنى تەڭشەپ يىيىش، ئۆيلەردە سىغىشىپ ئولتۇرۇش كېرەك. قىسقارتىلىپ، تۇرمۇشتا تايانچىسىز قالغانلارغا، ئۇلار ئۇستىدىكى قىسقارتىش بۇيرۇغىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۇرمۇش يولى بېرىش كېرەك. گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ياكى ئەسىر چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە ئېلىپ قېلىش كېرەك. باش جىنايەتچى بولمىغان ئەكسىيەتچىلەرگىمۇ، جىنايىتىگە توۋا قىلسىلا، ھايات يولى بېرىش كېرەك.

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئادەم ئەڭ قىممەتلىك. گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە، ئادەم بولسىلا، بۇ دۇنيادا بولىدىغان موجىزىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بىز ئاچېسوننىڭ

ئەكسىلئىنقىلاۋىي نەزىرىيىسىگە رەددىيە بەرگۈچىلەرمىز، بىز ئىشىنىمىزكى، ئىنقىلاپ ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئاھالىسى كوپ، بايلىقى مول، تۇرمۇشى باياشات، مەدەنىيىتى گۈللەنگەن يېڭى جۇڭگو پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. ئۈمىتسىزلىك مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

«غەرپنىڭ تەسىرى»، ئاچېسوننىڭ چۈشەندۇرۇشىچە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىدىكى ئىككىنچى سەۋەپ. ئاچېسون مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتى 3 مىڭ يىلدىن كوپرەك يۇكسىلىشكە ئىگە، ئۇنىڭغا، ئومۇمەن، چەتنىڭ تەسىرى يوقمىغان. جۇڭگولۇقلار قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندىمۇ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەرنى ئاخىر ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ۋە سىڭدۇرۇپ كەلگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزى ھېساپلىشى، ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي كورۇنۇشى دەپ قارىشى تەبىي ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، جۇڭگونى ئايرىپ تۇرغان تامنى غەرپ بۇزۇپ تاشلىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ تامدىن ئوتكىلى بولمايتتى. بۇ چەتتىن كەلگەنلەر ئالغا ئىنتىلىشنى ئېلىپ كەلدى، دۇنيادا تەرەققىي قىلىپ تەڭداشسىز دەرىجىگە يەتكەن غەرپ تېخنىكىسىنى ئېلىپ كەلدى، ئىلگىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەر جۇڭگوغا ئېلىپ كەلمىگەن يۇكسەك مەدەنىيەتنى ئېلىپ كەلدى. قىسمەن مۇشۇ پەزىلەتلەر سەۋەبىدىن، قىسمەن چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزتۇتقانلىقى سەۋەبىدىن، غەرپلىكلەر جۇڭگو تەرەپتىن سىڭدۇرۇلۇپ كېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى نۇرغۇن يېڭى ئىدىيىلەرنى تونۇشتۇردى، بۇ يېڭى ئىدىيىلەر موھىم رول ئوينىدى،

توپىلاڭلارنى ۋە خاتىرجەمسىزلىكلەرنى قوزغىۋەتتى.»
ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان جۇڭگولۇقلارغا ئاچېسوننىڭ سۆزى خېلى تۈزۈكتەك كورۇنىدۇ: غەرپنىڭ يېڭى ئىدېيىلىرى جۇڭگوغا كىرىپ، ئىنقىلاپ قوزغىدى.
ئىنقىلاپ كىمگە قارشى قىلىنغان؟ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى زاۋاللىققا يۈزتۇتقانلىقى» ئۈچۈن ئاجىز نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىنىپتۇ، ئىنقىلاپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قىلىنىپتۇ. ئاچېسوننىڭ بۇ يەردە ئېيتقىنى جايىدىن چىقمىدى. شىنخەي ئىنقىلابى — جاھانگىرلىككە قارشى قىلىنغان ئىنقىلاپ. جۇڭگولۇقلار شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلدىكى، چىڭ سۇلالىسى جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ ئەپيۇن تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى، فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش ۋە 8 دولەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى شىنخەي ئىنقىلابى بولدى، بۇلار — شىنخەي يىلىغىچە بولغان يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخى. ئاچېسون ئېيتقان «غەرپنىڭ تەسىرى» دېگەن نېمە؟ بۇ — ماركس ۋە ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» (1848 ـ يىل)دە ئېيتقاندەك، غەرپ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دۇنيانى ئۆزىنىڭ قىياپىتى بويىچە تېررورلۇق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگەرتىشى④. مۇشۇنداق تەسىر بېرىش ياكى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، غەرپ بۇرژۇئازىيىسى مەيدانلەرگە ۋە غەرپنىڭ ئادىتى بىلەن

تونۇش بولغان مالايىلارغا ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگوغا ئوخشاش مەملىكەتلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىشقا ۋە چەتئەللەرگە ئوقۇ-غۇچى چىقىرىشقا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى، جۇڭگوغا «نۇرغۇن يېڭى ئىدىيىلەرنى تونۇشتۇردى». شۇنىڭ ئارقىسىدا جۇڭگوغا ئوخشاش مەملىكەتلەردە مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار خانىۋەيران بولۇپ، كەڭ يېرىم پرولېتارلار ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، غەرپ بۇرژۇ-ئازىيىسى شەرقتە ئىككى خىل كىشىنى پەيدا قىلدى: بىر خىلى — ئاز سانلىق كىشىلەر يەنى جاھانگىرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چەتئەل مالايلىرى؛ بىر خىلى — كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنى جاھان-گىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە ئەشۇ سىنىپ-لاردىن كېلىپ چىققان زىيالىلار، بۇلار جاھانگىرلىك ئۆزى ئۈچۈن تەييارلىغان گوركارلار، ئىنقىلاپنى ئەنە شۇ كىشىلەر مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئاللىقانداق غەرپ ئىدىيىسىنىڭ كىرىشى «توپىلاڭ ۋە خاتىرجەمسىزلىك» قوزغىغان ئەمەس، بەلكى جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى قارشىلىق قوزغىغان.

بۇ قارشىلىق ھەركىتىدە، ناھايىتى ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە يەنى 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن 1919 - يىلدىكى 4 - ماي ھەرىكـ-تىنىڭ ھارپىسىغىچە بولغان 70 نەچچە يىل ئىچىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرالىغۇدەك ھېچقانداق ئىدىيىۋى قورالى يوق ئىدى. كونا، مۇتەئەسسىپ فېئودالىزملىق ئىدىيىۋى قورال مەغلۇپ بولغان، چىداشلىق بېرەلمەي، بەربات بولغان ئىدى. جۇڭگولۇقلار، نائىلاج قېلىپ، جاھانگىرلىكنىڭ كونا ئۇۋىسى بولغان غەرپنىڭ

بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى قورال ئامبىرىدىن جىنخۇالۇن، تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى نەزىرىيىسى ۋە بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش ئىدىيىۋى قوراللار ھەم سىياسى فاكتەنلەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى، پارتىيىلەر تەشكىل قىلدى، ئىنقىلاپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تاشقى جەھەتتە، كۈچلۈك دولەتلەردىن مۇداپىئە كورگىلى، ئىچكى جەھەتتە، مىنگو قۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. لېكىن بۇ نەرسە-لەرمۇ، فېودالىزىملىق ئىدىيىۋى قورالغا ئوخشاش، ناھايىتى ئاجىزلىق قىلدى، يەنە چىداشلىق بېرەلمەي، مەغلۇپ بولدى، بەربات بولدى.

1917 - يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلاۋى جۇڭگولۇقلارنى ئويغاتتى، جۇڭگولۇقلار بىر يېڭى نەرسە ئۆگىنىۋالدى، ئۇ — ماركسىزىم-لېنىنىزىم. جۇڭگودا كۈچەنداڭ دۇنياغا كەلدى، بۇ يېڭى دەۋر ئاچقان زور ۋەقە بولدى. سۇن جۇڭشەنمۇ «روسىيىنى ئۇستاز قىلىش»نى تەشەببۇس قىلدى، «روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كۈڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش»نى قۇۋۋەتلىدى. قىسقىسى، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئۇز يونۇلۇشىنى ئۆزگەرتتى.

ئاچېسون — جاھانگىر ھوكۇمەتنىڭ باياناتچىسى، ئۇ، ئەلۋەتتە، جاھانگىرلىكنى تىلغا ئېلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىنى «چەتتىن كەلگەنلەر ئالغا ئىنتىلىشنى ئېلىپ كەلدى» دىدى. پاھ، «ئالغا ئىنتىلىش» — نىمىدىگەن چىرايلىق نام! جۇڭگو-لۇقلار بۇنداق «ئالغا ئىنتىلىش»نى ئۆگىنىپ، ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىغا ئىنتىلىپ بارمىدى، پەقەت جۇڭگو زىمىنىدا «توپىلاڭ ۋە خاتىرجەم-سىزلىك» قوزغىدى، يەنى جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاپ قىلدى. ئەپسۇسكى، بىر قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدى، ھەممىسى «ئالغا ئىنتىلىش»نىڭ كەشپىياتچىلىرى يەنى

جاھانگىرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭدىن پېشىنى قېقىپ، باشقا نەرسە ئۆگەندى، شۇنىسى ئاجايىپكى، بۇ نەرسە ئۆگەنگەن ھامان ئەسقاتتى.

«جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا رۇس ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا قۇرۇلغان». ئاچېسون توغرا ئېيتتى. بۇ ئىدىيە باشقا نەرسە ئەمەس، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم. بۇ ئىدىيە، ئاچېسون ئېيتقان غەرب بۇرژۇئازىيىسىدىن «ئىلگىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەر جۇڭگوغا ئېلىپ كەلمىگەن يۇكسەك مەدەنىيەت» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھېساپسىز ئەۋزەل. ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچىلىك زور بولدىكى، جۇڭگونىڭ كونا فېودالىق مەدەنىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاچېسونلار تەرىپىدىن «يۇكسەك مەدەنىيەت» دەپ تەمەننا قويۇلغان ھېلىقى غەرب بۇرژۇئا مەدەنىيىتى جۇڭگو خەلقى ئۆگىنىۋالغان ماركسىزىم ـ لېنىنىزىملىق يېڭى مەدەنىيەتكە يەنى ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىگە يولۇقۇش بىلەنلا مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو خەلقى ئۆگىنىۋالغان ئىلمىي، ئىنقىلاۋىي يېڭى مەدەنىيەت بىرىنچى جەڭدە جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى بېيياڭ جۇنفالارنى مەغلۇپ قىلدى، ئىككىنچى جەڭدە جاھانگىرلارنىڭ يەنە بىر غالچىسى جياڭ جېيشىنىڭ 25 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپەردە جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىگە قىلغان توسقۇنلۇقلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئۈچىنچى جەڭدە ياپون جاھانگىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى ۋاڭ جىڭۋېينى مەغلۇپ قىلدى، تۆتىنچى جەڭدە ئامېرىكىنىڭ ۋە بارلىق جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودىكى ھوكۇمرانلىقىغا ھەم ئۇلارنىڭ غالچىسى جياڭ جېيشى قاتارلىق بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا تەلتوكۇس خاتىمە بەردى.

ماركسىزم - لېنىنىزم جۇڭگودا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق زور رول ئويىندىكى، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى شارائىتىدا مۇشۇنىداق ئېهتىياج پەيدا بولىدى، ئۇ جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمىلىيىتى بىلەن باغلاندى، ئۇ جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىندى. ھەرقانداق ئىدىيە ئەگەر كېگۈەن ئەملىي شەيئىلەر بىلەن باغلانمىسا، ئەگەر كېگۈەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئېهتىياجى بولمىسا، ئەگەر خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنمىسا، ھەرقانچە ياخشى نەرسە بولغان بىلەن-مۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم بولغان بىلەنمۇ رول ئوينىيالمايدۇ. بىز تارىخي ۋېيىشنلۇنغا قارشى تارىخي ۋېيۇۇلۇنچىلارمىز.

شۇنىسى ناهايىتى قىزىقكى، «سوۋېت تەلىماتى ۋە ئەمىلىيىتى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە پىرىنسىپلىرىغا بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە خېلى تەسىر كورسەتتى». ئاچېسونلار تەمەننا قويغان غەرپنىڭ «يۈكسەك مەدەنى-يىتى»نىڭ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە بەرگەن تەسىرى قانداق بولدى؟ ئاچېسون بۇنى ئېيتمىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئومرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى سەرپ قىلىپ، غەرپ بۇرژۇئا مەدەنىيىتىدىن ۋەتەن قۇت-قۇزۇش ھەقىقىتىنى ئىزلىگەن ئىدى، نەتىجىدە ئۈمىدى يوققا چىقىپ، «روسىيىنى ئۇستاز قىلىش»قا بۇرالىدى، بۇ تاسادىپى ۋەقەمىدى؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئازاپ - ئوقۇبەتتە قالغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە بىرلىكتە «غەرپنىڭ تەسىرى»دىن غەزەپلىنىپ، «روسىيە بىلەن بىر-لىشىش، كۆڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش»كە بەل باغلىشى، جاھانگىر-لىككە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشقا ھەم ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا بەل باغلىشى، ئەلۋەتتە، تاسادىپى

ئەمەس. بۇ يەردە ئاچېسون سوۋېتلىكلەرنى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار دەپ، سۇن جۇڭشەننى تاجاۋۇزچىلاردىن ئۈگەنگەن دەپ ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. خوش، سۇن جۇڭشەن سوۋېتلىكلەردىن ئۈگەنسە بولىدىكەن، سوۋېتلىكلەر جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار ئەمەسكەن، ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن سۇن جۇڭشەننىڭ ۋارىسلىرى، سۇن جۇڭشەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى جۇڭگولۇقلار سوۋېتلىكلەردىن ئۈگەنسە بولمايدىكەن؟ نىمە ئۈچۈن سۇن جۇڭشەندىن باشقا جۇڭگولۇقلار ماركسىزىم-لېنىنىزىمدىن ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىنى ئۈگىنىپ ۋە ئۇنى جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنى ۋە ئۇلۇغ خەلق ئىنقىلاۋىنى قوزغاپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەتنى قۇرسا، بۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چاڭگىلىدا بولغان»، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 5-زۇڭدۇيى»، «قىزىل جاھانگىرنىڭ غالچىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن؟ دۇنيادا شۇنداقمۇ دانا مەنتىق بارمۇ؟

جۇڭگولۇقلار ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ئۈگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەنىۋى جەھەتتە بىيدۇكلۇقتىن جۇددۇكلۇققا ئۆتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى، ھېلىقىدەك، جۇڭگولۇقلارنى كوزگە ئىلمايدىغان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى كوزگە ئىلمايدىغان دەۋر تۈگىشى كېرەك. ئۇلۇغ، غالىپ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە ئۇلۇغ خەلق ئىنقىلاۋى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈردى ۋە گۈللەندۈرمەكتە. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ مەدەنىيىتى، مەنىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ گوۋۇچىگى ئاچېسونغا ئوخشاشلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھازىرقى جۇڭگو ۋە ھازىرقى دۇنيانى

تونۇش سەۋيىسى جۇڭگو خەلق جىيفاڭجۇنى تەركىۋىدىكى ٴاددى بىر جەڭچىنىڭ سەۋيىسىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ.

مۇشۇ كەمگىچە، ٴاچچىسون تىپتىقسىز دەرىس ٴوتتۇۋاتقان بۇرژۇٴا داشۇي جياۋشۇسى سياقىدا كىشىلەرگە ٴوزىنىڭ جۇڭگودىكى ۋەقەلەرنىڭ سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى ٴىزلەۋاتقانلىقىنى كورسەتىپ كەلمەكتە. ٴۇنىڭچە، جۇڭگودا ٴىنقىلاپ بولغانلىقىنىڭ بىرىنچى سەۋىۋى ٴاھالىنىڭ بەك كوپلۇگى، ٴىككىنچى سەۋىۋى غەرىپ ٴىدىيىسىنىڭ تەسىر قىلىشى ٴىكەن. قاراڭلار، ٴۇ گويا بىر سەۋەپ-نەتىجە نەزىرىيىچىسىدەك كورۇنىدۇ. كىيىن بىرىپ، ٴۇنىڭ تىپتىقسىز، ٴويدۇرۇپ چىقارغان مۇشۇنىچىلىك سەۋەپ-نەتىجە نەزىرىيىسىمۇ غايىپ بولدى-دە، بىرمۇنچە ٴاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر پەيدا بولدى. جۇڭگولۇقلار ئەشۇنداق قىلچە سەۋەپسىز ھالدا بىر-بىرىدىن ھوقۇق تالىشىپ ۋە گۇمانلىنىپ، ٴوچلىشىپ يۈرگەن ٴىكەن. كۈرەش قىلىۋاتقان گومىنداڭ بىلەن كۇڭچەندانىڭ مەنىۋى كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا ٴاجايىپ-غارايىپ ٴوزگىرىشلەر بولۇپ، بىر تەرەپ ھەددىدىن زىيادە تۆۋەنلەپ، نولدىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان، يەنە بىر تەرەپ بولسا ھەددىدىن زىيادە ٴورلەپ، قايناپ تاشقان دەرىجىگە يەتكەن. بۇنىڭ سەۋىۋى نىمە؟ ھىچكىممۇ بىلمەيدۇ — ٴاچچىسون ۋەكىللىك قىلغان ٴامىرىكىنىڭ «يۈكسەك مەدەنىيىتى»گە خاس مەنتىق ئەنە شۇ.

## ئىزاھلار

① بۇ شىمالىي ٴامىرىكا خەلقىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك

ھوكۇمرانلىقىغا قارشى 1775 ـ يىلدىن 1783 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بارغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى يەنى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى كورسىتىدۇ.

② بۇ موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ 1921 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بارغان ئازاتلىق كۇرىشىنى كورسىتىدۇ. بۇ قېتىمقى كۇرەشتە، موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى موڭغۇلىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىگى قوللىغان ئاق رۇس باسمىچىلىرىنى ۋە جۇڭگونىڭ بېيياڭ جۇنفالىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، موڭغۇلىيىدە فېوداللىق ھوكۇمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

③ توماس روبېرت مالتۇس — 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيە گوجياۋخۇيىنىڭ روھانىسى ۋە ئەكسىيەتچى ئىقتىساتشۇناس. مالتۇسنىڭ «نوپۇس نەزىرىيىسى» دەسلەپ 1798 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ «نوپۇس توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىغاندا، جىنىسلىق جىنسۇلۇي بويىچە ئېشىپ بارىدۇ. تۇرمۇش ۋاستىلىرى بولسا پەقەت سۇەنشۇلۇق جىنسۇلۇي بويىچە ئېشىپ بارىدۇ» دەيدىغان ئوزىچە چىقىرىۋالغان ھوكۇمگە ئاساسلىنىپ، ئىنسانىيەت جەمىيىتىدىكى بارلىق نامراتلىق ۋە جىنايەتلەرنى بىر تۇرلۇك مەڭگۇ ئوزگەرمەس تەبىي ھادىسە دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ نۇقتىنەزىرى بويىچە، ئەمگەكچىلەر نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، پەقەت ئۇلارنىڭ ئومرىنى قىسقارتىش، نوپۇسنى كېمەيتىش ياكى نوپۇسنىڭ كوپىيىشىنى توختىتىش كېرەك. ئۇ ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە ئۇرۇشلارنى نوپۇسنى كېمەيتىشنىڭ ۋاستىسى، دەپ قارايدۇ.

④ «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى»نىڭ 1 ـ بابى «بۇرژۇئازلار ۋە پرولېتارلار»غا قاراڭ: بۇرژۇئازىيە «ھەممە مىللەتلەرنى ھالاك بولۇپ كېتىش قورقۇنچى ئاستىدا، بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوزلىرىدە مەدەنىيەتلىك تۇزۇم دېگەن نەرسىنى يۇرگۇزۇشكە يەنى بۇرژۇئا بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئوز قىياپىتى بويىچە ئوزى ئۇچۇن دۇنيا يارىتىۋالىدۇ».

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى 1960 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلغان بېيجىڭ 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن، 1962 - يىل 8 - ئايدا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم قايتا نەشر قىلىنغاندا، تەرجىمىسىگە جۇڭگو كۇڭچەنداڭ شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋېيۈەنخۇيى ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى تەرجىمە - نەشر قىلىش ۋېيۈەنخۇيى تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

本书是根据人民出版社1960年 9 月北京第一版第一次印刷本于1962年 8 月翻译出版的。这次再版时，由中国共产党新疆维吾尔自治区委员会毛泽东选集翻译出版委员会对译文作了校订。

# ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 4 - توم

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

1967 - يىل 11 - ئايدىكى 2 - نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى
1968 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلدى
ئاددى مۇقاۋىلىنىشنىڭ باھاسى، 0.54 يۈەن

毛泽东选集
第四卷
(维吾尔文)
民族出版社出版　新华书店发行
北京新华印刷厂印刷
根据1967年11月第二版重印
1968年2月北京第二次印刷
书号M1049(4)134　普及本每册0.54元